

گارسىيە ماركوز (كولومبىيە)

# غېرىبانە يۈز يىل



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

گارسىيە ماركوز (كولومبىيە)

# غېرىبانە يۈز يىل

تەرجىمە قىلغۇچى: باۋۇدۇن ھەسەن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب نەنخەي نەشرىياتچىلىق شىركىتىنىڭ 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 2 ـ ئاي 15 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据南海出版公司 2011 年 6 月第 1 版,2013 年 2 月第 15 次印刷版本翻译出版。

**مەسئۇل مۇھەررىرى:** نۇرئالىيە ئابدۇكېرىم
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**قايتا تەكشۈرگۈچى:** ئەنۋەر قۇتلۇق
**باسما مەسئۇلى:** لىۋ ۋېيىۋ

# غېرىبانە يۈز يىل

**ئاپتورى:** گارسىيە ماركوز
**تەرجىمە قىلغۇچى:** باۋۇدۇن ھەسەن

**نەشرىيات:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**زاۋۇت:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئە چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 33
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 4843 - 0
**باھاسى:** 89.00 يۈەن

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

# ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى



گارسىيە ماركوز 1927 ـ يىلى كولومبىيەنىڭ ماگدىلىنا دېڭىز ساھىلىدىكى ئاراكاتاكا بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە بوۋىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغاچقا، بوۋىسىدىن ئىچكى ئۇرۇش دەۋرىدە ئۆتكەن ئىشلارنى، مومىسىدىن جىن ـ ئالۋاستىلار ھەققىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان. بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ تەسىرىدە ئۇ كىچىكىدىنلا ئەدەبىياتقا ئىنتايىن قىزىقىپ، يەتتە ياش چېغىدىلا «مىڭ بىر كېچە» ۋە باشقا ئەسەرلەرنى ئوقۇشقا كىرىشكەن. ماركوز 1936 ـ يىلى ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بولىۋىيەنىڭ سۇكرې شەھىرىگە كۆچۈپ بارغان. 1947 ـ يىلى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا كىرىپ، 1948 ـ يىلى ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى تاشلاپ، مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 60 ـ يىللارنىڭ بېشىدا مېكسىكىغا كۆچمەن بولۇپ بارغان.

گارسىيە ماركوز 1950 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىجادىيەتكە كىرىشىپ، لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ھالىتى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان «قاخشال دەرەخ» (1955 ـ يىلى)، «خەت يازغىلى ئادەم چىقمىغان پولكوۋنىك» (1961 ـ يىلى)، «شۇم ۋاقىت» (1962 ـ يىلى)، «گىراند ئانىنىڭ دەپنە مۇراسىمى» (1962 ـ يىلى)، «غېرىبانە يۈز يىل» (1967 ـ يىلى)، «ئىشەنگۈسىز پاجىئە» (1972 ـ يىلى)، «زەھەرخەندە كۆز» (1974 ـ يىلى)، «ئائىلە باشلىقىنىڭ ھالاكىتى» (1975 ـ يىلى)، «ئالدىنئالا پۈر كەتكەن قاتىللىق دېلوسى» (1981 ـ يىلى)، «خولېرا يىللىرىدىكى مۇھەببەت» (1985 ـ يىلى)،

«سىرلىق ئوردىدىكى گېنېرال» (1989 ـ يىلى)، «ئون ئىككى ئىبرەتلىك ھېكايە» (1992 ـ يىلى)، «مۇھەببەت ۋە ئالۋاستى» (1994 ـ يىلى)، «ھايات بايان دېمەكتۇر» (2002 ـ يىلى)، «پاھىشىنىڭ ئازابلىق ئەسلىمىلىرى» (2004 ـ يىلى)، «مەن نۇتۇق سۆزلىگىلى كەلمىگەن» (2010 ـ يىلى) قاتارلىق نادىر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان.

گارسىيە ماركوز «غېرىبانە يۈز يىل» رومانى بىلەن 1982 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن دۇنيا ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى داڭدار شەخس بولۇپ تونۇلغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى پۈتۈن دۇنيانىڭ ئومۇميۈزلۈك قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. بولۇپمۇ «غېرىبانە يۈز يىل» 30 نەچچە تىلغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان. تىرازى 10 مىليونغا يەتكەن. ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەدەبىي ئوبزور ساھەلىرىمۇ ئۈزۈكسىز ھالدا ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ ئەسەرگە يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەنگلىيەنىڭ «تايمىس» گېزىتى گارسىيە ماركوزنى «غايىچى ۋە ئۇلۇغ يازغۇچى» دېگەن؛ 1971 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چىلىلىق يازغۇچى نېرودا «غېرىبانە يۈز يىل»نى ماختاپ «سېرۋانتېسنىڭ ‹دونكىخوت›تىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئىسپان تىلىدا يېزىلغان ئەڭ ئۇلۇغ ئەسەر» دېگەن؛ ئامېرىكىلىق ئەدەبىي ئوبزورچى جون باس «غېرىبانە يۈز يىل»نى «مۇشۇ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كىشىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان رومان، شۇنداقلا ئۇ ھەرقايسى ئەسىرلەردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر ئىچىدىكى نادىر ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن.

87 يىللىق ھاياتىدا دۇنيا ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس نادىر ئەسەرلەرنى ياراتقان بۇ ئۇلۇغ يازغۇچى 2014 ـ يىلى 18 ـ ئاپرېل مېكسىكىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# تەرجىمانىنىڭ تەرجىمھالى



باۋۇدۇن ھەسەن 1959 ـ يىلى 1 ـ ئايدا قاراشەھەر ناھىيەسىدە ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1983 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى (تەرجىمە) كەسپىنى پۈتتۈرگەن، 1983 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن ھازىرغا قەدەر كورلا شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرجىمە بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئالىي تەرجىمان، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

باۋۇدۇن ھەسەن «بوستان» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەتكە رەسمىي كىرىشكەن. شۇنىڭدىن بۇيان «تارىم»، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر»، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ۋە بىر قىسىم نوپۇزلۇق خەنزۇچە ژۇرناللاردا نۇرغۇن ھېكايە، پوۋېست، نەسىر، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى ساھىبلىرىنىڭ نوبېل نۇتقى قاتارلىق ئىجادىي ۋە تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان. 3 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىغا ئېرىشكەن. ھازىرغا قەدەر «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەج پائالىيىتى»، «ئامېرىكىنىڭ پەخرى ــ روزۋېلىت»، «ئايىم قىزلار»، «پامىردىكى قار»، «سەندەل قوزۇق جازاسى»، «تىبەت دالاسىدىكى تاڭغىت تايغىنى» قاتارلىق 30 پارچىغا يېقىن تەرجىمە كىتابى نەشردىن چىققان ۋە «ئاشۇ كۈنلەر»، «ناپولېئون» قاتارلىق بىر تۈركۈم تەرجىمە كىتابلىرى نەشرگە تاپشۇرۇلغان.

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب ........................................ 1
ئىككىنچى باب ........................................ 23
ئۈچىنچى باب ........................................ 46
تۆتىنچى باب ........................................ 73
بەشىنچى باب ........................................ 100
ئالتىنچى باب ........................................ 131
يەتتىنچى باب ........................................ 154
سەككىزىنچى باب ........................................ 181
توققۇزىنچى باب ........................................ 206
ئونىنچى باب ........................................ 232
ئون بىرىنچى باب ........................................ 259
ئون ئىككىنچى باب ........................................ 284
ئون ئۈچىنچى باب ........................................ 309

ئون تۆتىنچى باب ........................................................ 335
ئون بەشىنچى باب ........................................................ 364
ئون ئالتىنچى باب ........................................................ 390
ئون يەتتىنچى باب ........................................................ 413
ئون سەككىزىنچى باب ........................................................ 440
ئون توققۇزىنچى باب ........................................................ 467
يىگىرمىنچى باب ........................................................ 495

# بىرىنچى باب

پولكوۋنىك ئورېلىئانو نورغۇن يىللاردىن كېيىن جازا ئەترىتى مەيدىسىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان مىنۇتلاردىمۇ دادىسى مۇزنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارغان ئاشۇ كۈننى ئېسىگە ئالىدۇ. ئۇ چاغلاردا ماكوندو پەقەت يىگىرمە ئۆيلۈكلا ئاھالىسى بار كىچىك بىر مەھەللە ئىدى، مەھەللىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئېقىننىڭ ئىككى قېتىغا ۋادىك ئۆيلەر جايلاشقان، سۈپسۈزۈك ئېقىننىڭ تەكتىدە، ئېرا دەۋرىدىكى زور قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىدەك يېپيېشىل ياتقان سىلىق شېغىل تاشلار كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ماكوندو دېگەن بۇ مەھەللە يېڭى قۇرۇلغاندا نۇرغۇن نەرسىنىڭ ئېتى بولمىغاچقا قول بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىرنېمە دېيىشكە توغرا كېلەتتى. ھەر يىلى 3 ـ ئايلاردا جۇل ـ جۇل كىيىملىك سىگانلار بۇ مەھەللىگە كېلىپ چېدىر تىكەتتى ـ دە، داقا ـ دۇمباقلارنىڭ شادىمان تاڭگىر ـ تاڭگۇرلىرى ئىچىدە ماكوندولۇقلارغا ئالىملارنىڭ ئەڭ يېڭى كەشپىياتلىرىنى تونۇشتۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئېلىپ كەلگىنى ماگنىت بولدى. بومبا ساقال، ئۆزى زەبەردەس، بارماقلىرى قۇشقاچ پۇتىدەك ئىنچىكە كەلگەن بىر سىگان كۆپچىلىككە ئۆزىنى مېرگادىس دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئاتالمىش ماكېدونىيەلىك خىمىكلارنىڭ قولىدا پۈتكەن دۇنيادىكى سەككىزىنچى مۆجىزىنىڭ كارامىتىنى ئۇستىلىق بىلەن كۆرسەتتى. مېرگادىس ئىككى پارچە تۆمۈرنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆيمۇئۆي ئارىلاپ يۈرۈپ ئەل ـ مەھەللىنى ھەيرەتتە قالدۇردى. قازان، داس، لاخشىگىر، مەش قاتارلىقلارنى شۇ تۆمۈرنىڭ كارامىتى بىلەن ئوڭدا ـ دۈمدە قىلىۋەتتى، تاختايغا قېقىلغان مىخلار ۋە ۋىنتىلارمۇ سۇغۇرۇلۇپلا چىقىپ كېتىدىغاندەك غىرىسلاپ كەتتى، ھەتتا يۈتۈپ كەتكىلى ئۇزاق بولغان نەرسىلەرمۇ يۈتكەن يېرىدىلا پەيدا بولۇپ، مېرگادىسنىڭ سېھىرلىك تۆمۈرىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

بۇ ھالدىن خالايىقنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى.

— جىمى مەۋجۇداتنىڭ جېنى بولىدۇ، — دېدى سىگان بوغۇق ئاۋازدا، — پەقەت سەن ئۇنى ئويغىتالىساڭلا.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئەركىن تەسەۋۋۇرى ھەرقاچان تەبىئەتنىڭ يارالمىشىدىن ھالقىپ كېتەتتى، ھەتتا مۆجىزە ۋە سېھىرنىڭ دائىرىسىدىنمۇ ھالقىپ كېتەتتى. ئۇ مۇشۇ ئاددىي بىر كەشپىيات بىلەن يەرنىڭ ئاستىدىكى ئالتۇننى ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن خىيالدا بولدى. مېرگادىس سەممىي ئادەم بولغاچقا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى ئاگاھلاندۇردى:

— ماگنىتنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ.

بىراق، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۇ چاغلاردا سىگانلارنىڭ سەممىيلىكىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. شۇڭا ئىككى پارچە ماگنىتنى بىر قېچىر، ئىككى ئۆچكىسىگە تېگىشىۋالدى. خوتۇنى ئەسلى بۇ قېچىر بىلەن ئۆچكىلەرنى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ياخشىلاشقا ئاز - تولا ياردىمى بولار دېگەن نىيەتتە باققانىدى. بىراق، ئېرىنى توسۇپمۇ توسۇپ بولالمىدى.

— پات ئارىدا كۆپلىكىدىن پەگاھلىرىمىزغىمۇ يېيىتقۇدەك ئالتۇنلۇق بولۇپ قالىمىز، دېدى ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىغا.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تەسەۋۋۇرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن پۈتۈن زېھنىنى ئىشقا سېلىپ بىرقانچە ئاي تىرىشتى. ئىككى پارچە ماگنىتنى كۆتۈرۈۋېلىپ مېرگادىس ئۆگىتىپ قويغان ئەپسۇننى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئۇنلۇك ئوقۇغىنىچە ئەتراپنى غېرىچلاپ دېگۈدەك قىدىرىپ چىقتى، ھەتتا ئېقىننىڭ تەكتىمۇ چالا قالمىدى. بىراق، قېزىۋالغان بىردىنبىر نەرسىسى — XV ئەسىرگە مەنسۇپ بىر ساۋۇت بولدى. دات بېسىپ كەتكەن بۇ ساۋۇتنى چەكسە گويا شېغىل توشقۇزۇپ قويغان قاپاقتەك پاقىلدايتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۆزى بىلەن بىللە ئالتۇن قېدىرىۋاتقان تۆت ئەر بىلەن بىللە ئۇ ساۋۇتنى چۇۋۇۋىدى، ئىچىدىن چىرىپ كەتكەن ئىسكىلىت چىقتى، ئىسكىلىتنىڭ بوينىغا مىستىن ياسالغان تۇمار ئېسىقلىق بولۇپ، تۇمار ئىچىدە

ئايال كىشىنىڭ بىرنەچچە تال چىچى تۇراتتى.

سىگانلار 3 ـ ئايلاردا يەنە كەلدى. ئۇلار بۇ نۆۋەت ئامستېردامىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ يېڭى كەشپىياتى دەپ بىر دۇربۇن بىلەن چوڭلۇقى دۇمباقچىلىك كېلىدىغان بىر لوپا ئەينەكنى ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇلار دۇربۇننى چېدىر ئىشىكىنىڭ يېنىغا ئورنىتىپ، بىر سىگان قىزنى مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىغا تۇرغۇزدى. ھەرقانداق ئادەم بەش رىيال تۆلىسىلا دۇربۇننى تۇتۇپ ئۇ سىگان قىزنى ئالدىدىلا تۇرۇۋاتقاندەك كۆرەلەيتتى.

ــ ئىلىم ـ پەن ئارىلىقنى تۈگەتتى، ــ دېدى مېرگادىس، ــ كىشىلەر پات ئارىدا بوسۇغىسىدىن چىقمايمۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە بولۇۋاتقان ئىشنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ.

سىگانلار پىژغىرىم ئىسسىق بىر چۈشلۈكى لوپا ئەينەكنى بىلەن ئاجايىپ بىر ئويۇن كۆرسەتتى: بىر باغلام قۇرۇق ئوت ـ چۆپنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، لوپا ئەينەكتە كۈن نۇرىنى يىغىپ ئوت تۇتاشتۇردى. ماگنىت سىنىقىدا ئۇچرىغان ئوڭۇشسىزلىقتىن ئۆزىنى ئوڭشاپ بولالماي تۇرغان خوسى ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ كاللىسىدا شۇ ئان مۇشۇ كەشپىياتنى جەڭ قورالى قىلىش خىيالى تۇغۇلدى. مېرگادىس ئۇنى بۇ خىيالدىن يالتايدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ يەنىلا ئۇنۇمى بولماي ئاخىرىدا لوپا ئەينەكنى ھېلىقى ئىككى پارچە ماگنىت بىلەن مۇستەملىكە دەۋرىدىن قالغان ئۈچ تىللاغا تېگىشىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. قاراپ تۇرۇپ بولۇۋاتقان بۇ زىياندىن خوسى ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ خوتۇنى ئۇرسۇلانىڭ ئىچى ئېچىشىپ يىغلىۋەتتى، شۇنداق بولسىمۇ بىر قۇتا تىللا ئىچىدىن ئۈچ تىللانى ئېلىپ بەردى. ئۇرسۇلا دادىسى ئۆمۈر بويى يېمەي ـ ئىچمەي يىغقان بۇ بىر قۇتا تىللانى مۆرىتى كەلگەندە دەسمايە قىلارمەن، دەپ كارىۋىتىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ ساقلاۋاتاتتى. خوسى ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ خوتۇنىغا تەسەللى بېرىشكىمۇ چولىسى تەگمىدى، ئا لىملارغا خاس پىداكارانە روھ بىلەن ئۆلۈم خەۋپىگىمۇ قارىماستىن جەڭ سىنىقىغا كىرىشىپ كەتتى. لوپا ئەينەكنىڭ دۈشمەن قوشۇنىغا تاقابىل تۇرۇۋشتىكى رولىنى ئىسپاتلايمەن دەپ كۈن نۇرىنىڭ فوكۇس نۇقتىسىنى ئۆز بەدىنىگە توغرىلىدى، نەتىجىدە

بەدىنىنى كۆيدۈرۈۋالدى، كۆيۈكى شەلۋەرەپ خېلىغىچە ساقايمىدى. بۇ خەتەرلىك كەشپىياتتىن قورقۇپ كەتكەن خوتۇنى نارازىلىق بىلدۈرگەن بولسىمۇ زادىلا پەرۋا قىلمىدى، ھەتتا ئۆيىنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتكىلى تاس قالدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۆيىگە بېكىنىۋېلىپ بۇ يېڭى قورالنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئەھمىيىتىنى سائەت - سائەتلەپ ھېسابلاپ، ئىنتايىن ئېنىق ۋە ئاجايىپ قايىل قىلارلىق بىر «قوللانما» تۈزۈپ، بىرمۇنچە تەجرىبە خاتىرىسى ۋە ئىسخېمىلىرىنى قوشۇپ ھۆكۈمەتكە پوچتىدىن ئەۋەتتى. بۇ بۇيرۇقچى زىمىنىسىگە ئالغان ئەلچىسى تاغ - داۋانلار ئېشىپ، بىپايان سازلىقلارنى كېزىپ، شىددەتلىك ئېقىنلاردىن كېچىپ ئۆتۈپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن، ئۈمىدسىزلىك ۋە ۋابانىڭ تەھدىتلىرىدىن جېنى ئامان قېلىپ ئاخىر بىر پوچتا كارۋانلىرى ئۆتىدىغان يولغا چىقىۋالدى. ئەينى ۋاقىتتا پايتەختكە بېرىش ئىمكانىيىتى يوق دېيەرلىك بولسىمۇ، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خېتىدە ھۆكۈمەت ھايتلا دېسە دەرھال بېرىپ ھەربىي ئەمەلدارلارغا بۇ كەشپىياتىنى مانىۋېر قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە مۇرەككەپ نۇر ئۇرۇشى تېخنىكىسىنى بىۋاستە ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن جاۋاب كۈتۈپ بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى، ئاخىر كۈتۈۋېرىشتىن زېرىكتى - دە، مېرگادىسنىڭ ئالدىغا بېرىپ بۇ ئوڭۇشسىزلىقىدىن ھال ئېيتتى. بۇ سىگان شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ سەمىمىيلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھېلىقى ئۈچ تىللانى قايتۇرۇپ بېرىپ لوپا ئەينەكنى ياندۇرۇۋالدى ھەمدە پورتۇگالارنىڭ بىرنەچچە پارچە دېڭىز خەرىتىسى ۋە دېڭىز يورۇشىدە ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ئەسۋابلارنى ئۇنىڭغا قالدۇردى. مېرگادىس يەنە ئۇنىڭغا ئۆزى كۆچۈرگەن گېرمانىيە بېنېدىكتىن چېركاۋىنىڭ پوپى ئاسترونوم ھېرماننىڭ ئاسترونومىيەگە دائىر ئەسەرلىرىنى بەردى ھەمدە رەسەت ئەسۋابلىرىنى، كومپاسنى ۋە سېكستانتنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ھويلىسىنىڭ تازا ئىچكىرىسىگە كىچىك بىر ئۆي سېلىۋېلىپ، يامغۇر پەسلىنىڭ ئۇزاق ئايلىرىدا شۇ ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز تەتقىقاتىغا

كىرىشىپ كەتتى. ئۆي ئىشلىرىدىن پۈتۈنلەي قول ئۈزگەنىدى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ كېچە - كېچىلەپ يۇلتۇزلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى. قاق چۈش ۋاقتىنى بەلگىلەش ئۇسۇلىنى تاپىمەن دەپ ئۆزىگە ئىسسىق ئۆتكۈزۈۋالغىلى تاسلا قالدى. قولىدىكى ئەسۋابلارنى قانداق ئىشلىتىشنى پىششىق بىلىپ بولغاندىن كېيىن ماكان ئۈقۈمىغا ئۆتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاشۇ كىچىك ئۆيىدىن چىقماي تۇرۇپمۇ ناتونۇش دېڭىزلاردا سەپەر قىلىدىغان، ئادەمزاتسىز يەرلەرنى زىيارەت قىلالايدىغان ۋە ئاجايىپ - غارايىپ مەخلۇقلار بىلەن پىكىرلىشەلەيدىغان بولدى ھەمدە ئۆيدە ئۆزىچە ئۇيان - بۇيانغا مېڭىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلىشىشكە ئادەتلىنىپ قالدى. ئۇرسۇلا بىلەن باللىرى بولسا كۆكتاتلىقتا كۆيۈپ - پىشىپ بانان، كۆكچاتقال، مانىخوت، پىچەكگۈل، كاۋا ۋە پىدىگەنلەرنىڭ پەرۋىشى بىلەن ھېرىپ بىلىنىمۇ ئالالماي قالغىدەك ئىشلەيتتى. ۋاھالەنكى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئەسەبىيلەرچە جىددىي ئىشلەۋاتقان خىزمىتى ئۇزاق ئۆتمەي ئۇشتۇمتۇتلا توختاپ قالدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گويا سېھىرلىنىپ قالغاندەك ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بىر قاتار تېخىمۇ ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى بىلەن خېلى كۈنلەرگىچە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ يۈردى. دېكابىرنىڭ بىر سەيشەنبە كۈنى چۈش مەھەلدە كاللىسىنى چىرمىۋالغان ھەرخىل سوئال - تېپىشماقلارنىڭ جاۋابىنى ئاخىر تاپتى. باللىرى ئۇزاق ۋاقىت كېچە - كېچىلەپ ئۇخلىماي ئويلىنىش نەتىجىسىدە شۇمەكتەك جۇدەپ كەتكەن دادىسىنىڭ ئۆز بايقىشىنى تەنتەنىلىك جاكارلىغان چېغىدىكى ئاشۇ كۆرەڭ ھالىتىنى ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

— يەر شارى يۇمىلاق ئىكەن، خۇددى تۇخۇمدەك.

— سارالىڭ بولغۇڭ كەلگەن بولسا ئۆزۈڭلا بولۇپ تۈگەش! — دېدى سەۋر قاچىسى توشقان ئۇرسۇلا ۋارقىراپ، — باللارنىڭ كاللىسىنى سىگانلاردەك پەلەپەتىش گەپلىرىڭ بىلەن ئېلىشتۇرغۇچى بولما.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مىتمۇ قىلىپ قويمىدى، خوتۇنىنىڭ شۇ ئاچچىقىدا رەسەت ئەسۋابىنى يەرگە ئېتىپ چېقىۋەتكىنىدىمۇ قورقۇپ قالماستىن، رەسەت

ئەسۋابىدىن يەنە بىرنى ياسىۋالدى. بۇنى ئاز دېگەندەك مەھەللىدىكى بىرقانچە ئادەمنى ھېلىقى كىچىك ئۆيگە يىغىۋېلىپ، ھېچقايسىسى چۈشەنمەيدىغان نەزەرىيەسى ئاساسىدا ئادەم شەرققە قاراپ ئۇدۇل مېڭىۋەرسە يولغا چىققان جايغا كېلىپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولاتتى. بۇنى ئاڭلىغان ماكوندولۇقلار خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئېلىشىپ قالغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىپ ئەندىشىگە چۈشكەنىدى، ھېلىمۇ ياخشى مېرگادىس بۇ چاغدا ماكوندوغا كېلىپ خالايىقنىڭ كۆڭلىنى ئازراق تىندۇرۇپ قويدى. ئۇ خوس خالايىقنىڭ ئالدىدا ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ پاراسىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، بىرلا رەسەت ئەسۋابىغا تايىنىپ بىر نەزەرىيەنى ئىسپاتلاپتۇ، ماكوندولۇقلار بىلمىگىنى بىلەن بۇ نەزەرىيە ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلىنىپ بولغان، دېدى. مېرگادىس ئۆزىنىڭ خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەگە قول قويغانلىقىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مېتال تاۋلاش تەجرىبىخانىسىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى، بۇ سوۋغات خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭلا ئەمەس پۈتۈن مەھەللىنىڭ كەلگۈسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، ئەلۋەتتە.

مېرگادىس ئادەمنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە تېز قېرىپ كەتتى، بۇ سىگان مەھەللىگە تۇنجى قېتىم كەلگەندە خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن تەڭ دېمەتلىك كۆرۈنەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ھېلىمۇ ئاتنى قولىقىدىن تۇتۇپلا گۈپپىدە يىقىتىۋەتكۇدەك كۈچتۈڭگۈر ئىدى، ئۇ سىگان بولسا قانداقتۇر بىر جاھىل كېسەلنىڭ ئاسارىتىدە قالغاندەك ئاجىزلاپلا كەتكەنىدى. دېمىسىمۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە سەرسان ــ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپ يۇقتۇرۇۋالغان خىلمۇخىل غەلىتە كېسەللەرنىڭ دەردىدە شۇنداق بولۇپ قالغانىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ تەجرىبىخانىنى قۇراشتۇرۇشىغا ياردەملىشىۋېتىپ، ئەزرائىلنىڭ ئۆزىنى چۆرگىلەپلا يۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئەمما تېخى جېنىنى ئېلىش قارارىغا كەلمىگەنلىكىنى ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتىپ بەردى. مېرگادىس ئىنسانىيەتنىڭ بېشىغا كەلگەن خىلمۇخىل ۋابا ۋە بالا ــ قازالارغا دۇچار بولۇپمۇ ئامان قالغانىدى. ئىراندا پېسە كېسىلىنىڭ، مالايا تاقىم ئاراللىرىدا بۇزۇق قان كېسىلىنىڭ، ئىسكەندىرىيەدە ماخاۋ كېسىلىنىڭ، ياپونىيەدە پۇت

تەمرەتكىسىنىڭ، ماداغاسقاردا لىمفا بەز چۇماسىنىڭ دەردىنى تارتقان، سىتىسلىيە ئاربلىدا يەر تەۋرەشنى كۆرگەن، ماگېللان بوغۇزىدا ئېغىر دېڭىز تالاپىتىگە يولۇققان ئىدى. ناستارا داماسنىڭ[①] ھېكمەت ئاچقۇچى قولۇمدا بار دەپ يۈرگەن بۇ سۆرۈن تەلەت تۇغما تالانت ئىگىسىنىڭ سىرلىق كۆزلىرى گويا ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. بېشىغا قاغىنىڭ يېپىلغان قانىتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چۆرىسى كەڭ يوغان قالپىقىنى، ئۇچىسىغا يىللارنىڭ تامغىسى بېسىلغان دۇخاۋا جىلتكىسىنى كىيىپ يۈرەتتى. تەڭداشسىز زېرەك ۋە سىرلىق بولغىنى بىلەن يەنىلا پانىيدىكى ئادەم بولغاچقا، كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈگىمەس ھەلەكچىلىكىدىن ۋە قايغۇلىرىدىن خالىي بولالمايتتى. ياشىنىپ قالغىنىدىن، ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلىقىدىن ۋايسايتتى، ئەرزىمەس ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىدىن قاقشايتتى. كۆلكىنى ئالالىقاچان ئۇنتۇغان، بۇزۇق قان كېسىلىنىڭ دەستىدىن چىشلىرى قويماي چۈشۈپ بولغانىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇنىڭغا ئىشىنەتتىكى، ئىككىيلەننىڭ ئۇلۇغ دوستلۇقى ھېلىقى دىمىق چۈشتە مېرگادىس ئۆزىگە سىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدىن باشلانغانىدى. باللار مېرگادىسنىڭ ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايەتلىرىنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قالغانىدى. بۇ سىگاننىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يوپيورۇق دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، چېكىسىدىن ئىسسىقتا ئېرىپ كېتىۋاتقان ئەڭلىكتەك ئېقىۋاتقان تەرلىرى بىلەنمۇ كارى بولماي، گارمون ئاھاڭىدەك بوم ئاۋازى بىلەن ھېكايە ئېيتىپ بەرگىنى شۇ چاغدا ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن ئورېلىئانونىڭ ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدۇ. ئورېلىئانونىڭ ئاكىسى خوس ئاركادىئو كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان بۇ ئوبرازنى مىراس ئورنىدا بارلىق ئەۋلادلىرىغا قالدۇرىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ سىگاننىڭ شۇ قېتىمقى پەيدا بولۇشى ئۇرسۇلادا يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويغانىدى. چۈنكى، ئۇرسۇلانىڭ ئۆيگە كىرگەن ۋاقتى دەل مېرگادىسنىڭ

① ناستارا داماس (1503 — 1566): فىرانسىيەلىك داڭلىق مۇنەججىم. «ئەسىرلەر» دېگەن كىتابنى يېزىپ ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگەن، كېيىنكى زامانلاردا بېشارەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى راست بولۇپ چىققان.

سىماب قاچىلانغان بىر شىشىنى ئېھتىياتسىزلىقتىن چېقىپ قويغان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغانىدى.

ــ ئالۋاستىنىڭ يۈرىقىغۇ بۇ، ــ دېدى ئۇرسۇلا.

ــ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ــ تۈزەتتى مېرگادىس، ــ ئالۋاستىدا گۈڭگۈرت يۈرىقى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان، بۇ دېگەن سىماب.

ئەزەلدىن كىشىگە ئېرىنمەي ئۆگىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن مېرگادىس ئاندىن قىزىل لاك بىلەن شەيتاننىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگىلى تۇردى، ئۇرسۇلا بولسا پەرۋايى پەلەك بىر ھالدا ئاڭلىمىغاندەك ئىبادەتكە ماڭدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئۆتكۈر پۇراق دىمىقىغا ئۇرۇلسىلا ئۇرسۇلانىڭ ئېسىگە مېرگادىس كېلىدىغان بولدى.

بۇ تەجرىبىخانىدا نۇرغۇن قازان، ۋارونكا، شىشە، غەلۋىر ۋە سۈزگۈچلەردىن باشقا ئاددىي مېتال تاۋلاش ئوچىقى، كولبا، شۇنداقلا سىگانلار يەھۇدىي ئالىم مارىيەنىڭ ئۇچ كىرانلىق دىستىللىگۈچ توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى تەسۋىرى بويىچە ياسىغان بىر يۈرۈش دىستىللەش ـ سۈزۈش ئەسۋابلىرىمۇ بار ئىدى. مېرگادىس يەنە يەتتە سەييارە بىلەن باغلىنىشلىق يەتتە خىل مېتالنىڭ ئەۋرىشكىلىرىنى، موسا ئەلەيھىسسالام ۋە قەدىمكى رىمنىڭ مېتال تاۋلاش ئۇستىسى سوسىمۇلارنىڭ مېتال تاۋلاش رىسالىسىنى، «ئاجايىباتلار جەۋھىرى» ناملىق تۈچ تاۋلاش خاتىرىلىرىنى ۋە ئىسخېمىلىرىنىمۇ بەردى، ئەگەر مۇشۇ خاتىرە ۋە ئىسخېمىلارنى چۈشىنىپ يېتەلىسە، تۈچ ياسىيالايتتى. خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە مېتال تاۋلاش رىسالىسىنى ئاسان كۆرۈپ ئۇنىڭغا كىرىشىپلا كەتتى، ئۇدا بىرنەچچە ھەپتە ئۇرسۇلاغا ھېلىقى قۇتىدىكى مۇستەملىكە دەۋرىدىن قالغان تىللالىرىڭنى كۆمۈپ قويغان يېرىڭدىن ئېلىپ بەرگىن، سىمابنى قانچىكە بۆلگىلى بولسا، ئالتۇننىمۇ شۇنچە ھەسسە كۆپەيتكىلى بولىدۇ، ئۇ تىللالىرىڭنى ھەسسىلەپ كۆپەيتىپ بېرىمەن، دەپ يېپىشۋالدى. ئۇرسۇلا بۇ قېتىممۇ بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئېرىنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىسى ئالدىدا ماقۇل دېيىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە ئوتتۇز تىللانى تېگىلچە قازانغا تاشلاپ، مىس

كېپىكى، سېرىق مەرگىمۇش، گۈلگۈرت ۋە قوغۇشۇنلار بىلەن قوشۇپ ئېرىتتى، ئاندىن ئابدىمىلىك مېيى بىلەن لىق تولغان قازانغا تۆكۈپ، بەتبۇي پۇراق تارىلىپ قويۇق قىيام بولغىچە كۆچلۈك ئوتتا قايناتتى. بۇ قىيام پارقىراپ تۇرىدىغان ئالتۇنغا ئەمەس، بىر قازان سۇپەتسىز قەنت قىيامىغا ئوخشاپ تۇراتتى. ئۇرسۇلانىڭ تەۋررۈك مىراسلىرى دەككە ـ دۈككە ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە دىستىلللەش، يەتتە سەييارە مېتال بىلەن قوشۇپ تاۋلاش، ئاندىن سىرلىق سىماب ۋە سىپىرۋسىنىڭ سۇلفاتىنى ئارىلاشتۇرۇش، تۇرۇپ يىلىمى ئورنىدا چوشقا مېيى ئىشلىتىپ قايتىدىن تاۋلاش نەتىجىسىدە بىر كاللەك قاپقارا داشقالغا ئايلىنىپ، قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ قالدى.

سىگانلار قايتا كەلگەندە، ئۇرسۇلا پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنى قوزغاپ ئۇلارنى توسۇشقا ئۈرۈنغان بولسىمۇ، بىراق كىشىلەرنىڭ قىزىقىسىنىشى ۋەھىمىسىنى بېسىپ چۈشتى. چۈنكى، سىگانلار بۇ قېتىم قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكىدەك خىلمۇخىل چالغۇلىرىنى چېلىشىپ كەلگەندى، جاكارچىسى تېخى نازىيانزلارنىڭ ئەڭ سېھىرلىك كەشپىياتىنى كۆرگەزمە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىگانلارنىڭ چېدىرىغا بېرىپ، بوۋايلىقتىن ياشلىقىغا قايتىپ قالغان مېرگادىسنى بىر تىيىن تۆلەپلا كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇشتى. مېرگادىسنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەن بولۇپ، چىرايىدىكى قورۇقلىرى يوقۇلۇپ كەتكەنىدى، چىرايلىق چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. مېرگادىسنىڭ بۇزۇق قان كېسىلى بىلەن چىشلىرىنىڭ قانداق چۈشۈپ كەتكەنلىكى، جاۋغايلىرىنىڭ قانداق سەت ساڭگىلاپ قالغانلىقى، لەۋلىرىنىڭ قانداق قۇرۇپ كەتكەنلىكى ئېسىدە بارلىكى كىشى بۇ رېئاللىق ئالدىدا سىگانلارنىڭ سېھىرىدىن ناڭ قالماي تۇرالمايتتى. مېرگادىس چىش مىلىكىگە قاپلىنۋالغان يالغان چىشلىرىنى پۈتۈن پېتى چىقىرىپ خالايىققا كۆرسەتتى، بۇ چاغدا شۇ ئان ئەسلىدىكى بوۋاي سىياقىغا قايتتى، ئاندىن چىشلىرىنى يەنە ئاغزىغا سېلىۋېلىپ، گويا ياشلىقىغا قايتقاندەك كۈلۈمسىرەپ قويدى، بۇ چاغدا خالايىقنىڭ ھەيرانلىقى يەنە ۋەھىمىگە ئايلاندى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەمۇ مېرگادىسنىڭ بىلىمى كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك

دەرىجىدە كامالەتكە يېتىپتۇ دېگەن يەرگە كەلگەندى. نىھايەت، مىرگادىس بۇ يالغان چىشنىڭ پىرىنسىپىنى ئايرىم چۈشەندۈرۈپ قويغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولدى. بۇ ئىشلار شۇنداق ئاددىي ھەم سىرلىق تۇيۇلۇپ كەتكەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ مىتال تاۋلاش تەتقىقاتىدىن كۆڭلى سوۋۇپلا كەتتى، كۆڭلى ئاماق تارتمايتتى، ئەتىدىن - كەچكىچە ئۆيدە مېڭىپ يۈرگىنى يۈرگەندى.

— دۇنيادا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك ئىشلار بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دېسە، — دەيتتى ئۇرسۇلاغا، — ئۇ ياقتىلا، دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىلا تۈرلۈك شەيتان ماشىنىلار پەيدا بوپتۇ، بىز بولساق بۇ يەردە دۆت ئېشەكتەك دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋاتىمىز.

ماكوندو مەھەللىسى بىنا بولغان چاغلاردىن باشلاپلا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى بىلىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئادەمنىڭ مىرگادىسنىڭ تەسىرىدە شۇ قەدەر ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران ئىدى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇرۇنلاردا ياش ئاقساقالغا ئوخشاش باشقىلارغا يەرنى قانداق تېرىشنى، بالىلىرىنى قانداق تەربىيەلەشنى، جاندارلىرىنى قانداق بېقىشنى ئۆگىتەتتى، ئەل - مەھەللىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن خالايىق بىلەن بىردەك ھەمكارلىشىپ كۈچ چىقىراتتى، جىسمانىي ئەمگەكتىنمۇ قالمايتتى. ئۆيى مەھەللە بويىچە ئەڭ ئېسىل بولۇپ، باشقىلارنىڭ دورايدىغان ئۈلگىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۆيىدە ئازادە مېھمانخانىسى، تەشتەك - تەشتەكتە گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرىدىغان، رەڭگى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان پېشايۋىنى ۋە ئىككى ئېغىز ياتاق ئۆيى، يوغان بىر تۈپ كاشتان دەرىخى بار قورۇسى، ئۆيىنىڭ كەينىدە كۆكۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىنغان كۆكتاتلىقى بار ئىدى، ئېغىلىدا ئۆچكە، توخۇ ۋە چوشقىلار چىقىشىپ ياشايتتى. ئۆيىدە، شۇنداقلا پۈتۈن مەھەللىدە پەقەت سوقۇشقاق خورازلا بېقىش مەنئىي قىلىنغان بىردىنبىر جانىۋار ئىدى.

ئۇرسۇلامۇ ئىشچانلىقتا ئېرىدىن قېلىشمايتتى، ۋۇجۇدى بولغىنى بىلەن تېتىك، زىل، شۇنداقلا تەلەپچان ۋە غەيرەتلىك ئايال ئىدى، زادىلا ناخشا ئېيتمايتتى. ھەر كۈنى قاق سەھەردىن تاكى تۈن نىسپىگىچە يۇمشاق ئاق سۇرۇپ كۆينىكىنى شىلدىرلىتىپ

ھەممىلا يەردە پالاقشىپ يۇرەتتى. تۇيىسى چىڭدىلىپ قېتىپ كەتكەن يەرلەر، ھاكلانمىغان تاملار ۋە ئۆزلىرى ياسىۋالغان قوپال ياغاچ ئۆي جاھازلىرى ئۇرسۇلانىڭ قولىدا دائىم پاك ـ پاكىز تۇراتتى، كونا ساندۇقىدىكى كىيىملىرىدىنمۇ داۋاملىق رەيھاننىڭ سۇس خۇش ھىدى پۇراپ تۇراتتى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇنداق تىرىشچان ئادەم ئىدىكى، پۈتۈن مەھەللىدە ئۇنىڭدەكتىن ئىككىنچى بىرى تېپىلمايتتى. دەريا بويىغا كۆچكەن ھەممە ئائىلىگە ئۆيىنىڭ ئورنىنى سۇ ئەكىلىشكە قولايلىق قىلىپ لايىھەلەپ بەرگەندىن باشقا كوچىنىڭ ئىككى قېتىدىكى ئۆيلەرنىڭ جىمىسىنى ھاۋا تازا ئىسسىغاندا ئوخشاش ئاپتاپ چۈشىدىغان قىلىپ لايىھەلىگەنىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئۈچ يۈز ئاھالىگە ئىگە ماكوندو مەھەللە بولۇپ قۇرۇلۇپ بىرنەچچە يىل ئۆتەر ـ ئۆتمەيلا شۇ ئەتراپتىكى مەھەللىلەر ئىچىدە ئەڭ پاكىز ۋە رەتلىك بىر مەھەللە بولۇپ قالدى. بۇ مەھەللە ھەقىقەتەنمۇ جەننەتتەك بىر ماكان ئىدى، پۈتۈن مەھەللىدە ھېچكىم ئوتتۇز ياشتىن ئاشمىغان، تېخى بىرەر ئادەممۇ ئۆلۈپ باقمىغانىدى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مەھەللە يېڭى قۇرۇلغان چاغدىن باشلاپلا قۇش تۇتىدىغان مېخانىك قۇرۇلما ۋە قەپەس ياساشقا كىرىشكەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا جىمى ئادەم قۇشقاچ باقىدىغان بولۇپ كەتتى، سوپىسوپىياڭ، سېرىق قۇشقاچ، بۇلبۇل، جاغجاق دېگەندەك خىلمۇخىل قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى پۈتۈن مەھەللىنى بېشىغا كىيىپ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئېلەشتۇرۇۋەتەتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇرسۇلا كاللىسىنى ئارام تاپقۇزۇش ئۈچۈن قۇلىقىغا سېرىق موم تىقىۋېلىپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. مېرگادىسلارنىڭ سىگان قەبىلىسى بىرىنچى قېتىم ماكوندوغا كېلىپ باش ئاغرىقىنى ساقايتىدىغان ئەينەك كومىلاچ دورىنى ساتقاندا، مەھەللىدىكىلەر سىگانلارنىڭ بىپايان سازلىق ئىچىدىكى بۇ كىچىككىنە مەھەللىنى قانداق تېپىپ كەلگەنلىكىگە ھەيران قالغانىدى، سىگانلار بولسا قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ تېپىپ كەلدۇق، دەپ جاۋاب بەردى.

ۋەھالەنكى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ تۆھپىكارلىقى تېزلا ئۇنتۇلدى، ئۇ

ماگنىت، ئاسترونومىيەلىك ھېساب، مېتاللورگىيە ۋە دۇنياۋى مۆجىزاتلار ھەققىدىكى خىياللىرىغا بېرىلىپ تېزلا كىشىلەر ئارىسىدىن غايىب بولدى. بۇرۇن رەتلىك كىيىنىپ پاكىز ۋە روھلۇق يۈرىدىغان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئاستا ـ ئاستا ئۇستىبېشىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرمەيدىغان، ھەتتا ياۋايى ئادەمدەك ساقاللىرىنىمۇ ئالمايدىغان چېچىلاڭغۇ بىر ئادەم بولۇپ قالدى، ئۇرسۇلا ئېرىنى تەستە ماقۇل قىلىپ قىڭراقتا ساقاللىرىنى ئېلىۋەتتى. مەھەللىدىكىلەر خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى سېھىرلىنىپ قالغان دەپ ئويلايتتى. بىراق، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بوز يەر ئېچىش قوراللىرىنى مۆرىسىگە ئارتىپ، ماكوندونى ھېلىقى ئۇلۇغ كەشپىياتلار بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان بىر يول ياساشقا پۈتۈن ئەل ـ مەھەللىرىنى چاقىرغاندا، سېھىرلىنىپ قالغانلىقىغىلا ئەمەس، ھەتتا ساراڭ بولۇپ قالغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىدىغان كىشىلەرمۇ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ۋە ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. پەقەت بىلىدىغىنى، شەرق تەرەپتە چىققىلى بولمايدىغان ئېگىز تاغ تىزمىسى، تاغ تىزمىسىنىڭ ئارقىسىدا لېئوئاچ دېگەن قەدىمكى شەھەر بار ئىدى. بوۋىسى ئولېرىئانو بۇئېندىيەنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇرۇن لورد فىرانسىس دىراك دېگەن بىر كىشى شۇ يەردە زەمبىرەك بىلەن تىمساھ ئېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ ئۆتەر ئىكەن، ئۆلگەن تىمساھلارنىڭ قورسىقىغا سامان تىقىپ ئايال پادىشاھ ئېلىزابېتقا ھەدىيە قىلار ئىكەن. ياش ۋاقتىدا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە خوتۇن ـ بالىلىرىنى، جاندارلىرىنى ۋە تۆرمۈش بۇيۇملىرىنى ئېلىپ دېڭىزغا بارىدىغان يولنى تاپماقچى بولۇپ، ئىككى يىل ئىككى ئاي سەرسان بولۇپ يۈرگەندىن كېيىن بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپتۇ ۋە يەنە شۇنداق سەرسان بولۇپ يۈرۈشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ماكوندو مەھەللىسىنى قۇرۇپتۇ. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ تەرەپكە قىزىقمايتتى. چۈنكى، ئۇ تەرەپكە ماڭسا بۇرۇنقىلارنىڭ سەرگۈزەشتىسى يەنە تەكرارلىناتتى، خالاس. جەنۇب تەرەپ بولسا ئوت ـ چۆپ باسقان پاتقاق كۆلچەكلەر ۋە سازلىق بولۇپ، سىگانلارمۇ ئۇ تەرەپنى چەت ـ چۆرىسى يوق دۇنيا ئىكەن، دېگەندى.

سازلىقنىڭ غەرب تەرىپى پايانسىز سۆلۈق ئىدى. ئۇ سۆلۈقتا بېشى ۋە بەدىنى قىزىلارغا ئوخشايدىغان ئېتى يۇمران كىت خىلىدىكى جانىۋارلار بارمىش، ئۇ جانىۋارلار يوغان ئازدۇرغۇ كۆكسى بىلەن دېڭىزچىلارنى ئەقىل ـ ھوشىدىن ئايرىپ جېنىغا زامىن بولارمىش. سىگانلار شۇ سۇ يولىدا يېرىم يىلچە كېمىلىك سەپەر قىلىپ پوچتا كارۋىنى ئۆتىدىغان قۇرۇقلۇقنى ئاران تاپقانىكەن. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ مۆلچەرىچە، مەدەنىي دۇنياغا ئۆلىشىش ئۈچۈن پەقەت شىمالغا قاراپ ماڭماي بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى بىلەن بىللە ماكوندو مەھەللىسىنى قۇرغانلارنى گۈرجەك، جوتۇ ۋە ئوۋ قوراللىرى بىلەن قوراللاندۇرۇپ، كومپاس ۋە خەرىتىلىرىنى خۇرجۇنغا سېلىپ، تەۋەككۇل دەپ سەپەرگە ئاتلاندى.

ئۇلار دەسلەپكى بىرنەچچە كۈندە تىلغا ئالغىدەك بىرەر چوڭ توسالغۇغا ئۇچرىمىدى. شېغىل يېيىلىپ ياتقان دەريانى بويلاپ مېڭىپ بىرنەچچە يىل ئىلگىرى قەدىمكى ساۋۇت تېپىلغان يەرگە يېتىپ باردى. شۇ يەردىن ياۋا ئاپېلسىنزارلىقنىڭ ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن ئورمانلىققا كىردى. بىرىنچى ھەپتىسىنىڭ ئاخىرى تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىر بۇغا ئېتىۋالدى، كاۋاپ قىلىپ يېرىمىنى يەپ، قالغىنىنى كېيىن يېيىش ئۈچۈن تۇزلاپ ساقلاپ قويۇشتى. بۇنىڭدىن مەقسەت، ۋاجرا شاتۇتىنىڭ گۆشى بىلەن قورساق تويدۇرىدىغان ۋاقىتنى ئىمكانقەدەر كېچىكتۈرۈش ئىدى. چۈنكى، بۇنداق شاتۇتىلارنىڭ كۆك گۆشى ئىنتايىن بەدبۇي پۇرايتتى. ئۇلار كېيىنكى ئون نەچچە كۈن ئىچىدە كۈن دىدارى كۆرمىدى. نەمخۇش تۇپراق بارغانسېرى لۆمشۈپ كېتىۋاتاتتى، قارا ئورمان كۈنسايىن قويۇقلىشىپ، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرى، مايمۇنلارنىڭ چىرقىراشلىرى بارا ـ بارا يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى، ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ ئىدى. بۇ ئۇزۇن سەپەر ئەھلى نەم ۋە تىمتاس، ئادەم بىلەن ھاۋا ئانىدىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولغان بۇ تىلسىمدا ئەڭ قەدىمىي ئەسلىمىلەرنىڭ ۋەھىمىسىدە نەپەسىنىمۇ ئالالماي قالدى، ئۆتۈكلىرى تومان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان پاتقاق ئازگاللارغا پېتىپ تۇراتتى، يولىنى توسقان قىپقىزىل پىياز گۈللەرنى ۋە ساپسېرىق كېپىنەك گۈللەرنى پالتا ـ قىڭراقلىرى بىلەن چېپىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلار توپتوغرا بىر ھەپتە گويا چۈش

سەيلىچىلىرىدەك زۇلمەت ۋە پاجىئە ئالىمىدە پارقىراق قوڭغۇزلارنىڭ ئاجىز نۇرىدىنلا پايدىلىنىپ زۇۋانمۇ سۇرمەي يۈرۈۋەردى. تىنىقلىرىدىن كېلىۋاتقان بەدبۇي قان ھېدى كىشىنى بىئارام قىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قايتار يولىمۇ يوق ئىدى. چۈنكى، ئاچقان يوللىرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئارىلىقتا ئۈنۈپ چىققان يېڭى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئېتىلىپ ئۇدۇللۇق غايىب بولاتتى.

— ھېچقىسى يوق، — دەيتتى خوش ئاركادىئو بۇئېندىيە، — مۇھىمى نىشاندىن ئاداشمىساقلا بولىدۇ.

تۈرۈپ ـ تۈرۈپ كومپاسقا قاراپ قويىۋاتتى، كۆپچىلىكنى كۆرۈنمەس شىمالغا باشلاپ مېڭىپ بۇ تىلسىماتتىن ئاخىر چىقىپ كەتتى. يۇلتۇزسىز ئاسمان قاپقاراڭغۇ بولسىمۇ، ئەمما كېچە ھاۋاسى ساپ ئىدى. مۇشەققەتلىك سەپەردە چارچاپ ماجالى قالمىغان بۇ كىشىلەر بەس ـ بەستە سەگۈنچەك سېلىپ، ئىككى ھەپتىدىن بۇيان تۇنجى قېتىم بەخىرامان ھالدا ئۇيقۇغا كېتىشتى. ئويغانغىنىدا نەيزە بويى ئۆرلەپ بولغان قۇياش پارلاپ تۇراتتى. ئۇلار تەئەججۇپ ئىچىدە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىدىن داڭقېتىپلا قالدى. ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر جايدا توپا ـ تۇمان باسقان يوغان بىر يەلكەنلىك ئىسپان كېمىسى تۇراتتى. ئاق رەڭلىك بۇ كېمە سەل ئوڭغا قىيسىيىپ قالغان بولۇپ، ساق قالغان موما ياغىچىدا كىرلىشىپ كەتكەن پارچە ـ پۇرات يەلكەن قالدۇقلىرى لەپىلدەپ تۇراتتى، ئارقانلىرى چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن كەترەن گۈللىرى بىلەن بېزەكلىك ئىدى. كېمە گەۋدىسى بېلىق تاشقاتمىلىرى ۋە يۇمشاق مۇختىن تۈزۈلگەن بىر قات پارقىراق، سىلىق مۇھاپىزەت قالقىنى بىلەن قاپلانغىنىچە تاشلىقتا چىڭ پېتىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنتۇلغان مۇشۇ خىلۋەت ماكانىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقان بۇ كېمە ۋاقىتنىڭ چىرىتىشىدىن، قۇشلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن خالىي تۇرۇپ كەلگەندەك قىلاتتى. سەپەر ئەھلى كېمىنىڭ ئىچىنى ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىقتى، ئىچىدە ھۇپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان گۈللەردىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمىدى.

بۇ يەلكەنلىك كېمىنىڭ ئۇچرىغانلىقى دېڭىزنىڭ يېقىنلا يەردە ئىكەنلىكىدىن

دېرەك بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىلدى. چاقچاقچى تەقدىر شوخلۇق قىلىپ مېنى كولدۇرلىتىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە. چۈنكى، بۇرۇن شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتتە ئىزدەپمۇ تاپالمىغان دېڭىز ئەمدى ئۆزىلا پەيدا بولۇپ ئۆتكىلى بولماس توسالغۇ سۈپىتىدە يولىنى توسۇپ تۇراتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن مەشەدىن ئۆتكىنىدە پۇ يەر مۇنتىزىم پوچتا يولى بولۇپ قالغانىدى. نەھايەت، ئورېلىئانونىڭ كۆرگىنى كۆكنارلىقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، كۆيۈپ كۆمۈرگە ئايلانغان ئەجدىھا سۆڭىكىدەك كېمە گەۋدىسىلا بولدى. شۇندىلا بۇ ھېكايىنىڭ دادىسىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ كېمىنىڭ قانداق بولۇپ قۇرۇقلۇقتا بۇنچىلىك ئىچكىرىلەپ كىرىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي گاڭگىراپ قالدى. ھالبۇكى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ مەسىلە بىلەن توختاپ قالماي يەنە تۆت كۈن يول يۈرۈپ، يەلكەنلىك كېمىدىن ئون ئىككى كىلومېتىر نېرىدىكى دېڭىز بويىغا يېتىپ باردى. بىپايان دېڭىز ئالدىدا ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بەربات بولدى. سۇ يۈزىدە مازغاپلار داۋالغۇپ تۇرغان بۇ كۆلرەڭ پاسكىنا دېڭىز بۇنچە قاراملىق قىلىشى ۋە قۇربان بېرىشكە ئەرزىمەيتتى.

ــ ۋۇ ئاناڭنى! ــ ۋارقىرىۋەتتى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، ــ ماكوندونىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي دېڭىز ئىكەن ئەمەسمۇ!

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىر خەرىتە سىزىپ چىقتى، قارىسىغا سىزىلغان بۇ خەرىتە تۈپەيلىدىن ماكوندو يېرىم ئارالغا جايلاشقانىكەن دېگەن قاراش ئۇزاق زامان كىشىلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ يىلتىز تارتىپ كەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ خەرىتىنى سىزغاندا غەزىپى ئۆرلەپ تۇرغاچقا، بۇ يەرنى شۇ قەدەر بىمەنىلىك بىلەن مەھەللە قىلىپ تاللىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى جازالىماقچى بولغاندەك، قاتناشنىڭ مۈشكۈللىكىنى قەستەن ئاشۇرۇپ كۆرسەتكەنىدى.

ــ بىز ئەمدى ھېچ يەرگە بارالمايمىز، ــ دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنى ئۇرسۇلاغا ھال ئېيتىپ، ــ ئىلىم ـ پەننىڭ راھىتىنى كۆرەلمەي مۇشۇ يەردە تىرىك پېتىمىزچە چىرىپ كېتىدىغان بولدۇق.

بىراق، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تەجرىبىخانىسىغا يەنە بېكىنىۋېلىپ ئويلىنىشقا باشلىدى، كاللىسىدا پۈتۈنلەي يەنە شۇ ئوي ھۆكۈمران ئىدى. بىرنەچچە ئاي قايتا ـ قايتا ئويلانغاندىن كېيىن كاللىسىدا ماكوندونى تېخىمۇ مۇۋاپىق بىر جايغا كۆچۈرۈش لايىھەسى ئاخىر پىشتى. بىراق، بۇ قېتىم خوتۇنى ئۈرسۇلا ئېرىنىڭ بۇ ئەسەبىي پىلانىدىن چاقچاق چىقتى ـ دە، جاسارەت بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن ئاستىرتىن تىلنى بىر قىلىۋېلىپ، ئۇ ئاياللارنى كۆچۈشكە تەييارلىنىۋاتقان ئەرلەرنىڭ بۇ قاراملىقىغا قارشى تۇرۇشقا قۇتراتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە قانداق كۆچىنىڭ قاچانلاردىن باشلاپ پۈتىغا چوماق بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەب ۋە تۇسالغۇلار تۈپەيلىدىن پىلانى ئاخىرقى ھېسابتا يوققا چىقتى. بىركۈنى ئەتىگىنى ھويلىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھېلىقى كىچىك ئۆيدە كۆچۈش خىيالى بىلەن پىچىرلىغاچ تەجرىبە سايمانلىرىنى ساندۇققا سېلىۋاتاتتى، بۇ ئىشلارنى يېقىندىن كۆزىتىپ تۇرغان ئۈرسۇلانىڭ ئېرىگە ھېسداشلىقى قوزغالدى، ھەتتا سەل ئىچى ئاغرىپمۇ قالدى. ئۇ ئېرى ئىشلىرىنى تۈگەتكۈچە كاشىلا قىلمىدى. ئېرى ساندۇقنى مىخلاپ، پەي قەلىمىدە ئىسىم ـ فامىلىسىنىڭ باش ھەرپلىرىنى ساندۇققا يېزىپ بولغىچە مەيلىگە قويۇۋەتتى، بىرەر ئېغىزمۇ كايىپ قويمىدى. چۈنكى، مەھەللىدىكى ئەرلەرنىڭ ئېرىنىڭ كەينىدىن ماڭماس بولۇپ قالغانلىقىنى ئېرىنىڭ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ ئېيتقان گەپلىرىدىن بىلىۋالغانىدى. پەقەت ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چۈۋۈغلى تۇرغىنىدىلا غەيرىتىگە ئېلىپ، نېمە قىلىدىغانلىقىنى سورۇشتۇردى.

— بىز بىلەن ماڭىدىغان ئادەم چىقمىغانىكەن، ئۆزىمىز مېڭىۋېرەيلى، — دېدى ئەلەم بىلەن.

— ياق، بىز ھېچ يەرگە بارمايمىز، — دېدى ئۈرسۇلا تېڭىرقاپ ئولتۇرماستىن، — مۇشۇ يەردە قالىمىز. چۈنكى، بىز مۇشۇ يەردە بىر ئوغۇللۇق بولدۇق.

— بىراق، بۇ يەردە ئارىمىزدىن بىرەرمۇ ئادەم ئۆلگىنى يوق، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — ئارىمىزدىن بىرەركىم ئۆلۈپ قېلىپ كۆمۈلمىگەنىكەن، بىز

بۇ يەرلىك ھېسابلانمايمىز.

ئۇرسۇلا مۇلايىم، ئەمما قەتئىي تەرىزدە رەددىيە بەردى:

— مۇشۇ يەردە قېلىش ئۈچۈن ئۆلمىسە بولمايدىغان ئىش بولسا، مەن ئۆلۈشكە رازى!

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ ئىرادىسىنىڭ مۇنچە قەتئىيلىكىگە ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ خام خىياللىرى بىلەن ئۇنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ، شۇنداق بىر سېھىرلىك دۇنياغا باشلاپ بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، ئۇ جايدا يەرگە ئازراق شەيتان سۈيى چېچىپ قويساقلا زىرائەتلەر ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئۆسىدۇ، ھەرخىل كېسەللەرگە شىپا بولىدىغان دورىلار ئازراقلا پۇلغا كېلىدۇ، دەپ باقتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ قىزىقتۇرۇشلىرى ئۇرسۇلاغا قىلچىلىك تەسىر قىلمىدى.

— ئەتىدىن كەچكىچە بولمىغۇر خىياللارنى قىلىپ يۈرمەي بالىلىرىڭغا كۆڭۈل بۆلسەڭچۇ، — دېدى ئۇرسۇلا جاۋابەن، — قارا، ئۇلار دادىسى تونۇمىغان تەخەيلەردەك يۈرۈۋاتىدۇ، ئۆلۈش - تىرىلىشى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق.

خوتۇنىنىڭ گېپى بىلەن دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋىدى، ئىككى بالىنىڭ پىژ - پىژ ئىسسىققا قارىماي كۆكتاتلىقتا يالاڭئاياغ ئويناپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ بالىلار شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدىلا ئۇرسۇلانىڭ دۇرۇتلىرى بىلەن پەيدا بولۇپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئاندىن كاللىسىدا تۇساتتىن بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، سىرلىق، ئەمما ئېنىق بىر كۈچ ئۆزىنى يەرنىڭ تەكتىدىن تارتىپ چىقىپ، ھېچقاچان خىيالىغىمۇ كىرىپ باقمىغان بىر ماكانغا باشلاپ ماڭدى. بۇ ماكانىدىن ئۆمۈر بويى ئايرىلمايدىغانلىقىغا ئەمدى كۆزى يەتكەن ئۇرسۇلا ئۆي - ۋاقىنى تازىلاشقا تۇتۇندى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بولسا ئىككى بالىسىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى، ئاخىر كۆزلىرى نەملەشكەندىلا يېڭنى قولى بىلەن سۈرتۈۋېتىپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتتى - دە، رېئاللىقنى قوبۇل قىلماي بولمايدىغانلىقنى ھېس قىلدى.

— بوپتۇ، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — بالىلارنى چاقىر، ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى ئېلىشىپ بەرسۇن.

ئون تۆت ياشقا كىرگەن چوڭ ئوغلى خوس ئاركادىئو خاپان باش، چوتكا چاچ، دادىسىغا ئوخشاش تەرسا بالا ئىدى. تەن قۇرۇلۇشى دادىسىغا ئوخشاش قاۋۇل بولغىنى بىلەن دادىسىدەك تەسەۋۋۇرغا باي ئادەم بولمايدىغانلىقى شۇ يېشىدىلا ئېنىق بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ بالا ماكوندو مەھەللىسى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى تاغ ـ داۋانلار ئېشىۋاتقان مۇشەققەتلىك سەپەر ئۈستىدە تۇغۇلغان، ئاتا ـ ئانىسى بۇ بالىنىڭ بەدىنىدە ھېچقانداق بىرەر ھايۋان سۈپەت غەيرىي ئەزانىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ تەڭرىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىشقانىدى. ئورېلىئانو ماكوندودا تۇغۇلغان تۇنجى بوۋاق بولۇپ، ئۇچىنچى ئايدا ئالتە ياشقا كىرىدۇ. ئۇ جىمغۇر بىر بالا ئىدى، ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا ئىڭەلەپ يىغلىغان، كۆزلىرى يوغان ئېچىلغان ھالەتتە تۇغۇلغان، كىندىكى كېسىلىۋاتقاندا ئۆيدىكى نەرسىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، تېخى ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ چىرايىغىمۇ قىلچە ئەيمەنمەستىن سەپ سېلىپ چىققانىدى. كېيىن بولسا ئۆزىگە يېقىن كېلىپ قارىغان ئادەملەرگە قىزىقماي، پالما يوپۇرمىقى سېلىنغان، قارا يامغۇردا گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغاندەكلا تۇرغان تورۇسقا قاراپ تۇرۇۋالغانىدى. بۇ بالىنىڭ شۇنىڭدىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق پۈتۈن دىققىتى بىلەن نەرسىلەرگە تىكىلىپ قارىغان ھالىتىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكى ئۇرسۇلانىڭ ئېسىدە يوق. ئورېلىئانو ئۈچ ياشقا كىرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشخانىغا كىرىپ، ئوچاقتىكى شورپا قايناۋاتقان كورىنى ئۈستەلگە ئېلىۋاتقان ئانىسىغا قاراپ:

ــ قازان ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ، جۇمۇ، ــ دېدى بوسۇغىدا تۇرۇپ.

راست دېگەندەك، ئۈستەلنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا مەزمۇت قويۇلغان كورا بۇ گەپ بالىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ تۇرۇشىغا گويا قانداقتۇر بىر غايىۋى كۈچ ئىتتىرىۋاتقاندەك ئۈستەلنىڭ گىرۋىكىگە سۈرۈلۈپ كېلىپ، يەرگە چۈشۈپ نەچچە پارە بولۇپ كەتتى. قورقۇپ كەتكەن ئۇرسۇلا بۇ ئىشنى ئېرىگە سۆزلەپ بەرگەندە، ئېرى بۇنى تەبىئىي ھادىسە دەپلا بولدى قىلدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئەزەلدىن شۇنداق، بالىلىرى بىلەن زادىلا كارى بولمايتتى، بىر تەرەپتىن ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئەقلى توشمىغان دەۋرى بولىدۇ دەپ قارىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تۈگىمەس خىياللىرىغا بېرىلىپ

بىمەنە تەتقىقاتىغا چۆكۈپلا كېتەتتى.

ۋاھالەنكى، باللىرىنى ساندۇقتىكى تەجرىبە ئۈسكۈنىلىرىنى چىقىرىشقا ياردەمگە چاقىرغان كۈنىدىن باشلاپ، ئۇ ئەڭ قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى باللىرىغا سەرپ قىلىدىغان بولدى. خىلۋەت كىچىك ئۆيىنىڭ تاملىرى تۈتۈرۈقسىز خەرىتىلەر ۋە ئاجايىپ - غارايىپ رەسىملەر بىلەن تولدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مۇشۇ ئۆيدە باللىرىغا ئوقۇشنى، يېزىشنى ۋە ھېسابلاشنى ئۆگەتتى. ئۆزى بىلىدىغان بىلىملەرنىلا ئەمەس، ئاجايىپ تەسەۋۋۇرى ئاساسىدا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان مۆجىزىلەرنىمۇ تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن باللار ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىدا ۋاقتىنى تىنچ ئۆلتۈرۈپ ئۆيلىنىش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان مۇلايىم ھەم زېرەك ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى؛ ئېگېي دېڭىزىنى ئارالدىن - ئارالغا ئاتلاپلا پىيادە كېزىپ ئۆتۈپ ئۇدۇللا سالونىكا پورتىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىشتى. ئەنە شۇنداق ئاجايىپ - غارايىپلار بىلەن تولغان ھېكايىلەر باللارنىڭ مېڭىسىگە مەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن كۆكرىكىگە مىلتىق تەڭلىنىپ تۇرغان پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ ئوفىتسېرى جازا ئەترىتىگە ئېتىش بۇيرۇقىنى بېرىش ئالدىدىكى مىنۇتلاردىمۇ ئاشۇ ئىللىق مارت ئېيىنىڭ شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى دەملىرىنى ئېسىگە ئالىدۇ. دادىسى شۇ چاغدا ئۆتۈۋاتقان فىزىكا دەرسىنى چىپپىدە توختىتىپ، سىگانلارنىڭ يىراقتىن بوش ئاڭلىنىۋاتقان نەي، كولدۇرما ۋە داقا - دۇمباق ئاۋازىنى ئاڭلاپلا قوللىرىنى كۆتۈرگەن پېتى بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قولاق سېلىپ قېتىپ تۇرۇپلا قالغانىدى. سىگانلار يەنە مەھەللىگە كېلىپ، مېفىمىس ئالىملىرىنىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرىدىغان ئەڭ يېڭى كەشپىياتلىرىنى ساتىدىغانلىقىنى جاكارلاشتى.

بۇ قېتىم كەلگەنلىرى باشقا بىر بۆلۈك سىگانلار ئىدى. ھەممىسى ياش ئەر - ئايال بولۇپ، ئۆز تىلىدىلا سۆزلىشەتتى. بىر - بىرىدىن كېلىشكەن ۋە ئۆڭى پارقىراق، چېۋەر بۇ سىگانلار كوچىدىن ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن ئۆتكىنىدە ئاجايىپ شادىيانە كەيپىيات پەيدا قىلغانىدى. ئۇلار ئېلىپ كەلگەن ئىتالىيەنىڭ لىرىك ناخشىلىرىنى ئېيتالايدىغان رەڭگارەڭ شاتۇتىلار، داپنىڭ رىتىمىغا تەڭكەش قىلىپ بىر كاكىلىغىلى

تۇرسا يۇز ئالتۇن تۇخۇم كاكىلىغۇتىدىغان مېكىيان، ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان مايمۇن، تۇگمە تىكەلەيدىغان ھەم ئادەمنىڭ قىزىتمىسىنىمۇ ياندۇرالايدىغان كۆپ ئىقتىدارلىق ماشىنا، ئادەمنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرىنى ئۇنتۇلدۇرالايدىغان ئەسۋاب، ئادەمنىڭ ۋاقتىنى زېرىكمەي ئۆتكۈزۈشكە ياردەم بېرىدىغان مەلھەم دورا ۋە شۇنىڭدەك ئاڭلاپمۇ باقمىغان باشقا نۇرغۇن ئاجايىپ - غارايىپ كەشپىياتلار كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلاتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ شۇ تاپتا ئەستىلىك ماشىنىسى ئىجاد قىلىپ، بۇ كارامەتنى خاتىرىلىۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا مەھەللە قايناپ كەتتى، ماكوندولۇقلار قايناق بازارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىدە تەمتىرەپ ئۆز مەھەللىسىدىمۇ ئېزىپ قالغىلى تۇردى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان بۇ ئاجايىپ - غارايىباتلارنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىش كويىدا مېرگادىسنى ئىزدەپ تەرەپ - تەرەپتە قاتراپ يۈردى. شۇ پاتىپاراقچىلىقتا يىتتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىككى بالىسىنى يېتىلىگىنىچە ئالتۇن چىشلىق جاھانكەزدى دورىپۇرۇچلارنىڭ، ئالتە قوللۇق ئويۇنچى سېھىرگەرلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتەتتى، كىشىلەر توپىدىن چىقىۋاتقان سېسىق گەندە پۇرىقى ۋە سەندەل ياغىچىنىڭ بەدبۇي پۇرىقى بىلەن بۇلغانغان ھاۋادا كۆڭلى ئېلىشىپ ئاران نەپەس ئالاتتى. سىگانلاردىن مېرگادىسنى ئۇقۇشماقچى بولاتتى - يۇ لېكىن تىلىنى ئۇقتۇرالمايتتى. ئاخىر مېرگادىس دائىم چېدىر تىكىدىغان يەرگە كەلدى. بۇ يەردە غەمكىن چىراي بىر ئەرمەنىستانلىق سىگان ئادەمنى كۆرۈنمەس قىلىدىغان بىر خىل شەربەتنى كاستىللىيە شېۋىسىدىكى ئىسپان تىلىدا تونۇشتۇرۇپ سېتىپ ئولتۇراتتى. ئۇ سىگان كەھرىۋا رەڭلىك بىر ئىستاكان سۇيۇقلۇقنى ئىچىپ بولۇپ تۇرۇشىغىلا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ھەيران - ھەس بولۇپ قاراپ تۇرۇشقان تاماشىبىنلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتۈپ، سىگاندىن مېرگادىسنى سورىدى. سىگان تەئەججۇپ بىلەن لەپپىدە بىر قارىدى - دە، شۇ ئان پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلۈپ، سېسىق پۇراپ تۇرغان قارامايغا ئايلىنىپ قالدى، جاۋابى قاراماي ئىسى ئۈستىدە ياڭرىدى:

— مىرگادىس ئۆلۈپ كەتتى!

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە هاڭ ـ تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى، قايغۇسىنى زورىغا بېسىپ ئۆزىنى ئاران تۇتتۇۋالدى. تاماشىبىنلار باشقا ئويۇنلارغا قىزىقىپ كېتىپ قالدى، ئەرمەنىستانلىق سىگان ئايلىنىپ قالغان ھېلىقى بىر پارچە قارامايمۇ تامامەن غايىب بولدى. كېيىن باشقا بىر سىگان مىرگادىسنىڭ سىنگاپوردىكى بىر دېڭىز ساھىلىدا بەزگەك كېسىلى بىلەن ئۆلگەنلىكىگە، جەسىتىنىڭ دېڭىزغا تاشلانغانلىقىغا گۇۋاھلىق بەردى. بالىلار بۇ خەۋەرگە قىزىقماي، مېفمىس ئەقىلدارلىرى ياراتقان ئەڭ يېڭى كارامەتلەرنى كۆرمىز دەپ تۇرۇۋالدى. چېدىرنىڭ ئىشىكىدە خەبەردار يىغىۋاتقان سىگاننىڭ ئېيتىشىچە، بۇ چېدىردىكى گۆھەر بۇرۇن سۇلايمان پادىشاھنىڭ ئىكەن. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بالىلىرىنىڭ رايىغا بېقىپ ئوتتۇز رىيال تۆلىدى ـ دە، بالىلىرىنى يېتىلەپ چېدىرغا كىردى، چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن بەدىنىنى تۈك باسقان يوغان بىر تاقىرباش دىۋە تۇراتتى. بۇرنىغا مىس ھالقا سېلىنغان، پاچىقىغا ئېغىر زەنجىر ئىشكەل سېلىنغان بۇ دىۋە دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ جاۋاھىرات ساندۇقىنىڭ يېنىدا ساندۇقنى بېقىپ ئولتۇراتتى. دىۋە ساندۇقنى ئېچىۋىدى، سوۋۇقتىن ئۆتكىدەك سوغۇق ھاۋا ئۇرۇلدى. ساندۇقتا يوغان بىر پارچە پارقىراق نەرسە تۇراتتى. بۇ نەرسىدىكى سانسىز يىڭنىلەر كەچكى شەپەق نۇرىنى پارچىلاپ رەڭگارەڭ چىم ـ چىم يۇلتۇزلارغا ئايلاندۇراتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ئەقلى لال بولدى. بىراق، بالىلىرىنىڭ چۈشەندۈرۈپ قويۇشىغا تەقەززا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، غەيرىتىگە ئېلىپ دادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلدى:

— بۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئالماس.

— ياق، — تۈزەتتى سىگان، — بۇ دېگەن مۇز.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە سىگاننىڭ گېپىنى ئىلىك ئالماي مۇزغا قولىنى ئۇزىتىۋىدى، سىگان توسۇۋالدى.

— يەنە بەش رىيال تاپشۇرۇپ ئاندىن تۇتساڭ بولىدۇ، — دېدى دىۋە.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە دەرھال بەش رىيال تۆلەپ قولىنى مۇزغا قويۇپ بىرنەچچە مىنۇت تۇردى، قەلبى ۋەھىمە ۋە شادلىققا تولغانىدى. ئۆزىدىكى ئاجايىپ سېزىمنى بالىلىرىغا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، مۇزنى بالىلىرىغىمۇ تۇتقۇزۇپ بۇنداق تۇيغۇنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئون رىيال تۆلىدى، چوڭ ئوغلى خوس ئاركادىئو تۇتۇشقا ئۇنىمىدى. ئورېلىئانو بولسا دەرھال يېقىن بېرىپ قولىنى مۇزغا قويدى ـ يۇ شۇ زامان شاررىدە تارتىۋالدى.

ـــ بۇ نەرسە بەك قىزىقكەن، قولۇمنى كۆيدۈرۈۋەتتى! ـــ قورقۇپ ۋارقىرىۋەتتى ئورېلىئانو. دادىسى بولسا پىسەنت قىلىپمۇ قويمىدى. بۇ شەكسىز مۆجىزىدىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇ تاپتا بەربات بولغان بىمەنە خىياللىرىنى، بېلىقلارغا يەم بولۇپ كەتكەن مېرگادىسنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى. يەنە بەش رىيال تۆلەپ، خۇددى گۇۋاھچى سوتتا قولىنى «ئىنجىل»غا قويۇپ تەنتەنە بىلەن قەسەم بەرگەندەك قولىنى مۇزغا قويۇپ جاكارلىدى:

ـــ بۇ بىزنىڭ دەۋرىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىيات.

# ئىككىنچى باب

ئۇرسۇلا ئىگۇئاراننىڭ ئۇلۇغ مومىسى 16 ـ ئەسىردە دېڭىز قاراقچىسى فىرانسىس دىراك لېئوئاچقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا زەمبىرەك ئاۋازىدىن قورقۇپ كېتىپ مەشكە ئولتۇرۇپ قېلىپ خوتۇنلۇقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، ئولتۇرغاندىمۇ يۇمشاق كۆرپىدە ياستۇققا يۆلىنىپ سىڭايان ئولتۇرىدىغان، ئالچاڭلاپ ماڭىدىغان، بارا ـ بارا ئادەم بار يەردە ماڭمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. تېنىدە كۆيۈك پۇرىقى باردەك تۇيۇلۇپ كېيىنچە سورۇنلارغىمۇ بارماس بولۇۋالىدۇ. ئۆيدە ئۇخلاشتىن قورقۇپ تاڭ ئاتقىچە ھويلىدا تۇرىدۇ. چۈنكى، ئۇخلىسىلا بىر ئەنگلىيەلىك دېڭىز قاراقچىسى غالجىر ئىتنى ئەگەشتۇرۇپ دېرىزىدىن كىرىپ، نومۇسلۇق يېرىگە قىپقىزىل داغمال تەڭلەپ قىيناپ چۈش كۆرەتتى. ئېرى ئاراگونلۇق سودىگەر ئىدى، ئېرىدىن ئىككى پەرزەنت كۆرگەنىدى. ئېرى خوتۇنىنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈمىدىدە دەسمايىسىنىڭ يېرىمىنى سەرپ قىلىپ بولىدۇ. ئاخىر دۇكىنىنى خەققە ئۆتكۈزۈۋېتىپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ بۇ دېڭىز بويىنى تاشلاپ، دېڭىزدىن يىراق بىر تاغنىڭ قاپتىلىدىكى تىنچقىنە ئىندىيان مەھەللىسىگە كېلىپ ماكانلىشىدۇ ھەمدە شۇ يەردە خوتۇنىغا چۈشىدە كۆرىدىغان دېڭىز قاراقچىسى كىرەلمىگۈدەك قىلىپ دېرىزىسى يوق ئۆي سالدۇرۇپ بېرىدۇ.

بۇ خىلۋەت مەھەللىدە بۇرۇندىنلا دونخوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئاتلىق بىر كىشى ياشىغان بولۇپ، مۇستەملىكە ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، بۇ ئىسپان ئەۋلادى بۇ يەردە تاماكا تېرىيتتى. ئۇرسۇلانىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى شۇ كىشى بىلەن شېرىكلىشىپ، بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئوبدانلا پايدا كۆرۈپ، ھەر ئىككىيلەن نۇرغۇن پۇل ـ ماللىق بولۇپ قالىدۇ. مۇستەملىكە ئېلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۇ ئىسپان ئەۋلادىنىڭ بىرنەچچە

ئەسىردىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغۇل ئەۋرىسى بىلەن ئاراگونلۇق ئۇ ئىسپانىنىڭ قىز ئەۋرىسى توي قىلىپ ئەر - خوتۇن بولۇشىدۇ. ئۇرسۇلا ھەر قېتىم ئېرىنىڭ يوقۇلاڭ ئىشلىرىغا ئاچچىقى كېلىپ قالغاندا، ئۈچ يۈز يىلنىڭ ئالدىغا ھالقىپ، دېڭىز قاراقچىسى فىرانسىس دىراك لېئوئاچقا ھۇجۇم قىلغان چاغلاردا شۇنداق بىر سەۋەب بىلەن ئارىلىشىپ قالغان ئەجدادلىرىنىمۇ چىشلەپ تارتىپ قارغاپ كېتەتتى. بىراق، ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئايرىلماي ياشىدى، ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن ئۆمۈرلۈك باغلاپ تۇرغان نەرسە مۇھەببەتتىنمۇ مۇستەھكەم بولغان بىرخىل ئورتاق ۋىجدانىي نومۇس تۇيغۇسى ئىدى. ئۇرسۇلا ئېرى بىلەن بىر نەۋرە ئىدى. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئەجرى ۋە ياخشى ئادەتلىرى نەتىجىسىدە پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئەڭ ياخشى مەھەللىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان بۇ قەدىمىي مەھەللىدە كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ نىكاھى ئۇلار بۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان چېغىدىلا مەلۇم بولغان بولسىمۇ، بىراق ئىككى ياش توي قىلىش ئىستىكىنى ئىزھار قىلغاندا ئاتا - ئانىلىرى توسۇشقا ئۇرۇنىدۇ. نەچچە يۈز يىلدىن بېرى بۇ ئىككى جەمەت ئۆزئارا ئېلىشىپ - تېگىشىپ كەلگەچكە، ئەمدى بۇ ئىككى ساغلام ئەۋلادنىڭ پەرزەنتى كەسلەنچۈك تۇغۇلۇپ قېلىپ نومۇسقا قېلىشىدىن قورقاتتى. چۈنكى، بۇنداق قورقۇنچلۇق ئىش بېشىدىن بىر قېتىم ئۆتكەن. ئۇرسۇلانىڭ دادا جەمەت بىر ھاممىسى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ دادا جەمەت تاغىسىغا تېگىپ بىر ئوغۇل تۇغقان، بۇ بالا ئۆمۈر بويى كېلەڭسىز شارابار ئىشتان كىيىپ قىرىق ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەڭ پاك بوز يىگىت پېتىچە قانسىراپ ئۆلگەن. سەۋەبى، قۇيرۇقلۇق تۇغۇلۇپ قالغانلىقى ئىدى، قۇيرۇقى — ئۇچىدا بىر تۇتام تۈكى بار پىلدىرلىغۇچ شەكىللىك سىڭىر قۇيرۇق ئىدى. ھېچقاچان ھېچقانداق ئايال زاتىغا كۆرسەتمەي يوشۇرۇپ كەلگەن ئۇ چوشقا قۇيرۇقىنى ئاخىر بىر تونۇش قاسساپقا گۆش چانايدىغان پالتىسى بىلەن چاناتقۇزىۋەتكەن، نەتىجىدە قانسىراپ جېنىدىنمۇ ئايرىلغان. ئون توققۇز ياشلىق خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ قىيىن مەسىلىنى يىگىتتەك بىر ئېغىز گېپى بىلەنلا ھەل قىلدى:

— چوشقا تۇغۇلسىمۇ مېنىڭ بالام، گەپ قىلالىسىلا بولدى.

شۇنىڭ بىلەن داقا ـ دۇمباق سادالىرى ئىچىدە ئۇ ئىككىسىنىڭ تويى بولدى، توي ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز داۋاملاشتى. ئەگەر ئۇرسۇلانىڭ ئانىسى قىزىنى قورقۇتۇپ قويۇش مەقسىتىدە ئۇلاردىن تۇغۇلىدىغان باللار ھەققىدە شۇم بېشارەت بېرىپ، يەنە تېخى قىزىنى ئېرى بىلەن بىللە بولماسلىققا كۈشكۈرتمىگەن بولسا، ياش ئەر ـ خوتۇنلار بەختىيار ياشاپ كەتكەنمۇ بولار ئىدى. ئۇرسۇلا ئۇخلاپ قالغان چېغىدا تەتۈر ئۇستىخان ھەم بەڭباش ئېرىنىڭ زورلۇق قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇخلاش ئالدىدا ئانىسى تىكىپ بەرگەن قېلىن كاناپ ئىشتىنىنى كىيىۋالاتتى، بۇ ئىشتاننىڭ چەپراس تاسما كەمىرى بار بولۇپ، ئالدى توم ـ توم تۆمۈر تۈگمىلەر بىلەن چىڭ ئېتىكلىك ئىدى. ياش ئەر ـ خوتۇن بىرنەچچە ئاينى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتتى. كۈندۈزى يىگىت سوقۇشچى خورازلىرى بىلەن بولاتتى، كېلىنچەك ئانىسى بىلەن كەشتە تىكەتتى. ياش ئەر ـ خوتۇن كەچتە بىرنەچچە سائەتكىچە شىددەتلىك تىركىشەتتى، بۇنداق تىركىشىش بارا ـ بارا ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ ئورنىنى ئېلىپ قالغانىدى. سەزگۈر قوشنىلار ئىشنىڭ تازا قاملاشمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ قېلىشتى، شۇنىڭ بىلەن مەھەللىدە «ئۇرسۇلا ئەرگە تەگكىلى بىر يىل بولغان بولسىمۇ ھېلىغىچە قىز ئىكەن، ئېرى كارغا كەلمەيدىكەن» دېگەن سۆز ـ چۆچەك تارقىلىپ كەتتى. بۇ گەپ ئاخىرىدا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭمۇ قۇلىقىغا يەتتى.

— ئۇرسۇلا، خەقنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى قۇلىقىڭغىمۇ كىرىۋاتىدىغاندۇ، — دېدى خوتۇنىغا خاتىرجەملىك بىلەن.

— ئۇ خەق نېمە دېگىسى كەلسە دەۋەرسۇن، — جاۋاب بەردى ئۇرسۇلا، — ئۇ گەپلەرنىڭ يالغانلىقىنى ئىككىمىز بىلگەندىن كېيىن بولمىدىمۇ.

يەنە ئالتە ئايمۇ شۇ تەرىزدە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ھال تاكى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ خورىزى پىرۇدونسىئو ئاگىمورنىڭ خورىزىنى يەڭگەن بىر نەس باسقان يەكشەنبە كۈنىگە قەدەر داۋاملاشتى. ئۇتتۇرۇپ قويغان پىرۇدونسىئو ئاگىمور خورىزىنىڭ قانغا بويالغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقىدا يىرىلىپ كېتەي دېدى ـ دە، خوراز سوقۇشتۇرۇش

مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن دېگەن مەقسەتتە خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەدىن نېرىراق بېرىپ:

— مۇبارەك بولغاي، بۇئېندىيە، بۇ خورىزنىڭ بولسىمۇ خوتۇنۇڭغا ياراپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى قەستەنلا ئۈنلۈك ئاۋازدا.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە پەرۋايى پەلەك بىرھالدا خورىزنى قولىغا ئالدى ـ دە:

— ھازىرلا كېلىمەن، — دېدى خالايىققا، ئاندىن پىرودونسىئو ئاگىمورغا، — ئاگىمور، ئۆيۈڭگە بېرىپ قورالىڭنى ئەكەل، جېنىڭنى ئالماقچىمەن، — دېدى.

ئۇ ئون مىنۇتتىن كېيىن بوۋىسىدىن قالغان قانخور نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ كەلدى. خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانىغا پۈتۈن مەھەللىنىڭ يېرىمى دېگۈدەك يىغىلغانىدى. پىرودونسىئومۇ شۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى. بۇقىدەك كۈچلۈك خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ كۈچەپ ئاتقان نەيزىسى پىرودونسىئو ئاگىمور ئۆزىنى ئوڭشاشقا ئۈلگۈرمەيلا خۇددى ئەينى يىللاردا مۇشۇ ئەتراپتا يولۋاس ئۆلتۈرگەن بىرىنچى ئەۋلاد پۇرىليانو بۇئېندىيەنىڭ نەيزىسىدەك تويتوغرا ئۇچۇپ بېرىپ كېكىرتىكىگە قادالدى. كىشىلەر شۇ ئاخشىمى خوراز سوقۇشتۇرۇش مەيدانىدا ئۆلگۈچىنىڭ جەسىتىنى بېقىپ تۇرۇۋاتقاندا، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ياتاق ئۆيگە كىرىپ، «ئىپپەت تامبىلى»نى كىيىۋاتقان خوتۇنىغا نەيزىسىنى تەڭلەپ بۇيرۇق قىلدى:

— سال!

ئۇرسۇلا ئېرىنىڭ دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغانلىقىنى پەملەپ يەتكەنىدى. شۇڭا:

— بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئۆزۈڭ مەسئۇل، — دېدى ئاگاھلاندۇرۇپ.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە نەيزىسىنى يەرگە سانجىدى.

— ئەگەر كەسلەنچۈك تۇغساڭ، بىز كەسلەنچۈك باقارمىز. بىراق، بۇ مەھەللىدە ئەمدى ھېچكىم سېنىڭ كاساپىتىڭدىن ئۆلمەس.

بۇ ئىيۇننىڭ گۈزەل بىر ئايدىڭ ئاخشىمى ئىدى. بۇ ياش ئەر ـ خوتۇن تاڭ ئاتقىچە ئۇخلىماي پومداقلىشىپ چىقتى، پىرودونسىئو ئاگىمورنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان كېچىنىڭ غۇر ـ غۇر سوغۇق

شامىلىمۇ ئۇلارنىڭ پەيزىنى بۇزالمىدى.

باشقىلار بۇ ئىشنى ئادىل دۇئېل دېيىشتى، ئەمما بۇ ياش ئەر ـ خوتۇن ۋىجدان سورىقىغا قالدى. ئۇرسۇلا بىر كۈنى كېچىدە ئۇيقۇسى كەلمەي ھويلىغا سۇ ئىچكىلى چىقتى، چوڭ ئىدىشنىڭ يېنىدا پىرۇدونسىئو ئاگىمور تۇراتتى. چىرايى تاتىراڭغۇ، روھى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى، شۇ تاپتا كېكىرتىكىدىكى كامارنى بىر تۇتام پاخالدا ئېتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇرسۇلانىڭ قورققىنى كەلمىدى، بەلكى ئىچى ئاغرىدى. قايتىپ كىرىپ بۇ ئاجايىپ ئىشنى ئېرىگە دەپ بەرگەنىدى، ئېرى ئېرەن قىلمىدى.

— ئۆلگەن ئادەم گۆردىن چىقالمايدۇ، — دېدى ئېرى، — بۇ بىزنىڭ ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقانلىقىمىزدىن بولۇۋاتقان ئىش.

ئۇرسۇلا ئىككى كېچە ئۆتكەندىن كېيىن مۇنچىدا پىرۇدونسىئو ئاگىمورنى بوينىدا ئۇيۇپ قالغان قاننى كەندىر پاخىلى بىلەن سۈرتۈۋاتقان ھالىتىدە كۆردى. يەنە بىر ئاخشىمى ئۇنىڭ يامغۇردا نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ بۇ خىيالىي تۇيغۇلىرىدىن زېرىكىپ، نەيزىسىنى ئېلىپ ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئۇ ئۆلۈك راستىنلا ھەسرەتلىك بىر سىياقتا تۇراتتى.

— يوقال! — ۋارقىرىدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — سەن قانچە قېتىم قايتىپ كەلسەڭ، مەن سېنى شۇنچە قېتىم ئۆلتۈرىمەن.

پىرۇدونسىئو ئاگىمور كەتمىدى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەمۇ نەيزىسىنى ئېتىشقا پېتىنالمىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇنىڭدىن ئېتىبارەن خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆلۈكنىڭ يامغۇردا ئۆزىگە ئەلەم بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ھەسرەتلىك كۆزلىرى، ھايات كىشىلەرگە قىيالمايۋاتقاندەك ئەلەملىك بېقىشلىرى، كەندىر پاخىلىنى نەمدەش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ ئەتراپقا قاراۋاتقان چېغىدىكى پەرىشان تۇرقى خىيالىدىن نېرى بولماي دائىم ئۇنى قىيناپتتى.

— بەكمۇ ئازابلىنىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىغا، — بەك غېرىبسىنىپ قاپتۇ.

ئۇرسۇلانىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق ئىدى، يەنە بىر قېتىم پىرودونسىئونى ئوچاقتا ئېسىقلىق قازاننىڭ تۈۋىقىنى ئېچىۋاتقان ھالىتىدە كۆرۈپ، نېمە ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدى ـ دە، ئۆينىڭ ھەممە يېرىگە چىنە ـ چىنىدە سۇ تىزىۋەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىر كۈنى كېچىسى ياتاق ئۆيىدە ئۆلۈكنىڭ يارىسىنى يۇيۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاخىر چىداپ بولالمىدى.

— بوپتۇ پىرودونسىئو، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — بىز بۇ مەھەللىدىن كېتەيلى، قانچىلىك يىراققا بارالىساق، شۇنچىلىك يىراققا كېتەيلى، بۇ يەرگە ھەرگىز قايتىپ كەلمەيلى. ئەمدىغۇ كۆڭلۈڭ تىنىپ قايتىپ كېتەرسەن.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ دېڭىز ياقىسىغا كەتمەكچى بولدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ زېمىن ئىزدەپ ئاتلىنىدىغان بۇ سەپىرىدىن ئىلھاملانغان نۇرغۇن تەڭ دېمەتلىك دوستىمۇ ئۆيلىرىنى چۇۋۇپ، خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلار بىلەن نامەلۇم زېمىننى ئىزدەپ ماڭماقچى بولۇشتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مېڭىش ئالدىدا نەيزىسىنى ھويلىغا كۆمدى، ئاندىن بارلىق سوقۇشچى خورازلىرىنىڭ بىرنىمۇ قويماي كاللىسىنى كېسىپ تاشلىدى، مۇشۇنداق قىلسا پىرودونسىئو ئاگىمورغا بىرئاز تەسەللى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇرسۇلا بىر ساندۇق تويلۇق كىيىمى، ئازراقلا ئۆي جابدۇقلىرى ۋە ئاتا مىراس تىللالىرىنىلا ئېلىۋالدى. ئۇلار ماڭىدىغان يولنى ئالدىن بەلگىلىۋالمىغانىدى، تونۇش كىشىلەرگە ئۇچراپ قالماسلىق، ھېچقانداق ئىز قالدۇرماي غايىب بولۇش مەقسىتىدە لېئوئاچىنىڭ قارشى تەرىپىگە قاراپ مېڭىش قارارىغا كەلگەنىدى. بۇ قىزىق ھەم بىمەنە بىر سەپەر بولدى. مايمۇن گۆشى، يىلان شورپىسى ئىچىپ ئاشقازان ئاغرىقى تېپىۋالغان ئۇرسۇلا بىر يىل ئىككى ئاي ئۆتكەندە ھايۋان سۆڭەت ئەزالاردىن خالىي راۋۇرۇس بىر ئوغۇل تۇغدى. پۇتلىرى ئىششىپ، كۆك تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ كەتكەچكە، پۇتۇن مۇساپىنىڭ يېرىمىدە دېگۈدەك ئىككى ئەر كىشى كۆتۈرگەن جىرغىدا يېتىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، قورساقلىرى چاپلىشىپ كەتكەن باللار بىچارە كۆرۈنگىنى بىلەن مۇشەققەتلىك سەپەرگە ئاتا ـ ئانىلىرىغا قارىغاندا بەكرەك

ماسلىشىپ كەتكەنىدى، شۇڭا كۆپ ۋاقىتلاردا سەكرەپ ـ قىيغىتىپ ئويناپ ماڭدى. ئۇلار ئىككى يىلغا يېقىن سەرسانە سەپەردىن كېيىنكى بىر كۈنى سەھەردە تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي قاپتىلىنى بىرىنچى بولۇپ كۆرگۈچىلەردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار بۇلۇت قاپلىغان تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ شۇنداق بىر كەڭ زېمىننى كۆردىكى، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بىر بېشى دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىگە تۇتىشىپ كەتكەن كۆز يەتكۈسىز سازلىق سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئەپسۇسكى، ئۇلار دېڭىز بويىغا يېتىپ بارالماي مۇشۇ سازلىقتا بىرنەچچە ئاي سەرگەردان بولۇپ يۈردى. يولدا ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم يەرلىك ئاھالە ماكانلاشقان جايدىنمۇ ئۆزاپ كەتتى ـ دە، بىر كۈنى ئاخشىمى سۇلىرى ئەينەكتەك سۈزۈك بىر تاشلىق دەريا بويىغا چېدىر تىكتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو نۇرغۇن يىلدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭىپ لېئوئاچقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما ئالتە كۈندىن كېيىن بۇ خىيالىنىڭ تامامەن ساراڭلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ قالىدۇ.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى دەريا بويىغا چېدىر تىكىشتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ھەمراھلىرى گەرچە كېمىسى چۆكۈپ كەتكەن دېڭىزچىلارغىلا ئوخشاپ قالغان بولسىمۇ، جان سانى سەپەر ئالدىدىكىدىن كۆپەيگەنىدى، ھەممىسى كېيىنكى ئۆمرىنى مەشەدە ئۆتكۈزۈش ئارزۇسىدا ئىدى ھەمدە بۇ ئارزۇسىغىمۇ يەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە مۇشۇ قونالغۇدا ئاۋات بىر شەھەر پەيدا بولغانمىش، ھەممە ئۆينىڭ تاملىرى ئەينەكتىن پۈتكەنمىش. بۇنىڭ قايسى شەھەر ئىكەنلىكىنى سورىغانمىش، ئالغان جاۋابى ھېچقاچان ئاڭلاپ باقمىغان ھەم ھېچقانداق مەنىسىمۇ يوق شۇنداق بىمەنە بىر ئىسىممىش، ئەمما ماكوندو دېگەن بۇ ئىسىم چۈشىدە سىرلىق بىر تەرىزدە تەكرارلانغۇدەكمىش. شۇنداق قىلىپ، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئەتىسى ئادەملىرىنى قايىل قىلىپ، دېڭىزنى تېپىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەندۈردى، ئاندىن دەريا بويىدىكى ئەڭ سالقىن جايدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ يەر ئېچىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، شۇ يەردە بىر مەھەللە قۇردى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ھېلىقى مۇزنى كۆرگەنگە قەدەر چۈشىدە كۆرگەن ئەينەك ئۆيلەرنىڭ سۈرىگە تەبىر بېرەلمەي كەلگەنىدى. مۇزنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ چۈشىنىڭ سىرىنى بىلگەندەك بولدى ـ دە، يېقىن كەلگۈسىدە سۇدىن ئىبارەت ئالاھىدە ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەمدە مۇز كېسەكلىرىنى ئىشلەپچىقىرىپ، پۈتۈن مەھەللىدە مۇزدىن ياسالغان يېڭى ئۆيلەرنى سېلىش خىيالىغا كەلدى. شۇنداق بولغىنىدا، ماكوندو ئىششىكىنىڭ گىرەچىسى ۋە تاقاقلىرىمۇ ئىسسىق دەستىدە ئېگىلىپ كېتىدىغان تونۇردەك ئىسسىق ماكاندىن سالقىن بىر شەھەرگە ئايلىناتتى. نىھايەتكى، بۇ چاغدا ئىككى ئوغلىنى تەربىيەلەش بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا مۇز زاۋۇتى قۇرىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالمىدى. ئورېلىئانو باشتىلا مېتال تاۋلاش تېخنىكىسى جەھەتتە كەم ئۇچرايدىغان تالانتىنى نامايان قىلغانىدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى تەجرىبىخانىنى پاكىز ۋە رەتلىك يىغىشتۇرۇپ، مېرگادىسنىڭ قول يازمىلىرىنى يېڭىباشتىن ئوقۇشقا كىرىشتى. ئۇلار ئەمدى يېڭىلىقتىن ھاياجانلىنىپ كەتمەس بولغانىدى، كۆڭلىنى تىنىدۇرۇپ، قازاننىڭ تۇۋىگە چاپلىشىپ قالغان داشقالنىڭ ئىچىدىن ئۇرسۇلانىڭ ئالتۇنىنى ئايرىۋېلىش كويىدا سەۋرچانلىق بىلەن تەجرىبە قىلىشقا تۇتۇندى. چوڭ ئوغلى خوس ئاركادىئو بۇ ئىشقا زادىلا ئارىلاشمايتتى. ئەزەلدىنلا يېشىغا قارىغاندا بالدۇر يېتىلىپ كەلگەن بۇ بەگباش چوڭ ئوغۇل دادىسى پېچ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندا زەبەردەس بىر يىگىت بولۇپ يېتىشتى. ئاۋازى غورۇقشىپ، بۇرۇتلىرى خەت تارتتى. بىركۈنى ئاخشىمى كىيىملىرىنى سېلىپ ياتماقچى بولۇپ تۇرغاندا ئۇرسۇلا كىرىپ قالدى، ئۇرسۇلادا شۇ ھامان نومۇس ئارىلاش بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. چۈنكى، ئۇ ئۆز ئېرىدىن باشقا قىپيالىڭاچ ھالدا كۆرگەن بىرىنچى ئەر زاتى ئىدى. يەنە كېلىپ ئوغلى شۇ قەدەر مۇكەممەل يېتىلگەن ئىدىكى، ئانىنىڭ كۆزىگە سەل بىنورمال كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۈچىنچى بالىغا ھامىلىدار بولغان ئۇرسۇلانىڭ كۆڭلىدە توي قىلغان چېغىدىكى ئەندىشىسى يەنە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

شۇ چاغلاردا دائىم ئۇرسۇلاغا قارىشىپ بېرىدىغان بىر ئايال بار ئىدى. خۇشخۇي،

شوخ، ئاغزى ئىتتىك بۇ ئايال قارتا بىلەن پال ئاچالايتتى. ئۆرسۇلا بۇ ئايالغا ئوغلىنىڭ كېيىنى قىلىپ بېرىپ، بۇ بالىنىڭ ھەيران قالارلىق يېتىلىۋاتقانلىقى خۇددى قۇيرۇقلۇق تۇغۇلۇپ قالغان ھىلىقى بىر نەۋرە تۇغقىنىغا ئوخشاشلا بىر ئىش دېگەن ئەندىشىسىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئۇ ئايال ئۆزىنى توختىتالماي تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، بۇ كۈلكىسى گويا جانان چىنىگە مەرۋايىت تۆكۈلگەندەك جاراڭلىق ئاڭلىناتتى.

— دېگىنىڭىزنىڭ دەل ئەكسىچە، — دېدى ئۇ ئايال كۈلكىسىنى توختىتىپ، — ئۇ بالىنىڭ بەختى ئېچىلغۇدەك.

ئۇ ئايال بېشارىتىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قارتىسىنى ئېلىپ كېلىپ، ئۆرسۇلانىڭ ئوغلى خوس ئاركادىئونى ئاشخانىنىڭ يېنىدىكى ئامبارغا باشلاپ كىرىپ ئىشكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىدى ـ دە، قارتىنى تەمكىن بىرھالدا كونا ئۈستەلگە يېيىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇدى، يىگىت بىر چەتتە قاراپ تۇردى، شۇ تاپتا ئۇنى بۇ ئىشقا قىزىقىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە بىزار بولۇۋاتىدۇ دېسە بەكرەك توغرا بولاتتى. پالچى* ئايال بىر چاغدا توساتتىنلا ئۇ يىگىتنى تۇتۇپ بېقىپ چۆچۈپ كەتتى:

— يا پىرىم!

ئۇ ئايال راستىنلا بەك قورقۇپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئاغزىغا باشقا گەپمۇ كەلمىدى. شۇ پەيتتە خوس ئاركادىئوغا سۆڭەكلىرىدىن تارتىپ شۆررىدە يۇمشاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ھەمدە قانداقتۇر بىر ۋەھىمىگە چۈشۈپ، يىغىدىن ئۆزىنى ئارانلا تۇتىۋالدى. ئۇ ئايال ھېچقانداق بېشارەت بەرمىگەن بولسىمۇ، خوس ئاركادىئو كېچە ـ كېچىلەپ تاماكا پۇرىقىنى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ئايالنىڭ قولتۇقلىرىدىن چىقىدىغان بۇ پۇراق بۇرنىغا پۇراپلا تۇراتتى، تېنىگىمۇ سىڭىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ ھەممىشە شۇ ئايال بىلەن بىللە تۇرۇشنى، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە ئانا بولۇشىنى، ئامباردا مەڭگۈ بىللە تۇرۇشنى، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە «يا پىرىم!» دېيىشىنى، يەنە بىر قېتىم كاپلا قىلىپ تۇتۇشىنى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدى. خوس ئاركادىئو ئاخىر چىداپ بولالماي بىركۈنى

ئۇ ئايالنى ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا قائىدە ـ يوسۇن تەرىقىسىدە يوقلاپ بارغان بولدى. خوس ئاركادىئو مېھمانخانىدا بىرەر ئېغىز گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. بۇ چاغدا تۇرۇپلا ئۇ ئايالدىن كۆڭلى سوۋۇپ قالغانىدى. بۇ ئايال ھېلىقى پۇرىقى قەلبىدە پەيدا قىلغان ئوبرازغا ئوخشىمايلا قالغاندەك، باشقىلا بىرسى بولۇپ قالغاندەك تۇيۇلدى. شۇنىڭ بىلەن قەھۋەسىنى ئىچىپ بولۇپلا چۈشكۈن بىرھالدا قايتىپ ماڭدى. شۇ كېچىسى ئۇيان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى، ھېلىقى كۈچلۈك ئىستىكى ئەمدى ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى. بىراق، شۇ تاپتا كۆڭلى ئىستەيدىغىنى ئامبارىدىكى ھېلىقى ئايال ئەمەس، كەچقۇرۇن كۆرگەن ئايال ئىدى.

ئۇ ئايال بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خوس ئاركادىئونى ئۆيىگە باشلاپ باردى. ئۆيىدە ئانىسىلا بار ئىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر خىل قارتا ئويۇنى ئۆگىتىپ قويۇش باھانىسىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە باشلاپ كىردى ـ دە، ھايا دېگەننى قايرىپ قويۇپ ئۇنى سىلاشقا باشلىدى. خوس ئاركادىئو لاغىلداپ تىترەپ كەتتى، شۇ دەككە ـ دۈككىچىلىكتە بۇ سىلاشلاردىن قىلچىلىكمۇ ھۇزۇر ئالالمىدى. ئايال ئاخشاملىققا كەل دېگەنىدى، خوس ئاركادىئو تېزرەك قۇتۇلۇش كويىدا ماقۇل دەپ قويىدى. چۈنكى، زادىلا كۆڭلى تارتمايتتى. بىراق، كېچىسى ئىسسىق يوتقاندا ياتقىنىدا، نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ يۇرۇپ كىيىملىرىنى تېپىپ كىيدى، بۇ تىمتاس كېچىدە ئىنىسىنىڭ يەڭگىل پۇشۇلداشلىرى، نېرىقى ئۆيدە ياتقان دادىسىنىڭ قۇرۇق يۆتىلى، ھويلىدىكى مېكىيانلارنىڭ قاقاقلاشلىرى، پاشىلارنىڭ گىڭىلداشلىرى، ئۆز يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەشلىرى، شۇنداقلا ئىلگىرى زادىلا ھېس قىلىپ باقمىغان جاھان شاۋقۇنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھويلىدىن غىپپىدە چىقىپ ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان جىمجىت كوچىغا چىقتى. ئۇ ئايالنىڭ ئىشىكىنىڭ ۋەدە قىلغىنىدەك بوش يېپىق بولۇشىنى ئەمەس، تاقاقلىق بولۇشىنى ئىستەيتتى. ھالبۇكى، ئىشىك تاقالمىغانىدى. خوس ئاركادىئو ئىشىكنى بىگىز بارمىقى بىلەن ئاستىغىنە ئىتتىرىشىگىلا، ئىشىكنىڭ گىرەچىسى سۇرلۇك غىچىرلاپ، يۈرىكىدە مۇزدەك سوغۇق تۇيغۇ پەيدا قىلدى. خوس ئاركادىئو

مۆمكىنقەدەر تىۋش چىقارماسلىق ئۈچۈن يېنىچە بولۇپ ئۆيگە كىردى، ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ھېلىقى پۇراق دىمىقىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ ئىنىسى كىچىك مېھمانخانىدا سەگۇنچەك سېلىپ ياتاتتى، خوش ئاركادىئو قاراڭغۇدا سەگۇنچەكلەرنىڭ قەيەردىلىكىنى ئىلغا قىلالمايتتى. شۇڭا مېھمانخانىدىن سىيپاشتۇرۇپ ئۆتۈپ ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىۋالماقچى، ئاندىن ئىشىكنى ئاستا ئاچماقچى بولدى. باشقا تۆشەككە بېرىپ قالماسلىق ئۈچۈن نىشاننى توغرىلىۋېلىشىغا توغرا كېلەتتى. بىراق، بىر سەگۇنچەكنىڭ ئارغامچىسىغا پۇتلىشىپ كەتتى، بۇ سەگۇنچەك ئويلىغىنىدىنمۇ پەس ئېسىلغانىكەن. سەگۇنچەكتە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئۇيقۇلۇقتا بىر يېنىغا ئۆرۈلدى ــ دە: «ئۇ دېگەن چارشەنبە كۈنى» دەپ جۆيلىدى. خوس ئاركادىئو ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا، ئىشىكنىڭ ئېگىز ــ پەس يەرگە سۈركىلىشىدىن چىققان ئاۋازنى توختىتىۋېلىشقا ئامالسىز قالدى. قاپقاراڭغۇچىلىقتا نىشاندىن ئاداشقانلىقىنى چۈشىنىپ ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى. بىراق، پۇشايمان قىلغىنى بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيتتى. بۇ كىچىك ئۆيدە ئۇ ئايالنىڭ ئانىسى، ھەدە ــ سىڭىللىرى ۋە ئېرى، ئىككى قىزى ياتاتتى. ئېھتىمال، ئۇ ئايال ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتمىغاندۇ. ئەسلىگۇ پۇرىقىدىن تاپسا بولاتتى. بىراق، ئۇ پۇراق پۈتۈن ئۆينى قاپلاپ كەچكەچكە گاڭگىراپ قالغانىدى. خوس ئاركادىئو جايىدا قاتۇرۇپ قويغاندەك خېلى ئۇزاق تۇردى، ھەيرانلىق ئىچىدە ئۆز ــ ئۆزىدىن «مەن زادى نېمە قىلىۋاتىمەن» دەپ سورايتتى. شۇ ئەسنادا بىر قول قاراڭغۇدا سىيپاشتۇرۇپ كېلىپ يۈزىگە تەگدى. خوس ئاركادىئو چۆچۈپ كەتمىدى. چۈنكى، مۇشۇنداق پەيتنى ئاڭسىز رەۋىشتە كۈتۈپلا تۇراتتى. چارچاپ ھالىدىن كەتكەن خوس ئاركادىئو ئىختىيارىنى مۇشۇ قولغا تاپشۇرۇپ، قولنىڭ كەينىدىن قانداق جاي ئىكەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايدىغان بىر يەرگە باردى، شۇ يەردە بىرسى كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋەتتى ــ دە، خۇددى بىر خالتا بەرەڭگىنى ياتقۇزغاندەك يېنىغا ياتقۇزۇپ، ئۇيان ــ بۇيان ئۆرۈگىلى تۇردى. ئەمدى ھېلىقى قولغا موھتاج ئەمەس ئىدى، بۇرنىغا ئەمدى خوتۇن كىشىنىڭ ئەمەس، ئاممىياك پۇرىقىلا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ چىرايىنى ئەسلەشكە

ئۇرۇناتتى، كۆز ئالدىغا بولسا ئۇرسۇلانىڭ غۇۋا چىرايى كېلىۋالاتتى. ئۆزىنىڭ شۇ تاپتا ئۇزاقتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن بىر ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلدى، شۇنىڭدىن ئىلگىرى بۇنداق ئىشنى راستلا قىلالايدىغانلىقىنى ھېچقاچان ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇ تاپتا بۇ ئىشنى قانداق قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى، پۇتىنىڭ نەدىلىكىنى، بېشىنىڭ نەدىلىكىنى، ھەتتا پۇتىنىڭ كىمنىڭ پۇتى، بېشىنىڭ كىمنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى. ئەمدى بۇ دىشۋارچىلىقتا، بۇ پاراكەندىچىلىكتە، ئىچىدىكى ۋەھىمىگە ۋە ئازدۇرغۇ تەشنالىقىغا بەرداشلىق بەرگۈچىلىكى قالمىدى. قېچىپلا قۇتۇلغۇسى كېلەتتى - يۇ، كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان مۇشۇنداق تىمتاسلىق ۋە مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خىلۋەتتە يەنە مەڭگۈ تۇرۇپ قالغۇسىمۇ كېلەتتى.

بۇ ئايالنىڭ ئېتى پىلار تېرنېرا ئىدى، ئۇن تۆت يېشىدا زورلۇق قىلغان ئەردىن ئايرىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىكىلەرنىڭ زورى بىلەن ماكوندو مەھەللىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى جەريانىدىكى ئۇزۇن سەپەرگە قاتناشقانىدى. ئۇ ئادەم تېرنېرا يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرگەنگە قەدەر ئەر - خوتۇن بولۇپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ياقا يۇرتلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن نىكاھىنى قانۇنىيلاشتۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى. جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە بارىدىغان ئىش بولسىمۇ بىللە بارىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بېرىپ، ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ قايتقۇچە كۈتۈپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. پىلار تېرنېرا كۈتۈۋېرىپ زېرىكتى. قارتىدا ئاچقان پاللىرى دائىم خىلمۇخىل ئەرلەرنىڭ بىر كۈنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى، ئۇ ئەرلەرنىڭ ئارىسىدا ئېگىز - پاكارلىرىمۇ، سېرىق چاچلىق - قارا چاچلىقلىرىمۇ بار ئىدى، بەزىسى ئۈچ كۈندە، بەزىسى ئۈچ ئايدا، بەزىسى ئۈچ يىلدا كېلىدۇ دەپ چىقاتتى. تولا كۈتۈپ يوتىلىرىنىڭ كۈچى، كۆكسىلىرىنىڭ جەزبى قالمىدى، مۇلايىملىقىدىنمۇ قالدى، ئەمما قەلبىدىكى ھەۋەس ئوتلىرى ئۆچمىگەنىدى. بۇ سېھىرلىك ئويۇنغا باغلىنىپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان خوس ئاركادىئو ھەر كۈن كېچىسى كېلىپ سىرلىق سارايدەك مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ، پىلار تېرنېرا بىلەن تېپىشاتتى. بىر قېتىم ئىشىكنىڭ ئىچىدىن تاقاق

سىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ ئىشكنى چەكتى. كەينىدىن بىر قېتىم چېكىشكە جۈرئەت قىلغاندىن كېيىن چېكمۇپرەيچۇ دەپ ئويلاپ چېكمۇەردى. ئۇ ئايال ئاخىر ئىشكنى ئاچتى. خوس ئاركادىئو كۆندۈزلىرى مۈگدەپ ئولتۇرۇپ كېچىدىكى ئىشلارنى ئويلاپ ئەسلىمىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەتتى. پىلار تېرنېرا بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ھېچ ئىش بولۇپ باقمىغاندەك قىلچە ھېيىقىپ ئولتۇرماي بۇرۇنقىدەكلا شوخ كۈلكە ـ چاقچاقلىرى بىلەن كەيپىياتنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئونىڭ ئىچىدىكى جىددىيلىكنى يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشىنىڭمۇ ئورنى قالمايتتى. چۈنكى، ئۇنداق چاغلاردا جاراڭلىق كۈلكىسىدىن ھويلىدا دانلاپ يۈرگەن كەپتەرلەرمۇ ئۈركۈپ ئۇچۇپ كېتىدىغان بۇ ئايالنىڭ ھېلىقى كۆرۈنمەس سېھرىي قۇدرەتكە ئىگە ئايال بىلەن قىلچە ئالاقىسى قالمايتتى، ئۇ قۇدرەت ئىگىسى خوس ئاركادىئوغا ھەممىنى ئىچىگە تىنىۋېتىشنى ۋە يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەشلىرىنى قانداق تىزگىنلەشنى ئۆگىتىپ، كىشىلەرنىڭ نېمىشقا ئۆلۈمدىن قورقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانىدى. خوس ئاركادىئو ئۆزىنىڭ دۇنياسىغا شۇنداق غەرق بولۇپلا كەتكەنكى، دادىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ ھېلىقى مېتالنى ئاخىر ئېرىتىپ، ئۇرسۇلانىڭ ئالتۇنلىرىنى ئاجرىتىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەردىن پۈتۈن ئۆينىڭ قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمۈلگەنلىكىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى.

دەرۋەقە، دادا ـ بالا ئىككىسى جاپالىق تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغانىدى. ئۇرسۇلا شۇ خۇشلىقىدا ئالتۇن تاۋلاش ئىختىرىسىنى ياراتقان تەڭرىگە ھەمدۇسانا ئوقۇپ كەتتى. مەھەللىدىكىلەر تەجرىبىخانىدا قىستىلىشىپ تۇرۇشاتتى، ئۆي ئىگىسى ئۇرسۇلا ئۇلارنى يۈزىگە ئانار مۇرابباسى سۈرۈلگەن پېچىنە ـ پىرەنىك بىلەن مېھمان قىلىپ بۇ مۆجىزىنى تەبرىكلىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۇلارغا قازاندا يوقاپ كېتىپ ئاخىر تېپىلغان ئالتۇننى گويا يېڭىلا ياسىغاندەك تەنتەنە بىلەن كۆرسەتتى. ھەممە كىشىگە بىرمۇبىر كۆرسىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا يېقىندىن بۇيان تەجرىبىخانىغا يولىماس بولۇپ كەتكەن چوڭ ئوغلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاندىن بىر پارچە سارغۇچ قاتتىق نەرسىنى كۆرسىتىپ:

— دەپ باقە، بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئىتنىڭ پوقىدەك قىلدۇ، — توغرىدىن - توغرا جاۋاب بەردى خوس ئاركادىئو.

دادىسى تەتۈر شاپىلاق بىلەن ئاغزىغا چاڭگىلدە بىرنى سېلىۋىدى، خوس ئاركادىئونىڭ ئاغزىدىن قان، كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچىسى پىلار تېرنېرا قاراڭغۇدا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر قوتا دورا ۋە پاختا تاپتى - دە، پاختىنى يودقا چىلاپ ئىششىغان جايغا باستى، خوس ئاركادىئونى شۇنداق كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈپ جېنىنى ئارام تاپقۇزدى. پىلار تېرنېرا بۇنداق مېھرىبانلىقى بىلەن خوس ئاركادىئونىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ بەكرەك ئۇتىۋالدى - دە، ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە تېخىمۇ ئىچەكىشىپ، گۆشۈر - مۆشۈر بولۇشۇپلا كەتتى.

— مەن سەن بىلەن بىللە بولۇشتىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى خوس ئاركادىئو، — ھامان بىركۈنى ھەممە ئادەمگە ئوچۇقىنى ئېيتىمەن. شۇ چاغدا بۇنداق ئوغرىدەك مۆكۈنۈپ - سۈقۈنۇپ يۈرۈشمىزنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

— شۇنداق قىلساڭغۇ تازا ياخشى بولاتتى، — دېدى پىلار تېرنېرا بۇ بالىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغۇسى كەلمەي، — ئۇ چاغدا ئىككىمىز بىرگە بولغاندا چىراغنى ياندۇرۇپ قويۇپ بىر - بىرىمىزنى كۆرەلەيتتۇق. ۋارقىرىغۇم كەلسە ۋارقىراۋېرەتتىم، خەقمۇ ئارىلىشالمايتتى، سەنمۇ ماڭا قانداق گېپىڭ بولسا دەۋېرەتتىڭ.

خوس ئاركادىئو مۇشۇ سۆھبەتتىن كېيىن دادىسىغا بولغان قورساق كۆپۈكىنىڭ، ئەركىن مۇھەببەتكە بولغان ئىنتىلىشىنىڭ تۈرتكىسىدە تۈرۈپلا يۈرىكى يوغىناپ، ئۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىنىسىغا توغرىدىن - توغرا ئېيتىپ بەردى.

ئىنىسى ئورېلىئانو باشتا بۇ ئىشنى ئۇقۇپ ئاكام خەتەرلىك بىر ئىشقا ئۇچراپتۇ، بۇ خەتەردىن ئېغىر بالا - قازا تۇغۇلۇشى ئېھتىمالغا يېقىن دەپ ئويلىدى، ئەمما ئاكىسىنى بۇ ئىشقا قانداق بىر كۈچنىڭ جەلپ قىلىۋالغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. كېيىن خوس ئاكىسىنىڭ بوخىل مەجنۇنلارچە تەشنالىقى ئاستا - ئاستا ئۇزىگىمۇ تەسىر قىلدى. ئاكىسىدىن ئۇ ئىشنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئاڭلاپ، ئاكىسىنىڭ دەردى بىلەن شادلىقىغا ئورتاقلاشتى، ئاكىسى بىلەن بىللە ۋەھىمە يېدى، بەخت تۇيغۇسىنىڭ

پەيزىنى بىللە سۈردى. كېيىن ئاكىسى قايتىپ كەلگەنگە قەدەر گويا چوغ ئۈستىدە يېتىپ قالغاندەك ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقمايدىغان، ئاكىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇيقۇسى قېچىپ خېلى بىر چاغقىچە كۇسۇرلىشىپ يېتىپ، ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا ئۇيقۇغا كېتىشىدىغان بولدى. ئەمدىلىكتە ھەر ئىككىلىسى دادىسىنىڭ مىتال تاۋلاش تېخنىكىسى ۋە دانالىقىدىن زېرىكىپ ھېچكىمگە ئارىلاشماس بولۇپ قالغاندى.

ــ باللار ئەجەب بوشاپ كەتتىغۇ، ــ دېدى ئۇرسۇلا، ــ ئىچىگە قۇرت چۈشتىمۇ ـ يا.

ئۇرسۇلا بۇنىڭ داۋاسىنى قىلىش ئۈچۈن يەرلىك تېۋىپلىغا ياغىچىنى يانجىپ، قاڭسىق دورا قايناتتى. ئويلىمىغان يەردىن ھەر ئىككى ئوغلى بۇ دورىنى غورتۇلدىتىپلا ئىچمۇەتتى. دېگەندەكلا ئۇ ئىككىسى بىر كۈن ئىچىدە ئون بىر قېتىم تەڭلا ھاجەتكە ئولتۇردى ھەمدە ئارقا پىشاپتىن بىرنەچچە تال ھال رەڭ قىزىل قۇرت چۈشتى. ئۇلار بۇ قۇرتلارنى خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغان قىياپەتتە ھەممە ئادەمگە كۆرسەتتى. شۇنداق قىلسا، ئانىسى ئۇلارنىڭ كۆڭلى بۆلۈنۈپ كەتكەنلىكى ۋە چۈشكۈنلۈكىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبىنى بىلەلمەيتتى.

ئورېلىئانو ئاكىسىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى توغرا چۈشىنىپلا قالماي، ئۆزىمۇ باشتىن كەچۈرۈۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئىدى. ئاكىسى بىركۈنى ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ سىرىنى ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، ئورېلىئانو گېپىنى ئارىلاپلا سورىدى:

ــ زادى قانداق تۇيغۇدا بولىدىكەن؟

ــ يەر تەۋرىگەندەك بولىدىكەن، ــ جاق ـ جۇقلا جاۋاب بەردى خوس ئاركادىئو.

يانۋار ئېيىنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنى سەھەر ۋاقتى سائەت ئىككىدە ئامارانتا تۇغۇلدى. ئۇرسۇلا ئۆيگە ئادەم كىرگىچە بوۋاقنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىقتى. بۇ قىزچاق كەسلەنچۈكتەك يېنىك ھەم ھۆل ئىدى. بىراق، ھەممىلا ئەزاسىنىڭ ئادەمگە خاس ئىكەنلىكىدە شەك يوق ئىدى. ئورېلىئانو ئۆيىنىڭ لىق ئادەم بىلەن تولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپتى ـ دە، پاتىپاراقچىلىقتىن پايدىلىنىپ ئاكىسىنى

ئىزدەپ ماڭدى. چۈنكى، ئاكىسىنىڭ كارىۋىتى يېرىم كېچە بولمايلا بوشاپ قالغانىدى. ئاكىسىنى پىلار تېرنېرانىڭ ئۆيىدىن قانداق چاقىرىدىغانلىقىنىمۇ ئويلىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ئۈشتۈمتۈت بۇ قارارغا كەلگەن ئورېلىئانو بەلگە بېرىپ ئىسقىرتقىنىچە ئۇ ئايالنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا بىرنەچچە سائەت چۆرگىلەپ يۈرۈپ، سۈبھى كۆتۈرۈلگەندىلا ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر بولدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئاكىسى ھەدەپ ئانىسىنىڭ يېنىدا يېڭىلا تۇغۇلغان سىڭلىسىنى ئەركىلىتىۋاتاتتى.

ئۇرسۇلا بوشىنىپ قىرىقى توشمايلا سىگانلار يەنە كەلدى. بۇلار ھېلىقى مۇزنى ئەكەلگەن جاھانكەزدى سېھىرگەرلەر ۋە سېرىكچىلەر ئىدى. بۇلارنىڭ مېرگادىسلارغا ئوخشاش يېڭى تەرەققىياتنى تەشۋىق قىلىدىغانلار ئەمەس، ئويۇن كۆرسىتىپ پۇل تاپىدىغانلار ئىكەنلىكى ناھايىتى تېزلا ئايان بولدى. بۇلار ئالدىنقى قېتىم ئېلىپ كەلگەن مۇزمۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى نوقۇل ھالدىكى سېرك ئاجايىباتى ئىدى. بۇ قېتىمقى مۆجىزىلەر ئىچىدە بىر ئۇچار گىلەممۇ بار ئىدى. بىراق، ئۇلار بۇ ئۇچار گىلەمنى قاتناش قوراللىرى تەرەققىياتى جەھەتتىكى زور تۆھپە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىر خىل ئويۇنچۇق سۈپىتىدە تونۇشتۇردى. كىشىلەر ئۆيلىرىدە كۆمۈپ ساقلاپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى تەڭگىلىرىنى مەھەللىدىكى ئۆگزىلەردىن ئۇچۇپ ئۆتۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋېلىش ئۈچۈنلا خەجلىۋېتىشتى. خوس ئاركادىئو بىلەن پىلار تېرنېرا دادىسىنىڭ شۇ پاتىپاراقچىلىقىدا ئەركىن ـ ئازادە بىرگە بولۇپ خېلى ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشتى. ئۇلار كىشىلەر ئارىسىدىكى بەختلىك ئاشىق ـ مەشۇقلاردىن بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇھەببەتنىڭ كېچىلەردە يوشۇرۇن ئۇچراشقان چاغدىكى ئەسەبىي ۋە قىسقىغىنە كۆڭۈل خۇشلۇقىدىنمۇ راھەت ھەم چوڭقۇر بىر خىل ھېسسىيات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ۋەھالەنكى، پىلار تېرنېرا ئۇلارنىڭ بۇ شېرىن چۈشىنى بۇزۇپ سالدى. پىلار تېرنېرا خوس ئاركادىئونىڭ ئوتتەك قىزغىنلىقىنىڭ تەسىرىنى يۇقتۇرۇۋېلىپ خاتا ئۇسۇل ۋە خاتا ۋاقىتنى تاللاپ ئېيتقان بىر ئېغىز گېپى بىلەن خوس ئاركادىئونىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى:

ــ سەن ئەمدى ھەقىقىي ئەر بولدۇڭ.

خوس ئاركادىئو بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ گەپنىڭ ئېنىقىنى ئېيتتى:

ــ سەن ئەمدى پات ئارىدا دادا بولىسەن.

خوس ئاركادىئو بىرقانچە كۈنگىچە ئۆيدىن چىقمىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئاشخانىدىن پىلار تېرنېرانىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلىسىلا شۇ ئان تەجرىبىخانىغا قېچىپ كىرىۋالاتتى. ئۇ يەردىكى مېتال تاۋلاش سايمانلىرى ئۇرسۇلانىڭ ياخشى تىلىكى بىلەن يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەنىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تۇيۇق يولدىن قايتىپ تەجرىبىخانىغا كىرگەن ئالىقانات ئوغلىنى خۇشاللىق بىلەن قارشى ئالدى ھەمدە ساۋادىنى چىقىرىپ، ئۆزى ئاخىر باشلىۋالغان مىس ئايرىش خىزمىتىگە قاتناشتۇردى. بىركۈنى كەچقۇرۇنلۇقى بىر سىگان مەھەللىدىكى بىرنەچچە ئۇششاق بالىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئۇچۇرۇپ ماڭغان ئۇچار گىلەم تەجرىبىخانىنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە، گىلەمدە ئولتۇرۇپ ئۇچۇۋاتقانلارنىڭ خۇشلۇقىدا قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانلىقىنى كۆرگەن بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار قىزىقىپلا قالدى، دادىسى بولسا كۆزىنىڭ قىرىنىمۇ سېلىپ قويمىدى.

ــ چۈشىنى كۆرۈۋەرسۇن ئۇ خەق، ــ دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، ــ بىز كەلگۈسىدە ئۇنداق ئەسكى پالاز بىلەن ئەمەس، ئىلىم ـ پەننىڭ قۇدرىتى بىلەن تېخىمۇ ئېگىز ئۇچىمىز.

خوس ئاركادىئو يالغانلاردىن مىسقا قىزىققان قىياپەتكە كىرىۋالغان بولسىمۇ، بۇ ئوقەتتە نېمە كارامەت بارلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى، تەجرىبە ئەسۋابى دېيىلىۋاتقان بۇ نەرسىلەر نەزىرىدە پەقەت مايماق ـ سايماق بوتۇلكىلاردىنلا ئىبارەت ئىدى. تەجرىبىخانىمۇ دەردىگە دالدا بولالمىدى. خۇددى دادىسى قىلىۋاتقان ئىشىدا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان چاغدىكىگە ئوخشاشلا گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى، كۆزىدىن ئۇيقۇسى قاچاتتى. ئوغلىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇنى مېتال تاۋلاشقا زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن كۆرۈپ،

تەجرىبىخانىدىكى ئىشىدىن ئازاد قىلىنغۇەتتى. ئۇرىلىئانو ئاكىسىدىكى پەرىشانلىقنىڭ مىس بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەلۋەتتە. بىراق، ئاكىسىدىن كۆڭلىدىكى گېپىنىمۇ پەقەت ئالالمىدى. ئاكىسىنىڭ بۇرۇنقىدەك ئوچۇق كۆڭۈللۈكى كەلمەسكە كەتكەن، ئاكىسى بىلەن ئىككىسىنىڭ شېرىكلىكى ۋە پىكىرداشلىقى دۈشمەنلىك ۋە سوغۇقلۇقتا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. ئاكىسى ئەمدى تەنھالىقنىلا ئىستەيدىغان، پۈتۈن دۇنيادىن نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. خوس ئاركادىئو بىر كۈنى كېچىسى يەنە يوتقاندىن ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى. بىراق، پىلار تېرنېرانىڭ ئۆيىگە بارماستىن، سىگان چېدىرلىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىشىۋېلىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان ئادەملەر توپىغا قوشۇلدى. ئايلىنىپ يۈرۈپ خىلمۇخىل قىزىق ئويۇنلارنى كۆردى ـ يۇ ھېچقايسىسىغا قىزىقمىدى. ئاخىر بىر غەيرىي كۆرگەزمە بۇيۇمى — ئىنتايىن چىرايلىق بىر سىگان قىزى دىققىتىنى تارتتى. ئۇ بىر قاراشتىن يەنە بويىغا يەتمىگەن كىچىك قىزچاقتەكمۇ قىلاتتى. ۋىجىكلىكىدىن بويىنىغا ئېسىۋالغان ئېغىر بىر تىزىق مارجىنى گەۋدىسىنى بېسىپ ئېگىشىپ قالغانىدى. خوس ئاركادىئو ئۆمرىدە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل قىزنى كۆرمىگەنىدى. قىزچاق شۇ تۇرقىدا كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ كىمدۇر بىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي يىلانغا ئايلىنىپ قالغان ياجىئەسىنى كۆرۈۋاتاتتى.

خوس ئاركادىئونىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنى كۆرگىنىدەك ھەپىسلىسى يوق ئىدى. كىشىلەر «يىلان ئادەم» پاجىئەسىنىڭ تەپسىلاتىنى سوراش بىلەن بولۇۋاتقاندا، خوس ئاركادىئو قىستىلىپ يۈرۈپ بىرىنچى رەتتىكى ھېلىقى سىگان قىزنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ چاپلىشىپ تۇردى. قىز ئۆزىنى سەل تارتتۇىدى، خوس ئاركادىئو بەكرەك چاپلاشتى. قىز شۇنىڭ بىلەن قاتۇرۇپ قويغاندەك مىدىرلىماي تۇرۇپ ۋەھىمىدىن تىترەپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ سېزىمىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئاخىر بولالماي ئارقىغا قايرىلىپ، خوس ئاركادىئوغا لاپپىدە قارىدى، چىرايىدا سۈس كۈلكە ئالامەتلىرى جىلۋە قىلىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا ئىككى سىگان «يىلان ئادەم»نى قەپەسكە سولاپ چېدىرغا ئەكىرىپ كەتتى. ئويۇنغا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان سىگان جاكارلىدى:

ـــ خانىملار، ئەپەندىلەر، ئەمدى قورقۇنچلۇق بىر ئويۇننى كۆرىسلەر. ھەر كېچىسى مۇشۇ ۋاقىتتا بىر ئايالنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ، بۇ ئىش 150 يىل داۋاملىشىدۇ، ئۇ ئايال كۆرۈشكە تېگىشلىك بولمىغان نەرسىنى كۆرگەچكە مۇشۇ جازاغا تارتىلغان.

خوس ئاركادىئو بىلەن سىگان قىز كاللا كېسىش ئويۇننى كۆرمىدى. ئۇلار قىزنىڭ چېدىرىغا كىرىپ، كىيىملىرىنى سالغاچ تاقەتسىزلىك بىلەن سۆيۈشۈپ كەتتى. سىگان قىز پاتلانغان گۈللۈك خالتا كۆڭلىكىنى، ئېغىر ئىچ مايكىسىنى ۋە كارغا كەلمەيدىغان چىپ ساۋۇتىنى سېلىپ ئاندىن تۇغما بولدى. بۇ ئاۋاق قىزنىڭ كۆكسىمۇ تۇزۇك چىقمىغان، ئەتسىز پاچاقلىرى خوس ئاركادىئونىڭ بىلىكىدىنمۇ ئىنچىكە ئىدى. بىراق، كەسكىنلىكى ۋە قىزغىنلىقى بۇ ئاجىزلىقىنى تولدۇراتتى. نىھايەت، خوس ئاركادىئو ئۇ قىزنىڭ قىزغىنلىقىغا لايىق جاۋاب قايتۇرالمايتتى. چۈنكى، ئۇلار ئوپچە چېدىردا بولۇپ، سىگانلار ئۆز ئىشىنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ھېلىدىن ــ ھېلى ھەرخىل سېرىك بۇيۇملىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ــ چىقىپ تۇراتتى، ھەتتا تۆشەكنىڭ يېنىدىكى تاۋاغا «دەتتىكام» دەپ شىشخال تاشلاپمۇ تۇراتتى. چېدىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈككە ئېسىلغان قارا چىراغ چېدىر ئىچىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. خوس ئاركادىئو ئىشقىۋازلىق ئويۇنى ئارىلىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قىيپالىڭاچ پېتى تۆشەككە ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ يېتىۋالدى، قىز بولسا توختىماي ئۇنى ئىندەككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. ئۇزاق ئۆتمەيلا فىگۇرىسى كېلىشكەن بىر سىگان ئايال بىلەن بىر ئەر كىشى قولتۇقلاشقىنىچە چېدىرغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەر سېرىك ئۆمىكىنىڭ ئادىمى ئەمەس، ھەتتا بۇ مەھەللىلىكمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككىسى كارىۋاتنىڭ يېنىدىلا كىيىم سېلىشقىلى تۇردى. ئۇ ئايال بىردىنلا خوس ئاركادىئونى كۆرۈپ قېلىپ، دەم ئېلىپ ياتقان بۇ بەھەيۋەت «ياۋايى ھايۋان»غا ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

ـــ يىگىت، ـــ دەۋەتتى ئۇ ئايال زوقى بىلەن، ـــ پەرۋەردىگارىم سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

سىگان قىز ئۇ ئايالدىن خوس ئاركادىئونى ئارامدا قويۇشنى ئۆتۈندى. يېگى كىرگەنلەر شۇنىڭ بىلەن كارىۋاتقا يېقىن يەردىلا يېتىشقا مەجبۇر بولدى. خەقنىڭ ئىشقىي زوقىدىن شەھۋىتى ئويغانغان خوس ئاركادىئو قىزغا يېپىشتى، قىزنىڭ سۆڭەكلىرى ئاجراپ كېتىدىغاندەك غىررسلايتتى، گۇلسامساقتەك ئاپئاق تېرىسى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك ئاقۇش تەر قۇيۇلاتتى، كۆز چاناقلىرىدا لىققىدە ياش غىلدىرلاپ، پۈتۈن بەدىنى ئېچىنىشلىق تولغىناتتى، تېنىدىن سۇس پاتقاق ھىدى كېلەتتى. بىراق، قىز ھەرھالدا قەيسەرلىكى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن كۈچلۈك ھۇجۇمغا تاقابىل تۇردى. خوس ئاركادىئو مۇئەللەقتە تۇرۇۋاتقاندەك جەننەت ھۇزۇرىنى سۈرۈۋاتاتتى، يۈرەك ـ باغرى يېقىملىق ئىشقىي ھەۋەس بۇلاقلىرىدا ئېرىپ، قىزنىڭ قۇلىقىغا ئېقىپ كىرەتتى، ئاندىن قىزنىڭ ئاغزىدىن تىلغا ئايلىنىپ بۇلدۇقلاپ چىقاتتى.

بۇ پەيشەنبە كۈنى ئىدى. خوس ئاركادىئو شەنبە كۈنى كەچتە بېشىغا قىزىل لاتا چىگدى ـ دە، ماكوندونى تاشلاپ سىگانلارنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالدى.

ئۇرسۇلا ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن پۈتۈن مەھەللىنى ئىزدەپ قېزىۋەتتى، سىگانلار چېدىر تىككەن جايدا ھىلىغىچە ئىسى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان دۆۋە ـ دۆۋە گۇلخان كۈللىرىدىن باشقا ھېچنېمە ئۇچرىمىدى. بىرەر تىزىق ئەينەك مارجان تېپىۋېلىش تەمەيىدە ئەخلەت كوچىلاپ يۈرگەن بىرسى ئۇرسۇلاغا خوس ئاركادىئونىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى سىگانلارغا قوشۇلۇپ، «يىلان ئادەم» سولانغان قەپەس بېسىلغان غالتەكنى ئىتتىرىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

ــ سىگانلارنىڭ كەينىدىن كېتىپتۇ، ــ ۋارقىرىدى ئۇرسۇلا ئېرىگە. ئېرى بولسا ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى قىرىغىمۇ ئېلىپ قويمىدى.

ــ بۇمۇ بولغىنى، ــ دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ھېجىردىكى نۇرغۇن قېتىم ئىزىپ ئېرىتكەن، قېتىغاندا يەنە ئەزگەن ماتېرىيالنى ئەزگەچ، ــ راۋۇرۇس ئەر بولۇپ چىقىدۇ.

ئۇرسۇلا سىگانلار كەتكەن تەرەپنى ئۇقۇشۇپ، خەق كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ قوغلاپ ماڭدى. ئۇلارغا يېتىشىۋالالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەچكە مەھەللىدىن

بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. بەك يىراقلاپ كەتكىننى بىلىپ، مانا ئەمىسە دەپ قايتىپ كەتمەسلىك نىيىتىگە كەلدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ يوقلۇقىنى كەچ سائەت سەككىزلەردە نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر دۆۋە ئوغۇتنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، يىغلاپ تېلىقىپ كېتىۋاتقان قىزى ئامارانتاغا قاراپ باققىلى كىرگەندىلا بىلدى. بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ياخشى قوراللانغان بىر بۆلەك ئادەمنى يىغىپ، ئامارانتانى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئىممىتىپ بېقىپ تۇرماقچى بولغان بىر ئايالغا تاپشۇردى ـ دە، ئۇرسۇلانى ئىزدەپ ماڭدى. تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇچرىغان بىرنەچچە ئىندىيان بېلىقچى بۇ يەردىن ھېچكىم ئۆتمىگەنلىكىنى قول ئىشارىلىرى بىلەن ئۇقتۇردى. ئۇلار ئۈچ كۈن بىكار ئاۋارە بولۇپ ئىزدىگەندىن كېيىن مەھەللىگە قايتىپ كەلدى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىرنەچچە ھەپتە مەيۈسلىنىپ يۈردى، قىزى ئامارانتاغا ئۆزى ئانا بولۇپ، يۇيۇندۇرۇش، زاكىلاش، كۆنىگە تۆت ۋاق ئىمىكئانىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئەمدۈرۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتى. ھەتتا ئاخشاملىرى ئۇرسۇلا ئېيتالمايدىغان ئەللەي ناخشىسىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. شۇ ئارىلىقتا پىلار تېرنېرا ئۆزلۈكىدىن كېلىپ ئۇرسۇلا قايتىپ كەلگۈچە ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇراي، دېدى. ئورېلىئانو ئەسلىدىنلا بۇ پىشكەلچىلىكلەرنىڭ كەينى ـ كەينىدىن يۈز بېرىشىنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن باغلىنىشى بارلىقى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ يۈرەتتى، شۇڭا پىلار تېرنېرانى كۆرۈپلا كاللىسىدىكى بۇ چىگىچ مەسىلىگە تۇيۇقسىز جاۋاب تاپقاندەك، ئىشلارنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئاكىسىنىڭ قاچقانلىقى، ئارقىدىنلا ئانىسىنىڭمۇ يوقاپ كەتكەنلىكى مۇشۇ خوتۇنىنىڭ كاساپىتىدىن بولغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇڭا سەۋەبىنى ئېنىق بىلمىسىمۇ، ئۇ ئايالغا قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. پىلار تېرنېرا شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچىلەپ كەلمىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن ئوغلى قاچانلاردىن باشلاپكى تەجرىبىخانىغا قايتىپ كىردى. ئۇلار ئۆيىنى بىرەر قۇر سىرىپ ـ سۈپۈرۈشتۈرۈۋېتىپ مەشكە ئوت ياقتى ـ دە، بىرنەچچە

ئايدىن بېرى تاشلىنىپ قالغان ماتېرىياللارنى رەتلەپ، سەۋرچانلىق بىلەن يىغىشتۇرۇش مەشغۇلاتىغا كىرىشتى. سېۋەتتە ياتقان ئامارانتامۇ دادىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ سىماب ھىدى قاپلىغان بۇ كىچىككىنە ئۆيدە شۇنچە بېرىلىپ بىرنېمىلەر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلىقىغا قىزىقسىنىپ قاراپ ياتاتتى. ئۇرسۇلا يوقاپ كېتىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن تەجرىبىخانىدا ئاجايىپ ئىشلار بولدى. ئۇزۇندىن بۇيان جازىدا نەزەردىن ساقىت تۇرغان بىر قۇرۇق بوتۇلكا تۇساتتىن يۆتكىگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېغىرلىشىپ كەتتى. داشتىكى سۇ ئۆزلۈكىدىنلا پورۇقشىپ قايناپ يېرىم سائەت ئىچىدە پۈتۈنلەي پارغا ئايلىنىپ كەتتى. خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن ئوغلى بۇ ئالامەتلەردىن قورقۇپ كەتتى ھەم قاتتىق ھاياجانلاندى، بۇنىڭ نېمە كارامەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىسىمۇ، بۇنى بىر خىل يېڭى شەيئىنىڭ پات ئارىدا دۇنياغا كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت دەپ چۈشەندى. بىركۈنى ئامارانتا ياتقان سېۋەت تويۇقسىزلا ھەرىكەتلىنىپ ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىشقا باشلىدى. ئورېلىئانو قورقۇپ كېتىپ دەرھال ئېتىلىپ بېرىپ تۇتۇۋالدى. دادىسى بولسا قىلچىمۇ ھولۇقمىدى، سېۋەتنى جايىغا قويۇپ ئۇستەلنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويدى. بۇ ئالامەتتىن كۈتۈۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغان ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئالدىدا تۇرغانلىقىغا ئەمدى قەتئىي ئىشەنگەندى.

— تەڭرىدىن قورقمىساڭمۇ مېتالدىن قورق، — دېدى دادىسى بۇ چاغدا ئورېلىئانوغا.

ئۇرسۇلا يوقاپ كېتىپ بەش ئايچە ئۆتكەندە قايتىپ كەلدى. ئۇ ياشىرىپ قالغاندەك قىلاتتى ۋە قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەندى، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرىمۇ بۇ مەھەللىدە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان يېڭى پاسوندا ئىدى. خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە يوقاپ كەتكەن خوتۇنىنىڭ يىگىتچە قىياپەتتە كۆز ئالدىدا پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن يۈرىكى ۋاكىلدە يېرىلىپ كەتكىدەك بولدى.

— دېمىدىممۇ! — ۋارقىراپ كەتتى شۇ خۇشلۇقىدا، — مېنىڭ پەرىزىمدىكىدەكلا بولۇپ چىقتى.

بۇنىسى راست ئىدى. چۈنكى، گۇڭگا يوروق تەجرىبىخانىدا سىناق مەشغۇلاتى بىلەن يۈرگەنلىرىدە ئىچ ـ ئىچىدىن تىلىگەن مۆجىزە ئالتۇن تېپىشمۇ، ياكى بىر

سۈپكۆچ بىلەنلا مىتالغا جان كىرگۈزۈۋېتىشمۇ ئەمەس ۋە ياكى ئىشكىنىڭ گىرەچىسى ۋە قۇلۇپىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇشمۇ ئەمەس، بەلكى شۇ تاپتىكىدەك ئۇرسۇلانىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈش ئىدى. بىراق، ئۇرسۇلا ئېرىدەك ئۇنچە خۇش بولۇپ كەتمەي، ئېرىنى تېخى بىر سائەتنىڭ ئالدىدا بىللە تۇرغاندەك رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا سۆيۈپ قويدى.

— تالاغا چىقىپ قاراپ باق! — دېدى ئۇرسۇلا ئېرىگە.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تالاغا چىقىپ، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئاۋاتچىلىقنى كۆرۈپ ئۆزىنى تەستە ئوڭشىۋالدى. ئىشكى ئالدىدا تۇرغانلار بىرتوپ ئەر ـ ئايال سىگانلار ئەمەس، ماكوندولۇقلارغا ئوخشاشلا چاچلىرى سىلىق، ئۆڭى قوڭۇر، ئۇلار بىلەن ئوخشاش سۆزلەيدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا ھەرخىل يېمەكلىك ئارتىلغان قېچىرلار، ئۆي جاھازلىرى، ئۆي بىساتلىرى بېسىلغان كالا ھارۋىلىرى تۇراتتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئالەمدە لازىم بولۇپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئىدى، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى قىلچە كاززاپلىق قىلماي سېتىۋەتتى.

بۇ كىشىلەر سازلىقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن كەلگەن بولۇپ، ئارىلىقى ئىككى كۈنلۈك يول ئىدى. ئۇ يەردىكى مەھەللىلەردە ياشاۋاتقانلار ھەر ئايدا بىر قېتىم خەت ـ خالتا ئېلىپ تۇرىدىكەن، تۇرمۇشنى قولايلاشتۇرىدىغان ھەر خىل ماشىنىلارنىمۇ ئىشلىتىدىكەن. ئۇرسۇلا سىگانلارغا يېتىشەلمىگىنى بىلەن، ئېرى ئۇلۇغ كەشپىيات ئىزدەپ شۇنچە ئۇزاق مۇشكۈل سەپەر قىلىپمۇ تاپالمىغان يولنى تاپقانىدى.

# ئۈچىنچى باب

پىلار تېرنېرا ئوغۇل تۇغۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بوۋىسى بىلەن مومىسى نەۋرىسىنى ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى. ئۇرسۇلا بۇ قېتىممۇ ئېرىنىڭ جاھىللىقىغا تەڭ كېلەلمەي ئامالسىز بوۋاقنى ئېلىپ ئالدى. خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۆز جەمەتىدىن تامغان قاننىڭ تالادا قېلىشىغا چىدىمايتتى. بىراق، ئۇرسۇلا بالىغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى مۇتلەق بىلدۈرمەسلىك شەرتى ئاستىدا بالىنى بېقىشقا ماقۇل بولغانىدى. ئۇلار دەسلەپتە بۇ بالىغا خوسې ئاركادىئودا دەپ ئۆز دادىسىنىڭ ئىسمىنى قويغانىدى، كېيىن ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئاركادىئو دەپلا ئاتايدىغان بولدى. شۇ ئارىلىقتا ماكوندو ئاۋاتلىشىپ كەتتى، بۇئېندىيەلەرنىڭمۇ ئىشى كۆپىيىپ قاتلاڭ بولۇپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ بالىلاردىن خەۋەر ئالىدىغان ئىش ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، بالىلارغا گۇئاگىلو ئىندىيانلىرىدىن بولغان ۋىسىتازىن ئاتلىق بىر ئايال قارىدى. بۇ خوتۇن قەبىلىسىدە يامراپ كەتكەن ئەجەللىك يۇقۇملۇق كېسەل — ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدىن قېچىپ ئۇكىسى بىلەن بىللە ماكوندوغا كېلىپ قالغان بولۇپ، ئاچا - ئۇكا ئىككىسى مۇلايىم ۋە ئىشچان كۆرۈنگەچكە، ئۇرسۇلا ئىككىلىسىنى ئېلىپ قېلىپ ئۆي ئىشلىرىغا سالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاركادىئو بىلەن ئامارانتانىڭ تىلى گۇئاگىلو ئىندىيانچە چىقتى، كاستىلىيەچە ئىسپان تىلىنى كېيىن ئۆگەندى، تېخى كەسلەنچۈك شورپىسى ئىچىش، ئۆمۈچۈك تۇخۇمى يېيىشكىمۇ ئادەتلەندى. ئۇرسۇلا بولسا كۆپ پايدا چىقىدىغان ھەر خىل ئۇششاق جانۋار شەكلىدىكى كەمپۈت تىجارىتى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ماكوندو ئۆزگىرىپ بۆلەكچىلا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇرسۇلا باشلاپ كەلگەن كىشىلەر ماكوندونى تەرەپ - تەرەپتە تۇپرىقى ئۇنداق مۇنبەت، ئورنى سازلىق رايوندىن

مۇنداق ئەۋزەل دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈردى، شۇنىڭ بىلەن بۇ كىچىككىنە مەھەللە تېزلا ئاۋات بازارغا ئايلاندى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك دۇكانلىرى ۋە ماگىزىنلار ئېچىلدى، مەڭگۈلۈك كارۋان يولىمۇ ئېچىلدى. پۇتلىرىغا ئۇچلۇق تۇمشۇق ئۆتۈك كىيگەن، قۇلاقلىرىغا ھالقا ئاسقان بىرىنچى تۈركۈم ئەرەب كارۋىنى بۇ يەرگە مۇشۇ كارۋان يولى بىلەن كەلدى، بۇ ئەرەبلەر ئەينەك مارجانلىرىغا شاتۇتى تېگىشەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىردەممۇ تىنىم تاپمايتتى. كۆز ئالدىدىكى قايناق ھايات ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر ئالەمىدىكىدىنمۇ سىرلىق تۇيۇلۇپ، بۇ رېئاللىققا چۆكۈپلا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مېتال تاۋلاش سىناقلىرىغا بولغان قىزىقىشلىرى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى ــ دە، ئايلاپ ــ يىللاپ تاۋلىغان ماتېرىياللىرىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، بۇ يەرنى ماكان تۇتۇپ ئىگىلىك تىكلىگەن دەسلەپكى چاغلىرىدىكى ئالغا ئىنتىلمشچان ئەر ھالىتىگە قايتتى. شۇ چاغلاردا كوچىلارنىڭ، ئۆيلەرنىڭ لاھىيەسىنى ئۆزى ئىشلەپ، ھەركىمنى باراۋەر مەنپەئەتتىن بەھرىمەن قىلىش كويىدا پالاقشىپ يۈرگەنىدى. ئەمدى يېڭى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىدىمۇ زور ھۆرمەت تاپتى، كۆپچىلىك مەسلىھەتلىشىپ زېمىن باشقۇرۇشقا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى بەلگىلىدى، شۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرۇپ ھېچكىم ئۇل قويمايدىغان، تاممۇ توسمايدىغان بولدى. ئەل كېزەر سىگانلار يەنە كەلدى، ئۇلار بۇ قېتىم سەييارە ئويۇن سورۇنىنى چوڭ قىمارخانىغا ئايلاندۇرۇۋىدى، كىشىلەر خۇشاللىقتىن قىن ــ قىنىغا پاتماي قىزغىن ئالقىشلىدى. كۆپچىلىك خوس ئاركادىئونىمۇ ئۇلار بىللە كېلىدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتكەنىدى. بىراق، خوس ئاركادىئونىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، سىگانلار ھېلىقى «يىلان ئادەم»نىمۇ ئېلىپ كەلمىگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرسۇلانىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىمۇ يوققا چىقتى. مەھەللىدىكىلەر شۇ سەۋەبتىن سىگانلارنى ماكوندودا چېدىر تىكىپ تۇرۇۋېرىشتىن توستى، ھەتتا سىگانلارغا ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە كەلمەسلىكنى ئېيتتى. ئۇلار سىگانلارنى نەپسانىيەتچىلىك ۋە بۇزۇقچىلىق ئۇرۇقىنى چاچقۇچىلار دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ بۇ زېمىنغا ئىككىنچى قەدەم بېسىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بولسا مېرگادىس

ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە سېھىرلىك كەشپىياتلىرى بىلەن ماكوندونىڭ بۈگۈنكىدەك تەرەققىياتىغا ئۈچمەس تۆھپە قوشقان، ماكوندونىڭ دەرۋازىسى مېرگادىسنىڭ قەدىمىي قەبىلىسىگە مەڭگۈ ئوچۇق دېگەن قاراشتا ئىدى. ھالبۇكى، جاھاننىڭ ھەممە يېرىدە ئەل كېزىپ يۈرگەن ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مېرگادىسنىڭ قەبىلىسى يارانقان كەشپىياتلار ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتكەچكە يەر يۈزىدىن غايىب بولغانمىش.

خوس ئاركادىئو بۈئېندىيە ۋاقتىنچە بولسىمۇ خام ـ خىياللارنىڭ ھەلەكچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ بازارنىڭ ئىشلىرىنى تېزلا رەتكە سېلىۋالدى. ماكوندو قۇرۇلغاندىن باشلاپلا خۇشناۋا ئاۋازى بىلەن ۋاقىت مەلۇم قىلىپ كەلگەن قۇشلارنى قەپەسلىرىدىن قويغۇزۇۋېتىپ، ھەربىر ئۆيگە بىردىن مۇزىكىلىق سائەت قويغۇزدى. ئەرەبلەردىن شاتۇتىغا تېگىشىۋالغان بۇ نەپىس سائەتلەرنى خوس ئاركادىئو بۈئېندىيە بىر تۇتاش توغرىلىدى. بازاردا ھەر يېرىم سائەتتە بىر قېتىم شوخ ۋە يېقىملىق مۇزىكا ساداسى جاراڭلاپ تۇراتتى، چۈش بولۇشى بىلەنلا بارلىق سائەتلەردىن مىنۇت ـ سېكۇنت ئىلگىرى ـ كېيىن بولماي تەڭلا بىر ۋالىس مۇزىكىسى ياڭرايتتى. خوس ئاركادىئو بۈئېندىيە ئاشۇ يىللاردا كوچىدىكى سېرىج ئاكاتسىيە دەرەخلىرىنىڭ ئورنىغا بادام تىكتۈردى ھەمدە دەرەخلەرنى قۇرۇتماي ياشارتىپ تۇرۇش ئۇسۇلىنىمۇ كەشىپ قىلدى. بىراق، بۇ ئۇسۇلنى زادىلا ئاشكارىلىماي سىر تۇتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ماكوندودا قاڭالتىر ئۆگزىلىك رەت ـ رەت ياغاچ ئۆيلەر ياسالغاندىن كېيىنمۇ ئاشۇ بۇرۇنقى كوچىلاردا يەنىلا شاخلىرى سۇنغان، توپا ـ تۇمان باسقان بادام دەرەخلىرى ئۈچراپ تۇراتتى، ئەمما بۇ دەرەخلەرنى كىمنىڭ تىككەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

خوس ئاركادىئو بۈئېندىيە بازارنى رەتلەش ھەلەكچىلىكىدە بولۇۋاتقاندا، ئۇرسۇلامۇ ئائىلە ئىگىلىكىنى روناق تاپقۇزۇشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى، چىرايلىق چۆجە كەمپۈت، بېلىجان كەمپۈتلەرنى چۈۋىققا ئۆتكۈزۈپ، كۈندە ئىككى قېتىم ئېلىپ چىقىپ ساتاتتى. ئورېلىئانو بولسا كۈنبويى تاشلىنىپ قالغان تەجرىبىخانىدىن چىقماي، ئۆزى ئىزدىنىپ يۈرۈپ زەرگەرلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالدى. بويى خېلى ئۆسۈپ ئاكىسىدىن

قالغان كىيىملەر كىچىك كېلىپ، دادىسىنىڭكىنى كىيىشكە باشلىدى. ئورېلىئانو دادىسى ۋە ئاكىسىدىن ۋىجىك بولغاچقا، ئامارانتالارنىڭ ئىندىيان ئىممىكئانىسى ۋىھتاژان ئۇنىڭغا چوڭلارنىڭ ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرىنى تارلىتىپ بېرەتتى.

بالاغەتكە يېتىپ قالغان ئورېلىئانو ئاۋازى غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان، جىمغۇر، مىسكىن بالا بولۇپ قالدى. بىراق، دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان چاغلىرىدا مەلۇم بولغان كۆزلىرىدىكى قەتئىيلىك ئەسلىگە كەلگەندى. بۇ بالا پۈتۈن زېھنىنى زەرگەرلىك تەجرىبىسىگە سەرپ قىلىپ، تاماق ۋە ئۇيقۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ ئوغلىنىڭ ھۇنەرگە زىيادە بېرىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى ـ دە، بىرەر قىزغا موھتاجدۇ دېگەن ئويدا ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى بەردى ھەم قولىغا ئازراق پۇل ـ پۈچەكمۇ تۇتقۇزدى. ئورېلىئانو بولسا ئۇ پۇلغا تۇز كىسلاتاسى سېتىۋېلىپ تىزاب ياساپ، ئاچقۇچقا ھەل بەردى. ئورېلىئانونىڭ غەلىتىلىكى ئاركادىئو بىلەن ئامارانتانىڭ غەلىتىلىكى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. بۇ ئىككى بالا سۈت چىشى چۈشۈپ بولغان بولسىمۇ، ئەتىدىن كەچكىچە ئىندىيان ئىممىكئانىسىغا سوغدىشىپلا يۈرەتتى، كاجلىق بىلەن گۇئاگىلوچە ئىندىيان تىلىدىلا سۆزلەپ، كاستىلىيەچە ئىسپان تىلىدا سۆزلىگىلى ئۇنىمايتتى.

ــ كىمدىن ئاغرىناتتىڭ، ــ دەيتتى ئۇرسۇلا ئېرىگە، ــ ساراڭ دادىنىڭ بالىسىمۇ ساراڭ بولىدۇ ـ دە.

ئۇرسۇلا ئۆز ئەۋلادىنىڭ غەلىتە مىجەزلىكىنى قۇيرۇقلۇق تۇغۇلغىنىغا ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق دەپ ئويلاپ شور پېشانىلىكىدىن زارلىنىپ تۇرغاندا، ئورېلىئانو كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇۋېلىپ گاڭگىرىتىپلىۋەتتى.

ــ بۇ يەرگە بىرسى كەلگۈدەك، ــ دېدى ئورېلىئانو.

ئۇرسۇلا ئوغلىنىڭ بېشارىتىنى بۇ قېتىممۇ ئائىلە ئاياللىرىغا خاس مەنتىقىسى بويىچە يوققا چىقىرىۋەتتى. ئادەم كەلسە نېمە بوپتۇ، ماكوندودىن كۈندە ئونلاپ ياقا يۇرتلۇق ئۆتۈپ تۇرىدۇ، بۇنىڭلىق بىلەن ھېچقاچان چاتاق چىقىپ باقمىغان، شۇنىڭغىمۇ بېشارەت بېرىش كېتەمدۇ. بىراق، ئورېلىئانو ئۇرسۇلانىڭ بۇنداق

سۆزلىرىگە پەرۋا قىلماي ئۆز بېشارىتىگە قەتئىي ئىشىنەتتى.

— كىملىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى ئورېلمىئانو، — كىملا بولسا بىرسى يولغا چىقىپ بولدى.

دېگەندەكلا، يەكشەنبە كۈنى رىبېكا دېگەن بىر قىز كەلدى. كۆپ بولسا ئون بىر ياشلاردا بار بۇ قىز مانور دېگەن يۇرتتىن بىرنەچچە خۇرۇم سودىگىرىگە قوشۇلۇپ مىڭبىر مۇشەققەتتە بۇ يەرگە كەلگەنىدى. خۇرۇم سودىگەرلىرى بىرسىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە رىبېكانى بىر پارچە خەت بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەگە تاپشۇردى. بىراق، ئۇلار بۇ ئامانەتنى ھاۋالە قىلغۇچىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىدى. قىزنىڭ بىر چامادان، چىرايلىق بىر گۈللۈك تەۋرەنمە ئورۇندۇق ۋە بىر كاناپ خالتىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. كاناپ خالتىغا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى قاچىلانغانىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەگە ئەۋەتىلگەن خەتنى ناتونۇش بىر ئادەم ئىنتايىن يېقىملىق سۆزلەر بىلەن مۇنداق يازغانىدى: ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتكەن، ئارىلىقىمىز يىراق بولغان بولسىمۇ جانابىڭىزغا بولغان مېھرىمىز شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، بۇ تىكەندەك يېتىم قىزچاقنى تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشنى ئەقەللىي ئىنسانپەرۋەرلىك جۈملىسىدىن دەپ قارىغاچقا سىزگە ئەۋەتتۇق. بۇ قىز ئۇرسۇلانىڭ شىرەم جىيەن قىزى، شۇڭا سىزگىمۇ تۇغقان كېلىدۇ. بۇ قىز ئۇنتۇلماس قەدىناس دوستىڭىز نىكانور ئۇرۇئا بىلەن قەدىرلىك ئايالى رىبېكا مونتىيېئىللىنىڭ قىزى، ئۇ جەننەتتىلەر تەڭلا ئالەمدىن ئۆتتى، جەسەت سۆڭەكلىرىنى بۇ قىز بىلەن بىللە ئەۋەتتۇق، خىرىستىيانلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە يەرلىكىدە قويارسىلەر.

خەتتە تىلغا ئېلىنغان ئىسىملار بىلەن خەتنىڭ ئاخىرىدىكى ئىمزا شۇنداق ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن ئۇرسۇلانىڭ بۇنداق تۇغقانلىرى بارلىقى زادى ئېسىدە يوق ئىدى، خەت ئەۋەتكۈچىنىمۇ تونۇمايتتى، ئۇنچە يىراق بىر يەردىكى مانور دېگەن يۇرتنىڭ ئەسلا بىلمەيتتى. قىزچاقتىن كۆپرەك ئەھۋال ئىگىلەشكە تېخىمۇ مۇمكىن بولمىدى. ئۇ قىز كەلگەندىن باشلاپلا تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا بارمىقىنى شۈمۈپ ئولتۇرۇۋەردى، سورىغان سوئاللارنى چۈشەنمەي

ئالاقزەدىلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ھەممە ئادەمگە تەڭ يوگۇرتۇپ قاراپ تۇراتتى. ئۇچىسىغا كونىراپ كەتكەن يوللۇق قارا كىيىم، پۇتىغا كونىراپ ئۆتۈكى ئۆچكەن خورۇم ئاياغ كىيگەندى. چاچلىرىنى قۇلىقىنىڭ كەينىدىن ئىككىگە ئايرىلىپ بوغۇۋالغاندى. بويىنىغا ئېسىلغان مايلىشاڭغۇ تۇمارىنىڭ نۇسخىسىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. مىس بىزەك سېلىنغان بىر تال يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ چىشى «يامان كۆز»دىن ساقلايدىغان تۇمار ئورنىدا ئۇنىڭ بىلىكىگە چىگىپ قويۇلغاندى. كۆكۈش چىرايى، ناغرىدەك كۆپۈپ چىققان دومباق قورسىقى ئىنىنىڭ ئاجىزلىقىنى، ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئاچ ـ توق يۈرۈپ ئۆتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بىراق، تاماق ئالدىغا كەلگەندە بولسا يېيىش تۈگۈل تېتىپ باقايمۇ دېمىدى، ھەتتا تىزىغا قويۇلغان قاچىنى تۇتۇپمۇ قويمىدى. ھەممەيلەن ئۇنى گاچىغا چىقىرىۋەتكەندى، بىراق ھېلىقى ئىندىيان ئايال ئۆز تىلىدا چاي ئىچەمسەن دەپ سورىغاندا، ئۇلارنى تونۇغاندەك قىلىپ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى ۋە بېشىنى لىڭشىتتى. خەق ئىنسانپەرۋەرلىكتىن سۆز ئېچىپ يىراقتىن بۇ قىزنى ئۇلارغا ئەۋەتكەن تۇرسا بېقىۋالماي نېمە ئامال. ئورېلىئانو ئۇ قىزغا ئەۋلىيالارنىڭ ئېتىنى سەۋرچانلىق بىلەن بىر ـ بىرلەپ ئېيتىپ چىقتى، ئۇ قىز بولسا ھېچقايسىسىغا ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى خەتتىكى ئانىسىنىڭ ئېتى بويىچە ئۇ قىزنى رىبېكا دەپ ئاتاشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ چاغلاردا ماكوندودا ئادەم ئۆلۈپ باقمىغاچقا قەبرىستانلىقمۇ يوق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن سۆڭەك قاچىلانغان تاغارنى مۇۋاپىق جاي چىققاندا كۆمۈش ئۈچۈن ساقلاپ قويىدى. بۇ تاغار خېلى بىر چاغلارغىچە ئۆيدە پۇتلىشىپلا تۇردى، ھە دېگەندە ئويلىمىغان بىر يەردە پەيدا بولۇپ، كۇرۇك تۇخۇنىڭ قاقاقلىغىنىدەك شاراقلاپلا تۇراتتى. رىبېكا بۇ ئۆيگە خېلى ئۇزۇندا كۆندى، شۇنىڭغىچە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا كىرىۋېلىپ تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا بارمىقىنى شۇمۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى. سائەتتىن ئاڭلىنىدىغان مۇزىكىدىن باشقا ھېچنېمە دىققىتىنى تارتالمايتتى، ھەر يېرىم سائەتتە ئاڭلىنىدىغان ئاۋازنى ھاۋادىن تاپماقچى بولغاندەك ئالاقزەدىلىك ئىچىدە ھەر تەرەپكە كۆز يوگۇرتەتتى. ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچنېمە يېگىلى ئۇنىمىدى، ئاچلىقتىن

ئۆلۈپ قالمىغانلىقىغا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. كېيىن تىۋىش چىقارماي ئۆينىڭ ھەممە يېرىدە تىنىمسىز تىمىسقىلاپ يۈرىدىغان، كۆزلىرىدىن ھېچنېمە قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئىندىيانلار رىبېكانىڭ يېنىشكە ئامراق نەرسىسى ھويلىدىكى نەم تۇپا بىلەن تىرناقلىرىدا تاتىلاپ چۈشۈرگەن تامنىڭ ھاكى ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. ئوغرىلىقچە ھەرىكەت قىلىپ ئادەم يوق چاغدا مەززە قىلىپ يېيىش ئۈچۈن «ئوزۇق»نى تىقىپ قويۇشلىرىدىن قارىغاندا، ئاتا ـ ئانىسى ياكى باشقا ۋەسىيسى بۇ يامان ئادىتى ئۈچۈن بۇرۇن ئۇنىڭ ئەدىپىنى بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىن رىبېكانى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدى، ھويلىغا كالا ئۆتى سەپتى، تاملارغا زەھەردەك ئاچچىق مۇچ سۈيى سۈرۈپ قويدى، ئۇرسۇلا مۇشۇ ئۇسۇللار بىلەن يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتمەكچى ئىدى. بىراق، رىبېكا شۇ نەرسىلىرىنى تېپىپ يېيىش ئۈچۈن شۇ قەدەر قۇۋلۇق ئىشلەتتىكى، ئۇرسۇلا تېخىمۇ قاتتىق تەدبىر قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. ئاپېلسىن سۈيى قۇيۇلغان قازانغا تۈگمىقۇلاق ئارىلاشتۇرۇپ بىر كېچە تۇرغۇزۇپ، ئەتىسى رىبېكاغا ئاچ قورساق يېتى ئىچكۈزدى. ھېچكىم ئۇرسۇلاغا بۇنىڭ تۇپا يەيدىغان يامان ئادىتى بار بالىنىڭ ئالاھىدە ئۇنۇملىك دورىسى ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىگەن، لېكىن ئۇرسۇلا ھەرقانداق ئاچچىق سۇيۇقلۇق ئاچ قورساققا كىرسىلا جىگەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. رىبېكا ۋىجىكلىكىگە باقماي كۈچتۈڭگۈر ئادەملەردەك جېنىنىڭ بارىچە قارشىلىق كۆرسەتكەچكە، ئۇلار خۇددى موزاينى يىقىتقاندەك كۈچ بىلەن يىقىتىپ بېسىپ تۇرۇپ ئىچكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى، رىبېكا شۇنىڭدىمۇ بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ، تېپىچەكلەپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرنى مورلاپ، چىشلەپ ۋە تۈكۈرۈپ، چۈشىنىكسىز ئاۋازدا ھۇۋلاپ ئۇلارنى تويغۇزىۋەتتى. ئۇرسۇلانىڭ ئېيتىشىچە، بۇ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا ئەڭ سەت تىللار بىلەن تىللىغىنى ئىكەن. ئۇرسۇلا بۇنى بىلگەندىن كېيىن داۋالاشقا قامچىلاشنى قوشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىر ئۇنۇمى كۆرۈلدى، ئۇنۇم بەرگىنى زادى تۈگمىقۇلاقمۇ ياكى قامچىمۇ، ۋە ياكى ھەر ئىككىسىمۇ، بۇنى مەڭگۈ بىلىپ بولغىلى بولمايتتى. ئىشقىلىپ بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن رىبېكادا ساغلاملىقىنىڭ ئەسلىگە

كەلگەنلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، ئاركادىئو ۋە ئامارانتالار بىلەن ئوينايدىغان بولدى. ئۇ ئىككىسىمۇ رىبېكانى ھەدىسى قاتارىدا كۆردى. رىبېكا تاماقنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتى، ۋىلكا، پىچاقلارنىمۇ ئوبدان ئىشلىتەلىگىدەك بولدى. ئۆيدىكىلەر ئۇزاققا قالمايلا رىبېكانىڭ ئىسپانچىنى ئىندىيانچىغا ئوخشاشلا راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى، يىڭنە ئىشلىرىغىمۇ ئوبدانلا قولى كېلىپ قالغانلىقىنى، تېخى ئۆزى توقۇغان كولكىلىك قوشاقلىرىنى تام سائىتىدىن چىققان ۋالىس مۇزىكىسىغا چۈشۈرۈپ ئېيتىدىغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن رىبېكا رەسمىي ھالدا بۇ ئائىلىنىڭ يېڭى ئەزاسى بولۇپ قالدى. بۇ قىز ئەمدى ئۇرسۇلاغا ئۆز بالىلىرىدىنمۇ يېقىن بولۇپ كەتتى. ئامارانتانى سىڭلىم، ئاركادىئونى ئىنىم، ئورېلىئانونى تاغا، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى بوۋا دەيتتى. بۇنىڭ بىلەن باشقا ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاشلا ئىسىم ـ فامىلىسى رىبېكا بۇئېندىيە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ بىرلا ئىسىم ـ فامىلىنىلا قوللاندى ھەمدە بۇ ئىسىم ـ شەرىپىگە زادىلا داغ يەتكۈزۈپ باقمىدى.

رىبېكا توپا يەيدىغان يامان ئادىتىنى تاشلىغاندىن كېيىن ئامارانتا بىلەن ئاركادىئولار ياتىدىغان ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. بالىلار بىلەن بىللە ياتىدىغان ئىندىيان ئايال بىركۈنى كېچىسى ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن كېلىۋاتقان غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى. بىرەر جانۋار ئۆيگە كىرىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ قارىغىدەك بولسا رىبېكا ھېلىقى تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا بارمىقىنى شۈمۈپ ئولتۇراتتى، كۆزلىرى قاراڭغۇدا مۈشۈكنىڭ كۆزىدەك پارقىرايتتى. بۇنى كۆرگەن ۋىسىتاژاننىڭ ئىچىگە قاتتىق قورقۇنچ چۈشۈپ، كاج تەقدىرىدىن زارلىنىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ رىبېكانىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزلىرىگە تەھدىت سالغان ھېلىقى يۇقۇملۇق ۋابانىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك بولدى، دەل ئاشۇ كېسەلنىڭ كاساپىتىدىن قەدىمىي پادىشاھلىقىنى[1] تاشلاپ، مەلىكە ـ شاھزادىلىك[2] سالاھىيىتىدىن كېچىپ، ئىنىسىنى ئېلىپ سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولغان ئەمەسمىدى. ئەمدى بۇ يەردىمۇ

①، ②: مۇبالىغە، ئىندىيان يۇرتلىرىدا پادىشاھلىق مەۋجۇت بولغان ئەمەس.

شۇ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى پەيدا بولغىنى نېمىسى!

ۋېھتازاننىڭ ئىنىسى كاتاۋۇر تاڭ ئاتمايلا ماكوندودىن تىكىۋەتتى، ئەمما ئاچىسى ۋېھتازان كەتمىدى. چۈنكى، تەقدىرگە تەن بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە قېچىپ بېرىۋالغىنى بىلەنمۇ بۇ ئەجەللىك كېسەلنىڭ دەمبەسقەدەم ئەگىشىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. نىھايەت، ۋېھتازاننىڭ ئەندىشىسىنى ھېچكىم چۈشەنمىدى.

— ئۇخلىمايدىغان ئىش بولسا تېخى ياخشى ئەمەسمۇ! — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مەمنۇنلۇق بىلەن، — ۋاقتىمىز تېخىمۇ كۆپەيگۈدەك.

ئىندىيان ئايال: ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى يۇققان ئادەم ھاردۇق يەتمىگەنلىكتىن ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالمايدۇ، ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرى بۇ كېسەل بارغانسېرى تېز ئېغىرلىشىپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئېسىنى يوقىتىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئادەم ئۇيقۇسىز يۈرۈۋەرگەچكە، باشتا ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى ئىشلارنى ئۇنتۇيدۇ، كېيىن نەرسىلەرنىڭ ئېتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ئاخىرىدا ئادەم تونۇماس بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆتكەن كۈنلىرىنىمۇ بىلمەيدىغان دەلدۈش بولۇپ قالىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى، مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىندىيانلارنىڭ يەنە بىر خىل كېسىلى دەپ ئويلىدى. ئۇرسۇلا بولسا ھەر ئېھتىمالغا قارشى رىبېكانى باشقا بالىلاردىن ئايرىۋەتتى.

بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ۋېھتازاننىڭ ئېچىدىكى قورقۇنچى پەسىيىپمۇ قالدى. بىر كېچىسى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئويان ئۆرۈلۈپ، بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدى. ئۇرسۇلامۇ ئويغاق ياتقاچقا نېمە بولغانلىقىنى سورىدى.

— پرۇدونسىئو ئاگىمور يەنە ئېسىمگە كېلىۋالدى، — دېدى ئېرى.

ئىككىسى تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقمىدى، ئەمما ئەتىسى ناھايىتى تېتىك قوپتى ۋە ئۇيقۇسىز كېچىنى ئۇنتۇپلا كەتتى. ئورېلىئانو چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۇرسۇلانىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە سوۋغا قىلىدىغان سىرغىغا ھەل بېرىمەن دەپ تەجرىبىخانىدا تاڭ ئاتقىچە ئىشلىگەن بولسىمۇ، ئەھۋالىنىڭ بىر ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىنى تەئەججۇپ

بىلەن سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئۇچىنچى كۈنىمۇ ئۇخلايدىغان ۋاقتىدا ئوخشاشلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، شۇندىلا ئۆزلىرىنىڭ كىرپىك قاقمىغىنىغا ئۇدا ئەللىك نەچچە سائەت بولغانلىقىنى ئەسكە ئېلىپ ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ۋەھتازان ئېيتقان ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— بالىلارمۇ ئۇخلىمايۋاتىدۇ، — دېدى ئىندىيان ئايال تەقدىردىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك، — بۇ كېسەل بىر ئۆيگە كىرسە، ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

دەرۋەقە، ھەممىسىگە ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى يۇققانىدى. ئۇرسۇلا ئانىسىدىن چالا ـ پۇچۇق ئۆگىنىۋالغان ئۆسۈملۈك دورا بىلىملىرى بويىچە بوۋاقنى قايىنىتىپ ھەممەيلەنگە ئىچۈرۈپ باقتى ـ يۇ، بەربىر ئۇخلىيالمىدى، ئاخىر بېرىپ كۈندۈزى ئۆرە تۇرۇپ چۈش كۆرىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇلار ئويغاق چۈشلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ تۇرقىنىلا ئەمەس، باشقىلارنىڭ چۈشىدىكى ئەھۋالىنىمۇ خىرە ـ شىرە كۆرەتتى، ئۆيگە مېھمان تولۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. رېبېكا ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا قويۇۋالغان تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ چۈش كۆردى: چۈشىدە چىرايى ئۆزىگە تولىمۇ ئوخشايدىغان، ئۇچىسىغا ئاق ماتا كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا ئالتۇن تۈگمە قادالغان بىر ئادەمنى كۆردى، ئۇ ئادەم ئۆزىگە بىر دەستە ئەتىرگۈل تۇتقۇدەكمىش، بىللە كەلگەن چىرايلىق بىر ئايال نازۇك بارماقلىرى بىلەن بىر تال ئەتىرگۈلنى سۇغۇرۇپ، چېچىغا قىسىپ قويغۇدەكمىش. ئۇرسۇلا ھېلىقى ئادەم بىلەن ئايالنىڭ رېبېكانىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. بىراق، تازا ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇلار بىلەن زادىلا يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى.

ئۇرسۇلا ئۆيىدە ياسىغان ئۇششاق جاندار شەكىللىك كەمپۈتلەرنى بازارغا ئېچىقىپ سېتىۋەردى. كىچىك بالىلارمۇ ئۇخلىماستىن يېشىل چۈجە خوراز، ھال رەڭ بېلىقجان ۋە يۇمشاق سېرىق تايلارنى مەززە قىلىپ شوراپ يۈرۈۋەردى. شۇنىڭ بىلەن دۈشەنبە كۈنى پۈتۈن بازاردىكى ھەممە ئادەم تاڭ ئاتقىچە ئويغاق يۈردى. باشتا ئۇلار بۇ ئىشقا ئانچە ئېرەنشىپ كەتمىدى، تېخى ئۆزلىرىنىڭ ئۇخلىمىسىمۇ بولىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ قىن ـ قىنىغا پاتماي كەتتى. چۈنكى، ئۇ چاغلاردا ماكوندودا قىلىدىغان

ئىش نۇرغۇن بولغاچقا، ۋاقىت يەتمەيلا كېتىۋاتاتتى. كىشىلەر كېچە ـ كۈندۈز دېمەي ئىشلەپ ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېتىپ، سەھەر ۋاقتى ئۈچتە سائەت چالىدىغان ۋالىس مۇزېكىسىنىڭ ئۇدارلىرىنى ساناپ ئولتۇرىدىغان بولۇشتى. ئۇخلىغۇسى كەلگەنلەر چارچىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، ئۇيقۇنى سېغىنغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆزىنى چارچىتىدىغان ئامالنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. بىر يەرگە يىغىلىپ توختىماي كوتۇلدىشاتتى، سائەت ـ سائەتلەپ بىرلا لەتىپىنى يىنىش ـ يىنىشلاپ ئېيتىشاتتى، ئاختا خورازنىڭ ھېكايىسىنى بىر باشلىۋالغانچە ھەرخىل ئۆزگەرتىپ، شاخلىتىپ ھارغىچە سۆزلەيتتى. بۇ ئاخىرى چىقمايدىغان ھېكايە ئويۇنى بولۇپ، ھېكايە ئېيتقۇچى باشقىلاردىن «ئاختا خورازنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلامسىلەر» دەپ سورايتتى. «ئاڭلايمىز» دېسە، «ئاڭلايمىز دېسۇن دەپ سورىمىدىم، ئاختا خورازنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلامسىلەر دەۋاتىمەن» دەيتتى. «ئاڭلىمايمىز» دەپ جاۋاب بەرسە، «ئاڭلىمايمىز دېسۇن دەپ سورىمىدىم، ئاق ئاختا خورازنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلامسىلەر» دەۋاتىمەن، دەيتتى. ئەگەر ئۈندىمەي تۇرسا «ئۈندىمىسۇن دېمىدىم، ئاق ئاختا خورازنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلامسىلەر دەۋاتىمەن» دەيتتى. كەتمەكچى بولسا «كېتەمسىلەر دېمىدىم، ئاختا خورازنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلامسىلەر دېدىم» دەپ ھېچكىمنى ماڭغۇزمايتتى. شۇنداق قىلىپ بۇ بىمەنە ئويۇن شۇ تەرىزدە كېچىچە داۋاملىشاتتى.

خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنىڭ پۈتۈن بازارغا يامراپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ، بارلىق ئائىلە باشلىقلىرىنى يىغىپ، ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. كۆپچىلىك بۇ ئاپەتنىڭ سازلىق رايونىدىكى باشقا مەھەللە ـ بازارلارغا كېڭىيىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلار ئەرەبلەردىن شاتۇتىغا تېگىشىۋالغان قوڭغۇراقلىرىنى ئۆچكىلىرىنىڭ بويىنىدىن ئېلىۋېلىپ، پوستىنىڭ نەسىھەتىگە ۋە ئۆتۈنۈشىگە قارىماي «بازارغا كىرىمىز» دەپ تۇرۇۋالغانلارنىڭ ئىشلىتىشى ئۈچۈن ماكوندوغا كىرىدىغان يولنىڭ ئاغزىغا ئېسىپ قويۇشتى. شۇ كۈنلەردە ماكوندو كوچىلىرىدا كېتىۋاتقان بارلىق ياقا يۇرتلۇقلار «ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بۇ بىمارلار»غا ئۆزلىرىنىڭ ساغلام

ئادەملىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن قوڭغۇراقلارنى جىرىڭلىتىپ قوياتتى. بازاردا تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدا ئۇلارنىڭ ماكوندوندا يەپ ـ ئىچىشى چەكلەندى. چۈنكى، كېسەلنىڭ ئېغىزدىن كىرىدىغانلىقى شۈبھىسىز ئىدى، ماكوندودىكى يېمەك ـ ئىچمەكلەر بولسا ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنى يۇقتۇراتتى. ئۇلار مۇشۇنداق تەدبىرلەر ئارقىلىق يۇقۇملۇق كېسەلنى مۇشۇ بازار ئىچىدىلا تىزگىنلىۋالماقچى ئىدى. كىشىلەر بۇ جىددىي ھالەتكە ئاستا ـ ئاستا كۆنۈپمۇ قالدى. تۇرمۇش تەرتىپى ئىزىغا چۈشۈپ ئىشلار نورمال يۈرۈشتى، بارا ـ بارا ئۇخلاش ئادىتىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىدىن ھېچكىم ئەندىشە قىلماس بولدى.

يەنە شۇ ئورېلىئانو بىر ئامالىنى تېپىپ، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا كىشىلەرنىڭ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىگە تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەردى. ئورېلىئانو بۇ ئامالنى تاسادىپىي بايقاپ قالغانىدى. ئورېلىئانو بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئارىسىدا ئەڭ تەجرىبىلىك ــ ئۆزىمۇ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىرىنچى تۈركۈم بىمارلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن شۇ پۇسەتتە ئۇستا زەرگەر بولۇپ يېتىشكەنىدى. بىركۈنى ئورېلىئانوغا يۇپقا مېتال سوقىدىغان كىچىك سەندەل لازىم بولۇپ قالدى، ئەمما سەندەلنىڭ ئېتىنى ئۇنتۇپ قېلىپ زادىلا تاپالمىدى.

ــ سەندەل، ــ دېدى دادىسى ئېسىگە سېلىپ.

ئورېلىئانو بۇ سايماننىڭ ئېتىنى قەغەزگە يېزىپ سەندەلنىڭ ئاستىغا يېلىم بىلەن چاپلاپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىسىمنى ئەمدى ئۇنتۇپ قالمايمەن دەپ ئويلىدى. ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى باشلانغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ يەتمىگەنىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تەجرىبىخانىدىكى ھەممە ئەسۋاب ـ سايماننىڭ ئېتىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئېسىگە ئالالماي قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىدى ـ دە، سايمانلارنىڭ ئېتىنى بىرمۇبىر قەغەزگە يېزىپ چاپلىدى، شۇنداقتا قەغەزدىكى خەتكۈچكە قارىسىلا نېمىلىكىنى بىلىۋالايتتى. دادىسى پەرىشان بولۇپ بالىلىق دەۋرىدە ئۆزىگە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قىلغان ئىشلارنىمۇ ئۇنتۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئورېلىئانو ئۆزىنىڭ چارىسىنى ئۆگىتىپ

قويدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ چارىنى ئاۋۋال ئۆيىدە يولغا قويدى، ئاندىن پۈتۈن بازاردا كېڭەيتتى. چوتكىنى سىياھقا چىلاپ، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىگە «شىرە»، «سائەت»، «ئىشىك»، «تام»، «كارىۋات»، «قازان»... دەپ ئىسمىنى يېزىپ قويدى. ئاندىن ئېغىلدىكى جانىدارلىرىغا، ئېتىزىكى زىرائەتلىرى ۋە دەرەخلىرىگىمۇ خەتكۈچ چاپلىدى: «ئىنەك»، «ئۆچكە»، «توخۇ»، «مانىخوت»، «ياڭاق»، «بانان»... ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىنىڭ تۈرلۈك ئالامەتلىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشى نەتىجىسىدە شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىكى، كىشىلەر ئۇنتۇپ قالغان نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى خەتكۈچكە قاراپ ئېسىگە ئالغىنى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە رولىنى ئېسىگە ئالالمايدىغان بولۇپ قالغۇدەك. شۇنىڭ بىلەن رولىنىمۇ خەتكۈچكە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ يازغىلى تۇردى. ئىنەكنىڭ بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان دەستىكى بۇنىڭ ئوبدان مىسالى بولۇپ، ماكوندولۇقلارنىڭ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىگە قارشى كۈرەش ئىرادىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: «بۇ ئىنەك. ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساغسا سۈتى چىقىدۇ. سۈتنى قايناتسىپ قەھۋە ئارىلاشتۇرسا، سۈتلۈك قەھۋە تەييار بولىدۇ». كۈنلەر بىر مەزگىل شۇ تەرىقىدە داۋاملاشتى. بىراق، بىر كۈنلەردە خەتكۈچتىكى يېزىقنىڭ مەنىسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالسا، خەتكە تايىنىپ ۋاقتىنچە ئاران داۋاملىشىۋاتقان بۇنداق رېئاللىقمۇ كەلمەسكە كېتىدۇ.

بازارغا كىرىدىغان يول ئاغزىغا «ماكوندو» دەپ يېزىلغان تاختا ئېسىلدى. مەركىزىي كوچىغا «تەڭرى مەۋجۇت» دەپ يېزىلغان تېخىمۇ چوڭ بىر تاختا ئېسىلدى. ھەممە ئۆينىڭ ئىچى ئەسكە سېلىش ئۈچۈن نەرسىلەرنىڭ ئېتى يېزىلغان ۋە رولى قىسقىچە ئىزاھلانغان خىلمۇخىل خەتكۈچلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ھەركىمنىڭ ئەقىل ـ ھوشى بىلەن يۈرۈشكە ۋە ئىرادىلىك بولۇشىغا توغرا كېلەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن كىشى تەقلىدىي رېئاللىقنىڭ سېھرىگە تېز پۈكۈش يولىنى تاللاپ، خىيالىي دۇنياغا بېرىلىپ كەتتى، بۇ ھال ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، كىشىگە تېخىمۇ ئەرمەك بولاتتى. پىلار تېرنېرا قارتىدا پال ئېچىپ كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگىنىگە ئوخشاش، كىشىنىڭ ئۆتمۈشىنى قارتىدا بىلىش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تېپىپ، نۆۋەتتە ئەۋج ئالغان ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ چۈشەكەش ھەرىكىتى ئۈچۈن

كاتتا تۆھپە قوشتى. ئۇيقۇسى قاچقان ماكوندولۇقلار شۇنىڭدىن كېيىن قارتىدىن پەيدا بولغان لىڭگىرتاقتاق دۇنيادا ياشاشقا باشلىدى. كىشىلەر دادىسىنىڭ بۇ يەرگە ئاپىرىلىنىڭ باشلىرىدا كەلگەن قارامۇتۇق ئادەم ئىكەنلىكىنى؛ ئانىسىنىڭ سول قولىنىڭ بارمىقىغا ئالتۇن ئۈزۈك سالغان بۇغداي ئۆڭ خوتۇن ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ تېخى يېقىندىلا، بىر تورغاي لاۋىر دەرىخىنىڭ شېخىدا سايرىغان سەيشەنبە كۈنى تۇغۇلغانلىقىنى خىرە - شىرە ئەسلەيتتى. بۇنداق ئۇسۇل ئالدىدا ئامالسىز قالغان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇرۇن سىگانلارنىڭ بارلىق ئاجايىپ كەشپىياتلىرىنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن كەشىپ قىلماقچى بولغان ئەستىلىك ماشىنىسىنى ياساپ چىقىش قارارىغا كەلدى. بۇ ماشىنا مۇنداق پىرىنسىپ ئاساسىدا لايىھەلىنىدۇ: بۇ ماشىنا كىشىگە ئۆمرىدە ئېرىشكەن بارلىق بىلىمنى ھەر كۈنى ئەتىگىنى بىر قېتىم باشتىن - ئاياغ ئەسلىتىپ چىقىدۇ. بۇ ماشىنا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ تەسەۋۋۇرىدا بىر خىل پىرقىرىما لۇغەت ئىدى، ئادەم ئوتتۇرا ئوقىدا ئولتۇرۇپ تۇتقۇچىنى بۇرىسىلا، تۇرمۇشتا ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقان بىلىمنىڭ ھەممىسى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە كاللىسىدىن ئۆتەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مۇشۇ مەقسەتتە ئون مىڭغا يېقىن كارتۇچكا يېزىپ بولدى. بىركۈنى سازلىق تەرەپتىكى يولدا جۇل - جۇل كىيىملىك بىر بوۋاي پەيدا بولدى، بوۋاي ئۆزىگە ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى يۇقمىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قوڭغىرىقىنى ھەسرەتلىك جىرىڭلاتقىنىچە بىر قولىدا ئارغامچا بىلەن چىلىڭ تېڭىلغان يوك - تاق بوغچۇمىسىنى، يەنە بىر قولىدا قارا رەخت بىلەن يېپىلغان غالتەكنى سۆرىگىنىچە ئۇدۇل خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

ۋىھتاژان ئىشىكنى ئاچتى. ئۇ ئادەمنى تونۇمىسىمۇ، ئۇنتۇغاقلىق كېسىلىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قالغان بۇ بازاردا ھەرقانداق سودىنىڭ كاساتلىقىدىن خەۋەرسىز ھالدا مېلىنى ساتقىلى كەلگەن بىرەرسى ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئۆيگە باشلىدى. ئۇ ئادەم زەئىپلىكى تۈپەيلى ئاغزىدىن گېپى چۈشۈپ قېلىۋاتقان، قوللىرى تىترەپ تۇرۇۋاتقان، قېرىپ تۆت كۈنلىكىلا قالغان بىر بوۋاي بولسىمۇ، ھەر ھالدا باشقا بىر دۇنيادىن —

ئادەملەرنىڭ خاتىرىسى جايىدا ھەم بەخۇدۇك ئۇخلىيالايدىغان بىر دۇنيادىن كەلگەنىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مېھمانخانىغا كىرگىنىدە، ئۇ ئادەم ياماق ئۇستىگە ياماق چۈشكەن قارا شىلەپىسىدە ئۆزىنى يەلپۈگەچ تامغا چاپلىنىپ كەتكەن خەتكۈچلەرنى ئېچىنىش ئىلكىدە زەن قويۇپ ئوقۇپ ئولتۇراتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ ئادەم ھازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بىرەر كونا تونۇشۇم بولۇپ قالمىسۇن يەنە، دېگەن ئەندىشىدە ئۇنىڭ بىلەن ئالاھىدە قىزغىن سالاملاشتى. مېھمان ئۆي ئىگىسىنىڭ ياسالمىلىق قىلغۇاتقانلىقىنى بىلمۇېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلۇپلا كەتكەنلىكىنى، بۇ ئۇنتۇلۇشنىڭ ئوڭشۇالغىلى بولىدىغان ۋاقىتلىق ئۇنتۇلۇش ئەمەس، بەلكى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەپسۇسلىنارلىق ئۇنتۇلۇش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى ـ دە، ئاجايىباتلار بىلەن لىق تولغان بوغجۇمىسىنى ئېچىپ، ساپلا ئۇششاق قۇتىلار سېلىنغان بىر ساندۇقچىنى ئالدى. ساندۇقچىدىن كىچىككىنە بىر قۇتىنى ئېلىپ خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەگە سۇندى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۇ قۇتىدىكى رەڭگى سۇس دورىنى ئىچمۇىدى، شۇ ھامان خاتىرىسى ئەسلىگە كېلىپ، خۇشاللىقتىن كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھەممە نەرسىگە خەتكۈچ چاپلانغان كۈلكىلىك بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تامغا چاپلانغان خەتكۈچلەردىكى ئەخمىقانە سۆزلەردىن نومۇسى كەلدى. ئارقىدىن ئۇ مېھماننى تونۇۋالدى ـ دە، شۇ خۇشلۇقىدا چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ كىشى دەل مېرگادىس ئىدى.

ماكوندودىلۇقلار ئېسىنى تاپقانلىقىنى تەبرىكلەپ تەنتەنە قىلىۋاتقاندا، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن مېرگادىس شېرىن دوستلۇقنىڭ شادلىقىغا چۆمگەنىدى. بۇ قېرى سىگان ئەمدى مۇشۇ بازاردا تۇرۇپ قېلىش قارارىغا كەلدى. مېرگادىس ھەقىقەتەنمۇ ئۇ دۇنياغا كېتىپ بولغان، كېيىن غېرىبلىقنىڭ ئازابىغا چىدىماي بۇ دۇنياغا قايتىپ كەلگەنىدى. ھاياتقا ئەقىدە باغلىغانلىقىنىڭ جازاسىنى تارتىپ، تەبىئەتتىن ھالقىغان سىرلىق كارامەتلىرىدىن مەھرۇم قالغان ھەم قەبىلىسىدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن تېخى ئەزرائىلنىڭ نەزىرى چۈشمىگەن بۇ

خىلۋەتنى ماكان تۇتۇپ، قالغان ھاياتىنى قەلەيگە رەسىم چۈشۈرۈش تېخنىكىسىغا بېغىشلاش قارارىغا كەلگەندى. بۇنداق كەشپىياتنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۆزى بىلەن پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ سۈرىتىنىڭ ھەسەن ـ ھۈسەندەك چاقناپ تۇرغان بىر پارچە قەلەيگە مەڭگۈلۈك ئويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ تاڭ قالغىنىدىن ئاغزى گەپكە كەلمەيلا قالدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەدىن تەۋەررۈك قالغان بۇ سۈرەت ئەنە شۇ چاغدا تارتىلغانىدى. بۇ سۈرەتتە كۆل رەڭ چاچلىرى پاخپايغان، كۆڭلىكىنىڭ قاتۇرۇلغان ياقىسى بىر تال مىس تۈگمىدە ھىم ئېتىلگەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تەئەججۈپ ئارىلاش بىرھالدا غادايغىنىچە قاراپ تۇراتتى.

ــ قورقۇپ كەتكەن گېنېرالنىڭ ئۆزىلا، ــ دېگەنىدى بۇ رەسىمنى كۆرۈپ كۈلكىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان ئۇرسۇلا.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مۇشۇ سۈرەت تارتىلغان ئاشۇ ھاۋا ئوچۇق دېكابىر ئەتىگىنى راستىنىلا قورقىنىدى. چۈنكى، ئادەمنىڭ سۈرىتى مېتال تاختىغا چۈشۈرۈلسە، ھاياتىمۇ كۇنسايىن خوراپ تۈگىشىدۇ دەپ ئويلايتتى. تېخىمۇ قىزىق بولغىنى شۇكى، ئۇرسۇلا بۇ قېتىم بۇرۇنقى پوزىتسىيەسىنى بىردىنلا ئۆزگەرتىپ، ئېرىنى بۇ خىل ئەندىشىدىن خالاس قىلىشقا تىرىشتى ھەمدە ئۆتكەنكى ئاداۋىتىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتىپ مېرگادىسنى تۇتۇپ قېلىپ بىر ئۆيدە ياشاش قارارىغا كەلدى. بىراق، زادىلا رەسىمگە چۈشكىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، سۈرەتكە بۇنداق ھەجۋى قىياپەتتە چۈشۈپ قالسا، ئەۋلادلىرىنىڭ كۈلكىسىگە قالارمىش.

ئۇرسۇلا شۇ كۈنى ئەتىگەندە باللىرىغا ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيگۈزدى، يۈزلىرىگە ئۇپا سۈردى، مېرگادىسنىڭ ھېلىقى سىرلىق ئاپپاراتى ئالدىدا ئىككى مىنۇت جىم تۇرۇپ بېرەر دەپ ھەربىرىگە بىر چۆمۈچتىن يىلىك شورپىسىمۇ ئىچكۈزدى. ئورېلىئانو ئائىلە بويىچە چۈشكەن بۇ رەسىمدە قارا مەخمەل چاپان كىيىپ، سىڭىللىرى ئامارانتا بىلەن رېبېكانىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. ھارغىن چىرايى ۋە ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى نۇرغۇن يىلدىن كېيىن جازا ئەترىتى كۆكرىكىگە

مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان مىنوتلاردىكىدىن كۆپ پەرقلەنمەيتتى. نىھايەتكى، ئۇ چاغلاردا تېخى تەقدىرنىڭ بېشارىتىدىن بىخەۋەر ئىدى. ھۈنەرگە پىششىقلىقى بىلەن پۈتۈن سازلىق ئەتراپىدا داڭلىق ئۇستا زەرگەر بولۇپ، مېرگادىسنىڭ تەجرىبىخانىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دۇكىنىدا تىنىمسىزلا چىقارماي دېگۈدەك بېرىلىپ ئىشلەيتتى. دادىسى بىلەن قېرى سىگان قىزىرىشىپ ـ تاتىرىشىپ ناستارا داماسىنىڭ بېشارەتلىرى ھەققىدە مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى، بوتۇلكىلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى، پەتنۇسلارنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى ئۈزۈلمەيتتى، كىسلاتا تېشىپ كېتىدىغان، بىروم كۇمۇش ئېقىپ كېتىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى، ئۇرېلىئانو بولسا باشقا بىر ماكان ـ زاماندا تۇرۇۋاتقاندەك ئۇ ئىشلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. ئەنە شۇنداق بېرىلىپ ئىشلىگەنلىكى، تىجارەتكىمۇ ئېپى بولغانلىقى ئۈچۈن قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئۇرسۇلا جاندار كەمپۈت سېتىپ تاپقان پۇلدىنمۇ كۆپرەك پۇل تاپتى. بىراق، ھەممەيلەن ئۇرېلىئانونىڭ پۈتۈنسۈرۈك ئەر بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ مۇشۇ كەمگىچە بىرەر ئايال زاتىغا يېقىن يولۇمىغانلىقىدىن ھەيران بولاتتى.

بىرنەچچە ئايدىن كېيىن فىرانسېسكو دېگەن باتۇر ماكوندوغا يەنە كەلدى. ئىككى يۈز ياشلاردا بار بۇ جانكەزدى پات ـ پات ماكوندوغا كېلىپ ئۆزى توقۇغان ناخشا ـ قوشاقلارنى ئېيتاتتى، بۇ قوشاقلىرىدا ماكوندودىن سازلىقنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ياسىلىغا بارغىچە ئارىلىقتا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى زېرىكمەي ـ تېرىكمەي، ئېقىتماي ـ تېمىتماي بايان قىلىپ بېرەتتى. شۇڭا كىمىكى بىر ياققا گەپ ئەۋەتمەكچى ياكى ئۇچۇر ئېلان قىلماقچى بولسا، ئىككى سىنت ھەق تۆلەپ فىرانسېسكونىڭ قوشىقىغا قىستۇرغۇزسىلا ئىش پۈتەتتى. ئۇرسۇلامۇ بىركۈنى كەچقۇرۇن ئوغلى خوسې ئاركادىئونىڭ دېرىكىنى ئېلىش ئۈمىدىدە ناخشىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرۇپ، ئويلىمىغان يەردىن ئانىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ جاھانكەزدى بىر قېتىملىق قوشاق مۇسابىقىسىدە شەيتاننى يەڭگەنلىكى ئۈچۈن كىشىلەر باتۇر فىرانسېسكو دەپ ئاتايدىغان بولغان، ئەسلىي ئىسمى بولسا ھېچكىم بىلمەيتتى. باتۇر فىرانسېسكو ئۈيقۇسىزلىق كېسىلى يامرىغان مەزگىلدە ماكوندودىن بىر مەھەل غايىب

بولغانىدى. بىركۈنى كەچتە كاتالىنونىڭ سارىيىدا پەيدا بولۇپ قالدى. پۈتۈن بازار ئەھلى جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى باتۇر فىرانسىسكونىڭ ناخشىلىرىدىن بىلەتتى. باتۇر فىرانسىسكو بۇ قېتىم ماكوندوغا ئاجايىپ سىمىز بىر خوتۇن بىلەن بىر ئارغۇن قىزنى ئېلىپ كەلگەنىدى. تۆت ئىندىيانىنىڭ ئۇ خوتۇن ئولتۇرغان تەختىراۋاننى كۆتۈرۈشكە ئاران كۈچى يېتەتتى. ھېلىقى مىسكىن قىز بولسا ئاپتاپتىن قېچىپ كۈنلۈك تۇتۇۋالغانىدى. بۇ ئاخشىمى ئورېلىئانومۇ تاماشا كۆرگىلى كاتالىنونىڭ سارىيىغا كەلگەنىدى. باتۇر فىرانسىسكو قىزىقسىنىپ قاراپ تۇرۇشقان تاماشىبىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا زور بىر قىيا تاشتىن تاراچلانغان خامېلېئوندەك كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئەنگلىيە ئايال پادىشاھىنىڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى ۋالتېر گىۋئانادا ھەدىيە قىلغان قەدىمىي ئاككوردىيونىغا جاھان كېزىپ تاشتەك چىڭقىپ كەتكەن يېرىق پۇتلىرىنى يەرگە تېپىپ تەڭكەش قىلغىنىچە جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلارنى قېرىلارغا خاس قېيىق ئاھاڭدا بايان قىلىپ ناخشا ئېيتماقتا ئىدى. ساراي ھويلىسىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىدىن ئەرلەر كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى، سىمىز خوتۇن شۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئۈنچىقماي ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇراتتى. كاتالىنو قۇلىقىغا بىر تال يۇڭ ئەتىرگۈل قىستۇرۇۋېلىپ، تاماشىبىنلارغا چىنىدە شېكەر قومۇش ھارىقى سانقاچ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ئەرلەرگە سوركىلىپ، قولىنى ئۇيەر ـ بۇ يەرگە قوياتتى. تۈن نىسبىگە يېقىن ھاۋا چىدىغۇسىز ئىسسىپ كەتتى. ئورېلىئانو قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ بېشىدىن ئايىغىچە ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆز جەمەتىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق خەۋەر ئاڭلىمىدى. شۇنىڭ بىلەن كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، سىمىز خوتۇن قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇنى يېنىغا چاقىردى.

ــ سەنمۇ كىرىپ چىقمامسەن، يىگىرمە سىنتلا خەجلەيسەن.

ئورېلىئانو سىمىز خوتۇننىڭ قۇچىقىدىكى غەللىگە بىر تەڭگە تاشلاپ ھېلىقى ئۆيگە كىردى. كىردى ـ يۇ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى ئارغۇن قىز كارىۋاتتا قانجۇق ئىتنىڭ ئەمچىكىدەك كۆكسىنى ساڭگىلىتىپ قىپيالىڭاچ

ياتاتتى. بۈگۈن ئاخشام بۇ ئۆيگە ئورپلىئانونىڭ ئالدىدا ئاتمىش ئۈچ ئەر كىرىپ چىقىپ كەتكەچكە، ئۆيىنىڭ ھاۋاسى تەر ۋە ھەرخىل پۇراقلار دەستىدىن نەپەس ئالغۇسىز دەرىجىدە ئېچىپ كەتكەنىدى. قىز چىلىق - چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كىرلىكنى ئېلىپ بىر بېشىنى ئورپلىئانوغا تۇتقۇزدى. ئۇلار ھۆل كاناپتەك ئېغىر كىرلىكنى ئىككى ئۇچىدىن تۇتۇپ سۈيىنى سىقىۋەتكەندىن كېيىن كۆرپىنى ئۆرۈپ سالدى، لېكىن تەر ئۆرۈگەن تەرىپىدىنمۇ تامچىغىلى تۇردى. ئورپلىئانو ئىچىدە بۇ ئىشنىڭ مەڭگۈ ئاخىرلاشماسلىقىنى تىلەيتتى. ئىشقىي مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى نەزەرىيە جەھەتتىن بىلسىمۇ، شۇ تاپتا تىزلىرى دىرىلداپ تىترەپ ئاران - ئارانلا ئۆرە تۇراتتى. قىز ئورۇننى راسلاپ بولۇپ كىيىمىنى سېلىشقا ئۇندىگەندە، ئورپلىئانو ھولۇققىنىچە باش - ئايىغى يوقلا چۈشەندۈرۈپ كەتتى:

— مېنى تالادىكىلەر كىرگۈزدى. غەللىگە يىگىرمە سىنت تاشلاتقۇزغان، ھايال بولماي يېنىپ چىق دېگەن.

— ئۇزۇنراق تۇرۇپ چىقىپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى قىز ئورپلىئانونىڭ دىلىغۇل بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ مۇلايىملىق بىلەن، — چىقىپ كېتەشىڭدە يەنە يىگىرمە سىنت تاشلاپ قوي، يەنە يىگىرمە سىنت تاشلاپ قويساڭلا بولىدۇ!

ئورپلىئانو قىزىرىپ - تاتىرىپ كىيىملىرىنى ئاران سالدى. يالىڭاچ بەدىنىنى ئاكىسىنىڭكىدەك كېلىشكەن ئەمەس دەپ قارايتتى. قىز ھەرقانچە قىلىپ باقسىمۇ ئورپلىئانو جىملا تۇراتتى، ئەكسىچە تېخى بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى.

— يىگىرمە سىنتنى بېرىمەن، — دېدى ئورپلىئانو پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلىنىپ.

قىز ئۇنىسىز تەشەككۈر ئېيتتى. قىز جۈدەپ بىر تېرە - بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، دۈمبىلىرى تولا سۈركەلگەنلىكتىن يېغىر بولۇپ كەتكەنىدى، ئېغىر تىنىقلىرىدىن قاتتىق چارچاپ كەتكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. قىزنىڭ ئىچىنى تۆكۈپ بېرىشىچە، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى ماكوندوغا ناھايىتى يىراق بىر يەردىكى ئۆيىدە ئاخشىمى شامنى ئۆچۈرۈۋېتىمەيلا ئۇخلاپ قېلىپ، ئۇلۇغ يانغىن ئىچىدە ئويغىنىپتۇ، ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان مومىسى بىلەن تۇرۇۋاتقان ئۇ ئۆي شۇ يانغىندا كۆيۈپ

كۆلگە ئايلىنىپتۇ. مومىسى شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ نەۋرە قىزىنى كەينىگە سېلىپ شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، نەۋرە قىزىنىڭ تېنىنى يىگىرمە سىنتتىن سېتىپ، كۆيۈپ كەتكەن ئۆيىنىڭ زىيىنىنى تولدۇرۇشقا كىرىشىپتۇ. قىزنىڭ ھېسابلاپ بېرىشىچە، ھەر ئاخشىمى يەتمىش ئەر كىشىنى كۈتسە، يەنە ئون يىل مۇشۇنداق ئۆتۈشىگە توغرا كېلىدىكەن. چۈنكى، قەرزىنى تۆلىگەندىن باشقا، ئىككىسىنىڭ يول خىراجىتى، تاماق پۇلى ۋە تەختىراۋان كۆتۈرگەن ئىندىيانلارنىڭ ئىش ھەققىنى تۆلىشىگىمۇ توغرا كېلىدىكەن.

سېمىز خوتۇن ئىشىكنى ئىككىنچى قېتىم چەككەندىن كېيىن، ئۇرىلىئانو ھېچ ئىش قىلمايلا تەشۋىش ئىچىدە يىشىنى ئاران توختىتىۋېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇ كېچىسى ھېلىقى قىز كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئۇيقۇسى قاچتى. ئۇ قىزغا شەھۋەتىمۇ تۇتاتتى، ئىچىمۇ ئاغرىيتتى. يۇگەنسىز بىر كۈچلۈك ھاياجىنىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇ قىزنى سۆيگۈسى، ئاسرىغۇسى كېلەتتى. تاڭ ئاتقاندا ئۇيقۇسىزلىق ۋە كۈچلۈك سۆيگۈ دەردىدە قىينىلىپ ھالىدىن كەتكەن ئۇرىلىئانو ئاخىر ئۇ قىزنى مومىسىنىڭ قەرزىدىن خالاس قىلىپ ئۆز ئەمرىگە ئېلىپ، ھەر ئاخشىمى يەتمىش ئەرگە بېغىشلايدىغان راھىتىدىن ئۆزى يالغۇز بەھرىمەن بولۇش قارارىغا كەلدى. ئەپسۇسكى، ئەتىگەن سائەت ئوندا كاتالىنونىڭ سارىيىغا كېلىپ قارىسا، ئۇ قىز ھەمراھلىرى بىلەن بىللە ماكوندودىن كېتىپ قالغانىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇرىلىئانونىڭ ھاياجىنى دەماللىققا بېسىقتى، ئەمما مەغلۇبىيىتىنىڭ ئازابى كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ دەردتىن خالاس بولۇشقا ئۇرۇندى. تەقدىرىگە تەن بېرىپ، ئۆزىنىڭ كارغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئۆمۈر بويى ئايال زاتىغا يېقىن يولىماسلىق يولى بىلەن يوشۇرۇپ ئاھانەتتىن ساقلىنىش قارارىغا كەلدى. مېرگادىس ماكوندودا رەسىمگە تارتىدىغانلارنىڭ ھەممىسىنى رەسىمگە تارتىپ بولۇپ، قەلەيگە رەسىم چۈشۈرۈدىغان ئاپپاراتنى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتتى. بۇ جاناب بولسا قەلەيگە رەسىم چۈشۈرۈش تېخنىكىسى ئارقىلىق تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئىلمىي ئاساسقا

ئېرىشمەكچى ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يۇرۇش مۇرەككەپ تەرتىپنى قوللىنىپ ئۆينى ھەممە تەرەپتىن رەسىمگە تارتتى ۋە رەسىم كۆلەڭگىلىرىگە نۇر بەردى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تەڭرى مەۋجۇت بولىدىغانلا بولسا، ھامان بىركۈنى رەسىمىنى تارتىۋالالايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئۇنداق قىلالمىسا، تەڭرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدىكى قىياسنى بىراقلا ئاغدۇرۇۋەتسەممۇ بولىدۇ دەپ قارايتتى. مېلگادىس ناستارا داماسىنىڭ بېشارەتلىرىنى يېشىش تەتقىقاتىدا ئوبدان نەتىجە ھاسىل قىلدى. ھەر كۈنى رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن مەخمەل جىلىتكىسىگە ئورۇنۇپ، ھۆمۈدىگىنىچە قۇشقاچ پۇتىدەك ئىنچىكە بارماقلىرىدا ئىرماش ـ چىرماش بىر نېمىلەرنى يېزىپ ئولتۇرۇپ تۈننى تەڭ قىلاتتى، قولىدىكى ئۈزۈكنىڭمۇ بۇرۇنقى جۇلاسى قالمىغانىدى. بىركۈنى كېچىدە ماكوندونىڭ پارلاق كەلگۈسى ھەققىدىكى بېشارەتنىڭ مەنىسىنى ئاخىر يېشىپ چىقتى. ماكوندو ئاۋات بىر شەھەرگە ئايلىنىدۇ، بۇ شەھەردە ئېگىز ـ ئېگىز ئەينەك ئىمارەتلەر قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇئېندىيەنىڭ قانداش ئەۋلادلىرىدىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

ــ بىكار گەپ! ــ ھۆركىرىدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە قاتتىق چېچىلىپ، ــ ئەينەك ئىمارەتلەر ئەمەس، چۈشۈمدە كۆرگىنىمدەك مۇز ئىمارەتلەر سېلىنىدۇ، بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ ئەۋلادلىرى مەڭگۈ ياشايدۇ.

بۇ غەلىتە ئائىلىنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ كېلىۋاتقان ئۇرسۇلا قەنت ـ گېزەك تىجارىتىنى ئاينىتىپ، دۇخوپكىنى كېچە ـ كۈندۈز توختاتماي سېۋەت ـ سېۋەت بولكا ۋە تۈرلۈك باقالى، تورت ۋە پېچىنە ـ پىرەنىكلەرنى پىشۇرۇشقا كىرىشتى، بۇ مەھسۇلاتلىرى سازلىقتا تۈتاش يوللاردا بىرنەچچە سائەتكە قالمايلا سېتىلىپ بولاتتى. يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرۈپ ياشىماقتا يوق، بارغانسېرى تېتىكلىشىپ، ئوقىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە پالاقشىپ يۈرەتتى. بىر كۈنى كەچقۇرۇن ئىندىيان ئايالغا بولكا خېمىرىغا شېكەر چەيلەتكۈزۈۋاتاتتى، ھويلىدا شەپەق نۇرىغا چۆمۈلۈپ كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان چىرايلىق يوچۇن ئىككى قىز كۆزىگە چېلىقىپ قالدى. ئۇلار رېبېكا بىلەن ئامارانتا

ئىدى، بۇ قىزلار ئۈچ يىلدىن بۇيان مومىسىغا قارىلىق تۇتۇپ كىيىپ كېلىۋاتقان قارىلىق كىيىملىرىنى يېڭىلا سېلىۋېتىپ، گۈللۈك كىيىملىرىنى كىيىۋالغاچقا، ئۇرسۇلانىڭ كۆزىگە بۆلەكچىلا كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان ئىدىكى، رېبېكانىڭ ھۆسىن ـ جامالى ئامارانتادىنمۇ گۈزەل بولۇپ، ئۆڭى ئاق سۈزۈك، كۆزلىرى چوڭ ھەم سۈپسۈزۈك كۆل سۈيىدەك تىنىق، سېھىرلىك قوللىرى بىلەن گويا كۆرۈنمەس مەشۈتتەك يىپلاردىن كەرگۈدىكى رەختكە گۈل چېكىۋاتاتتى. يېشى رېبېكادىن سەل كىچىكرەك ئامارانتا ئۇنىڭچىلىك لاتاپەتلىك بولمىسىمۇ، ۋۇجۇدىغا مەرھۇم مومىسىنىڭ مىجەز ـ خۇلقلىرى ۋە مەغرۇرلىقى ئۇدۇم قالغانىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرغان ئاركادىئو دادىسىنىڭ ئەينى چاغلىرىدىكىدەك شاپپىدە بوي تارتىپ كەتكەن بولسىمۇ، چىرايى بەربىر كىچىك بالىدەكلا كۆرۈنەتتى. شۇ كۈنلەردە تاغىسى ئورېلىئانودىن زەرگەرلىكنى، خەت ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىنىپ، خەت ساۋادىنىمۇ چىقىرىپ بولغانىدى. ئۇرسۇلا ئائىلىسىنىڭ بالىلار بىلەن ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ھەممىسىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭمۇ پات ئارىدا توي قىلىپ بالىلىق بولىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغدا بۇ ئۆيدە قىستىلىپ قېلىپ ئۆي ئايرىپ چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى ـ دە، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مىڭ جاپادا يىغقان پۇللىرىغا خېرىدارلىرىدىن ئالغان زاكالەت پۇلىنى قوشۇپ ئۆي ـ جايىنى كېڭەيتىشكە تۇتۇش قىلدى. ئۇستىلارغا راۋۇرۇس بىر ئېغىز مېھمانخانا، ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تېخىمۇ ئازادە بىر ئېغىز كۈندۈزلۈك ئۆي، ئون ئىككى كىشىلىك يوغان تاماق شىرەسى قويغىلى بولىدىغان، پۈتۈن ئۆيدىكىلەر ۋە بارلىق مېھمانلار سىغىپ بىللە غىزالىنالىغىدەك تاماقخانا، دېرىزىلىرى ھويلىغا قارايدىغان توققۇز ئېغىز ياتاق ئۆي سالدۇرماقچى، شۇنىڭغا قوشۇپ گۈللۈكىدىكى ئەتىرگۈللەر چىڭقىچۇشنىڭ ئاپتىپىنى توسىدىغان، رىشاتكىسىغا قىرىققۇلاق، تاشئالما تەشتەكلىرى تىزىلىدىغان پېشايۋان ياساتماقچى، ئاشخانىنى كېڭەيتىپ ئىككى ئوچاق سالدۇرماقچى، بۇرۇنقى ئامبارنى بۇزدۇرۇۋېتىپ، ئۆيدە مەڭگۈ يېتەرلىك زاپاس ئاشلىق ساقلاش ئۈچۈن كونىسىدىن ئىككى ھەسسە يوغان ئامبار سالدۇرماقچى بولدى، پىلار تېرنېرا ئۇ كونا ئامباردا خوش

ئاركادىئوغا پال ئېچىپ كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. ئۇرسۇلا يەنە ھويلىدىكى قېرى كاشتان دەرىخىنىڭ يېنىغا ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئايرىم - ئايرىم يۇيۇنىدىغان ئىككى مۇنچا، ئۆيلەرنىڭ كەينىگە ئازادە ئات ئېغىلى، تىكەنلىك سىم بىلەن قورشالغان توخۇ كاتىكى، سېغىن كالا قوتىنى ۋە ئۇچۇپ كېلىپ قالغان قۇشقاچلار خالىسا قونۇپ ئارام ئالىدىغان تۆت تەرىپى ئوچۇق بىر ئۇۋا سالدۇرماقچى بولدى. ئۇرسۇلا ئېرىنىڭ تەلۋىلىكىنى يوقتۇرۇۋالغاندەك، ئۇ ئون نەچچە ياغاچچى، تامچىلارنى ئەگەشتۇرۇپ، سىلىنىدىغان ئۆيلەرنىڭ ئوبدان ئاپتاپ چۈشكىدەك، ھاۋالىق بولۇشى كېرەكلىكىنى جىكىلەيتتى، ئۆيلەرنىڭ كەڭ - تارلىق ئۆلچەملىرىنى خالىغىنىچە بېكىتىپ بېرەتتى. ماكوندودا ئەڭ دەسلەپ سېلىنغان بۇ ئاددىي ئۆيلەردە ھەر خىل جابدۇقلار ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. تەرگە چۆمۈپ ئىشلەۋاتقان ئىشچىلار شۇ قىستاڭچىلىقتا بىر - بىرلىرىنى ئۆزىگە تاقاشماسلىقتا ئۇندەيتتى - يۇ، باشقىلارغا تاقىشىۋاتقان ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. چۈنكى، ھېلىقى سۆڭەك قاچىلانغان تاغاردىن ئاڭلىنىۋاتقان شاراق - شۇرۇق ئاۋازنىڭ دەستىدە نەگىلا بارغىنى بىلەنمۇ زادى ئارام تاپالمايتتى. ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان بۇنداق مۇھىتتا، ھاك ۋە قارامايىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى بۇخسۇپ تۇرغان شارائىتتا تارىختىن بۇيان پۈتۈن بازار بويىچىلا ئەمەس، پۈتۈن سازلىق رايونى بويىچە ئەڭ چوڭ، ئەڭ ئازادە، ئەڭ سالقىن بۇ تۇرالغۇنىڭ بۇ يەردە قانداق پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ ئۇلۇغ ئۆزگىرىش مەزگىلىدە تەڭرىنىڭ ئىز - دېرىكى بىلەنلا بولۇپ كەلگەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تېخىمۇ ھەيران ئىدى. ئۇرسۇلا بۇ يېڭى ئۆيى پۈتۈشكە ئاز قالغاندا ئېرىنى خىيالىي دۇنيادىن تارتىپ چىقىپ، «ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۆيىنىڭ ئالدى تاملىرى كۆك رەڭدە ھاكلانسۇن، سىلىر خالىغاندەك ئاق رەڭدە ھاكلاشقا بولمايدۇ» دەپ بۇيرۇق چۈشكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ ئىسۇ بۇيرۇقنامىسىنى كۆرسەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى، ئەمما بۇيرۇقنامىدىكى ئىمزاغا دىققىتى چۈشتى.

— بۇ كىم؟

— بازار بېگى، — پەرىشان بىرھالدا جاۋاب بەردى ئۇرسۇلا، — ھۆكۈمەت بۇ يەرنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتكەن دېيىشىدۇ ئۇ خەق.

ماكوندوغا شەپىسىزلا كەلگەن بازار بېگى دونابولىنار ئاموسكات ئەپەندى بۇ يەرگە ئەڭ دەسلەپ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرگە شاتۇتى تېگىشكىلى كەلگەن ئەرەبلەردىن بىرى ئاچقان «ياگ مېھمانخانىسى»غا چۈشۈپ، ئەتىسى كوچا بويىدىكى كىچىك بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى، بۇ ئۆي بىلەن بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى كوچا بار ئىدى. بۇ ئۆيگە ياگ مېھمانخانىسىدىن سېتىۋالغان شىرە بىلەن ئورۇندۇقنى قويدى، ئۆزى ئالغاچ كەلگەن جۇمھۇرىيەت گىربىنى تامغا ئاستى، ئاندىن ئىشىككە «بازار بېگى» دەپ يېزىپ قويدى. دۆلەت مۇستەقىللىقىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەپ تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بارلىق ئۆيلەرنى كۆك رەڭدە ھاكلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بازار بېگى بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى قەدىمىنى باسماقچى بولغانىدى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇ بۇيرۇقنىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى ئېلىپ ئىزدەپ بارغىنىدا، بازار باشلىقى ھېلىقى تار ئىشخانىسىدىكى سەگۈنچەكتە چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاپ ياتاتتى.

— بۇنى سىز يازغانما؟ — سورىدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە.

سالاپەتلىك ۋە ئېغىر - بېسىق، ئۇياتچان، چىرايىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان دونابولىنار ئاموسكات «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەردى.

— نېمىشقا؟ — سورىدى يەنە خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە.

دونابولىنار ئاموسكات شىرەنىڭ تارتمىسىدىن بىر پارچە ھۆججەتنى ئېلىپ كۆرسەتتى:

— مەن بۇ بازارنىڭ بېگى بولۇپ تەيىنلەندىم.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۇ تەكلىپنامىگە قاراپمۇ قويمىدى.

— بىز بۇ بازاردا باشقىلارنىڭ بۇيرۇقىسىزمۇ جېنىمىزنى جان ئېتىپ كېتەلەيمىز، — دېدى تەمكىن بىرھالدا، — شۇنىمۇ بىلىپ قويۇڭ، بىزگە بازار بېگىنىڭ كېرىكى يوق. چۈنكى، بۇ يەردە باشقۇرغىدەك ھېچ ئىش يوق.

دونابولنار ئاموسكات ئەپەندى ئىرەن قىلمىغان بولسىمۇ، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە يەنىلا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ قانداق قىلىپ مەھەللە قۇرغانلىقىنى، يەرلەرنى قانداق تەقسىم قىلغانلىقى ۋە يول ئاچقانلىقىنى، شۇنداقلا ئېھتىياجغا قاراپ شارائىتىنى قانداق ياخشىلىغانلىقىنى، لېكىن ھېچقانداق بىر ھۆكۈمەتكە ئېغىرچىلىق سالمىغانلىقىنى، بىركىمنىڭمۇ بۇ يەرگە كېلىپ چاتاق تېپىپ باقمىغانلىقىنى بىرقۇر سۆزلەپ ئۆتتى.

ــ بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن چىقىشىپ تىنچ ئۆتۈۋاتىمىز، ماكوندودا ھازىرغىچە ھېچكىم ئۆلۈپ باقمىدى، ھەتتا ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەنلەرمۇ يوق، ــ دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئاخىرىدا، ــ ئۆزىڭىزمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىزدە ھەتتا قەبرىستانلىقمۇ يوق.

ئاخىرىدا بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمەت ياردەم بەرمىدى دەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالمىغانلىقى، ئەكسىچە ھۆكۈمەتنىڭ ئەركىن قويۇۋەتكەنلىكىدىن خۇشال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھازىرقىدەك بولۇۋېرىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، ماكوندونى نەدىكى بىرسى كېلىپ ئاقساقاللىق قىلسۇن دەپ بەرپا قىلمىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. دونابولنار ئاموسكات ئەپەندى سالاپەتلىك بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىشتىنىغا ئوخشاشلا ئاق كاجى كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى.

ــ شۇڭا، ئەگەر بۇ يەردە باشقا ئاددىي پۇقرا بولۇپ تۇرۇپ قالىمەن دېسىڭىز، بىز قارشى ئالىمىز، ــ دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خۇلاسىلەپ، ــ بىراق، قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، كۆپچىلىكنى ئۆيلىرىنى كۆك رەڭدە ھاكلاشقا مەجبۇرلايدىغان بولسىڭىز، كۆدە ـ كۆرپىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ ـ دە، نەدىن كەلگەن بولسىڭىز شۇ يەرگە كېتىڭ. مېنىڭ ئۆيلىرىم چوقۇم كەپتەردەك ئاپئاق ئاقارتىلىدۇ.

دونابولنار ئاموسكات ئەپەندىنىڭ چىرايى ئۆڭۈپلا كەتتى.

ــ سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، مەندە قورال بار، ــ دېدى ئەلەم بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە كەينىگە بىر قەدەم يېنىپ.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇ دەقىقىدە ئۆزىنى ياشلىق چاغلىرىدا يوغان بىر ئاتنى قۇچاقلىغان پېتى گۈپپىدە يەرگە باسىدىغان قارا كۈچىگە كېلىپ قالغاندەك

ھېس قىلىپ دونابولنار ئاموسكاتنىڭ ياقىسىدىن كاپلا ئالدى ـ دە، قاماپ تۇرۇپ يەردىن ئۈزدى.

ــ مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىلغىنىمنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ قوي، ــ دېدى دانە ـ دانە قىلىپ، ــ كېيىنكى ئۆمرۈمدە روھىڭنىڭ دەردىنى تارتىپ ئۆتكىنىمدىن ئەرزىمەس ئىت جېنىڭنى ئامان قويۇشنى ئەۋزەل كۆردۈم.

ئاندىن دونابولنار ئاموسكاتنى ياقىسىدىن بىر ئېلىپ يېرىم كوچا ئارىلىقىچە دەس كۆتۈرۈپ مېڭىپ، ماكوندودىن سازلىققا بارىدىغان يولغا چىققاندىلا پۇتلىرىنى يەرگە دەسسەتتى.

بازار بېگى بىر ھەپتىدىن كېيىن كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، يالاڭئاياغ، ئوۋ مىلتىقى كۆتۈرۈۋالغان ئالتە ئەسكەرنى باشلاپ كەلدى، خوتۇنى ۋە يەتتە قىزى ئولتۇرغان كالا ھارۋىسىمۇ بىللە ئىدى، ئۆي جابدۇقلىرى، كىيىم ساندۇقلىرى ۋە باشقا سايمانلار بېسىلغان ئىككى كالا ھارۋىسىمۇ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. بازار بېگى خوتۇن ـ باللىرىنى ۋاقتىنچە ياگ مېھمانخانىسىغا جايلاشتۇردى، ئاندىن بىر ئۆي تاپتى ـ دە، ئەسكەرلەرنىڭ مۇھاپىزىتىدە قايتىدىن ئىشخانا قۇرۇپ خىزمىتىگە كىرىشتى. ماكوندونىڭ قۇرغۇچىلىرى بېسىپ كىرگۈچىلەرنى قوغلىۋېتىش قارارىغا كېلىپ، ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىنى باشلاپ كېلىپ خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئىتائىتىگە ئۆتتى. لېكىن، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە قوبۇل تاپماي، دونابولنار ئاموسكات بۇ قېتىم خوتۇن ـ باللىرىنى ئېلىپ كەپتۇ، بىر ئادەمنى ئۆيىدىكىلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇياتتا قويساق نامەردلىك بولىدۇ، بۇ ئىشنى تىنچ يول بىلەن ھەل قىلمىساق بولمىغۇدەك، دېدى.

ئورېلىئانو دادىسى بىلەن بىللە بېرىشنى ئىختىيار قىلدى. ئورېلىئانو ئەمدى قاپقارا بۇرۇتلىرى شىڭگىيىپ تۇرغان، ئاۋازى كۇنسايىن غاراڭ ـ غۇرۇڭ چىقىدىغان بولۇپ كەتكەن پۇتۇنسۇرۇك يىگىت ئىدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كېيىنكى كۇنلەردىكى ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئانچە ئۆزگەرمىدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى قورالسىز بېرىپ پوستلارغىمۇ پەرۋا قىلماي ئۇدۇللا بازار بېگىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. دونابولنار ئاموسكات ئىشخانىسىغا تاسادىپىي كىرىپ قالغان ئىككى قىزىنى قىلچە

ھولۇقماستىن تونۇشتۇردى. بىرىنىڭ ئېتى ئانبارو بولۇپ، ئۆڭكى ئانىسىغا ئوخشاش قاراماتاق كەلگەن بۇ قىز ئون ئالتە ياشتا ئىدى؛ يەنە بىرىنىڭ ئېتى رىمەدىس، ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن، ئۆڭكى گۈلسامساق بەرگىدەك ئاق، كۆك كۆز چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن لاتاپەتلىك، قائىدە - يوسۇنلۇق ئىدى، ئاتا - بالا بۇئېندىيەلەر قىزلار ئىشىكتىن كىرىشىگىلا دادىسى تونۇشتۇرۇپ بولغىچە ئۇلارغا ئورۇندۇق قويۇپ بېرىپ، ئۆزلىرى ئۆرە تۇردى.

— بولدى، دوستۇم، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — تۇرۇپ قالسىڭىز بولمدۇ. بىراق، ئىشىكىڭىزدىكى قورالىق قاراقچىنى دەپ ئەمەس، خانىمىڭىز بىلەن قىزلىرىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن شۇنداق دەۋاتىمەن.

دونابولنار ئاموسكات مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۇنىڭغا رەددىيە بەرگۈدەك پۇرسەتمۇ بەرمىدى.

— بىراق، ئىككىلا شەرتىمىز بار، — قوشۇپ قويدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — بىرىنچى، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئۆيىنى قانداق رەڭدە ھاكلىغۇسى كەلسە، شۇنداق رەڭدە ھاكلايدۇ. ئىككىنچى، ئەسكەرلىرىڭىز دەرھال كەتسۇن، ماكوندونىڭ تەرتىپىنى ساقلاشقا ئۆزىمىز مەسئۇل بولىمىز، — دېدى ۋە قەسەم ئىچكەندەك قولىنى كۆتۈردى.

— نامىڭىز بىلەن كاپالەت بېرەمسىز؟

— دۈشمىنىڭىز سۈپىتىم بىلەن كاپالەت بېرىمەن، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، ئاندىن ئەلەم بىلەن قوشۇپ قويدى، — شۇنىمۇ ئوچۇق ئېيتىپ قوياي، ئىككىمىز ھېلىمۇ بىر - بىرىمىزگە دۈشمەن.

ئەسكەرلەر شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا ماكوندودىن كەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بازار بېگىگە بىر ئۆي تېپىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەممە ئىش تىنچىپ كىشىلەر خاتىرجەم ئىشىنى قىلىشتى، پەقەت ئورېلىئانونىڭ كۆڭلىلا بۇخىل خاتىرجەملىكتىن مۇستەسنا ئىدى. ئورېلىئانو بازار بېگىنىڭ كىچىك قىزىغا دادا دېمەتلىك بولسىمۇ، ئۇ قىزنىڭ سىماسى خىيالىدىن نېرى بولماي بىر يەرلىرىنى غىدىقلاپ قىيناپتتى، بۇ خۇددى ئايىغىغا تاش كىرىۋېلىپ يول مېڭىشىغا كاشىلا قىلغاندەك بىر خىل جىسمانىي سېزىم ئىدى.

# تۆتىنچى باب

ئۇرسۇلانىڭ كەپتەردەك ئايئاق يېڭى ئۆيى پۈتكەندىن كېيىن ئۆي چېيى بېرىلدى. ئۇرسۇلا ھېلىقى كەچقۇرۇن رېبېكا بىلەن ئامارانتانىڭ بويىغا يېتىپ چوپچوڭ لېۋەن قىزلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى بايقىغان مىنۇتلارنىڭ ئۆزىدىلا ئۆينى كېڭەيتىپ سېلىش ئويى كۆڭلىدە بىخ سۈرگەنىدى. شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۇ ئۆينى كېڭەيتىپ سېلىشتىكى ئاساسىي مەقسىتى، بۇ قىزلارغا مېھمانلىرىنى چىرايلىق كۈتۈۋالغۇدەك جاي ھازىرلاپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇرسۇلا بۇ ئارمىنىغا يېتىش ئۈچۈن ئۆينى سېلىش جەريانىدا خۇددى ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان جىنايەتچىدەك كۈچەپ ئىشلىدى. قۇرۇلۇش پۈتۈپ بولغىچە بىرمۇنچە قىممەت باھالىق بېزەكلەرنى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋالدى، تېخى پۈتۈن بازارنى زىلزىلىگە سالىدىغان، ياشلارنىڭ كۆڭلىنى يايرىتىۋېتىدىغان سېھىرلىك كەشپىيات — ئاپتوماتىك پىيانىنومۇ سېتىۋالدى. بۇ پىيانىنو بىرقانچە ساندۇققا پارچىلاپ قاچىلىنىپ ئېلىپ كېلىندى، ۋېنانىڭ ئۆي جاھازلىرى، بوھېمىيەنىڭ كرىستال بۇيۇملىرى، غەربىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ قاچا - قۇچىلىرى، گوللاندىيەنىڭ داستىخانلىرى، شۇنداقلا ھەرخىل چىراغلار، شامدانلار، لوڭقىلار، پەردىلەر ۋە گىلەملەرمۇ بىللە كەلتۈرۈلدى. پىيانىنونى ساتقان ئىمپورت شىركىتى ئىتالىيەلىك مېخانىك پېترو كرېسپىنى خېرىدارىغا پىيانىنونى قۇراشتۇرۇپ تەڭشەپ بېرىش ھەمدە ئالتە تۇرۇم قەغەز لېنتا لىق توشقۇزۇلغان مودا مۇزىكىلارنى پىيانىنو بىلەن قانداق چېلىشنى شۇنداقلا مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ تانسا ئويناشنى ئۆگىتىپ قويۇشقا مەسئۇل قىلىپ ئەۋەتكەنىدى.

پېترو كرېسپى ئالتۇن چاچلىق يىگىت بولۇپ، ماكوندولۇقلار مۇشۇ كەمگىچە بۇنچە كېلىشكەن ۋە تەربىيە كۆرگەن يىگىتنى كۆرمىگەنىدى. ئۇ يىگىت كېيىنىشكە

شۇنچىلىك قىلىپ كېتەتتىكى، تومۇز ئىسسىقىدىمۇ گۈللۈك دۇردۇن جىلىتكىسىنى ۋە قېلىن قوڭۇر سوكنا چاپىنىنى سالمايتتى. ئەدەپ يۇزىسىدىن ئۆي ئىگىسىگە پەردىشەپ بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. بىرنەچچە ھەپتىگىچە مېھمانخانىدىن چىقماي تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلىدى، يېنىدا ھېچكىم يوقتەك بىرىلىپ ئىشلەشلىرى بىلەن زەرگەر ئورپىلىئانودىن قېلىشمايتتى. پېترو كىرسىبى بىركۈنى ئەتىگەندە ئۆينىڭ ئىشىكىنىمۇ ئاچماي، بىرەركىمنى مۆجىزە كۆرۈشكىمۇ چاقىرمايلا ئاپتوماتىك پىيانىنوغا بىرىنچى تۇرۇم لېنتىنى سالدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىغان بولقا ئاۋازى ۋە ئۈزۈلمەس تاراڭ ـ تۇرۇڭلار چېپپىدە توختاپ، رېتىملىق ۋە يېقىملىق مۇزىكا ياڭراشقا باشلىدى. ھەممەيلەن مېھمانخانىغا يىغىلدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ھەيران ـ ھەس بولۇپ قاراپلا قالدى، گۈزەل مىلودىيەدىنلا ئەمەس، بۇ ئاپتوماتىك پىيانىنو تىللىرىنىڭ ئۆزى چېلىنىۋاتقانلىقىدىن ھەيران ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال مېرگادىسنىڭ رەسىم ئاپپاراتىنى مېھمانخانىغا تىكلەپ، كۆرۈنمەس سازەندىنى رەسىمگە ئېلىۋالماقچىمۇ بولدى. بۇ ئىتالىيان يىگىت شۇ كۈنى بۇئېندىيەلەر بىلەن ناشتىدا بىللە بولدى. خىزىر سۆپەت بۇ يىگىت ئۈزۈك سالمىغان ئاپئاق بارماقلىرىدا ۋىلكا ـ پىچاقلارنى شۇنداق ئەپلىك ئىشلىتەتتىكى، ھاراق قۇيۇش ۋە شىرەگە تاماق تىزىشقا مەسئۇل رېبېكا بىلەن ئامارانتانىڭ ئەقلى لال بولدى. پېترو كىرسىبى مېھمانخانىنىڭ يېقىنىدىكى ئۆيدە ئۇ قىزلارغا تانسا ئۆگىتىشكە باشلىدى. ئۆگەتكەندىمۇ تەسىرىگە دىققەت قىلىپ قىزلارنى تۇتماستىن ئۇدارغا كەلتۈرۈپ ئۆزى ئويناپ كۆرسىتەتتى، ئۇرسۇلا قىزلىرى تانسا ئۆگىنىۋاتقان چاغلاردا ئۇ ئۆيدىن مىنۇتمۇ ئايرىلماي ئەدەپ بىلەن نازارەت قىلىپ تۇراتتى. پېترو كىرسىبى بۇ كۈنلەردە تانسا ئايىغى ۋە چېپپىدە كىلىدىغان ئىلاستىكلىقى كۈچلۈك ئۇسسۇل ئىشتىنى كىيىۋالغانىدى.

— نېمانچە ئەنسىرەيسەن، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىغا، — چوكان مىجەز بىر نېمىكەنغۇ ئۇ.

بىراق، ئۇرسۇلا تانسا دەرسى ئاياغلىشىپ، ئىتالىيان يىگىت ماكوندودىن

كەتكەندىلا نازارەتنى توختىتىپ ئۆي چىپىنىڭ تەييارلىقىغا ئۆتتى. ئۇرسۇلا ئىلغاپ ـ تاسقاپ دېگۈدەك مېھمانلار تىزىملىكىنى تەييارلىدى، تاللانغانلارنىڭ ھەممىسى ماكوندونى قۇرغۇچىلارنىڭ ئەۋلاتلىرى بولسىمۇ، لېكىن تىزىملىكتە پىلار تېرنېرا ئائىلىسىدىكىلەر يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئايال يەنە ھارامدىن ئىككىنى تۇغقانىدى. دوستلۇق ئۆلچەم قىلىنىپ تاللانغان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەرتىۋىسىگە قاراپ بېكىتىلگەن بۇ مېھمانلارنىڭ ھەممىسى ئاساسەن ئەينى ۋاقىتتا يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ ماكوندوغا كېلىپ مەھەللە قۇرۇشتىن ئىلگىرىلا خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيەلەرنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى ياكى ئۇلارنىڭ ئۇرپلىرىنىڭ ۋە ئاركادىئولار بىلەن كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن بالا ـ چاقىلىرى ۋە شۇنىڭدەك، ئادەتتىمۇ بۇ ئۆيگە كېلىپ رېبېكا، ئامارانتالار بىلەن بىللە كەشتە تىكىدىغان قىزلار ئىدى. بازار بېگى دونابولنار ئاموسكات ئەمەلدە بار ھوقۇقتا يوق قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئەمەلدار ئىدى، قىلىدىغان خىزمىتى ئازغىنە كالتەك بىلەن قورالانغان ئىككى ساقچىنى راسخوتى بىلەن بېقىشتىنلا ئىبارەت ئىدى. ئائىلە خىراجىتىنى تولۇقلاش ئۈچۈن قىزلىرىغا تىكىمخانا ئېچىپ بەرگەنىدى، قىزلار بىرلا خىل كەسپكە باغلىنىپ قالماي، مەخمەل گۈل تىكىپ، تاتلىق ئانار شەربىتى قوشۇلغان تاتلىق ـ تۈرۈم ياساپ ساتاتتى، ھاجەتمەنلەرگە مۇھەببەت خەتلىرىنى يېزىپ بېرەتتى. لاتاپەتلىك ۋە ئىشچان بۇ قىزلار بازار بويىچە ئەڭ گۈزەل، يېڭىچە تانسىلارنى ھەممىدىن چىرايلىق ئوينىيالايدىغان بولسىمۇ، ئۇرسۇلانىڭ مېھمانلىرى قاتارىدا چاقىرىلمىدى.

ئۇرسۇلا قىزلىرى بىلەن جابدۇقلارنى ئورامىدىن يېشىپ قۇراشتۇردى، قاچا ـ قۇچىلارنى پاكىز يۇيدى، ئۆينىڭ تېمىغا ئەترگۈل كېمىدە ئولتۇرغان قىزلارنىڭ رەسىملىرىنى ئاستى، بۇنىڭ بىلەن تامچىلار يېڭىلا پۈتتۈرگەن قۇپقۇرۇق ئۆيلەر سەل جان كىرگەندەك يېڭى تۈسكە كىردى. خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە تەڭرىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ، ئوبرازىنى ئىزدەشتىن يالتايدى ـ دە، ئەمدى ئاپتوماتنىڭ پىيانىنونىڭ قارنىنى ئېچىپ، ئىچىگە يوشۇرۇنغان سىرىنى ئېچىشقا ئۆتتى. ئۆي چىپىنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئارتۇق چىققان بىر تالاي تارا ـ غالتەكلەر ۋە چوكىلارنى نەگە

ئورنىتمىشنى بىلەلمەي بىشى قىيىپ كەتتى، چىگىشلىپ كەتكەن توقۇناق تارىلارنىڭ ئەمدىلا بىر ئۇچىنى ئايرىۋاشلاپ بولىشىغا يەنە بىر ئۇچى يىغىلىۋالاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەرھالدا ئاخىر ئەپلەپ ـ سەپلەپ قۇراشتۇرۇۋالدى. بۇ ئۆي شۇ كۈنلەردە ئاجايىپ قاتىلاڭ بولۇپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ يېڭى كىرسىن لامپا بەلگىلەنگەن كۈن، بەلگىلەنگەن سائەتتە ياندى. ئۆيلەردىن تېخىچە كوكۇس مېيى ۋە ھاك لاينىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ماكوندونىڭ پېشىۋالىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى قىرىققۇلاق ۋە كۆزلۈك تاشئالما گۈللىرى تىزىۋېتىلگەن پېشايۋاننى، تىمتاس ئۆيلەرنى، گۈللەرنىڭ خۇشبۇي ھىدلىرى تارىلىپ تۇرغان گۈللۈكنى بىر ـ بىرلەپ كۆرۈپ تاماشا قىلىشتى. ئاندىن مېھمانخانىغا كىرىپ، قاردەك ئاپئاق ئەديال يېپىپ قويۇلغان يېڭى مۆجىزاتنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئاپتوماتىك پىيانىنو سازلىق رايونىدىكى بەزى بازارلاردا ئومۇملىشىپ بولغانىدى، بۇرۇن باشقا جايدا كۆرۈپ بولغانلارنىڭ سەل پەيزى قاچتى. بىراق، ھەممىدىن بەك ئۈمىدسىزلەنگىنى ئۇرسۇلا بولدى. چۈنكى، بىر تۇرۇم قەغەز لېنتىنى پىيانىنوغا سېلىپ، ئامارانتا بىلەن رېبېكانى مېھمانلارغا تانسا ئويناپ بېرىشكە بۇيرۇۋىدى، پىيانىنودىن پەقەتمۇ زوۋان چىقمىدى. مېرگادىسنىڭ كۆزلىرى قېرىلىق يەتىپ تۇتۇلۇپ قالدى دېگۈدەك خىرەلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ سىرلىق كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ پىيانىنونى ئوڭشاپ باقماقچى بولدى. كېيىن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تاسادىپىي سوقۇلۇپ كېتىپ، پىيانىنونىڭ بىر يېرىگە قىسىلىپ قالغان بىر زاپچاس مىدىراپ كېتىۋىدى، ئۇزۇلۇپ ـ ئۇزۇلۇپ ئاۋاز، ئاخىرىدا ئاغىل ـ تاغىل ئاۋازلار ياڭراشقا باشلىدى. پىيانىنونىڭ چەكمىلىرى باش ـ ئايىغى يوق چىگىشلىنىپ كەتكەن ھەم چىڭ تارتىلىپ كەتكەن تارىلارغا ئۇرۇلۇپ ئىگىز ـ پەس داراڭلاپ تۇرسىمۇ، ئۆز ۋاقتىدا تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ، قېلىن ئورماندىن ئۆتۈپ دېڭىز ئىزدىگەن باتۇر يىگىرمە بىر ئەزىمەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئىگىز ـ پەس، ئۇلۇغ ـ تەتۈر چېلىنىۋاتقان مۇزىكىنىڭ كاشىلىسىغا بوي بەرمەي تاڭ ئاتقىچە تانسا ئويناشتى.

پېترو كرىسپى يەنە ماكوندوغا كېلىپ ئاپتوماتىك پىيانىنونى قايتا قۇراشتۇرۇشقا تۇتۇندى. رېبېكا بىلەن ئامارانتا ئۇنىڭ تارىلارنى تەڭشىشىگە قارىشىپ

بەردى، باش ـ ئايىغى ئالمىشىپ چىقىۋاتقان بۇزۇق ۋالىس مۇزىكىسىنى ئاڭلىغاندا، قىزلارمۇ پېترو كىرىسبىغا قوشۇلۇپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ مۇلايىم ۋە ئىشەنچلىك تۇرقىغا قاراپ ئۇرسۇلا بۇ قېتىم نازارەت قىلمايلا قويدى. پېترو كىرىسبى خوشلىشىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى تانسا ئۇيۇشتۇرۇلدى. ئىتالىيان يىگىت بىلەن رېبېكانىڭ ئۈزۈلدۈرمەي ئوينىغان زامانىۋى تانسىسى ئەتراپتىكىلەرنى تولىمۇ زوقلاندۇرىۋەتتى. ئاركادىئو بىلەن ئامارانتانىڭ يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئوينىغان نەپىس تانسىلىرىمۇ ئۇلارنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. ئەپسۇسكى، تانسا تازا قىزىپ بېرىۋاتقاندا ئۈزۈلۈپ قالدى. ئىشىك تۈۋىدە باشقىلار بىلەن قىستىلىپ قاراپ تۇرغان پىلار تېرنېرا بىر خوتۇن بىلەن چاچلىشىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، پىلار تېرنېرا ئۇ خوتۇننىڭ تەپ تارتماستىن ئاركادىئونىڭ كاسىسى ئاياللارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن دېگىنىگە چىداپ تۇرالمىغانىدى. تۈن نىسپى بولۇپ قالغاندا پېترو كىرىسبى قىسقىچىلا تەسىرلىك خوشلىشىش سۆزى قىلىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى ھەمدە ئۇزاق قالمايلا قايتىپ كېلىمەن دەپ ۋەدە بەردى. رېبېكا ئۇنى ئىشىككىچە ئۇزىتىپ قويدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ ئىشىكنى يېپىشى بىلەن تەڭلا ياشلىرىنى توختىتالماي ئىسسەدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەلەملىك يىغىسى بىرنەچچە كۈن داۋاملاشتى، سەۋەبىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ھەتتا ئامارانتامۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمىدى. رېبېكا ئادەتتە قىزغىن ۋە ئوچۇق - يورۇق كۆرۈنگىنى بىلەن جىمغۇر، ھېچكىمگە سىر بەرمەيدىغان ئىچى كۆچلۈك قىز بولغاچقا، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ كۆزىگە ئانچە كىرىۋالمىدى. بۇ چىرايلىق، زىلۋا قىز چوپچوڭ بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، ھېلىغىچە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇشقا خۇشتار ئىدى. بۇ ئورۇندۇقى بىرقانچە قېتىم رېمونتقا چۈشۈپ بولغان، تۇتقۇچىمۇ قالمىغانىدى. رېبېكانىڭ مۇشۇ يېشىدىمۇ بارمىقىنى شۈمىدىغان ئادىتىنى تاشلىمىغانلىقى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كەلمەيتتى. پۇرسەت تېپىلسىلا مۇنچىغا بېكىنىۋالاتتى ھەمدە تامغا قاراپ يېتىپ ئۇخلاشقا ئادەتلەنگەنىدى. يامغۇر ياغقان كۈنلىرى چۈشتىن كېيىن قىزلار بىلەن كۆزلۈك تاشئالما تەشتەكلىرى تىزىلغان

پېشايۋاندا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغانلىرىدا، گۈللۈكنىڭ نەمخۇش توپىسى ۋە سازاڭ قۇرتلار دۈۋىلىگەن دۆڭچىلەرگە كۆزى چۈشۈپ قالسا دەرھال پاراڭدىن توختىۋالاتتى، سېغىنىشتىن تامچىپ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشكەن قىرتاق ياشلىرىنى يالاپ تامشىپ كېتەتتى. يىغلىسىلا ئەينى يىلى ئۇرسۇلا بىسىپ تۇرۇپ ئاپىلىسىن شەربىتى ۋە مامىرانچىنىنى ئاغزىغا قۇيۇپ يۇرۇپ تەستە تاشلىغان خۇمارى يەنە تۇتۇپ كېتىپ جېنىنى قىينايتتى. ئاخىر چىداپ بولالماي يەنە توپا يېيىشكە باشلىدى. دەسلەپتە قىزىقىپلا دېگۈدەك يېگەنىدى، كاساپەت توپا تەمىنى بۇ ۋەسۋەسىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان ئەڭ شىپالىق دورا دەپ بىلگەنىدى. دەرۋەقە، ئاغزىدىكى توپىنىڭ تەمىگە راستىنلا چىدىماي قالدى. ئۇزۇكسىز كۆچىيىپ بېرىۋاتقان تەشنالىقىغا بەس كېلەلمىدى ـ دە، بۇرۇنقى ئىشتاھاسىنى، بىرلەمچى مىنېرالغا ئامراق خۇسۇسىيىتىنى ۋە بۇ ئىپتىدائىي يېمەكتىن قانائەت تاپىدىغان خۇيىنى يەنە تېپىۋالدى. بىر سىقىم نەمخۇش توپىنى يانچۇقىغا سېلىۋېلىپ، بىر تەرەپتىن قىزلارغا ئەڭ تەس كەشتىلەرنى ئۆگەتكەچ دەردىگە چىدىماي ھاك سۇۋاق يېيىشمىگە ئەرزىمەيدۇ دەپ ئويلاۋاتقان ھېلىقى يىگىتنىڭ پارىڭىنى قىلىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن قىزلار دىققەت قىلماستا يانچۇقىدىكى توپىنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي ئاز ـ ئازدىن يەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن كۆڭلىدە بەخت بىلەن نەپرەت ئارىلىشىپ كەتكەن ئېلىشمان تۇيغۇلار داۋالغۇشقا باشلىدى. ئۆزىنى ئۆزى كەمسۇندۇرۇشىغا سەۋەب بولغان ھېلىقى يىگىت مۇشۇ بىر سىقىم توپىنىڭ خاسىيىتىدە ئۆزىگە تېخىمۇ يېقىن تۇيۇلدى، گويا ھېلىقى نەپىس ئۆتۈكى بىلەن دۇنيانىڭ ئۇ تەرىپىدە دەسسىگەن توپىنىڭ مىنېرال ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بىلىندى، ۋۇجۇدىدا لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان بۇ تۇيغۇلار كۆڭلىگە خېلى ئاراملىق بەردى.

بىركۈنى كەچقۇرۇن بازار بېگىنىڭ كىچىك قىزى ئانبارو موسكات ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا كېلىپ يېڭى ئۆينى كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلدى. ئامارانتا بىلەن رىبېكا ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمەي ئەدەپ بىلەن، ئەمما سوغۇقلا كۈتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ سېلىنغان

يېڭى ئۆيلىرىنى كۆرسەتتى، ئاپتوماتىك پىيانىنوسىنى چېلىپ بەردى، لىمون شەربىتى ۋە پېچىنىلەر بىلەن مېھمان قىلدى. ئانبارو ئۇلارغا قىزلارنىڭ نازاكىتى ۋە لاتاپىتى، چىرايلىق يۈرۈش ـ تۇرۇش دېگەنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋاھاكازالار توغرىسىدا دەرس ئۆتۈپ، ئۇلار بىلەن بىرنەچچە مىنۇتلا بىللە بولغان ئۇرسۇلادا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئانبارو ئىككى سائەتلەردىن كېيىن پاراڭلارنىڭ بارا ـ بارا مەززىسى قالمىغاندا ئامارانتانىڭ دىققىتى شۇنچىكىلا بۆلۈنۈپ كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ رىبېكانىڭ قولىغا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ قويىدى. رىبېكا كونۋېرتقا پىيانىنونىڭ چۈشەندۈرۈلمىسىدىكى خەتلەرگە ئوخشاشلا ئاچ كۆك سىياھتا گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئۇنچىدەك چىرايلىق تىزىپ يېزىلغان «سۆيۈملۈك رىبېكا بۇئېندىيە خېنىمغا» دېگەن خەتلەرنىلا كۆرۈشكە ئاران ئۈلگۈردى ـ دە، بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا چىرايلىق قاتلاپ قوينىغا سېلىۋالدى، ئاندىن چەكسىز تەشەككۈر مەنالىرى، شۇنداقلا قىيامەتلىك دوست بولۇش ۋەدىسى تۆكۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئانبارو موسكاتقا قارىدى.

ئانبارو موسكات بىلەن رىبېكا ئوتتۇرىسىدا تۇساتتىنلا پەيدا بولغان دوستلۇق ئۇرېلىئانونىڭ قەلبىدە ئۈمىد يالقۇنىنى يېلىنجاتتى. ئورېلىئانو ھېلىغىچە رېمەدىسىنىڭ ئۇتىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، كۆرۈشۈشكە ھېچ پۇرسەت تاپالمايۋاتاتتى. يېقىن دوستلىرىدىن ماگنىفىك ۋىسپار ۋە گېرىنىلېردو ماركوسلار (ئىككىلىسى ماكوندو مەھەللىسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ ئوغۇللىرى، ئىسىملىرىمۇ دادىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش) بىلەن بازاردا ئايلىنىپ يۈرگەنلىرىدە تىكىمخانىغا ئىنتىزارلىق بىلەن تەلمۈرۈپ قارايتتى. بىراق، ھەر قېتىم ئۇ قىزنىڭ ھەدىلىرىلا كۆرۈنەتتى. ئانبارو موسكاتنىڭ ئۆيدە پەيدا بولغانلىقى شۈبھىسىز بىر ياخشىلىقتىن بېشارەت ئىدى. «چوقۇم بىللە كېلىدۇ» دەيتتى ئورېلىئانو ئىچىدە. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن زەرگەرخانىسىدا ئالتۇن بېلىجان شەكلىدىكى زىبۇ ـ زىننەت ياساۋېتىپ رېمەدىسىنىڭ ئۆز ئىلتىجاسىغا ئەمدى جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىنى تۇرۇپلا ھېس قىلىپ قالدى. دەرۋەقە، بىردەمدىن كېيىن بالىلارغا خاس زىل بىر ئاۋاز قۇلىقىغا كىردى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق بىر قاراپلا چۆچۈگىنىدىن يۈرىكى توختاپ قالغاندەك

داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ھالرەڭ نېپىز شايى كۆينەك ۋە ئاق ئۆتۈك كىيگەن رىمەدىس دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا تۇراتتى.

— ئۇ يەرگە كىرسەڭ بولمايدۇ، رىمەدىس، — پېشايۋان تەرەپتىن ئانارو موسكاتىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — خەق ئىش قىلىۋاتىدۇ.

بىراق، ئۇرېلىئانو قىزچاق جاۋاب بېرىپ بولغىچە ئىنچىكە زەنجىر ئۆتكۈزۈلگەن ئالتۇن بېلىقچاننى ئاغزىدىن ئېلىپ:

— كىرىڭ، — دېدى.

رىمەدىس كىرىپ، ئالتۇن بېلىقچان توغرىسىدا بىرنېمە دەپ سوئال سورىۋىدى، ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئۇرېلىئانونىڭ نەپسى سىقىلىپ جاۋابمۇ بېرەلمىدى. ئۇرېلىئانونىڭ كۆڭلى مۇشۇ ھالەتنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى، بۇ ئۇماق سەبىي قىزچاقنىڭ گۈلسامساق بەرگىدەك ئاپئاق ئۆڭىگە، يېشىل گۆھەردەك كۆزلىرىگە قاراپ، دادىسىنى ئىززەتلىگىنىدەك ھەربىر ئېغىز سۆزىدە ھۆرمەت كۆرسىتىپ «ئەپەندى» دەپ سورايدىغان سوئاللىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىشنى خالايتتى. شۇ تاپتا بىر بۇلۇڭدىكى ئۈستەلنىڭ ئالدىدا چۈشىنىكسىز بەلگىلەرنى سىزىپ ئولتۇرغان مېرگادىسقا ئۆچلۈكى كېپكەتتى. ئۇرېلىئانو نېمە قىلارىنى بىلەلمەي رىمەدىسكە قولىدىكى ئالتۇن بېلىقنى پۈتكۈزۈپ سوۋغا قىلىپ بېرەي دېۋىدى، قىز قورقۇپ كېتىپ ئۆچقاندەك قېچىپ چىقىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇرېلىئانونىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئىچىگە يوشۇرۇپ كەلگەن سەۋر ـ تاقىتى ئاخىر تېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئەمدى قولى ئىشقا بارمىدى. پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ رىمەدىسنى ئىچىدە كۆرمەك قېتىم ئىلتىجا بىلەن چاقىردى. بىراق، رىمەدىستىن جاۋاب بولمىدى. ھەدىسىنىڭ تىكىمخانىسىغا بېرىپ ئىزدەپ باقتى، ئۆيىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىگە بېرىپ ماراپ باقتى، دادىسىنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ئىزدەپ باقتى، بەربىر كۆرۈشەلمىدى. رىمەدىسنىڭ ئوماق سىماسىنى يېنىش ـ يېنىشلاپ ئەسلەش ئارقىلىقلا مىسكىن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. مېھمانخانىدا رېبېكا بىلەن ئاپتوماتىك پىيانىنودىن ياڭراۋاتقان ۋالىس مۇزىكىسىنى ئاڭلاپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. رېبېكا ئۆزىگە پېترو

كىرىسىنى مۇشۇ مۆزىكىغا تانسا ئۆگەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاڭلايتتى، ئورىلىئانو بولسا رېمەدىسنى ئەسلىتىدىغانلىكى ئەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە مۇشۇنداق بېرىلەتتى، مۆزىكىمۇ شۇ ئەرسىلەرنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى.

پۈتۈن ئۆي ئىشقىي سەۋدايىلىقىا تولۇپ كەتكەندى. ئورىلىئانونىڭ ئىشىق ئوتى بىلەن پۈتكەن باش - ئايىغى يوق مىسرالىرى مېرگادىس بەرگەن قوپال تېرە قەغەزلەرگە، مۇنچا تاملىرىغا، ھەتتا ئورىلىئانونىڭ بىلەكلىرىگە تولۇپ كەتتى، بۇ مىسرالارنىڭ ھەممىسىدە رېمەدىسنىڭ خىيالىي كۆلەڭگۈسى نامايان بولاتتى، قاق چۈش ۋاقتىدىكى پىژغىرىم ئىسسىق ھاۋادا، ئەتىرگۈلنىڭ ئۈنسىز تىنىقلىرىدا، قاپلىق قۇرتلارنىڭ شىتىرلاشلىرىدا، سەھەردە پىشۇرۇلغان بولكىنىڭ ھورىدىمۇ رېمەدىسنىڭ سىماسى جىلۋىلىنەتتى، رېمەدىس ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا بولماي قالمايتتى. رېبېكا ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە سۆيگىنىدىن كېلىدىغان خەتنى كۈتكەچ دېرىزىنىڭ تۈۋىدە كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى. قېچىرلىق پوچتىكەشنىڭ ماكوندوغا ئون بەش كۈندە ئاران بىر قېتىم كېلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ۋاقىتنى خاتا ھېسابلاپ ھەرقانداق بىركۈنى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، دېگەن ئۈمىدتە ھەر كۈنى يولغا تەلمۈرەتتى. بىراق، بۇ قېتىم ئىش كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىپ، پوچتىكەش كېلىدىغان كۈنى كەلمەي قويدى. ئۈمىدسىزلىكتىن سەۋدايى بولۇپ كەتكەن رېبېكا تۈن نىسپىدە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ گۈللۈككە چىقتى - دە، خۇددى ئۆلۈپ بەرمەكچى بولغاندەك گۈللۈكنىڭ توپىسىنى سىقىمداپ - سىقىمداپ ئېلىپ يېگىلى تۇردى. ئەلەمى ۋە غەزىپىگە چىدىماي يىغلىغىنىچە يۇمشاق سازاڭلاردىن تارتىپ قاتتىق قۇلۇلە قاپلىرىغىچە قويماي چاينىدى، يېگۈدەك يېرى قالمىغاندا تاڭ ئاتقىچە قۇسۇپ چىقتى، ئاخىرىدا ئەسەبىيلىكتىن زەئىپلىشىپ بېرىپ ئەس - ھوشىنى يوقاتتى - دە، ھاياسىزلارچە جۆيلۈپ سىرىنى ئاشكارىلاپ قويدى. ئۇرسۇلا بۇ ھالدىن قاتتىق چۆچۈپ، رېبېكانىڭ كىيىم ساندۇقىنىڭ قۇلۇپىنى بۇزۇپ ئېچىپ ئاختۇرغاندى، ساندۇقنىڭ تېگىدىن قىزىل يىپەك لېنتىدا چىگىپ قويۇلغان، خۇشبۇي ئەتىر ھىدى تارىلىپ تۇرىدىغان ئون ئالتە پارچە مۇھەببەت خېتى، كونا كىتابنىڭ

قېتىمغا قىستۇرۇپ قويۇلغان قۇرۇق گۈل ياپرىقى ۋە گۈل بەرگى، شۇنداقلا قول تەگسىلا ئۆزۈلۈپ كېتىدىغان كېپىنەك ئەۋرىشكىسى چىقتى.

رىبېكانىڭ دەردىنى ئورېلىئانولا چۈشىنەتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئۇرسۇلا رىبېكانى سەۋدايىلىقتىن ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەپىلىشىۋاتقاندا ئورېلىئانو ماگنىفىكو ۋىسپار ۋە گېرىنىلېردو ماركوسلار بىلەن بىللە كاتالىنونىڭ سارىيىغا كەلدى. ھازىر بۇ سارايغا بىر رەت ياغاچ ئۆيلەر سېلىنغانىدى، بۇ ئۆيلەردە تۇرۇۋاتقان تۇل خوتۇنلارنىڭ تېنىدىن سولغان گۈللەرنىڭ ھىدى كېلىپ تۇراتتى. گارمونچىلار بىلەن داپچىلاردىن تەركىب تاپقان ئوركېستىر ماكوندوغا كەلمىگىنىگە ئۈچ يىل بولغان باتۇر فىرانسىسكونىڭ ناخشىلىرىغا تەڭكەش قىلىپ بېرىۋاتاتتى. ئۈچ ئاغىنە شېكەر قومۇش ھارىقى ئىچتى، ماگنىفىكو بىلەن گېرىنىلېردولار ئورېلىئانو بىلەن تەڭ دېمەتلىك بولسىمۇ، ئورېلىئانوغا قارىغاندا جاھاننىڭ ئەلىم ـ تەلىمىنى خېلى چۈشىنەتتى. ئۇ ئىككىسى قۇچاقلىرىغا ئولتۇرغۇزۇۋالغان خوتۇنلار بىلەن تەمتىرىمەي ئىچىشىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى چىرايى سولغۇن كۆرۈنىدىغان ئالتۇن چىشلىق خوتۇن ئورېلىئانونى سىلاشقا ئۇرۇنۇۋىدى، ئورېلىئانو رەت قىلىپ سىلاتمىدى. شۇ تاپتا ئىچكەنسېرى رېمەدىسنى سېغىنىپ كېتىۋاتاتتى. بىراق، ھاراقنىڭ ئاچچىقى بىلەن ئىچ پۇشۇقى چىقىپ، سېغىنىشنىڭ دەردىگە تېخىمۇ چىدامىلىق بولۇپ قالغاندەك بىلىنىدى. قاچاندىن باشلاپكى، ھاراقنىڭ كەيپى تۇتۇپ بېشى ئايلانغىلى تۇردى. دوستلىرى ۋە ھېلىقى ئاياللار كۆزىگە گىرىمسەن چىراغ يورۇقىدا لەيلەپ يۈرگەندەك كۆرۈندى، گەپلىرىمۇ ئاغزىدىن چىقمايۋاتقاندەك، سىرلىق قول ئىشارىلىرى چىرايىدىكى ئىپادىسىگە زادىلا ماس كەلمەيۋاتقاندەك بىلىنىدى. كاتالىنو بىر قولىنى ئورېلىئانونىڭ مۈرىسىگە قويۇپ:

ـــ سائەت ئون بىر بوپقالدى، ـــ دېدى.

ئورېلىئانو ئارقىغا قايرىلىپ قارىۋىدى، قۇلىقىغا سۇنئىي گۈل قىستۇرۇۋالغان بىر سىنىڭ غەلىتىلا يوغان يۈزى كۆرۈندى. شۇنىڭدىن كېيىن خۇددى ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى تارقالغان چاغلاردىكىدەكلا ئېسىنى يوقاتتى ـ دە، ئەتىسى تاڭغا يېقىن ئاران

ئېسىگە كەلدى. قاراپ بېقىۋىدى، ناتونۇشلا بىر ئۆيدە ياتاتتى، پىلار تېرنېرا كۆينەكچان، يالىڭاياغ ۋە چاچلىرى چۇۋۇق پېتى ئۇنىڭ يۈزىگە چىراغ تۇتۇپ شۇنداقلا قارىدى ــ دە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى:

ــ ئورېلىئانو ئىكەنسەنغۇ!

ئورېلىئانو ئۆزىنى سەل ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغانلىقى ئېسىدە يوق ئىدى. بىراق، نېمە مەقسەتتە كەلگىنىنى ئېنىق بىلەتتى. چۈنكى، بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپ ئىچىدە ساقلاپ كەلگەن سىرىمۇ دەل شۇ ئىدى.

ــ مەن سەن بىلەن ياتقىلى كەلدىم.

ئورېلىئانونىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى يۇندا ۋە قۇسۇقلار بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. پىلار تېرنېرا ئىككى كىچىك ئوغلى بىلەن تۇراتتى، ئورېلىئانودىن ھېچنېمە سورىمايلا ئۇنى بىر كارىۋاتقا باشلاپ بېرىپ ئولتۇرغۇزدى ـ دە، ھۆل لۆڭگە بىلەن يۈز ـ كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تازىلىدى. كىيىملىرىنى سالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىمۇ كىيىملىرىنى سېلىپ قىپيالىڭاچ بولۇپ بەردى. ئاندىن بالىلىرىنى ئويغىنىپ قالسا كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ چىمىلدىقنى چۈشۈرۈۋەتتى. پىلار تېرنېرا بۇرۇنقى مەھەللىدە قالغان ھېلىقى ئادەمنى، بۇ مەھەللىدىن كېتىپ قالغان ئادەمنى، پالىنىڭ گاڭگىرىتىشى بىلەن قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق كۈتۈپ كەلگەن نامەلۇم ئادەملەرنى كۈتۈپ زېرىككەنىدى. چۈنكى، كۈتۈۋېرىپ چىرايىغا قورۇق چۈشكەن، ئەمچەكلىرى سوغۇپ كەتكەن، قەلبىدىكى ھەۋەس ئوتىمۇ ئۆچكەنىدى. شۇ تاپتا قاراڭغۇلۇقتا سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ بىر قولىنى ئورېلىئانونىڭ قورسىقىغا قويدى ـ دە، بويىنىغا ئانىلارچە مېھرى بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى. «بىچارە قوزام» دەپ پىچىرلىدى پىلار تېرنېرا. ئورېلىئانو تىترەپ كەتتى. نادامەت قىيالىرىدىن قۇۇلۇق بىلەن قىلچە توساقسىز ئۆتكىنىدە، رىمەدىسنىڭ بىپايان سازلىقتا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىدى. بۇ سازلىقتىن يېڭى تۇغۇلغان ھايۋانلارنىڭ ھىدى ۋە يېڭى دەزماللانغان كىيىمنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ئورېلىئانو قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ بولدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. باشتا ئېسەدەپ يىغلىدى، كېيىن ئۆزىنى

توختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. شۇ تاپتا ئىچىگە يىغلىپ قالغان دەردلىرى ياشلىرى بىلەن تەڭ يار ئېلىپ كەتكەن تۇغان سۇيىگە ئوخشاش ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. پىلار تېرنېرا ئورىلىئانونىڭ چاچلىرىنى بارماقلىرى بىلەن تارىغاچ، ئۇنىڭ دەردلىرىنى چىقىرىۋېلىشىنى ساقلاپ تۇردى، ئاخىرى چىداپ بولالماي، ئۇنى بۇنچە جاندىن تويغۇزىۋەتكەن ئادەمنىڭ كىملىكىنى سورىدى:

— كىم ئۇ؟

ئورىلىئانو ئېيتىپ بېرىۋىدى، پىلار تېرنېرا كۈلۈپ كەتتى. ئۇز ۋاقتىدا كەپتەرلەرنىمۇ ئۈركۈتۈۋېتىدىغان جاراڭلىق كۈلكىسى ئەمدىلىكتە ئۇخلاۋاتقان باللىرىنىمۇ ئويغىتالمىدى.

— ئاۋۋال بېقىپ چوڭ قىلىۋال، — دېدى پىلار تېرنېرا چاقچاق قىلىپ. ئورىلىئانو بۇ چاقچاقتا يوشۇرۇنغان ھېسداشلىقنى سەزدى. بۇ ئۆيدىن چىققاندا ئۆزىنىڭ ئىش ئۇقمايدىغان چاغلىرىدىكى تەشۋىشلىرىدىن خالاس بولۇپلا قالماي، بىرنەچچە ئايدىن بېرى قىيناپ كەلگەن ئىشىق دەردىگە ئازراق بولسىمۇ مەلھەم تاپقاندەك بولۇپ قالدى. چۈنكى، پىلار تېرنېرا ئۇنىڭغا ئېنىق ۋەدە بەرگەنىدى:

— ئۇ قىز بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشەي، قاراپ تۇر، پەتنۇستا ئالدىڭغا ئېپكەلمىسەم ھېساب ئەمەس.

پىلار تېرنېرا دېگىنىنى قىلدى. بىراق، ھازىر پەيتى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، شۇ كۈنلەردە ئۆيدىكىلەرنىڭ ئارامى بۇزۇلغانىدى. رېبېكا ھېلىقىدەك ئالىتاغىل سۆزلەپ يۈرگەچكە سىرىنى ساقلىغىلى بولمايتتى، ئامارانتا رېبېكانىڭ كۆيۈك دەردىدە سەۋدايى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئوتتەك قىزىپ يېتىپ قالدى. بۇ ئاشىقسىز مەشۇق ئۈمىدسىز كۆيۈك دەردىدىن قۇتۇلۇش كويىدا مۇنچىغا كىرىۋېلىپ قەلبىدىكى جىمى ھېس ـ ھاياجانلىرىنى قەغەزگە تۆكەتتى، ئاندىن ئۇ خەتلەرنى ساندۇقىنىڭ تەكتىگە تىقىپ قوياتتى. ئۇرسۇلا تەڭلا ئاغرىغان ئىككى كېسەلگە يېتىشىپ بولالمايلا قالدى. ھەرقانچە پەم ئىشلىتىپ سوراپمۇ ئامارانتانىڭ چۈشكۈنلۈكىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا ئېنىقلىيالمىغاندىن كېيىن ئاخىر بىر ئەقىل تېپىپ، ساندۇقىنىڭ قۇلۇپىنى قايرىپ

ئىچىپ، ئەترگۈلدەك قىزىل يىپەك لىنتىدا چىگىلگەن خەتلەرنى تاپتى، ئۇ خەتلەرنىڭ ئارىسىغا تېخى سولاشمىغان نىلۇپەر بەرگى قىستۇرۇلغانىدى، قەغەزگە چۈشكەن ياش يۇقى تېخى قۇرۇپمۇ بولمىغانىدى. بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىسى پېترو كىرىسبىغا يېزىلغان بولسىمۇ، تېخى ئەۋەتىلمىگەنىدى. ئۇرسۇلا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، ئۆز ۋاقتىدا پىيانىنو ئالىمەن دەپ يوقۇمنى يەپتىمەن دەپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن قىزلارنى كەشتە تىكىشتىن چەكلەپ، قىزلىرى خام خىياللىرىدىن ۋاز كەچكەنگە قەدەر داۋاملىشىدىغان ھازا ھالەت جاكارلىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بولسا پېترو كىرىسپى توغرىسىدىكى بۇرۇنقى قارىشىنى ئۆزگەرتىپ، چالغۇ مېخانىكىسىغا شۇنچە ئۇستا ئىكەن دەپ ماختاپلا يۈرىدىغان بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا قىزلىرىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ باقتى ـ يۇ قىلچە پايدىسى بولمىدى. پىلار تېرنېرا ئورېلىئانوغا رېمەدىسنىڭ تېگىشكە ماقۇل بولغانلىقى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى يەتكۈزدى، ئورېلىئانو بۇ خەۋەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دەردىگە يېڭى دەرد قوشۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، بېشىغا كەلگەننى كۆرۈش قارارىغا كەلدى. دادىسى بىلەن ئانىسىنى مېھمانخانىغا چاقىرىپ رەسمىي سۆھبەتلەشتى، ئۇلار ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى بۇتتەك ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئوغلىنىڭ تاپقان لايىقىنىڭ ئېتىنى ئىشىتكەندە ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

ــ مۇھەببەت دېگەن بىر ۋابا ئىكەن! ــ ھۆركىرەپ كەتتى دادىسى، ــ ئەتراپىدا نى ـ نى چىرايلىق ھەم دۇرۇس قىزلار تۇرسا، قېرىشقاندەك دۈشمىنىمىزنىڭ قىزىنى ئالىمەن دېگىنىنى قارىمامدىغان.

ئۇرسۇلا بولسا ئوغلى تەرەپتە تۇردى، ئۇ موسكاتىنىڭ يەتتە قىزىنىڭ ھەممىسى چىرايلىق، نازاكەتلىك ھەم قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئوغلىمىزنىڭ كۆزى بار ئىكەن دەپ ماختاپ كەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ قىزغىنلىقىغا تەڭ كېلەلمەي ماقۇل كۆرۈشكە مەجبۇر بولدى. بىراق، رېبېكا بىلەن پېترو كىرىسپىمۇ توي قىلسۇن، دېگەن بىرلا شەرتنى قويدى. ئاندىن ئۇرسۇلاغا قولۇڭ بوشىغاندا ئامارانتانى ئۆلكە مەركىزىگە ئاپىرىپ ساياھەت قىلدۇرۇپ كەلگىن، باشقا يەردىكى ئادەملەر بىلەن

كۆپرەك ئۇچراشسا، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ دەردىنى ئۇنتۇشى مۇمكىن، دېدى. رىبېكا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ساقايدى ـ دە، شۇ خۇشلۇقىدا قىنىـ قىنىغا پاتماي يىگىتكە بىر پارچە خەت يازدى، خەتنى دادىسى بىلەن ئانىسىغا كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۆزى ئاپىرىپ پوچتىغا سالدى. ئامارانتا يالغاندىن دادىسى بىلەن ئانىسىنىڭ قارارىغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، قىزىتمىسىمۇ بارا ـ بارا ياندى. كۆڭلىدە بولسا: ھاياتلا بولىدىكەنمەن، رىبېكانىڭ توي قىلغىنىنى بىر كۆرەي، دەپ قەسەم ئىچتى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شەنبە كۈنى ھېلىقى ئۆي چېيىدىلا بىر قېتىم كىيگەن قوڭۇر سوكنا چاپىنىنى كىيىپ، قاتۇرما ياقىسىنى تاقاپ، پۇتىغا خۇرۇم ئۆتۈكىنى كىيىپ، رېمەدىس موسكاتلارنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ باردى. بازار بېگى ۋە خانىمى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ بۇ قېتىم نېمە مەقسەتتە ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي خۇشاللىق ئارىلاش تەمتىرەپ دېگۈدەك كۈتۈۋالدى. سەلدىن كېيىن بىزنى باشقا بىرسىنىڭ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ دەپ ئويلىدى. بۇ ئۇقۇشماسلىقنى ئېنىقلىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ خانىم رېمەدىسنى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن كۆتۈرۈپ مېھمانخانىغا ئېلىپ چىقتى. دادىسى بىلەن ئانىسى قىزىدىن راستىلا ئەرگە تېگىش قارارىغا كەلگەنمىدىڭ دەپ سورىۋىدى، ئۇ قىزبالا يىغلاپ تۇرۇپ مېنى ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى قويۇڭلارچۇ، دېدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە موسكات بىلەن خوتۇنىنىڭ گاڭگىراپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنىپ، شۇ ھامان ئورىلىئانونى تېپىپ بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى ماڭدى. قايتىپ كەلگىنىدە موسكات ئەپەندى بىلەن خانىمى كىيىملىرىنى يۆتكەپ، مېھمانخانىدىكى جاھازىلارنى قايتىدىن رەتلەپ تىزىپ، لوڭقىلارغا يېڭى گۈللەرنى سېلىپ ئۇلگۈرگەنىدى، ئالتە قىزىمۇ بىر ياندا ھەمراھ بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇراتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە سەل ئوڭايسىزلاندى، قاتۇرۇلغان ياقىسى بىلەنمۇ تازا قولىشالمايۋاتاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، ئوغلى تاللىغان قىزنىڭ ھەقىقەتەن رېمەدىس ئىكەنلىكىنى دادىللىق بىلەن ئېيتتى.

ــ تازا بىر ئىش بوپتۇ، ــ دېدى موسكات ئەپەندى كۆڭۈلسىزلىك بىلەن، ــ ئۇ قىزىمىنىڭ ئالدىدا يەنە ئالتە قىزىم بار، ھېچقايسىسىنىڭ بېشى باغلاقلىق ئەمەس،

يېشمۇ باب كېلىدۇ، ئوغلىڭىزدەك دۇرۇس ھەم ئىشچان يىگىتنىڭ ھەمرايى بولۇشقا جان دەپ رازى بولاتتى. بىراق، قېرىشقاندەك ئورپىلىئانونىڭ كۆڭلى تېخى ئورنىغا سىيىپ ياتىدىغان ئاشۇ ماڭقىغا چۈشۈپ قاپتۇ.

خانىمى ئوبدان كۆتۈنگەن لاتاپەتلىك ئايال ئىدى، ئۇ ئېرىنىڭ گېپىدىن خاپا بولۇپ، مېھمانلارغا ئەدەپسىزلىك قىلدىڭىز دەپ ئەيىبلىدى. مېۋە شەربىتى ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئورپىلىئانونىڭ قارارىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. بىراق، موسكات خانىم ئۇرسۇلا بىلەن ئايرىم سۆزلىشىپ كۆرسەم دەپ ئىلتىماس قىلدى. بۇ گەپتىن ھەيران قالغان ئۇرسۇلا مېنى ئەرلەرنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتۇرۇپسىلەر دەپ ئاغرىنغاندەك قىلسىمۇ، ئىچىدە خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسىلا ھاياجان ۋە قورقۇنچ ئىچىدە موسكاتلارنىڭ ئۆيىگە باردى. يېرىم سائەتتىن كېيىن قايتىپ كېلىپ ئوغلىغا رېمەدىسنىڭ تېخى بويىغا يەتمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئورپىلىئانو بۇنى ئۆتكىلى بولمايدىغان توساق ئەمەس دەپ قاراپ، شۇنچە ئۇزاق كۈتۈپتىمەن، زۆرۈر بولسا يەنە كۈتۈۋېرىمەن، تاكى رېمەدىس بويىغا يەتكۈچە كۈتىمەن، دېدى.

بۇرۇنقىدەك خاتىرجەم تۇرمۇش ئەسلىگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا مېرگادىسنىڭ ئۆلۈمى بىلەن يەنە بۇزۇلدى. مېرگادىسنىڭ ئۆلۈمى كۈتۈلمىگەن ئىش بولمىسىمۇ، ئۆلۈپ قالغان ۋاقتىدىكى ئەھۋالنى ھېچ كىم ئويلىمىغانىدى. مېرگادىس قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەي تېزلا قېرىلىق يېتىپ، ھېچكىمنىڭ ھاجىتى چۈشمەيدىغان بوۋايغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق بوۋايلار ئۆي ئىچىدە خۇددى ئەرۋاھلاردەك پۇتىنى سۆرەپ مېڭىپ يۈرۈپ، ئۆتۈپ كەتكەن ياخشى كۈنلىرىنى شېپى كەلتۈرۈپ كوتۇلداۋېرىدۇ، لېكىن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايدۇ، تاكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە كارىۋاتتا ياتقان ئۆلۈكىنى چېلىقتۇرغاندىلا ئاندىن شۇنداق بىر ئادەمنىڭ بارلىقىنى ئەسكە ئېلىشىدۇ. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە دەسلەپتە قەلەيگە رەسىم چۈشۈرۈش تېخنىكىسى ۋە ناستارا داماسىنىڭ بېشارەتلىرىگە بېرىلىپ كەتكەچكىلا مېرگادىسنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ تۇراتتى. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ يېكىرلەشمىكى كۈندىن ـ

كۆنگە قېيىنلىشىپ باردى، ئاخىر ئۇ بوۋاينى غېرىب ھالىچە تاشلىۋەتتى. مېرگادىسنىڭ كۆزلىرى تۇتۇلغان، قۇلاقلىرى ئېغىرلىشىپ كەتكەن، ئېسىنى تازا بىلمەيدىغان، ئۆزگە گەپ قىلغان ئادەمنى ئەلمىساقتىا تونۇشۇپ قالغان ئادەم دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. باشقىلارنىڭ سوئاللىرىغا خىلمۇخىل تىللارنى ئارىلاشتۇرۇپ جاۋاب بېرەتتى. بىركۈنى ئەتىگىنى كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى كۆرۈشكىغا ئاخشىمى سېلىپ قويغان يالغان چىشىنى ئاغزىغا سېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن سالمايلا قويىدى. ئۇرسۇلا ئۆي ـ جاينى كېڭەيتكەندە مېرگادىسقا ئاتاپ ئايرىم بىر ئېغىز ئۆي سالدۇرۇپ بەرگەنىدى. بۇ ئۆي ئورېلىئانونىڭ زەرگەرخانىسىغا يېقىن، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن خالىي ئىدى، تېخى تازا ئاپتاپ چۈشىدىغان يوغان دېرىزىسىمۇ بار ئىدى. ئۇرسۇلا بۇ ئۆيگە بىر كىتاب جاھازىسى ئەكىرگۈزۈپ بەرگەن ھەمدە كىتاب جاھازىسىغا بوۋاينىڭ چاڭ ـ توزان بېسىپ، قۇرت چۈشۈپ چىرىشكە باشلىغان كونا كىتابلىرى، چۈشىنىكسىز بەلگىلەر بىلەن تولغان، چۈرۈپ جېنى ئارانلا قالغان قەغەزلىرىنى، سۇنئىي چىشىنى سالىدىغان كۆرۈشكىسىنى ئۆز قولى بىلەن چىرايلىق تىزىپ بەرگەنىدى، بۇ كۆرۈشكىغا سۇ ئۆسۈملىكى ئۈنۈپ قېلىپ، نازۇك چېچەكلەپمۇ كەتكەنىدى. مېرگادىس بۇ يېڭى ئۆيىنى بەك ياقتۇرۇپ قالغاندەك قىلاتتى، شۇڭا تالاغا چىققىسىمۇ كەلمەيتتى، ھەتتا كېيىنچە تاماقخانىدىمۇ قارىسى كۆرۈنمەس بولۇپ كەتكەنىدى. بوۋاي پەقەت ئورېلىئانونىڭ زەرگەرخانىسىدىن باشقا يەردە بولمايتتى، زەرگەرخانىغا بىر كىرىۋالسا، قاتلىما ناندەك يېرىلىپ كەتكەن تېرە قەغەزلىرىگە سىرلىق بەلگىلەرنى جىجىلاپ سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇراتتى. ۋېھتازان كۈنىگە ئىككى قېتىم ئەكىرىپ بېرىدىغان تاماقنى مۇشۇ يەردىلا يەيتتى. بىراق، ئاخىرقى كۈنلەردە ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ كۆكتاتتىن باشقىسى كېلىدىن ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالغاچقا، ئۇزاققا بارمايلا گۆش يېمەسلەردەك جۈدەڭگۈ چىراي بولۇپ قالدى. بەدىنىنى قىش ـ ياز ئۇچىسىدىن سالمايدىغان كونا جىلىتكىسىدىكىدەك كۆك داغ بېسىپ كەتتى، تىنىقىدىن ئۇخلاۋاتقان جاندارلارنىڭكىگە ئوخشاش بىر خىل سېسىق پۇراق كېلەتتى. ئورېلىئانو كېيىنچە بۇ سىگاننىڭ يېنىدا بارلىقىنى ئۇنتۇپ

شېئىرلىرىغا چۈكۈپلا كېتىغان بولدى. بىراق، بىر قېتىم مېرگادىسنىڭ گۈڭۈر ـ مۈڭۈرلىرىدىن بىرنېمىنى ئاڭقىرغانداك بولدى ـ دە، قۇلاق سېلىپ ئاڭلاپ باقتى. نىھايەتكى، ئاڭقىرالىغىنى زەگەرچىلىك بولقىسىنىڭ تىكىلدىغىنىدەك تەكرارلىنىۋاتقان ئېكىنوككو ـ ئېكىنوككو ـ ئېكىنوككو[1] دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئالېكساندىر فون ھومبولت[2] دېگەن ئادەمنىڭ ئىتىلا بولدى. ئورېلىئانونىڭ ئاكىسى ئاركادىئو ئىنىسىنىڭ ئىشىغا ياردەملىشىۋاتقان چاغلاردا مېرگادىسقا يېقىنچىلىق قىلىپ باققاندى، بوۋايمۇ ئاركادىئونىڭ بۇ ئۇرۇنۇشىغا ماسلىشىپ پات ـ پات ھازىرقى رېئاللىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوق كاستىلىيەچە ئىسپان تىلىدا سۆزلەپ قوياتتى. مېرگادىس بىركۈنى كەچقۇرۇن ئۇشتۇمتۇت قاتتىق ھاياجاندىن روھلىنىپلا كەتتى. ئاركادىئو خېلى يىللاردىن كېيىن جازا ئەترىتى مەيدىسىگە مىلتىق تەڭلاپ تۇرغان مىنۇتلاردىمۇ مېرگادىسنىڭ غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ بىرنەچچە بەت چۈشىنىكسىز يازمىلىرىنى ئوقۇپ بەرگەنلىرىنى ئېسىگە ئالىدۇ. ئۇ چاغلاردا ئاركادىئو ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشەنمىگەن، ھەتتا بوۋاينى شۇ تاپتا رىم پاپىسىنىڭ يارلىقىنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ قالغانىدى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن چىرايىدا ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈلمىگەن كۈلكە جىلۋىلەندى.

ــ مەن ئۆلگەندە ئۆيۈمدە ئۈچ كۈن سىماب كۆيدۈرۈڭلار، ــ دېدى مېرگادىس ئىسپان تىلىدا.

ئاركادىئو بۇ گەپنى دادىسىغا يەتكۈزدى. خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە بوۋايدىن تېخىمۇ ئوچۇقراق گەپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇۋىدى، ئالغان جاۋابى قىسقىلا بىر ئېغىز گەپ بولدى:

ــ مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىمەن.

ئاركادىئو مېرگادىسنىڭ تىنىقى سېسىق پۇرىغىلى تۇرغاندا ھەر پەيشەنبە كۈنى دەرياغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇردى. بۇنداق چاغلاردا مېرگادىسنىڭ كۆڭلى ياشىرىپ كېتەتتى ـ

① كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن، ئېكۋاتور بىلەن ئېكلىپتور كېسىشكەن نۇقتا.
② 1769 ~ 1859، گېرمانىيەلىك جۇغراپىيەشۇناس ۋە تەبىئەتشۇناس.

ده، كېيىملىرىنى سېلىۋېتىپ بالىلار بىلەن بىللە سۇغا چۆمۈلەتتى. سىرلىق نىشان سېزىمىگە تايىنىپ چوڭقۇر ۋە خەتەرلىك جايلاردىن ئەگىپ ئۈزەتتى.

— بىز سۇدىن بىنا بولغانمىز، — دېگەنىدى مېرگادىس بىر قېتىم.

بوۋاي شۇنىڭدىن كېيىن، ھېلىقى ئاخشىمى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ پىيانىنونى ئوڭشاشقا تىرىشىپ باققان ۋە قولتۇقىغا نوگاي بىلەن لۆڭگىگە ئورالغان كوكۇس سوپۇنىنى قىستۇرۇپ يۈيۈنغىلى دەرياغا بارغان چاغنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇزاق كۈنلەرگىچە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيلا قويدى. ئورېلىئانو بىر پەيشەنبە كۈنى مېرگادىسنى دەرياغا يۈيۈندۇرغىلى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا، «سىنگاپور ساھىلىدا قىزىتما كېسىلى بىلەن ئۆلدۈم» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدى.

مېرگادىس شۇ كۈنى دەريادا ئېزىقىپ يىراقلاپ كەتتى، شۇ ئېقىپ كەتكىنىچە ئەتىسى ئەتىگەندە دەريانىڭ ئايىغىدىكى بىر جايدىن تېپىلدى. جەسىتى دەريانىڭ بىر جەينىكىدىكى تېيىز دا توختاپ قالغانىدى. بايقالغان چاغدا بىر تازقارا قورسىقىغا قونۇۋالغانىدى. ئۇرسۇلا بۇ سىگانغا ئۆز ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىنمۇ ئۆتە قايغۇرۇپ ھازا ئاچتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خوتۇنىنىڭ قاتتىق ھەيرانلىقىغا ۋە قارشىلىقىغا قارىماي مېرگادىسنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىشكە ئۇنىمىدى.

— مېرگادىس مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ، تىرىلىشنىڭ رېتسىپىنى ئېيتىپ بەرگەن.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنلا تاشلىنىپ قالغان ئوچاققا ئوت يېقىپ سىماب ئۇسۇلغان قازاننى ئاستى. قازاندىكى سىماب قاينىغاندىن كېيىن، ئوچاقنىڭ يېنىدىكى جەسەتكە بارا ـ بارا كۆك قاپارتما ئۆرلەشكە باشلىدى. بازار بېگى دونالپولنار ئاموسكات غەيرىتىگە ئېلىپ، سۇدا ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋەتمىسىگىز ئاممىۋى تازىلىققا ئېغىر تەسىر يېتىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇردى.

— نەدىكىنى، تىرىك تۇرسا، — جاۋاب بەردى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە.

جەسەت قاينىغان سىمابنىڭ ئىسسىدا ئۈزۈلدۈرمەي يەتمىش ئىككى سائەت ئىسلانغاندىن كېيىن بوش پاراسلاپ قىنىق سۆسۈن چېچەكتەك يېرىلىشقا باشلاپ، سېسىق پۇراق ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇ چاغدىلا

كۆمۈۋېتىشكە قوشۇلدى. بىراق، جىمىمىدىلا كۆمۈۋەتمەي، ماكوندونىڭ ئەڭ چوڭ شاپائەتچىسى قاتارىدا تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلىمىز، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇراسىم پۈتۈن بازار بويىچە بىرىنچى قېتىملىق، شۇنداقلا ئادەم ئەڭ كۆپ قاتناشقان شۇنداق بىر دەپنە مۇراسىمى بولدىكى، بىر ئەسىردىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن گىراندىي ئانىنىڭ دەپنە مۇراسىمىدىلا مېرگادىسنىڭكى بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولاتتى. ئۇلار مېرگادىسنى قەبرىستانلىق ئۇچۇن ئېلىپ قويغان تۇزلەڭنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ قەبرە ياسىدى، قەبرە تېشىغا بۇ سىگان ھەققىدە بىردىنبىر بىلىدىغان «مېرگادىس» دېگەن ئىسىمىلا ئويۇلغانىدى. ئۇلار مېرگادىسنى دەپنە قىلغۇچە مېيىتىنى توققۇز كېچە باققانىدى. قولۇم ـ قوشنىلار شۇ ئارىلىقتا ھويلىغا يىغىلىپ قەھۋە ئىچىشىپ، لەتىپە ئېيتىشىپ، قارتا ئويناپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. ئامارانتا مۇشۇ پاتىپاراقچىلىقتا بىر پۇرسەت تېپىپ پېترو كىرىسپىغا مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىۋالدى. شۇنىڭدىن بىرنەچچە ھەپتە ئىلگىرى پېترو كىرىسپى بىلەن رېبېكاغا چاي ئىچۈرۈلگەن ھەمدە بۇرۇن ئەرەبلەر ئۆشىشاق ـ چۆششەك نەرسىلەرگە شاتۇتى تېگىشىدىغان جايدىكى تۈرك كوچىسى دەپ ئاتىلىدىغان كوچىدا پېترو كىرىسپى چالغۇ ۋە پۇرژىنىلىق ئويۇنچۇق دۇكىنى ئاچقانىدى. بۇ ئىتالىيانىنىڭ پارقىراق بۇدرە چاچلىرى خوتۇن ـ قىزلارنى ئىختىيارسىز ھەيرەتتە قالدۇراتتى. پېترو كىرىسپى ئامارانتانىڭ گەپلىرىنى كىچىكلىكتە بەڭباشلىق قىلىپ ئېيتقان ئانچىكىلا گەپكە چىقىرىۋەتتى.

ـــ بىر ئىنىم بار، ـــ دېدى پېترو كىرىسپى ئۇ قىزچاققا، ـــ پات ئارىدا دۇكىنىمغا قارىشىپ بەرگىلى كېلىدۇ.

ئامارانتا بۇ گەپنى ئۆزىگە ئېلىپ كېتىپ، ئاچچىقىدا پېترو كىرىسپىغا جاندىن ئۆتكىدەك قىلىپ:

ـــ ھەدەمنىڭ تويىنى توسقىنىم توسقان، ئالدىڭىزدا ئۆلۈپ بىرىشتىنمۇ يانمايمەن، ـــ دېدى.

ئادەمنى چۆچۈتكىدەك بۇ تەھدىتتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن پېترو كىرىسپى بۇ

گەپنى رىبېكاغا دېمەي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرسۇلانىڭ ئالدىراشچىلىقى تۈپەيلىدىن ئارقىغا سۈرۈلۈۋەرگەن ساياھەت تەييارلىقى بىر ھەپتە ئىچىدىلا پۈتۈپ كەتتى. ئامارانتا بىرنېمە دېمىدى. بىراق، رىبېكا بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— ئۇخلاپ چۈشۈڭ، مېنى بارسا كەلمەسكە ھەيدىۋەتسىمۇ بەربىر، سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ بولسىمۇ تويۇڭنى بۇزغىنىم بۇزغان! — دېدى.

ئۇرسۇلانىڭ يوقلۇقى، شۇنداقلا مېرگادىسنىڭ ھېلىمۇ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتقاندەك بىلىنىدىغان سىرلىق مەۋجۇتلىقى تۈپەيلىدىن بۇ ئۆيلەر ئادەتتىن تاشقىرى چوڭ بىلىنەتتى. رىبېكا ئۆي ئىشلىرىنى زىممىسىگە ئالدى، ئىندىيان ئايال بولكىخانىنى يۈرۈشتۈردى. پېترو كىرىسپى كەچقۇرۇنلىرى خۇشبۇي ئەتىر ھىدىنى پۇرىتىپ كىرىپ كېلەتتى، ھەر قېتىم كەلگىنىدە رىبېكاغا بىرەر ئويۇنچۇقنى سوۋغا قىلاتتى، رىبېكا ئۇنى مېھمانخانىدا كۆتۈۋالاتتى ھەمدە خەقنىڭ سۆز - چۆچەكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشىك - دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈغ ئېچىۋېتەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئېھتىياتچانلىقنى ئارتۇقچە دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى، بۇ ئىتالىياننىڭ دۇرۇس ۋە ئىشەنچلىك يىگىت ئىكەنلىكى تولۇق ئىسپاتلانغانىدى. رىبېكانىڭ يىل ئاتلىمايلا خوتۇنى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمايتتى. بۇ ئۆي پۇرژۇنىسىنى چىڭىتىپ قويسىلا لەرزان ئۇسۇلغا چۈشۈپ كېتىدىغان بالېت قونچاق، ئويۇنچۇق پىيانىنو، ئات، مايمۇن، باراباچى شەيتان، خىلمۇخىل مېخانىك ھايۋان دېگەندەك ئويۇنچۇقلار بىلەن تولۇپ كەتتى. پېترو كىرىسپى ئالغاچ كەلگەن بۇ ئاجايىپ - غارايىپ ئويۇنچۇقلار خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ مېرگادىسنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى قايغۇسىنى يەڭگىللەتكەندى، شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلغان دەۋرگە قايتىپ، ئىچ - قارنى چۇۋۇۋېتىلگەن ھايۋانلار، سەكسەن پارچە قىلىۋېتىلگەن زاپچاسلار ئەتراپىنى بىر ئالغان جەننەتتە ياشاشقا باشلىدى. تۇرۇپلا سائەت مايانىكنىڭ پىرىنسىپىدىن پايدىلىنىپ بىر لايىھە تۈزۈپ، بۇ ئويۇنچۇقلارنى

مەڭگۈ توختىماي ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان قىلماقچى بولاتتى. ئۇرپىلىئانو ئىش - ئوقىتىنى قايرىپ قويۇپ رېمەدىسنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا كىرىشىپلا كەتتى. رېمەدىس دەسلەپتە قورچىقنى ئويناپ ئولتۇرۇشقا رازى ئىدىكى، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن كېلىۋالىدىغان بۇ ئادەمنى ياقتۇرمىغانىدى. چۈنكى، ئۆيدىكىلەر شۇ ئادەمنىڭ كاساپىتىدىنلا ئويۇنچۇقنى ئېلىۋېلىپ يۇيۇندۇراتتى، كىيىم - كېچەكلىرىنى يەڭگۈشلىگۈزەتتى، ئاندىن مېھمانخانىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇ ئادەمنى كۈتكىلى سالاتتى. بىراق، ئۇرپىلىئانونىڭ سەۋرچانلىقى ۋە سەممىيلىكىدىن ئاخىر ئىرىپ قالدى - دە، ئۇرپىلىئانو بىلەن سائەت - سائەتلەپ بىللە ئولتۇرۇپ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆگىنىشكە، دەپتىرىگە رەڭلىك قەلەمدە ئۆي، قوتان، قوتاندىكى سىغىن كالا، سارغۇچ نۇر چېچىپ تاغنىڭ ئارقىسىغا ئولتۇرۇۋاتقان يۇمۇلاق قۇياش دېگەندەك مەنزىرە رەسىملەرنى سىزىشقا رازى بولدى.

سىڭلىسىنىڭ تەھدىتى تۈپەيلىدىن رېبېكانىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. ئامارانتانىڭ مىجەزىنى، تەكەببۇرلۇقىنى بىلگەچكە، زەھەرخەندىلىك بىلەن ئۆچ ئېلىشىدىن قورقاتتى. رېبېكا مۇنچىغا كىرىۋېلىپ سائەت - سائەتلەپ بارمىقىنى شۈمۈپ ئولتۇراتتى، توپا يېيىش ئىستىكىدىن ئۆزىنى ئاران - ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ئەندىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇ پىلار تېرنېراغا پال ئاچقۇزدى. پىلار تېرنېرا چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن بېشارەت بېرىپ:

— ئاتا - ئاناڭنى دەپنە قىلىۋەتسەڭ ئاندىن بەختىڭنى تاپالايدىكەنسەن، — دېدى.

رېبېكا شۈركۈنۈپ كەتتى. بىر زامانلاردا كۆرگەن بىر چۈشى ئېسىگە كەلگەندەك بولدى، شۇ چۈشىدە ئۆزىنىڭ كىچىك قىزچاق ئىكەنلىكىنى، چامادان، تەۋرەنمە ئورۇندۇق ۋە بىر تاغارنى كۆتۈرۈپ بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى كۆرگەندەك قىلاتتى. ئۇ تاغاردا نېمە بارلىقىنى ھازىرغىچە بىلمەيتتى. ئۇ چۈشىدە يەنە ماتا چاپان كىيىۋالغان، چاپىنىنىڭ ياقىسىغا بىر تال مىس تۈگمە قادالغان بولسىمۇ، قارتىدىكى كارولغا زادىلا ئوخشاشمايدىغان پاينەكباش بىر ئەپەندىنى خىرە - شىرە ئېسىگە ئالدى. ئۇ چۈشىدە يەنە ئىنتايىن ياش ۋە چىرايلىق بىر چوكاننىمۇ كۆرگەندەك قىلاتتى، ئۇ

چوكاننىڭ قوللىرى ئىللىق ۋە خۇشبۇي بولۇپ، غىچ ماتكىسىنىڭ رىماتىزىم قوللىرىغا يېقىنمۇ كەلمەيتتى. ئۇ ياش چوكان دائىم ئۆزىنىڭ چېكىسىگە چىرايلىق گۈل قىستۇرۇپ قويۇپ بازارنىڭ بۇك ـ باراقسان كوچىلىرىدا ئوينىتاتتى.

ـــ چۈشەنمىدىم، ـــ دېدى رىبېكا.

پېلار تېرنېرامۇ ئوخشاشلا گاڭگىراپ تۇراتتى.

ـــ مەنمۇ چۈشەنمىدىم، لېكىن پالدا شۇنداق چىقىۋاتىدۇ.

رىبېكا بۇ مۇجمەل بېشارەتتىن پەرىشان بولۇپ، بۇ ئىشنى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەگە ئېيتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بولسا پالغىمۇ ئىشىنىپسەن دەپ كايىپ كەتتى ـ يۇ ئۆزى بولسا ئىشكاپ ـ ساندۇقلارنى ئاختۇرۇپ، ئۆي جاھازىلىرىنى يۆتكەپ، كارىۋاتنىڭ شاللىرىنى ۋە پول تاختايلىرىنى قومۇرۇپ ئېچىپ، جەسەت سۆڭەكلىرى قاچىلانغان ھېلىقى تاغارنى ئىزدەپ ھەممە يەرنى تىنتىپ چىقتى. ئويلاپ بېقىپ، ئۆي كېڭەيتىپ ياسالغاندىن بۇيان ئۇ تاغارنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، غىپپىدە بېرىپ تامچىلارنى چاقىرىپ كېلىپ سورۇشتۇرۇۋىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى شۇ چاغدا ئۇ تاغارنى ئىشىغا تاقاشقانلىقى ئۇچۇن بىر ياتاق ئۆينىڭ تېمىنىڭ ئارىسىغا ئېلىۋېتەكەنلىكىنى ئىقرار قىلدى. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە كۈنگىچە ھەربىر تامغا قۇلاقلىرىنى يېقىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى، ئاخىر بىر تامدىن كېلىۋاتقان «شاراق ـ شاراق» ئاۋازنى ئاڭلىدى ـ دە، شۇ تامنى تېشىپ ئۇستىخان قاچىلانغان تاغارنى تېپىپ، شۇ كۈنىلا مېرگادىسىنىڭ قەبرىسىگە يېقىن بىر گۆرگە كۆمدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە شۇندىلا خۇددى بۇرۇن ئۆلتۈرۈۋەتكەن پىرودونسىئو ئاگىمورنىڭ روھىي پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلغان چاغدىكىدەك ئېغىر روھىي يۈكتىن خالاس بولۇپ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئاشخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇچە رىبېكانىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى.

ـــ قالايمىقان ئويلاردا بولما، چوقۇم بەختىڭنى تاپىسەن.

ئۇرسۇلا نەۋرىسى ئاركادىئو تۇغۇلغاندىن كېيىن پېلار تېرنېرانى ئۆيىگە دەسسەتمىگەنىدى. پېلار تېرنېرا رىبېكا بىلەن دوستلىشىپ قالغاندىن كېيىن بۇ

ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئۇنىڭغا يەنە ئېچىۋېتىلدى. پېلار تېرنېرا شۇنىڭدىن كېيىن خالىغىنىچە كېلىپ ـ كېتىپ يۈردى، ھەر كەلگىنىدە خۇددى بىر توپ ئۆچكە كىرىپ قالغاندەك غەۋغا كۆتۈرۈپ كۈلكە ـ پاراڭغا كۆمۈۋېتەتتى ھەمدە ئۆينىڭ ئەڭ ئېغىر ئىشلىرىنى تالىشىپ يۈرۈپ جان كۆيدۈرۈپ قىلاتتى. بەزىدە نېگاتىپ تاختىسىنى سەزگۈرلەشتۈرۈش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان ئاركادىئونىڭ زەرگەرخانىسىغا كىرىپ ئىشىغا قارىشىپ بېرەتتى. ئاركادىئو بۇ جۇۋاننىڭ شۇ قەدەر قولى ئەپلىكلىكى ۋە كۆيۈمچانلىقى، ئوتلۇق بېقىشلىرى، تېنىدىن تارىلىۋاتقان ھارارىتى، قاراڭغۇ ئۆيدە قورۇنۇپ ئولتۇرماي قاقاقلاپ كۈلۈشلىرى ئالدىدا تەمتىرەپ، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلەلمەي قالاتتى.

ئورېلىئانو بىر كۈنى تازا بېرىلىپ ئالتۇن ـ كۈمۈش سوقۇۋاتاتتى، پېلار تېرنېرا ئىش شىرەسىگە يۆلەنگىنىچە ئورېلىئانونىڭ شۇنچە بېرىلىپ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاماشا قىلىپ قاراپ تۇردى. شۇ ئەسنادا تاسادىپىي بىر ئىش يۈز بەردى. ئورېلىئانو جىيەنى ئاركادىئونى قاراڭغۇ فوتولابوراتورىيە بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى، كۆزلىرى پېلار تېرنېرانىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، پېلار تېرنېرانىڭ كۆزلىرىدىكى مەنا مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ــ ھە، نېمە بولدى؟ ــ دېدى ئورېلىئانو.

پېلار تېرنېرا لەۋلىرىنى چىشلەپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ــ جەڭگە لايىق ئۇستا مەرگەن ئىكەنسەن، ــ دېدى پېلار تېرنېرا، ــ ئاتقان ئوقۇڭ زايا كەتمەيدىكەن.

ئورېلىئانو ئۆز سېزىمىنىڭ توغرا چىققانلىقىنى بىلىپ خېلى يەڭگىللەپ قالدى ۋە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئىشىنى قىلىۋەردى.

ــ تەن ئالاي، ــ دېدى ئاندىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك سالماق ئاۋازدا، ــ مېنىڭ ئېتىمنى قويايلى.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئاخىر مۇرادىغا يەتتى: سائەتنىڭ پۇرژىنىسىدا ئۇسسۇل

ئويناۋاتقان قىزغا بىر زاپچاسنى ئورنىتىپ قويۇۋىدى، بۇ ئويۇنچۇق ئۆزىدىن چىقىۋاتقان مۇزىكىغا ئۈچ كۈن توختىماي ئۇسسۇل ئويناپ چىقتى. بۇ كەشپىياتى ئۇنى بۇرۇنقى ھەرقانداق ئەسەبىي ئىشىدىنمۇ بەكرەك ھاياجانغا سالغانىدى. ئەمدى ئۇ تاماقتىنمۇ، ئۇيقۇدىنمۇ قالدى. ئۇرسۇلانىڭ غەمخورلۇقى ۋە نازارىتىدىن خالىي بولغاچقا، خىياللارغا بېرىلىپ مەڭگۈلۈك سەۋدايىلىق پاتقىقىغا پاتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئېسىگە كېلەلمىدى. ئۆي ئىچىدە كېچە - كېچىلەپ ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ چىقاتتى، تۇرۇپلا ئۆزىچە ئۇنلۇك - ئۇنلۇك سۆزلەپ كېتەتتى، سائەت ماياتنىكىنىڭ پىرىنسىپىنى كالا ھارۋىسىغا، سوقىغا تەدبىقلىماقچى، ئەسقاتىدىغان بارلىق نەرسىلەرگە كېڭەيتىپ قوللانماقچى بولاتتى. ئۇيقۇسىزلىق ئۇنى تامامەن ھالىدىن كەتكۈزدى. بىركۈنى ئەتىگەندە چاچلىرى ئاپئاق بىر بوۋاي ھۇجرىسىغا پۇتلىرىنى سۆرەپ كىرىپ كەلدى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بوۋاينى تونۇيالمىدى، بۇ ئاق چاچلىق بوۋاي پىرودونسىئو ئاگىمور ئىدى. كىملىكىنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۆلۈكنىڭمۇ قېرىيدىغانلىقىدىن ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن دەرھال ئۆتكەن ئىشلار ئېسىگە كەلدى.

— پىرودونسىئو، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە، — شۇنچە يىراق يەردىن بۇ يەرنى قانداق تېپىپ كەلدىڭ!

پىرودونسىئو ئاگىمور ئۆلۈكلەر دۇنياسىدا ئۇزۇن يىل تۇرغاندىن كېيىن تىرىكلەرنى قاتتىق سېغىنغان، ھەمراھ تېپىۋېلىشقا شۇنچە تەشنا بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ دۇنيادىكى قىستاپ كېلىۋاتقان يەنە بىر ئۆلۈمدىنمۇ شۇ قەدەر قورققان ئىدىكى، ئاخىر ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىمۇ سېغىنىپ قالغان. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى شۇنچە ئۇزاق ئىزدىگەن. لېئوئاچىكى ئۆلۈكلەردىن، بايېدۇپاردىن، سازلىقتىن كەلگەن ئۆلۈكلەردىن سورۇشتۇرۇپ باققان. بىراق، ھېچقايسىسى ئۇ توغرىسىدا بىرنېمە دەپ بېرەلمىگەن. چۈنكى، مېرگادىس باقىي ئالەمدە ئالا - بۇلىماچ ئۆلۈم رويخېتىگە «كەلدىم» دەپ كىچىك قارا چېكىت قويۇپ بەلگە سېلىشتىن ئىلگىرى ماكوندو روھ - ئەرۋاھلارغا نامەلۇم ماكان ئىدى. خوس

ئاركادىئو بۇئېندىيە مەرھۇم پىرودونسىئو ئاگىمور بىلەن تاڭ ئاتقىچە پاراڭلىشىپ چىقتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن، ئۇيقۇسىزلىقتىن قاتتىق ھالسىرىغان ھالدا ئورېلىئانونىڭ زەرگەرخانىسىغا كىردى.

— بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— سەيشەنبە.

— مەنمۇ شۇنداقمىكىن دېۋىدىم، — دېدى خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە، — بىراق، ئۇشتۇمتۇتلا بۈگۈن دۈشەنبە ئەمەسمۇ، تۈنۈگۈن بىلەن ئوخشاشقۇ، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن. ھوي، ئاسمانغا، تاملارغا، كۈزلۈك تاشئالمىغا قارىغىنا، بۈگۈن يەنىلا دۈشەنبە ئىكەن.

ئورېلىئانو دادىسىنىڭ بۇنداق غەلىتە مىجەزىگە كۆنۈپ قالغاچقا كارى بولمىدى. ئەتىسى، يەنى چارشەنبە كۈنى دادىسى زەرگەرخانىغا كىردى.

— ۋاي كاساپەت، — دېدى دادىسى، — بۇ شامالغا قارا، ئاۋۇ قۇياشنىڭ غۇيۇلداپ كېتىۋاتقىنىغا قارا، ھەممىسى تۈنۈگۈن، بۈرناكۈن بىلەن ئوخشاشلا تۇرىدۇ. دېمەكچىمەنكى، بۈگۈنمۇ دۈشەنبە.

پېترو كىرىسپى شۇ كۈنى كەچتە خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ كارىدوردا قېرىلارغا خاس تەرىزدە ماڭقىلىرىنى ئېقىتقىنىچە كۆز يېشى قىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆردى، خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۇ ئالەمدە غېرىب بولۇپ قالغان پىرودونسىئو ئاگىمور، مېرگادىس، رېبېكانىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ھەمدە ئېسىگە ئالالىغانلىكى كىشىلەرنى ياد ئېتىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. پېترو كىرىسپى بولغۇسى قېيىنئاتىسىغا تاردا ئالدى ـ ئارقىچىلاپ ماڭالايدىغان بىر ئويۇنچۇق ئېيىقچاقنى بەردى. بىراق، بۇمۇ ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇريالمىدى. شۇنىڭ بىلەن سائەت مايانىكىنىڭ پىرىنسىپى بويىچە ئادەم سىلىپ ئۇچالايدىغان ماشىنا ياساش پىلانىڭىز قانداقراق بولدى، دەپ سورىغانىدى، خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇنداق ماشىنىنى ياساش مۇمكىن ئەمەس ئىكەن، مايانىك ھەرقانداق نەرسىنى كۆككە چىقىرالىغىنى بىلەن مېنى ئاسمانغا چىقىرالمىغۇدەك، دېدى. ئۇ پەيشەنبە كۈنى

زەرگەرخانىدا يەنە پەيدا بولدى، چىرايىدىن بىشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندەك دەردمەنلىكى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

— ۋاقىت ماشىنىسى چۇۋۇلۇپ كەتتى، — دېدى يىغلىغۇدەك بولۇپ، — ئۇرسۇلا بىلەن ئامارانتامۇ شۇنچە يىراقتا تېخى!

ئورېلىئانو كىچىك بالىنى دۆشكەنلىگەندەك تىللىۋىدى، ئىتائەتمەنلىك بىلەن جىمىپ قالدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاش كويىدا ھەر خىل نەرسىلەرنىڭ ئالدىنقى كۈندىكىدىن ئازىراق بولسىمۇ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەتراپنى پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئالتە سائەت ئىنچىكە كۆزەتتى. ئورنىدا تۈنبويى كىرپىك قاقماي يېتىپ، پىرودونسىئو ئاگىمور، مېرگادىس ۋە بارلىق مەرھۇملارنى دەردىنى تارتىشىپ بېرىشكە چاقىرىپ چىقتى. بىراق، ھېچقايسىسى كەلمىدى. جۈمە كۈنى ھېچكىم ئورنىدىن تۇرماستىلا تاشقى دۇنيانىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتكىلى تۇردى، ئاخىر بۇ كۈننىڭمۇ دۈشەنبە ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشىكنىڭ تاقاق ياغىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، ۋارقىراپ ـ جارقىرىغىنىچە مېتال تاۋلاش ئەسۋابلىرىنى، رەسىم ئاپپاراتىنى ۋە زەرگەرلىك دۇكىنىنى ئادەتتىن تاشقىرى قارا كۈچى بىلەن ياۋايىلارچە ئۇرۇپ چېقىپ ئەبجىقىنى چىقىرىۋەتتى، جىن چاپلىشىپ قالغاندەك كۈچىنىڭ بارىچە تووۋلايتتى، لېكىن گېپىنى ھېچكىم چۈشىنەلمەيتتى. ئەمدى ئۆيىنىڭ باشقا جايلىرىنىمۇ ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، ئورېلىئانو دەرھال قولۇم ـ قوشنىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ كىردى. يىقىتىۋېلىشقا ئون ئادەم، باغلىۋېلىشقا ئون تۆت ئادەم، سۆرەپ ئاپىرىپ ھويلىدىكى قېرى كاشتان دەرىخىگە باغلاشقا يىگىرمە ئادەم كەتتى. كىشىلەر ئاخىر ئۇنى دەرەخكە باغلىۋەتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە دەرەخكە باغلىۋېتىلگەندىن كېيىن چۈشىنىكسىز غەلىتە بىر تىلدا توختىماي ۋارقىراپ ـ جارقىرايتتى، ئاغزىدىن كۆك مازغاپ بۇژۇلداپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇرسۇلا بىلەن ئامارانتا قايتىپ كەلگەندىمۇ دەرەخكە باغلاقلىق پېتى تۇراتتى، ئۈستىبېشى يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەنىدى، چىرايىدىن ھېچ گۇنايى يوق سەبىي بالىدەك بىچارىلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. ئۇرسۇلا بىلەن ئامارانتا گەپ

قىلسا، كىملىكنى تونۇماي دەلدىيىپ قارىغىنىچە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەيتتى. ئۇرسۇلا ئىبرىنىڭ ئارغامچىغا سۈركىلىپ قاناپ كەتكەن پۇت ـ قوللىرىنى بوشىتىۋېتىپ بىلىدىكى ئارغامچىنىلا قالدۇردى. ئاپتاپتا قاقلىنىپ، يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ پالما دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا شۇ يەرگىلا لەمپە ياساپ بەردى.

# بەشىنچى باب

مارت ئېيىنىڭ بىر يەكشەنبە كۈنى نىكانور رېيىننانىڭ مېهمانخانىسىدىكى مېهراب ئالدىدا ئورېلىئانو بىلەن رېمەدىس موسكاتىنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ ئەر ـ خوتۇن بولۇشتى. موسكاتلار ئائىلىسىدە تۆت ھەپتە داۋام قىلغان ساراسىمىچىلىقمۇ شۇ كۈنى ئاخىرى ئاياغلاشتى. رېمەدىس بويىغا يېتىپ قالغان چوپچوك بىر قىز بولسىمۇ، تېخىچە بالىلىقىنى تاشلىمىغانىدى. ئانىسى ئىلگىرى بالاغەت دەۋرىدە ھەيز كۆرىدىغان ئىشلارنى دەپ بەرگەن بولسىمۇ، فېۋرال ئېيىنىڭ بىر ئاخشىمى مېهمانخانىغا چىرقىرىغان پېتى ئېتىلىپ كىرىپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان ئاچىلىرى بىلەن ئاكىسى ئورېلىئانوغا كالتا ئىشتىنىنىڭ شاكىلاتتەك قوڭۇر نەرسە بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەن ئېغىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن تويىنى بىر ئايدىن كېيىن قىلىش قارار قىلىندى. چۈنكى، رېمەدىسكە ئۆزى يۇيۇنۇپ ـ تارىنىشنى، كىيىملىرىنى ئۆزى كىيىشنى، ئەقەللىي ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشنى ئۆگىتىپ بولۇشقا ۋاقىت يېتىشمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئورنىغا سىيىپ قويىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر مەزگىل قىزىق خىشقا سىيدۈرۈپ بېرىشكە توغرا كېلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، توي كېچىسى ئەر ـ خوتۇن ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان مەخپىي ئىشلارنى ھەرگىز سىرتقا يايماي سىر تۇتۇش كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرۈشمۇ خېلى تەسكە توختىدى. چۈنكى، بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ساراسىمىگە چۈشۈپ ھەم بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكتىن، توي كېچىسى بولىدىغان ئىشلارنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدىكى ئۇقۇۋالغانلىرىنى ئۇچرىغانلىكى ئادەمگە دەۋەتكىلى ئاران تۇراتتى. بۇ ئىشلارغا ھەقىقەتەن كۆپ كۈچ كەتكەنىدى. بىراق، بەلگىلەنگەن خەيرلىك پەيت يېتىپ كەلگەندە بولسا بۇ قىزچاقنىڭ جاھاننىڭ ئىشلىرىغا پىششىقلىقى ئاچىلىرىدىن قېلىشمىدى. دوناپولنار موسكات ئەپەندى پاراس ـ

پۇرۇس پوجاڭزا ئاۋازى ۋە مۇزىكا سادالىرى ئىچىدە قىزىنى بىلىكىدىن قولتۇقلاپ رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن كوچىدىن ئۆتتى. رېمەدىس ئۆيلىرىنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىشىپ مۇبارەكلەۋاتقان قولۇم - قوشنىلارغا كۆلۈمسىرىگىنىچە قولىنى پۇلاڭلىتىپ ھۆرمەت ۋە تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. قارا سوكنا شىم - چاپان، مىس تۈگمىلىك قارا ئۆتۈك كىيگەن ئورېلىئانو (بىرنەچچە يىلدىن كېيىن جازا ئەترىتىدىكىلەر كۆكرىكىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغاندىمۇ پۇتىدا مۇشۇ ئۆتۈكى بار ئىدى) قىزنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، ئاندىن مېھرابنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. بۇ جەرياندا جىددىيلىشىپ كەتكەن ئورېلىئانونىڭ چىرايى تاتىرىپ، گاللىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. رېمەدىس بولسا ئۆزىنى تەبىئىي ۋە ئەركىن تۇتتى. ئورېلىئانو بارمىقىغا ئۈزۈك سېلىپ قويۇۋاتقاندا تەمتىرەپ كېتىپ ئۈزۈكنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتكەندىمۇ رېمەدىس قىلچە پېتىنى بۇزمىدى. مېھمانلار پىچىرلىشىپ غۇلغۇلىغا چۈشكەنىدى، رېمەدىس بولسا تاكى يىگىت ئىشىك تەرەپكە يۇمىلاپ كېتىۋاتقان ئۈزۈكنى پۇتى بىلەن توسۇۋېلىپ، شەلپەردەك قىزارغىنىچە مېھراب ئالدىغا كەلگۈچە كەشتىلىك پەلەي سالغان قولىنى چىرايلىق كۆتۈرۈپ نامسىز بارمىقىنى سۇنغىنىچە ۋەزمىن بىر ھالدا تۇرۇۋەردى. ئانىسى بىلەن ھەدىلىرى رېمەدىسنىڭ توي مۇراسىمىدا چاندۇرۇپ قويۇشىدىن قورقۇپ تۇراتتى، شۇ خۇشلۇقىدا ئېتىلىپ بېرىپ سۆيۈپ ئۆزلىرى چاندۇردى. رېمەدىس شۇ كۈندىن باشلاپلا كۆتۈلمىگەن ئوڭۇشسىزلىق ئالدىدىمۇ ھولۇقۇپ كەتمەي ئۆزىنى سالماق ۋە ئېغىر بېسىق تۇتۇشتەك ئېسىل سۈپەت پەزىلىتىنى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدى. توي تورتىدىن يوغان بىر پارچە كېسىپ، پەتنۇسقا ۋىلكا بىلەن قويدى - دە، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. بەستلىك بۇ بوۋاي دەرەخكە باغلاقلىق پېتى كاشتان لەمپىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك بىر ئورۇندۇقتا دۈگدىيىپ ئولتۇراتتى، يامغۇر ۋە ئاپتاپتا تۇرۇۋېرىپ ئىنتايىن ھالسىزلىنىپ كەتكەن، چىرايىنىڭ قېنى قاچقانىدى. بوۋاي رېمەدىسكە مىننەتدارلىق بىلەن كۆلۈمسىرەپ قويۇپ، چۈشىنىكسىز بىر مۇناجاتنى غىڭشىپ ئېيتقاچ تورتنى يېيىشكە باشلىدى. توي ۋاڭ - چۇڭى دۈشەنبە

سەھەرگىچە داۋاملاشتى. توي داۋامىدا بىردىنبىر بەختسىز ئادەم توي ئىشى بۇزۇلغان رىبېكا بولدى. ئەسلىدە رىبېكانىڭ تويىمۇ ئۇرسۇلانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە شۇ كۈنى بولماقچى ئىدى. پېترو كىرسپى جۇمە كۈنى ئانىسىنىڭ سەكراتقا چۈشۈپ قالغانلىقى ھەققىدە نامسىز خەت تاپشۇرۇۋالغاچقا تويى كېچىكتۈرۈلگەنىدى. پېترو كىرسپى خەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ بىر سائەتتىن كېيىن ئۆلكە مەركىزىگە يۈرۈپ كەتتى، ئانىسى بولسا شەنبە كۈنى كەچتە تويغا ئۈلگۈرۈپ كەلدى، يولدا ئوغلى بىلەنمۇ ئۇچرىشالمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغلىنىڭ تويغا تەييارلاپ كەلگەن ناخشىسىنى ئورېلىئانونىڭ تويغا ئېيتىپ بەردى. پېترو كىرسپى ئۆزىنىڭ تويغا ئۈلگۈرۈپ كېلىشكە ئالدىراپ يولدا بەش ئاتنى كېرەكتىن چىقارغان بولسىمۇ، يەكشەنبە كۈنى يېرىم كېچىدە، ئورېلىئانونىڭ تويى ئاخىرلىشىش ئالدىدا ئاران كېلەلىدى، بۇ چاغدا تويىنىڭ قالدى ـ قاتتىللىرىنى يىغىشتۇرۇشتىن باشقا ھېچ ئىش قالمىغانىدى. ئۇلار ھېلىقى بولمىغۇر خەتنى زادى كىمنىڭ يازغانلىقىنى پەقەتلا ئېنىقلىيالمىدى. ئۇرسۇلا ئامارانتانى سوراققا تارتىۋىدى، ئامارانتا ئەلەمدىن يىغلاپ ياغاچچى تېخى چۈۋۈۋەتمىگەن مېھراب ئالدىدا مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق، دەپ قەسەم ئىچتى.

ئاموسكات ئەپەندى پوپ نىكانور رېيىنانى مەخسۇس توي مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ بېرىدۇ دەپ قوشنا شەھەردىن چىللاپ كەلگەنىدى. ئۆز كەسپىنىڭ ئەتىۋارى بولماي يوقسۇل ئۆتۈۋاتقان بۇ بوۋاي چىرايى خۇنۇك، قوشۇمىسى تۈرۈك، ئورۇقلىقىدىن بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قورسىقى دۈپدۈگىلەك ئادەم ئىدى. خۇشامەتتىن پۇرۇلۇپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە ساددىلىقىدىن شۇنداق قىلىۋاتىدۇ دېگەن تۇزۇكرەك ئىدى. پوپ نىكانور رېيىنا ئەسلىدە تويىنى تۈگىتىپلا ئۆز مۇرتلىرى ئارىسىغا كەتمەكچى ئىدى. بىراق، ماكوندولۇقلارنىڭ شۇ قەدەر ئەقىلسىزلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى، ئۇلار ھېچنېمىدىن تەپ تارتماي تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىش كۆرۈپ ياشاۋېرەتتى، باللىرىنى چوقۇندۇرمايتتى، ھېيت ئۆتكۈزمەيتتى. پوپ بۇ يەرنىڭ دىنىنىڭ نۇرىغا دۇنيا بويىچە ھەرقانداق جايدىنمۇ بەكرەك

موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماكوندودا يەنە بىر ھەپتە تۇرۇپ بۇ ئىنسانلار ۋە ياقا يۇرتلۇقلارنى چوقۇندۇرۇپ، نىكاھسىز ئەر ـ خوتۇنلارنى ھالاللاپ قويماقچى، سەكراتتا ياتقانلارنى چوقۇندۇرۇپ قويماقچى بولدى. بىراق، ھېچكىم گېپىگە كىرمىدى، ئۇلار شۇنچە يىلدىن بېرى پوپسىزمۇ بىر ئوبدان ياشاپ كەلدۇق، قىيامەت مەسىلىسىنى تەڭرىنىڭ ئۆزى بىلەن بىۋاسىتە ھەل قىلىپ كېلىۋاتىمىز، ئۆلۈم جازاسىغا لايىق گۇناھ ئۆتكۈزۈپ بۇلغىنىشتىن ساقلىنىپ كېلىۋاتىمىز، دېيىشتى. پوپ نىكانور ئوچۇقچىلىقتا ۋەز ئېيتىۋېرىشتىن زېرىكىپ، ماكوندودا دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ بىر چېركاۋ سالدۇرۇشقا بەل باغلىدى، چېركاۋغا پەيغەمبەرنىڭ ئادەم بويى كېلىدىغان ھەيكەللىرىنى قويماقچى ۋە گۈللۈك دېرىزە ئورناتماقچى، شۇنىڭ بىلەن بۇ دىنسىزلار مەركىزىنى كىشىلەر رىمدىنمۇ تاۋاپقا كەلگۈدەك تاۋاپگاھقا ئايلاندۇرۇۋەتمەكچى بولدى ـ دە، مىس تاۋاق كۆتۈرۈپ تەرەپ ـ تەرەپتە ئىئانە توپلاشقا كىرىشتى. خېلى جىق كىشى سېخىيلىق بىلەن سەدىقە بەردى، لېكىن پوپقا تېخىمۇ جىق پۇل كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ چېركاۋغا سۇغا غەرق بولغان ئادەممۇ ئاۋازىدىن لەيلەپ چىققۇدەك يوغان مىس قوڭغۇراق ئورناتمىسا بولمايتتى. شۇڭا كىشىلەرگە تولا يېلىنىپ ئۈنىمۇ پۈتۈپ كەتتى، تولا مېڭىپ پۇتلىرىغىمۇ قاداق چۈشۈپ كەتتى.

بىر ھەپتە ئۆتتى، توپلانغان ئىئانە پۇلى چېركاۋ دەرۋازىسىغىمۇ چىقمايتتى، پوپ بۇ ھالدىن ئۈمىدسىزلىككە پاتتى. ئەتىسى مەيدانغىلا مېھراب قۇرۇپ، خۇددى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى تارقالغان چاغلاردىكىدەك قوڭغۇرىقىنى جىرىڭلىتىپ كىشىلەرنى ئوچۇقچىلىقتا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئىبادەتكە چاقىردى. يەكشەنبە كۈنى نۇرغۇن كىشى يىغىلدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى قىزىقسىنىپ، بەزىسى ئۆتمۈشىنى سېغىنىپ، يەنە بەزىسى كەلمىسە تەڭرىنىڭ ئەلچىسىنى مەنسىتمىگەنلىك بولۇپ قېلىپ تەڭرىنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ كېتىشتىن قورقۇپلا كەلگەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەتىگەن سائەت سەككىزدە پۈتۈن بازار ئاھالىسىنىڭ يېرىمى مەيدانغا يىغىلدى. پوپ نىكانور ئىئانە تىلەپ پۈتۈپ قالغان خىرقىراق ئاۋازى بىلەن ئىنجىل سۈرىلىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئىبادەت ئاخىرلىشىپ مەيداندىكىلەر تارقىلىشقا باشلىغاندا، قولىنى

كۆتۈرۈپ كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە قاراتتى.

— توختاپ تۇرۇڭلار، — دېدى پوپ، — سىلەر ھازىر تەڭرىنىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنىڭ ئېنىق ئىسپاتىنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆرىسىلەر.

بايا ئىبادەتكە ياردەملەشكەن بالا ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر ئىستاكان قويۇق شاكىلات قىيامى كەلتۈردى، پوپ نىكانور غورتلا قىلىپ ئىچىۋەتتى ـ دە، تونىنىڭ يېڭىدىن بىر قولياغلىقنى ئېلىپ ئاغزىنى سۈرتتى. ئاندىن ئىككى قولىنى ئالدىغا سوزۇپ كۆزلىرىنى يۇمغاندى، تۇرغان يېرىدىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بۇ كارامىتىگە كىشىلەرنىڭ قايىل بولماقتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. نىكانور شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كۈنگىچە كوچا ئايلىنىپ، قىزىق شاكىلات قىيامىنىڭ قۇدرىتى بىلەن يەردىن كۆتۈرۈلۈپ تەڭرىنىڭ كارامىتىنى قايتا ـ قايتا كۆرسەتتى، شۇنىڭ بىلەن ياردەمچى بالىنىڭ قولىدىكى خالتىغا سەدىقە ئۇزۇلمەي تۆكۈلىۋەردى. بىر ئايغا قالمايلا چېركاۋنىڭ قۇرۇلۇشى باشلاندى. پوپ نىكانور كۆرسەتكەن مۆجىزىنىڭ تەڭرىنىڭ قۇدرىتىدىن بولغانلىقىغا ھېچكىم شەك كەلتۈرمەيتتى، پەقەت خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەلا بۇنىڭغا ئىشەنمىدى. كىشىلەر بىركۈنى ئەتىگەندە كاشتان دەرىخىنىڭ يېنىغا يىغىلىپ يەنە بىر قېتىم تەڭرىنىڭ كارامىتىنى كۆردى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بولسا بۇ ئىش تەسىرمۇ قىلمىغاندەك بىر ھالدا قاراپلا تۇردى. پوپ نىكانورنىڭ جىسمى ئورۇندۇق بىلەنلا يەردىن مۇئەللەققە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندىمۇ پەقەت بىلىنەر ـ بىلىنمەس رۇسلىنىپ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى.

— بۇ بەك ئوڭاي ئىش، بۇ ئادەم ماددىنىڭ تۆتىنچى ھالىتىنى بىلىۋاپتۇ، — دېدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە.

پوپ نىكانور قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈۋىدى، ئورۇندۇق شۇ ئان يەرگە قوندى.

— بىكار گەپ. بۇ دېگەن تەڭرى مەۋجۇتلۇقىنىڭ شەكسىز ئىسپاتى.

كۆپچىلىك شۇندىلا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ چۈشىنىكسىز كالدىرلاشلىرىنىڭ لاتىنچە ئىكەنلىكىنى بىلدى.

پوپ نىكانور ماكوندودا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن لاتىنچە

پىكىرلىشەلەيدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى، ئۆزىنىڭ بۇ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئادەمنىڭ چىلىنىپ كەتكەن كاللىسىغا دىنىي ئېتىقاد ئەقىدىلىرىنى سىڭدۈرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى كەچقۇرۇن كاشتان دەرىخىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ لاتىن تىلىدا ئۇنىڭغا دىنىي تەلىم بېرىدىغان بولدى. بىراق، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە پوپنىڭ تەكرار - تەكرار ئىسپاتلىرىغا ۋە شاكىلات ئارقىلىق كۆرسەتكەن كارامىتىگە بەرىبىر ئىشەنمىدى، ئىسپات سۈپىتىدە تەڭرىنىڭ رەسىمىنىلا تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. پوپ شۇنىڭ بىلەن ئېيىسانىڭ ھەيكەللىرىنى ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتتى، ھەتتا ئېيىسانىڭ سۈرىتى بېسىلغان ۋىرونىكانىڭ قولياغلىقىنىمۇ[1] كۆرسىتىپ باقتى. ھالبۇكى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلمىي ئاساسى يوق ساختا نەرسىلەر دەپ قاراپ ئىنكار قىلدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ شۇ قەدەر جاھىللىقى ئالدىدا چارىسىز قالغان پوپ نىكانور ئەمدى ئۇنىڭغا ئىنجىل ئەقىدىلىرىنى ئۆگىتىش نىيىتىدىن ياندى. بىراق، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن ھەر كۈنى ئۇنى يوقلاپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەمدى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ، ئۆزىنىڭ غايىپەرەسلىكىگە خاس تۇرلۇك تاكتىكىلىرى بىلەن پوپ نىكانورنىڭ ئېتىقادىنى تەۋرىتىشكە ئۇرۇندى. پوپ نىكانور بىركۈنى دامكا كۆتۈرۈپ كېلىپ، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى دامكا ئويناشقا تەكلىپ قىلمۇىدى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئويناشنى رەت قىلدى ۋە سەۋەبىنى ھەر ئىككى تەرەپ قائىدىگە رىئايە قىلىشقا قوشۇلغان تۇرۇقلۇق بىر - بىرى بىلەن قانداق تۇتۇشىدۇ، دەپ چۈشەندۈردى. پوپ مەسىلىنى ھېچقاچان بۇ نۇقتىدىن ئويلىنىپ باقمىغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن دامكىنى تۇتۇپمۇ باقمىدى. شۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە بارغانسېرى ھەيران بولۇپ، دەرەخكە نېمە سەۋەبتىن باغلانغانلىقىنى سورىدى.

---

① رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئەلمىساقتا ئۆتكەن ۋىرونىكا ئاتلىق بىر يەھۇدىي ئايال كىرېستقا مىخلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئېيىسانىڭ يۈزىدىكى قان يۇقىندىسىنى قول ياغلىقىدا سۈرتۈپ قويغانىمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قولياغلىقتا ئېيىسانىڭ مۇبارەك سۈرىتى بېسىلىپ قالغانىمىش.

— مەن ئېلىشىپ قالغان.

پوپ شۇنىڭدىن كېيىن ئېتىقادىنىڭ تەۋرىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى ئىككىنچى يوقلاپ كەلمەي، پۈتۈن زېھنىنى چېركاۋ قۇرۇلۇشىغا قاراتتى.

رىبېكانىڭ يۈرىكىگە يېڭىباشتىن ئۈمىد ئوتى تۇتاشتى، ئىستىقبالى پۈتۈنلەي چېركاۋنىڭ پۈتۈشىگە باغلىق بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، پوپ نىكانور بىر يەكشەنبە كۈنى ئۆلارنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماقتا بولغاندا، ھەممەيلەن تاماق ئۈستىدە چېركاۋ پۈتكەندىن كېيىن دىنىي مۇراسىملارنىڭ قانداق داغدۇغىلىق ۋە ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالغانىدى.

— ئەڭ تەلەيلىكى رىبېكا بولغۇدەك، — دېدى ئامارانتا. ئاندىن رىبېكانىڭ بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى تازا چۈشەنمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تاتلىق كۈلۈمسىرەپ قوشۇپ قويدى:

— تويۇڭ چېركاۋ پۈتكەندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرىنچى مۇراسىم بولۇپ قالغۇدەك.

رىبېكا بۇنداق پەتىۋانى تۇسۇشقا ئۇرۇندى. چۈنكى، بۇ قۇرۇلۇش ھازىرقى سۈرئەتتە داۋاملىشىدىغان بولسا، چېركاۋ پۈتكىچە ئاز دېگەندىمۇ ئون يىل ساقلىشىغا توغرا كېلەتتى. پوپ نىكانور باشقىچە پىكىردە بولۇپ، مۇخلىسلار بارغانچە سېخىيلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلىۋاتىدۇ، شۇڭا پۈتىدىغان ۋاقىتىنى تېخىمۇ ئۈمىدۋارلىق بىلەن مۆلچەرلەشكە بولىدۇ، دېدى. رىبېكا ئىچىدە خاپا ئىدى، گېپىدىنمۇ تاماق ئۆتمەي قالدى. ئۇرسۇلا ئامارانتانىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلەپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن خېلى كۆپ ئىئانە قىلدى. پوپ نىكانور ئەگەر يەنە مۇشۇنچىلىك ئىئانە مەبلەغ بولسا چېركاۋ ئۈچ يىلدىلا پۈتىدۇ، دەپ مۆلچەرلىدى. رىبېكا شۇ كۈندىن باشلاپ ئامارانتاغا گەپ قىلماس بولۇۋالدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ تويىنى تۇسۇش ئۈچۈن سىڭلىسىنىڭ قولىدىن ھەربالا كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

— ئاياپ قويدۇم، تېخى، — دېدى ئامارانتا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن مۇنازىرە بولغان شۇ ئاخشىمى، — بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشۇمنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ.

ربېكا سىڭلىسىنىڭ بۇنداق يولسىزلىقى ئالدىدا ئامالسىز قالدى.

پېترو كىرىسبى تويىنىڭ يەنە كېچىككەنلىكىنى ئۇقۇپ قاتتىق ئۈمىدسىزلەندى. ربېكا بولسا ساداقەتمەنلىكىنى ئىسپاتلاپ:

— تەييارلىقىڭىز پۈتسىلا قېچىپ كېتەيلى، — دېدى.

ھالبۇكى، پېترو كىرىسبى ئۇنداق تەۋەككۈلچى يىگىتلەردىن ئەمەس ئىدى، لايىقىدەك ئۇنچە ئاسان ھاياجانلىنىپ كەتمەيتتى، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى چىن مۇھەببەتنىڭ مۇھىم ئاساسى دەپ قارايتتى. ربېكا شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ دادىل تەدبىر قوللىنىشقا ئۆتتى: كەچقۇرۇنلىرى مېھمانخانىدىكى چىراغ سىرلىق بىر شامالدا ئۆچۈپ قالاتتى. چىراغلار يەنە نېمە بولغاندۇ، دەپ مېھمانخانىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئۇرسۇلا بىركۈنى بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ قاراڭغۇدا سۆيۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى. پېترو كىرىسبى خىجىلچىلىقتا گەپ تاپالماي، بۇ ئىشنى يېڭىچە كىرىسىن چىراغنىڭ سۈپىتى ناچار ئىكەن دەپ ئارتىپ قويدى، كېيىن ھەتتا «ئىشەنچىلىكرەك» چىراغلارنى ئورنىتىپ بەردى. بىراق، كىرىسىندىن چاتاق چىقتىمۇ ياكى پىلىكتىن كاشىلا چىقتىمۇ، بۇ چىراغلارمۇ ئۆچۈپ قالدى، ربېكا بۇ قېتىم لايىقىنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇۋالغانىدى، ئۇرسۇلا ئەمدى ھېچقانداق باھانىگە قۇلاق سالماي، بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئۆزى ياشلىقىدا ئىشلەتكەندەك نەيرەڭ ئىشلىتىپ مەقسىتىگە يېتىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بولكىخانىنى ئىندىيان ئايالغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ ئاشىق ـ مەشۇقلارنى كۆزىدىن نېرى قىلمايدىغان بولۇۋالدى.

— ۋاي بىچارە ئاپام، — دېدى ربېكا بىر چەتتە مۆگدەك بېسىپ ئەسنەپ ئولتۇرغان ئۇرسۇلانى كۆرۈپ تېرىكىپ ھەم كۈلگۈسى كېلىپ، — ئۆلگىچە مۇشۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ گۆر ئازابى تارتىدىغان ئوخشايدۇ.

پېترو كىرىسبى چېركاۋنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ھەر كۈنى بېرىپ كۆرۈپ كېلەتتى، ئۈچ ئايدىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نازارەت ئاستىدىكى مۇھەببەت ھاياتىدىن ئىچى سىقىلىپ ئاخىر چىداپ بولالماي قالدى ـ دە، چېركاۋنىڭ

قورۇلۇش سورئىتىنىڭ ئاستىلىقىدىن بىزار بولۇپ، چىركاۋنىڭ تېزرەك پۈتۈشى ئۈچۈن پوپقا كىمىگەن مەبلەغنى ئۆزى تولۇقلاپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئامارانتا بۇ خەۋەردىن ئازراقمۇ جىددىيلىشىپ قالمىدى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن دوستلىرى بىلەن پېشايۋاندا كەشتە تىككەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، يېڭى - يېڭى ھىيلە - مىكىرلەرنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. چىركاۋ پۈتۈشكە ئىككى ئايچە قالغاندا ئامارانتا رېبېكانىڭ توپلۇق كىيىملىرى سېلىنغان ئىشكاپتىكى كۈيە دورىلىرىنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى. ئەپسۇس، ۋاقتىنى خاتا مۆلچەرلەپ قويغانلىقتىن ئۇنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك دەپ قارىغان بۇ نەيرىڭى ئەمەلگە ئاشماي قالدى. توپى يېقىنلاپ قالغانسېرى تاقەتسىز بولۇپ كېتىۋاتقان رېبېكا توپلۇق كىيىملىرىنى كىيىپ باقماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئامارانتانىڭ مۆلچەرلىگەن ۋاقتى ئالدىغا سۈرۈلۈپ كەتتى. رېبېكا بىر كۈنى كىيىم ئىشكابىنى ئېچىپ كىيىملىرىگە يېپىشقان قەغەزلەرنى، قاپلانغان رەختلەرنى رەت - رەتى بىلەن ئېلىۋەتتى - دە، توپلۇق تاۋار كىيىملىرىنى، چىلتەك تۇتۇلغان توپلۇق ياغلىقلىرىنى، ھەتتا گۈل تاجىنىمۇ قويماي كۈيە يەپ كېپەكلەشتۈرۈۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تاڭ قالدى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ كىيىملەرنىڭ ئارىسىغا ئىككى سىقىم كۈيە دورىسى چېچىپ قويغانلىقى ئېنىق ئېسىدە ئىدى. بۇ پېشكەللىك شۇنداق تاسادىپىي بىلىندىكى، بۇنى ئامارانتادىن كۆرۈشكە ئىلاجسىز قالدى. توپقا بىر ئايمۇ قالمىغانىدى. ھېلىمۇ ياخشى دوستى ئانبارو ھالقىلىق پەيتتە دوستلۇقىنى يەتكۈزۈپ رېبېكانىڭ توپلۇق كىيىمىنى بىر ھەپتە ئىچىدە يېڭىدىن پۈتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە بەردى. سىم - سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىر كۈنى چۈشتە ئانبارو موسكات بىر بوپا چىرايلىق كۆپتۈرۈپ تىككەن توپلۇق كىيىمنى رېبېكاغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كىيدۈرۈپ كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلگەندە، ئامارانتانىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قالدى. شۇ ئان زۇۋانى تۇتۇلۇپ، سوغۇق تەرگە چۆمۈلۈپ كەتتى. چۈنكى، بىرنەچچە ئايدىن بېرى دەل مۇشۇنداق مىنۇتلارنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپلا كېلىۋاتاتتى. بىراق، رېبېكانىڭ توينى بۇزىدىغان ھېچقانداق چارە تېپىلماي بارلىق شېرىن خىياللىرى بەربات بولغان ئەڭ ئاخىرقى پەيتتە ئېشىغا زەھەر سېلىشتىنمۇ يانمايتتى.

ئانبارو موسكات تۇجۇپىلەپ تىكىپ پۈتتۈرگەن ئىپسىل كىيىملەرنى رىبېكاغا كىيدۈرۈپ، ئاجايىپ سەۋرچانلىق بىلەن مىڭلاپ ئىلغۇچلارنى بىردىن ــ بىردىن ئىلىپ چىقتى، رىبېكا بولسا ساۋۇتتەك ھەم بۇ كىيىملەر ئىچىدە ئىسسىپ تەرلەپ كەتتى. بىر چەتتە كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان ئامارانتا ئىچىدىكى ئەنسىزلىكتىن بارماقلىرىغا يىڭنە سانجىلىپ تۇرسىمۇ چاندۇرماي ئۆزىنى شۇ قەدەر تەمكىن تۇتۇپ شۇنداق بىر قارارغا كەلدىكى، ۋاقتىنى توينىڭ ئالدىدىكى ئەڭ ئاخىرقى جۈمە كۈنىگە توغرىلاپ، رىبېكانىڭ قەھۋەسىگە بىر چىمدىم ئىسپىرتلىق ئەپيۇن سىلمۇقچى بولدى.

نىھايەت، ئويلىمىغان يەردىن تېخىمۇ چوڭ بىر توساق پەيدا بولۇپ، رىبېكا بىلەن پېترو كىرىسپىنىڭ تويى ئامالنىڭ يوقىدىن يەنە بىر قېتىم كېچىكتۈرۈلدى. تويغا بىر ھەپتە قالغان ئىدى، كىچىكچەك رېمېدىس تۈن نىسبىدە چۆچۈپ ئويغاندى ــ دە، ئۈچەي ــ باغرى يېرىلىپ كەتكەندەك چوغدەك قىزىق شاتىراق ئايىغىدىن ئېتىلىپ چىقىپ پۈتۈن ئەزايى ــ بەدىنى چىلىق ــ چىلىق بۆلغىنىپ كەتتى، شۇ ھالەتتە ئۈچ كۈن ياتقاندىن كېيىن قاندىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ قالدى، قوشكېزەك ھاملىسىمۇ قورسىقىدىلا چاچراپ كەتتى. ئامارانتا شۇنىڭدىن ئىلگىرى رىبېكانى ئۆز قولى بىلەن زەھەرلەشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېچە ــ كۈندۈز تەڭرىدىن بالا ــ قازا تىلەپ كەلگەن بولغاچقا، رېمېدىسنىڭ ئۆلۈمىگە ئۆزى سەۋەبچى بولۇپ قالغاندەك ۋىجدانىي ئازابقا قالدى. نىھايەت، ئامارانتانىڭ كېچە ــ كۈندۈز تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ تىلىگىنى بۇ توساق ئەمەس ئىدى.

رېمېدىس بىلەن ئېرى زەرگەرخانىنىڭ يېنىدىكى ئۆيىنى بىكارلاپ كۆچۈپ كىرىپ، ھۇجرىسىنى يېڭىلا خوشلاشقان بالىلىق دەۋرىدىكى قونچاق ۋە ئويۇنچۇقلىرى بىلەن زىننەتلىگەنىدى. رېمېدىسنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇرغۇپ تۇرىدىغان جۇشقۇنلۇقى پېشايۋاندىكى كۈزلۈك تاشئالما گۈللىرىنى سۈيۈپ ئۆتىدىغان شوخ شامالدەك پۈتۈن ئائىلىنى قىزغىن كەيپىيات بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى. قاق سەھەردىلا رېمېدىسنىڭ ناخشىسى باشلىناتتى. رىبېكا بىلەن ئامارانتا تاكاللىشىپ قالغان چاغلاردا پۈتۈن ئائىلە بويىچە رېمېدىسلا ئارىغا چۈشەلەيتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەدىن خەۋەر ئالىدىغان

ئېغىر ئىشنىمۇ رېمەدىس زىممىسىگە ئېلىپ ئاش - تامىقىنى ۋاقتىدا بېرەتتى، چوڭ - كىچىك تەرەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى، سوپۇن ۋە لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى يۇيۇپ - سۈرتۈپ قوياتتى، چاچ - ساقاللىرىدىكى بۈرگە ۋە پىتلىرىنى تېرىۋېتەتتى، پالما شاخ - شۇمبىلىرىدىن ياسالغان لەمپىسىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇراتتى، يامغۇر ياغقان كۈنلىرى لەمپىنىڭ ئۈستىگە سۇ ئۆتمەس كاناپ ياپاتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىۋالغان لاتىن تىلىدا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن پاراڭلىشالايدىغانمۇ بولغانىدى. يەنە تېخى پېلار تېرنېرانىڭ ئورېلىئانودىن بولغان بالىسى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئۆيىگە ئەكىلىۋېلىپ چوڭ ئوغلى ھېسابىدا بېقىۋالغانىدى، بالىغا ئائىلە بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈپ ئورېلىئانو خوس، دەپ ئات قويۇلدى. ئۇرسۇلار بۇ كېلىنىنىڭ ئانىلىق تەبىئىتىنىڭ بۇنچە كۈچلۈكلىكىدىن تاڭ قالدى. ھاياتىنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى ئەمدى تاپقان ئورېلىئانو كۈنبويى زەرگەرخانىسىدا ئىشلەيتتى، رېمەدىس ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئېرىگە بىر ئىستاكان قەھۋە ئەكىرىپ بېرەتتى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھەر كۈنى كەچقۇرۇن دوناپولنار موسكاتلارنىڭ ئۆيىگە باراتتى. ئورېلىئانو قېيىنئاتىسى بىلەن زېرىكمەي دومىنو قارتىسى ئوينايتتى، رېمەدىس ھەدىلىرى بىلەن پاراڭلىشاتتى ياكى ئانىسى بىلەن چوڭلارنىڭ ئىشلىرى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشەتتى. بۇئېندىيەلەر ئائىلىسى بىلەن بولغان قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتى تۈپەيلىدىن موسكاتنىڭ ماكوندودىكى نوپۇزىمۇ خېلى ئۆسۈپ قالغانىدى. بۇ بازار بېگى ئۆلكە مەركىزىگە تولا قاتراپ يۈرۈپ ئاخىرى ھۆكۈمەتنى ماكوندودا بىر مەكتەپ ئېچىشقا ماقۇل كەلتۈرگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنى بوۋىسىنىڭ مائارىپ ئىشتىياقىنى تارتقان ئاركادىئونىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇردى. دوناپولنار موسكات ئاھالىنىڭ كۆپىنچىسىنى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىق كۈنىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيلىرىنى كۆك رەڭدە ھاكلاشقا قايىل قىلدى. پوپ نىكانورنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، كاتالىنوغا مېھمانسارىيىنى خىلۋەت بىر كوچىغا كۆچۈرۈشكە بۇيرۇدى، بازارنىڭ مەركىزىدىكى سودىسى ئېقىۋاتقان ئەيش - ئىشرەت سورۇنلىرىنى تاقىۋەتتى. جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆلكە مەركىزىدىن قوراللىق ئالتە ساقچىنى ئېلىپ

كەلدى، بۇ چاغدا ماكوندودا قوراللىق ئەسكەرلەرنىڭ تۆرۈشىغا بولمايدۇ دېگەن كېلىشىم ھېچكىمنىڭ يادىغا كەلمىدى. ئورېلىئانو قېيىنئاتىسىنىڭ خىزمەت ئۆنۈمىگە بەكمۇ قايىل ئىدى.

ــ سەنمۇ قېيىنئاتاڭغا ئوخشاش سەمرىپ كېتىسەن، ــ دەيتتى ئاغىنىلىرى.

بىراق، دائىم زەرگەرخانىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەۋەرگەچكە سەمرىپمۇ كەتمىدى، ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىمۇ ئۆزگەرمىدى، ئەكسىچە مەڭىز سۆڭەكلىرى تېخىمۇ پولتىيىپ چىقىپ، كۆزلىرى تېخىمۇ ئولتۇرۇشتى، تارتىنچاقلىقىمۇ ئۆزگەرمىدى. پېشانىسىگە يول ـ يول قورۇقلار چۈشۈشكە باشلىدى، بۇ ئويچانلىقى ۋە كەسكىنلىكىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئورېلىئانو بىلەن رېمەدىس ھەر ئىككى ئائىلىدە چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ئويغاتقانىدى. شۇڭا، رېمەدىس بويىدا قالغانلىقىنى جاكارلىغاندا ھەتتا ئامارانتا بىلەن رېبېكامۇ جېدەللىرىنى ۋاقىتىنچە توختىتىپ، بالا ئوغۇل تۇغۇلسا دەپ كۆك يۇڭ پوپايكا، قىز تۇغۇلسا دەپ قىزىل پوپايكا توقۇشقا تۇتۇنغانىدى. ئورېلىئانو بىرنەچچە يىلدىن كېيىن جازا ئەترىتى كۆكرىكىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان مىنۇتلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەملىرىدە ئەسكە ئالغان ئادىمى رېمەدىس بولدى.

ئۇرسۇلانىڭ جاكارسى بويىچە پۈتۈن ئىشىك ـ دېرىزىلەر تاقالدى، ئىنتايىن زۆرۈر بولمىسىلا، ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ ـ چىقىشىغا مۇتلەق رۇخسەت قىلىنمىدى، تېخى بىر يىلغىچە ئۈنلۈك گەپ قىلىشمۇ چەكلەندى. مېيىت ئۆزىتىدىغان كۈنى مېيىت قويۇلغان جايغا رېمەدىسنىڭ قارا لېنتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىنغان رەسىمى قىيپاش ئېسىلدى، رەسىمنىڭ ئالدىغا ئۆچمەس چىراغ يېقىلدى. بۇ چىراغنى بۇئېندىيەنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ زادىلا ئۆچۈرمىدى، نەۋرە ـ چەۋرىلەر بۇ رەسىمدىكى ئۆچىسىغا پۇرمە ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيىپ، بېشىغا نېپىز شايە ياغلىق چەگكەن، پۇتىغا ئاق توپلەي كىيگەن قىزچاقنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ مومىسى ئىكەنلىكىنى زادىلا ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. ئامارانتا ئورېلىئانو خوسنى بېقىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۈستىگە ئالدى. ئۆزىگە ئوغۇل بولۇپ،

يالغۇزلۇقىغا ھەمراھ، دەردىگە دەرمان بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. چۈنكى، ساراڭلىق قىلىپ تەييارلىغان ئىسپىرتلىق ئەپيۇننى رىبېكانىڭ قەھۋەسىگە سالدىم دەپ رېمەدىسنىڭ قەھۋەسىگە سېلىۋەتكەنىدى. شىلەپىسىگە قارا تۇتقان پېترو كىرىسبى ھەر كۈنى كەچتە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ، يەڭلىرى بارمىقىنى ياپقىدەك ئۇزۇن قارا كىيىم كىيگەن يۈرىكى لەختە ـ لەختە قان رىبېكا بىلەن ئۇچرىشاتتى. شۇ كۈنلەردە توي ۋاقتىنى بېكىتىشتىن سۆز ئېچىش تۇگۇل، كېڭىشىپ بېقىش خىيالىدا بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر ھۆرمەتسىزلىك ئىدى. رىبېكانىڭ چېيى ئىچۈرۈلۈپ بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا بىر ئىزىدىلا توختاپ قالغانىدى، بىر چاغلاردا مېھمانخانىدىكى چىراغنى بىر ئاماللار بىلەن ئۆچۈرىۋېتىپ قاراڭغۇدا سۆيۈشىدىغان ئاشىق ـ مەشۇقلار ئەمدى ئەتىۋارىدىن قېلىپ، تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىغا تىز پۈككەندەك قىلاتتى. ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يوققا چىقىپ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالغان رىبېكا يەنە توپا يېيىشكە باشلىدى.

خېلى كۈنلەرگىچە ھازا تۇتۇلغاندىن كېيىن كەشتە پائالىيىتى ئەسلىگە كەلدى. يېڭىغىرىم تومۇز كۈنلىرىنىڭ بىرى چۈشتىن كېيىن قىزلار پېشايۋانغا يىغىلىپ كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى، بىرەيلەن دەرۋازىنى جالاقىدە ئېچىپ ھويلىغا كىرىۋىدى، ئۆينىڭ تۈۋرۈكلىرىمۇ تەۋرەپ كەتتى. پېشايۋاندا كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان ئامارانتا ۋە دوستلىرى، ھۇجرىسىدا بارمىقىنى شۈمۈپ ئولتۇرغان رىبېكا، ئاشخانىدىكى ئۇرسۇلا، زەرگەرخانىدىكى ئورېلىئانو، ھەتتا كاشتان دەرىخىگە باغلاقلىق خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەمۇ يەر تەۋرەۋاتىدۇ، ئۆي ئۆرۈلىدىغان بولدى دەپ قالغانىدى. ئۇ ئادەم قالتىس زەبەردەس بىر ئەر بولۇپ، قاۋۇل گەۋدىسى ئىشىكتىن ئاران پاتتى، قوتازنىڭكىدەك تۇم پاتىڭغا ئىلاھە بۇۋى مەريەمنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن مۇنچاق ئېسىلغان، بىلەكلىرى ۋە مەيدىسىگە لىققىدە چەكمە چېكىلگەن، ئوڭ بىلىكىگە خىسلەتلىك «كىرىستقا مىخلانغان بوۋاق»[1] نىڭ سۈرىتى ئويۇلغان مىس بىلەيزۈك سېلىنغانىدى، ئۆڭى ئاپتاپتا

① بىرخىل جادۇگەرلىك تۇسىنى ئالغان تۇمار، بۇ خىل تۇمارنى يېنىدا ئېلىپ يۈرگۈچىلەر پۇتمەس ـ تۈگىمەس كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئېرىشەرمىش. ئەۋلىيا بوۋاق بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

كۆيۈپ قوڭۇر رەڭگە كىرگەنىدى، قىسقا چاچلىرى قېچىرنىڭ يالىدەك يىرىك ۋە تىك، ئېگىكى مەزمۇت ئىدى، كۆزلىرىدىن بىرخىل مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. كەمىرى ئاتىنىڭ تۆشلۈكىدىن بىر ھەسسە كەڭ ئىدى، ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغا نالا قېقىلغان بولۇپ، ماڭغاندا يەر تەۋرەۋاتقاندەك كىشىنى سۈر باستۇراتتى. جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن كونا خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ مېھمانخانا ۋە ياتاق ئۆيلەردىن ئۆتۈپ تاشئالما تەشتەكلىرى تىزىلغان پېشايۋاندا بوراندەك پەيدا بولۇۋىدى، كەشتە تىكىپ ئولتۇرغان ئامارانتا بىلەن دوستلىرى داڭقېتىپ قالدى.

— ھايت! — ئۇ ئادەم ھارغىن كەيپىياتتا سالام قىلىۋەتكەندىن كېيىن خۇرجۇننى قىزلارنىڭ ئالدىدىكى كەشتە شىرەسىگە تاشلاپ قويدى ــ دە، ئىچكىرىگە ماڭدى.

— ھايت! — دېدى ھۆجرىسىدا قورققىنىدىن سىرتقا قاراپلا قالغان رېبېكاغا.

— ھايت! — دېدى زەرگەرخانىسىدا پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشنى قىلىۋاتقان ئورېلىئانوغا.

ئۇ ئادەم ھېچكىمنىڭ ئالدىدا توختىماي ئۇدۇللا ئاشخانىغا كىرىپ توختىدى ــ دە، دۇنيانىڭ ئۇ بېشىدىن باشلىغان سەپىرىنى تاماملىدى.

— ھايت! — دېدى ئۇرسۇلاغا قاراپ. داڭقېتىپ تۇرۇپ قالغان ئۇرسۇلا مېھماننىڭ كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى ــ دە، توۋلىغىنىچە ئېتىلىپ بېرىپ بوينىغا گىرە سېلىپ، خۇشاللىقى ئىچىگە پاتماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئادەم دەل ئۇسۇلانىڭ چوڭ ئوغلى خوس ئاركادىئو ئىدى. خوس ئاركادىئو ھازىرمۇ چىقىپ كەتكەن چېغىدىكىدەكلا يوقسۇل ئىدى، ھەتتا مىنىپ كەلگەن ئاتىنىڭ ئىككى پېسو كىرا ھەققىنىمۇ ئۇرسۇلا بەردى. ئىسپانچىغا ماتروسلارنىڭ قارا تىللىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى. ئۆيدىكىلەر نەلەرگە بارغانلىقىنى سورىسا، «ئۇ تەرەپكە» دەپلا جاۋاب بەردى. ئۆزىگە بېرىلگەن ئۆيگە سەگۈنچەك سالدى ــ دە، ئۈچ كېچە ــ كۈندۈز قوپماي ئۇخلىدى. ئويغانغاندىن كېيىن ئون ئالتە خام تۇخۇمنى ئىچىۋېتىپلا ئۇدۇل كاتالىنونىڭ مېھمانسارىيىغا باردى. خوس ئاركادىئونىڭ زەبەردەس قامىتى ئۇ يەردىكى چوكانلارنى

قىزىقسىندۇردى ۋە ھولۇقتۇردى. خوس ئاركادىئو مۇزىكا قويۇشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە شۇ سورۇندىكى ھەممە كىشىنى شېكەر قومۇش ھارىقى بىلەن مېھمان قىلدى. ئاندىن بەشىگلار تەڭ چىقساڭلارمۇ قول قايرىشىپ تەڭ كېلەلمەيسىلەر، دەپ باغلاشتى.

— مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئۇلار كۇچى يېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتمەي، — بىلىكىدە خىسلەتلىك «كىرىپستقا مىخلانغان بوۋاق» ئويۇلغان بىلەيزۇكى بار ئىكەن ئەمەسمۇ!

ساراي غوجايىنى كاتالىنو ئۇنىڭ بۇنچە كۇچتۇڭگۇرلىكىگە ئىشەنمەي، پۇكەينى كۆتۈرۈپ باق قېنى، دەپ ئۇن ئىككى پېسو دو تىكتى. خوس ئاركادىئو پۇكەينى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كوچىغا ئەپچىقىپ قويدى. ئارقىدىن بۇ پۇكەينى ئون بىر ئەر كىشى ئاران كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ جايىغا قويدى.

خوس ئاركادىئو كەيپىيات بايرام بولۇۋاتقاندەك تازا قىزىغان بىر چاغدا پۇكەيگە چىقىۋېلىپ، كىشىنىڭ ئىشەنگۇسى كەلمىگۇدەك دەرىجىدە ئاجايىپ ھەيۋەت بىلەن دىڭگىيىپ تۇرغان ئەرلىكىنى كۆرسەتتى، بۇ زەكەرنى ھەر خىل تىل - يېزىقتا ئىرماش - چىرماش چېكىلگەن كۆك ۋە قىزىل چەكمىلەر بىر ئالغانىدى. خوس ئاركادىئو ئەتراپىغا ئولۇشۇۋېلىپ تەشنالىق بىلەن ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان چوكانلارغا قايسىڭلار ئەڭ جىق پۇل چىقىرالايسىلەر دېۋىدى، ئەڭ باي بىر چوكان يىگىرمە پېسو چىقىراي، دېدى. خوس ئاركادىئو ئاندىن بارلىق ئاياللار تەڭ چەك تارتسۇن، ئۇن پېسو بىر چەك بولسۇن دەپ تەكلىپ بەردى. ئادەتتە بازىرى ئەڭ ئىتتىك چوكان بىر ئاخشىمى كۆپ بولغاندىمۇ سەككىز پېسو تاپالايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئاياللارنىڭ ھەممىسى بۇ باھاغا ماقۇل بولدى. ئۇلار ئون تۆت پارچە قەغەزگە ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىنى يېزىپ، بىر شىلەپىنىڭ ئىچىگە سالدى، ئاندىن ھەربىرى بىردىن چەك تارتتى، ئاخىرىدا ئىككىلا چەك قالدى، مۇكاپات مۇشۇ ئىككى چەكنىڭ بىرىدىن چىقاتتى.

— ھەربىرىڭلار يەنە بەش پېسودىن چىقىرىڭلار، — دېدى خوس ئاركادىئو تەكلىپ بېرىپ، — ئىككىڭلارغا تەڭ تەۋە بولاي، قانداق؟

خوس ئاركاردىئو مۇشۇ ئوقەت بىلەن جېنىنى جان ئېتەتتى. يوقاپ كەتكەندىن

بۇيان ئۆزىگە ئوخشاش بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ۋەتەنسىز ماتروسلار بىلەن بىللە دېڭىزدا ئاتمىش بەش قېتىم سەپەرگە چىقىپ جاھان كەزگەنىدى. شۇ كۈنى ئاخشىمى كاتالىنونىڭ سارىيىدا بىللە ياتقان بىر چوكان خوس ئاركادىئونى قىپيالىڭاچ پېتى تانسا زالىغا يېتىلەپ چىقىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ دۈمبىسىگىچە، بويىدىن تاپىنىغىچە پۈتۈن ئەزايىغا ئالا قويماي چەكمە چېكىلگەن بەدىنىنى سورۇن ئەھلىنىڭ ھوزۇرىغا سۇندى.

خوس ئاركادىئو ئۆز ئائىلىسىگە تازا ئۆزلىشىپ كېتەلمىدى. كۈندۈزى ئۇخلايتتى، كېچىلەرنى ئىشرەت سورۇنلىرىدا دو تىكىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئانىسىنىڭ تەستە بولسىمۇ ھەمداستىخان قىلىپ ئولتۇرغۇزۇۋالغان چاغلىرىمۇ بولغانىدى، بۇنداق چاغلاردا، بولۇپمۇ يات ئەللەردىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەنلىرىدە ئانىسىنىڭ كۆزىگە تولىمۇ يېقىملىق ۋە ئوماق كۆرۈنۈپ كېتەتتى. خوس ئاركادىئو كېمە ۋەقەسىگە ئۇچراپتۇ، دېڭىزدا قولۋاق بىلەن ئىككى ھەپتە لەيلەپ يۈرۈپتۇ، يەنە تېخى بۇ ئارىلىقتا ئىسسىق ئۆتۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ھەمراھلىرىنىڭ گۆشىنى يەپ جېنىنى ساقلاپتۇ. ئۆزىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، ئادەم گۆشى قىرتاق دېڭىز سۈيىدە تەكرار ـ تەكرار تۇزلىنىپ، ئاپتاپتا قاقلىنىپ پىشقاچقا بىر خىل مەززىلىك بولۇپ كېتەمىش. ئۇلارنىڭ كېمىسى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بىركۈنى چۈشتە بېنگال قولتۇقىدا كېتىۋاتقاندا ئۇچراپ قالغان يوغان بىر لەھەڭنى ئۆلتۈرگەنىكەن، لەھەڭنىڭ قورسىقىدىن ئەھلى سەلىپ رىتسارلىرىنىڭ تۆمۈر قالپاقلىرى، تۇگمىلىرى ۋە قوراللىرى چىقىپتۇ. خوس ئاركادىئو كارىپ دېڭىزىدا دېڭىز قاراقچىسى ۋىكتور خۇگۇسنىڭ[①] ئەرۋاھ كېمىسىنى ئۇچرىتىپتۇ، بۇ كېمىنىڭ يەلكەنلىرى ھالاكەت بورانلىرىدا تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەن، موما ياغىچىنى دېڭىز سۇۋۇرەكلىرى يەۋەتكەنىكەن. خوس ئاركادىئولارنىڭ كېمىسى شۇنىڭدىن كېيىن گىۋادېلۇپ ئارىلىغا بارىدىغان تەرەپنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئۇرسۇلا خوس ئاركادىئونىڭ بۇ

① ۋىكتور خۇگۇس: كۇبالىق يازغۇچى ئالېخو كاربېنتېرنىڭ «ئاقارتىش دەۋرى» دېگەن رومانىدىكى پېرسوناژ.

پاراڭلىرىدىن خۇددى شۇنچە يىلدىن بېرى يەتكۈزۈلمەي قالغان سالام خەتلىرىنى، ئوغلىنىڭ شۇ سالام خەتلىرىدىكى قەھرىمانلىقلىرى ۋە ئاچچىق كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىنى ئەمدى ئوقۇۋاتقاندەك كۆڭلى بۇزۇلۇپ ئېقىمپلا كەتتى.

— شۇنچە كەڭرى ئۆيلىرىمىز تۇرمامدۇ، ئوغلۇم، — دېدى ئۇرسۇلا ھېقىقداپ، — يەيدىغىنىمىزمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرىدۇ، بىرمۇنچىسىنى چوشقىغىمۇ تاشلاپ بېرىمىز!

بىراق، ئاغزىدا شۇنداق دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە سىگانلار ئېلىپ كەتكەن چاغدىكى ھېلىقى ئوغۇل بالىنى بىر ۋاقلىقىغا بىر چوشقا كۈچۈكىنىڭ يېرىمىنى يېۋېتىدىغان، بىر ئوسۇرۇقىدا گۈلنىمۇ سولاشتۇرۇۋېتىدىغان بۇ ئەرگە پەقەتلا ئوخشىتالمايتتى، باشقىلارمۇ شۇنداق تۇيغۇدا ئىدى. ئامارانتا بۇ ئادەمنىڭ تاماق ئارىلىقىدىكى سەت كېكىرىشلىرىدىن يىرگىنىپ كەتكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايتتى. ئاركادىئو ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلمىگەچكە، خوس ئاركادىئونىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ ئەتەيلا سورىغان سوئاللىرىغا ئانچە پەرۋا قىلماي ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا جاۋاب بېرەتتى. ئورېلىئانو ئاكىسى ئىككىسىنىڭ بىر ئۆيدە يېتىپ - قوپقان چاغلارنى سېغىنىپ، ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى سىرداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇناتتى. بىراق، خوس ئاركادىئونىڭ خاتىرىسى دېڭىز ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلار بىلەن تولۇپ كەتكەچكە، ئۇ چاغلارنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. رېبېكا ئۇنى بىر كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانىدى. خوس ئاركادىئو ھېلىقى كۈنى چۈشتىن كېيىن ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتكەندە، پېترو كرېسپى ئۇنىڭغا تىنىقلىرى ۋۇلقاندەك ئېتىلىپ چىقىدىغان بۇ زەبەردەس ئەرنىڭ ئالدىدا كارغا كەلمەس نان قېپىدەك تۇيۇلغانىدى. شۇڭا خوس ئاركادىئوغا ھەر باھانە بىلەن يېقىنلىشىپ باقاتتى. خوس ئاركادىئو بىركۈنى رېبېكانىڭ بېشىدىن ئايىغىچە ھاياسىزلىق بىلەن سەپ سېلىپ قاراپ چىقىپ:

— تازا تولۇپ رەسىدە بوپسىز، سىڭىلچاق، — دېدى.

رېبېكا شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى يوقىتىپ، بۇرۇنقىدەكلا ئەسەبىيلىك بىلەن توپا ۋە

تامنىڭ ھېكىنى يېپىشكە باشلىدى، بارمىقىنى شۇمۇۋېرىپ قاپارتىۋەتتى. زۇلۇكلەرنىڭ ئۆلۈكى ئارىلاش كۆكۈش سۇ ياندۇراتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپ، بەزگەكتەك تىترىگىنىچە ئوتتەك قىزىپ ياتاتتى، تاكى خوس ئاركادىئو تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۆيلەرنى تىترىتىپ گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە قايتىپ كەلگەندىلا تولغىنىشتىن توختايتتى. رېبېكا بىركۈنى پەقەت چىداپ بولالماي ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندە پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ خوس ئاركادىئونىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. خوس ئاركادىئو كالتا ئىشتىنى بىلەنلا سەگۈنچەكتە ياتاتتى. رېبېكا ئۇنىڭ ئىرماش - چىرماش چەكمە چېكىلگەن يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى - دە، كەينىگە ياناماقچى بولدى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى رېبېكا باشقىلارنى ئويغىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۈنىنى بېسىپ، — بۇ يەردىلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن.

— بۇياققا كېلىڭ، — دېدى خوس ئاركادىئو.

رېبېكا ئىتائەتمەنلىك بىلەن سەگۈنچەككە يېقىن كەلدى. سوغۇق تەرلەپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى. خوس ئاركادىئو بولسا رېبېكانىڭ پۇت بارماقلىرىنى، ئاندىن پاقالچاقلىرىنى، ئاخىرىدا يوتىلىرىنى سىلىدى.

— جېنىم سىڭلىم، ئاھ، جېنىم سىڭلىم، — پىچىرلايتتى خوس ئاركادىئو سىلىغاچ.

قارا بوراندەك قۇدرەتلىك، لېكىن ئاجايىپ چاققان بىر كۈچلۈك قول رېبېكانى كاپپىدە بېلىدىن قۇچاقلىغىنىچە يەردىن يۇلۇپ ئالدى - دە، كىيىملىرىنى خۇددى قۇشقاچنى يۇڭۇزلىغاندەك نېرى - بېرى تارتىپلا يالىڭاچلىۋەتتى. رېبېكا قاتتىق بەرداشلىق بەرمىگىنىدە غىقلا جان بەرگەن بولار ئىدى. شۇ تاپتا تەڭرىنىڭ جىسمىغا جان بەرگىنىگە مىڭ شۈكرى ئېيتتى، ئارقىدىنلا چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن پەيدا بولغان مۇئەللەقتە پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك سىرلىق بىر ھۇزۇر ئىلكىدە ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، سەگۈنچەكتە خۇددى قىزىق ئۇرۇلۇپ تۇرغان پاتقاقتا ياتقاندەك تولغىنىپ كەتتى، سەگۈنچەك رېبېكانىڭ ئارىچۇقىدىن ئېتىلىپ چىققان قاننى خۇددى قەغەزنىڭ

سىياھنى سۈمۈرگىنىدەكلا سۈمۈرۈۋەتتى.

ئۇ ئىككىسى ئۈچ كۈندىن كېيىن سائەت بەشتە ئۆتكۈزۈلىدىغان كەچلىك ئىبادەت ۋاقتىدا نىكاھلىنىپ ئەر ـ خوتۇن بولدى. خوس ئاركادىئو ئالدىنقى كۈنى پېترو كىرىسپىنىڭ دۇكىنىغا بارغاندى، پېترو كىرىسپى شۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلىرىغا چىتتار ئۆگىتىۋاتاتتى.

ــ رېبېكا بىلەن تويى قىلىدىغان بولدۇم، ــ دېدى خوس ئاركادىئو ئۇ ئىتالىيانىنى بىر چەتكە چاقىرىپمۇ ئولتۇرماي.

پېترو كىرىسپى شاپپىدە ئۆڭدى، قولىدىكى چىتتارنى بىر ئوقۇغۇچىغا تۇتقۇزۇپ، باللارنى قويۇپ بەردى.

ــ ئۇ دېگەن سىزنىڭ سىڭلىڭىز تۇرسا، ــ دېدى پېترو كىرىسپى چالغۇلار ۋە پۈرژىنىلىق ئويۇنچۇقلار بىلەن تولغان ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قالغاندىن كېيىن.

ــ كارىم يوق، ــ دېدى خوس ئاركادىئو.

پېترو كىرىسپى ئەتىر پۇراپ تۇرغان قول ياغلىقىدا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى.

ــ شەرىئەتكە خىلاپ بولىدۇ، ــ دېدى چۈشەندۈرۈپ، ــ قانۇندىمۇ يول قويۇلمايدۇ.

خوس ئاركادىئونىڭ ئەمدى تاقىتى قالمىدى، پېترو كىرىسپىنىڭ ھەق سۆزىدىن ئەمەس، تاتىراڭغۇ چىرايىدىن خوشى كەتكەنىدى.

ــ كۆتە ئۇنداق شەرىئەتىڭنى، مەن بۇ يەرگە سېنى رېبېكادىن ئەمدى گەپ سوراپ ئاۋارە قىلمىسۇن دېيىلا كەلدىم.

بىراق، پېترو كىرىسپىنىڭ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغانلىقىنى كۆرۈپ سەل ئىچى ئاغرىپ قالدى.

ــ ماقۇل، ــ دېدى خوس ئاركادىئو سەل تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، ــ بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرنى راستىلا ياقتۇرىدىغان بولساڭ، ئامارانتامۇ بار.

پوپ نىكانور يەكشەنبە كۈنىدىكى ۋەزى داۋامىدا خوس ئاركادىئو بىلەن رېبېكانىڭ ئاكا ـ سىڭىل ئەمەسلىكىنى جاكارلىدى. ئۇرسۇلا بۇ ئىشنى ئەقىلگە سىغمايدىغان

مەڭگۈ كەچۈرگۈسىز بۇزۇقچىلىق دەپ قارايتتى، شۇڭا قىز - يىگىت چېركاۋدىن قايتىپ كەلگەندە ئۆيگە كىرگۈزمىدى ۋە ئۇلارنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى زاراتگاھلىقنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىك بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇردى، بۇ ئۆيدە خوس ئاركادىئونىڭ سەگۈنچىكىدىن باشقا ھېچقانداق ئۆي جابدۇقى يوق ئىدى. تىوي كېچىسى رېبېكانىڭ ساپما كەشىگە كىرىۋالغان چايان پۇتىنى چېقىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن تىلى سەزمەس بولۇپ قالدى. بىراق، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ كىشنى چۆچۈتۈپ ۋەھىمىگە سالىدىغان شېرىن ئېيىغا تەسىر يەتكۈزەلمىدى. قولۇم - قوشنىلىرى پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋېتىدىغان ئاھ - ۋاھلاردىن ۋەھىمىگە چۈشەتتى، بۇنداق ئاھ - ۋاھلار ھەر كېچىسى سەككىز قېتىم، چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىدا ئۈچ قېتىم تەكرارلىناتتى. كۆپچىلىك بۇنداق ھاياسىز قايناق ھاياجاننىڭ ئەمدى ئۆلۈكلەرنىڭ بولسىمۇ ئارامىنى بۇزماسلىقىنى تىلەيتتى.

ئۇلارغا ئورېلىئانولا خەيرىخاھلىق قىلىپ ئۆي - سەرەمجانلىرىنى ئېلىپ بەردى، پۇلمۇ يەتكۈزۈپ بەردى ھەمدە خوس ئاركاردىئو ئۆيى ئەتراپىدىكى ئىگىسىز قاقاس يەرنى ئېچىپ تېرىشقا باشلىغانغا قەدەر ياردىمىنى ئۈزمىدى. ھايات ئامارانتاغا چۈشىدىمۇ ئېرىشەلمەيدىغان خۇشاللىق ئاتا قىلغان بولسىمۇ، رېبېكاغا بولغان ئۆچمەنلىكىنى مەڭگۈ كۆڭلىدىن كۆتۈرۈۋېتەلمەيتتى. ئۇرسۇلا بۇ نومۇسنى قانداق يۇيۇشنى بىلەلمىدى. پېترو كرېسپى ئۇرسۇلانىڭ تەلىپىگە بىنائەن ھەر سەيشەنبە كۈنى بۇ ئۆيگە كېلىپ چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى، بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىكنىمۇ ئىززىتىنى ساقلىغان ئاساستا ئېغىر بېسىقلىق بىلەن يەڭدى. بۇ ئائىلىگە بولغان ھۆرمىتىنى ئويلىشىپ شىلەپىسىدىكى قارىلىق لېنتىسىنى ئېلىۋەتمىدى. ئۇرسۇلاغا يېقىنچىلىق قىلىپ پورتۇگالىيە سارىدىنا بېلىقى، تۈركىيەنىڭ گۈلقەنتى دېگەندەك چەت ئەلنىڭ ئۆزگىچە بۇيۇملىرىنى خالىس نىيەتتە ئۆز رازىلىقى بىلەن سوۋغا قىلىپ تۇردى، بىر قېتىم تېخى چىرايلىق مانىلا ياغلىقىمۇ سوۋغا قىلدى. ئامارانتا ھەمىشە ئۇنى قىزغىن كۈتەتتى. پېترو كرېسپىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىپ، كۆڭلىكىنىڭ يېڭىدىكى چۇۋۇلۇپ چىقىپ قالغان يىپىنى

ئۆزۈپ قويدى، پېترو كىرىسبىنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ باش ھەرپى كەشتىلەنگەن چىرايلىق بىر قول ياغلىقنى سوۋغا قىلىپ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىدى. ئامارانتا ھەر سەيشەنبە چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كەشتە تىكىشكە باشلىغاندا پېترو كىرىسبى ئۇنىڭ يېنىدا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى. پېترو كىرىسبى كىچىك بالا قاتارىدىلا كۆرۈپ كەلگەن بۇ قىزنىڭ بەزى ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلىرىنى بايقاپ ئۇنىڭغا يېڭىچە نەزەردە قارايدىغان بولدى. ئامارانتا ئانچە نازاكەتلىك كۆرۈنمىگىنى بىلەن ئاجايىپ چېچەن بولۇپ، بارلىق شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىپ يېتەلەيتتى ھەمدە كىشى ھېس قىلىپ كېتەلمەيدىغان نازۇك تۇيغۇلارغىمۇ باي ئىدى. پېترو كىرىسبى بىر سەيشەنبە كۈنى ھەممە كىشىنىڭ پەرىزىدىكىدەك ئامارانتاغا ئاخىر رەسمىي تەلەپ قويدى. ئامارانتا بولسا قولىدىكى ئىشىنى توختاتماي، چىرايىدىكى شەلپەردەك قىزىللىق يانغاندىن كېيىن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن تەمكىن ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، كىرىسبى. بىراق، ئاۋۋال بىر - بىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشىراق چۈشىنىشىدەك بولامدىكىن، ئالدىراپ كەتكەننىڭ پايدىسى يوققۇ دەيمەن.

ئۇرسۇلا پېترو كىرىسبى توغرىسىدا ياخشى تەسىراتتا بولسىمۇ، قاتمۇقات ئوڭۇشسىزلىقلارغا تولغان مۇھەببەت كەچۈرمىشىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى بۇ قارارنىڭ ئەخلاق نۇقتىسىدىن زادى ياخشى ياكى يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. باشقىلار بولسا بۇنداق تەشۋىشتىن خالىي ئىدى، شۇنىڭ بىلەن پېترو كىرىسبىنىڭ بۇ تەلىپىنى ئاخىر ھۆكۈم چىقارغىلى بولمايدىغان پاكىت ھېسابىدا قوبۇل قىلدى. ئورېلىئانو بۇ ئائىلىنىڭ بىردىنبىر تۈۋرۈكى ئىدى، بۇ ئوغلىنىڭ چۈشىنىكسىز، ئەمما كەسكىن پىكرى ئۇرسۇلانىڭ تەشۋىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

— ھازىر توي ئىشىنى ئويلىشىدىغان ۋاقىت ئەمەس.

ئۇرسۇلا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى بىرنەچچە ئايدىن كېيىنلا چۈشەندىكى، بۇ گەپ ئەسلىدە ئورېلىئانونىڭ شۇ چاغدا توي ئىشىنىلا ئەمەس، ئۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

بىرمۇنچە ئىشلارنى كۆزدە تۇتۇپ سەممىيەت بىلەن ئېيتقان ئەڭ دانا پىكرى ئىكەن. ئوربىلىئانو جازا ئەترىتى كۆكرىكىگە مىلتىق تەڭلەپ تۇرغان مىنۇتلاردىمۇ، شۇ چاغلاردا يۈز بەرگەن نازۇك ھەم تاقابىل تۇرغىلىمۇ بولمايدىغان بىرقاتار تاسادىپىي ۋەقەلەرنىڭ قانداقلارچە ئۆزىنى شۇنداق خۇلاسىگە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنى چۈشىنەلمىدى. رېمەدىسنىڭ ئۆلۈمى ۋۇجۇدىنى ئۆزى ئەندىشە قىلغاندىكىدەك لەرزىگە سېلىۋەتمىگەن، بەلكى بىر خىل غەزەپكە كەلتۈرگەنىدى، بۇ غەزەپ بارا ـ بارا بىر چاغلاردا ئاجىزلىقىنى تەن ئېلىپ ئايال زاتىغا يېقىن يولىماي يېگانە ئۆتۈش نىيىتىگە كېلىپ قالغان ۋاقتىدىكى تۇيغۇسىغا ئوخشاش پاسسىپ ھالدىكى مەغلۇبىيەت تۇيغۇسىغا ئايلىنىپ، يېڭىباشتىن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن، ئەمما قېيىنئاتىسى بىلەن دومىنو قارتى ئويناش ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. ئېغىر مۇسىبەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئۇ ئۆيدە بۇ ئىككى ئەرنىڭ كەچلىك سۆھبەتلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇۋەتتى.

ــ قايتا ئۆيلەن، ئوربىلىئانو! ــ دېدى قېيىنئاتىسى، ــ يەنە ئالتە قىزىم بار، خالىغىنىڭنى تاللا.

دوناپولىنار موسكات سايلام ھارپىسىدا پات ـ پات سەپەرگە چىقىپ تۇردى. بىر قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىن قاتتىق تەشۋىشلەندى. چۈنكى، لىبېراللار قەتئىي ئۇرۇش قوزغاش قارارىغا كەلگەنىكەن. ئوربىلىئانو ئۇ چاغلاردا لىبېراللار بىلەن كونسېرۋاتىپلارنىڭ پەرقىنى تازا بىلمەيتتى، قېيىنئاتىسى قىسقىچە چۈشەنچە بەردى.

ــ لىبېراللارنىڭ ھەممىسى، ــ دېدى دوناپولىنار موسكات، ــ جامائەت فوندى ئۆيۈشمىسىنىڭ ئەزالىرى، نىيىتى دۇرۇس ئەمەس، دىنىي زاتلارنى دارغا ئېسىشنى، كىشىلەرنىڭ ئەركىن نىكاھلىنىش ۋە ئاجرىشىشىغا ئىجازەت بېرىشنى، نىكاھسىز تۇغۇلغان باللارنىڭ نىكاھلىق تۇغۇلغان باللار بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئالىي ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش قەستىدە دۆلەتنى پارچىلاپ، فېدېراتسىيە تۈزۈمى ئورنىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. كونسېرۋاتىپلار

بولسا بىۋاستە تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ھوقۇق تۇتۇپ، ئىجتىمائىي تەرتىپنى ۋە ئائىلىۋى ئەخلاقنى قوغدايدۇ. خىرىستىيان ئېتىقادىنىڭ ۋە ھۆكۈمەت نوپۇزىنىڭ قوغدىغۇچىلىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ پارچىلىنىشىغا قەتئىي يول قويمايدۇ.

ئورېلىئانو لىبېراللارنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدىكى تەشەببۇسىنى ئىنتايىن ياقتۇردى، ئەمما ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن يوقىلاڭ ئىشلارنى دەپ ئۇرۇش قوزغىماقچى بولغانلىقىنى تازا چۈشىنەلمىدى. ئورېلىئانونىڭ نەزىرىدە، قېينئاتىسىنىڭ سايلام ۋاقتىدا قىلچىمۇ سىياسىي قىزغىنلىقى بولمىغان بۇ بازارغا ئالتە نەپەر قورallıq ئەسكەر يۆتكەپ كەلگەنلىكى ھەقىقەتەنمۇ ئارتۇقچە قىزىپ كەتكەنلىكى ئىدى. ئەسكەرلەر ماكوندوغا كېلىپلا ئۆيمۇئۆي ئاختۇرۇپ ئوۋ مىلتىقلىرى، قىلىچلارنى، ھەتتا قىڭراقلارنىمۇ قويماي مۇسادىرە قىلدى ۋە يىگىرمە بىر ياشتىن ئاشقان ئەركەكلەرگە كونسېرۋاتىپلار نامزاتىنىڭ ئىسمى يېزىلغان كۆك سايلام بېلىتىنى ۋە لىبېراللار نامزاتىنىڭ ئىسمى يېزىلغان قىزىل سايلام بېلىتىنى تارقاتتى. دوناپولنار موسكاتې سايلامنىڭ ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ماكوندو ئاھالىلىرىگە مۇنداق بىر بۇيرۇقنى ئوقۇدى: بۈگۈن يېرىم كېچىدىن باشلاپ قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە ھاراق ـ شاراب سېتىش مەنئى قىلىنىدۇ، بىر ئائىلىدىن بولمىغان ئۈچتىن ئارتۇق ئادەمنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى مەنئى قىلىنىدۇ. سايلام ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتى، ھېچقانداق ۋەقە يۈز بەرمىدى. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە مەيدانغا سايلام بېلىتى تاشلايدىغان بىر ياغاچ ساندۇق، ساندۇقنى بېقىشقا ئالتە ئەسكەر قويۇلدى. ھەركىم مۇتلەق ئەركىنلىك بىلەن ئاۋاز بەردى، بۇنىڭغا ئورېلىئانو گۇۋاھ. چۈنكى، ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە دېگۈدەك قېينئاتىسىنىڭ يېنىدا بىللە نازارەت قىلىپ تۇرغانىدى، بىرمۇ ئادەمنىڭ بىر قېتىمدىن ئارتۇق ئاۋاز بەرگىنىنى كۆرمىدى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە داقا ـ دۇمباق چېلىنىپ سايلامنىڭ تاماملانغانلىقى جاكارلاندى. دوناپولنار موسكاتې ئۆزىنىڭ ئىمزاسى چۈشكەن خەتكۈچ بىلەن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى پېچەتلىدى. ئاخشىمى ئورېلىئانو بىلەن دومىنو قارتا ئويناۋېتىپ، ئەسكەرلەر باشلىقىغا ساندۇقنى ئېچىپ بېلەتنى ساناشنى بۇيرۇدى.

قىزىل بىلەتنىڭ سانى كۆك بىلەت بىلەن تەڭ دېگۈدەك چىققانىدى، ئەسكەرلەر باشلىقى قىزىل بىلەتنى ئوننىلا قالدۇرۇپ، ئورنىغا كۆك بىلەت تىقىۋەتتى. ئاندىن دوناپولنار موسكات بىلەت ساندۇقىنى قايتىدىن پېچەتلەپ، ئەتىسى قاق سەھەردە ئۆلكە مەركىزىگە ماڭغۇزدى.

— لىبېراللار چوقۇم ئۇرۇش قوزغايدۇ! — دېدى ئورېلىئانو.

— سايلام بىلەتىنىڭ ئالماشتۇرۇۋېتىلگەنلىكىنى دەۋاتقان بولسىڭىز، ئۇلار ئۇنداق قىلمايدۇ، — دېدى دوناپولنار موسكات قارتىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، — پىكرى چىقىپ قالمىسۇن دەپ ئازراق قىزىل بىلەت قالدۇردۇق ئەمەسمۇ.

ئورېلىئانو ئۆكتىچىلەرنىڭ پايدىسىز شارائىتتا ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— مەن لىبېراللارنىڭ ئورنىدا بولسام، — دېدى ئۇ، — سايلام بىلەتىنىڭ ئىشى ئۈچۈنلا ئۇرۇش قوزغايتتىم.

قېيىنئاتىسى كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن قاراپ قويدى.

— ھەي، ئورېلىئانو، — دېدى دوناپولنار موسكات، — ئەگەر لىبېراللارنىڭ ئورنىدا بولغان بولساڭ، كۈيئوغلۇم بولغان تەقدىردىمۇ سايلام بىلەتىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەن ئىشنى كۆرەلمىگەن بولاتتىڭ.

بازاردىكى جىمى ئاھالىنىڭ غەزىپى قوزغالدى، سەۋەبى سايلام نەتىجىسى ئەمەس، بەلكى ئەسكەرلەرنىڭ يىغىۋالغان قوراللارنى قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكى ئىدى. ئاياللار ئورېلىئانونى ئىزدەپ بېرىپ، قېيىنئاتىسىدىن قىڭراقلىرىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. دوناپولنار موسكات ئەسكەرلەرنىڭ مۇسادىرە قىلىنغان ئۇ قوراللارنى لىبېراللارنىڭ ئۇرۇشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى خۇپىيانە ئېيتىپ بەردى. ئورېلىئانو بۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى، لېكىن بىر كۈنى ئاخشىمى گېرىنېلدو ماركوس بىلەن ماگنىفىكو ۋىسپال ئاغىنىلىرى بىلەن قىڭراق ۋەقەسىنىڭ گېپىنى قىلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئورېلىئانودىن: سەن لىبېراللار تەرەپتە تۇرامسەن ياكى كونسېرۋاتىپلار تەرەپتە، دەپ سورىۋىدى، ئورېلىئانو ئىككىلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى:

— ئەگەر چوقۇم بىر تەرەپتە تۇرىدىغان ئىش بولسا، مەن لىبېراللار تەرەپتە تۇرىمەن. چۈنكى، كونسېرۋاتىپلار ساپلا ئالدامچى ئىكەن.

ئورېلىئانو ئەتىسى دوستلىرىنىڭ تەكلىپى بويىچە يوقىلا جىگەر ئاغرىقىنى داۋالىتىش باھانىسىدە ئالىرىئو نوگرا دوختۇر بىلەن كۆرۈشتى. ئورېلىئانو نېمە ئۈچۈن يالغان ئېيتىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئالىرىئو نوگرا دوختۇر بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىر ساندۇق ئۇنۇمسىز دورا كومىلىچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ماكوندودا ئۆزىنى دوختۇر دەپ ئاتىۋالغان بىر ساختىپەز ئىدى، ۋېۋىسكىسىغا يېزىۋالغان «ئوقتەك تېگىدۇ» دېگەن خەتلىرىگىمۇ كىشىلەر ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيتتى. ئۆزى بىر ئاددىي دوختۇردەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بىر تېررورچى ئىدى، ئۆتۈكىنىڭ قونچى ئوشۇقلىرىدىكى بەش يىللىق ئىشكەل يارىسىنىڭ تاتۇقىنى يېپىپ تۇراتتى. بىرىنچى نۆۋەتلىك لىبېراللار قوزغىلىڭىدا قولغا ئېلىنغانىدى، كېيىن ئۇستىلىق بىلەن ياسىنىپ كيۇراسائوْ ئارىلىغا قېچىپ بېرىۋېلىپ، دۇنيادا ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان دىن تارقاتقۇچى مىسسىيونېرلارنىڭ كېلەڭسىز يەكتىكىنى كىيىپ يۇرۇشكە مەجبۇر بولغانىدى. دەل شۇ مەزگىللەردە كارىپ ئاراللىرىدىن كيۇراسائوغا كېلىپ قالغان مۇساپىرلار يەتكۈزگەن خۇش خەۋەرلەردىن قالتىس روھلىنىپ، ئەتكەسچىلەرنىڭ يەلكەنلىك كېمىسىگە چۈشۈپ، ساپلا شېكەردىن ياسىغان ساندۇق - ساندۇق دورا كومۇلاچلىرى ۋە ئۆزى ياسىۋالغان لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دىپلومى بىلەن لېئوئاچقا كەلدى. نىھايەت، لېئوئاچقا كېلىپلا ئۈمىدسىزلىكتىن يىغلىۋەتتى. چۈنكى، ھېلىقى سەرگەردانلار لىبېراللارنى پارتلاشقا ئارانلا تۇرغان بومبىدەك سۈرەتلەپ بېرىشكەنىدى. ۋاھالەنكى، سايلامدىن ئۈمىدلىنىپ كەتكەن لىبېراللار شېرىن خام خىياللارغا غەرق بولۇپ سۇغا چۈشكەن تاشتەك تىنچىپلا قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، بۇ ساختا دوختۇر مەغلۇبىيىتىنىڭ ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئەمدىكى ئۆمرىنى تىنچقىنە ئۆتكۈزگىدەك بىرەر يەرنى تېپىش ئىستىكىدە مەيداننىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، قۇرۇق دورا قۇتىلىرىنى تىزىۋەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن قۇرۇق دورا قۇتىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ئاشۇ كاتەكتەك ئۆيدە بىرنەچچە

يىلنى پۈرسەت كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزدى، روزغارى ئاڭلىغانلىكى سەۋەبىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باققان، ئەڭ ئاخىرىدا شېكەر كومبىنىتىنىڭ تاتلىقى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرمەكتىن باشقا ئامالى قالمىغان بىمارلارغىلا قاراشلىق ئىدى.

تەبىئىتىن قۇتراتقۇ بۇ دوختۇر بازار بېگى دوناپولىنار موسكات نامدا بار، ئەمەلدە يوق ھۆكۈمران بولۇپ يۈرۈۋاتقان چاغلاردا قۇتراتقۇلۇق قىلغۇدەك پۈرسەت تاپالماي، كۈنلىرىنى ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەش، دەمىسىقمىسىنى پەسەيتىش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتەتتى. ئومۇمىي سايلام يېقىنلىشىپ قالغاندىلا چاتاق تېرىغۇدەك يېڭى پۈرسەتكە ئېرىشتى ـ دە، بازاردىكى سىياسىي ساپاسى يوق ياشلار بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ قۇتراتقۇلۇق قىلىشقا كىرىشتى. دوناپولىنار موسكات سايلام بېلىتى سېلىنغان ساندۇقتىن نۇرغۇن قىزىل بېلەتنىڭ چىققانلىقىنى يېڭىلىققا قىزىققاق ياشلارنىڭ قىلىقىغا دۆڭگەپ قويدى. ھالبۇكى، بۇ ئۆزىنىڭ پىلانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سايلام دېگەننىڭ ئادەم ئالدايدىغان ئويۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە مۇرىتلىرىغا زومۇزور ئاۋاز بەرگۈزگەنىدى.

— ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە زوراۋانلىق، — دېگەنىدى دوناپولىنار موسكات ئۇلارغا.

ئورېلىئانونىڭ دوستلىرىنىڭ كۆپىنچىسى كونسېرۋاتىپلىق تۈزۈمىنى يوقىتىش تەشەببۇسىغا قىزىقاتتى. بىراق، ھېچقايسىسى ئورېلىئانونى ئازدۇرۇشقا پېتىنالمايتتى. سەۋەبى بازار بېگى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىلا ئەمەس، جىمغۇر مىجەزى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئورېلىئانونىڭ قېينئاتىسىنىڭ ئىماسى بويىچە كۆك بېلەت تاشلىغانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان ئىش ئىدى. شۇڭا، ئورېلىئانونىڭ سىياسىي مەيداننى ئاشكارىلىغانلىقى تامامەن تاسادىپىيلىق بولۇپ، يوق كېسەلنى داۋالىتىش ئۈچۈن دوختۇرنى ئىزدەپ بارغانلىقىمۇ بىردەملىك قىزىقىسىنغانلىقى تۈپەيلىدىنلا بولغان ئىش ئىدى.

دوختۇرنىڭ چوشقا قوتىنىدەك مەينەت ئۆيىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلاپ كەتكەنىدى، كۆيە دورىسىنىڭ پۇرىقى دىماققا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچىدە ئۈستىبېشىنى چاڭ باسقان، نەپەس ئارىلىقىدا ئۆپكىسى غىژىلداپ تۇرىدىغان كەسلەنچۈكتەك بىر قېرى

ئولتۇراتتى. بۇ قېرى دوختۇر ئورېلىئانونى گەپ سورىمايلا دېرىزىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كېلىپ، قاپىقىنى قايرىپ تەكشۈردى.

— بۇ يەر ئەمەس، ماۋۇ يېرىم، — دېدى ئورېلىئانو دوستلىرىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە جىگىرى بار يېرىنى بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا بېسىپ تۇرۇپ، — ئاغرىپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن.

ئالىرىئو نوگرا دوختۇر ئۆيگە ئاپتاپ چۈشۈپ كەتتى دېگەن باھانىدە دېرىزىنى تاقىدى ـ دە، ئورېلىئانوغا كونسېرۋاتىپلارنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى مېغىزلىق قىلىپ چۈشەندۈردى. ئورېلىئانو بىرنەچچە كۈنگىچە كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا بىر قۇتا دورىنى سېلىۋېلىپ يۈردى، قۇتىنى ھەر ئىككى سائەتتە بىر قېتىم ئالاتتى ـ دە، ئۈچ تال كومۇلاچىنى ئالقىنىغا چۈشۈرۈپ كاپ ئېتىپ ئاستا ـ ئاستا شۈمەتتى. دوناپولىنار موسكات ئورېلىئانونى شۇنداق قىزىل كۆزلۈك بىلەن داۋالاش ئۇسۇلىغىمۇ ئىشىنىدىكەنسىز دەپ مەسخىرە قىلدى، ئىشىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىدىغانلار بولسا يەنە بىر شېرىك قاتارىمىزغا قېتىلدى دەپ بىلەتتى. ماكوندونى قۇرغۇچى پېشقەدەملەرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇ سەپكە قېتىلغانىدى. لېكىن، تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ھەرىكەتنىڭ كونكرېت مەزمۇنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. دوختۇر بىركۈنى بۇ سىرنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئورېلىئانو بۇ سۈيىقەستنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى ئاخىر بىلىۋالدى. شۇ چاغدا كونسېرۋاتىپلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنىڭ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان جىددىي ئىش ئىكەنلىكىگە ئىشەنسىمۇ، تەييارلىنىۋاتقان بۇ سۈيىقەستتىن تېنى شۈركىنىپ كەتتى. ئالىرىئو نوگرا دوختۇر يوشۇرۇن قاتىللىق مەستانىسى ئىدى. پىلانىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، ئايرىم ـ ئايرىم يەككە ھەرىكەتنى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئومۇمىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى بالا ـ چاقىلىرى بىلەن، بولۇپمۇ ئوغۇل باللىرى بىلەن قوشۇپ بىراقلا يوقىتىش، شۇ ئارقىلىق كونسېرۋاتىپلارنى يىلتىزىدىن قۇرۇتۇش مەقسىتىگە يېتىش ئىدى. دوناپولىنار موسكات ۋە خانىمى بىلەن قىزلىرىمۇ ئەلۋەتتە شۇ قاتاردا ئىدى.

— سىز قانداقتۇر لىبېراللاردىنمۇ ئەمەس، ھېچنېمىمۇ ئەمەس، — دېدى ئورېلىئانو قىلچە ھودۇقماستىن، — قانخور قاسساپنىڭ ئۆزى ئىكەنسىز.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى دوختۇرمۇ ئوخشاشلا تەمكىنلىك بىلەن، — دورا قۇتىسىنى قايتۇر، ساڭا ئەمدى لازىمى يوق.

ئورېلىئانو دوختۇرنىڭ شۇ چاغدا ئۆزىنى پاسسىپ، جىمغۇر، كۆڭۈلچەك، ئىستىقبالى يوق بىر نېمىكەن دەپ جاكارلىغانلىقىنى يېرىم يىلدىن كېيىن بىلدى. دوستلىرى ئۇنىڭ سىرنى پاش قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ قورقۇتۇپ قويماقچى بولۇۋىدى، ئورېلىئانو ھېچكىمگە تىنمايمەن، دەپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى. ۋاھالەنكى، دوستلىرى موسكاتنى ئائىلىسى بويىچە قىرغىن قىلماقچى بولغان ئاخشىمى ئورېلىئانو موسكاتنىڭ ئىشىكىنى بېقىپ تۇراتتى. سۇيىقەستچىلەر ئورېلىئانونىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ قول سېلىشقا پېتىنالماي پىلاننىڭ ئىجراسىنى چەكسىز كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇرسۇلا ئەنە شۇنداق بىر چاغدا ئورېلىئانوغا پېترو كرېسپى بىلەن ئامارانتانىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەت سېلىۋىدى، ھازىر تويىنىڭ ئىشىنى ئويلىشىدىغان چاغ ئەمەس دەپ جاۋاب بەردى. ئورېلىئانو شۇنىڭدىن بىر ھەپتە ئىلگىرىلا كونىچە بىر تاپانچىنى يېنىغا سېلىۋېلىپ سۇيىقەستچىلەرنى كۆزىدىن نېرى قىلماي كەلگەنىدى. ھەر كۈنى چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن خوس ئاركادىئو بىلەن رېبېكالارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قەھۋە ئىچەتتى، ئۇلار بۇ چاغدا ئۆيىنى ئانچە - مۇنچە ئوڭشىۋالغانىدى. كەچقۇرۇن سائەت يەتتىدىن باشلاپ قېيىنئاتىسى بىلەن دومىنو قارتىسى ئوينايتتى. چۈشلۈك تاماقتا بويىغا يېتىپ بەستلىك يىگىتلەردىن بولۇپ قالغان ئاركادىئو بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئاركادىئو ئۇرۇشنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بارغانسېرى خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى. مەكتىپىدە يېشى ئاركادىئودىنمۇ چوڭ بالىلاردىن تارتىپ ئەمدىلا تىلى چىققان بالىلارغىچە ھەممىسى قوشۇلۇپ پوپ نىكانورنى ئېتىپ تاشلاش، چېركاۋنى مەكتەپكە ئۆزگەرتىش، مۇھەببەتتە ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلىش توغرىسىدا سۆزلىشىپ كېتەتتى، ئاركاردىئونىڭ ۋۇجۇدىكى لىبېرالىزم ئەسەبىيلىكىمۇ ئاشۇ مەكتىپىدىن

يۇقۇقانىدى. ئورپلىئانو ئاركادىئونىڭ ئەسەبىيلىكىنى بىسىشقا ئۇرۇنۇپ ئۇنى ئۆپكىسىنى بىسىۋىلىشقا، ئېھتىياتچان بولۇشقا دەۋەت قىلدى، لېكىن ئاركادىئو ئورپلىئانونىڭ ھازىرقى رېئاللىقنى سوغۇققانلىق بىلەن توغرا مۆلچەرلەپ ئېيتقان نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سىلىش تۇگۇل چوڭلارنىڭ ئالدىدىلا ئۇنى بولۇمسىز دەپ ئەيىبلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئورپلىئانو كۇتۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. دېكابىرنىڭ باشلىرى ئىدى، ئۇرسۇلا بىركۇنى ئالاقزەدىلىك بىلەن زەرگەرخانىغا ئېتىلىپ كىردى.

— ئۇرۇش باشلىنىپتۇ!

نىھايەتكى، ئۇرۇش ئۇچ ئاينىڭ ئالدىدىلا باشلىنىپ، پۇتۇن مەملىكەت جىددىي ھالەتكە ئۆتكەنىدى. بۇ خەۋەردىن ماكوندو بويىچە يالغۇز دوناپولنار موسكاتلا ئۆز ۋاقتىدا ۋاقىپ بولغانىدى، لېكىن كىچىك بىر بۆلۈك قوشۇن ئۇشتۇمتۇتلا پەيدا بولۇپ ماكوندونى قولىغا ئالغانغا قەدەر ھەتتا خوتۇنىغىمۇ تىنىمىدى. ئەسكەرلەر ئىككى دانە يىنىك تېپتىكى زەمبىرەكنى قېچىرغا سۆرىتىپ تاڭ سۇزۇلگىچە ئارىلىقتا شەپە چىقارمايلا كىردى ـ دە، گازارمىسىنى مەكتەپكىلا قۇردى، كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدىن باشلاپ پۇتۇن بازاردا ھەربىي ھالەت يۇرگۇزدى. ئۇلار بۇ قېتىم بارلىق ئۆيلەرنى ئالدىنقى قېتىمقىدىنمۇ قاتتىق تىنتىپ، دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن تارتىپ ئېلىپ كەتتى. ئالىرىئو نوگىرا دوختۇرنى ئۆيىدىن سۆرەپ چىقىپ، مەيداندىكى بىر تۇپ دەرەخكە باغلىدى ـ دە، سوراق قىلمايلا ئېتىپ تاشلىدى. پوپ نىكانور بۇ ئەسكەرلەرنى مۇئەللەقتە تۇرۇش كارامىتى بىلەن قايىل قىلماقچى بولۇۋىدى، ئەسكەرلەردىن بىرى كىلىپ مىلتىقىنىڭ پاينىكى بىلەن بىرنى سىلىپ بېشىنى يېرىۋەتتى. دەۋرەپ كەتكەن لىبىراللارنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى. ئورپلىئانونىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن بولسىمۇ زۇۋان سۇرمەي، قېيىنئاتىسى بىلەن دومىنو قارتىنى ئويناۋەردى. ئۇ قېيىنئاتىسى دوناپولنار موسكاتىنىڭ گەرچە ھازىرمۇ بۇ بازارنىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئاتامانى دېگەن ئاتىقى بولسىمۇ، يەنە بىر قېتىم قورچاق بازار بېگى بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەتتى. بارلىق ئىشنى بۇ قوشۇندىكى بىر پوروچىك بىر تەرەپ قىلاتتى، بۇ پوروچىكنىڭ قوشۇنى ھەر كۇنى ئالاھىدە بىر خىل ئامانلىق بېجى يىغاتتى. تۆت

ئەسكەر پوروچىكنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن غالجىر ئىت چىشلىۋالغان بىر ئايالنى ئۆيىدىن سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، كوچىدىلا مىلتىقلىرىنىڭ پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئوربىلىئانو بازار ئىشغال قىلىنىپ ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر يەكشەنبە كۈنى گېرىنلېردو ماركوسنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئادەتتىكىدەكلا تەمكىن ھالدا بىر ئىستاكان قەنتسىز قەھۋە ئىچتى. ئوربىلىئانو ئاشخانىدا دوستى بىلەن يالغۇز قالغاندا:

— يىگىتلەرگە دەپ قوي، تەييار بولسۇن، — دېدى ئەزەلدىن كۆرۈلمىگەن بىر خىل كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئۇرۇشنى باشلايمىز.

گېرىنلېردو ماركوس ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى.

— قايسى قورال بىلەن؟

— ئۇلارنىڭ قورالى بىلەن.

سەيشەنبە كۈنى تۈن نىسپى ئىدى، ئوتتۇز ياشقا توشمىغان يىگىرمە بىر يىگىت ۋىلكا ۋە ئۇچلۇق تۆمۈرلەر بىلەن قوراللىنىپ، ئوربىلىئانونىڭ قوماندانلىقىدا گازارمىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالدى ھەمدە ھېلىقى ئايالنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن تۆت ئەسكەر بىلەن پوروچىكنى ئېتىپ تاشلىدى.

ئاركادىئو شۇ كۈنى كېچىدە مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىش بىلەن تەڭلا ماكوندونىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئاتامانلىقىغا تەيىنلەندى. ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ بولغان قوزغىلاڭچىلار ھەتتا خوتۇنلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، خوتۇن - بالىلىرىنى بېشىغا كەلگەننى كۆرۈشكە تاشلاپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار تاڭ سۈزۈلگەن مەھەلدە ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلغان ئاھالىنىڭ تەنتەنە سادالىرى ئىچىدە ماكوندودىن ئاتلىنىپ، ئىنقىلابچىلار قوشۇنىنىڭ سەردارى ۋىكتورىئو مادىنانىڭ قوشۇنىنى پاناھ تارتىپ ماڭدى. ئەڭ يېڭى خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، ۋىكتورىئو مادىنانىڭ قوشۇنى مانور ئەتراپىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانىكەن. ئوربىلىئانو يولغا چىقىش ئالدىدا دوناپولنار موسكاتنى بىر ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن تارتىپ چىقاردى:

— قورقماڭ، ئاتا، يېڭى ھۆكۈمەت سىز ۋە ئائىلىڭىزدىكىلەرنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

دوناپولنار موسكات ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيىپ، مۇرىسىگە مىلتىق ئېسىۋالغان كۆز ئالدىدىكى بۇ توپىلاڭچىنىڭ ئاخشاملىرى ئۆزى بىلەن كەچ سائەت توققۇزغىچە دومىنو قارتىسى ئوينايدىغان كويۇئوغلى ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايلا قالدى.

— بەك ساراڭلىقۇ بۇ، ئوربلىئانو، — دەۋەتتى دوناپولنار موسكات.

— ئازراقمۇ ساراڭلىق ئەمەس، — دېدى ئوربلىئانو، — بۇ دېگەن ئۇرۇش. مېنى ئەمدى ئوربلىئانو دېمەسسىز، مەن ھازىر پولكوۋنىك ئوربلىئانو.

# ئالتىنچى باب

پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇئېندىيە ئوتتۇز ئىككى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ ھەممىسىدە مەغلۇپ بولدى. ئون يەتتە خوتۇندىن ئون يەتتە ئوغۇل تاپتى، بۇ ئوغۇللىرىنىڭ ھەممىسى بىر كېچىدىلا كەينى ـ كەينىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلدى، شۇ چاغدا ئوغۇللىرىنىڭ ئەڭ چوڭى تېخى ئوتتۇز بەش ياشقىمۇ كىرمىگەنىدى. ئۆزى ئون تۆت قېتىم قەستكە، يەتمىش ئۈچ قېتىم بۆكتۈرمىگە ئۇچرىدى ۋە بىر قېتىم ئېتىلدى، بىراق ھەممىسىدە ئامان قالدى. بىر ئاتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈدەك كۆچۈلا شورى ئارىلاشتۇرۇلغان قەھۋەنى ئىچىپ سېلىپمۇ ساق قالدى. جۇمھۇرىيەت زۇڭتۇڭى تەقدىم قىلغان مېدالنى قوبۇل قىلماي رەت قىلدى. پەنسىيى ئۆسۈپ ئىنقىلابىي قوشۇننىڭ باش قوماندانى بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ جەنۇبىدىن شىمالىغىچە، غەربىدىن شەرقىغىچە كەڭ زېمىننى ئۆز ئىلكىگە ئالغان، ھۆكۈمەت ئەڭ قورقىدىغان بىر شەخسكە ئايلانغان بولسىمۇ، ھېچكىمگە رەسىمىنى تارتقىلى قويمىدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىنكى پېنسىيە پۇلىنىمۇ ئالماي، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ماكوندودىكى زەرگەرخانىسىدا ئالتۇن بېلىجان سوقۇپ جېنىنى جان ئەتتى. ئۇرۇشتا دائىم سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغان بولسىمۇ، پەقەت بىر قېتىملا ياربدار بولغانىدى، بەدىنىدە قالغان شۇ بىردىنبىر تاتۇقىمۇ يىگىرمە يىل داۋاملاشقان ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ «نىراندىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى» ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۆزىنى ئېتىۋالغانلىقىنىڭ يالدامىسى ئىدى. شۇ چاغدا تاپانچىسىنى مەيدىسىگە توغرىلاپ ئاتقان ئوق كۆكرىكىدىن كىرىپ دۈمبىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەنىدى. شۇنچە ئىشلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ئېرىشكىنى — ماكوندودىكى بىر كوچىنىڭ ئۆزىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغىنىلا بولدى. نىھايەت،

ئورېلىئانو ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دەپ بېرىشىچە، ھېلىقى كۈنى سەھەردە يىگىرمە بىر ئادىمىنى باشلاپ گېنېرال ۋىكتورىئو مادىنىنانىڭ قوشۇنىنى پاناھ تارتىپ ماڭغاندا قوزغىلاڭ باھانىسىدە ھېچقانداق شەكىلدىكى شەخسىي پايدا ـ مەنپەئەتكە ئېرىشىش تاماسىدا بولۇپ باقمىغانىكەن.

ــ ئەمىسە ماكوندو ساڭا قالدى، ــ دېگەنىدى ئورېلىئانو ماكوندودىن كېتىدىغان چاغدا ئاركادىئوغا، ــ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ماكوندونى ساڭا بىر ئوبدان پېتى قالدۇردۇق، بىز قايتىپ كەلگىچە تېخىمۇ گۈللەندۇرەرسەن.

ئاركادىئو بۇ تاپشۇرۇق توغرىسىدا باشقىچە چۈشەنچىدە ئىدى. مېرگادىسنىڭ بىر كىتابىدىكى قىستۇرما رەسىملەردىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزىگە پەر تاقىلىق ۋە مارشال پاگونلۇق فورما تىككۈزۈپ كىيدى، بېلىگە ئېتىلۋېتىلگەن ھېلىقى پوروچىكنىڭ سېرىق پوپۇكلۇك قىلىچىنى ئاستى. بازارغا كىرىدىغان يولنىڭ ئاغزىغا ئىككى زەمبىرەك ئورناتتى، بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلىرىغا بىر تۇتاش ھەربىي كىيىم كىيدۇرۇپ تولۇق قوراللاندۇردى. ئاركادىئونىڭ نۇتقىدىن روھى ئۇرغۇپ تاشقان ئۇ يىگىتلەر كوچىلاردا تاراقلىغىنىچە چارلاپ يۇرۇپ، ياتلارغا بۇ يېڭىلمەس بازار ئىكەن دېگەن تۇيغۇ بېرەتتى. بۇ تەدبىرنىڭ پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بار دېيىشكە بولاتتى. دەرۋەقە، ھۆكۈمەت ساق ئون ئايغىچە ماكوندوغا ھۇجۇم بۇيرۇقى چۈشۈرۈشكە پېتىنالمىدى. بىراق، ھۇجۇم باشلانغاندا مۇتلەق ئۈستۈنلۈككە ئىگە زور قوشۇن ئەۋەتىۋېدى، ماكوندولۇقلارنىڭ قارشىلىقىنى يېرىم سائەتتىلا بېسىقتۇرۇۋەتتى. ھوقۇق تۇتقان كۈندىن باشلاپلا بۇيرۇقۋازلىقنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان ئاركادىئونىڭ كۈنىگە تۆت قېتىم بۇيرۇق چۈشۈرگەن، خىيالىغا نېمە كەلسە شۇنى جاكارلاپ خالىغىنىنى قىلدۇرغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئون سەككىز ياشقا تولغانلىكى يىگىتلەرنىڭ بىرىمۇ قالماي ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتىشى لازىملىقىنى بەلگىلىدى، كەچ سائەت ئالتىدىن كېيىن كوچىدا مېڭىپ قالغان ئات ـ ئۇلاغلارنىڭ جامائەت مۈلكى بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، قېران ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىردەك قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقاشقا مەجبۇرلىدى. پوپ نىكانورنى ئۆيىگە نەزەربەند قىلدى ھەمدە سىرتقا

چىقساڭ ئېتىپ تاشلايمىز دەپ تەھدىت سېلىپ، لىبېراللارنىڭ غەلىبىسى تەبرىكلەنگەندىن باشقا چاغلاردا چېركاۋدا تىلاۋەتكە رىياسەتچىلىك قىلىشنى ۋە قوڭغۇراق چېلىشنى چەكلىدى. قارارنىڭ شەكسىز ئىجرا قىلىنىدىغانلىقىغا خالايىقنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر جازا ئەترىتىنى مەيداندا قارانچۇقلارنى قارىغا ئېتىپ مەشىق قىلىشقا بۇيرۇدى. كىشىلەر دەسلەپتە بۇ ئىشلارنى مەكتەپ باللىرىنىڭ چوڭلارنى دوراپ ئويناۋاتقان ئويۇنى دەپ ئويلاپ ھېچكىم پوش دېمىگەنىدى. ھالبۇكى، ئاركادىئو بىر كۈنى ئاخشىمى كاتالىنونىڭ سارىيىغا كىرگەندە، ئوركېستىر مىزگانچىسى قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن ئۇنى مىزگان چېلىپ قارشى ئېلىۋىدى، سارايدىكى مېھمانلار ئىچىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. ئاركادىئو بۇ مىزگانچىنى تەپ تارتماستىن ھۆكۈمەتنى كۆزگە ئىلمىدى، دېگەن جىنايەت بىلەن شۇ ئان بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئاتقۇزۇۋەتتى. ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ قارشى چىقىشقا پېتىنغانلىكى كىشىنى مەكتەپتە ئاچقان قاماقخانىغا قامىغاندىن كېيىن پۇتىغا ئىشكەل سالدۇرۇپ، سۇ بىلەن بولكىدىن باشقا ھېچنېمە بەرمەيتتى.

— سەن دېگەن قاتىل! — ۋارقىرايتتى ئۇرسۇلا ھەر قېتىم ئاركادىئونىڭ خالىغىنىچە زوراۋانلىق قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندا، — بۇ ئىشلار ئورېلىئانونىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارسا سېنى ئېتىپ تاشلىغاندا، مەن بىرىنچى بولۇپ پوجاڭزا ئاتىمەن.

بىراق، بۇ گەپلەرنىڭ پايدىسى بولمىدى، ئاركادىئو چېكىدىن ئاشقان قاتتىق قوللۇقىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، ماكوندو تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ شەپقەتسىز ھۆكۈمران بولۇپ قالدى.

— ئەمدىغۇ ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ تەمىنى تېتىغانسىلەر، — دېدى بىر قېتىم دوناپولنار موسكات، — لىبېراللارنىڭ جەننىتى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ.

بۇ گەپ ئاركادىئونىڭ قۇلىقىغا يەتتى - دە، شۇ ئان بىر بۆلۈك چارلىغۇچى ئەسكەرنى باشلاپ دوناپولنار موسكاتنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ ئۆي سەرەمجانلىرىنى چېقىۋەتتى، ئايالى ۋە قىزلىرىنى ساۋىدى، سابىق بازار بېگىنى سۆرىگىنىچە گازارمىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇرسۇلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ نومۇستىن

ئاللا ـ تـوۋا كـۆتۈرگـىنىچە دېۋىرقـايغا چـىلانغان قـامچىسىنى پـولاتـلىتىپ گـازارما هـويلىسىغا بېسىپ كـىردى، ئاركادىئو بۇ چـاغدا ئـېتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈرمەكچى بولۇپ تۇرغانىدى.

ــ ئاتقىنىڭنى بىر كۆرەي، هۇ هارامزادە! ــ ۋارقىرىدى ئۇرسۇلا.

ئاركادىئو ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە قاسىسىدە بىر قامچا يېدى.

ــ ئېتىپ باق، قېنى، هۇ قاتىل! ــ ۋارقىرىدى ئۇرسۇلا، ــ ئۆلگۈر مۇناپىق، مېنىمۇ ئېتىۋەت، شۇنداق قىلساڭ سەندەك بىر مەخلۇقنى باققىنىمنىڭ جازاسىنى تارتىپ نومۇستا ئۆتمەسمەن.

ئۇرسۇلا ئاركادىئونى ئايىماي قامچىلاپ، هـويلىنىڭ بىر بـۇلۇڭىغا قېچىپ كىرىۋېلىپ كىرپىدەك تۈگۈلىۋالغۇچە تازا ساۋىدى. تۈۋرۈككە باغلانغان دوناپولنار موسكات ئاللىقاچان هوشىدىن كەتكەنىدى. بۇ تۈۋرۈكنىڭ ئورنىدىكى قارانچۇق مەشىق جەريانىدىكى ئوق يامغۇرىغا پايلىماي تىتىلىپ بولغانىدى. جازا ئىجرا قىلغۇچى باللار ئۇرسۇلانىڭ شۇ ئاچچىقىدا ئۆزلىرىنىمۇ ئۇرۇۋېتىشىدىن قورقۇپ تـەرەپ ـ تـەرەپكـە قېچىپ كېتىشتى، ئۇرسۇلا بولسا ئۇلارغا كۆزىنىڭ قىرىدىمۇ قاراپ قويمىدى. ئاندىن فورمىسى تىتىلىپ كەتكەن، ئاغرىققا ۋە ئـەلەمگە چىدىماي ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ۋايساۋاتقان ئاركادىئونى تاشلاپ، دوناپولنار موسكاتنى باغلاقتىن يەشتى ـ دە، ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. كېتىدىغان چاغدا سولاقتىكى تۇتقۇنلارنىمۇ قويۇۋەتتى.

ئۇرسۇلا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بازارنىڭ ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىپ، يەكشەنبىلىك ئىبادەتنى ئەسلىگە كەلتۈردى، قىزىل يەڭ بەلگىسىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئاركادىئونىڭ يەڭگىلتەكلىك بىلەن چۈشۈرگەن پەرمانلىرىنى بىكار قىلدى. ئۇرسۇلا شۇنچە قەيسەر بولسىمۇ، شۇم پېشانىلىكىدىن هەسرەت چېكەتتى. غېرىبسىنىپ قالغان چاغلىرىدا كاشتان دەرىخىگە باغلاقلىق پېتى ئۇنتۇپ كېتىلگەن ئېرىنىڭ يېنىغا بېرىپ هال ئېيتىپ بىكارلا ئاۋارە بولاتتى.

ــ قارىغىنە، نېمە كۈنگە قالدۇق بىز، ــ دېدى بىركۈنى ئېرىگە دەردىنى تۆكۈپ، شۇ تاپتا پالما شاخ ـ شۇمبىلىرىدىن ياسالغان لەمپە توختىماي يېغىۋاتقان ئالتىنچى

ئاينىڭ يامغۇرىدا ئۆرۈلۈپ چۈشۈشكە ئازانلا تۇراتتى، ــ بالا ــ چاقىمىز ھەر يان كېتىپ ئۆيىمىزدە بوران ئۇچۇۋاتىدۇ، ئىككىمىز يەنە بۇرۇنقىدەكلا يالغۇز قالدۇق.

خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ نېرۋىسى پۈتۈنلەي كاردىن چىققان بولغاچقا، خوتۇنىنىڭ زارى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئېلىشىپ قالغان دەسلەپكى چاغلىرىدىغۇ چالا ـ بۇلا لاتىنچە سۆزلەپ ھەر كۈندىلىك ھاجىتىنى بولسىمۇ ئۆتەلەيتتى. خاتىرىسى غىل ـ پال ئەسلىگە كېلىپ قالغان چاغلاردا تېخى ئاش ـ تاماق ئېلىپ كەلگەن ئامارانتاغا دەردىنىمۇ تۆكۈپ بېرەتتى، دۈمبىلىرىگە لوڭقا قويۇپ قىچا مېيى سۈرۈپ قويغىچە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن تۇرۇپمۇ بېرەتتى. بىراق، ئۇرسۇلا كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ دەرد تۆكۈشكە باشلىغاندا، بۇ ئائىلىگە مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئىش ئۇنىڭ ئېسىدە يوق ئىدى. ئۇرسۇلا ئېرىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ بەدىنىنى ھۆل لۆڭگە بىلەن سۈرتۈپ قويغاچ يەنە دەردىنى تۆكتى:

ــ ئورېلىئانو ئۇرۇشقا كەتكىلى تۆت ئايدىن ئاشتى، ھېچقانداق ئۇچۇرى يوق، ــ ئۇرسۇلا شۇنداق دېگەچ لۆڭگىنى سوپۇنغا تەگكۈزۈپ ئېرىنىڭ دۈمبىسىنى سۈرتەتتى، ــ خوس ئاركادىئو قايتىپ كەلدى، سېنىڭدىنمۇ بويلۇق بولۇپ كېتىپتۇ، بەدىنىگە ئالا قويماي چەكمە چەكتۈرۈۋاپتۇ. بىراق، كېلىپ يۈزىمىزنى تۆكىدىغانلا ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدۇ.

ئۇرسۇلا ئېرىنىڭ بۇ يامان خەۋەرنى ئاڭلاپ قايغۇرۇۋاتقاندەك بىرقىسما بولۇپ قالغانلىقىنى سەزدى ـ دە، يالغان سۆزلەش قارارىغا كەلدى:

ــ بۇ گەپلىرىمگە ئىشىنىپ يۈرمە يەنە، ــ دېدى ئېرىنىڭ تەرىتىنى گۈرجەكتە ئېلىۋېتىشكە قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن كۈل سەپكەچ، ــ شۈكرى، خوس ئاركادىئو بىلەن رېبېكا تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى بىلەن توي قىلىۋالدى، ئۇلار ھازىر ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ.

يالغان گەپلىرى بارغانسېرى راستتەكلا شۇنداق ئوخشىدىكى، بۇ يالغان ـ ياۋىداقلاردىن ئاخىرىدا ئۆزىمۇ تەسەللى تاپقاندەك بولدى.

ــ ئاركادىئو راۋۇرۇس بىر ئەر بولۇپ قالدى، ــ داۋاملاشتۇردى ئۇرسۇلا، ــ

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىنتايىن باتۇر، فورمىسىنى كىيىپ، قىلىچىنى يېنىغا ئېسىۋالىدىغان بولسا شۇنداق ھەيۋەتلىك بولۇپ كېتىدۇ.

بۇ ئۆلۈككە گەپ قىلغىنى بىلەن باراۋەر ئىدى. چۈنكى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئەمدى ھېچقانداق ئىشتىن غەم يەپ ئولتۇرمايتتى. ئۇرسۇلا بولسا توختىماي گەپ قىلىۋەردى. ئېرى ئۇنىڭ كۆزىگە شۇنداق مۇلايىم، ئىنائەتمەن كۆرۈنۈپ، باغلاقتىن يېشىۋېتىش قارارىغا كەلدى. باغلاقتىن بوشانغان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە باغلاقنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقتەك، تېخىمۇ چىڭ بىر كۆرۈنمەس ئارغامچىدا كاشتان دەرىخىگە بەند بولۇپ كەتكەندەك بىر ھالدا ئورۇندۇقىدا مىتمۇ قىلماي ئولتۇرىۋەردى.

ئۇرسۇلا ئارىدىن سەككىز ئايچە ئۆتكەندە ئېرىگە بىر ئىشنى ئېيتتى:

— قارىغىنا، بىزدىن تېخى ئامەت قاچماپتۇ، ئامارانتا ئاپتوماتىك پىيانىنو ياسايدىغان ئىتالىيان بىلەن توي قىلىدىغان بولدى!

ئامارانتا بىلەن پېترو كىرىسپىنىڭ دوستلۇقى ئۇرسۇلانىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ كۈنسايىن چوڭقۇرلاشتى، ئۇرسۇلا ئەمدى ئۇلار كۆرۈشكەندە نازارەت قىلىپ ئولتۇرمىساممۇ بولغۇدەك دەپ قارىغانىدى. پېترو كىرىسپى ھەر كۈنى قاش قارايغان مەھەلدە تۆگمە تۆشۈكىگە بىر تال شاتارى گۈلىنى قىستۇرۇۋېلىپ ئامارانتانىڭ ئالدىدا پەيدا بولاتتى، ئامارانتاغا ئىتالىيەنىڭ داڭلىق كىلاسسىك شائىرى پېتراركىنىڭ ئون تۆت مىسرالىق شېئىر شەكلىدىكى سونېتلىرىنى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇپ بېرەتتى. ئۇلار ئەتىرگۈل ۋە جەمبىل گۈللىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى بىلەن تولغان پېشايۋاندا ئولتۇراتتى، پېترو كىرىسپى شېئىر ئوقۇپ بېرەتتى، ئامارانتا كۆينەكنىڭ يېڭىگە جىيەك تۇتقاچ ئاڭلايتتى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش ئەنسىزچىلىكلىرى ۋە ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن كېلىپ تۇرىدىغان شۇم خەۋەرلەردىن پەرۋايى پەلەك ئىدى، ئۆلگۈر پاشىلارنىڭ چېقىشلىرىغا چىدىماي قالغاندىلا ئاندىن مېھمانخانىغا قېچىپ كىرىۋالاتتى. ئامارانتانىڭ زېرەك، لاتاپەتلىك ۋە مۇلايىم مىجەزلىرىدىن توقۇلغان كۆرۈنمەس تور يىگىتنى باغلاپ تۇراتتى، يىگىت كەچ سائەت سەككىز بولۇپ قالغاندىلا ئۇزۇكسىز

تاتىراشتىغۇ بارماقلىرى بىلەن بۇ كۆرۈنمەس تورنى قايرىۋېتىپ خوشلىشىشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇلار پېترو كىرىسبىغا ئاتاپ ئىتالىيەدىن كەلگەن ئاتكرىتكىلاردىن نەپىس بىر ئالبوم ئىشلىدى، بۇ ئالبومدىكى ئاتكرىتكىلارنىڭ ھەممىسى دېڭىزدەك خىلۋەت باغىبارانىڭ ئىچىدىكى ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ سۈرىتى ئىدى، بۇ رەسىملەرگە ئوقيا ئوقى تېشىپ ئۆتكەن يۈرەك ۋە ئالتۇنرەڭ لېنتىنى چىشلەپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرنىڭ سۈرىتىمۇ قوشۇمچە قىلىنغانىدى.

ــ فىلورېنسادىكى ئۇ باغچىنى بىلىمەن، ــ دەيتتى پېترو كىرىسبى ئالبومنى ۋاراقلىغاچ، ــ قولىڭىزنى سۇنسىڭىزلا كەپتەرلەر ئۇچۇپ كېلىپ دانلايدۇ.

پېترو كىرىسبى بەزىدە ۋېنېتسىيەنىڭ سۇ بوياق رەسىملىرىنى كۆرگەندە، يۇرتىنى شۇنداق سېغىنىپ كېتەتتىكى، قانالدىكى قارا پاتقاق ۋە دېڭىز جانلىقلىرىدىن ئېچىمال پۇراقلار ئەمەس بەلكى جاننى يايرىتىدىغان خۇشبۇي گۈل ھىدى تارىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كېتەتتى. ئامارانتا ئىككىنچى يۇرتىنى تەسەۋۋۇرىدىن ئۆتكۈزۈپ شۇنداق بىر جايغا بېرىشقا ئىنتىلىپ ھېلى ئۇھسىنسا، ھېلى شاد كۈلەتتى، ئۇنىڭغا ئۇ يەرنىڭ ئادەملىرى شۇنچىلىك چىرايلىق، گەپ ـ سۆزلىرى بالىلارنىڭكىدەك چۈچۈك بىلىنەتتى. ئۇ يەردە قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھەيۋەتلىك قۇرۇلۇشلىرىدىن پەقەتلا خارابىلىك ۋە شۇ خارابىلىكتە تىمىسقىلاپ يۈرگەن بىرنەچچە مۈشۈكلا قالغاندەك تۇيۇلاتتى. پېترو كىرىسبى دېڭىز ـ ئوكيان ئېشىپ ئىزدىگەن، رىبېكانىڭ ھاياجانلىنىپ يېپىشقۇيلىشى بىلەن بىر مەھەللىك خاتا تۇيغۇ تۇپەيلى پەيدا بولغان ئۆتكۈنچى مۇھەببەت ئورنىنى ئىگىلىگەن ھەقىقىي بەختلىك مۇھەببەت ئوقتىغا بەرىكەت ئېلىپ كەلدىمۇ ـ قانداق پېترو كىرىسبىنىڭ دۇكىنى پۈتۈن بازاردىكىلەرنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى، ھەتتا بۇ دۇكاننى ئارزۇ ـ ئارمانلار بوشۇكى دېيىشكىمۇ بولاتتى. بۇ دۇكاندا فىلورېنسانىڭ سائەت مۇنارىغا ئوخشىتىپ ئىشلەنگەن نەپىس قوڭغۇراقلىق سائەتلەر، سورۇنتونىڭ مۇزىكا قۇتىلىرى، ئاغزى ئېچىلسىلا بەش ئاھاڭلىق مۇزىكا چېلىنىدىغان جۇڭگونىڭ ئۇيا قۇتىلىرى، شۇنداقلا كىشىنىڭ ئەقلى لال بولغۇدەك خىلمۇخىل چالغۇلار ۋە ئويۇنچۇقلارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. پېترو

كىرىسبى ئۆزى ئاچقان مۇزىكا مەكتىپىنى باشقۇرۇش بىلەن بولۇپ يېتىشەلمەي قالغاچقا دۇكىنىنىڭ تىجارىتىنى ئىنىسى بىرونو كىرىسبىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەنىدى. ماكوندو ئەمدى تۇركلەر كوچىسىدىكى كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان ئاشۇ خىلمۇخىل ئويۇنچۇقلار تىزىمىسىنىڭ خاسىيىتى بىلەنلا خەيرلىك بىر بوستانلىققا ئايلانغان بولۇپ، بۇ نەرسىلەر كىشىلەرنى بىردەم بولسىمۇ ئاركادىئونىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقلىرى ۋە يىراقلاردىكى ئۇرۇش قاباھىتىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن خالاس قىلغانىدى. ئۇرسۇلا يەكشەنبىلىك ئىبادەتنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، پېترو كىرىسبى چېركاۋغا گېرمانىيەدە ياسالغان بىر فىسگارمون ھەدىيە قىلدى ھەمدە ئۆسمۈرلەردىن مۇناجاتچىلار ئۆمىكى تەشكىللەپ گىرگورى قەسىدىلىرىنى ئۆگەتتى، بۇ پوپ نىكانورنىڭ بۇرۇقتۇرمىلىققا تولغان ئىبادەت مۇراسىملىرىغا يارقىن تۈس قوشتى.

ئامارانتانىڭ بەختلىك ئايال بولىدىغانلىقىدىن ھېچكىم شەكلەنمەيتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببىتى تەبىئىي چوڭقۇرلاشقان بولۇپ، ئەمدە پەقەت توي كۈنىنى بېكىتىشلا قالغانىدى. ئۇلار ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمىدى. رېبېكانىڭ تويىنى كەينىگە سۈرۈۋەرگەنلىكىدىن پەيدا بولغان ئاقىۋەت ئۇچۇن ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەلگەن ئۇرسۇلا يەنە شۇ ئىزىغا دەسسەپ پۇشايمان ئۈستىگە پۇشايماندا قېلىشنى خالىمايتتى. ئۇرۇش ئاپىتى، ئورېلىئانونىڭ يىراقلارغا كېتىپ قالغىنى، ئاركادىئونىڭ زوراۋانلىقى، خوس ئاركادىئو بىلەن بىللە رېبېكانىڭ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى تۈپەيلىدىن رېمەدىيسىنىڭ ئۆلۈمىگە تۈتۈلىۋاتقان قارىلىق ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتۈپ قالدى. تويغىمۇ ئاز قالغانىدى، پېترو كىرىسبى ئورېلىئانو خوسنى ئوغۇل قىلىۋالىدىغانلىقىدىنمۇ بېشارەت بەردى، شۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ بۇ بالىغا ئاتىلىق مېھرى بىلەن قاراپ كەلگەنىدى. ھەممە ئالامەتلەر ئامارانتاغا بەختىنىڭ قۇچاق ئېچىپ تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇرسىمۇ، ئامارانتا رېبېكانىڭ ئەكسىچە ئىش تۇتۇپ قىلچىمۇ ئالدىراڭغۇلۇق قىلمىدى. گويا داستىخانغا كەشتە تىككەندەك، چىلتەك تۇتقاندەك، توز نۇسخىسىنى كەشتىلەۋاتقاندەك پېترو كىرىسبىنىڭ ئىچىدىكى چىدىغۇسىز ئازابقا بوي بېرىشىنى

سەۋر ـ تاقەت بىلەن كۈتتى. ئۇ كۈتكەن مىنۇتلار ئاخىرى ئۆكتەبىرنىڭ زىرىكىشلىك يامغۇرى بىلەن بىللە يېتىپ كەلدى. پېترو كىرىسبى ئامارانتانىڭ تىزىدىكى كەشتە سېۋەتنى ئېلىۋېتىپ، قولىنى ئىككى قوللاپ چىڭ قىستى:

ــ ئەمدى كۈتەلمەيمەن، تويىمىزنى كېلەر ئايدىلا قىلىۋېتەيلى.

ئامارانتا پېترو كىرىسبىنىڭ مۇزدەك قوللىرىدىن شۈركۈنمىگەنىدى، لېكىن تۇتۇق بەرمەس شاش جانۋاردەك قولىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ يىڭنە ئىشىنى داۋاملاشتۇردى:

ــ ئەخمەق بولماڭ، كىرىسبى، ــ دېدى ئامارانتا كۈلۈمسىرەپ، ــ ئۆلسەممۇ سىزگە تەگمەيمەن.

پېترو كىرىسبى نومۇسنى قايرىپ قويۇپ يىغلاپ كەتتى. ئۈمىدسىزلەنگىنىدىن بارماقلىرىنى قايرىپ سۇندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. بىراق، ئامارانتانى قارارىدىن ياندۇرۇش مۇمكىن بولمىدى.

ــ ئاۋارە بولماڭ، ــ دېدى ئامارانتا ئاخىرقى جاۋابىنى ئېيتىپ، ــ مېنى راستىلا شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان بولسىڭىز، ئەمدى بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئىككىنچى دەسسىگۈچى بولماڭ.

ئۈرسۇلا خىجالەتچىلىكتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمىدى. پېترو كىرىسبىنىڭ يالۋۇرۇپ دېمىگەن گېپى قالمىدى، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە لاۋزىلىشىپ كەچ كىرگىچە ئۈرسۇلانىڭ قۇچىقىدا يىغلاپ چىقتى، ئۈرسۇلا بولسا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن يۈرىكىنى يېرىپ كۆرسەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. پېترو كىرىسبى يامغۇرلۇق كېچىلەردە تاۋار كۈنلۈكىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۈلارنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا چۆرگىلەپ ئامارانتانىڭ روجىكىدىكى چىراغ يورۇقىغا تەلمۈرەتتى، بېشىغا كۈن چۈشكەندىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي شۇ كۈنلەردە ئاجايىپ ئېسىل كىيىنىپ، ياسىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ كەتتى. ئامارانتانىڭ پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ بىللە كەشتە تىكىشىدىغان دوستلىرىغا يېلىنىپ، ئارىغا چۈشۈشىنى ئۆتۈندى. سودىسىنى تاشلاپ كۈنبويى ماگىزىنىنىڭ كەينىدىكى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ مەجبۇنلارچە سالام خەت يازاتتى،

ئاندىن يازغان خەتلىرىنىڭ ئارىسىغا گۈل بەرگى ۋە كېپىنەك ئەۋرىشكىلىرىنى قىستۇرۇپ ئامارانتاغا ئەۋەتتى، ئامارانتا بولسا ئۇ خەتلەرنى شۇ پېتى قايتۇرۇۋېتەتتى. پېترو كىرىسپى كېيىن ئۆيدىن چىقماي سائەت ـ سائەتلەپ چىتتار چالىدىغان بولۇۋالدى. بىر كۈنى كېچىدە ناخشا ئېيتقىلى تۇرىۋىدى، پۈتۈن ماكوندولۇقلار ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، بۇ سېھىرلىك مۇڭغا ئەسىر بولدى. چىتتاردىن ياڭراۋاتقان مۇڭ پانىيغا تەئەللۇق ئەمەس ئىدى، سۆيگۈ ئىزهارى تۆكۈلۈۋاتقان مۇڭ ناخشىمۇ پانىيدا قايتىلانمايتتى. پېترو كىرىسپى بازاردىكى بارلىق ئۆيلەرنىڭ روجەكلىرىدىن چىراغىنىڭ يورۇقىنى كۆردى ـ يۇ، ئۆزىنى ئەڭ تەلمۈرتىۋاتقان ئامارانتانىڭ روجىكىلا قاراڭغۇ پېتى تۇرىۋەردى.

2 ـ نويابىر ئەرۋاھلار بايرىمى ئىدى. پېترو كىرىسپىنىڭ ئىنىسى دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئاچقىنىدا جىمى چىراغلارنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى، بارلىق مۇزىكا قۇتىلىرىدىن مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى، بارلىق سائەتلەرنىڭ بىر ئىزدا توختاپ ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىپ تىنىمسىز جىرىڭلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تاڭ قالدى. پېترو كىرىسپى بۇ قالايمىقان سىمفونىيە ئىچىدە ئىچكىرى ئۆيدىكى يېزىق ئۈستىلىگە بېشىنى قويۇپ دۈم ياتاتتى، بىلەكلىرىنىڭ تومۇرى تىغدا كېسىۋېتىلگەن بولۇپ، قوللىرى داستىكى ئاخىرەتلىك ئەتىرگە چىلاقلىق تۇراتتى.

ئۇرسۇلا مېيىتنى ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ساقلاش قارارىغا كەلدى. پوپ نىكانور ئۆلۈۋالغۇچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە قارشى ئىدى، جامائەت قەبرىستانلىقىغا قويۇشقىمۇ قارشى تۇردى. ئۇرسۇلا شۇ سەۋەبتىن پوپ بىلەن دېيىشىپ قالدى.

— سىز بىلەن بىز بىلىپ بولالمىساقمۇ، بۇ كىشى بەرھەق خىرىستوسنىڭ مۇخلىسى، — دېدى ئۇرسۇلا، — شۇڭا، ئىرادىڭىزگە خىلاپ بولسىمۇ مېرگادىسنىڭ يېنىغا قويغىنىم قويغان.

ئۇرسۇلا پۈتۈن بازار ئەھلىنىڭ قوللىشى بىلەن كىرىسپىنى ئىنتايىن داغدۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ دەپنە قىلدى. ئەمما ئامارانتا ياتاق ئۆيىدىن چىقىپمۇ قويمىدى، كارىۋىتىدا ئۇرسۇلانىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى، ئۆيگە كىرگەن

كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىنى ۋە كۇسۇرلاشلىرىنى ئاڭلاپ ياتتى، كېيىن ئۇ ئۆي ئىچىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈپ، چەيلەنگەن گۈلنىڭ ھىدى كەلدى. خېلى ئۇزۇن كۇنلەرگىچە ھەر ئاخشىمى پېترو كىرىسبىنىڭ تېنىدىكى ئۇستىقۇددۇس گۈلى ئەتىرىنىڭ ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ تۇردى، ئامارانتا شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەقلىدىن ئازماسلىققا تىرىشتى. ئۇرسۇلا شۇ خىجىلچىلىقىدا ئامارانتانى تاشلىۋەتتى. ئامارانتا بىر كۇنى كەچقۇرۇن ئاشخانىغا كىرىپ قولىنى ئوچاقتىكى چوغقا قويغاندىمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويمىدى. ئامارانتانىڭ قولى ئاغرىق دەستىدە سەزمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇرنىغا ئۆز گۆشىنىڭ كۆيۈك پۇرىقى ئۇرۇلدى، پۇشايماننىڭ ئۆتكۈر دورىسىمۇ شۇ ئىدى. ئامارانتا شۇنىڭدىن كېيىن خېلى كۇنلەرگىچە قولىنى تۇخۇمنىڭ ئېقىغا چىلاپ ئولتۇردى. تۇخۇمنىڭ ئېقىغا چىلاپ يۇرۇپ قولىدىكى كۆيۈكى ساقايغاندا يۈرىكىدىكى جاراھەتىمۇ ساقايدى. كۆيگەن قولىنى ئورىغان قارا داكىنى بۇ تىراگېدىيەنىڭ بىردىنبىر يالدامىسى سۈپىتىدە ئۆلگەنگە قەدەر قولىدىن ئېلىۋەتمىدى.

ئاركادىئو ئالاھىدە مەردلىك قىلىپ، پۈتۈن بازار ئەھلىنى پېترو كىرىسبىغا قارىلىق تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇرسۇلا بۇ ئىشنى ئېزىپ قالغان قوزىنىڭ ئىسىنى تېپىپ قايتىپ كەلگىنىدەك بىر ئىش دەپ قارىدى. بىراق، خاتالاشقانىدى. ئاركادىئونى ھەربىي فورما كىيگەن ۋاقتىدىن تارتىپ ئەمەس، باشتىلا يوقىتىپ قويغانىدى. ئۆز كۆڭلىدە ئاركادىئونى ئۆز نەۋرەمگە ئوخشاش كۆرۈپ رېبېكانى قانداق باققان بولسام شۇنداق بېقىپ چوڭ قىلدىم، ئەتىۋارلاپمۇ كەتمىدىم، خارلاپمۇ قويمىدىم دەپ ئويلىغىنى بىلەن ئاركادىئو ئەمەلىيەتتە يېتىم بالىدەك غېرىبسىنىپ، چوڭ بولغىچە قورقۇپلا ئۆتكەنىدى. باللىق دەۋرىدە ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتتى، ئۇرسۇلا ئىگىلىك ئىشلىرىغا ئوتتەك قىزغىن كىرىشىپ كەتكەن، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئەقلىدىن ئازغان، ئورېلىئانو تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان سىرلىق ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەن، شۇنداقلا ئامارانتا بىلەن رېبېكا بىر ـ بىرى بىلەن ئەشەددىي دۈشمەندەك تىركىشىپ ئۆتكەن چاغلارنىڭ

گۈۋاھچىسى بولۇپ چوڭ بولدى. ئورېلىئانو خەت ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەتكەن چاغلىرىدا كۆڭلى باشقا ئىشلار بىلەنلا بولغاچقا ناتونۇش ئادەمدەك تۇيۇلاتتى. ئورېلىئانونىڭ كىيىملىرى كىچىك كېلىپ قالسا، ئىندىيان ئايال ۋىھتازان كىچىكلىتىپ بەرگەندىن كېيىن كىيگۈزۈپ قوياتتى. ئاركادىئو پۇتىغا چوڭ كېلىپ خولوپشىپ تۇرىدىغان ئايىغىدىن، كىچىكلىتىلگەن ئىشتىنىدىكى ياماقلاردىن، شۇنداقلا ئاياللارنىڭكىدەك ساغرىسىدىن كۆڭلى پەرىشان ۋە غەش ئۆتەتتى. باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقانلىرىدا ھېچقاچان ئىندىيان مالاي ۋىھتازان ۋە كاتاۋۇرلار بىلەن شۇلارنىڭ تىلىدا پاراڭلاشقاندەك ئەركىن پاراڭلىشىپ كېتەلمەيتتى. پەقەت مېرگادىسلا ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىردىنبىر كىشى ئىدى، ئۇ بوۋاي چۈشىنىكسىز خاتىرىلىرىنى ئوقۇپ بېرەتتى، سۈرەت تارتىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مېرگادىسنىڭ ئۆلۈمىگە شۇ قەدەر قايغۇرۇپ يوشۇرۇن يىغلىغانلىقىنى، بوۋايىنى بۇ ئالەمگە قايتۇرۇپ كېلىشكە ئۇرۇنۇپ سىرلىق خاتىرىلىرىنى بىكارلا ئاۋارە بولۇپ ئەسەبىيلەرچە تەتقىق قىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مەكتەپتە ئېرىشكەن دىققەت - ئېتىبارى ۋە ھۆرمىتى، بازارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىنكى سۈرلۈك ھەربىي فورمىسى ۋە بۇيرۇقۋازلىقلىرىلا ئۇنى روھىنى بوغۇپ كەلگەن ئاچچىق بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قۇتۇلدۇرغانىدى. بىركۈنى ئاخشىمى كاتالىنونىڭ مېھمانسارىيىدا بىرسى يۇرىكىنى قاپتەك قىلىپ:

— سەن ھازىرقى فامىلەڭگە مۇناسىپ ئەمەس، — دېۋىدى، ئاركادىئو بۇ قېتىم ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ بۇ تەنتەكنى ئېتىپ تاشلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرمىدى.

— بۇئېندىيە جەمەتىدىن بولمىغانلىقىم ئۈچۈن بەكمۇ پەخىرلىنىمەن.

ئاركادىئونىڭ تېگى - تەكتىدىن خەۋەردار كىشىلەر بۇ جاۋابتىن بۇ سىرنى ئۆزىمۇ بىلىدىكەن دەپ پەرەز قىلىشقانىدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ھېچنېمىدىن بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا پىلار تېرنېراغا خوش ئاركادىئو بىلەن ئورېلىئانوغا ئوخشاشلا كۆچلۈك شەھۋانىي ھەۋەس بىلەن ئىنتىلەتتى. ئىلگىرى بىر قېتىم ئورېلىئانونىڭ قاراڭغۇ رەسىمخانىسىدا ئۆز ئانىسى پىلار تېرنېراغا ھەۋىسى قوزغىلىپ قانلىرى قىزىپ كەتكەنىدى، تېخى.

پىلار تېرنېرا بۇرۇنقى جازىبىدارلىقىدىن، مەھلىياگەر جاراڭلىق كۈلۈشلىرىدىن قالغان بولسىمۇ، ئاركادىئو ئۇ خوتۇننى تىنىقىدىن تارتىلغۇاتقان تاماكا پۇرىقىدىن ئىزدەپ تېپىۋالاتتى. ئۇرۇش باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرىكى چاغلار ئىدى، پىلار تېرنېرا بىر كۈنى مەكتەپكە كىچىك ئوغلىنى كۆرگىلى ئادەتتىكىدىن سەل كېچىكىپرەك بارغىنىدا ئاركادىئو دائىم چۈشلۈك ئارام ئالىدىغان، كېيىن سولاقخانا قىلىنغۇالغان بىر ئۆيدە كۈتۈپ تۇراتتى. باللار ھويلىدا ئويناۋاتاتتى، ئاركادىئو پىلار تېرنېرانىڭ جەزمەن مۇشۇ يەردىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە سەگۈنچەكتە قىڭغايغىنىچە كۈتۈپ ياتاتتى، تەشنالىقتىن تىترەپ كەتكەنىدى. ئاركادىئو ئۇ خوتۇن كېلىشىگىلا قولىدىن كاپپىدە تۇتۇپ سەگۈنچەككە سۆرىدى.

— بولمايدۇ، مەن بىلەن بولمايدۇ، — دېدى پىلار تېرنېرا ساراسىمىگە چۈشۈپ، — سەن بىلمەيسەن، كۆڭلۈڭنى شۇنداق ئېچىپ قويغۇم بار. لېكىن، تەڭرى گۇۋاھ، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ.

ئاركادىئو ئەجدادلىرىدىن قالغان قارا كۈچى بىلەن پىلار تېرنېرانىڭ بېلىدىن مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، تېنى ئۇ خوتۇننىڭ بەدىنىگە تېگىشى بىلەن ئۆزىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيا ئېرىپ كېتىۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى.

— بۇۋى قىزدەك بولۇۋالما، — دېدى ئاركادىئو، — جالاپلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟

پىلار تېرنېرا پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ ئۆزىنى بۇنداق خورلىشىغا چىشىنى چىشلەپ چىداشقا مەجبۇر بولدى.

— باللار كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى پىچىرلاپ، — ئەمىسە بۈگۈن كېچە ئىشىكىڭنى ئەتمەي كۈتۈپ ياتقىن.

ئاركادىئو شۇ كېچىسى سەگۈنچەكتە كۈتۈپ ياتتى، بەزگەكتەك تىترەيتتى. تاڭ سۈزۈلگەنگە قەدەر چېكەتكىلەرنىڭ تىنماي چىرىلداشلىرىغا قۇلاق سېلىپ كىرپىك قاقماي تاڭنى ئاتقۇزدى، تورغايلارمۇ تاڭ ئالدىدا كېچىكمەي قۇرقۇراشقا باشلىدى. ئاركادىئو ئالدىنىپ قالغانلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەنىدى، ئىچىدىكى تىت ـ تىتلىق غەزەپكە ئۆرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە تۇساتتىن ئىشىك ئېچىلدى. ئۇ بىرنەچچە ئايدىن

كېيىن مىلتىقلىرىنى كۆكرىكىگە تەڭلەپ تەپكىسىنى بېسىشقا تەييارلانغان جازا ئەترىتىنىڭ ئالدىدا تۇرغان چاغدىمۇ بۇ مىنۇتلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېسىگە ئالىدۇ: دەسلەپ بىرسىنىڭ شۇنچىكى بوش ئاياغ تىۋىشى، ئاندىن ئورۇندۇققا پۇتلىشىپ كەتكەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاخىرىدا قاراڭغۇلۇقتا تۇرغان بىرسىنىڭ قارىسى كۆرۈندى ۋە باشقا بىر يۈرەكنىڭ ئەنسىز دۈپۈلدەپ سوقۇشلىرىدىن ئەتراپمۇ تەڭ سىلكىنىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئاركادىئو بىر قولىنى سۇنۇۋىدى، بىرسىنىڭ قاراڭغۇلۇقتا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقاندەك خىرە كۆرۈنگەن، بىر بارمىقىغا ئىككى ئۈزۈك سېلىنغان قولىنى تۇتتى. ئاركادىئو ئۇياقنىڭ بىلەك تومۇرلىرىنىڭ دەھشەت سوقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، تەرلەپ كەتكەن ئالقىنىغا بارماقلىرىنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن پېتىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. شۇندىلا ئاركادىئو بۇ ئايالنىڭ ئۆزى كۈتكەن ئايال ئەمەسلىكىنى بىلدى. چۈنكى، تېنىدىن تاماكا پۇرىقى ئەمەس، خۇشبۇي ئەتىر ھىدى كېلەتتى، كۆكسى چىڭ، تۇپچىسى ئەرلەرنىڭكىدەك ياپىلاق، ئەۋرىتىمۇ چىڭ ۋە دىقماق ئىدى، ھاياجانلىنىشلىرىدىن بۇ ئىشقا خامىلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى، مۇلايىملىقىمۇ ھولۇقۇشتىن خالىي ئەمەس ئىدى. بۇ يۈزى ئېچىلمىغان قىزنىڭ ئېتى «مېھرىبان ۋە دانىشمەن بۇۋى» دېگەن مەنىدىكى ئۇلۇغ ئات بولۇپ، سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئىدى. پىلار تېرنېرا بۇ قىزنى ئۆمۈر بويى يىغقان پۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ مۇشۇ ئىشقا سالغانىدى. ئاركادىئو بۇ قىزنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇكىنىغا قارىشىپ بېرىۋاتقان يېرىدە كۆپ كۆرگەن بولسىمۇ زادىلا دىققەت قىلمىغانىدى. چۈنكى، كەم ئۇچرايدىغان ئېيپەتلىك قىز بولغاچقا، پەقەت مۇۋاپىق پەيتتىلا كۆزگە چېلىقاتتى، ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزىنى ھېچكىمگە كۆز ـ كۆز قىلمايتتى. نىھايەت، مۇشۇ ئاخشامدىن باشلاپ ئاركادىئونىڭ كەينىدىن چىقمايدىغان بولۇپ كەتتى، چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتىدىمۇ مەكتەپكە كېلىۋالاتتى، ئاتا ـ ئانىسىمۇ توسۇپ كەتمەيتتى. چۈنكى، پىلار تېرنېرا يىغقان پۇلىنىڭ قالغان يېرىمىنىمۇ شۇلارغا بەرگەنىدى. كېيىنچە ھۆكۈمەت ئارمىيەسى ئۇلارنى مەكتەپتىن قوغلاپ چىقارغاندىن كېيىن، ئۇ ئىككىسى دۇكاننىڭ ئىچكىرىسىدىكى سېرىق ماي كونسىرۋالىرى ۋە قوناق تاغارلىرى ئارىسىدا كۆڭۈل

خۇشى قىلىشىپ يۈردى. ئاركادىئو بازارنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئاتامانى بولغاندا بىر قىزلىق بولۇپ قالغانىدى.

بۇ ئىشنى ئاركادىئونىڭ تۇغقانلىرى ئىچىدە پەقەت خوس ئاركادىئو بىلەن رىبېكالا بىلەتتى. بۇ چاغلاردا ئۇلارنىڭ ئاركادىئو بىلەن بولغان يېقىنچىلىقىنى تۇغقاندارچىلىقتىن كۆرە شېرىكلەر ئارا يېقىنچىلىق دېگەن تۇزۇك ئىدى. خوس ئاركادىئو نىكاھلىق تۇرمۇشىنىڭ ئېغىر يۈكىنى ئېگىلىپ تۇرۇپ زىممىسىگە ئالغانىدى. خوتۇنى رىبېكانىڭ قەيسەر خاراكتېرى ۋە قانماس ئىشقىي ھەۋەسلىرى خوس ئاركادىئونى بىكارتەلەپ، خوتۇنپەرەس بىر ئادەمدىن ئىشلەشنىلا بىلىدىغان زور بىر ھايۋانغا ئايلاندۇرغانىدى. رىبېكا ئۆينى ئىنتايىن پاكىز تۇتاتتى، ھەر كۈنى ئەتىگىنى دېرىزىلەرنى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى يەڭگۈشلەيتتى. تويپا يېيىش تەشنالىقى، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ سۆڭەكلىرىنىڭ شاراق ـ شۇرۇقلىرى، پېترو كىرېسپىنىڭ لىمتاسىملىقىدىن پەيدا بولغان بىزارلىقى دېگەنلەر ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپلا كەتكەنىدى. ئۇرۇش ئەنسىزلىكىدىن تامامەن خالىي بىر ھالدا ئەتىدىن ـ كەچكىچە دېرىزە تۈۋىدە كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى. ساپال قازان ـ قومۇچلار قۇتا ـ بوتۇلكىلار جاراڭشىشقا باشلىغاندا، قاچا ـ قۇچا ئىشكاپىدىكى كورا ـ قازان، چىنە ـ تەخسىلەر تاراقشىغىلى تۇرغاندىلا ئورنىدىن تۇرۇپ چۆشلۈك تاماققا تۇتۇش قىلاتتى. خېلىدىن كېيىن ئاۋۋال پاتقاققا مىلەنگەن تايغانلار، ئاندىن پۇتىغا تاقا پاشنىلىق ئۆتۈك كىيگەن، مۇرىسىگە قوش ئاتار مىلتىق ئاسقان بەستلىك بىر كىشى پەيدا بولاتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ئۆشنىسىگە بىرەر بۇغىنى ئارتىپ كېلىدىغان چاغلارمۇ بولاتتى، كۆپ ھاللاردا بىرنەچچە ياۋا توشقان ياكى ياۋا ئۆردەك كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئاركادىئو يېڭىلا مەنسەپ تۇتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۈشتۈمتۇتلا ئۇلارنى يوقلاپ كېلىپ قالدى. ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن بۇيان ئاركادىئونى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئاركادىئو بۇ چاغدا شۇنچىلىك يېقىنچىلىق قىلىپ كەتتىكى، رىبېكا بىلەن خوس ئاركاردىئومۇ ئۇنىڭغا يارىشا ئاركادىئونى ئوۋ نېمەتلىرى بىلەن ئوبدان مېھمان قىلدى.

ئاركادىئو قەھۋە تارتىلغاندا مەقسىتىنى ئېيتتى. ئەسلىدە ئۇ خوس ئاركادىئونىڭ

ئۇستىدىن بىرىلگەن بىر پارچە ئەرىزنامىنى تاپشۇرۇۋالغانىكەن. ئۇ ئەرىزنامىدە: خوس ئاركاردىئو باشتا ئۆزىنىڭ ھويلىسىدىكى بوش يەرلەرنى تېرىغان، كېيىن قوشنىلارنىڭ يەرلىرىنىمۇ قوشۇۋالدى، ئۆكۈزىنى ھەيدەپ كېلىپ قاشالىرىمىزنى ئۆرۈۋەتتى، كەپىلىرىمىزنى چۇۋۇۋەتتى، ھەتتا ئەڭ ياخشى يەرلىرىمىزنىمۇ زورلۇق بىلەن ئىگىلىۋالدى. دېھقانلارنىڭ بەزى يەرلىرىگە قىزىقمىغانلىقتىن ئىگىلىۋالمىغان بولسىمۇ، يەر ئىگىلىرىدىن زورلۇق بىلەن ئىجارە پۇلى ئالدى، ھەر شەنبە كۈنى ئۇۋ مىلتىقىنى كۆتۈرۈپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ مەجبۇرىي ئىجارە يىغىدۇ، دەپ يازغانىكەن. خوس ئاركادىئو بۇ ئىشلاردىن تېنىۋالمىدى. لېكىن، مەن ئىگىلىۋالغان بۇ يەرلەرنى ئەسلى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ماكوندو مەھەللىسىنى قۇرغان چاغدا تەقسىم قىلىۋەتكەن، دادام شۇ چاغدىلا ئەقلىدىن ئازغان، شۇڭا ئۆزىمىزگە تەۋە يەرلەرنى باشقىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىۋەتكەن، بۇنىڭغا ئىسپاتىم بار، دەپ تۇرۇۋالدى. ھالبۇكى، بۇنداق ئۆزىنى ئاقلاپ ئولتۇرۇشىنىڭ قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى، ئاركادىئو بۇ يەرگە ئادىللىقنى ياقىلىغىلى كەلگەن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇلۇك تىزىملاش باشقارمىسى قۇرۇپ، ئىجارە ئېلىش ھوقۇقىنى ھۆكۈمەتكە ھاۋالە قىلىپ يۇرگۈزۈش شەرتى بىلەن خوس ئاركادىئو تارتىۋالغان يەرلەرنى قانۇنىيلاشتۇرۇپ ئۆزىگە تەۋە قىلدۇرۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىدى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پۈتۈپ كېلىشىم ھاسىل قىلدى. بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پولكوۋنىك ئورېلىئانو يەر خېتىنى تەكشۈرگەندە، ئاكىسى ئولتۇرۇۋاتقان دۆڭدىن تارتىپ قەبرىستانلىقنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆز يەتكۈدەك يەرلەرنىڭ ھەممىسى ئاكىسىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا يېزىلغانلىقىنى، ئاركادىئونىڭ مەنسەپ تۇتقان ئون بىر ئاي ئىچىدە يەر ئىجارە ھەققىلا ئەمەس، خوس ئاركادىئونىڭ ئىگىدارلىقىدىكى يەرگە مېيىت قويغۇچىلاردىنمۇ دەپنە ھەققى ئالغانلىقىنى بايقايدۇ.

ئۇرسۇلا ھەممىگە ئايان بۇ ئەھۋالنى بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئۇقتى. چۈنكى، كىشىلەر دەرد ئۈستىگە دەرد تېپىپ بېرىشنى خالىمىغاچقا ئۇنىڭدىن يوشۇرغانىدى. ئۇرسۇلا دەسلەپتىلا سەل شۈبھىلەنگەنىدى.

ــ ئاركادىئو ئۆزىگە ئۆي سېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى بىر قوشۇق كالابا مۇرابباسىنى ئېرىنىنىڭ ئاغزىغا تەڭلىگەچ پەخىرلەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ. بىراق، يەنە شۇ ئان ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى، ــ نېمە ئۈچۈنكىن، بۇ ئىش سەل چاتاقتەك تۇرىدۇ.

ئاركادىئونىڭ ئۆيىنى پۈتتۈرۈپ بولۇپ، ۋېنا پاسونىدىكى ئۆي جاھازلىرى بۇيرۇتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن گۇمانى ئىسپاتلىنىپ، ئاركاردىئونىڭ ھۆكۈمەت پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىۋاتقانلىقى راست بولۇپ چىقتى. ئۇرسۇلا بىر يەكشەنبە كۈنى ئىبادەتتىن قايتىپ كەلگىنىدە، ئاركادىئو يېڭى ئۆيىدە ئادەملىرى بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى.

ــ ھۇ... جەمەتىمىزدىن چىققان مۇناپىق! ــ دېدى ئۇرسۇلا ۋارقىراپ.

ئاركادىئو كارىمۇ بولماي قارتىسىنى ئويناۋەردى. ئۇرسۇلا ئاركادىئونىڭ يېرىم ياشقا كىرگەن قىزى بارلىقىنى، نىكاھسىز بىللە ئۆتۈۋاتقان سانتاسوفىيە دېلا پىيدادنىڭ يەنە ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىنى شۇندىلا بىلدى - دە، پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا خەت يېزىپ، قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بۇ ئەھۋالنى ئېيتىش قارارىغا كەلدى. ئەپسۇسكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كەينى - كەينىدىن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر تۇيۇقسىزلا بۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ، ھەتتا شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغىنىدىن پۇشايمان قىلدى. ئۇرۇش ماكوندو ئاھالىسى ئۈچۈن مۇجمەل بىر ئۇقۇمدىن ئەمدى نەق رېئاللىققا ئايلانغانىدى. فېۋرال ئېيىنىڭ ئاخىرى ئۇستىبېشىنى توپا - توزان باسقان، سۈپۈرگە ئارتىلغان بىر ئېشەككە مىنگەن بىر «موماي» ماكوندوغا كەلدى. چىرايىدىن ھېچقانداق شۈبھىلىك ئالامەتنى كۆرۈنمىگەچكە، چارلىغۇچىلار سازلىقتىكى مەھەللىلەرنىڭ بىرىدىن كەلگەن ئۇششاق تىجارەتچىلەردىن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئارتۇقچە گەپ سوراپ ئولتۇرمايلا ئۆتكۈزۈۋەتتى. موماي ئۇدۇللا گازارمىغا كىردى. ئاركادىئو ئۇنى بۇرۇنقى سىنىپىدا، ھازىرقى ئارقا سەپ بازىسىدا قوبۇل قىلدى. بۇ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىگە سەگۈنچەكلەر يۆگەپ قويۇلغان ياكى تۆمۈر ھالقىلارغا ئېسىپ قويۇلغان، بولۇڭلارغا بورىلار، مىلتىقلار قويۇلغانىدى، كارىۋىتى مىلتىقلىرى ۋە ئوق مىلتىقلىرىمۇ يەردە قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى. موماي دەرھال

دىققەتتە تۇرۇپ چاس بەرگەندىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى:

— مەن پولكوۋنىك گىرگورىئو سىدۋېنسىن بولىمەن.

بۇ پولكوۋنىك يامان خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، لىبېراللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە نۇقتىلىرىمۇ خەۋپ ئىچىدە قاپتۇ. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇرۇشقاچ لىئوئاچ تەرەپكە چېكىنىپ مېڭىۋېتىپتۇ. ئۆزىنى ئاركادىئو بىلەن كۆرۈشۈپ، لىبېراللارنىڭ هاياتى ۋە مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش شەرتى ئاستىدا ماكوندونى قارشىلىق قىلماي تاشلاپ بېرىشنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇ.

ئاركادىئو بۇ غەلىتە ئەلچىگە خۇددى بىر بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىپ قارىغاندەك سەپ سېلىپ قاراپ چىقتى. بۇ ئادەم هەقىقەتەنمۇ ئاپەتتىن قېچىپ سەرسانلىقتا يۈرۈۋاتقان بىچارە موماي لارغا ئوخشايتتى.

— ئەلۋەتتە بىرەر يازما ئالاقە ئېلىپ كەلدىڭ، — دېدى ئاركادىئو.

— يوق، — دېدى ئەلچى، — چۈشىنىشلىكقۇ، هازىرقىدەك ۋەزىيەتتە بىر كىمنى بالاغا تىقىدىغان هەرقانداق نەرسىنى يانغا ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ.

ئۇ كىشى شۇنداق دېگەچ بىر تال ئالتۇن بېلىجاننى ئېلىپ ئۈستەلگە قويدى.

— مۇشۇنىڭ ئۆزى كۇپايىغۇ دەيمەن.

ئاركادىئو بۇنىڭ هەقىقەتەنمۇ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قولىدا پۈتكەن ئالتۇن بېلىجان ئىكەنلىكىگە ئىشەندى. بىراق، بۇنى بىرەرسى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا سېتىۋالغان ياكى ئوغرىلىۋالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى، شۇڭا بۇمۇ ئىسپات بولالمايدۇ دەپ قارىدى. ئەلچى ئۆز سالاهىيىتىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن هەتتا بىر تۈرلۈك هەربىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىۋەتتى: ئۆزى دەرهال كيۇراسائۇ ئارىلىغا بېرىپ، پۈتكۈل كارىپ ئاراللىرىدىكى سەرگەردانلارنى يىغىپ، يېتەرلىك قورال - ياراق تەييارلاپ، يىل ئاخىرىدا قۇرۇقلۇققا چىقماقچى ئىكەن. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ پىلاننى قوللاپ، هازىرچە بىهۇدە قۇربان بېرىۋېرىشنىڭ هاجىتى يوق، دەپ قارايدىكەن. هالبۇكى، ئاركادىئو بۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەي، ئەلچىنى سالاهىيىتى ئېنىقلانغىچە

سولىشىۋېتىشكە بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە ماكوندونى جان تىكىپ قوغدىماقچى بولدى.

ئۇزۇنغا قالماي لىبېراللارنىڭ مەغلۇبىيىتى توغرىسىدىكى ئىشەنچلىك خەۋەرلەر ئۇزۇلمەي كېلىشۈەردى. يامغۇر پەسلى بالدۇر كەلگەن مارتنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. بىر ئەتىگىنى ئۇشتۇمتۇت چېلىنغان چىرقىراق كاناي ئاۋازى نەچچە ھەپتىدىن بۇيان جىددىيلىك ئىچىدە داۋاملىشىپ كەلگەن تىمتاسلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئارقىدىنلا زەمبىرەكتىن گۈمبىدە بىر پاي ئوقنىڭ ئېتىلىشى بىلەن تەڭ چېركاۋنىڭ ئۇچلۇق قوڭغۇراق مۇنارى گۈلۈپپىدە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئاركادىئونىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىرادىسى ئەمەلىيەتتە تەلۋىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. قولىدىكى ئادىمى ئەللىك نەچچىدىن ئاشمايتتى، قورالىرى ناچار بولۇپلا قالماي، ئوق ـ دورىسىمۇ چاغلىق بولۇپ، ھەربىر ئادەمگە يىگىرمە پايدىن ئارتۇق تەقسىملەپ بېرەلمەيتتى. بىراق، ئاركادىئونىڭ خىتابلىرىدىن ئىلھاملانغان بۇ ئادەملىرى ئۇممىدتىن ئەسەرمۇ يوق ئىشلار ئۈچۈن ھاياتىنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. چەمى قاتتىق ھەربىي ئۆتۈكلەرنىڭ دۈپپۇر ـ دۈپپۇرلىرى، بىر ـ بىرىگە زىت بۇيرۇق ئاۋازلىرى، يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سېلىپ گۈمبۈرلەۋاتقان زەمبىرەك ئاۋازلىرى، پاتىپاراقچىلىقتا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى، تەرەپ ـ تەرەپتىن چېلىنىۋاتقان كاناي ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ ئەتراپنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرىۋەتكەنىدى. ئۆزىنى پولكوۋنىك سىدىۋېنسېن دەپ تونۇشتۇرغان ھېلىقى ئادەم بىر ئامال قىلىپ ئاركادىئو بىلەن سۆزلەشتى.

— مېنى نومۇستا قويما، پوت ـ قولۇمدا ئىشكەل، ئۇچامدا خوتۇن كىشىنىڭ جەندە ـ جۇندىلىرى پېتىمچە ئۆلۈپ كەتمەي يەنە، — دېدى ئۇ ئادەم، — ئۆلمىسەم بولمايدىغان ئىش بولسا، جەڭدە ئۆلۈشۈمگە يول قويغىن.

ئاركادىئو قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا بىر مىلتىق بىلەن يىگىرمە پاي ئوق بەردى، ئاندىن بەش ئادەمنى ئېلىپ گازارمىنى قوغداشقا بۇيرۇدى، ئۆزى ئىشتابىدىكىلەرنى باشلاپ جەڭنىڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلاندى. بىراق، سازلىققا چىقىدىغان يولغا بارالمىدى. بۇ چاغدا كوچا ئىستىھكاملىرى يىمىرىلىپ بولغانىدى، ئاركادىئونىڭ

مۇداپىيە قوشۇنى توسۇقسىز كوچىدىكى ئوچۇقچىلىقتا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئاۋۋال مىلتىقلىرى بىلەن جەڭ قىلدى، مىلتىقلىرىنىڭ ئوقى تۈگىگەندە تاپانچا بىلەن تۇتۇشتى، ئاخىرىدا قۇچاقلاشما جەڭگە ئۆتتى. بازار قولدىن كېتىش ئالدىدا، تاياق ـ توقماق، قىڭراقلار بىلەن قوراللانغان ئاياللارمۇ كوچىغا ئېتىلىپ چىقتى. ئاركادىئو شۇ پاتىپاراقچىلىقتا كېچىلىك كىيىمى بىلەنلا كوچىغا چىقىۋېلىپ، قولىدا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ كونىچە تاپانچىسىنى تۇتۇۋالغىنىچە ئۆزىنى ساراڭلاردەك تەرەپ ـ تەرەپتە ئىزدەپ يۈرگەن ئامارانتانى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئۆزىنىڭ قولىدىكى مىلتىقنى ئۇرۇشتا قوراللىنى يىتتۈرۈپ قويغان بىر ئوفىتسېرغا تۇتقۇزۇپ، ئامارانتانى قوشنا كوچىغا تارتىپ ئۆيگە ئېلىپ ماڭدى. ئۇرسۇلا غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈۋاتقان ئوقلارغا پەرۋا قىلماي ئىشىك ئالدىدا كۈتۈپ تۇراتتى، قېپىپ كەتكەن بىر پاي زەمبىرەك ئوقى غۇيۇلداپ ئۇچۇپ كېلىپ قوشنىسىنىڭ ئالدى تېمىدىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىۋەتتى. يامغۇر توختىدى، كوچىلار گويا ئېرىگەن سوپۇندەك يۇمشاق ھەم تېيىلغاق بولۇپ كەتكەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭغۇدا يىراقنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى. ئاركادىئو ئامارانتانى ئۇرسۇلاغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كوچىنىڭ بىر دوقمۇشىدىن ئۆزىگە قالايمىقان ئوق ئۈزۈۋاتقان ئىككى دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ ئەدىپىنى بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئىشكاپتا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەن كونىچە تاپانچىسى ئېتىلماي قويدى. ئۇرسۇلا ئاركادىئونى بەدىنى بىلەن ئوقتىن توسۇپ تۇرۇپ ئۆيگە تارتتى.

— ئۆيگە كىرىپ كەت، پەرۋەردىگارنىڭ ھەققىدە بولسىمۇ كىرىپ كەت، ئەمدى ساراڭلىق قىلما!

دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۇ ئىككىسىنى قارىغا ئالدى.

— بۇ ئادەمنى قويۇۋېتىڭ، خانىم، — ۋارقىرىدى بىر ئەسكەر، — بولمىسا ئاقىۋىتىگە ئۆزىڭىز ئىگە!

ئاركادىئو ئۇرسۇلانى ئۆيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈۋېتىپلا تەسلىم بولدى. بىرئازدىن كېيىن ئوق ئاۋازى توختاپ، قوڭغۇراق جاراڭلاشقا باشلىدى. قارشىلىق يېرىم سائەتكە بارمايلا ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلىندى. ئاركادىئونىڭ ئادەملىرىدىن بىرىمۇ تىرىك

قالمىدى. بىراق، ئۇلار قۇربان بولغىچە دۈشمەننىڭ ئۈچ يۈز ئەسكىرىنى گۆرىگە سۆرەپ كىردى. ئەڭ ئاخىردا ئېلىنغىنى گازارما بولدى. ئۆزىنى گىرگورىئو سىدىۋېنسېن دەپ تونۇشتۇرغان ھېلىقى ئادەم مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىۋېتىپ، ئۆز ئادەملىرىنى كوچا ئۇرۇشىغا ئاتلاندۇردى ـ دە، گازارمىدا بىر ئۆزىلا قالدى. ئۇ ئادەم شۇنداق چاققان، شۇنداق مەرگەن ئىدىكى، دېرىزىلەر ئارىلىقىدا چاققان ـ چاققان يۆتكىلىپ يۈرۈپ يىگىرمە پاي ئوقنىڭ بىر پېيىنىمۇ زايا قىلماي ئاتتى. ھۇجۇم قىلىۋاتقان دۈشمەن قوشۇنى بۇ يەرنى نۇرغۇن كىشىلىك قوشۇن قوغداۋېتىپتۇ دەپ قېلىپ، گازارمىنى زەمبىرەككە تۇتۇپ تۈزلىۋەتتى. ھۇجۇمغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان پورروچېك خىش ـ كېسەك دۆۋىسى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان، ئۈچىسىدا يالاڭ ئىشتاندىن باشقا كىيىمى يوق بىرلا ئادەمنىڭ جەسىتىنى بايقاپ تاڭ قالدى. ئۇ ئادەمنىڭ زەمبىرەك ئوقى ئۈزۈۋەتكەن بىر قولىدا ئوقى قالمىغان مىلتىقى ھېلىمۇ سىقىمداقلىق تۇراتتى، ئاياللارنىڭ چېچىدەك ئۇزۇن قويۇق چاچلىرى تاغاق بىلەن باغلانغانىدى، بويىندا زەنجىرگە ئۆتكۈزۈلگەن ئالتۇن بېلىجان ئېسىقلىق تۇراتتى. پورروچېك جەسەتنى ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى بىلەن ئۆرۈپ، ئۇ ئۆلۈكنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ داڭقېتىپلا قالدى.

— ۋاي كاساپەت! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى پورروچېك. باشقا ئوفىتسېرلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كەلدى، — كېلىۋالغان يېرىنى قارىمامدىغان، بۇ گىرگورىئو سىدىۋېنسىنغۇ!

ئاركادىئو تاڭ ئاتقاندا ۋاقىتلىق ھەربىي سوت كوللېگىيەسىنىڭ سوتىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ، قەبرىستانلىق تېمىدا ئېتىپ تاشلاندى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ئىككى سائەتلىك ئۆمرىدە ئىچىدىكى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن قورقۇنچىنىڭ ئەمدى نېمىشقا غايىب بولغانلىقىنى ھېچ بىلەلمىدى. سوت جەريانىدا ئۆزى ئۈستىدىن بايان قىلىنىۋاتقان ئۇزۇندىن ئۇزۇن شىكايەتنى پىسەنتىگە ئالماي ئاڭلاپ تۇرۇۋەردى، ھەتتا تېخى يېقىندىلا پەيدا بولغان جاسارىتىنى نامايان قىلىشقىمۇ ئۇرۇندى. ئۇرسۇلانى ئەسلىدى، ئۇرسۇلانى شۇ تاپتا كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە خوش ئاركادىئو بۇئېندىيە بىلەن قەھۋە ئىچىۋاتىدىغاندۇ، دەپ

قىياس قىلدى. يەنە تېخى ئېتى قويۇلمىغان سەككىز ئايلىق قىزىنى، مۇشۇ سىنتەبىر دىلا تۇغۇلىدىغان بالىسىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. سانتاسوفىيە دېلا پېدادىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، مۇرىسىگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى، ياساپ قويغاندەكلا كۆرۈنىدىغان ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ئەسلىدى. تېخى تۇنۇگۇن ئاخشاملا بىر بۇغىنىڭ گۆشىنى ئەكىلىپ بېرىپ ئەتكى چۈشلۈك تاماقتا يەيمىز دەپ تۇزلاتقۇزغانىدى، تۇغقانلىرىنى ئەسلەپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۆتكەن هاياتى ئۇستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈپ شۇنى بايقىدىكى، ئەڭ ئۈچ ئادەملىرىنى شۇ قەدەر ياخشى كۆرىدىكەن. ئاركادىئو هەربىي سوت كوللىگىيەسىنىڭ باش سوتچىسى ئاخىرقى هۆكۈمنى ئوقۇشقا باشلىغاندا، ئىككى سائەتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى.

— كۆرسىتىلگەن دەلىل - ئىسپات جازا هۆكۈمى چىقىرىشىمغا يېتەرلىك ئاساس بولالمىسىمۇ، — دېدى باش سوتچى، — ئەيىبكار ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىپ ئادەملىرىنى ئەهمىيەتسىز ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەن، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلىشىمغا يېتىپ ئاشىدۇ.

ئاركادىئو ئىلگىرى بۇ ۋەيرۇ - ۋەيرانە مەكتەپتە هوقۇقنىڭ خاسىيىتىدە ئۆزىنى بىرىنچى قېتىم بىخەتەر هېس قىلغان، شۇ تاپتا تۇرۇۋاتقان يەردىن بىرنەچچە مېتىرلا نېرىدىكى ئۆيدە تۇنجى قېتىم سۆيگۈنىڭ تەمىنى تېتىغانىدى، شۇڭا بۇ ئۆلۈمىمۇ ئۇنىڭغا ئويۇندەك بىلىنىپ كۈلگىسى كەلدى. نەھايەت، ۋاي دەيدىغىنى ئۆلۈم ئەمەس، هايات ئىدى. شۇڭا ئۆلۈم هۆكۈمىنى ئاڭلاپ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشمىدى، پەقەت هاياتقا ئانچە - مۇنچە تارتىشىپ قالدى. شۇنچىدىن بېرى زۇۋان سۈرمەي كەلگەنىدى، ئاخىرقى ئارزۇيۇڭ نېمە دەپ سورالغاندىلا ئېغىز ئاچتى:

— ئايالىمغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار، قىزىمنىڭ ئېتىنى ئۇرسۇلا قويسۇن، — دېدى تەمكىن ئاۋازدا. ئاندىن سەلگىنە توختىۋېلىپ قوشۇپ قويدى، — مومىسىنىڭ ئېتىدەك ئۇرسۇلا بولسۇن. ئەگەر ئوغۇل تۇغسا، ئېتىنى خوس ئاركادىئو قويسۇن، لېكىن تاغىسىنىڭ ئەمەس، بوۋىسىنىڭ ئېتى بولسۇن.

جازاسى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا پوپ نىكانور تۆۋە قىلدۇرماقچى بولدى.

— تۆۋە قىلغۇدەك هېچ گۇناهىم يوق.

ٴاركادٸو بٸر ٴٸستاكان قارا قەھۆەنى ٴٸچٸپ بولۋپلا جازا ٴەترٸتٸنٸڭ ٴٸتائٸتٸگە ٴۆتتى. جازا ٴەترٸتٸنٸڭ ٴاتامانى جٸددي ٴٸتٸپ تاشلاشٸنٸڭ پٸرى بولۋپ، ٴٸسمٸنٸڭ ٴٸسپانچە «قاسساپ» دٸگەن مەنىدە «كانٸسسٸرو» ٴٸكەنلٸكٸمۋ تاسادٸپٸي ٴەمەس ٴٸدى. سٸم ـ سٸم يامغۇر توختٸماي يٸغمۋاتاتتى، ٴاركادٸو قەبرٸستانلٸقتا كٸتٸۋاتقٸنٸدا ٴۇپۇقتا پارلٸغان تاڭ نۇرٸغا قارٸدى ـ دە، باياتٸن بٸرى ٴۇزەلمەيۋاتقان مٸھرى تاڭ نۇمانلٸرى بٸلەن تەڭلا ٴاللٸقاياقلارغا تاراپ، ٴورنٸنى بٸر خٸل كۇچلۇك قٸزٸقسٸنٸش تۇيغۇسى ٴالدى. جازا ٴەترٸتى دۇمبٸسٸنى تامغا قٸلٸپ تۇرغۇزغٸنٸدا رٸبٸكانى كۆرۇپ قالدى. چاچلٸرى ھۆل بولۋپ كەتكەن، ٴۇچٸسٸغا ٴەتٸرگۇل نۇسخٸلٸق چاپان كٸيگەن رٸبٸكا بۇ چاغدا ٴۆينٸڭ ھاۋاسٸنى ٴالماشتۇرۇش ٴۇچۇن دٸرٸزٸنى ٴٸچٸۋاتاتتى. ٴاركادٸو رٸبٸكانٸڭ دٸققٸتٸنى تارتٸشقا تٸرٸشاتتى. رٸبٸكامۇ تام تەرەپكە شۇنداقلا بٸر قاراپ تەٴەججۇپتٸن داڭقٸتٸپلا قالدى، ٴاندٸن تەستە ٴەس ـ ھوشٸنى تاپتى ـ دە، ٴاركادٸوغا قولٸنى پۇلاڭلٸتٸپ ۋٸدالاشتى. ٴاركادٸومۇ قولٸنى پۇلاڭلٸتٸپ قويدى.

ٴاركادٸو بٸرقاتار مٸلتٸقلارنٸڭ قاپقارا ٴاغزى مەيدٸسٸگە توغرٸلانغاندا، ٴۇنٸڭ قۇلٸقٸغا مٸرگادٸسنٸڭ پاپا يارلٸقٸنى ٴاھاڭغا سٸلٸپ ٴوقۇۋاتقان ٴاۋازى، تٸخى قٸزلٸقى ٴٸيلٸنمٸغان سانتاسوفٸيە دٸلا پٸدادٸنٸڭ ھٸيلٸقى سٸنٸپتا تٸمٸسقٸلاپ كٸلٸۋاتقان ٴاياغ تٸۋشى ٴاڭلانغاندەك بولدى، شۇنٸڭ بٸلەن بٸر ۋاقتتا بۇرنٸنٸڭ رٸمەدٸسنٸڭ بۇرنٸدا كۆرگەن مۇزدەك قٸتٸپ كٸتٸۋاتقانلٸقٸنى ھٸس قٸلدى. ٴاپلا، ماۋۇ چاتاقنى! ــ ٴويلٸدى شۇ ٴان بٸر ٴٸش ٴٸسٸگە كٸلٸپ، ــ بالا قٸز تۇغۇلسا رٸمەدٸس قويسۇن دٸيٸشنى ٴۇنتۇپتٸمەن ٴەمەسمۇ.

شۇ ٴەسنادا جاننى ٴالغٸدەك قاتتٸق بٸر ٴاغرٸق پەيدا بولۋپ، ۋۇجۇدٸدا ٴۆزٸنى ٴۆمۇر بويى قٸيناپ كەلگەن قورقۇنچ يەنە پەيدا بولدى. پولكوۋنٸك ٴٸتٸش بۇيرۇقٸنى چۇشۇردى. ٴاركادٸو كۆكرٸكٸنى كٸرٸپ، بٸشٸنى تٸك تۇتۇپ بولغٸچە قەيەردٸندۇر ٴٸقٸپ چٸققان قٸزٸق بٸر سۇيۇقلۇق تٸقٸمٸنى بويلاپ كۆيدۇرۇپ ماڭدى.

ــ ھۇە خۇمپەرلەر! ــ ۋارقٸرٸۋەتتى ٴاركادٸو، ــ ياشٸسۇن لٸبٸراللار!

# يەتتىنچى باب

ئۇرۇش ماي ئايلىرىدا ئاخىرلاشتى. ھۆكۈمەت كۆپتۇرمىلىك بىلەن تولغان ئومۇمىي ئوقتۇرۇشنامە چىقىرىپ، توپىلاڭ قوزغىغان باش جىنايەتچىلەرنى قىلچە رەھىم قىلماي قاتتىق جازالايمىز، دەپ جاكارلىدى. ئىندىيان پېرىخونلىرىدەك ياسىنىپ غەربىي چېگرىغا قېچىپ بېرىۋالغان پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇنىڭدىن ئىككى ھەپتە ئىلگىرى قولغا ئېلىندى. پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئەگىشىپ ئۇرۇشقا ئاتلانغان يىگىرمە بىر ئادەمنىڭ ئون تۆتى جەڭدە ئۆلگەن، ئالتىسى يارىلانغان، پەقەت پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسلا ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا قەدەر يېنىدا ھەمراھ بولغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قولغا چۈشۈپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بىر پارچە ئالاھىدە ئوقتۇرۇشنامىسى ئارقىلىق ماكوندوغا يېتىپ كەلدى.

— ئورېلىئانو تېخى ھاياتكەن، — دېدى ئۇرسۇلا ئېرىگە، — ئىلاھىم دۈشمەنلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرىپ ئۇنىڭغا شەپقەت قىلغاي.

ئۇرسۇلا ئۈچ كۈن ئوغلىنىڭ قايغۇسىدا ئۆتتى، تۆتىنچى كۈنى كەچقۇرۇن ئاشخانىدا سېرىق ماي پىچىنىسىنىڭ خۇرۇچىنى ئارىلاشتۇرۇۋاتقىنىدا تۇساتتىنلا ئوغلىنىڭ ئاۋازى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولدى.

— بۇ ئورېلىئانونىڭ ئاۋازىغۇ! — ئۇرسۇلا ۋارقىرىغىنىچە ئۆچقاندەك ئېتىلىپ بېرىپ بۇ ئىشنى ئېرىگە يەتكۈزدى، — بۇ بېشارەتنىڭ قانداق ئىشلىقىنى بىلمىدىم، لېكىن ئورېلىئانو تېخى ھايات، پات ئارىدا كۆرۈشىمىز.

بۇ بېشارەتكە شەكسىز ئىشەنگەن ئۇرسۇلا پوللارنى پاك ـ پاكىز سۈرتۈپ چىقتى، ئۆيي جابدۇقلىرىنىمۇ يېڭىباشتىن تىزدى. ھۆكۈمەتنىڭ ئېلانىدا تىلغا ئېلىنمىغان

بولسىمۇ، ھېلىقى بېشارىتى بىر ھەپتىدىن كېيىن نەدىندۇر كەلگەن ئېپقاچتى پاراڭلاردا كومىدىيەلىك يوسۇندا ئىسپاتلاندى: پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانمىش، باشقىلارنى چۆچۈتۈپ قويۇش ئۈچۈن ماكوندودا ئىجرا قىلىنارمىش، دېگەن بىر خەۋەر كەلدى. دۈشەنبە كۈنى ئەتىگەن سائەت ئون يېرىملاردا ئامارانتا ئورېلىئانو خوسقا كىيىم كىيگۈزۈۋېتىپ يىراقتىن كېلىۋاتقان ۋاراڭ - چۇرۇڭلارنى، كانايى ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇرسۇلا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ توۋلىۋەتتى:

— ئورېلىئانونى ئېلىپ كېلىشتى!

ئەسكەرلەر ھەرىدەك تەرەپ - تەرەپتىن ئولىشىپ كەلگەن كىشىلەر توپى ئارىسىدىن مىلتىقلىرىنىڭ پاينەكلىرى بىلەن يول ئېچىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇرسۇلا بىلەن ئامارانتا مىغ - مىغ ئادەم ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ئورېلىئانونى كۆردى. كىيىملىرى جۇل - جۇل، چاچ - ساقاللىرى چاڭگىلىشىپ كەتكەن، يۈز - كۆزىنى قاسماق باسقان، پۇتلىرىمۇ يالىڭاياغ ئورېلىئانو قەلەندەرگىلا ئوخشاپ قالغان بولۇپ، چوغدەك قىزىق يەرنىڭ تاپانلىرىنى كۆيدۈرۈشلىرىگىمۇ پەرۋا قىلماي كېتىپ باراتتى. قوللىرى كەينىگە قايرىلىپ باغلانغان، ئارغامچىنىڭ ئۇچى بىر ئوفىتسېر مىنگەن ئاتنىڭ بويىنىغا باغلانغانىدى. يېنىدا ئۆزىگە ئوخشاشلا يۈز - كۆزىنى قاسماق باسقان، كىيىملىرى جۇل - جۇل پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسمۇ بىللە ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن بولماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئەسكەرلەرنى ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللاشلىرىدىن ھاياجانلىنىۋاتاتتى.

— ۋاي ئوغلۇم!

ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئارىسىدىن ئانىسىنىڭ نالىسى ئاڭلاندى. ئۇرسۇلا ئۆزىنى توسماقچى بولغان بىر ئەسكەرنىڭ كاچىتىغا كەلتۈرۈپ بىر شاپىلاق سالدى. ياندىكى ئوفىتسېرنىڭ ئېتىمۇ ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈرۈپ چاپچىپ كەتتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو مېڭىشتىن توختىدى - دە، ئانىسىنىڭ قوللىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۆزلىرىگە قەتئىيلىك بىلەن تىكىلدى.

— ئۆيگە كېتىڭ، ئانا، — دېدى ئورېلىئانو، — ھۆكۈمەتتىن تەستىق ئېلىپ مەن بىلەن تۇرمىدە كۆرۈشۈڭ.

ئورېلىئانو ئۇرسۇلانىڭ ئىككى قەدەم نېرىسىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇرغان ئامارانتاغا لەپپىدە بىر قارىدى ـ دە، ئاندىن كۇلۇمسىرەپ سورىدى:

— قولۇڭ نېمە بولدى؟

ئامارانتا قارا داكىدا ئورالغان قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ:

— كۆيۈپ قالدى، — دېدى ـ دە، ئۇرسۇلانى ئات دەسسىۋەتمىسۇن دەپ شاققىدە بىر چەتكە تارتىۋالدى. ئەسكەرلەر ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى، ئاتلىق ئەسكەرلەر ئۇتقۇنلارنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ ئاتلىرىنى سوكۇلداتقىنىچە قاماققا ئېلىپ كەتتى.

ئۇرسۇلا شۇ ئاخشىمى قاماققا پولكوۋنىك ئورېلىئانونى يوقلىغىلى باردى. ئەسلى دوناپولنار موسكاتىنىڭ ياردىمىدە تەستىق ئېلىپ بارماقچى بولغانىدى. بىراق، زوراۋان ھەربىيلەرنىڭ ئالدىدا ئۇ بازار بېگىنىڭ گېپى قىلچە ئۆتمەس بولۇپ قالغانىدى. جىگەر كېسىلى بولۇپ قالغان پوپ نىكانور ئورۇن تۇتۇپ قىزىپ ياتاتتى. پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلمىگەن بولسىمۇ، ئاتا ـ ئانىسى يوقلاپ بارغىنىدا ئۇخشاشلا مىلتىق پايىنىكى بىلەن ئۇرۇپ ھەيدىۋېتىلگەنىدى. ئۇرسۇلانىڭ ئەمدى كىرگۈزگىدەك ئادەم تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئوغلى بولسا تاڭ ئېتىشىغىلا ئېتىپ تاشلىناتتى، شۇنىڭ بىلەن ئوغلىغا كىرگۈزۈپ بەرمەكچى بولغان نەرسىلىرىنى بوغچا قىلىپ چىگدى ـ دە، گازارمىغا ئۆزىلا باردى.

— مەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇئېندىيەنىڭ ئانىسى، كىرگىنىم كىرگەن، — دېدى ئالدىنى توسقان قاراۋۇللارغا جېنىنى تىكىپ قويغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، — بۇيرۇق ئالغان بولۇشساڭ، مانا مەن تەييار، ئېتىش.

ئاندىن ئەسكەرلەردىن بىرىنى ئىتتىرىۋېتىپ بۇرۇنقى سىنىپقا ئېتىلىپ كىردى. سىنىپنىڭ ئىچىدە يېرىم يالىڭاچ بولۇۋالغان بىرنەچچە ئەسكەر مىلتىقلىرىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇچىسىغا دالا فورمىسى كىيگەن، كۆزىگە قېلىن كۆزەينەك تاقىغان، چىرايىدىن قان تەپچىپ تۇرىدىغان سالاپەتلىك بىر ئوفىتسېر ئۇرسۇلانىڭ ئارقىسىدىن

كىرگەن قاراۋۇللارنى قول ئىشارىسى قىلىپ چىقىرىۋەتتى.

— مەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇئېندىيەنىڭ ئانىسى بولىمەن، — تەكرارلىدى ئۇرسۇلا.

— دېمەكچى بولغىنىڭىز، — دېدى ئوفىتسېر مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرەپ، — ئورېلىئانو بۇئېندىيە ئەپەندىنىڭ ئانىسى بولىمەن، دەڭ.

ئۇرسۇلا ئوفىتسېرنىڭ سىپايە گەپ قىلىشلىرىدىن ئىچكى ئۆلكىنىڭ ئادەملىرىگە خاس ئېزىلەڭگۈلۈكنى بايقىدى.

— دېگىنىڭىزچە بولسۇن، ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشەلىسەملا بولدى، — دېدى ئۇرسۇلا.

يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىدا ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇس بىلەن كۆرۈشۈش مەنئى قىلىنغانىدى. بىراق، بۇ ئوفىتسېر ئۆزى ئىگە بولۇپ ئۇرسۇلاغا ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىشقا ئون بەش مىنۇت ۋاقىت بەردى. ئۇرسۇلا ئوغلىغا ئېلىپ كەلگەن بوغچىنى يېشىپ بىر يۇرۇش پاكىز كىيىم، ئوغلى تويىدا كىيگەن ئۆتۈك ۋە ئوغلىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيغان كۈنىدىن باشلاپ بۇگۈنگىچە ساقلاپ كەلگەن سېرىق ماي پېچىنىلىرىنى كۆرسەتتى.

ئۇرسۇلا ئوغلى بىلەن قاماقتا كۆرۈشتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو كارىۋىتىدا غۇلىچىنى كېرىپ ياتاتتى. چۈنكى، قولتۇقىنى چىقان يارىسى بېسىپ كەتكەنىدى. رۇخسەت بىلەن ساقاللىرى ئېلىنغان، دىڭگىيىپ تۇرغان قويۇق بۇرۇتى مەڭىز سۆڭەكلىرىنى تېخىمۇ دومباق كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇرسۇلانىڭ كۆزىگە ئوغلىنىڭ چىرايى ماڭغان چېغىدىكىدىنمۇ بەكرەك تاتىراڭغۇ كۆرۈندى، بويى سەل ئۆسۈپ قالغاندەك، چىرايى مىسكىن بىلىندى. ئورېلىئانو ئۆيدە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەش قولىدەك ئېنىق بىلەتتى. پېترو كىرىسپىنىڭ ئۆلۈۋالغانلىقىدىن، ئاركادىئونىڭ ئۆزى بىلگىنىچە زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر ئېتىلغانلىقىدىن، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ھېلىمۇ كاشتان دەرىخى تۈۋىدە كۈنلىرىنى مۇگدەپ ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىدىن، شۇنداقلا ئامارانتانىڭ ياشلىقىنى ئورېلىئانو

خوسنى بېقىشقا بېغىشلاپ، بىر ئۆمۈر تۇل ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغانلىقىدىن، ھەتتا ئورېلىئانو خوسىنىڭ بەك ئەقىللىك بالا بولغانلىقىدىن تارتىپ، تىلى چىققىپلا ئوقۇش - يېزىشنىمۇ ئۆگىنىپ كەتكەنلىكىگىچە ھەممىدىن خەۋەردار ئىدى.

ئۇرسۇلا قاماقتا كىرىپلا ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەملەردەك ئېغىر - بېسىق چىرايىدىن، كىشىنىڭ ئۆلۈم - كۆرۈمىنى بەلگىلەيدىغاندەك سۈرىدىن ۋە پۈتۈن ئەزايىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سۇر - ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىپ قالدى، ئوغلىنىڭ ھەممە ئىشتىن شۇنچە ئوبدان خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلىپ تېخىمۇ ھەيران قالدى.

— ئۇنتۇپ قالماڭ، مەن دېگەن موللاتاپقاق، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو چاقچاق قىلىپ، ئاندىن جىددىي تەلەپپۇزدا قوشۇپ قويدى، — بۈگۈن ئەتىگەن ئۇلار مېنى ئېلىپ ماڭغاندىلا ئىشلارنىڭ شۇنداق بولغانلىقىنى بىلگەندەك قىلغانىدىم.

ھالبۇكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو كىشىلەر توپى ئالدىنى توسۇپ ۋارقىرىشىۋاتقاندا ئۆزىنىڭ چېگىش خىياللىرى بىلەنلا ئىدى، بازارنىڭ بىر يىل ئىچىدىلا شۇنچە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىدىن تاڭ قالغانىدى، بادام يوپۇرماقلىرى سولغان، كۆك رەڭدە ھاكلانغان ئۆيلەر ھېلى قىزىل، ھېلى يەنە كۆك رەڭدە ھاكلانغاچقا، ئەسلىي رەڭگىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر رەڭگە كىرىپ قالغانىدى.

— يەنە قانداق ئارزۇيۇڭ بار؟ ۋاقىتمۇ توشۇپ قالدى، — دېدى ئۇرسۇلا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

— ئەلۋەتتە بار، — دېدى جاۋابەن ئورېلىئانو، — بىراق...

ھەر ئىككىلىسى بۇ كۆرۈشۈشنى ئۇزۇندىن بۇيان كۈتكەن، سورايدىغانلىرىنى تەييارلىۋالغان، ھەتتا بېرىدىغان جاۋابىنىمۇ ئويلاپ قويغان بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر ئادەتتىكى پاراڭلاردىن نېرىسىغا ئۆتەلمىدى. قاراۋۇل ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىنى ئەسكەرتكەندە، ئورېلىئانو كۆرپىسىنىڭ ئاستىدىن تەر سىڭىپ كەتكەن بىر تۇرۇم قەغەزنى چىقاردى. بۇ ئۆزى يازغان شېئىرلار ئىدى، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئىلگىرى رېمەدىسكە بېغىشلاپ يېزىلىپ ئۇرۇشقا ماڭغاندا ئالغاچ كەتكەن شېئىرلىرى، قالغانلىرى كېيىن خەتەرلىك ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا يازغان شېئىرلىرى ئىدى.

— ۋەدە بېرىڭ، ئانا، بۇلارنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيسىز، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — بۇلارنى بۈگۈن ئاخشاملا كۆيدۈرۈۋېتىڭ.

ئۇرسۇلا ۋەدە بېرىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، ئوغلىنى سۆيۈپ ۋىدالاشتى.

— ساڭا بىر تاپانچا ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ئۇرسۇلا پىچىرلاپ.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو قاراۋۇلنىڭ كۆرمىگەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ئوخشاشلا پىچىرلىدى:

— ماڭا لازىمى يوق ئىدى. بوپتۇ، بېرىڭ، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئاختۇرۇپ تېپىۋالمىسۇن، يەنە.

ئۇرسۇلا تاپانچىنى قوينىدىن ئالدى، ئوغلى تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويدى.

— ئەمدى مەن بىلەن ۋىدالىشىپ يۈرمەڭلار، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو تەمكىنلىك بىلەن سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — ھېچكىمگە يالۋۇرماڭلار، ھېچكىمگىمۇ باش ئەگمەڭلار. مېنى بۇرۇنلا ئېتىلىپ بولغان دەپ بىلىڭ.

ئۇرسۇلا لەۋلىرىنى چىشلەپ كۆز يېشىنى ئاران توختىتىۋالدى.

— جاراھىتىڭگە قىزىق تاش يېقىپ بەر، — دېدى ئۇرسۇلا ۋە بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو قاماقنىڭ ئىشىكى تاقالغىچە ئويغا پېتىپ ئۆرە تۇردى، ئاندىن كارىۋىتىغا بېرىپ غولىچىنى كېرىپ ياتتى. ئۆزىدە بىرەر ئىشنى ئالدىن سېزەلەيدىغان بېشارەت تۇيغۇسى بارلىقىنى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا ھېس قىلغانىدى، ئەجىلى توشقان بولسا، شۇبھىسىز ۋە ئۆزگەرمەس ئېنىق بىر ئالامەت ئارقىلىق بېشارىتى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. بىراق، ئېتىلىدىغىنىغا نەچچە سائەتلا قالغان بولسىمۇ، شۇ كەمگىچە ئۇنداق ئالامەتتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. بۇرۇن بىر قېتىم ناھايىتى چىرايلىق بىر قىز تۇكۇرنكادىكى گازارمىسىغا كىرىپ قاراۋۇللاردىن كىرگۈزۈۋېتىشنى ئۆتۈنىدۇ، قاراۋۇللار ماقۇل بولىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بىر قىسىم ئابرۇيپەرەس ئانىلارنىڭ قىزلىرىنى ئەڭ داڭلىق كوماندىرلارنىڭ ياتىقىغا

ئەۋەتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ئەۋلادىنىڭ قېنىنى ياخشىلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلارمىش. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھېلىقى قىز ياتىقىغا ئۈشتۈمتۈت كىرىپ كەلگەندە يامغۇردا يولدىن ئادىشىپ قالغان بىر ئادەمنى تەسۋىرلەپ شېئىر يېزىپ ئولتۇراتتى، مېھمانغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرۇپ يازمىللىرىنى ساندۇقچىسىغا سېلىۋاتقىنىدا كۆڭلى بىر ئىشنى تۇيدى ــ دە، ساندۇقچىدىكى تاپانچىسىنى قولىغا ئالدى، ئەمما ئارقىسىغا ئۆرۈلمەستىن:

ــــ بولدى، ئوق چىقارماڭ، ــــ دېدى.

ئاندىن بەتلەكلىك تاپانچىسىنى تەڭلەپ شارتتىدە ئۆرۈلدى، ئۇ قىز تاپانچىسىنى چۈشۈرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۈچرىغان ئون بىر قېتىملىق قەستىنىڭ تۆتىنچى قېتىمىدىن ئامان قالدى. بىر قېتىم ھازىرغىچە تۇتۇلمايۋاتقان بىر قاتىل ئىنقىلابچىلارنىڭ مانوردىكى گازارمىسىغا سۇقۇنۇپ كىرىپ، ئورېلىئانونىڭ سىرداش دوستى پولكوۋنىك ماگنىفىك ۋىسپارنى پىچاق سېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. نەھايەتكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇ چاغدا پولكوۋنىك ماگنىفىك ۋىسپار بەزگەك بولۇپ بەك قىزىپ كەتكەچكە ئارام تېپىپ قالار دېگەن نىيەتتە دوستىنىڭ ئۆزىنىڭ سەپەر كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويغان، ئۆزى نەچچە مېتىر نېرىدىكى سەگۈنچەكتە ياتقان بولسىمۇ ھېچ ئىشنى تۇيماي قالغانىدى. ئورېلىئانو بېشارەت تۇيغۇسىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى ــ يۇ، قۇرۇق ئاۋارە بولاتتى. بېشارەت ھەممىشە گويا كۆزنى يۇمۇپ ــ ئاچقىچە ئارىلىقتا پەيدا بولىدىغان بىر خىل شەكسىز ئېتىقاتتەك پاللىدە پەيدا بولغاچقا، زادىلا تۇتالمايتتى. بەزىدە تۇيغۇسىدا يۈز بەرگەن ئىشلار راست چىققاندىن كېيىنلا شۇنىڭدىن بۇرۇن بىر بېشارەتنىڭ بولغانلىقىنى سېزەتتى. يەنە بەزى چاغلاردا شۇنداق ئېنىق بىر بېشارەت بولاتتى ــ يۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىش يۈز بەرمەيتتى. يەنە بەزىدە بېشارەت تۇيغۇسىنى ئادەتتىكى خۇراپاتلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتى. ھالبۇكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ۋە قانداق ئارزۇسى بارلىقى سورالغان شۇ مىنۇتلاردا بىر بېشارەتنى قېينالمايلا ئېنىق بىلىۋالغان ھەمدە شۇ بېشارەتكە ئاساسەن

جاۋاب بەرگەندى:

— ماكوندودا ئىجرا قىلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

— قوۋلۇق قىلما، ئورېلىئانو، — دېدى باش سوتچى كەيپى ئۇچۇپ، — ۋاقىتنى قەستەن كېيىنگە سۈرمەكچى بولۇۋاتقىنىڭغۇ بۇ.

— قوشۇلساڭ ـ قوشۇلمىساڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىختىيارى، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — بىراق، مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇيۇم شۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بېشارەت كەلمەسلا بولۇپ كەتتى. ئۇرسۇلا قاماققا يوقلاپ كەلگەن كۈنى ئورېلىئانو قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ، ئاخىرىدا بۇ قېتىم ئۆلۈمۈم توغرىسىدا بېشارەت بولماسلىقى مۇمكىن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. چۈنكى، ئۆلۈمى تەلىيىگە ئەمەس، جاللاتنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئىدى. چىقان يارىسىنىڭ دەردىدە كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭ ئالدىدا كارىدوردىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى.

— كەپتۇ، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆز ـ ئۆزىگە.

نېمىشقىدۇر ئۇشتۇمتۇتلا خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خىيالىغا كىرىپ قالدى، بوۋايمۇ شۇ تاپتا كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى غوۋا تاڭ نۇرىدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ئوغلىنى ئەسلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. پولكوۋنىك ئورېلىئانو قورقۇۋاتمايتتى، تارتىنىۋاتمايتتى، پەقەت قاتتىق غەزەپلەنمەكتە ئىدى، قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىپ ئۆزى ئورۇندىيالمىغان ئىشلارنىڭ قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىدىن غەزەپلىنىۋاتاتتى. قاماقنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ بىر ئەسكەر بىر ئىستاكان قەھۋە ئەكىرىپ بەردى. ئەتىسىمۇ مۇشۇ چاغدا قولتۇقىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىيالماي ئاچچىقى بىلەن ياتقىنىدا شۇنىڭغا ئوخشاش ئىش تەكرارلاندى. پەيشەنبە كۈنى ئۇرسۇلا ئېلىپ كەلگەن سېرىق ماي پېچىنىسىنى ئەسكەرلەر بىلەن تەڭ مەززە قىلىپ يەپ، سەل چىڭ كېلىدىغان پاكىز كىيىمىنى ۋە مايلاقلىق ئۆتۈكىنى كىيدى. جازا جۈمە كۈنىمۇ ئىجرا قىلىنمىدى.

نەھايەت، ئۇلار ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. ھەربىي تەرەپ گەدەنكەش ماكوندولۇقلارنىڭ پەيلىگە قاراپ، پولكوۋنىك ئورېلىئانونى ئېتىپلا قويسا

يالغۇز ماكوندودىلا ئەمەس، پۈتۈن سازلىق رايوندىمۇ ئېغىر سىياسىي ئاقىۋەت پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەچكە، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىن يولىيۇرۇق سوراپ دوكىلات يوللىغانىدى. پوروچىك روك كارنىسىللو بۇيرۇق كۈتكەچ شەنبە كۈنى ئاخشىمى باشقا بىرنەچچە ئوفىتسىر بىلەن بىللە كاتالىنونىڭ سارىيىغا باردى. بۇ يەرلىكى چوكانلاردىن پەقەت بىرىلا روك كارنىسىللو بىللە يېتىشقا زورمۇزور دېگۈدەك ئاران تەستە ماقۇل بولدى.

— ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەم بىلەن يوتقانغا كىرىشنى ھېچكىم خالىمايدۇ، — ئىقرار قىلدى ئۇ چوكان، — نىمىشقىكىن ـ تاڭ، خالايىق پولكوۋنىك ئورېلىئانونى ئاتقان ئوفىتسىر، شۇنداقلا جازا ئەترىتىدىكى بارلىق ئەسكەرلەر ھامان بىردىن ـ بىردىن جايلىنىۋېتىلىدۇ، جاھاننىڭ ئۇ چېتىگە قېچىپ بېرىۋالسىمۇ بىكار، دېيىشىۋاتىدۇ.

روك كارنىسىللو بۇ ئىشنى باشقا ئوفىتسىرلارغا ئېيتتى، ئۇلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ باشلىقلىرىغا يەتكۈزدى. ھېچكىم ئوچۇق ـ ئاشكارا بىرنېمە دېمىگەن، مۇشۇ كۈنلەردىكى ئەنسىز جىملىقنى بۇزغىدەك ھېچقانداق ھەربىي ھەرىكەت بولمىغان بولسىمۇ، يەكشەنبە كۈنى پۈتۈن ماكوندو ئاھالىسى ئوفىتسىرلارنىڭ بىرەر باھانە تېپىپ جازا ئىجراسىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ كەتكەنىدى. دۈشەنبە كۈنى پوچتىدىن «يىگىرمە تۆت سائەت ئىچىدە ئېتىپ تاشلانسۇن» دېگەن رەسمىي يازما بۇيرۇق يەتكۈزۈلدى. ئوفىتسىرلار شۇ ئاخشىمى ئۆزلىرىنىڭ ئېتى يېزىلغان يەتتە پارچە قەغەزنى ھەربىي شەپكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ چەك تارتتى، چەك تەلىيى كاج پوروچىك روك كارنىسىللوغا چىقتى.

— نەس تەقدىردىن قاچىمەن دەپمۇ قاچقىلى بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن، — تۇغۇلۇشۇمدىنلا بېتەلەي ئىدىم، ئۆلگىچە نەسچىلىكتىن قۇتۇلالمىغىدەكمەن.

سەھەر ۋاقتى سائەت بەشلەردە ئەسكەرلەرگىمۇ چەك تارتقۇزۇپ ئىجرا ئەترىتىگە ئادەم تاللىدى ـ دە، قورۇدا رەتكە تىزدى، ئاندىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان تۇتقۇننى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ئويغاتتى، شۇنداقلا تەقدىرىدىن بېشارەت بەردى:

— يولغا چىققىن، بۇئېندىيە، ۋاقىت توشتى.

— ھە، مۇشۇنىڭ سۇرى ئىكەن - دە، — دېدى پولكوۋنىك، — يارام ئېغىز ئېلىپ چۈش كۆرۈپتىكەنمەن.

ئورپىلىئانونىڭ ئېتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان رېبېكا شۇ كۈنى تاڭ ۋاقتى سائەت ئۈچتىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخى يورۇق چۈشمىگەن قاراڭغۇ ھۇجرىسىنىڭ يېرىم ئوچۇق دېرىزىسى ئارقىلىق قەبرىستانلىقنىڭ تېمىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇردى، كارىۋات خوس ئاركادىئونىڭ خورىكى بىلەن تىترەيتتى. رېبېكا خۇددى ئۆز ۋاقتىدا پېترو كىرىسپىنىڭ خېتىنى كۈتكەندەك ئۈنچىقماي توپتوغرا بىر ھەپتە كۈتكەندى.

— بۇ يەردە ئاتمايدۇ، — دېدى خوس ئاركادىئو، — كىمنىڭ ئاتقانلىقىنى كىشىگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن يېرىم كېچىدە گازارمىنىڭ ئىچىدە ئېتىۋېتىپ شۇ يەرگىلا كۆمۈۋېتىدۇ.

رېبېكا كۈتۈۋەردى.

— ئۇلار زادى شۇنداق دۆت، چوقۇم مۇشۇ يەردە ئاتىدۇ.

رېبېكا ئورپىلىئانونىڭ مۇشۇ يەردە ئېتىلىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، ھەتتا ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قول ئىشارىسى ئارقىلىق ۋىدالىشىۋېلىش ئۇسۇلىنىمۇ ئويلاپ قويدى.

— قورقۇپ يۈرىكى چىقىپ كەتكەن ئالتە ئەسكەر چوڭ كوچا بىلەن يۈرەكلىك ئېلىپ ماڭالامتى، — دېدى خوس ئاركادىئو ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ئۇلار بازاردىكىلەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

رېبېكا ئېرىنىڭ گەپلىرىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇرۇۋەردى.

— قاراپ تۇرۇڭ، ئۇلار زادى شۇنداق دۆت.

ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەشتە خوس ئاركادىئو قەھۋەسىنى ئىچىپ بولۇپ تايغانلىرىنى قويۇپ بېرىپ تۇرۇشىغا رېبېكا ئۈشتۈمتۈتلا دېرىزىنى يېپىۋەتتى - دە، يىقىلىپ چۈشكىدەك بولۇپ كارىۋاتنى كاپپىدە تۇتۇپ تۇرۇۋالدى.

— ئېلىپ كەلدى، — دېدى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — ئورېلىئانو شۇنداق روھلۇق كۆرۈنىدۇ!

خوس ئاركادىئو دېرىزىدىن سىرتقا قارىۋىدى، ئۆزىنىڭ ياش ۋاقىتلىرىدا كىيگەن ئىشتىنىنى كىيىۋالغان ئىنىسىنى كۆرۈپ، بەدەنلىرى شۈركىنىپ كەتتى. ئورېلىئانو تام تۈۋىدە قوللىرىنى بېلىگە تىرىگىنىچە تۇراتتى، قولتۇقىدىكى ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان چىقان يارىسى قوللىرىنى چۈشۈرۈشكە ئىمكان بەرمەيتتى.

— چىدىدىڭ - چىدىدىڭ، — پىچىرلىدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆز - ئۆزىگە، — مۇشۇ ئالتە خۇمسىنىڭ ئېتىۋېتىشىگە كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپ بېرىش ئۈچۈنلا چىداپ كەلگەنىكەنسەن - دە!

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئاچچىقى بىلەن شۇ بىرلا گەپنى تەكرارلايتتى، شۇ تاپتا غەزەپتىن ئەسەبىيلىك دەرىجىسىگە بېرىپ قالغانىدى. پوروچىك روك كارنىسېللو بولسا ئورېلىئانونى تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز تەسىرلىنىپ كەتتى. جازا ئەترىتىدىكى ئەسكەرلەر مىلتىقلىرىنى بەتلەپ قارىغا ئالغاندا، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ تاشقان غەزىپى شىلىمشىق ۋە ئاچچىق بىرنەرسىگە ئايلىنىپ تىلىنى سەزمەس قىلىۋەتتى ھەم كۆزلىرىنى يۇمدۇردى. تاڭنىڭ يورۇقى كۆزىدىن ئۆچۈپ، بالا چاغلىرىدا كالتا ئىشتان كىيىپ، گالاستۇك چىگىپ يۈرگەنلىرى، دادىسىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بىر سىگاننىڭ چېدىرىغا ئېلىپ كىرىپ مۇزنى كۆرسەتكەنلىكى كۆز ئالدىغا كەلدى. شۇ ئەسنادا بىرسىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ ئاۋازنى پوروچىكنىڭ جازا ئەترىتىگە بەرگەن ئاخىرقى بۇيرۇقى دەپ ئويلىدى - دە، قىزىقسىنغىنىدىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ ئېچىپ قاراپ باقتى. ئېتىلغان ئوقنىڭ ئاق تۈتۈنىنى كۆرىمەن دەپ ئويلىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە پوروچىك روك كارنىسېللو بىلەن خوس ئاركادىئونىلا كۆردى. پوروچىك روك كارنىسېللو قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مىدىرلىماي تۇراتتى، خوس ئاركادىئو بولسا قورقۇنچلۇق ئوۋ مىلتىقىنى تەڭلىگىنىچە كوچا تەرەپتىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى.

— ئوق چىقارماڭ، — توۋلىدى پورروچىك خوس ئاركادىئوغا، — سىزنى چوقۇم تەگرىم ئەۋەتكەنغۇ دەيمەن.

شۇنىڭ بىلەن يەنە بىر مەيدان ئۇرۇش پارتلىدى. پورروچىك روك كارنىسپىللو ئالتە ئەسكىرىنى باشلاپ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ كەينىدىن لېئوئاچتا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئىنقىلابىي گېنېرال ۋىكتورىئو مادىنانى قۇتقۇزۇشقا ئاتلاندى. ئۇلار ۋاقىتنى ئۇتۇش ئۈچۈن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ماكوندونى بىنا قىلغاندا ماڭغان يولنى بويلاپ تاغ ئارىلاپ ماڭماقچى بولغانىدى. بىراق، بىر ھەپتە ماڭا - ماڭمايلا بۇ يول بىلەن بىر باشقا چىقىپ بولۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتى ۋە خەتەرلىك تاغ قاپتىلىدىن يول ئېلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى، ئۇلاردا جازا ئەترىتىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئوقلىرىدىن باشقا ئوق - دورا يوق ئىدى. ئۇلار مەھەللىلەر ئەتراپىدا توختاپ، بىر ئادەمنى ئەپچىل ياساندۇرۇپ بىر تال ئالتۇن بېلىجان بىلەن يولغا سالاتتى، ئۇ ئادەم قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكىچە مەھەللىگە كىرىپ يوشۇرۇنچە لىبېراللار بىلەن ئالاقە باغلايتتى، ئۇ لىبېراللار ئەتىسى سەھەردە ئوۋغا چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمەيتتى. نىھايەتكى، ئۇلار بىر تاغنىڭ قاپتىلىدىن لېئوئاچنى كۆرگىنىدە، گېنېرال ۋىكتورىئو مادىنانا ئېتىلىپ بولغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئادەملىرى ئۇنى كارىپ دېڭىزىنىڭ قىرغاقلىرىدىكى ئىنقىلابىي ئارمىيەنىڭ باش قوماندانى قىلىپ سايلىۋالدى، ئۇنۋانىنى گېنېرال دەپ ئاتىدى. ئورېلىئانو بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلدى، بىراق ئۇنۋانىنى رەت قىلدى ھەمدە كونسېرۋاتىپلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرماي تۇرۇپ بۇ ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلمايمەن دەپ قەسەم ئىچتى. ئۇلار ئۈچ ئاي داۋامىدا مىڭدىن ئوشۇق ئادەمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوراللاندۇردى. بىراق، ئۇزۇنغا بارماي تارمار قىلىندى، ھايات قالغانلار شەرقتىكى چېگرىغا قېچىپ بېرىۋالدى. ئۇلار كېيىنكى قېتىم بۇيرۇق كەلگىچە ئاندىرىس تاقىم ئاراللىرىنى تاشلاپ ۋېلىل تۇمشۇقىدا قۇرۇقلۇققا چىقىپ بولغانىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھۆكۈمەتنىڭ بىر پارچە جاكارنامىسىدا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆلگەنلىكى خۇش خەۋەر سۈپىتىدە تېلېگراممىدا ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە جاكارلاندى. بىراق، ئىككى

كۆن ئۆتكەندە ئالدىنقى تېلېگراممىغا ئۇلىشىپ دېگۈدەك يېتىپ كەلگەن يەنە بىر تېلېگراممىدا جەنۇب تۈزلەڭلىكىدە يېڭى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يەتكۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئايىغى تەگمىگەن ھېچقانداق يەر يوقكەن، دېگەن رىۋايەت تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە بىر-بىرىگە زىت خەۋەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھازىر بىرىيانوئېۋادا غەلىبە قازىنىپتۇدەك؛ گۇئاكامايادا يېڭىلىپ قاپتۇدەك؛ موتىلون ئىندىيانلىرى تىرىك پېتى يېۋېتىپتۇدەك؛ سازلىقتىكى بىر مەھەللىدە ئۆلۈپ كېتىپتۇدەك؛ ئۇرمېرادا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇدەك... بۇ چاغدا لىبېراللار ئۈچۈن پارلامېنتتا تېگىشلىك ئورۇننى قولغان كەلتۈرۈش ئۈچۈن سۆھبەتلەر بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن لىبېراللارنىڭ داھىيلىرى پولكوۋنىك ئورېلىئانونى تەۋەككۈلچى، پىرقىمىزنىڭ مەيدانىغا پەقەتلا ۋەكىللىك قىلالمايدۇ، دەپ جاكارلىدى. مىللىي ھۆكۈمەت بولسا قاراقچى قاتارىغا چىقىرىپ، كاللىسىغا بەش مىڭ پېسو مۇكاپات ئېلان قىلدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئون ئالتە قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن خىل قوراللانغان ئىككى مىڭ ئىندىياننى باشلاپ گۇۋاخىرادىن ئاتلىنىپ لېئوئاچىقا ھۇجۇم قىلدى. لېئوئاچىتىكى ئۇيقۇدا ياتقان گارنىزون قىسىملىرى چۈشلىرىدىن چۆچۈپ ئويغانغىنىچە شەھەرنى تاشلاپ بەدەر قاچتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو لېئوئاچىتا قوماندانلىق ئىشتابىنى قۇرۇپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش ئېلان قىلدى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئۆزىگە يوللىغان بىرىنچى پارچە تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى، بۇ تېلېگراممىدا ئەگەر قىرىق سەككىز سائەت ئىچىدە ئادەملىرىڭنى باشلاپ شەرقىي چېگرىغا چېكىنمەيدىغان بولساڭ، پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنى ئېتىپ تاشلايمىز، دەپ تەھدىت سېلىنغانىدى. بۇ تېلېگراممىنى شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ باش قوماندانى پولكوۋنىك روك كارنىسېللو پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا چۈشكۈن بىرھالدا تاپشۇرغانىدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو بولسا ئۇ تېلېگراممىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ھېچ كىم ئويلىمىغان

يەردىن چىقىپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

ــ باركاللا! بىزنىڭ ماكوندودا ئاخىر تېلېگراف قۇرۇلۇپتۇ!

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھۆكۈمەتنىڭ بۇ تېلېگراممىسىغا ناھايىتى كەسكىن جاۋاب بەردى: ئۈچ ئاي ئىچىدە باش ئىشتابىمنى ماكوندوغا يۆتكەيمەن، شۇ چاغدا پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنى تىرىك پېتىچە كۆرمەيدىغان بولسام، ئەسىرگە چۈشكەن ئوفىتسېرلارنىڭ ھەممىسىنى سوراق قىلمايلا گېنېراللاردىن تارتىپ ئېتىپ تاشلايمەن ھەمدە ئادەملىرىمنى ئۇرۇش تۈگىگەنگە قەدەر شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيمەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۈچ ئايدىن كېيىن قىسىملىرىنى باشلاپ ماكوندوغا غەلىبە بىلەن كىردى، سازلىققا بارىدىغان يولدا بىرىنچى بولۇپ قۇچاقلاپ كۆرۈشكەن كىشىسى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس بولغانىدى.

ئۆي باللار بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇرسۇلا سانتاسوفىيە دېلا پېداد بىلەن چوڭ قىزىنى، ئاركادىئونىڭ ئېتىلىپ بەش ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان قوشكېزەك باللىسىنى بېقىۋالدى ۋە ئاركادىئونىڭ ۋەسىيىتى بىلەن كارى بولماي، قىزىنىڭ ئېتىنى رېمەدىس قويدى.

ــ ئاركادىئونىڭ ئويىمۇ شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، ــ دېدى ئۇرسۇلا چۈشەندۈرۈپ، ــ ئېتىنى ئۇرسۇلا قويمايلى، بۇ ئىسىم قويۇلۇپ قالسا ئۇمۇ مەندەك جاپاكەش بولۇپ قالىدۇ.

قوشكېزەكلەرنىڭ بىرىنىڭ ئېتىنى خوس ئاركادىئو II ، يەنە بىرىنىڭ ئېتىنى ئورېلىئانو II قويدى. بۇ باللاردىن خەۋەر ئېلىشقا ئامارانتا مەسئۇل بولدى. مېھمانخانىغا بىرنەچچە ياغاچ ئورۇندۇق قويدى ــ دە، قولۇم ــ قوشنىلارنىڭمۇ باللىرىنى يىغىپلا يەسلى قۇردى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو قايتىپ كەلگەندە پوجاڭزا ۋە سائەت قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازى تەڭ ياڭراپ، باللاردىن تەشكىللەنگەن بىر خور ئۆمىكى ئۆيىنىڭ ئالدىدا خور ئېيتىپ قارشى ئالدى. بوۋىسىدەك قامەتلىك چوڭ بولغان ئورېلىئانو خوس ئۈچىسىغا ئىنقىلابىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ فورمىسىنى كىيىپ چىقىپ ئورېلىئانوغا چاس بەردى.

خەۋەرلەرنىڭ ھەممىسىنىلا خۇش خەۋەر دەپ كەتكىلى بولمايتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئېتىلىشتىن ئامان قېلىپ بىر يىلدىن كېيىن خوس ئاركادىئو بىلەن رېبېكا ئاركادىئو سالغان ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونى خوس ئاركادىئو قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. مەيداننىڭ ئەڭ ياخشى جايىغا سېلىنغان بۇ يېڭى ئۆيگە باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ بادام سايە تاشلاپ تۇراتتى، دەرەخكە ئۈچ بۇلبۇل ئۇۋا سالغانىدى. ئۆينىڭ بىر چوڭ ئىشىكىدىن مېھمان ئۈزۈلمەيتتى، تۆت دېرىزىسىدىن ئاپتاپ چۈشۈپ تۇراتتى. رېبېكانىڭ كونا دوستلىرى، جۈملىدىن دوناپولىنار موسكاتىنىڭ تېخى ياتلىق بولمىغان تۆت قىزى خۇددى بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا تاشئالمىلىق پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كەشتە تىككىنىدەك يەنە بۇ يەرگە جەم بولۇپ بىللە كەشتە تىكىشىدىغان بولدى. خوس ئاركادىئو ئىگىلىۋالغان يەرنى ئىشلىتىۋەردى، يەرگە ئىگىدارلىقىنى كونسېرۋاتىپلار ھۆكۈمىتىمۇ ئېتىراپ قىلغانىدى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن قوشئاتار مىلتىقنى مۈرىسىگە ئېسىپ، تايغانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئاتقان توشقانلىرىنى ئېتىغا غانجۇغىلاپ قايتىپ كېلەتتى. خوس ئاركاردىئو سېنتەبىرنىڭ بىر كۈنى قاتتىق يامغۇر قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق قايتتى. تاماقخانىدا تۇرغان رېبېكاغا ھايت دەپ قويۇپ، تايغانلىرىنى ھويلىغا باغلىۋەتتى، توشقانلارنى كېيىنراق تۇزلاش ئۈچۈن ئاشخانىغا ئېسىپ قويۇپ، ياتاق ئۆيگە كىيىم يۆتكىگىلى كىرىپ كەتتى. رېبېكانىڭ ۋەقەدىن كېيىن ئېيتىشىچە، ئېرى ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتكەندە ئۆزى مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقانىكەن، ئېرىنىڭ كەلگەنلىكىنى قىلچە تۇيمىغانىكەن. بۇ چەك باسمايدىغان بىر گەپ ئىدى. بىراق، بۇنىڭدىن باشقا ئىشەنگۈدەك گەپمۇ يوق ئىدى، يەنە كېلىپ رېبېكانىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بەختكە ئېرىشتۈرگەن ئادەمنىڭ جېنىغا قەست قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى. بۇ، ئېھتىمال، ماكوندودا يېشىلمىگەن بىردىنبىر سىر بولۇشى مۇمكىن. خوس ئاركادىئو ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى يېپىشىغىلا، پاڭگىدە ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى پۈتۈن ئۆينى زىلزىلىگە سالدى. بوسۇغىنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ چىققان قان مېھمانخانىدىن ئۆتۈپ كوچىغا

ئاقتى، ئەگرى ـ بۈگرى پىيادىلەر يولنى بويلاپ ئېقىپ تاش پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، تۈرك كوچىسىدىن ئۆتۈپ ئوڭغا بۇرۇلدى، ئاندىن تىككىدە سولغا بۇرۇلۇپ ئۇدۇللا بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئاقتى، ھەم يېپىق تۇرغان ئىشىكنىڭ ئاستىدىن غىپپىدە كىرىپ، گىلەمنى بۇلغىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مېھمانخانىنىڭ تېمىنى يېقىن ياقىلاپ ئايلىنىپ ئاقتى، ئاندىن ياتاق ئۆيدىن، تاماق شىرەسىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، تاشئالمىلىق پېشايۋاننى بويلاپ ئەركىن ئېقىپ، ئورېلىئانو خوسقا ھېساب ئۆگىتىۋاتقان ئامارانتانىڭ ئورۇندۇقى ئاستىدىن تۇيدۇرماي ئۆتتى ـ دە، ئاخىرىدا ئۇرسۇلا ئوتتۇز ئالتە تۇخۇم چېقىپ بولكا پىشۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئاشخانىدا پەيدا بولدى.

ــ ئاھ، بۇۋى مەريەم! ــ چىرقىرىۋەتتى ئۇرسۇلا.

شۇنىڭ بىلەن ئېقىپ كەلگەن قاننى بويلاپ مېڭىپ ئامباردىن، ئورېلىئانو خوس «ئۈچكە ئۈچنى قوشساق ئالتە، ئالتىگە ئۈچنى قوشساق توققۇز» دەپ ئۇنلۇك ئوقۇۋاتقان تاشئالمىلىق پېشايۋاندىن، تاماقخانا ۋە مېھمانخانىدىن، ياتاق ئۆيلەردىن بىرمۇبىر ئۆتتى ـ دە، كوچا بويلاپ ئۇدۇل مېڭىپ ئوڭغا، ئاندىن سولغا بۇرۇلۇپ تۈركلەر كوچىسىغا چىقتى، پەشتاما ۋە ساپما كەش بىلەنلا ئىككەنلىكى ئېسىگىمۇ كەلمىگەنىدى. شۇنداق مېڭىپ مەيداندىكى ھېچقاچان ئاياغ باسمىغان ئۆيگە كىردى، ياتاق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىشىغا ئۆيدىكى پۇرۇق ھىدىدىن تىنالماي قالدى. شۇنداق قارىۋىدى، خوس ئاركادىئو پەۋادا سىيلىۋەتكەن ئۆتۈكىنى بېسىپ دۈم ياتاتتى، بايىقى قاننىڭ مەنبەسىنى شۇندىلا كۆردى، ئوغلىنىڭ ئوڭ قۇلىقىدىن چىقىۋاتقان قانمۇ شۇندىلا توختىدى. خوس ئاركادىئونىڭ تېنىدە ھېچقانداق جاراھەت يوق ئىدى، قاتىللىق قورالىمۇ كۆرۈنمەيتتى. جەسەتنىڭ تېنىدىن تارىلىۋاتقان ئۆتكۈر پۇرۇق ھىدىنى پەقەت چىقىرىۋەتكىلى بولمىدى. ئاۋۋال سوپۇن بىلەن چوتكىلاپ ئۈچ قېتىم يۇيۇپ باقتى، ئاندىن تۇز ۋە ئاچچىقسۇ سۈرتۈپ، شاخ ـ شۇمبا كۈلى ۋە لىمون سۈيى بىلەن سۈرتۈپ يۇيۇپ باقتى، ئاخىرىدا بىر چېلەك تۇغرىغا سۈيىگە ئالتە سائەت چىلاپ قويۇپمۇ باقتى، ھېچقايسى ئامال كار قىلمىدى، پەقەت بەدىنىدىكى چەكمىلەرنىڭ

رەڭگى سۇسلىدى، خالاس. ئۇلار ئاخىرىدا چەكتىن ئاشقان بىر ئامالنى ئويلاپ تېپىپ، قارىمۇچ، بەدىيان ۋە لائۇر دەرىخىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىغان سۇغا بېسىپ بوش ئوتتا توپتوغرا بىر كۈن دۇملىدى. بىراق، جەسەت سېسىشقا باشلىغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئالمان ـ تالمان كۆمۈۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئاركادىئونىڭ جەستى ئۆزۈنلۈقى ئىككى مېتىر ئوتتۇز سانتا، كەڭلىكى بىر مېتىر ئون سانتا كېلىدىغان، ئىچى قەلەيلىنىپ پولات بولتىلار بىلەن چىڭىتىلغان ئالاھىدە جەسەت ساندۇقىغا سېلىنىپ كۆمۈلگەنىدى، شۇنداقتىمۇ يەرلىكىگە ئېلىپ بارغىچە ئۆتكەن كوچىدا پۇرىقى قالدى. جىگىرى ناغرىدەك ئىششىپ كەتكەن پوپ نىكانور ئۆلگۈچىگە ئورۇن تۇتۇپ ياتقان كارىۋىتىدىن قوپماي يېتىپ دۇئا بەردى. ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا قەبرىسىنى قاتمۇقات تاختايلىغان، ئارىسىنى كۈل، ھەرە كېپىكى ۋە ھاكلار بىلەن ھىملىغان بولسىمۇ، قەبرىدىن پۇرۇق ھىدى يېتىمىدى، نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن بانان شىركىتىنىڭ ئىنژېنېرلىرى قەبرىنى بېتونلىۋەتكەندىن كېيىنلا بۇ پۇراق ئاران يوقىدى. رېبېكا ئېرىنىڭ مېيىتى ئۆيدىن ئېلىپ چىقىلغان مىنۇتتىن باشلاپلا ئىشىكنى ھىم تاقاپ تەركىدۇنيالىقتا ئۆتتى. رېبېكا تەكەببۇرلۇق بىلەن شۇنداق مۇستەھكەم بىر قاسراقتا ئورۇنىۋالغانىدىكى، پانىي ئالەمنىڭ ھەرقانداق ئازدۇرغۇ ۋەسۋەسىلىرى بۇ قاسراقتىن ئۆتەلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆمرىدە پەقەت بىرلا قېتىم ئۆيىدىن چىقىپ باقتى، ئۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان موماي چاغلىرى بولۇپ، پۈتىغا كونا مىس رەڭ ئاياغ، بېشىغا گۈللۈك شىلەپە كىيىۋالغانىدى. بۇ دەل بىر تۇركۈم «سەرگەردان يەھۇدىيلار» ماكوندوغا باشلاپ كەلگەن، ھەتتا قۇشقاچلارمۇ چىدىماي دېرىزىلەرنىڭ سىم تورىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ ئۆيلەرگە كىرىپلا جان بەرگەن پىژغىرىم ئىسسىق مەزگىلى ئىدى. كىشىلەرنىڭ رېبېكانى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ۋاقتى ئۆيىگە چۈشمەكچى بولغان بىر ئوغرىنى مەرگەنلىك بىلەن بىر پاي ئوقتىلا ئېتىپ تاشلىغان كېچىسى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى دېدىكى ۋە سىردىشى ئاخىنىدادىن باشقا ھېچكىم كۆرۈپ باقمىدى. رېبېكانىڭ ئۆزى نەۋرە تۇغقىنىم دەپ بىلىدىغان بىر ئېپىسكوپقا خەت يازغانلىقى ھەققىدە بىر مەھەل گەپ ـ

سۆز تارقالغان بولسمۇ، لېكىن، خېتىنىڭ ئۇچۇرىنى ئالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ماكوندولۇقلار رىبېكانى ئۇنتۇپلا كەتتى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇنداق يۈزەكى ئەھۋالدىن خۇش بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىغانىدى. ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتمەيلا نۇرغۇن يۇرت ـ ماكاننى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلىكى لىبېراللار ئىچىدە بىر خىل غالىبانە كەيپىيات پەيدا قىلغان بولسىمۇ، ھەقىقىي ئەھۋال ئىنقىلابچىلارغا ئايان، پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا تېخىمۇ ئايدىڭ ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو قولىدىكى بەش مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرىگە قوماندانلىق قىلىپ دېڭىز بويىدىكى ئىككى ئىشتاتنى ئىزگىلەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، باشقا رايونلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، دېڭىز بويىدا قامىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەمدە مالىمان بىر سىياسىي مۇھىتتا قالغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ زەمبىرەكلىرى ۋەيران قىلىۋەتكەن چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق مۇنارىنى قايتىدىن ياساش بۇيرۇقىنى چۈشۈرگىنىدە، ئورۇن تۇتۇپ يېتىۋاتقان پوپ نىكانورنىڭ «ئاجايىپ ئىش ـ ھە، خىرىستىيان ئېتىقادچىلىرى چېركاۋنى ۋەيران قىلىۋەتتى، لىبېراللار بولسا قايتا ياساشقا بۇيرۇق چۈشۈردى» دېگىنى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو قۇتۇلۇپ كېتىشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن سائەت ـ سائەتلەپ تېلېگراممىا ئۆيىدىن چىقماي باشقا قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ كوماندىرلىرى بىلەن كېڭىشەتتى، لېكىن بۇ ئورۇشنىڭ قاتمال ھالەتكە يېتىپ قېلىۋاتقانلىقىغا بارغانسېرى ئىشىنەتتى. ھەر قېتىم لىبېراللارنىڭ غەلىبە خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە باشقىلار بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشۈپ تەنتەنە قىلىشىپ كېتەتتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو بولسا خەرىتىگە بەلگە سالغاندىن كېيىن، شۇ قوشۇنلارنىڭ يامغۇرلۇق ئورمانغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىپ بەزگەك ۋە پاشا بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، رېئاللىقنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇۋاتقانلىقىنى بايقايتتى.

ــ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋاتىمىز، ــ دەيتتى ئاغرىنىپ قول ئاستىدىكى كوماندىرلىرىغا، ــ ھېلىقى ھاماقەت مەسلەكداشلىرىمىز پارلامېنتتىن ئورۇن تىلەپ

تۇرۇۋېرىدىغان بولسا، يەنە نۇرغۇن ۋاقتىمىز ئىسراپ بولىدۇ!

تېخى يېقىندىلا ئېتىلىشنى كۈتۈپ ياتقان كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالماي ياتقاندا قارا كىيىملىك سودىيەلەرنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىدا نامايان بولغان، ئۇلارنىڭ ئەتىگەننىڭ سوغۇقىدا زۇكتۇڭ مەھكىمىسىدىن قانداق چىقىدىغانلىقى، پەلتولىرىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قوللىرىنى ئۇشقىلاپ بىر ـ بىرىگە پىچىرلاشلىرى، سەھەر ۋاقتىدا غۇۋا قەھۋەخانىلارغا كىرىۋېلىپ، زۇكتۇڭ «ماقۇل» دېگەندە نېمە دەيدىغانلىقى، زۇكتۇڭ «ياق» دېگەندە يەنە نېمە دەيدىغانلىقىنى ئېرىنمەي ئىنچىكىلەپ ئويلاپ ئولتۇرۇشلىرى، ھەتتا زۇكتۇڭنىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئويلىغىنى ئوخشاش چىقماي قالسا زادى نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنىمۇ قويماي پەرەز قىلىشلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ئۆتكۈزگەن. تومۇز ئىسسىقىدا پاشا قورۇغاچ قورقۇنچلۇق تاڭنىڭ قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ ياتقان، تاڭ يورۇسىلا ئادەملىرىمگە دېگىزغا سەكرەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈشكە مەجبۇر بولارمۇ، دەپ ئەنسىرىگىنىمۇ چۈشكەن.

ئەنە شۇنداق ئەنسىز بىر كېچىدە پىلار تېرنېرا ھويلىدا ئەسكەرلەر بىلەن ناخشا ئېيتىشىۋاتاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇ ئايالنى چاقىرتىپ پال ئاچقۇزدى.

ــ گېلىڭغا پەخەس بول، ــ بۇ پىلار تېرنېرانىڭ ئۈچ قېتىم پال ئېچىپ جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن چىقارغان يەكۈنى ئىدى، ــ بۇنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن، لېكىن بېشارەت ناھايىتى ئېنىق. ئېشقىلىپ گېلىڭغا پەخەس بول.

ئىككى كۈندىن كېيىن بىرسى خىزمەتچى ئەسكەرگە يوغان بىر ئىستاكان شېكەرسىز قەھۋەنى تۇتقۇزدى، خىزمەتچى ئەسكەر باشقا بىر خىزمەتچى ئەسكەرگە بەردى، بۇمۇ ئۆچىنچى بىرىگە تۇتقۇزدى، قەھۋە شۇ تەرىزدە چۆرگىلەپ ـ چۆرگىلەپ ئاخىر پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئىشخانىسىغا يەتكۈزۈلدى. پولكوۋنىك ئەمەلىيەتتە قەھۋە بۇيرۇتمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ، ئالدىغا كەلگەن ئىكەن، ئامەت بىلىپ ئىچىۋەتتى. بۇ قەھۋەگە بىر ئاتنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈدەك مىقداردا كۈچلۈك شورى قوشۇۋېتىلگەنىدى. ئۇلار پولكوۋنىك ئورېلىئانونى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ بارغاندا تېنى قېتىپ بولغان، تىلى ساڭگىلاپ قالغانىدى. ئۇرسۇلا ئوغلىنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن

تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىشتى. ئالدى بىلەن قوستۇرغۇ دورىسى ئىچۇرۇپ ئاشقازىنىنى تازىلىدى، ئاندىن بىر ئىسسىق ئەدىيال بىلەن يۆگەپ ئىككى كۈنگىچە تۇخۇم ئېقى ئىچكۈزدى، زەھەرلەنگەن تېنىنىڭ هارارىتى نورماللاشقۇچە شۇنداق باقتى. پولكوۋنىك تۆتىنچى كۈنى خەتەردىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇرسۇلا ۋە كوماندىرلارنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە ئامالنىڭ يوقىدىن بىر ھەپتە ياتتى. شېئىرلىرىنىڭ قالدۇۋېتىلمىگەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلدى.

— ئۇنچە ئالدىراپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ئويلىدىم، — دېدى ئۇرسۇلا چۈشەندۈرۈپ، — شۇ كۈنى ئاخشىمى ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ، ئەڭ ياخشىسى ئۆلۈككىنى ئۆيگە ئەكەلگەندە بىر گەپ بولار دېگەنىدىم.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەمدىلا ئېسىگە كېلىپ گاراڭلىق ئىچىدە ياتقان كۈنلەردە كارىۋاتنىڭ ئەتراپى رېمەدىسنىڭ توپا - چاڭ باسقان ئويۇنچۇقلىرى بىلەن تولغانىدى. يازغان شېئىرلىرىنى قايتا ئوقۇپ، ھاياتىدىكى ھالقىلىق پەيتلەر بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى - دە، يەنە شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. بىمۇدە ئۇرۇشنىڭ داۋالغۇشلىرىدىن يىراق بىر يەردە يېتىپ، ئۆلۈم بىلەن سۈركىلىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن كەچمىشلىرىنى مىسرالارغا تازا قاملاشتۇرۇپ پۈتەتتى. شېئىر يېزىش نەتىجىسىدە زېھنىمۇ ئاجايىپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. بىركۈنى ئاخشىمى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوستىن سورىدى:

— ئېيتقىنا، ئاداش، سەن نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتىسەن؟

— نېمە مەقسەتتە بولاتتى، ئاداش، — دېدى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس، — بۈيۈك لىبېراللار پارتىيەسى ئۈچۈن - دە!

— ھەرھالدا بەختلىك ئىكەنسەن، چۈنكى نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلىدىكەنسەن، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — مەنچۇ؟ غورورۇم ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىمنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن.

— بۇ ئىشىڭ قاملاشماپتۇ، — دېدى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو گېرىنلېردونىڭ چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ كۈلگىسى

كەلدى.

ــ ئەلۋەتتە قاملاشمايدۇ، ــ دېدى ئورېلىئانو، ــ بىراق، قانداقلا بولمىسۇن، ھەر ھالدا نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەندىن ياخشى.

ئاندىن سەپدىشىنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە قوشۇپ قويدى:

ــ ھەرھالدا سېنىڭ مەقسىتىڭدىن ياخشى، چۈنكى سەنمۇ ئوخشاشلا ھېچكىمگە پايدىسى يوق نەرسە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋېتىپسەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ غورۇرى بىر چاغدا لىبېراللارنىڭ رەھبەرلىرى ئۆزىنى قاراقچىغا چىقىرىۋەتكەن باياناتىنى ئاشكارا ياندۇرۇۋالمايدىغان بولسا، ئىچكى قوزغىلۇقتىكى قوراللىق تەشكىلات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشكە ئۈندىگەندى. نىھايەت، بۇ نىيىتىدىن ياندىغانلا بولسا، ئۇرۇشنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىدەك خەۋپتىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۆيىدە يېتىپ كۆتۈنۈش پۇرسىتى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ئۇستىدە ئويدان ئويلىنىدىغان غەنىيمەت پۇرسەت بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرسۇلانى قايىل قىلىپ، دادىسىدىن قالغان مىراسنىڭ قالدۇقىنى يىغقان ــ تۇگكىنى بىلەن قوشۇپ ئۆزىگە بېرىشكە ماقۇل كەلتۈردى، پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنى ماكوندونىڭ ھەربىي ــ مەمۇرىي تۆرىلىكىگە تەيىنلىدى، ئاندىن ئۆزى ئىچكى قوزغىلۇقتىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن يۇرۇپ كەتتى.

پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭلا ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمى بولۇپ قالماستىن، ئۇرسۇلامۇ ئۇنى ئۆيىنىڭ بىر ئەزاسى قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇ مۇلايىم، تارتىنچاق، سىپايە بىر ئادەم بولغىنى بىلەن مەمۇرىي خىزمەتكە ئەمەس، ئۇرۇشقا بەكرەك لايىق كېلەتتى. ئەتراپىدىكى سىياسەت مەسلىھەتچىلىرى نەزەرىيە سېتىپ قايمۇقتۇرۇپلا قوياتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ماكوندودا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ئەڭ تىنچ ۋەزىيەت بەرپا قىلدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئالتۇن بېلىجان ياساپ ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلاتتى.

پولكوۋنىڭ گىرىنلېردو ماركوس ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرسىمۇ، ھەپتىسىگە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئۇرسۇلالارنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماقتا بولاتتى. دەسلەپتە ئۇرېلىئانو خوسقا قورال ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ، بۇ بالىنى بالدۇرلا ھەربىي مەشىققە سالدى، ئۇرسۇلانىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ھەقىقىي ئەزىمەت قىلىپ چىقىش ئۈچۈن گازارمىغا ئەكىلىۋېلىپ بىرنەچچە ئايمۇ تۇرغۇزدى. گىرىنلېردو ماركوس تېخى بالا چاغلىرىدىلا ئامارانتاغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغان، ئۇ چاغلاردا ئامارانتا پېترو كىرىسپىغا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەچكە مەسخىرە قىلىپلا ئىشنى تۈگەتكەن، گىرىنلېردو ماركوس بولسا ئۇنى داۋاملىق كۈتۈش نىيىتىگە كەلگەنىدى. تۈرمىگە كىرىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامارانتاغا بىر پارچە خەت چىقىرىپ، ئامارانتادىن بىر قول ياغلىقىقا دادىسىنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسىنىڭ قىسقارتىلمىسىنى كەشتىلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلغان ۋە ئىش ھەققىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتكەن، ئامارانتا بىر ھەپتىدىن كېيىن پۈتكەن قول ياغلىقنى تۈرمىگە ئۆزى ئاپىرىپ بەرگەن ھەمدە پۇلىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرگەن، ئۇلار ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ خېلى ئۇزاق مۇڭداشقانىدى.

ــ بۇ يەردىن چىقىپلا سىز بىلەن توي قىلىمەن، ــ دېگەنىدى گىرىنلېردو ماركوس خوشلاشقاندا. ئامارانتا شۇ چاغدا كۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بالىلارغا دەرس ئۆتۈۋاتقان چاغلىرىدا ئۇنى ئەسلەپ قالىدىغان، پېترو كىرىسپىغا كۆيگىنىدەك ئۇنىڭغىمۇ كۆيۈش ئىستىكىدە بولغانىدى. تۈرمىدىكىلەرنى يوقلاشقا رۇخسەت قىلىنىدىغان ھەر شەنبە كۈنى گىرىنلېردو ماركوسنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە تۈرمىگە يوقلاپ باراتتى. ئۇرسۇلا بىر شەنبە كۈنى قىزىنىڭ ئاشخانىدا يېڭى بولكىنىڭ پىششىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى، ئامارانتا دوخۇپكىدىكى بولكىنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى تاللاپ مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا كەشتىلىگەن قول ياغلىققا ئورىماقچى ئىدى.

ــ تەگكىن، ــ دېدى ئۇرسۇلا دەۋەت قىلىپ، ــ ئەمدى بۇنداق ئەرنىڭ ئۇچرىمىقى تەس.

— ئەر ئىزدەپ يۈرەمتىم مەن، — دېدى ئامارانتا قېيدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، — گىرىنلېردوغا ئىچىم ئاغرىپلا بولكا ئاپىرىپ بېرىۋاتىمەن، ھامان ئېتىلىپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ.

بۇ ئامارانتانىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى ئىدى، لېكىن ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتكەندەكلا ئىش بولۇپ، ھۆكۈمەت شۇ كۈنلەردە ئەگەر توپىلاڭچىلار لىبېئوئاچىنى تاپشۇرۇپ بەرمىسە، پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسنى ئېتىپ تاشلايدىغانلىقىنى جاكارلاپ ئوچۇق تەھدىت سالغان ھەمدە باشقىلارنىڭ ئۈنى يوقلىشىنىمۇ مەنئى قىلغانىدى. ئامارانتا رېمەدىيسىنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەبچى بولغان چېغىدىكىدەك شۇم ئېغىزلىق قىلىپ يەنە بىر قېتىم ئەزرائىلنى چاقىرىپ سالغاندەك ئازاب ئىچىدە ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ نالە قىلىپ كەتتى. ئۇرسۇلا قىزىغا پولكوۋنىك ئورېلىئانو چوقۇم بىر ئامال قىلىپ دوستىنى ئاتقۇزمايدۇ، دەپ تەسەللى بەرگەچ، ئۇرۇش توختىغان ھامان گىرىنلېردو ماركوسنى ئۆزۈم ئالدىغا بېرىپ ئۆيگە ئەكىلىپ بېرىمەن، دەپ قىزىغا ۋەدە بەردى ھەمدە بۇ ۋەدىسىنى ئۆزى دېگەن مۇددەتتىن ئىلگىرى نەقلەشتۇردى. گىرىنلېردو ماركوس ھەربىي - مەمۇرىي تۈرلىنىڭ سالاھىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە قايتا كەلگىنىدە، ئۇرسۇلا ئۇنى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ كۈتتۈۋالدى ھەمدە كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن خۇشامەت قىلىپ كەتتى، تەگرىدىن گىرىنلېردونىڭ كۆڭلىگە ئامارانتانى ئەمرىگە ئېلىش خىيالىنى سېلىشىنى چىن ئىخلاسى بىلەن تىلەپ كەتتى. ئۇرسۇلانىڭ تىلەكلىرى ئىجاۋەت بولغاندەك بولۇپ، پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولۇش ئۈچۈن قېلىپ، دائىم دېگۈدەك تاشئالمىلىق پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ ئامارانتا بىلەن بىر - ئىككى قول دامكا ئوينايتتى. ئۇرسۇلا ئۇلارغا قەھۋە بىلەن پېچىنە ئېچىقىپ بېرەتتى ھەمدە ئۇلارغا كاشىلا بولماسلىق ئۈچۈن باللارغا ئۆزى قاراپ تۇراتتى. ئامارانتامۇ يۈرىكىدىكى ئۆچۈپ قالغان ياشلىق ئوتىنى ياندۇرۇشقا كۈچەيتتى. پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولىدىغان كۈننى، ئۆزى بىلەن دامكا

ئوينايدىغان چۈشتىن كېيىنكى كۆكۈللۈك چاغلارنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ باتۇر ئەزىمەت ھەمراھ بولغان چاغلار ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، ئېتىمۇ قەلبىگە شېرىن تۇيغۇ بېغىشلايتتى، داملا ئۇرۇقلىرىنى يۆتكەۋاتقان بارماقلىرى بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەيتتى. بىراق، گىرىنلىپردو ماركوس يەنە بىر قېتىم توي تەلىپىنى قويغاندا بولسا يەنە رەت قىلدى.

ــ ھېچكىمگە تەگمەيمەن، ــ دېدى ئامارانتا، ــ بولۇپمۇ سىزگە تەگمەيمەن. چۈنكى، سىز ئورېلىئانونى بەك ياخشى كۆرىسىز، ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا مەن بىلەن توي قىلماقچى بولۇۋاتىسىز.

پولكوۋنىك گىرىنلىپردو ماركوس سەۋرچان كىشى ئىدى.

ــ يەنە كۈتىمەن، ھامان بىركۈنى سىزنى چوقۇم قايىل قىلىمەن.

پولكوۋنىك گىرىنلىپردو ماركوس شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ ئۆيگە داۋاملىق مېھمان بولۇپ كېلىۋەردى. ئامارانتا ئۇ مېھمان كەلسىلا ياتاق ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئەلەمگە چىداپ ئولتۇراتتى، ئۆزىنى قوغلاشقۇچىنىڭ ئۇرسۇلاغا ئەڭ يېڭى ئۇرۇش خەۋەرلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇلاقلىرىنى ئېتىۋالاتتى، ئەمما شۇنداق كۆرگۈسى كېلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئىستىكنى چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئىچىگە يۇتاتتى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۇ چاغلاردا ماكوندوغا ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم تەپسىلىي تېلېگرامما يوللاپ تۇرۇشقا ۋاقتى چىقىسىمۇ، ئۆيدىن ئايرىلىپ يەتتە ئايچە ئۆتكەندە ئۇرسۇلاغا بىرلا قېتىم خەت يازدى. خەۋەرچىسى سورۇق مۆھۈر بېسىلغان بىر پارچە خەتنى ئۇرسۇلاغا يەتكۈزدى، پولكوۋنىك بۇ خەتتە چىرايلىق پوچېركىسى بىلەن: «دادامنى ئوبدان كۈتۈۋېلىڭلار، پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ» دەپلا يازغانىدى.

ئۇرسۇلا بۇ خەتتىن چۆچۈپ كەتتى.

ــ ئورېلىئانو شۇنداق دېگەنىكەن، چوقۇم بىر يېرىنى بىلىدۇ.

ئۇرسۇلا شۇنىڭ بىلەن ئادەم چاقىرىپ خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنى ياتاق ئۆيگە

ئەكىرگۈزدى. خوش ئاركادىئو بۇئېندىيە بۇرۇنقىدەكلا ئېغىر ئىدى، يەنە كېلىپ كۆپ يىل كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە يېتىۋەرگەچكە ئۆزىنى خالىغانچە ئېغىرلىتالايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن يەتتە ئەر كىشى تەڭ كۈچەپمۇ ئورۇندۇقىدىن دەس كۆتۈرۈپ ئالالماي سۆرەپ ئەكىرىپ كارىۋىتىغا ياتقۇزدى. كۆپ يىل يامغۇر - يېغىننىڭ، قىزىق ئاپتاپنىڭ دەردىنى تولا تارتقان بۇ زەبەردەس بوۋاي ئۆيگە كىرىشى بىلەنلا تىنىقىدىن چىققان قويۇق زەمبۇرۇغ ھىدى، كاشتان دەرىخىنىڭ ھىدى ۋە يىللار بويى تېنىگە سىڭىپ كەتكەن يامغۇر ھىدى ئۆينىڭ ھاۋاسىغا سىڭىپ كەتتى. ئۇرسۇلا ئەتىسى ئەتىگىنى كىرگەندە خوش ئاركادىئو بۇئېندىيە كارىۋىتىدا كۆرۈنمەيتتى، ھەممە ئۆينى ئاختۇرۇپ چىققاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنى كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن تاپتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى كارىۋاتقا باغلىۋەتتى. خوش ئاركادىئو بۇئېندىيە كۈچ - ماغدۇرىدىن كەتمىگەن بولسىمۇ، قارشىلىق قىلغۇسى كەلمىگەنىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىر ھەممە نەرسە بەرىبىر بولۇپ قالغان، پەقەت كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كۆنۈپ قالغانلىقى ئۈچۈنلا شۇ يەرگە بېرىۋالغانىدى. ئۇرسۇلا ئېرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالاتتى. تاماقنى يېگۈزۈپ قوياتتى، ئوربېلىئانو ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. ھالبۇكى، خوش ئاركادىئو بۇئېندىيە بولسا ئۇزۇندىن بۇيان پەقەت پىرودونسىئو ئاگىمور بىلەنلا مۇڭدىشىپ كەلگەنىدى، بۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن تۈگىشىپلا كەتكەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ خىيالىدا كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىزدەپ كېلىپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئۇلار خوراز توغرىسىدىمۇ سۆزلىشىپ قالاتتى، ئىككىسى بىرلىشىپ ئەلا سورتلۇق توخۇ فېرمىسى قۇرماقچىمۇ بولغانىدى، ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمدى ئەھمىيىتى قالمىغان غەلىبىسىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆلۈكلەر دۇنياسىدىكى زېرىكىشلىك يەكشەنبىلەردە ئۆزلىرىگە ئەرمەك تېپىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلماقچى ئىدى. پىرودونسىئو ئاگىمور خوش ئاركادىئو بۇئېندىيەنى يۇيۇپ - سۈرتۈپ قوياتتى، تاماقنى يېگۈزۈپ قوياتتى، ناتونۇش بىرسىنىڭ شانلىق شەجەرىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى، ناتونۇش ئۇ ئادەمنىڭ ئېتى ئوربېلىئانو بولۇپ، ئۇرۇش

ۋاقىتىدىكى بىر پولكوۋنىك ئىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە يالغۇز قالغان چاغلىرىدا چۈشلىرىدىن تەسەللى تاپاتتى. چۈشىدە كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، مۇشۇ ئۆيگە ئوپئوخشاش يەنە بىر ئۆيگە كىرەتتى، بۇ ئۆيدىمۇ ئوخشاشلا بېشى قەلەي بىلەن قاپلانغان بىر كارىۋات، ئوخشاشلا توقۇلما ئورۇندۇق بار ئىدى، تامدىمۇ ئوخشاشلا نىجاتكار بۈۋۈي مەريەمنىڭ رەسىمى بار ئىدى. بۇ ئۆيدىن چىقىپ، شۇنىڭغا ئوخشاشلا بىر ئۆيگە كىرەتتى، ئاندىن يەنە بىر ئۆيگە كىرەتتى، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئاخىرى زادىلا تۈگىمەيتتى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە خۇددى ئەنە شۇ تەرىزدە ئەينەك كارىدورلاردا مېڭىۋاتقاندەك بۇ ئۆيدىن ئۇ ئۆيگە كىرىشكە ھېرىسمەن ئىدى، پىرۇدونسىئو ئاگىمور پەيدا بولۇپ مۈرىلىرىنى يېنىك پەپىلەپ قويغاندىلا توختايتتى. ئاندىن ئاستا ـ ئاستا ئويغۇسى ئېچىلىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئۆيمۇئۆي كەينىگە قايتىپ، ھەقىقىي ئۆيدە پىرۇدونسىئو ئاگىمور بىلەن ئۇچرىشاتتى. نىھايەتكى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى پىرۇدونسىئو ئاگىمور ئۆزى تۇرۇۋاتقان بىر ئۆيدە مۈرىسىنى پەپىلەپ قويۇۋىدى، بۇ ئۆينى ھەقىقىي ئۆي دەپ ئويلىدى ـ دە، مەڭگۈ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. ئۇرسۇلا ئەتىسى ئەتىگىنى ئېرىگە ناشتىلىق ئەكىرگىنىدە ئۇچىسىغا قارا سوكنا چاپان كىيگەن، چوڭ قارا شىلەپىسىنى كۆزلىرىگىچە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان خولەك بىر ئادەم كارىدوردا ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

«تۇۋا، بۇ مېرگادىسنىڭ ئۆزىلىغۇ» دەپ ئويلىدى ئۇرسۇلا.

بۇ ئايال خىزمەتكارى ۋېھتازاننىڭ ھېلىقى يىلى ئويقۇسىزلىق كېسىلىدىن قېچىپ ماكوندودىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئىز ـ دېرىكى بولماي كەلگەن ئىنىسى كاتاۋۇر ئىدى. ۋېھتازان نېمە ئۈچۈن قايتىپ كەلگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ ئۆزلىرىنىڭ تىلىدا تەنتەنە بىلەن جاۋاب بېرىپ:

ــ پادىشاھنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا كەلدىم، ــ دېدى.

ئۇلار شۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى كۆچىنىڭ بارىچە ئىرغىتىپ قولىقىغا ۋارقىرىدى، بەربىر ئويغىتالمىدى. ئاندىن بىر پارچە

ئەينەكنى بۇرنىغا تۇتۇپ بېقىۋىدى، ئەينەكمۇ ھوردالمىدى. بىرئازدىن كېيىن ياغاچچى مۇردىغا مېيىت ساندۇقى ياساش ئۈچۈن خوسې ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ بويىنى ئۆلچەشكە باشلىدى، تالادا سىم - سىم يامغۇردەك سېرىق گۈل يېغىۋاتقانلىقى دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سېرىق گۈللەر تىمتاس يامغۇردەك پۈتۈن بازار ئاسمىنىدىن تاڭ ئاتقىچە تۆكۈلۈپ بارلىق ئۆگزىلەرنى قاپلىدى، ئىشىكلەرنى توسۇۋەتتى، تالادا ياتقان ھايۋانلارنى تۇنجۇقتۇرۇپ تاشلىدى. ئەتىسى ئەتىگەندە پۈتۈن ماكوندونىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرى گويا گىلەم سېلىنغاندەك بولۇپ قالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ مېيىت ئۇزاتقۇچىلارغا گۈرجەك ۋە تىرنىلار بىلەن يول ئېچىپ بېرىشىگە توغرا كەلدى.

# سەككىزىنچى باب

ئامارانتا چىۋىقتىن توقۇلغان تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا تىكىمۋاتقان كەشتىسىنى تىزىغا قويۇپ، مەڭزىگە ۋە ئېڭىكىگە سوپۇننى راسا سۈرۈپ ئۇستىرىنى تاسمىغا كاپلاپ ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ساقال ئېلىۋاتقان ئورېلىئانو خوسقا قاراپ ئولتۇراتتى. ئورېلىئانو خوس بۇرۇت قويىمەن دەپ دانىخورىكىنى كېسىۋېلىپ قانىتىۋەتتى ـ دە، ئاخىرقى ھېسابتا ساقال ئېلىشنى قاملاشتۇرالمىدى. بىراق، ئورېلىئانو خوسنىڭ بۇ تىرىشچانلىقىنى كۆرگەن ئامارانتا ئۆزىنىڭ ئەمدى قېرىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

ــ بۇ ئەپتىڭ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ سەنچىلىك ۋاقتىدىكى تۇرقىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ قالدى، ــ دېدى ئامارانتا، ــ ئەمدى سەنمۇ چوپچوڭ يىگىت بولۇپ قالدىڭ.

ئورېلىئانو خوس ئەمەلىيەتتە ئاللىبۇرۇن يىگىت بولۇپ بولغانىدى، ئامارانتا ئۇ چاغدا ئورېلىئانو خوسنى كىچىك بالا كۆرۈپ مۇنچىدا كۆزىچە كىيىملىرىنى سېلىۋېرەتتى. پىلار تېرنېرا بۇ بالىسىنى قولىغا بېرىۋەتكەن كۈندىن باشلاپلا شۇنداق كۆنگەنىدى. ئورېلىئانو خوس بىرىنچى قېتىم كۆرگىنىدە كۆكسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئويمانچاقتا قىزىقىپ، گۆدەكلىك بىلەن بۇ يەر نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالغان دەپ سورىغاندا ئامارانتا بارمىقىدا كۆكسىنى كولىغان قىياپەتتە: «كولاپ ـ كولاپ ـ كولاپ مۇشۇنداق بولۇپ قالغان» دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. كېيىنچە پېترو كرىسپىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان ئىچ ئاغرىقى سەل پەسەيگەندىن كېيىن يەنە ئورېلىئانو خوس بىلەن بىللە يۇيۇنۇشقا باشلىغان، ئورېلىئانو خوس بۇ چاغدا ھېلىقى ئويمانچاققا دىققەت قىلمايدىغان بولغانىدى، لېكىن ئامارانتانىڭ يۇمران كۆكسى ۋە قوڭۇر رەڭلىك ئەمچەك تۇپچىسىغا

قارىسىلا ئۇنى غەلىتە بىرخىل تىترەك باساتتى. ئۇزۇكسىز كۆزىتىش جەريانىدا ئاستا ـ ئاستا ئامارانتانىڭ نومۇسلۇق يېرىدىكى سېھىرنىمۇ بايقىغانىدى، ماراپ قارىغىنىدا سەزگۈ ئەزالىرى غىدىقلىنىپ توخۇ ئەتلىرى ئۆرلەپ كېتەتتى. ئورېلىئانو خوس كىچىككىنە بالا ۋاقتىدىن تارتىپ تاڭ يورۇشىغىلا سەگۈنچىكىدىن قوپۇپ ئامارانتانىڭ قويىنىغا كىرىۋېلىپ يېتىشقا ئادەتلەنگەنىدى، شۇنداق قىلسا قاراڭغۇدىن قورقمايتتى. ۋەھالەنكى، ئامارانتانىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە دىققەت قىلغان كۈنىدىن باشلاپ قاراڭغۇلۇق ۋەھىمىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئامارانتانىڭ تونۇش ھىدىغا تەقەززا بولۇپلا قويىنىغا كىرىۋالىدىغان بولدى. بىركۈنى تاڭ يورۇغاندا (بۇ ئامارانتا پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان چاغلار ئىدى) ئورېلىئانو خوس تۇيۇقسىز ئويغىنىپ، ئامارانتانىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ قورسىقىدا قىزىق قۇرۇتتەك قىمىرلاۋاتقانلىقىنى تۇيدى، شۇنداقتىمۇ تۇيماي ئېغىر ئۇخلاۋاتقان بولۇۋېلىپ ئوڭدىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتتى ـ دە، سىلىشىغا ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى. شۇ كېچىدىن باشلاپ ھەر ئىككىلىسى كۆڭۈللىرىگە ئايان ئىشنى بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىدە بىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلمەسكە سېلىپ، تىل بىرىكتۈرۈۋالغاندەكلا بىر ـ بىرىگە چىڭ باغلىنىپ كەتتى. ئورېلىئانو خوس مېھمانخانىدىكى قوڭغۇراقلىق سائەتنىڭ تۈن نىسپىدىكى ۋالىس مۇزىكىسىنى ئاڭلىمىغۇچە ئۇخلىيالمايدىغان، ھۆسنى سولۇشقا باشلىغان بۇ قېرى قىز بولسا ئۇ چۈش سەيلىچىسى چىمىلدىقىغا كىرمىگىچە كۆڭلى بىر مىنۇتمۇ ئارام تاپمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇ ئۆز قولى بىلەن بىر قوللۇق بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ بالىنىڭ كۈنلەرنىڭ بىرىدە يالغۇزلۇق ئازابىغا مەلھەم بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بۇ ئىككىسى كېچىلىرى قىپيالىڭاچ بىللە يېتىپ كۈچ ـ مادارىدىن كەتكىچە ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ يۈرۈشكەنلىرى يەتمىگەندەك، ھەتتا كۈندۈزلىرىمۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدا بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ تارتىشىپ يۈرەتتى. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇرسۇلا كۆرۈپ قالغىلى تاس قالدى ـــ ئۇلار ئامباردا سۆيۈشمەكچى بولۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ قالغانىدى.

— ھاماڭغا بەك ئامراق ئىكەنسەن - ھە، — دېدى ئۇرسۇلا ئۇ ئىككىسىنىڭ يېقىنچىلىقىغا مەستلىكى كېلىپ. ئورېلىئانو خوس «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇ ئىشىڭ توغرا بوپتۇ! — دېدى ئۇرسۇلا باھا بېرىپ. ئاندىن بولكا ئۇننى تارازىدا تارتىپ ئاشخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. ئامارانتا بۇ ئىشتىن ھوشىنى تېپىپ، ئۆزلىرىنىڭ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، بۇ قىلىقىنىڭ كىچىك بالا بىلەن سۆيۈشۈپ ئوينىغانلىقى ئەمەس، ئوتتۇرا يېشىدىن ھالقىپ بولغان ئايالنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغان خەتەرلىك ئىشىق ئوتىنى ياندۇرۇۋاتقانلىقى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى - دە، ئورېلىئانو خوس بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى چورتلا ئۈزدى. ھەربىي مەشىقنى تاماملاش ئالدىدا تۇرغان ئورېلىئانو خوس بۇ رېئاللىقنى ئاخىر قوبۇل قىلىپ گازارمىغا كۆچۈپ باردى. ھەر شەنبە كۈنى ئەسكەرلەر بىلەن بىللە كاتالىنونىڭ سارىيىغا باراتتى - دە، بالدۇر يېتىلىپ كەتكەن ھەمدە بىردىنلا غېرىبلىقتا قالغان كۆكلىگە سولغان گۈلنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان تۈن دىلبەرلىرىنىڭ تېنىدىن تەسەللى تاپاتتى. قاراڭغۇدا تەسەۋۋۇرىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۇلارنى ئامارانتا دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ماكوندوغا بىر - بىرىگە زىت ئۇرۇش خەۋەرلىرى كېلىشكە باشلىدى. ھۆكۈمەت قوزغىلاڭنىڭ كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلاتتى، ماكوندودىكى ئوفىتسېرلار بولسا تىنچلىق كېلىشىمى تۈزۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، دېگەن ئىچكى خەۋەرگە ئېرىشكەنىدى. ئاپرېلنىڭ باشلىرىدا پولكوۋنىك گېرىنېلدو ماركوسنىڭ قېشىغا بىر پەۋقۇلئاددە ئەلچى كېلىپ، لىبېراللار داھىيلىرىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقىلاشقانلىقىنى، لىبېراللار ئۈچ مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىقىنى ئۇستىگە ئېلىش، پارلامېنتتا ئاز ساندا بولسىمۇ ئورۇنغا ئىگە بولۇش ھەمدە قورال تاشلىغان بارلىق قوزغىلاڭچىلارنى كەچۈرۈم قىلىش شەرتى بىلەن ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. پەۋقۇلئاددە ئەلچى يەنە پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ مۇتلەق مەخپىي بۇيرۇقنامىسىنىمۇ ئېلىپ كەلگەنىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇ بۇيرۇقنامىسىدە

ئۆزىنىڭ ئۇرۇش توختىتىش شەرتلىرىگە قوشۇلمىغانلىقىنى ئېيتىپ، پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسنى ئەڭ ئىشەنچلىك ئادىمىدىن بەشنى تاللاپ، چېگرىدىن چىقىپ كېتىش تەييارلىقىنى كۆرۈپ قويۇشقا بۇيرۇغانىدى. بۇيرۇق ئىنتايىن مەخپىي ئىجرا قىلىندى. كېلىشىم جاكارلىنىشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ماكوندودا بىر ـ بىرىگە زىت خىلمۇخىل ئەپقاچتى گەپلەر يامراپ كەتكەنىدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەنە شۇنداق بىر چاغدا پولكوۋنىك روك كارنىسېللو باشچىلىقىدىكى ئۆزىگە سادىق ئون ئوفىتسېرنى ئېلىپ تۈن قاراڭغۇسىدا غىپپىدە ماكوندوغا كىردى ـ دە، گارنىزوننى تارقىتىۋەتتى، قورالالارنى كۆمۈۋەتتى، ھۆججەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ئاندىن تاڭ بىلەن تەڭ پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس ۋە ئۇنىڭ بەش ئادىمى بىلەن بىللە ماكوندودىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشلار شۇنداق تېز ۋە ئۈن ـ تىنسىز بولدىكى، ئۇرسۇلامۇ ئاخىرقى مىنۇتلاردىلا خەۋەر تاپتى. بىرسى شۇ چاغدا دېرىزىسىنى چېكىپ پەس ئاۋازدا:

ـــ پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن كۆرۈشۈۋالاي دېسىڭىز، دەرھال ئىشىك تۈۋىگە چىقىڭ، ـــ دېدى.

ئۇرسۇلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىچ كىيىملىرى بىلەنلا يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتى. بىراق، قاراڭغۇلۇقتا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈپ ماكوندودىن غىپپىدە چىقىپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئاتلىقلاردىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمىدى، ئورېلىئانو خوشلىشىمۇ دادىسى بىلەن بىللە كېتىپ قالغانلىقىنى ئەتىسى ئاندىن بىلدى.

ھۆكۈمەت بىلەن ئۆكتىچىلەر ئۇرۇش توختىتىش بىرلەشمە ئاخباراتىنى ئېلان قىلدى، ئون كۈندىن كېيىن پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ غەرب تەرەپتىكى چېگرىدا بىرىنچى قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەر يېتىپ كەلدى. بۇ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ ئادىمى ئاز، قورال ـ ياراقلىرى ناچار بولغاچقا، بىر ھەپتىگە بارمايلا بىتچىت بولدى. بىراق، لىبېراللار بىلەن كونسېرۋاتىپلار پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆزلىرىنىڭ ياراشقانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشقان بىر يىل داۋامىدا پولكوۋنىك ئورېلىئانو يەنە يەتتە قېتىم قوراللىق قوزغىلاڭ تەشكىللىدى. بىر كۈنى كېچىسى يەلكەنلىك كېمىدە لېيئوئاچىنى توپقا تۇتتى. لېيئوئاچ گارنىزونى ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن

شەھەردىكى ئەڭ داڭلىق لىبېراللاردىن ئون تۆتىنى ئۇخلاۋاتقان جايىدىن سۆرەپ چىقىپ ئېتىپ تاشلىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىر چېگرا قاراۋۇلخانىسىنى ئىككى ھەپتىدىن ئوشۇق ئىگىلەپ، شۇ يەردىن پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇمىي ئۇرۇش قوزغاش چاقىرىقىنى چىقاردى. بىر قېتىم قەدىمكى ئورمانلىق بىلەن ئۆتىدىغان بىر مىڭ بەش يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئۇدۇللا پايتەخت ئەتراپىغا بېرىش خام خىيالىدا يامغۇرلۇق ئورمانلاردا ئېزىپ قېلىپ ئۈچ ئاي چۆرگىلەپ يۈردى. يەنە بىر قېتىم ماكوندوغا يىگىرمە كىلومېتىرمۇ كەلمەيدىغان يەردە پەيدا بولدى ـ يۇ، ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ چارلىغۇچى ئەترىتىنىڭ قىستىشى بىلەن چېكىنىپ تاغ ئارىسىدىكى بىر جايغا بېرىپ قالدى، ئۇ يەر دادىسى نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى يەلكەنلىك ئىسپان كېمىسىنىڭ خارابىسىنى ئۇچراتقان تىلسىماتقا يېقىنلا جاي ئىدى.

ۋېھتازان ئۆلۈپ كەتتى، بۇ خىزمەتكار ئايال ئەينى ۋاقىتتا ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدىن قورقۇپ خانلىق تەختىدىن ۋاز كېچىپ ماكوندوغا قېچىپ كەلگەنىدى، ئاخىر مۇرادىغا يېتىپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئىندىيان ئايال ئۇرسۇلاغا «كارىۋىتىم ئاستىدىكى ساندۇقتا يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى توپلىغان پۇلۇم بار، پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئەۋەتىپ بەرسىڭىز، ئۇرۇشقا ياردىمىم بولۇپ قالسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىدى. بىراق، ئۇرسۇلا بۇ پۇللارغا چېقىلمىدى. چۈنكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆلكە مەركىزىگە يېقىن جايدا قۇرۇقلۇقتا چىققىچە قۇربان بولۇپتۇدەك، دېگەن خەۋەرلەر تارقالغانىدى. كىشىلەر ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئېلانىغا ئىشىنىپمۇ قالغانىدى. چۈنكى، بۇ خەۋەر ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە تارقالغان شۇنداق خەۋەرلەرنىڭ تۆتىنچىسى بولسىمۇ، ئالتە ئايدەك ۋاقىتتىن بۇيان پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغانىدى. ئۇرسۇلا بىلەن ئامارانتا كونا قارىلىقى ئۈستۈلماي تۇرۇپ يەنە يېڭىدىن قارىلىق تۇتۇۋاتقان بىر پەيتتە ماكوندوغا ئۈشتۈمتۇتلا «پولكوۋنىك ئورېلىئانو تېخى ھايات ئىكەن!» دېگەن خۇش خەۋەر كەلدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ ۋاقىتتا، ئۆز دۆلىتىنىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ھەرىكەتلەردىن قول ئۈزۈپ، كارىپ دېڭىزىدىكى باشقا جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ غەلىبە

ئالدىدا تۇرۇۋاتقان فېدېراتسىيەچىلەر توپىغا قوشۇلۇپ، ئېتىنى ئۆزگەرتىپ ھەرىكەتلىنىپ ۋەتەندىن بارغانسېرى يىراقلىشىپ كەتكەندى. كېيىن مەلۇم بولدىكى، ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى بارلىق فېدېراتسىيەچى كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ ئالياسكىدىن پاتاگونىيەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق كونسېرۋاتىپلار ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئويىدا بولغانىدى. ئۇرسۇلا ئوغلى ماكوندودىن كېتىپ بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ بىرىنچى خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، كۇبانىڭ سانتىياگو شەھىرىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ خەت بۇ يەرگە كەلگىچە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تولا قاتلىنىپ خەتلىرىنى ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەندى.

— بىز ئورېلىئانودىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قاپتۇق، — دېدى ئۇرسۇلا خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، — مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولسا، پاسخا بايرىمىنى دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە ئۆتكۈزگۈدەك.

ئۇرسۇلا بۇ گەپنى قىلغان كىشى ئۇ خەتنى بىرىنچى بولۇپ كۆرسەتكەن گېنېرال خوس داكىل مۇنكادا بولۇپ، ئۇ كىشى ئۇرۇشتىن كېيىن ماكوندوغا بازار باشلىقى بولغانىدى.

— ئورېلىئانوزە، — دېدى گېنېرال مۇنكادا ئەپسۇسلىنىپ، — ئېسىت، كونسېرۋاتىپلاردىن بولماي قالدى ـ دە!

خوس داكىل مۇنكادا ھەقىقەتەنمۇ پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا قول قويىاتتى، ئۇ نۇرغۇن مۇلكىي كونسېرۋاتىپلارغا ئوخشاشلا ئۆز پارتىيەسىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن ئۇرۇشقا قاتناشقان ھەمدە جەڭگاھتىكى ئىپادىسىگە يارىشا گېنېرال بولغان بولسىمۇ، كەسپىي ھەربىيلەردىن بولۇپ قېلىشنى خالىمايتتى، دەل ئەكسىچە پارتىيە ئىچىدىكى نۇرغۇن مەسىلىدىشىغا ئوخشاش مىلىتارىستلارغا قارشى ئىدى. چۈنكى، مىلىتارىستلارنى پىرىنسىپسىز تەييارتاپلار، نەپسى يامان سۇيىقەستچىلەر، توپىلاڭدا توقاچ ئوغرىلاش يولى بىلەن خەلقنى ئېزىپ ئۆگىنىپ قالغان پايدىخورلار دەپ قارايتتى. ئۆزى زېرەك، مۇلايىم ۋە ئاق كۆڭۈل، خۇشخۇي، ئىشتىھالىق ۋە خوراز سوقۇشتۇرۇشقا خۇشتار ئادەم بولۇپ، بىر مەھەل پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئەڭ خەتەرلىك رەقىبى

بولغاندى. دېڭىز قىرغىقىدىكى كەڭ رايونلاردىكى ھەربىيلەر ئارىسىدا ئۆزىگە تۇشلۇق ئابرۇي ـ ئىناۋەتكىمۇ ئىگە ئىدى. بىر قېتىم ئىستراتېگىيە تۈپەيلىدىن بىر قورغاننى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قىسىملىرىغا بوشىتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولغان ھەمدە ئىككى پارچە خەت قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇزۇنراق يېزىلغان بىر خېتىدە ئورېلىئانوغا بىرلىكتە تىرىشىپ ئۇرۇشتا ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىنى چىقىش قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان، يەنە بىر پارچە خېتى قوزغىلاڭچىلار ئىشغالىيىتىدىكى رايوندا قالغان ئايالىغا يېزىلغان بولۇپ، پولكوۋنىك ئورېلىئانودىن بۇ خەتنى ئايالىغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ ئىككى ئىلىك خەتكۇچمۇ قوشۇپ قويغانىدى. بۇ ئىككى قوماندان شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئەڭ شىددەتلىك ئۇرۇش مەزگىللىرىدىمۇ ۋاقتىنچە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىشىپ ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. گېنېرال مۇنكادا بايرام شادلىقىغا چۆمگەن جەڭ ئارىلىقلىرىدا پۇرسەت تېپىپ پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا شاھمات ئۆگەتكەنىدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار جان دوستلاردىن بولۇپ كېتىشتى، ھەتتا ئىككى پارتىيە تەرەپدارلىرىنىڭ كۈچىنى بىرلەشتۈرۈپ مىلىتارىستلارنىڭ ۋە كەسپىي سىياسىيونلارنىڭ تەسىرىنى تازىلاپ، ھەر ئىككى پارتىيەنىڭ نەزەرىيە ۋە ئىدىيە جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىنسانپەرۋەر ھۆكۈمەت قۇرۇشنىمۇ ئويلاشتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇرۇشتىن كېيىن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ ئۇزۇكسىز ئىش تېرىپلا يۈردى، گېنېرال مۇنكادا بولسا ماكوندونىڭ بازار باشلىقى بولدى ـ دە، ھەربىي فورمىسىنى سېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئورنىغا قورالسىز ساقچىلارنى قويدى، ئومۇمىي كەچۈرۈمنى يولغا قويدى ھەمدە جەڭدە ئۆلۈپ كەتكەن لىبېراللارنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا يار ـ يۆلەك بولدى. ماكوندونى بازاردىن مۇۋەپپەقىيەتلىك يوسۇندا شەھەر دەرىجىسىگە كۆتۈردى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ماكوندونىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك شەھەر باشلىقى بولدى. بازاردا تىنچ كەيپىيات يارىتىپ، ئۇرۇشنى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۆتمۈشتىكى مەنىسىز قاباھەتلىك چۈشكە ئايلاندۇردى. پوپ كىرونېر جىگەر كېسىللىكىنىڭ دەردىدە جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان پوپ نىكانورنىڭ ئورنىنى ئالدى، بۇ پوپ بىرىنچى قېتىملىق فېدېراتسىيە ئۇرۇشىدىكى كونا ئەسكەر

بولۇپ، «يېڭىياچى» دەپ ئاتالدى. بىرونو كىرسىبى ئانبارو موسكات بىلەن توي قىلدى، بىرونو كىرسىبىنىڭ ئويۇنچۇق دۇكىنىنىڭ سودىسى كۇنسايىن بەرىكەت تاپقاندى. بازاردا بىر تىياتىرخانىمۇ سالدۇرغاندى، بۇ تىياتىرخانا ئىسپانىيەدىكى نۇرغۇن تىياتىر ئۆمىكىنىڭ سەييارە ئويۇن قويۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى. بۇ كەڭتاشا ئۈستى ئوچۇق تىياتىرخانىغا يۆلەنچۈكلۈك ياغاچ ئورۇندۇقلار قويۇلغان، سەھنىگە يۇنانچە نىقاپ بىلەن بېزەكلەنگەن چوڭ مەخمەل پەردە تارتىلغان، ئۈچ بىلەت كۆزنىكى شىر بېشىدەك شەكىل چىقىرىپ ياسالغان بولۇپ، تىياتىر بىلەتى يوغان ئېچىلغان ئاشۇ ئۈچ شىر ئاغزىدا سېتىلاتتى. مەكتەپمۇ شۇ مەزگىلدە قايتا سېلىنغاندى. مەكتەپنى سازلىق رايونىدىن ئەۋەتىلگەن پېشقەدەم مۇئەللىم دونمىرگو ئېسكارونىنا ئەپەندى باشقۇردى. دونمىرگو ئېسكارونىنا ئەپەندى ھۆرۈن ئوقۇغۇچىلارنى ھاك شېغىلى يېيىشتىلغان ھويلىدا ئۆمىلىتەتتى، سەت گەپ قىلغان ئوقۇغۇچىلارغا ئاچچىق مۇچ يېگۈزەتتى، ئاتا ـ ئانىلارمۇ بۇ تەرتىپتىن بەك خۇرسەن ئىدى. سانتاسوفىيە دېلا پېدادىنىڭ كەپسىز قوشكېزەك ئوغۇللىرى ئورېلىئانو II بىلەن خوس ئاركادىئو II بىرىنچى تۈركۈمدە كىچىك دوسكا، بور ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئىسمى بېسىلغان ئاليۇمىن خەتكۈچنى ئېلىپ سىنىپقا كىرىپ ئوقۇغان ئوقۇغۇچىلاردىن ئىدى. چىرايى ئانىسىنى تارتقان رېمەدىس «ساھىبجامال قىز رېمەدىس» دەپ تونۇلۇشقا باشلىدى. ئۇرسۇلا كەينى ـ كەينىدىن نەچچە ئۆلۈمنى ئۆزىتىپ، ئۇزۇلمەي دەرت تارتىپ كەلگەن بولسىمۇ قېرىلىقىغا تەن بەرمىگەنىدى. سانتاسوفىيە دېلا پېدادىنىڭ ياردىمىدە تاتلىق ـ تۈرۈم تىجارىتىنى ئايىنىتىپ، ئوغلى ئۇرۇشقا ئىشلىتىۋەتكەن پۇل ـ مېلىنى بىرنەچچە يىلغا قالمايلا تىرىلدۈرۈۋالغانىنىڭ سىرتىدا بىرنەچچە قاپاقنى ساپ ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كۆمۈپ قويىدى.

— تەگرىم ئۆمرۈمنىلا بەرسە، — دەيتتى دائىم، — ساپلا ساراڭ چىقىدىغان بۇ ئۆيدە پۇل ئۆكسۈپ قالمايدۇ.

ئورېلىئانو خوس دەل شۇنداق بىر چاغدا نىكاراگۇئانىڭ فېدېراتىپ ئارمىيەسىدىن قېچىپ كېتىپ گېرمانىيە پاراخوتىدا ماتروس بولدى، ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلىپ،

ئۇدۇل ئاشخانىغىلا كىرىپ كەلدى. قاۋاندەك قاۋۇل، ئىندىيانلاردەك قاراماتاق، چاچلىرى قويۇق ئوربېلىئانو خوس ھېلىمۇ ھامىمىسى ئامارانتا بىلەن توي قىلىش نىيىتىدە ئىدى.

ئامارانتا جىيەنىنى بىر كۆرۈپلا قايتىپ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. ئۇلار تاماق يېگۈچە بىر - بىرىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئوربېلىئانو خوس ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۇرسۇلانىڭ يۈزىچىلا ئامارانتانىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:

ــ سېنى سېغىنىپلا كەلدىم، ــ دېدى.

ئامارانتا يۈزلىشىپ قېلىشتىن ئىمكانقەدەر ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ساھىبجامال قىز رېمەدىستىن نېرى بولماي تۇرۇۋالاتتى. جىيەنى بىركۈنى ئامارانتادىن قولۇڭدىكى قارا داكىنى قاچانغىچە ئېلىۋەتمەيسەن، دەپ سورىۋىدى، ئامارانتا قىزىرىپ كەتتى ھەمدە قىزىرىپ كەتكىنىدىن ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى، جىيەنىنىڭ بۇ سوئالىنى ئۆزىنىڭ قىزلىق تۇرمۇشىغا دارىتمىلاپ سورىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئوربېلىئانو خوس قايتىپ كەلگەندىن باشلاپ ياتاق ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چىڭ تاقاپ ياتتى. بىراق، نۇرغۇن كېچە ئۆتۈپ كەتتى، ياندىكى ئۆيدىن كېچىچە خورەك ئاۋازىدىن باشقا ئاۋاز ئاڭلانمىدى، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى تىنىپ ھوشيارلىقىنى بوشاتتى. ئوربېلىئانو خوس قايتىپ كېلىپ ئىككى ئايدىن كېيىنكى بىركۈنى تاڭغا يېقىن ئامارانتانىڭ ئۆيىگە كىردى، ئامارانتا ئۆزى بۇرۇن ئويلىغىنىدەك قېچىپمۇ كەتمىدى، ۋارقىراپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە سەل يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. ئامارانتا جىيەنىنىڭ بالا ۋاقىتلىرىغا ئوخشاشلا چىمىلدىقىغا كىرگەنلىكىنى تۇيدى، قىپيالىڭاچ ئىكەنلىكىنى سەزگىنىدە ئىختىيارسىز رەۋىشتە سوغۇق تەرگە چۆمدى، تىترەك ئولىشىپ چىشلىرى كاراسلاپ كەتتى.

ــ چىقىپ كەت، ــ دېدى ئامارانتا پەس ئاۋازدا، شۇ تاپتا چۆچىگىنىدىن نەپەسلىرى قىسىلغانىدى، ــ بولمىسا ۋارقىرايمەن.

بىراق، ئوربېلىئانو خوس نېمە قىلىشنى بىلەتتى. چۈنكى، ھازىر قاراڭغۇدىن

قورقىدىغان بوۋۇنقى كىچىك بالا ئەمەس، بەلكى ھەربىي گازارمىدىن كەلگەن يىرتقۇچنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇ كېچىدىن باشلاپ ئۆلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاخىرى چىقماس تۈگۈنسىز ئېلىشىش قايتا باشلىنىپ، ھەر كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە داۋاملىشىدىغان بولدى.

— مەن دېگەن سېنىڭ ھاماڭ، — دەپ پىچىرلايتتى مادارىدىن كەتكەن ئامارانتا، — مەن دېگەن ئاپاڭنىڭ ئورنىدىكى ئايال، يېشىمنىلا كۆزدە تۇتقىنىم يوق، سېنى مەن بېقىپ چوڭ قىلغان، پەقەت شۇ سېنى ئېمىتمىگەن يېرىملا بار.

ئورېلىئانو خوس تاڭ ۋاقتىدا چىقىپ كېتىپ، ئەتىسى يەنە كىرەتتى، ھەر قېتىم كەلگىنىدە ئىشىكنىڭ تاقالمىغانلىقىنى كۆرسىلا خۇشلۇقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ كېتەتتى.

ئورېلىئانو خوس شۇنچە يىللاردىن بېرى ئامارانتانى زادىلا ئۇنتۇمىغانىدى. ئېلىنغان شەھەر ـ بازارلاردىكى قاراڭغۇ ھۇجرىلاردا، بولۇپمۇ ئەڭ رەسۋا جايلاردا، يارىدارلارنىڭ تېڭىقلىرىدا ئۇيۇپ قالغان قان ھىدلىرى ئىچىدە، ئۆلۈم پۇراپ تۇرغان ۋەھىمىلىك دەقىقىلەردە ئامارانتانىڭ كۆلەڭگۈسىنى ئۇچراتماي قالمايتتى، ھەرقانداق ۋاقىت ۋە ھەرقانداق ماكاندا ئامارانتانىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. بىر چاغلاردا ئامارانتانى خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ يىراقلارغا كەتكەن، ھەتتا سەپداشلىرىنىڭ قاراملىق دەپ ھۆكۈم قىلغىنىدەك ياۋۇزلۇق بىلەن جەڭگە تاشلاندى. ۋەھالەنكى، ئامارانتانىڭ ئوبرازىنى ئۇرۇشنىڭ نىجاسەت ئازگاللىرىدا بۇلغىنىشىغا ئۇرۇش ئۇنى شۇنچە سىغىندۇردى. ھەتتا ئۆلۈم ئارقىلىق ئامارانتانىڭ دەردىدىن بىر يولىلا قۇتۇلۇشنىمۇ ئىستەپ قالغانىدى. بىرقېتىم بىرەيلەندىن بىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھاممىسى ھەم نەۋرە ئاچا بولغان ئايال بىلەن توي قىلغانلىقى، ئۇ ئايالدىن تۇغۇلغان ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ بوۋىسى بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدىكى بىر قەدىمىي ھېكايىنى ئاڭلاپ:

— ئۆز ھاممىسىنى ئالسىمۇ بولامدىكەن؟ — سورىدى ئورېلىئانو خوس تەئەججۇپ بىلەن.

— ھامىسىنىلا ئەمەس، — جاۋاب بەردى بىر ئەسكەر ئاغزىغا كەلگىنىچە، — ھەتتا ئۆز ئانىسىنى ئالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، دېگىنە! بولمىسا مىسسىيونېرلارغا قارشى ئۆرۈش قىلىپ نېمە قىلاتتۇق!

ئورېلىئانو خوس مۇشۇ پاراڭلار بولۇپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن قېچىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئامارانتانىڭ بۇرۇنقىدىنمۇ سولغۇن، مىسكىن، تەمكىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. بىراق، ئامارانتا قىران يېشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ھۇجرىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا نامايان قىلغان ئىشىق ـ شەۋقى بۇرۇنقىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ كەتكەن بولۇپ، شىددەتلىك قارشىلىقلىرىمۇ ھېچقاچان مۇنچە كۈچلۈك قىزىقتۇرارلىق ئەمەس ئىدى.

— قاۋان ئىكەنسەن، — دەيتتى ئامارانتا زورلىشىغا ئۇچرىغاندا، — رىم پاپىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ بىچارە ھاماڭ بىلەن بۇنداق ئىش قىلساڭ بولمايدۇ.

ئورېلىئانو خوس بولسا، — قۇچىقىڭنى ئاچىدىغانلا بولساڭ، دەرھال رىمغا ئاتلىنىمەن، پۈتۈن ياۋروپانى ئۆمىلەپ بېسىپ بولسىمۇ پاپانىڭ تاپىنىغا سۆيىمەن، دەيتتى.

— گەپ بۇنىڭدىلا ئەمەس، — رەددىيە بېرەتتى ئامارانتا، — بالا چوشقا قۇيرۇق تۇغۇلۇپ قالىدۇ.

بۇنداق گەپلەر ئورېلىئانو خوسنىڭ قۇلىقىغىمۇ كىرمەيتتى.

— كەسلەنچۈك تۇغۇلسىمۇ مەيلى، — دەيتتى ئۆتۈنۈپ.

ئورېلىئانو خوس بىركۈنى سەھەردە نەپسىنى قاندۇرالماي بىئارام بولۇپ كاتالىنونىڭ سارىيىغا باردى ـ دە، ئەمچەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزى مېھرىبان ھەم باھاسى ئەرزان ئايالدىن بىرنى تېپىپ ئىچىدىكى ئوتنى ۋاقتىنچە باستى. كېيىن ساختىلىق بىلەن مەنسىتمىگەن بولۇۋېلىپ ئامارانتانى بويسۇندۇرماقچى بولدى. پېشايۋاندا قول ماشىنىسىنى شۇنداق ئەپچىل چۆرۈپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقان ئامارانتانى كۆرۈپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ئامارانتا بولسا بۇنى

كۆرۈپ ئىغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك بولدى ۋە نىمە ئۈچۈندۇر تۇرۇپلا پولكوۋنىك گىرىنلىردو ماركوسنى، بىللە شاھمات ئوينىغان ھىلىقى چۈشتىن كىيىنكى دەملىرىنى ھەتتا ھۆجرىسىدا پولكوۋنىكنىڭ ئاشىنىسى بولغۇسى كىلىپ كەتكەنلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئورىلىئانو خوس ئۆزىنىڭ نۇرغۇن پۈرسەتلەرنى قولدىن بىرىپ قويغانلىقىنى بىلمەي قالغانىدى. ساختا بىپەرۋالىقىنىمۇ ئاخىرىغىچە قاملاشتۇرالماي ئاخىر بىركۈنى كىچىدە ئامارانتانىڭ ھۆجرىسىغا كىرىۋىدى، ئامارانتا تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن رەت قىلدى ۋە شۇنىڭدىن ئىتىبارەن ھۆجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۈنىڭغا مەڭگۈلۈك تاقىدى.

ئورىلىئانو خوس قايتىپ كىلىپ بىرنەچچە ئايدىن كىيىن تىنىدىن يەسىمەن گۈلىنىڭ ھىدى كىلىپ تۇرىدىغان تولۇن بىر ئايال بەش ياشلاردىكى بىر بالىنى يىتىلەپ ئۇرسۇلانىڭ ئۆيىنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇ ئايالنىڭ ئىيتىشىچە، بۇ بالا پولكوۋنىك ئورىلىئانونىڭ بالىسى ئىكەن، ئۇرسۇلانى ئىسىم قويۇپ بىرەمدىكىن دەپ ئىلىپ كىلىشى ئىكەن. بۇ ئىسىمسىز بالىنىڭ بۇئىندىيە جەمەتى بىلەن قانداش ئىكەنلىكى شەكسىز ئىدى. چۈنكى، بۇ بالا پولكوۋنىك ئورىلىئانونىڭ دادىسى بىرىنچى قىتىم ھىلىقى مۇزنى كۆرسەتكىلى ئىلىپ بارغان ۋاقتىغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇ ئايالنىڭ ئىيتىشىچە، بالا تۇغۇلۇپلا كۆزلىرىنى يوغان ئىچىپ ئەتراپىدىكىلەرگە چوڭ ئادەملەردەكلا قاراپتۇ، ئانىسى بۇ بالىنىڭ بىرنەرسىلەرگە كۆزىنى چىمچىقلاتماي چەكچىيىپ قاراشلىرىدىن قورقۇپ كىتىپتۇ.

— دادىسىغا ئوخشاشلا ئىكەن، — دىدى ئۇرسۇلا، — دادىسىنىڭ شۇنداق قاراشلىرىدىن ئورۇندۇقلارمۇ ئۆرۈلۈپ كىتەتتى، پەرقى شۇنچىلىكلا.

ئۇلار بالىنىڭ ئىتىنى ئورىلىئانو قويدى، فامىلىسى ئانىسىنىڭ ئىتى بولدى. چۈنكى، قانۇندا ئۆز دادىسى ئىتىراپ قىلمىغىچە دادىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىنىشقا رۇخسەت قىلىنمايتتى. گىنىرال مۇنكادا بۇ بالىغا چوقۇندۇرغۇچى ئاتا بولدى. ئامارانتا بالىنى ئىلىپ قىلىپ بېقىۋالاي دەپ چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، بالىنىڭ ئانىسى ئۇنىمىدى.

ئۇرسۇلا ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ئۆز قىزلىرىنى خۇددى مېكىيانلىرىنى ئەلا سورتلۇق خورازلارنىڭ كاتەككە ھەيدىگەندەك يارامىلىق ھەربىيلەرنىڭ ياتىقىغا ئاپىرىپ بېرىدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇ يىلى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ يەنە توققۇز ئوغلىمۇ ئات قويغۇزۇش ئۈچۈن ئۆيىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن راستىنلا مۇشۇنداق ئادەتنىڭ بارلىقىغا ئىشەندى. بۇ باللارنىڭ چوڭى ئون ياشتىن ئاشقان چاچلىرى قاپقارا، كۆزلىرى كۆپكۆك ئىدى، چىرايى بىرقىسمىلا بولۇپ، دادىسىغا قىلچە ئوخشىمايتتى. بۇ باللارنىڭ يېشى، ئۆڭى بىر - بىرىگە ئوخشىمايتتى، لېكىن ھەممىسىلا ئوغۇل، بىر - بىرىدىن ئۆتە جىمغۇر بولۇپ، بۇئېنىدىيە جەمەتى بىلەن قانداش ئىكەنلىكى شەك - شۈبھىسىز ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككىسىنىڭ مىجەز - خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە ئىدى، ئۇ ئىككىسىدىن يېشىغا باقماي يوغىناپ كەتكەن بىرى ئۇرسۇلانىڭ بىرمۇنچە لوڭقىسى ۋە چىنە - تەخسىسىنى چېقىۋەتتى. بۇ بالىنىڭ قولى شەرتلىك بولۇپ، قولى تېگىپلا كەتكەن نەرسە ساق قالمايتتى. يەنە بىرى سېرىق چاچ، ئانىسىدەك كۆك كۆز، چېكىسىگە قىز بالىدەك ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغانىدى. بۇ بالا خۇددى مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، بۇ ئۆيدىكى جىمى نەرسىنى پىششىق بىلىدىغاندەك تېنىمەي ئۇدۇللا ئۇرسۇلانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدى - دە:

— بالېت ئوينايدىغان پۇرژىنىلىق قورچاقنى ئوينايمەن، — دېدى.

ئۇرسۇلا بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپلا كەتتى، ئىشكاپنى ئېچىپ مېرگادىستىن قالغان، توپا - چاڭ بېسىپ تاشلىنىپ ياتقان ئەسكى - تۇسكىلەرنىڭ ئارىسىدىن ئاران تەسلىكتە بىر جۈپ پايپاقتا ئوراقلىق بالېتچى قورچاقنى تاپتى، بۇ نەرسىنى باشتا پېترو كرىسپى ئېلىپ كەلگەن، كېيىن ئۇنتۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇرسۇلا ئىككى يىل ئىچىدە ئورېلىئانونىڭ يۇرتمۇيۇرت ئۇرۇش قىلغاچ تېپىپ قويغان جەمئىي ئون يەتتە ئوغلىغا ئات قويدى، ھەممىسىنىڭ ئېتى ئورېلىئانو بولدى، فامىلىلىرى ئۈچۈن ئانىلىرىنىڭ فامىلىسى قوللىنىلدى. ئۇرسۇلا دەسلەپتە ئۇلارنىڭ يانچۇقلىرىنى پۇلغا تۇشقۇزدى، ئامارانتا بولسا بۇ باللارنى بېقىۋېلىش كويىدا بولدى. ئۇلار كېيىنچە

ھەربىرىگە بىردىن سوۋغا بېرىش بىلەنلا بولدى قىلدى ھەممە ئۇلارغا چوقۇندۇرغۇچى ئانا بولدى.

— ئات قويۇپ بەرگىنىمىزمۇ يېتەر، — دەيتتى ئۇرسۇلا ھەربىر ئانىنىڭ ئىسىم ـ فامىلىسىنى، تۇرار جايىنى، بالىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ۋە يېرىنى دەپتەرگە خاتىرىلىگەچ، — ئورېلىئانو چوقۇم ئېنىق خاتىرىلىگەن، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزى بىر قارارغا كېلەر.

ئۇرسۇلا بىركۈنى چۈشلۈك تاماقتا گېنېرال مۇنكاداغا بۇ كۆتۈلمىگەن ئاۋاتلىق ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بېرىپ، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆيگە قايتىپ كېلىپ بارلىق ئوغۇللىرى بىلەن جەم بولۇپ قايتىسا ئوبدان بولاتتى، دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئاچا، — دېدى گېنېرال مۇنكادا سەل سىرلىق بىر تۇستە، — ئوغلىڭىز مۆلچەرىڭىزدىكىدىن بالدۇرراق قايتىپ كېلىدۇ.

گېنېرال مۇنكادا بىر سىرنى بىلەتتى ـ يۇ، تاماق ئۈستىدە ئېيتقۇسى كەلمىدى: پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھازىرغا قەدەر ئۆزى رەھبەرلىك قىلغان ئەڭ ئۇزاق، ئەڭ كەسكىن ۋە ئەڭ دەھشەت بىر قوزغىلاڭغا تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى.

ۋەزىيەت خۇددى بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇش ھارپىسىدىكىگە ئوخشاش يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى، شەھەر باشلىقى قوللىغان توخۇ سوقۇشتۇرۇش مۇسابىقىسىمۇ توختاپ قالدى. شەھەرنىڭ مەمۇري ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە گارنىزون ئاتامانى ئاكېللىس رىكاردونىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەنىدى، لىبېراللار ئۇنى جېدەلخور دەپ قارايتتى.

— چوڭ ئىش يۈز بەرگۈدەك، — دېدى ئۇرسۇلا ئورېلىئانو خوسقا، — كەچ سائەت ئالتىدىن كېيىن تالاغا چىقما.

ئۇرسۇلانىڭ نەسىھەتلىرى بىكارغا كەتتى، ئورېلىئانو خوس خۇددى ئاركادىئوغا ئوخشاشلا ئاللىبۇرۇن ئۇرسۇلانىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى غەم ـ ئەندىشىسىز تۇرمۇش ئۇنى تاغىسى خوس ئاركادىئودەك ھۇرۇن ۋە چېچىلاڭغۇ قىلىۋەتكەنىدى. ئامارانتادىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن ئورېلىئانو خوس كۇنبويى كوچا ـ كويلاردا لاغايلاپ يۈرەتتى، بىلليارت ئوينايتتى، پاھىشىۋازلىق

بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى، بۆلۈك ـ پۇچقاقلارنى تىنتىپ يۈرۈپ ئۇرسۇلا تىقىپ قويۇپ ئۇنتۇلۇپ قالغان پۇللارنى تېپىۋېلىپ خەجلىۋالاتتى. كېيىن گاھىدا ئۆيگە كىيىملىرىنى يۆتكىۋېلىش ئۈچۈنلا كېلىدىغان بولۇۋالدى.

ــ ھەممىسى بىر قېلىپتا، ــ دەپ ئاھ ئۇراتتى ئۇرسۇلا، ــ كىچىكىدە بىر ئوبدان گەپ ئاڭلايدۇ ھەم قىنىدا يۈرىدۇ، ھەتتا چىۋىنىنىڭ جېنىغىمۇ زامىن بولمايدۇ. كېيىن ساقال ـ بۇرۇتى چىقا ـ چىقماي تۇرۇپلا ئەسكىرىۋالىدۇ.

ئاركادىئو ئۆزىنىڭ زادى كىمدىن تۇغۇلغانلىقىنى بىلمەيلا ئۆتۈپ كەتتى، ئورېلىئانو خوس بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، ئۆز ئانىسىنىڭ پىلار تېرنېرا ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. پىلار تېرنېرا ھەتتا ئوغلۇم چۈشتە ئۇخلىسۇن دەپ ئۆز ئۆيىگە سەگۈنچەكمۇ سېلىپ قويغانىدى. ئۇ ئىككىسى ئانا ـ بالىدىن كۆرە غېرىبلىقتا بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈۋاتقان شېرىكلەرگە بەكرەك ئوخشىشاتتى. پىلار تېرنېرانىڭ قەلبىدە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى ئۆچكەن، كۈلۈشلىرىمۇ گارمونىنىڭ ئاۋازىدەك بوم چىقىدىغان بولۇپ قالغان، ئەمچەكلىرى خەقنىڭ مىجىقلاۋېرىشى نەتىجىسىدە خالتىلىشىپ كەتكەن، دوۋسۇنى بىلەن يوتىسى قانماس ھاۋايى ھەۋەسنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنىدى، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلى قېرىغىنىنى تۇيمايتتى. سەمرىپ بەدەن شەكلى ئۆزگەرگەن، بېشىغا كۈن چۈشكەن بولسىمۇ، غوجايىن ئايالاردەك ھال تارتىپ ئۆتۈۋېرەتتى. ئۇ ئەمدى قارتىدىن پەيدا بولىدىغان تېتىقسىز خىيالپەرەسلىكنى تاشلىغان بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىدىن تەسەللى ئىزدەيتتى. ئورېلىئانو خوس چۈشتە ئۇخلايدىغان ئۆي قوشنىلارنىڭ قىزلىرى ۋاقىتلىق ئاشىقلىرى بىلەن خالىي ئۇچرىشىدىغان جايغا ئايلانغانىدى.

ــ ئۆيۈڭنى بېرىپ تۇرغىنا، پىلار، ــ دەيتتى ئۇلار ئۆيگە كىرىپ بولۇپ.

ــ چاتاق يوق، ــ جاۋاب بېرەتتى ئۇ.

ئەگەر قېشىدا باشقىلار بولۇپ قالسا، مۇنداق چۈشەنچە بېرەتتى:

ــ خەق كارىۋاتتا كۆڭۈل ئاچسا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ.

پىلار تېرنېرا بۇنىڭ ئۈچۈن ھېچقاچان ھەق تەلەپ قىلمايتتى ھەم ئۇلاردىن

ھېچقاچان ياردىمىنى ئايىمايتتى، خۇددى ھېچقاچان بىھېساب ئەرلەرنىڭ تەلپىنى رەت قىلىپ باقمىغىنىغا ئوخشاشلا. ياشلىقى ئۆتۈپ يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىزدەپ كېلىدىغان ئەرلەر چىقىپ تۇراتتى. ئۇلار پۇلمۇ بەرمەيتتى، كۆڭۈلمۇ بەرمەيتتى، خۇشلۇقى تۇتۇپ قالسا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ئانچە ـ مۇنچە ماختاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ قوياتتى. پىلار تېرنېرانىڭ بەش قىزىمۇ ئۆزىنىڭ ئوتى كۈچلۈك تەبىئىتىنى تارتقان بولۇپ، كىچىككىنە تۇرۇپلا ھاياتنىڭ تۇيۇق يولىغا كىرىپ قالغانىدى. قاتارغا قوشۇلغان ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قوشۇنىدا جەڭ قىلىپ قۇربان بولدى، يەنە بىرى ئون تۆت يېشىدا سازلىق رايونىدىكى بىر مەھەللىدە بىر سېۋەت توخۇنى ئوغرىلايمەن دەپ يارىلىنىپ تۇتۇپ كېتىلدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئورېلىئانو خوس يېرىم ئەسىردىن بۇيان تاپانىڭ كارولى پىلار تېرنېراغا بېرىمەن دەپ يېنىكلىك بىلەن ۋەدە قىلىپ كەلگەن ھېلىقى قامەتلىك، قارىماتاق ئەر شۇ ئىدى. بىراق، ئۇمۇ قارتىدا چاقىرتىلغان باشقا بارلىق ئەرلەرگە ئوخشاش پىلار تېرنېرانىڭ قەلبىنى ئىگىلىگىنىدە ئەجەل يۇلتۇزى كۆرۈندى، پىلار تېرنېرا بۇنى قارتىدا پال ئېچىپ بىلگەنىدى.

— بۇگۈن ئاخشام ئۆيدىن چىقما، — دېدى ئورېلىئانو خوسقا، — مەشەدىلا يېتىپ قال، كامىرىدا مونتىئېر ھۇجراڭغا كىرگۈزۈۋېتىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتقىلى خېلى بولدى.

ئورېلىئانو خوس ئانىسىنىڭ گېپىدىكى چوڭقۇر مەنىنى چۈشەنمىدى.

— ئېيتىپ قوي، مېنى يېرىم كېچىدە كۈتسۇن، — جاۋاب بەردى ئورېلىئانو خوس.

ئاندىن تىياتىرخانىغا يول ئالدى، ئىسپانىيە تىياتىر ئۆمىكى[1] «تۈلكىنىڭ خەنجىرى» دېگەن درامىنى قويماقچى ئىدى، بۇ درامىنىڭ ئېتى ئەسلى «زورىلانىڭ تىراگېدىيەسى» بولۇپ، پوروچىك ئاكېللىس رىكاردو بۇيرۇق چۈشۈرۈپ دراما ئىسمىنى

---

[1] بۇ ئەسەر ئىسپانىيە دراماتورگى خوس زورىلانىڭ «گودولارنىڭ خەنجىرى» ناملىق ئەسىرى ئىدى، «زورىلا» سۆزى ئىسپانچىدا «تۈلكە» دېگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ.

شۇنداق ئۆزگەرتكۈزۈۋەتكەنىدى. چۈنكى، لىبېراللار كونسېرۋاتىپلارنى «گودولار» دەپ ئاتايتتى. ئورېلىئانو خوس تىياتىرخانىنىڭ ئىشىكىدە بېلەتنى تەكشۈرتۈۋاتقاندىلا تولۇق قورال‌لانغان ئىككى ئەسكەرنى ئەگەشتۈرۈۋالغان پوروچىك ئاكىللىس ركاردونىڭ تىياتىرغا كىرگۈچىلەرنى ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى.

— ئۆزۈڭگە پەخەس بول، پوروچىك، — دېدى ئورېلىئانو خوس ئاگاھلاندۇرۇپ، — ماڭا قول تەگكۈزگىدەك ئادەم تېخى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشمىدى، جۇمۇ.

پوروچىك مەجبۇري ئاختۇرماقچى بولۇۋېدى، ئورېلىئانو خوس قورالسىز بولغاچقا كەينىگە ئۆرۈلۈپلا بەدەر قاچتى، ئەسكەرلەر ئوق چىقار دېگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلمىدى.

— ئۇ دېگەن بۇئېندىيەلەر جەمەتىنىڭ ئادىمى تۇرسا، — دېدى ئەسكەرلەرنىڭ بىرى چۈشەندۈرۈپ. قاتتىق غەزەپلەنگەن پوروچىك ئەسكەرنىڭ قولىدىن مىلتىقنى يۇلۇپ ئېلىپ، كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، نىشاننى قارىغا ئالدى.

— ھۇھ توخۇ يۈرەكلەر! — ھۆركىرىدى ئۇ، — پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆزى بولسا تېخى ياخشى ئىدى.

يىگىرمە ياشلاردا بار يۈزى ئېچىلمىغان قىز كامىرىدا مونتىئېر گۈل سۈيىدە پاكىز يۇيۇنۇپ، پىلار تېرنېرانىڭ كارىۋىتىغا خۇشبۇي ئىپار چېچىپ بولۇپ تۇرۇشىغا ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەسلىدە ئورېلىئانو خوسنىڭ پېشانىسىگە ئامارانتا رەت قىلغان بەختىنى ئۇ قىزدىن تېپىپ يەتتە بالىلىق بولىدىغانلىقى، قېرىپ ئەجىلى توشقاندا شۇ قىزنىڭ قۇچىقىدا جان بېرىدىغانلىقى پۈتۈلگەنىدى. ۋەھالەنكى، قارىدا خاتا ئېچىلغان پالىنىڭ كاساپىتىدە بىر پاي ئوق ئورېلىئانو خوسنىڭ دۈمبىسىدىن كىرىپ كۆكرىكىدىن چىقىپ كەتتى. پوروچىك ئاكىللىس ركاردونىڭ پېشانىسىگىمۇ شۇ كۈنى كېچىدە ئۆلىدىغانلىقى پۈتۈلگەنىدى، دەرۋەقە ئورېلىئانو خوستىن تۆت سائەت بۇرۇن ئۆلدى، پوروچىك مىلتىق ئاۋازى بىلەن تەڭلا ھازىرغىچە نامەلۇم يەردىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق تېگىپ يىقىلغانىدى. كىشىلەر توپىنىڭ چۇقانلىرى كېچە ئاسمىنىنى زىلزىلىگە سالدى.

— ياشىسۇن لىبېراللار! ياشىسۇن پولكوۋنىك ئوربىلىئانو!

ئوربىلىئانو خوس كېچە سائەت ئون ئىككىدە قانسىراپ ئۆلدى، كامېرىدا مۇنتىئېر ئۆزىنىڭ قارتىدا چىققان كەلگۈسىنىڭ يوققا چىققانلىقىنى ھېس قىلىپ ئولتۇرغاندا تۆت يۈزدىن ئوشۇق ئادەم تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەچ ئاكېللىس ربكاردونىڭ سۇنايلىنىپ ياتقان جەسىتىگە تاپانچىلىرىدىن ئۇست - ئۇستىلەپ بىرمۇنچە ئوق ئېتىشتى. ئاندىن بىر شۆبە ئەترەت ئەسكەر بەدىنى قوغۇشۇن ئوقلار بىلەن ئېغىرلىشىپ كەتكەن جەسەتنى ھە - ھۇ بىلەن غالتەك ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ چېكىدىن ئاشقان قىلمىشلىرىغا غەزەپلەنگەن گېنېرال خوس راكېل مونكادا ئۆزىنىڭ سىياسىي تەسىرىدىن پايدىلىنىپ يېڭىباشتىن ھەربىي فورما كىيىپ ماكوندونىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. بىراق، ۋەقەنى بېسىقتۇرۇپ ئەلنى تىنجىتىش پوزىتسىيەسىگىلا تايىنىپ بۇ مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئوڭشاپ كېتەلىشىگە ئىشەنچ قىلالمايتتى. بۇ سېنتەبىر ئېيىدا كېلىۋاتقان تۈرلۈك خەۋەرلەر بىر - بىرىگە زىت ئىدى. ھۆكۈمەت ھازىرمۇ پۈتۈن مەملىكەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى قايتا - قايتا تەكىتلەيتتى. لىبېراللار بولسا ئىچكى رايونلاردا قوراللىق قوزغىلاڭ توغرىسىدىكى مەخپىي ئاخباراتلارنى ئۈزۈلدۈرمەي تاپشۇرۇۋالماقتا ئىدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى بولسا ھەربىي سوت پولكوۋنىك ئوربىلىئانوغا سىرتتىن ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم چىقارغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتكەنلىكىنى جاكارلىدى. قايسىكى قىسىم پولكوۋنىك ئوربىلىئانونى تۇتۇۋالسا، ئۆلۈم جازاسىنى دەرھال ئىجرا قىلىشى بەلگىلەندى.

— دېمەك، ئۇ قايتىپ كەپتۇ - دە، — دېدى گېنېرال مونكادانىڭ ئالدىدا خۇشاللىقىنى يوشۇرالماي قالغان ئۇرسۇلا.

بىراق، گېنېرال مونكادا تېخى بۇنداق خەۋەرنى ئالمىغانىدى.

نەھايەت، پولكوۋنىك ئوربىلىئانو بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ بولغان، كېلە - كەلمەي تۈرۈپ بىر - بىرىگە زىت ئېيىقاچتى خەۋەرلەر تارقىلىپ

بولغانىدى. بۇ ئىنغۇالاردا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ بىرلا ۋاقىت ئىچىدە ئارىلىقى بىرنەچچە يۈز كىلومېتىر كېلىدىغان بىرقانچە يەردە پەيدا بولغانلىقى سۆزلىنەتتى. شۇڭا، ھۆكۈمەت پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ دېڭىز بويىدىكى ئىككى ئىشتاتنى ئىشغال قىلغانلىقىنى جاكارلاشتىن ئىلگىرى ھەتتا گېنېرال مونكادامۇ ئۇ قەدىناس دوستىنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنمىدى.

— مۇبارەك بولغاي، ئاچا، — دېدى گېنېرال مونكادا ئۇرسۇلاغا تېلېگراممىنى كۆرسىتىپ، — ئوغلىڭىزنى پات ئارىدا كۆرىدىغان بولدىڭىز.

— سىز قانداق قىلارسىز، ئىنىم؟ — سورىدى ئۇرسۇلا تەشۋىشلىنىپ. گېنېرال مونكادامۇ كۆپ قېتىم بۇ سوئالنى ئۆزىگە قويغانىدى.

— مەنمۇ ئورېلىئانوغا ئوخشاشلا ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىمەن، ئاچا.

بىرىنچى ئۆكتەبىر سەھەردە پولكوۋنىك ئورېلىئانو خىل قوراللانغان مىڭ ئادەمنى باشلاپ ماكوندوغا ھۇجۇم قىلدى، گارنىزون ئاداققىچە قارشىلىق كۆرسىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق ئالدى. گېنېرال مونكادا چۈشتە ئۇرسۇلا بىلەن بىللە تاماق يەۋاتقاندا قوزغىلاڭچىلارنىڭ گۇمبۇرلىتىپ ئاتقان توپ ئاۋازى گويا گۈلدۈرمامىدەك پۈتۈن شەھەر ئاسمىنىنى بىر ئالدى، توپ ئوقلىرى شەھەرلىك ھۆكۈمەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىك - پەشكەللىرىنى چۇۋۇۋەتتى.

— ئۇلارنىڭ قورال - ياراقلىرى بىزدىن قېلىشمايدىكەن، — دېدى گېنېرال مونكادا، — يەنە كېلىپ جەڭگىۋارلىقىمۇ بىزنىڭكىدىن ئۈستۈن ئىكەن.

چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىلەر ئىدى، ئىككى تەرەپنىڭ زەمبىرەكلىرى يەر - جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋاتاتتى، گېنېرال مونكادا ئۇرسۇلا بىلەن خوشلاشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇمىدسىزلىككە پاتقان ئۇرۇشنى قىلىۋاتقانلىقىغا تامامەن ئىشىنەتتى.

— ئىلاھىم، بۈگۈن ئاخشام پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن ئۆيىڭىزدە كۆرۈشكىلى نېسىپ قىلمىغاي، — دېدى گېنېرال مونكادا، — راستىنلا شۇنداق بولۇپ قالسا، مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇنى قۇچاقلاپ قويۇڭ. چۈنكى، بىز ئەمدى كۆرۈشۈپ بولالمايمىز.

گېنېرال مونكادا شۇ كۈنى كېچىسى ماكوندودىن قېچىپ كەتمەكچى بولۇپ

تۇرغاندا قولغا چۈشۈپ قالدى. مېنىڭ ئالدىدا پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئۆزۈن بىر پارچە خەتمۇ يېزىپ قويغان، خېتىدە ئىككىسىنىڭ ھېلىقى يىلى ئۇرۇشنى تېخىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىغا ئىگە قىلىش ئارزۇسىدا بولغانلىقى ئەسكەرتىلگەن ھەمدە ئۇنىڭ مىلىتارىستلارنىڭ چىرىكلىكى ۋە ئىككى پارتىيە ھەربىيلىرىنىڭ چىرىكلىكىگە ۋە سىياسىيونلارنىڭ نەپسانىيەتچىلىكلىرىگە قارشى كۈرەشتە ئاخىرقى غەلىبىگە ئېرىشىشكە تىلەكداشلىق بىلدۈرگەنىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەتىسىلا گېنېرال مونكادا بىلەن بىللە ئۇرسۇلانىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماقتا بىللە بولدى، گېنېرال ئىنقىلابىي ھەربىي سوت تەقدىرىنى بەلگىلىگىچە مۇشۇ يەردە نەزەربەند قىلىندى. بۇ بىر دوستانە ئائىلە زىياپىتى ئىدى. نىھايەتكى، ئىككى رەقىب ئۇرۇشنى ئۇنتۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەشكە چۈشكەندە، ئۇرسۇلاغا بېسىپ كەلگەن تاجاۋۇزچى گېنېرال مونكادا ئەمەس، ئوغلىدەك بىلىنىپ كۆڭلى غەش بولدى، بۇ تۇيغۇ ئوغلى بىرمۇنچە قوغدىغۇچىسىنىڭ مۇھاپىزىتىدە شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەلگەن چاغدىلا پەيدا بولغانىدى، ئۇ قوغدىغۇچىلىرى ئۆيگە كىرىپلا ھەربىر ئۆينى تىنتىپ، ھېچقانداق خەۋپنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنچ قىلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بولدى قىلغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇلارنىڭ شۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلىپلا قالماي، تېخى كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، ھەرقانداق ئادەم، جۈملىدىن ئۇرسۇلانىڭمۇ ئۆزىدىن ئۈچ مېتىر نېرى تۇرۇپ پائالىيەت قىلىشى كېرەكلىكىنى جاكارلىدى، مۇھاپىزەتچىلەر ئەتىرىتىمۇ ئۆينىڭ ئەتراپىغا پوست قويۇش ھەلەكچىلىكىدە پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇچىسىغا ھېچقانداق دەرىجە بەلگىسى يوق ماتا ھەربىي كىيىم، پۇتىغا مەينەت ۋە قان بىلەن بۇلغانغان ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى، بېلىگە قىستۇرۇۋالغان تاپانچىسىنىڭ قېپى ئېتىلمىگەن بولۇپ، كۆزلىرىدىن ھوشيارلىق ۋە كەسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. چېچى چۈشۈپ بېشىنىڭ پايىنەك يەرلىرى كېڭەيگەن، پېشانىسى گويا سۇس ئوتتا قۇيقىلىنىۋەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى، كارىپ دېڭىزىنىڭ تۇزىدا يېرىلغان يۈزلىرى تۆمۈردەك چىڭ كۆرۈنەتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو قىستاپ كېلىۋاتقان قېرىلىقنى ۋۇجۇدىدىكى قانداقتۇر بىر ھاياتىي كۈچىگە تايىنىپ

يەڭگەنىدى، بۇ هاياتىي كۈچى يۇرىكىدىكى سوغۇق كەيپىياتى بىلەن مۇناسىۋەتسىزمۇ ئەمەس ئىدى. بويى بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئىگىز، يۈزلىرى تېخىمۇ تاتىراڭغۇ ۋە جۇدەڭگۇ كۆرۈنەتتى، چىرايىدىن ھېچكىمگە يۈز ـ خاتىرە قىلمايدىغاندەك ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. «ئىلايىمەي، — ئويلىدى ئۇرسۇلا ئىچىدە، — قولىدىن ھەر بالا كەلگۈدەك جۇمۇ!»

دەرۋەقە، پولكوۋنىك ئورېلىئانو قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى. ئاماراننتاغا ئالغاچ كەلگەن ئازتېكچە ياغلىقى، تاماق ئۈستىدە بولغان ئىشلارنى ئەسلەپ كېتىشلىرى، بولۇپ ئۆتكەن قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىشلىرى پەقەت ئورېلىئانونىڭ بۇرۇنقى مىجەزىنىڭ بىر قىسمىدىنلا ئىبارەت ئىدى. جەسەتلەرنى زاراتگاھلىققا كۆمۈۋېتىش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقى ئىجرا قىلىنىپ بولا ـ بولماي تۇرۇپلا پولكوۋنىك روك كارنىسېللونى ھەربىي سوتنىڭ تەشكىللىنىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا بۇيرىدى، ئۆزى بولسا ئۇلى لىڭشىپ قالغان كونسېرۋاتىپلار ھاكىمىيىتىنى ئۇزۇل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلاشقا بەل باغلاپ، رادىكالىزم ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇشتەك مۇشكۇل خىزمەتنى ئۈستىگە ئالدى.

— بىز پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىيونلاردىن بۇرۇن چىقىمىساق بولمايدۇ، — دېدى مەسلىھەتچىسىگە، — ئۇلار كۆزلىرىنى ئېچىپ رېئاللىقنى كۆرگىنىدە ھەممە ئىش تاماملانغان بولسۇن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو يۈز يىلدىن بۇيان تىزىملانغان يەر رويخەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش قارارىغا كېلىپ ئىشنى باشلىغىنىدا، ئاكىسى خوس ئاركادىئونىڭ يەر ـ زېمىنىنى زورمۇزور ئىگىلىۋالغانلىقى ھەمدە قانۇنىيلاشتۇرۇۋالغانلىقىنى بايقىدى ـ دە، ئۇ ھۆججەتلەرنى تامامەن ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاخىرىدا ئەدەپ يۈزىسىدىن قولىدىكى ئىشلىرىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بىر سائەت ۋاقتىنى ئاجرىتىپ رېبېكا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىنىڭ قارارىنى يەتكۈزدى.

بىر چاغلاردا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ مۇھەببەت دەردىدە سىقىلغان تۇيغۇلىرىغا شاھىد بولغان ھەمدە قەيسەرلىك بىلەن ئورېلىئانونىڭ جېنىنى قۇتقۇزغان بۇ

تەركىدۆنيا تۆل خوتۇن ھازىر قاراڭغۇ ئۆيىگە بېكىنمۇېلىپ ياشاۋاتقان ئەرۋاھنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغاندى. تىرناقلىرىنىمۇ ياپقۇدەك ئۇزۇن قارا خالاتقا يۆگىنىۋالغان، جاھاننىڭ ئىشلىرىدىن كۆڭلى سوۋۇغان، سىرتقى دۇنيادا بولۇۋاتقان ئۇرۇش دېگەنلەردىن قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا رېبېكانىڭ سۆڭەكلىكى فوسفور ئوتى تېرىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك، قاتمۇقات ئېزىتقۇ ئوت ئىچىدە مېڭىۋاتقاندەك، ئۆيۈپ قالغان ھاۋادا ئانچە - مۇنچە پورۇق ھىدىمۇ دىمىقىغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو رېبېكانى ئەمدى سەۋر قىلىپ قارىلىقنى سۇندۇرۇشقا، دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ئۆينىڭ ھاۋاسىنى ياخشىلاشقا، خوس ئاركادىئونىڭ ئۆلۈمىنى دەپ پۈتۈن جاھانغا غەزەپلىنىپ ئۆتۈۋەرمەسلىككە ئۈندىدى. ۋاھالەنكى، پانىي دۇنيانىڭ مەنىسىزلىكىدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن رېبېكا ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋامۇ قىلمىدى. بۇرۇنلاردا لايساڭغۇ توپىنىڭ قىرتاق تەمىدىن، پېترو كىرىسپىنىڭ خۇشبۇي پۇراپ تۇرىدىغان خەتلىرىدىن، ئېرىنىڭ قارا بوراندەك جالاقلىتىۋېتىدىغان كارىۋىتىدىن بىھۇدە زارىقىپ ئىزدىگەن كۆڭۈل ئاراملىقىنى ئاخىر مۇشۇ ئۆيدىن تاپقاندى. ئەستىلىكلىرى خىيال قايناملىرىدا ئاستا - ئاستا رېئال گەۋدىگە ئايلىنىپ، تىرىك ئادەمگە ئوخشاش مۇشۇ دۆملەكلىك قاراڭغۇ خانە ئىچىدە لەلەڭلەپ يۈرەتتى. رېبېكا تەۋرەنمە ئورۇندۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا گويا ئەرۋاھقا قارىغاندەك بىر خىلدا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى، ھەتتا خوس ئاركادىئو خەقتىن زورمۇزور تارتىۋالغان يەرلەرنىڭ ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاندىمۇ قىلچە غەزەپلىنىپ قويمىدى.

— خالىغىنىڭنى قىلغىن، ئورېلىئانو، — دېدى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — مەن بۇرۇندىن سېنى بىۋاپا دەپ ئويلايتتىم، شۇنداق ئىكەنلىكىڭگە ئەمدى تېخىمۇ ئىشەندىم.

يەر خەتلىرىنى تەكشۈرۈپ چىقىش بىلەن بىر ۋاقىتتا سوتمۇ تەڭ ئېچىلدى. سوت پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنىڭ مەسئۇللىقىدا ئېچىلىپ، ئىنقىلابچىلار قوشۇنىغا ئەسىر بولغان ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ بارلىق ئوفىتسېرلىرىنى ئېتىپ

تاشلاش ھۆكۈمى بىلەن ئاخىرلاشتى. گېنېرال خوس راكېل مونكادا ئەڭ ئاخىرىدا سوتلانغانىدى.

— خوس راكېل مونكادا بىزنىڭ ماكوندونىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ياخشى ئەمەلدارىمىز ئىدى، — دېدى ئۇرسۇلا ئارىغا چۈشۈپ ئوغلى پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا، — ئاق كۆڭۈللىكى، بىز بىلەن قانچىلىك ئىجىل - ئىناق ئۆتكەنلىكىنى ئېيتمايلا قوياي. چۈنكى، سەن بۇنى ھەممىمىزدىن ئېنىق بىلىسەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئانىسىغا نارازىلىق بىلەن ئالايدى.

— قانۇندىن ھالقىپ ھۆكۈم چىقارسام بولمايدۇ، — دېدى جاۋابەن، — گېپىڭىز بولسا، ھەربىي سوتقا بېرىپ دەڭ.

ئۇرسۇلا شۇنداق قىلىپلا قالماستىن، ماكوندودا ياشاۋاتقان قوزغىلاڭچىلار ئارمىيەسىدىكى بارلىق ئوفىتسېرلارنىڭ ئانىلىرىنىمۇ چاقىرتىۋالدى. مەھەللە قۇرغان بۇ پېشقەدەملەرنىڭ ھەممىسى ياشىنىپ قالغانىدى، بۇلارنىڭ بىرمۇنچىسى ئەينى يىلى تاغ - داۋانلار ئېشىپ يېڭى ماكان ئىزدەش يۈرۈشىگىمۇ قاتناشقانلار ئىدى، ئۇلار ئارقا - ئارقىدىن گېنېرال مونكادانىڭ مېھىر - شەپقەتلىرىنى ۋە پەزىلەتلىرىنى مەدھىيەلەشتى. ئۇرسۇلا ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلىدى. ئۇرسۇلانىڭ مەردانە، ئەمما ھەسرەتلىك تۇرقى، شۇنداقلا قايىل قىلارلىق ھەققانىي سۆزلىرى سوت ئەھلىنىڭ ئارامىنى بۇزدى.

— سىلەر بۇ قورقۇنچلۇق ئويۇننى قالتىس ئەستايىدىللىق بىلەن ئويناۋاتىسىلەر، بۇ ئىشىڭلاردىن ئۆزگىلەي، بۇرچۇڭلارنى ئادا قىلىۋاتىسىلەر ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇرسۇلا سوت كوللېگىيەسىنىڭ ئەزالىرىغا، — بىراق، ئۇنتۇپ قالماڭلار، بىز تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ھاياتلا بولىدىكەنمىز، بەرىبىر سىلەرنىڭ ئاناڭلار، سىلەر ھەرقانچە كاتتا ئىنقىلابچى بولۇپ كەتكىنىڭلار بىلەنمۇ، يولسىزلىق قىلىدىغانلا بولساڭلار، تامبىلىڭلارنى سالدۇرۇپ كاساڭلارنى ساۋاشقا بىز ھەقلىق!

سودىيەلەر سوتنى توختىتىپ كېڭەشىشكە چۈشكەندىمۇ، ئۇرسۇلارنىڭ بۇ جاراڭلىق سۆزلىرىنىڭ ئەكىس ساداسى گازارما قىلىنغان سىنىپتا ياڭراپ تۇردى.

تۈن نىسپى بولغاندا گېنېرال خوس راكېل مونكاداغا ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم

قىلىندى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇرسۇلانىڭ قاتتىق سۆكۈشلىرىگە باقماي ھۆكۈمنى ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمىدى. تاڭغا يېقىن قاماقتا بېرىپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسنى يوقلىدى.

— ئېسىڭدە بولسۇن، ئاداش، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇنىڭغا، — سېنى مەن ئەمەس، ئىنقىلاب ئاتماقچى بولۇۋاتىدۇ.

گېنېرال مونكادا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ كىرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپمۇ ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— مەن ئۈچۈن بەربىر، ئاداش، — دېدى جاۋابەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو قايتىپ كەلگەندىن بۇيان گېنېرال مونكادانىڭ چىرايىغا پەقەت شۇ چاغدىلا ئەستايىدىل يوسۇندا سەپ سېلىپ قاراپ باقتى. شۇ تاپتا گېنېرالنىڭ قېرىلىق يەتكەن تۇرقىنى، تىترەۋاتقان قوللىرىنى ھەمدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرغان پەيتتىكى ئىتائەتمەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى بەكمۇ پەسكەش ھېس قىلدى. بىراق، بۇ تۇيغۇسىنى بايىقى ھېسداشلىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋالدى.

— سەن مەندىنمۇ ئېنىق بىلىسەن، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — ھەربىي سوت دېگەننىڭ ھەممىسى ئويۇن. ئەمەلىيەتتە سەن باشقىلارنىڭ جىنايىتى ئۈچۈن جازالىنىۋاتىسەن. چۈنكى، بۇ قېتىم بىز ھەرقانچە بەدەل بېرىپ بولسىمۇ غەلىبە قىلماسلىق بولمايدۇ. مېنىڭ ئورنۇمدا سەن بولساڭ مۇشۇنداق قىلماسسەنمۇ؟

گېنېرال مونكادا ئورنىدىن تۇرۇپ كۆزئەينىكىنىڭ پېشى بىلەن سەدەپ گىرۋەكلىك كۆزەينىكىنى سۈرتتى.

— ئېھتىمال، — دېدى ئاندىن، — بىراق، ئەندىشە قىلىۋاتقىنىم مېنى ئېتىپ تاشلىماقچى بولۇۋاتقىنىڭ ئەمەس. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بىزگە ئوخشاشلار ئۈچۈن بۇ تەبىئىي ئۆلۈم ھېسابلىنىدۇ، — ئۇ كۆزەينىكىنى كارىۋاتقا قويۇپ، قويۇن سائىتىنى ئېلىۋېتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مېنىڭ ئەندىشە قىلىۋاتقىنىم، سەن مىلىتارىستلارغا بەكمۇ ئۆچ، ئۇلار بىلەن تىنىماي ئۇرۇشۇپ كەلدىڭ، ئۇلار ئۇستىدە

شۇنچە ئۇزاق ئويلاندىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭمۇ شۇلاردىن قىلىشمايدىغان بولۇپ كېتىپسەن. بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر غايە مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قىلىشىڭغا ئەرزىمەيتتى.

گېنېرال مونكادا تويلۇق ئۆزۈكنى ۋە نىجاتچى مەبۇدەنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكنى ئېلىپ كۆزەينەك ۋە سائەتلەر بىلەن بىر يەرگە قويدى.

— مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىدىغان بولساڭ، — دېدى ئاخىرىدا خۇلاسىلەپ، — تارىخىمىزدىكى ئەڭ ھاكىممۇتلەق، ئەڭ زالىم مۇستەبىت بولۇپلا قالماي، قەدىردان ئۇرسۇلا ئاچامنىمۇ ئېتىپ تاشلىمىغۇچە كۆڭلۈڭ ئارام تاپمايدۇ.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ گەپتىنمۇ تەسىرلەنمىدى. گېنېرال مونكادا كۆزەينەك، نىجاتچى مەبۇدەنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناك، قويۇن سائىتى ۋە ئۈزۈكلەرنى سۇنۇپ بېرىپ، باشقىچە بىر ۋەزىندە گەپ قىلدى:

— بىراق، سېنى تىللىسۇن دەپ چاقىرتمىغان. بۇ نەرسىلەرنى خوتۇنۇمغا تاپشۇرۇپ بېرەلەمسەن؟

پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ نەرسىلەرنى يانچۇقىغا سالدى.

— خوتۇنۇڭ ھېلىمۇ مانوردا ئولتۇرامدۇ؟

— ھەئە، مانوردا، — دېدى گېنېرال مونكادا جاۋاب بېرىپ، — ھازىرمۇ چېركاۋنىڭ ئارقىسىدىكى ئۆيدە، سەن ئۆتكەن قېتىم خەت ئاپىرىپ بەرگەن ھېلىقى ئۆيدە.

— خۇشاللىق بىلەن خىزمىتىڭدە بولىمەن، خوس راكېل، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو.

ئۇ سەھەرنىڭ كۆكۈچ تۇمانلىرى قوينىغا شۇڭغۇپ، يۈزلىرى ھېلىقى يىللى سەھەر ۋاقتىدىكىدەك نەملەشكەندىلا ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ھوكۇمنى قەبرىستانلىقنىڭ تېمى تۈۋىدە ئەمەس، گازارما ھويلىسىدا ئىجرا قىلىش بۇيرۇقى چۈشۈرگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى. ئىشىك ئالدىدا تەق بولۇپ تۇرغان جازا ئىجراچىلىرى گويا بىر دۆلەتنىڭ داھىيسىغا سالام بەرگەندەك سالام بەردى.

— ئەمدى ئېلىپ چىقساڭلار بولىدۇ، — دېدى ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

# توققۇزىنچى باب

پولكوۋنىك گىرىنلىردو ماركوس بۇ ئۇرۇشنىڭ بىمەنىلىكىنى بىرىنچى بولۇپ ھېس قىلدى. ئۇ ماكوندونىڭ ھەربىي ـ مەمۇرىي ئاتامانى سۈپىتىدە پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن ھەپتىسىگە ئىككى قېتىم تېلېگراممىلىشىپ تۇراتتى. ئۇلار دەسلەپتە بۇنداق ئالاقە ئارقىلىق ھەربىر قانلىق ئۇرۇشنىڭ تەرەققىياتىنى بەلگىلەيتتى، ئۇرۇشنىڭ قانداق باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت ئېنىق بىلگىلى بولاتتى. ئۇرۇشنىڭ كەلگۈسى نىشانىنى ئالدىن كۆرۈپ يېتەلەيتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەزەلدىن ھېچكىمگە سىر بەرمەيتتى، ئەڭ يېقىن دوستلىرىغىمۇ شۇنداق ئىدى. بىراق، ئۇ چاغلاردا سەممىيلىك بىلەن تۈز گەپ قىلىدىغان بولغاچقا، تېلېگراف ئاپپاراتىنىڭ يەنە بىر ئۇچىدىكىلەر ئۇنىڭ كىملىكىنى ئوڭايلا بىلىۋالاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو كۆپ ھاللاردا گەپنى ئۇزارتىپ ھال ـ ئەھۋاللىشىپلا كېتەتتى، كېيىنچە ۋەزىيەت كەسكىنلىشىپ ئۇرۇش ئوتى يامراشقا باشلىغان چاغلاردا ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى بارا ـ بارا خۇنۇكلىشىشكە باشلىدى. ئاۋازىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان تېلېگراف چېكىتلىرى بارا ـ بارا مۇجمەللىشىپ، بىر ـ بىرىگە يۆمىشىپ كېلىدىغان سۆزلىرىمۇ بارا ـ بارا ئۆز مەنىسىدىن قالغىلى تۇردى. پولكوۋنىك گىرىنلىردو ماركوس پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ مۇجمەل گەپلىرىنى ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭغا تېلېگرامما يوللاۋاتقان كىشىنى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى ئورېلىئانو ئەمەستەك، ئۆزىنى باشقا بىر دۇنيادىكى ناتونۇش ئادەم بىلەن تېلېگراممىلىشىۋاتقاندەك سېزىدىغان بولۇپ قالدى.

— چۈشەندىم، ئورېلىئانو، — دەيتتى پولكوۋنىك گىرىنلىردو ماركوس تېلېگرافنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىۋېتىپ سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، — ياشىسۇن

لىبېراللار!

پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس كېيىن ئۆرۈشتىن پۈتۈنلەي ئالاقىسىنى ئۈزدى. بىر چاغلاردىكى ھەقىقىي كەچۈرمىشلىرى، ياشلىق دەۋرىدىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى ئەمدى يىراق بىر يەردىكى خىيالىي نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان، ئامارانتانىڭ تىكىمخانىسىلا ئۆزىگە تەسەللى تاپالايدىغان بىردىنبىر ماكان بولۇپ قالغانىدى. ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن شۇ يەرگە ئامارانتانى يوقلاپ باراتتى، ئامارانتانىڭ كۆڭلەككە قاتلاق چىقىرىشلىرىنى، ساھىبجامال قىزچاق رېمەدىسىنىڭ بىر چەتتە ئولتۇرۇپ قول ماشىنىسىنى چۆرۈشلىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇشقا ھېرىسمەنىدى. ئۇلار شۇ تەرىزدە بىر ـ بىرىگە ھەمراھ بولۇپ سائەت ـ سائەتلەپ ئولتۇرۇشتىن قانائەت ھاسىل قىلاتتى. ئامارانتا پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئۆزگەرمىگەنلىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال ئىدى، پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس بولسا ئامارانتانىڭ قورسىقىدا زادى قانداق ئوي ـ خىياللىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنەلمەي ئاۋارە بولاتتى. ئامارانتا ھېلىقى كۈنى پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسنىڭ ماكوندوغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا خۇشاللىقىدىن يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان، لېكىن ئۇ مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدىكىلەر بىلەن بىللە كىرىپ كەلگەندە، گىرىنلېردو ماركوسنىڭ سەرسانچىلىقتا قېرى چىرايلىشىپ، تەر ۋە توپا ـ توزان دەستىدە مەينەتلىشىپ كەتكەن، تېڭىلغان سول قولىنى ئېسىۋالغان، ھەتتا تېنىدىن ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكىدەك سېسىق پۇراق ئۇرۇلۇپ تۇرغان ئەپتىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلەنگىنىدىن تىرىككىدە ئارقىغا ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس قالدى.

ــ ۋاي تووۋا، ــ دەۋەتتى ئامارانتا ئىچىدە، ــ مەن كۈتكەن ئادەم بۇ ئەمەسقۇ!

بىراق، پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس ئەتىسى ساقاللىرىنى قىرىپ، پاكىز يۇيۇنۇپ، چاچلىرىغا ئەتىر چېچىپ، بېلىكىدىكى قان بىلەن بويالغان داكىنى ئېلىۋېتىپ كىرىپ كەلدى ۋە ئامارانتاغا سەدەپتەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر قاتتىق تاشلىق ئىبادەتنامە سوۋغا قىلدى.

ــ ئەر خەق دېگەن بەك غەلىتە كېلىدىكەن، ــ دېدى ئامارانتا باشقا سۆز تاپالماي، ــ ئۆمۈر بويى دىن تارقاتقۇچىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلغان ئادەمنىڭ ئەمدىلىكتە بىر قىزغا ئىبادەت كىتابى سوۋغا قىلغىنىنى دەيمەن.

پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس شۇنىڭدىن كېيىن كېيىن ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئامارانتانى يوقلاپ كېلىپ تۇرىدىغان بولدى، ھەتتا شىددەتلىك ئۇرۇش بولۇۋاتقان كۈنلەردىمۇ كەلمەي قالمايتتى. ساھىبجامال رېمەدىس يوق چاغلاردا قول ماشىنىسىنى چۆرۈشۈپ بېرەتتى. ئامارانتا بۇ ئادەمنىڭ تەۋرەنمەس ئەقىدىسى، ساداقەتمەنلىكى ۋە مۇلايىملىقىدىن تەسىرلەندى. ئۇ شۇنچە چوڭ ھوقۇق تۇتۇۋاتقان كاتتا ئەرباب بولسىمۇ ئامارانتانىڭ ئالدىدا تەمتىرەپ قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالاتتى، ھەتتا يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان قورالىلىرىنىمۇ دائىم مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ، تىكىمخانىسىغا تۆمۈرنىڭ سۇنىقىنىمۇ ئالماي كىرەتتى. ۋەھالەنكى، تۆت يىل مابەينىدە كۆپ قېتىم سۆيگۈ ئىزھار قىلغان بولسىمۇ، ئامارانتا ھەر ئامال قىلىپ كۆڭلىنى ئاغرىتماي چىرايلىقچە رەت قىلىپ كەلگەندى. گەرچە، ئامارانتانىڭ ئەمدى كۆڭلى ئۇنىڭدىن سوۋۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئادا ــ جۇدا بولۇپ كېتىشكە قىيمايتتى. ساھىبجامال رېمەدىس ھەرقانداق ئىشقا بېپەرۋا، يەنە كېلىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەقلى كەمتۈكرەك بىر قىز بولسىمۇ، گېرىنلېردو ماركوسنىڭ ئاشىقلىقىدىن تەسىرلىنىپ ئۇنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ئامارانتا ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان بۇ قىزنىڭ بويىغا يېتىپ، ماكوندونىڭ تارىخىدا ئەڭ گۈزەل بىر قىز بولۇپ قالغانلىقىنى ئۇشتۇمتۇت بايقىدى ــ دە، قەلبىدە بۇرۇن رېبېكاغا ئۆچ بولغاندەك بىرخىل ئۆچمەنلىكنىڭ ئويغىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەسەبىيلىشىپ رېمەدىسكە ئۆلۈم تىلەپ سالماي دەپ ئىچىدە تەڭرىدىن تىلەپ كەتتى ھەمدە بۇ قىزنى تىكىمخانىسىدىن ھەيدەپ چىقاردى.

پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس شۇ كۈنلەردە ئۇرۇشتىن يىرگىنىشكە باشلىغانىدى. ئامارانتانى كۆندۈرۈشكە كۆچەپ ئۇرۇنۇپ باقتى، ئۇزاقتىن بېرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان چەكسىز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلدى، ھەتتا ئامارانتا ئۇچۇن ھاياتىنىڭ ئەڭ ئېسىل چاغلىرى بەدىلىگە ئېرىشكەن

نام ـ شۆھرىتىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ يانمىدى، شۇندىمۇ ئامارانتانى كۆندۈرەلمىدى.
ئاۋغۇست ئېيىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىرادىسىدىن قايتماس بۇ ئاشىقنىڭ تەلپىنى كېسىپلا رەت قىلىۋەتكەن ئامارانتا ئۆزىنىڭ قاتتىق جاھىللىقىدىن ئازابلىنىپ ئۆيگە سولىنىپ ئىشىكنى تاقىدى ـ دە، ئۆلگىچە تەنھا ئۆتمەكچى بولۇپ پۈتۈلگەن تەقدىر ـ پىشانىسىدىن ئاغرىنىپ ئاچچىق يىغلاشقا باشلىدى.

ــ بىز بىر ـ بىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، ــ دېدى ئامارانتا، ــ ئەمدى قېرىدۇق، بۇنداق ئىشلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ۋاقتىمىز ئۆتۈپ كەتتى.

پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن پولكوۋنىك ئورېلىئانودىن تېلېگراممىا ئالدى. بۇ قېتىممۇ ئادەتتىكىدەكلا بىر سۆھبەت بولدى، ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدا ھېچقانداق يېڭىلىق يوق ئىدى. پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس سۆھبەت ئاخىرلىشىش ئالدىدا چۆلدەرەپ تۇرغان كوچىغا، بادام دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا ئۇيۇپ قالغان سۇ تامچىلىرىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ كۆڭلى شۇنداقمۇ غېرىبسىندى.

ــ ئورېلىئانو، ــ دېدى تېلېگراممىا كونۇپكىسىنى ھەسرەتلىك بېسىپ، ــ ھازىر ماكوندودا يامغۇر يېغىۋاتىدۇ.

تېلېگراف ئاپپاراتىدىن خېلىغىچە سادا بولمىدى. كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قوپال تېلېگراممىا شىفىرلىرى ئاڭلاندى:

ــ ھاماقەت بولما، گېرىنلېردو، ئاۋغۇستتا يامغۇرنىڭ يېغىشى نورمال ئىش.

پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان دوستىنىڭ بۇنداق قوپال جاۋابىدىن مەڭدەپ تۇرۇپلا قالدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئىككى ئايدىن كېيىن ماكوندوغا قايتىپ كەلگەندە دوستىنىڭ تۇرقىغا قاراپ تېخىمۇ ھەيران قالدى، ھەتتا ئۇرسۇلامۇ ئوغلىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئورېلىئانو بۇ قېتىم مۇھاپىزەتچىلىرىنىمۇ ئەگەشتۈرمەي ئۇن ـ تىنسىزلا قايتىپ كەلگەن، ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا قارىماي پىلاشقا يۆگىنىۋالغانىدى. بىللە ئېلىپ كەلگەن ئۈچ ئاشنىسى بىلەن بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتى ـ دە، كۆپىنچە ۋاقتىنى سەگۈنچەكتە

يېتىش بىلەن ئۆتكۈزدى. ئادەتتىكىدەك ئۇرۇش ئەھۋالى توغرىسىدا كەلگەن تېلېگراممىلارنى كۆرۈشكە ئانچە قىزىقىپ كەتمەيتتى. پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس بىركۈنى خەلقئارا ئىختىلاپ پەيدا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆكتىچى قوشۇننىڭ چېگرىدىكى بىر بازاردىن چېكىنىپ چىقىشى توغرىلىق يوليورۇق سوراپ يېنىغا كىردى.

— بۇنداق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا مېنى ئاۋارە قىلمىغىنا، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — سورىغىنىڭ كەلسە بېرىپ تەڭرىدىن سورا.

ئۇرۇشنىڭ ئەڭ جىددىي پەيتى كېلىپ قالغانلىقىدىن بولسا كېرەك، باشتا ئىنقىلابنى قوللىغان لىبېرال پومېشچىكلار زېمىن ئىگىدارچىلىقىنى قايتا تەكشۈرۈشكە توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن كونسېرۋاتىپ پومېشچىكلار بىلەن مەخپىي كېلىشىم هاسىل قىلدى. سەرگەردان بولۇپ يۈرۈش داۋامىدا ئۇرۇشتىن نەپ ئالغان سىياسىيونلار بولسا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ كەسكىن ھەرىكىتىنى ئاشكارا ئەيىبلەشكە باشلىدى. ھالبۇكى، بۇ ئىشلار ئۇنى قىلچىلىك ئەندىشىگە سالمىغاندەك قىلاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەمدى ئۆزى يازغان شېئىرلارنى ئوقۇمايدىغان بولدى، بەش تومدىن ئارتۇق چىقىدىغان بۇ شېئىرلار ساندۇقنىڭ تېگىدە ئۇنتۇلۇپ ياتتى. كېچىلىرى ۋە چۈشلۈك ئارام ۋاقىتلىرىدا ئاشىنىسىدىن بىرنى سەگۈنچىكىگە چاقىرىپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى - دە، ئىبغىر ئۇيقۇغا كېتەتتى. بۇرۇن كۆڭلىدە تەشۈش دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، ئەمدى بولسا ساراسىمە تۈپەيلىدىن كۆڭلىنىڭ ئارامى مەڭگۈلۈك بۇزۇلغانلىقىنى پەقەت ئۆزىلا بىلەتتى. دەسلەپتە زەپەر شۆھرىتىدىن، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە كەينى - كەينىدىن قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىلىرىدىن مەستانە بولۇپ ئۇلۇغ ئاتىقىنىڭ پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. ئەنگلىيە گېنېرالى گېرتسوگ ماربولونىڭ سۈرىتىنى ئۇستىلىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قويۇۋالاتتى. ئۇ كىشى ئۆزىگە ئۇرۇش سەنئىتىنى ئۆگەتكەن ئۇلۇغ ئۇستازى بولۇپ، ئۈچىسىدىكى يولۋاس تېرىسىدىن تىكىلگەن سۆلەتلىك كىيىملەر چوڭلارنىڭ ھۆرمىتىنى قوزغىسا، بالىلارنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. پولكوۋنىك

ئورېلىئانو شۇ چاغلاردا ھەرقانداق ئادەمنى، جۈملىدىن ئۇرسۇلانىمۇ ئۆزىگە ئۇچ مېتىردىن يېقىن كەلتۈرمەسلىك قارارىغا كەلگەندى. قەيەرگىلا بارمىسۇن، مۇھاپىزەتچىسى يەرگە بور بىلەن سىزىپ بەرگەن ھەمدە ئۆزىدىن باشقا كىشىنىڭ كىرىشى چەكلەنگەن يۇملاق دائىرە ئىچىدىلا تۇراتتى. شۇ يەردە تۇرۇپ قىسقا ۋە كەسكىن بۇيرۇقلارنى بېرىپ، دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيتتى. گېنېرال مونكادانى ئاتقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم مانورغا بېرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئارزۇسىنى كېچىكتۈرمەي ئورۇندىدى. گېنېرالنىڭ تۇل قالغان ئايالى مەرھۇمنىڭ كۆزەينىكى، كاكارى، قويۇن سائىتى ۋە ئۈزۈكىنى قولىغا ئالدى، لېكىن پولكوۋنىك ئورېلىئانونى بوسۇغىسىغىمۇ دەسسەتمىدى.

— كىرمەڭ، پولكوۋنىك، — دېدى ئۇ خانىم، — ئۇرۇشتا سىزنىڭ دېگىنىڭىز ھېساب بولسىمۇ، ئۆيۈمدە مېنىڭ دېگىنىم ھېساب.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇنىڭدىن قىلچە خاپا بولمىدى، ئەمما خاس قوغدىغۇچىلىرى بۇ تۇل خانىمنىڭ ئۆي - ۋاقىسىنى تۈزلەپ كۈلىنى كۆككە سورۇۋەتكەندىن كېيىنلا كۆڭلى ئارام تاپتى.

— ئۆزۈڭگە ھېزى بول، ئورېلىئانو، — ئاگاھلاندۇرغاندى گېرىنلېردو ماركوس شۇ چاغدا، — تىرىك پېتىڭ سېسىپ كېتىۋاتىسەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو قوزغىلاڭچى قوشۇن قوماندانلىرىنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق يىغىنىنى چاقىردى، يىغىنغا كەلگەنلەر ئىچىدە خىيالپەرەسلەر، قارا نىيەتچىلەر، تەۋەككۈلچىلەر، جاھاندىن تويغان تەلۋىلەر، شۇنداقلا ئادەتتىكى جىنايەتچىلەرگە ئوخشاش خىلمۇخىل ئادەملەر بار ئىدى، ھەتتا ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغاندىن كېيىن قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىپ قوزغىلاڭچىلار قوشۇنىنى پاناھ تارتىپ تويقا قوشۇلغان بىر كونسېرۋاتىپ ئەمەلدارمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنى ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ئېغىرلىشىپ ئىچكى غەۋغاغا ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ قالغاندى. بۇ خىلمۇخىل ئادەملەر ئىچىدىكى ئەڭ يامان غەرەزلىك زوراۋان گېنېرال

تـېغـىللو ۋاگـاس ئـىدى. قـىر ـ دالادا تـۇغۇلۇپ ئۆسكـەن بـۇ ئـىندىيان ئـىلـىپىنـىڭ سۇنۇقىنىمۇ بىلمىگىنى بىلەن ئىنتايىن نەيرەڭۋاز، شۇنداقلا ئىلاھتەك سىرلىق چاقىرىق كۈچىگە ئىگە بولۇپ، ئادەملىرىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ يىغىننى قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ سىياسىيونلارنىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىگە تاقابىل تۇرۇش مەقسىتىدە چاقىرغانىدى. بىراق، گېنېرال تېغىللو ۋاگاس چاققان چىقىپ، بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا سەرخىل قوماندانلارنىڭ ئىتتىپاقىنى پارچىلاپ باش قوماندانلىق ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالدى.

— بۇ قـۇۋ تۈلكىدىن ھـەزەر ئـەيلىمىسەك بـولمىغۇدەك، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئوفىتسېرلىرىغا، — بۇنداق ئادەم بىزگە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيە مىنىستىرىدىنمۇ بەكرەك خەتەرلىك دۈشمەن.

ئەزەلدىنلا قورقۇنچاق بىر پوروچىك قورۇنۇپراق بىگىز بارمىقىنى چىقاردى:

— بـۇ ئـىش ئـوڭاي، پولكوۋنىك، — دېدى پوروچىك تـەكلىپ بـېرىپ، — جايلىۋېتەيلى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونى تاڭ قالدۇرغىنى بۇ تەكلىپنىڭ ۋەھشىيلىكى ئەمەس، بەلكى ئۇ پوروچىكتىن باشقىسىنىڭ چاققان چىقىپ ئۆز خىيالىنى ئېيتىمىغانلىقى بولدى.

— مېنى بۇنداق بۇيرۇقنى چۈشۈرەمدىكىن دەپ ئـۈمىد كۈتمەڭلار، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو جاۋابەن.

دەرۋەقە، ئۇ شۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرمىدى. نىھايەت، ئىككى ھەپتىدىن كېيىن گېنېرال تېغىللو بۆكتۈرمىگە ئۇچراپ قىلىچ بىلەن قىيما ـ چىيما قىلىۋېتىلدى، ھوقۇق پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قولىغا ئۆتتى. ھوقۇقى قوزغىلاڭچى قوشۇن قوماندانلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشكەن شۇ كۈنى كېچىدە ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ «ئەدىيال بېرىڭلار» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. سوغۇق ئىچىگە ئۆتۈپ كەتكەچكە پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ توڭلاپ چىدىمايدىغان كېسەلگە قالدى، بىرنەچچە ئايغىچە

ھەرخىل ۋەسۋەسىلەرگە سېلىپ ئۇخلاتمىغان، ئاخىر بېرىپ بىر خىل ئادەت بولۇپ قالغان ھوقۇق مەستانىلىقىمۇ تۇرۇپ - تۇرۇپ پەيدا بولىدىغان ئەنە شۇنداق پەرىشانلىق ئىچىدە غايىب بولغانىدى. توڭلىغاندەك بولىدىغان كېسىلىنى داۋالاش ئۈچۈن گېنېرال تېفىللو ۋاگاسنى ئۆلتۈرۈش مەسلىھەتىنى بەرگەن ياش پوروچىكنى ئېتىپ تاشلاش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇيرۇق چۈشۈرۈپ بولغىچە، ھەتتا بۇيرۇق چۈشۈرۈش خىيالىغا كېلىپ بولغىچىلا قول ئاستىدىكىلەرى ئىجرا قىلىپ بولغانىدى، ئىجرا قىلغاندىمۇ تەسەۋۋۇردىكىدىن ئاشۇرۇپ ئىجرا قىلغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو چوڭ ھوقۇقنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، غېرىبلىقى پېتىپ نىشانىدىن ئادىشىشقا باشلىدى. ئىشغال قىلىنغان بازاردىكى كىشىلەرنىڭ تەنتەنىلىرىدىنمۇ بىزار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار دۈشمەنلىرىگىمۇ مۇشۇنداق تەنتەنە قىلىشقانىدى. بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئوخشاش كۆزلەردە تەلمۈرۈپ قاراۋاتقان، ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاشلا ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتقان بالىلارنى يولۇقتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى دۈشمەن ساناپ ھوشيارلىق بىلەن قارىغان چېغىدىكى چىرايى ئۆزىنىڭ جاۋابەن قارىغان ۋاقتىدىكى چىرايىغا ئوپمۇئوخشاش ئىدى، يەنە كېلىپ ھەممىسى ئۆزلىرىنى ئوغلى دەۋالاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆزىنى نۇرغۇن ئادەمگە پارچىلانغاندەك، تەكرارلانغاندەك ھېس قىلسىمۇ، ھېچقاچان بۇنداق غېرىبسىنىپ باقمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلىرىنىڭ يالغان ئېيتقانلىقىنى جەزملەشتۈردى، كىنەز مابولوغىمۇ دۈشمەنلىك بىلەن قارايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئەڭ ئېسىل دوستلىرىم ئۆلۈپ بولدى، — دەيتتى ئۇ دائىم.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇنداق بىقارار ئۆرۈشتىن بەك زېرىككەن، يامان سۇپەتلىك دەۋر قىلىۋاتقان بۇ تۈگىمەس ئۇرۇش داۋامىدا چۆرگىلەپ - چۆرگىلەپ يۈرتىدىن نېرى كېتەلمىگەن، بارغانسېرى قېرىپ ئاجىزلىغان، نېمە ئۈچۈن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، قانداق جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، قاچانغىچە جەڭ قىلىدىغانلىقىنى بارغانسېرى بىلەلمەي قالغانىدى. بور بىلەن سىزىلغان دائىرىنىڭ سىرتىدا قولى قىسقا كىشىلەر، بالىلىرى كۆڭ يۆتەلگە مۇپتىلا بولغان كىشىلەر بولماي قالمايتتى، نىجاسەتتەك ئېپلاس بۇ

ئۇرۇشنىڭ دەردىدە جىنىدىن تويۇپ كەتكەن، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دىققەت ھالىتىدە تۇرۇپ: — ئىشلار جايىدا، پولكوۋنىك! — دەپ دوكلات قىلىدىغانلارمۇ بولاتتى. نىھايەت، بۇ ئايىغى چىقماس ئۇرۇشنىڭ ئەڭ قورقۇنچلۇق يېرىمۇ دەل شۇنداق ھېچ ئىش بولمىغانلىقى ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو غېرىبلىققا پاتتى، ئەمدى ئالدىن بېشارەتنىمۇ سېزەلمەس بولۇپ قالغان، ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن توڭغاقلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ماكوندوغا قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق ـ ئۇزاقلاردا قالغان ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن كۆڭلىگە ئارام تېپىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. شۇ قەدەر بىپەرۋا بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، تەشكىلنىڭ قاتمال ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى قانداق قىلىپ تۈزەش كېرەكلىكى ئۈستىدە كېڭەشىش ئۈچۈن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقىنىدىمۇ سەگۈنچىكىدە ئۆرۈلۈپلا قويىدى، ھەتتا كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپمۇ قويمىدى.

— ئۇلارنى پاھىشىخانىغا ئاپىرىپ ئايلاندۇرۇپ كېلىڭلار، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو.

ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۈچىسىغا مۇراسىم كىيىمى، بېشىغا شىلەپە كىيگەن ئالتە نەپەر ئادۋوكاتتىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇلار نويابىرنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقىغا زور چىدام بىلەن بەرداشلىق بەرگەنىدى. ئۇرسۇلا ئۇلارنى ئۆيىگە جايلاشتۇردى. ئۇلار كۈندۈزلىرى كۆپىنچە ۋاقتىنى ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ مەخپىي كېڭەشىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، كەچلىرى بولسا مۇھاپىزەتچىلەر ۋە ئاككوردىيونچىلارنى چاقىرتىپ ئۆز خىراجىتى بىلەن كاتالىنونىڭ سارىيىغا بېرىپ كۆڭۈل ئاچاتتى.

— ئۇلارغا كاشىلا قىلماڭلار، — بۇيرۇق چۈشۈردى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ نېمىنى تارتىدىغانلىقىنى بىلىمەن.

كىشىلەر تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن سۆھبەت دېكابىرنىڭ باشلىرىدا بولدى. نۇرغۇن كىشى بۇ سۆھبەتنى بەك ئۇزاق سوزۇلۇپ كېتىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقان بولسىمۇ، نەتىجىدە بىر سائەتكە بارمايلا ئاخىرلاشتى.

تىنجىق مېھمانخانىدا كېپىنەدەك ئاق ئەدىيال بىلەن ئوراپ قويۇلغان ئاپتوماتىك

پىيانىنودىن روھ ـ ئەرۋاھتەك بىر سۆز تۆكۈلۈپ تۇراتتى. پولكوۋنىك ئوربېلىئانو ئاشۇ پىيانىنونىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، قوغدىغۇچىسى بۇ قېتىم بۇر بىلەن ئايرىش چەمبىرىكى سىزمىغانىدى. پولكوۋنىك بۇ قېتىم سىياسىي مەسلىھەتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا يۇڭ ئەدىيالغا ئورانغىنىچە ۋەكىللەرنىڭ قىسقىچە تەكلىپىنى جىمغىنە ئاڭلاپ ئولتۇردى. ئۇلار، بىرىنچىدىن، لىبېرال پومېشچىكلارنىڭ قوللىشىغا قايتا ئېرىشىش ئۈچۈن، يەر ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تەكشۈرۈشتىن ۋاز كېچىش؛ ئىككىنچىدىن، مۇخلىسلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، چىركاۋ بىلەن قارشىلىشىشتىن ۋاز كېچىش؛ ئۈچىنچىدىن، ئائىلە مۇكەممەللىكىنى قوغداش ئۈچۈن، نىكاھسىز تۇغۇلغان باللارنى نىكاھلىق تۇغۇلغان باللار بىلەن باراۋەر ھوقۇققا ئىگە قىلىشتىن ۋاز كېچىشنى تەلەپ قىلدى.

— بۇ گەپچە، — دېدى پولكوۋنىك ئوربېلىئانو ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ، — بىز پەقەت ھوقۇق ئۈچۈنلا كۈرەش قىلىدىكەنمىز ـ دە.

— پەقەت ۋاقىتىنچىلا شۇنداق تەڭشىدۇق، — دېدى ۋەكىللەردىن بىرى جاۋاب بېرىپ، — ھازىر ئەڭ مۇھىمى ئاممىۋى ئاساسىمىزنى كېڭەيتمەكچىمىز، باشقا ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىمىز.

پولكوۋنىك ئوربېلىئانونىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىرىدىن بىرى ئالدىراپ ـ تېنەپ سۆز ئالدى:

— بۇنداق قىلساق بىر ـ بىرىگە زىت ئىش بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر بۇنداق تەڭشىگىنىڭلار توغرا بولىدىغان بولسا، كونسېرۋاتىپلار ھۆكۈمىتى تۇتقان يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق تەڭشەشكە تايىنىپ ئاممىۋى ئاساسىمىزنى كېڭەيتكىلى بولىدۇ دەيدىغان بولساق، ھۆكۈمەتنىڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىمىز بىلەن باراۋەر بولىدۇ. دېمەك، يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە قارشى مەيداندا تۇرۇپ كەلگەن بولۇپ قالىمىز.

ئۇ كىشى گېپىنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇۋىدى، پولكوۋنىك ئوربېلىئانو قول

ئىشارىسى بىلەن توختىتىپ قويدى.

— بولدى، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما. ئەڭ مۇھىمى، بۇنىڭدىن كېيىن ھوقۇق ئۈچۈنلا ئۇرۇش قىلمىز.

ئاندىن كۇلۇمسىرەپ ۋەكىللەر سۇنغان ھۆججەتنى ئېلىپ قول قويۇشقا تەمشەلدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى خۇلاسىلەپ، — قوبۇل قىلالمىغۇدەك ئىش يوق ئىكەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئادەملىرى تەئەججۈپ بىلەن بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

— كەچۈر، پولكوۋنىك، — دېدى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس سىلىق ئاۋازدا، — بۇ بىر ئاسىيلىق بولدى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو سىياھقا چىلىغان قەلەمنى تۇتقان پېتى بۇ قاپ يۈرەك ئادەمگە ھەيۋە بىلەن تىكىلدى.

— قوراللىڭنى تاپشۇر، — بۇيرۇق چۈشۈردى ئۇ.

پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ئورنىدىن تۇرۇپ قوراللىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— گازارمىغا بار، — بۇيرۇدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — ھەربىي سوتنىڭ ھۆكۈمىنى كۈت.

ئاندىن باياناتنى ئىمزالاپ ۋەكىللەر ئۆمىكىگە تاپشۇردى:

— جانابلار، مانا ھۆججىتىڭلار، ئوبدان پايدىلىنارسىلەر.

ئىككى كۈندىن كېيىن پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ۋەتەن خائىنى دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو كەچۈرۈم تەلەپلىرىگە پەرۋامۇ قىلماي سەگۈنچەكتە بەخىرامان يېتىۋەردى. ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىدىغان كۈننىڭ ئالدىدىكى ئاخشىمى ئۇرسۇلا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ «ئاۋارە قىلىش چەكلىنىدۇ» دېگەن بۇيرۇقىغا قارىماي ئۆيىگە كىرىپ كۆرۈشتى. ئۈچىسىغا باشتىن - ئاياغ قارا كىيىم كىيگەن بولۇپ ئىنتايىن سۇرلۇك كۆرۈنەتتى، ئۈچ مىنۇتلۇق سۆھبەت تۈگىگىچە زادى ئولتۇرمىدى.

— گىرىنلىپردونى ئاتىدىغانلىقىڭنى بىلىمەن، — دېدى ئۇرسۇلا سورلۇك تەرىزدە، — ھەرقانداق قىلىپمۇ توسۇپ قالالمايدىغانلىقىمنىمۇ بىلىمەن. بىراق، ساڭا دەپ قوياي، ئاتا ــ ئانامنىڭ روھى، مەرھۇم خوس ئاركاردىئو بۇئېندىيەنىڭ نامى بىلەن پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، گىرىنلىپردونىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام، نەگە مۆكۈۋېلىشىڭدىن قەتئىينەزەر، سېنى تېپىپ ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرۈۋېتىمەن.

ئاندىن جاۋابىنى كۈتۈپ تۇرمايلا قايتىپ ماڭدى، چىقىپ كېتىدىغان چاغدا يەنە بىر ئېغىز گەپ قوشۇپ قويدى:

— راست شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، سېنى چوشقا قويرۇق تۇغۇلغانغا چىقىرىۋېتىمەن.

پولكوۋنىك گىرىنلىپردو ماركوس ئۇزاق قاراڭغۇ تۈنده ئامارانتانىڭ تىكىمخانىسىدا ئۆتكۈزگەن چۈشتىن كېيىنكى چاغلارنى ئەسلەپ ياتسا، پولكوۋنىك ئورېلىئانو غېرىبلىق ساۋۇتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سائەتلەپ تىركەشمەكتە ئىدى. ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرىكى دادىسى مۇز كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارغان ھېلىقى كەچقۇرۇندىن بۇيان بىردىنبىر خۇشال ئۆتكەن چاغلىرى زەرگەرلىك دۇكىنىدا ئالتۇن بېلىجان سوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرى بوپتۇ. ئوتتۇز ئىككى قېتىم ئۇرۇش قوزغىغان، ئەزرائىل بىلەن تۈزۈشكەن بارلىق كېلىشىملەرنى بۇزۇپمۇ تاشلىغان ھەتتا شۆھرەت قوتانلىرىدا چوشقىدەك ئېغىناپ يۈرگەن بۇ قەھرىمان نەتىجىدە ھاياتنىڭ قىممىتىنى قىرىق يىل دېگۈدەك كېچىكىپ بايقىغانىدى.

تاڭ ئېتىپ جازا ئىجرا قىلىنىشقا بىر سائەتچە قالغاندا ئورېلىئانو سولاقخانىغا كىردى. كېچىچە كىرپىك قاقماي قىينىلىپ چىققاچقا ھالىدىن كەتكەنىدى.

— كومېدىيە ئاخىرلاشتى، ئاداش، — دېدى ئۇ پولكوۋنىك گىرىنلىپردو ماركوسقا، — بۇ يەردىن كېتەيلى، ئۇلار ئېتىپ بولغىچە پاشىلار ئېتىپ بولمىسۇن يەنە.

پولكوۋنىك گىرىنلىپردو ماركوس ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى مەنسىتمەيمۇ قويمىدى.

— ياق، ئورېلىئانو، — دېدى جاۋاب بېرىپ، — ئۆلۈشكە رازىمەنكى، سېنىڭ

قاسساپقا ئايلىنىپ كەتكىنىڭنى كۆرگۈم يوق.

— ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — ئايىغىڭنى تېز كەي، بۇ نەس باسقۇر ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشۇمغا ياردەملەش.

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا ئۇرۇشنى توختىتىشنىڭ ئۇرۇش قوزغاشتىن كۆپ قىيىن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. چۈنكى، ھۆكۈمەتنى قوزغىلاڭچىلارغا پايدىلىق بولغان تىنچلىق شەرتلىرىنى قانلىق ۋاستىلەر بىلەن قوبۇل قىلدۇرۇشقا بىر يىلچە ۋاقىت سەرپ قىلدى، ئۆز پىرقىسىگە قوبۇل قىلدۇرۇش ئۈچۈنمۇ يەنە بىر يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى. ھەتتا غەلىبە مېۋىسىنى ساتقىلى ئۇنىماي يۈز ئۆرۈگەن قول ئاستىدىكى ئوفىتسېرلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكۈسىز قاتتىق قوللۇق بىلەن باستۇرۇشتىنمۇ يانمىدى، شۇندىمۇ كۈچى يەتمەي ئاخىر ئۇلارنى دۈشمەننىڭ كۈچىگە تايىنىپ ئاران بويسۇندۇردى.

ئۇ ھېچقاچان شۇ چاغدىكىدەك باتۇر ۋە جەڭگە ماھىر بولۇپ باقمىغانىدى. ئاخىر ئابستراكت ئۇقۇملار ئۈچۈن، پۈرسەتپەرەس ۋە تۇترۇقسىز قۇۋ سىياسىيونلارنىڭ شوئارلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھەمدە بۇ ئېتىقادنىڭ تۇرتكىسىدە قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تاشقانىدى. پولكوۋنىك گېرىنېلدو ماركوس بۇرۇنقىدەكلا تەۋرەنمەي ساداقەتمەن بولۇپ، باشتا غەلىبە ئۈچۈن قانداق جەڭ قىلغان بولسا، ھازىرمۇ مەغلۇبىيەت ئۈچۈن شۇنداق جەڭ قىلدى. بەزىدە پولكوۋنىك ئورېلىئانونى بىھۇدە قارامىلىق قىلىۋاتىسەن دەپ ئەيىبلەيتتى.

— خاتىرجەم بول، — دەيتتى پولكوۋنىك ئورېلىئانو كۈلۈمسىرەپ، — ئۆلۈم دېگەن ئويلىغىنىڭدەك ئوڭاي ئىش ئەمەس.

ئۆلۈم پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھامان ئۆلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، مۇشۇ ئىشەنچى ئۇنىڭغا بىر خىل سىرلىق ئىممۇنىتېت كۈچى ۋە بەلگىلىك سۈرۈك ئىچىدىكى ئەبەدىي ھاياتلىق بەخش ئەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئوق يامغۇرلىرى ئىچىدە بىر تال مويىمۇ زەخىملەنمەي ئامان قالدى، ئاخىر غەلىبىدىنمۇ قىيىن توختىغان، تېخىمۇ كۆپ قان تۆكۈلگەن،

تېخىمۇ ئېغىر بەدەل تۆلەشكە توغرا كەلگەن مەغلۇبىيەتنى قولغا كەلتۈردى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو يىگىرمە يىللىغا يېقىن داۋام قىلغان ئۇرۇش جەريانىدا ئۆيىگە كۆپ قېتىم قايتىپ كەلگەنىدى. لېكىن دائىم جىددىي ھالەتتە تۇرۇشلىرى، ئەسكەرلىرىنى كەينىگە سېلىپ يۈرۈشلىرى، ئۇرسۇلامۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ بولالمايدىغان ئاجايىپ شۆھرەتلىرىنىڭ تەسىرىدە مەغرۇر يۈرۈشلىرى بىلەن ئاخىرقى ھېسابتا ناتونۇش ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئاخىرقى قېتىم ماكوندوغا قايتىپ كەلگىنىدە ئۈچ ئاشنىسى بىلەن ئايرىم بىر ئۆيدە تۇرۇپ، ئاران ئۈچ قېتىملا ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيىگە كېلىپ تاماق يېگەچكە، ساھىبجامال رېمەدىس ۋە ئۇرۇش مەزگىلىدە تۇغۇلغان قوشكېزەكلەر ئۇنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى. ئامارانتامۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئالتۇن بېلىجان ياساش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزگەن بۇ ئاكىسىنى ئۈچ مېتىر سىزىق سىزىپ ئۆزى بىلەن باشقىلارنى ئايرىپ تۇرۇۋالىدىغان بۇ شۆھرەتلىك ھەربىي بىلەن باغلاشتۇرۇپ قارىيالماي قالدى. ھالبۇكى، ئۇرۇش توختايدىغان ۋاقىت يېقىنلاپ كەلگەندە ئۆيدىكىلەر پولكوۋنىك ئورېلىئانونى نورمال ئادەمگە ئايلىنىپ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۇزاق غەپلەتكە پاتقان تۇغقانلىق مېھرى مىسلىسىز دەرىجىدە ئويغىنىدۇ دەپ ئويلىغانىدى.

— ئائىلىمىزدە ئاخىر بىر ئەر كىشى پەيدا بولىدىغان بولدى - دە! — دېگەنىدى ئۇرسۇلا.

ئامارانتا بىرىنچى بولۇپ ئورېلىئانودىن مەڭگۈ ئايرىلىپ قاپتۇق، دەپ ئويلىغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇرۇش توختاشتىن بىر ھەپتە ئىلگىرى ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، مۇھاپىزەتچىلىرى كۆرۈنمەيتتى، ئالدىدا يالىڭاياق ئىككى ئادەملا كېلىۋاتاتتى. ئۇ قېچىرىنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىنى ۋە يازغان شېئىرلىرى سېلىنغان ساندۇقچاقنى كارىدورغا قويدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ پادىشاھلارنىڭكىدەك ھەشەمەتلىك بىساتلىرىدىن قالغىنى شۇلا ئىدى. ئامارانتا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىتىنى چاقىرىۋىدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو دەماللىققا كىم ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالماي تۇرۇپ قالدى.

— مەن ئامارانتا، — دېدى ئاكىسىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇش بولۇپ، ئاندىن قارا داكا بىلەن ئورالغان قولىنى ئاكىسىغا كۆرسەتتى، — مانا، قارا!

پولكوۋنىك ئورېلىئانو نۇرغۇن يىل ئىلگىرىكى سەھەر ۋاقتىدىكىگە ئوخشاش بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۇلۇمسىرىدى، شۇ چاغدا ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغاندىن كېيىن ماكوندوغا قايتىپ كەلگىنىدە ئامارانتانىڭ قولىنى قارا داكا بىلەن ئورېۋالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدى.

— تووۋا، — دېدى ئۇ، — ۋاقىت نېمىدېگەن تېز ئۆتىدۇ ـ ھە!

ھۆكۈمەت ئارمىيەسى پولكوۋنىكنىڭ دەرۋازىسىغا قاراۋۇل قويۇپ قوغداشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇرۇشنى تېخىمۇ ياخشىراق باھادا سېتىۋېلىش ئۈچۈنلا جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن دەپ ئەيىبلىنىپ يول بويى تىل ـ ئاھانەت ئىچىدە قالغانىدى. ئۇ تېشى قىزىپ، ئىچى مۇزلاپ، پۈتۈن ئەزايى غال ـ غال تىترەپ ياتاتتى، قولتۇقلىرىنى يەنە چىقان بېسىپ كەتكەنىدى.

ئۇرسۇلا شۇنىڭدىن ئالتە ئاي ئىلگىرى ئۇرۇش توختاپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئوغلىنىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇرۇپ پاك ـ پاكىز تازىلاپ قويغان، ھەربىر بۇلۇڭىغا دورىلىق ئىسرىق سالغان، ئوغلۇم بۇ قېتىم قايتىپ كېلىپ ئەمدىكى ئۆمرىنى رېمەدىسنىڭ بۇزۇلغان ئويۇنچۇقلىرى ئارىسىدا بەخىرامان ئۆتكۈزىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، ئوغلى ئۆتكەن ئىككى يىل جەريانىدا ھاياتتىن پۈتۈنلەي مېھرىنى ئۈزگەن، ھەتتا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى خەيرلىك ئۆتكۈزۈشمۇ نېسىپ بولمايدىغاندەك روھسىز ئىدى. ئۇرسۇلا تازا كۆڭۈل قويۇپ سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويغان زەرگەرخانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئاچقۇچنىڭ قۇلۇپتا تۇرغانلىقىنىمۇ بايقىمىدى. بۇ ئۆيدە ۋاقىتنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن پەيدا بولغان كىشىنى ئېچىندۇرۇپ يۈرەك ـ باغرىنى ئېزىدىغان خىلمۇخىل ئۆزگىرىشلەرنىمۇ قىلچە سەزمىدى. نىھايەت، ئېسى جايىدا ھەرقانداق كىشى ئۆيىدىن ئۇزۇن ۋاقىت ئايرىلىپ قايتىپ كەلسە، ئۆيدىكى ئۆزگىرىشلەردىن چۆچۈپ كەتمەي قالمايدۇ. ۋاھالەنكى، سۇۋۇقى سويۇلۇپ كەتكەن تاملار، ئۆمۈچۈك تورى بېسىپ كەتكەن بۇلۇڭلار، پەرۋىشسىز تاشلىنىپ قالغان

كۆزلۈك تاشئالما گۈللىرى، ئاق چۈمۈلە ئەزۋەيلەپ كەتكەن لىم ياغاچلار، ئىشىك ئارقىسىنى بېسىپ كەتكەن مۆخلارمۇ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ۋۇجۇدىدا قىلچىلىك ھەسرەت تۇيغۇسى قوزغىيالمىدى. ئۇ ئاياغلىرىنىمۇ سىلىۋەتمەيلا ئەديالغا ئورىلىپ پېشايۋاندا ئولتۇردى، شۇ ھالىدا يامغۇرنىڭ توختىمىشىنى كۈتۈپ دالدىدا ئولتۇرغان ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇ ئولتۇرغىنىچە كۆزلۈك تاشئالمىغا چۈشۈۋاتقان يامغۇر تامچىلىرىغا قاراپ كەچ كىرگۈچە ئولتۇردى. ئۇرسۇلا ئوغلىنىڭ ئۆيدە ئۇزاق تۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. «ئۇرۇش بولمىغىنىدا» ئويلىدى ئۇرسۇلا «بۇنى ئەزرائىل ئېلىپ كەتكۈدەك». ئۇرسۇلانىڭ بۇ ئويى شۇ قەدەر ئېنىق ۋە ئىشەنچلىك ئىدىكى، ئۆزىمۇ بۇنى بىر بېشارەت دەپ بىلدى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇن كەچلىك تاماقتا ئولتۇرغاندا ئورېلىئانو II بولۇشى مۇمكىن بولغان ھېلىقى بالا ئوڭ قولىدا بولكا ئۇشتۇپ، سول قولىدا قوشۇق بىلەن شورپا ئىچتى. قوشكېزەك ئىنىسى، خوس ئاركادىئو II بولسا كېرەك، سول قولىدا بولكا ئۇشتۇپ، ئوڭ قولىدا قوشۇق بىلەن شورپا ئىچتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇ قەدەر ماسلاشقانىدىكى، ئۇلار روبىرو ئولتۇرغان ئاكا ـ ئۇكىلاردىن كۆرە ئەينەككە قاراپ ئوينىۋاتقان بىر بالىغا بەكرەك ئوخشايتتى. بۇ قوشكېزەكلەر ئۆزلىرىنىڭ قويۇپ قويغاندەك ئوخشىشىدىغانلىقىنى بىلگەن كۈندىن باشلاپلا مۇشۇ ئويۇننى ئويلاپ تاپقانىدى، بۇ قېتىم پولكوۋنىك ئورېلىئانودىن ھاردۇق سوراش مەقسىتىدىلا شۇ ئويۇننى ئوينىغانىدى. ئەپسۇسكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىكى ئوخشاشلىقلارنى قىلچىلىك بايقىمىدى. كۆڭلى پەقەتلا بىر يەردە ئەمەس ئىدى، ھەتتا ھۇجرىسىغا قىپيالىڭاچ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ساھىبجامال رېمەدىسكىمۇ دىققەت قىلمىدى. ئۇرسۇلا ئوغلىنى ئېغىر خىيالىدىن ئويغاتتى.

ــ كەتمىكىڭ پېشانەڭگە پۈتۈلگەن بولسا، ــ دېدى ئۇرسۇلا تاماق ئۈستىدە، ــ ھېچبولمىغاندا بۈگۈن ئاخشامقى تۇرقىمىزنى بولسىمۇ ئېسىڭدە تۇتۇۋال!

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆزىنىڭ بىر بەختسىز ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان بىردىنبىر ئادەمنىڭ ئۇرسۇلا ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا چۈشەندى، ئەمما ھەيران

قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئانىسىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇرسۇلانىڭ چىرايى ھېلىلا ھەتلىدەك قورۇلغان، چېشلىرىغا قۇرت چۈشكەن، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغانىدى، قاراشلىرىدىن ئەنسىزلىك تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بىر زامانلاردا ئېسىگە ئورناپ كەتكەن ئەستىلىكلىرى ئويغىنىپ، پورۇقلاپ قايناۋاتقان كورىنىڭ شىرەدىن چۈشۈپ كېتىدىغانلىقىدىن كۆڭلىدە بېشارەت بولغان ھېلىقى كەچقۇرۇنقى ئىشنى ئېسىگە ئالدى، ھازىر ئانىسىنىڭ ئۇ چاغلاردىكى چىرايىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئورېلىئانو يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىنىڭ ئانىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا قالدۇرغان تۇرلۇك جاراھەت ۋە تارتۇقلارنى شۇئان ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ ئانىسىنىڭ تارتقان ئاشۇ جەبىر ـ جاپالىرىغا ئېچىنىپمۇ كەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن تۇيغۇلىرىنىڭ شۇ قەدەر چىرىپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن كۇچەپ ئىزدەپ باقتى، لېكىن بەرىبىر تاپالمىدى. قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ بەدىنىدىن ئۇرسۇلانىڭ ھىدىنى پۇرىيالايتتى، ھېچ بولمىغاندا ئانچە ـ مۇنچە ئار ـ نومۇسنى بىلەتتى، شۇنداقلا ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭمۇ ئانىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى. نىھايەت، بۇ تۇيغۇلىرىنىڭ بارىنى ئۇرۇش بەربات قىلىۋەتتى، ھەتتا سۆيۈملۈك ئايالى رېمەدىسمۇ قىزى بولۇشقا لايىق ناتونۇش بىر قىزچاقنىڭ ئوبرازى سۈپىتىدە بىلىنىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو سۆيگۇ دەشتىدە بېھېساب ئاياللار بىلەن تونۇشۇپ، پۈتكۈل دېڭىز بويى رايونىغا ئۇرۇقىنى چاچقان، لېكىن تۇيغۇلىرىدا بۇلاردىن ھېچقانداق ئىز قالمىغانىدى. ئۇ ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى كېچىلىرى ئۆيىگە تىمىسقىلاپ كىرىپ تاڭ ئاتماستا كېتىپ قالاتتى، ئەتىسى ئورېلىئانودا ھارغىنلىقتىن باشقا ئەسلىگۈدەك ھېچنېمە قالمايتتى. ۋاقىت ۋە ئۇرۇشنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بىردىنبىر نەرسە، ئاكىسى خوس ئاركادىئوغا بولغان بالىلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىدىنلا ئىبارەت ئىدى، لېكىن بۇمۇ دوستانىلىق ئاساسىدىكى ئەمەس، شېرىكلىك ئاساسىدىكى مۇھەببەت ئىدى، خالاس.

— ئەپۇ قىل، — جاۋاب بەردى ئۇرسۇلانىڭ تەلىپىنى بىر باھانە بىلەن رەت

قىلىپ، — ئۇرۇش ھەممىنى تۈگەشتۇردى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەتىسىدىن باشلاپ ئۆزىنىڭ ئىزلىرىنى بۇ دۇنيادىن يوقىتىشقا كىرىشتى. زەرگەرخانىدىكى ئۆزىنىڭ بەلگىسى يوق سايمانلارغىلا تەگمىدى. كىيىملىرىنى قوغدىغۇچىلىرىغا بېرىۋەتتى. دادىسى ھېلىقى يىلى پىرودونسىئو ئاگىمورنى ئۆلتۈرگەن نەيزىنى كۆمگەن چاغدىكىدەك تۆۋە قىلىپ قورال - ياراقلىرىنى ھويلىغا كۆمۈۋەتتى، پەقەت بىر پاي ئوقى بىلەن بىر تاپانچىنىلا ئېلىپ قالدى. ئۇرسۇلا ئوغلىنىڭ بۇ ئىشىغا ئارىلاشمىدى، پەقەت رېمېدىسنىڭ مېھمانخانىدىكى ئۆچمەس چىراغ يورۇتۇپ تۇرىدىغان كۈمۈش رامكىلىق رەسىمىنى ئېلىۋېتىمەكچى بولۇپ تۇرغاندىلا توسۇپ قويدى.

— بۇ رەسىم ئاللىقاچان سېنىڭ ئىلكىڭدىن چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئۇرسۇلا، — بۇ پۈتۈن ئائىلىمىزگە قالغان تەۋەررۇك.

ئۇرۇش توختاش ھارپىسىدا ئۆيدە پولكوۋنىك ئورېلىئانونى ئەسلىتىدىغان بىرمۇ نەرسە قالمىدى. ئورېلىئانو شېئىرلىرى سېلىنغان ساندۇقچىنى بولكىخانىغا ئېلىپ چىقتى، سانتاسوفىيە دېلا پېداد دۇخوپكىغا ئوت ياقماقچى بولۇپ تۇراتتى.

— بۇنى تۇترۇق قىل، — دېدى سارغىيىپ كەتكەن بىر باغلام قەغەزنى سۇنۇپ، — ھەممىسى ئەسكى قەغەزلەر، ئوت تۇتاشتۇرماق ئاسان.

سانتاسوفىيە دېلا پېداد كەم سۆز، مۇلايىم جۇۋان ئىدى. ئەزەلدىن ھېچكىمگە قارشى پىكىردە بولمايتتى. ھەتتا بالىلىرىغىمۇ شۇنداق ئىدى. بىراق، ھازىر پەرماندار بولسا بولمايدىغانلىقىنى سەزدى.

— بۇ مۇھىم قەغەزلەر تۇرسا، — دېدى ئۇ.

— نەدىكىنى، — دېدى پولكوۋنىك، — بۇ ساپلا ئۆزۈمگە ئۆزۈم يازغان نەرسىلەر.

— ئۇنداق بولسا ئۆزىڭىز قالاڭ، پولكوۋنىك.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇنداق قىلىپلا قالماي، ساندۇقنىمۇ يېرىپ ياغاچلىرىنى ئوتقا تاشلىدى. شۇنىڭدىن بىرنەچچە سائەت ئىلگىرى پىلار تېرنېرا پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكەنىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو كۆپ يىل كۆرۈشمىگەن

بولغاچقا پېلار تېرنېرانى كۆرۈپلا ھەيران قالدى. چۈنكى، پېلار تېرنېرا سەمرىپ كەتكەندى، بۇرۇنقىدەك جاراڭلىق كۈلمەيتتى، قارتا بىلەن ئاچقان پاللىرىمۇ شۇ قەدەر توغرا چىقمىدىغان بولۇپ كەتكەندى.

— ئاغزىڭغا ھېزى بول! — دېدى پېلار تېرنېرا.

ئورېلىئانو بۇ خوتۇن شۆھرىتىم كۆككە يەتكەن چاغلاردىمۇ شۇنداق دەپ ھەيران قالارلىق دەرىجىدە توغرا بېشارەت بەرگەن ئەمەسمۇ، دەپ ئويلىنىپ قالدى. پېلار تېرنېرا بىلەن كۆرۈشۈپ ئۈزۈن ئۆتمەيلا چىققان يارىسىنى تازىلاۋاتقان خۇسۇسىي دوختۇرىدىن يۈرەكنىڭ زادى ئادەمنىڭ قەيېرىدە بولىدىغانلىقىنى شۇنداقلا سوراپ قويغانىدى، دوختۇر تىڭشىغۇچ بىلەن تىڭشاپ كۆرۈپ، يودقا چىلانغان پاختا بىلەن كۆكرىكىگە يۇمىلاق دائىرە سىزىپ يۈرىكىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قويىدى.

ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالىنىدىغان سەيشەنبە كۈنى ئەتىگىنى ھاۋا دىمىق ئىدى، سىم ـ سىم يامغۇر يېغىپ تۇراتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو سائەت بەشتىن ئىلگىرىلا ئاشخانىغا كىرىپ، ئادىتى بويىچە بىر ئىستاكان قەنت سېلىنمىغان قەھۋە ئىچتى.

— بۇگۈنكىدەك بىر كۈندە تۇغۇلغانىدىڭ، — دېدى ئۇرسۇلا، — شۇ كۈنى چۆچەكتەك يوغان ئېچىلغان كۆزلىرىڭنى كۆرۈپ ھەممىمىز چۆچۈپ كەتكەنىدۇق.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ گەپكە پىسەنت قىلمىدى. چۈنكى، شۇ تاپتا يىغىلىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ قەدەم ئاۋازىغا، كاناي ئاۋازىغا ۋە سەھەرنىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ ئۈزۈكسىز بېرىلىۋاتقان بۇيرۇقلارغا قۇلاق سېلىۋاتاتتى. ئۇزۇن يىل جەڭدە يۈرگەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇنداق ئاۋازلارغا كۆنۈك ئىدى. بىراق، بۇ قېتىم خۇددى ياش ۋاقتىدا تۇنجى قېتىم يالىڭاچ ئايالنى كۆرگەن چېغىدىكىدەك تىزلىرى بوشىشىپ، پۈتۈن بەدىنىگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. ئاخىر ئەسلىمە تورىغا چىرمىشىپ، ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا شۇ ئايالنى ئالغان بولسام ئۇرۇشتىنمۇ، شۆھرەتتىنمۇ نېرى نامسىز بىر ھۈنەرۋەن، بەختلىك بىر ھايۋان بولغان بولاتتىم دېگەنلەرنى خىرە ـ شىرە ئويلىدى. كېچىككەن بۇ ئاچچىق پۇشايمىنى ناشتىلىق ئىشتىھاسىنى بۇزدى. پولكوۋنىك

گىرىنلىپردو ماركوس ئەتىگەن سائەت يەتتىدە بىر توپ قوزغىلاڭچى ئوفىتسېرلارنى باشلاپ يېنىغا كەلگەندە، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ تېخىمۇ ئويچان، مىسكىن بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئۇرسۇلا ئوغلىغا يېڭى ئەدىيالنى يېپىپ قويماقچى بولدى.

— ھۆكۈمەت نېمىدەپ ئويلاپ قالار، ئۇلار سېنى يېپىنىپ ياتقۇدەك بىرەر ئەدىيال سېتىۋالغۇدەكمۇ پۇلى قالماي تەسلىم بوپتۇ دېيىشمۇ دەۋېرىدۇ — دە.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەدىيالنى ئالمىدى. بوسۇغىغا بېرىپ، يامغۇرنىڭ تېخىچە توختىمىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن خوش ئاركادىئونىڭ كونا كىگىز شلەپىسىنى كىيگىلى ئۇندى.

— ئورېلىئانو، — دېدى ئۇرسۇلا شۇ چاغدا، — ماقۇل دېگىن، ئەگەر ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى بايقىساڭ، مېنى ئېسىڭگە ئال، بالام!

ئورېلىئانو ئانىسىغا قاراپ سۇسلا كۈلۈپ قويدى — دە، قەسەم قىلغاندەك قولىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، بازاردىن ئۆتكۈچە يول بويى ئاڭلايدىغان ۋارقىراش — جارقىراشلارغا، تىل — ئاھانەتلەرگە ۋە قارغىشلارغا تەييارلىنىپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئىشىكتىن چىقىپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇرسۇلا ئىشىككە ئىچىدىن تاقاق سالدى ۋە ئۆمۈر بويى زادىلا ئاچماسلىق نىيىتىگە كەلدى. ئەمدى مۇشۇ ئۆيدە چىرىپلا كېتەيلى، دەپ ئويلىدى ئىچىدە، ئەر زاتىسىز مۇشۇ ئۆيىمىزدە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتسەك رازىمىزكى، ئۇ شەرمەندە بازار ئەھلىگە يېشىمىزنى ھەرگىز كۆرسەتمەيمىز. ئۇرسۇلا پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن ئۆينىڭ بۇلۇڭ — پۇچقاقلىرىنى ئالا قويماي ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ چىققان بولسىمۇ ئوغلىنى ئەسلىتەلەيدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىدى.

ئىمزا مۇراسىمى ماكوندودىن يىگىرمە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قېرى سەرناق دەرىخىنىڭ سايىسىدە ئۆتكۈزۈلدى، كېيىن بۇ قېرى دەرەخنى چۆرىدىتىپ نېراندىيە بازىرى قۇرۇلدى. ھۆكۈمەت ۋەكىللىرى، ئىككى پارتىيە ۋەكىللىرى، شۇنداقلا قورال تاشلىغان قوزغىلاڭچىلار ۋەكىللىرىنى كۈتۈۋېلىشقا ئاغزى بېسىقماي چۇلدۇرلىشىپ تۇرىدىغان بىر توپ ئاق كىيىملىك پىراكتىكانت موناخلار مەسئۇل ئىدى. ئۇلار بەئەينى يامغۇر — يېغىندا ئۈركۈپ ئۇچۇۋاتقان كەپتەرلەرنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ساقلىنىمۇ ئالمىغان

پولكوۋنىك ئورېلىئانو پاتقاق بىلەن بۇلغانغان بىر قىپقىزغا مىنىپ كەلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بەربات بولغان، بارلىق شان ـ شۆھرىتى ۋە شۆھرەت توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىراق، شۇ تاپتا قولتۇقىغا چىققان چىقان يارىسى ئۇنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ بەربات بولغىنىدىنمۇ بەكرەك قىينىماقتا ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ تەلىپى بويىچە مۇراسىم سورۇنىدا مۇزىكا چېلىنمىدى، پوجاڭزىلار ئېتىلمىدى، تەبرىك قوڭغۇرىقى چېلىنمىدى، يا تەنتەنە قىلىنمىدى، ياكى ئۇرۇشنىڭ توختىتىلىشىنى بۇزىدىغان ھېچقانداق قايغۇلۇق كەيپىياتمۇ كۆرۈلمىدى. بىر سەييياھ رەسسىمچى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئەۋلادلىرىغا تەۋەررۇك بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولغان بىر پارچە رەسىمنى تارتىۋالغانىدى، بىراق نېگاتىۋنى بۇزۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى.

مۇراسىم ھۆججەتلەرنى ئىمزالاپ بولغىچىلا داۋام قىلدى. سىركچىلەرنىڭ ياماق ئۈستىگە ياماق چۈشكەن ئەسكى بىر چېدىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاددىي ئۈستەل قويۇلدى، ۋەكىللەر شۇ ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئاخىرغىچە سادىق بولۇپ ئۆتكەن بىرنەچچە ئوفىتسېر ئەتراپىدا چۆرىدەپ تۇردى. ۋەكىللەر ئىمزا قويۇشتىن ئىلگىرى جۇمھۇرىيەت پىرېزىدېنتىنىڭ خاس ۋەكىلى تەسلىمنامىنى ئوقۇپ ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرۇۋېدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو قارشى پىكىردە بولدى.

— بىز ۋاقىتنى شەكىلگە ئىسراپ قىلمايلى، — دېدى ھەممە ھۆججەتكە قاراپمۇ قويماي ئىمزا قويۇشقا تەمشەلدى. شۇ ئەسنادا بىر ئوفىتسېرى چېدىردىكى كىشىنىڭ ئۇيقۇسىنى كەلتۈرىدىغان جىملىقنى بۇزۇپ تاشلىدى:

— پولكوۋنىك، — دېدى ئۇ ئوفىتسېر، — بىرىنچى بولۇپ ئىمزا قويمىسىڭىز.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو قوشۇلدى. سورۇن شۇنچىلىك تىمتاس ئىدىكى، قەلەمنىڭ قەغەز ئۈستىدە شىرتىلدىغان ئاۋازىدىن كىمنىڭ ئىمزاسى قويۇلۇۋاتقانلىقىنىمۇ بىلىۋالغىلى بولاتتى. ھۆججەت ئۈستەلنى بىر ئايلىنىپ ئورېلىئانونىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىرىنچى قۇرى بوش تۇراتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ بوش ئورۇننى تولدۇرۇشقا

تەمشەلدى.

— پولكوۋنىك، — دېدى يەنە بىر ئوفىتسېرى، — ھازىر يېڭىۋالسىڭىزمۇ ئۆلگۈرەلەيسىز!

پولكوۋنىك ئورېلىئانو تەلەتنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماي ھۆججەتنىڭ بىرىنچى نۇسخىسىغا ئىمزا قويدى. ئەڭ ئاخىرقى بىر نۇسخىسىغا ئىمزا قويغۇچە ئارىلىقتا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ ئىككى ساندۇق ئارتىلغان قېچىرىنى يېتىلىگەن بىر پولكوۋنىكى چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى، ئۇ ياپياشلا يىگىت بولسىمۇ شۇنچىلىك تەمكىن كۆرۈنەتتى. بۇ يىگىت ماكوندو رايونىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ خەزىنىدارى بولۇپ، ۋاقتىدا يېتىپ كېلىش ئۈچۈن ئاچلىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان قېچىرنى ھەيدەپ ئالتە كۈنلۈك مۇشەققەتلىك مۇساپىنى بېسىپ، كېلىشىم مۇراسىمىغا ئۈلگۈرۈپ كەلگەنىدى. يىگىت ساندۇقلارنى قېچىردىن ئېھتىيات بىلەن چۈشۈرۈپ ئاغزىنى ئاچتى، يەتمىش ئىككى تال كېسەك ئالتۇننى بىردىن ساناپ ئۈستەل ئۈستىگە تىزدى. بۇ بايلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. يېقىنقى بىر يىل ئىچىدە مەركىزىي قوماندانلىق ئىشتابى پارچىلىنىپ، ئىنقىلاب كاتتىباشلار ئارىسىدىكى قانلىق ماجىراغا ئايلىنىپ كەتكەن، بۇ مالىماتاڭچىلىق ئىچىدە ھېچكىمنىڭ ھېچقانداق مەسئۇلىيىتىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغاچقا، قوزغىلاڭچىلارنىڭ بۇ ئالتۇنلىرى نوكچا كېسەك قىلىپ قۇيۇلۇپ لايلانغاندىن كېيىن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ يەتمىش ئىككى پارچە كېسەك ئالتۇننىمۇ تەسلىمنامىگە كىرگۈزۈپ، مەسلىھەتسىزلا ئىمزا قويۇۋەتتى. جۇدەپ كەتكەن يىگىت تىنىق قوڭۇر كۆزلىرى بىلەن ئورېلىئانونىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە ئالدىدا تىك تۇرۇۋەردى.

— يەنە ئىشىڭ بارمىدى؟ — سورىدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو.

— ھۆججەت! — دېدى ياش پولكوۋنىك چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھۆججەت يېزىپ قولىغا تۇتقۇزدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇنىڭدىن كېيىن موناخ بەرگەن بىر ئىستاكان لىمون سۈيىنى ئىچىپ، پېچىنىدىن

بىرنى يېدى ـ دە، ئۆزىگە ھازىرلانغان ھەربىي چېدىرغا دەم ئالغىلى كىرىپ، كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ كارىۋاتنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى. چۈشتىن كېيىن سائەت 3 تىن 15 مىنۇت ئۆتكەندە تاپانچىسىنى شەخسىي دوختۇرى كۆكرىكىگە يود بىلەن سىزىپ بەرگەن چەمبەرگە توغرىلاپ پاڭڭىدە ئاتتى. ئۇرسۇلا شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئوچاقتىكى سۈت كورىسىنىڭ تۈۋۈنى ئېچىۋىدى، سۈتنىڭ شۇنچە ۋاقىتقىچە پىژىلداپمۇ قويمىغانلىقى، يەنە كېلىپ سۈتتە قۇرت مىغىلداپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى.

— ئورېلىئانونى ئېتىۋېتىپتۇ! — ۋارقىرىۋەتتى ئۇرسۇلا.

غېرىبلىقتا كۆنگەن ئادىتى بويىچە ھويلىغا نەزەر سالدى، يامغۇردا چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن، چىرايىنى قايغۇلۇق تۇس قاپلىغان، ئۆلگەن ۋاقتىدىكىدىنمۇ قېرىپ كەتكەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە قوشۇملىرى تۈرۈلگەن ھالدا قاراپ تۇراتتى.

— ئۇلار ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي ئۆلتۈرۈشتى، — دېدى ئۇرسۇلا كېيىسپلا ئېيتىپ، — رەھمى كېلىپ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ قويىدىغانمۇ ئادەم چىقمىدى.

ئۇرسۇلا كەچقۇرۇندا ياشلانغان كۆزلىرى بىلەن ئاسماندا چاقماق ـ چېقىنىدەك تېز ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزغۇچ سېرىق يۇمىلاق تەخسىنى كۆرۈپ، بۇنىڭ ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى ئىكەنلىكىگە شەكسىز ئىشەندى. نىھايەت، كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئېرىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويۇپ يىغلاپ ئولتۇرغىنىدا پولكوۋنىك ئورېلىئانونى ئېلىپ كېلىشتى، قان دېغىدا قېتىپ كەتكەن ئەدىيالغا ئورالغان ئورېلىئانونىڭ كۆزلىرى غەزەپتىن چەكچىيىپ تۇراتتى.

ھاياتىغا خەۋپ يەتمىگەنىدى. دوختۇر ئوق تېشىپ ئۆتكەن تۆشۈكتىن يودقا چىلانغان ئىنچىكە لېنتىنى ھېچ قىينالمايلا كۆكرىكىدىن كىرگۈزۈپ دۈمبىسىدىن تارتىۋالدى.

— بۇ ئوق مۇھىم ئەزالىرىنى زەخىملەندۈرمەيلا تېشىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان بىردىنبىر جاي، — دېدى دوختۇر مەمنۇنىيەت بىلەن.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەتراپىدا ئۇمىدسىزلىك ئىچىدە روھىغا ئاتاپ ھەسرەت بىلەن تىلاۋەت ئوقۇۋاتقان بىر توپ پىراكتىكانت موناخنى كۆرۈپ، پېلار تېرنېرانىڭ بېشارىتىنى مازاق قىلىش ئۇچۇن بولسىمۇ باشتىكى ئويى بويىچە ئوقنى ئاغزىغا ئاتمىغانلىقىغا قاتتىق ئەپسۇسلاندى.

— ھازىرمۇ ھوقۇق تۇتۇۋاتقان بولسام، — دېدى دوختۇرغا، — مېنى قۇتقۇزۇۋالدىم دەپ مازاققا قويغىنىڭ ئۇچۇن سېنى سوتلىمايلا ئېتىپ تاشلىغان بولاتتىم.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ مەھرۇم بولغان شۆھرىتى نەتىجىسىز ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنۇشى بىلەن بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا ئەسلىگە كەلدى. تامىلىرى خىش ئالتۇندىن قوپۇرۇلغان ئۆينى كۆزلەپ ئىنقىلابنى ساتتى، دەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە يالغان ـ ياۋىداق توقۇغانلار ئەمدى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆزىنى ئېتىۋالغانلىقىنى مەردانىلىق دەپ قاراپ، غايىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە بولۇشچە مەدھىيە ئوقۇدى. كېيىن جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتى تەقدىم قىلغان شەرەپ مېدالىنى رەت قىلغاندا، ھەتتا مۇتلەق سىغىشالمايدىغان ئەشەددىي دۈشمەنلىرىمۇ بەس ـ بەستە ئۆيىگە كېلىپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدىن يېنىۋېلىپ، يېڭىدىن ئۇرۇش قوزغىشىنى تەلەپ قىلىشتى. ئۆيگە ناماقۇللۇق سوۋغىلىرى توشۇپ كەتتى. بۇرۇنقى سەپداشلىرىنىڭ كېچىكپرەك بولسىمۇ كۆچلۈك قوللىغانلىقىدىن تەسىرلەندى ھەمدە كۆپچىلىكنىڭ رايىغا بېقىش ئېھتىماللىقىنى چەتكە قاقمىدى. شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، بەزىدە قايتىدىن ئۇرۇش قوزغاشقا بېرىلگەندەكمۇ قىلدى. پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسمۇ ئۇنى ئۇرۇش قوزغاشقا مۇۋاپىق سەۋەب ئىزدەۋاتىدۇ، دەپ قارىدى. سەۋەبمۇ راستىلا تېپىلدى. يەنى، جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتى ئالاھىدە كومىتېت لىبېراللار ياكى كونسېرۋاتىپلاردىن ئۇرۇشقا قاتناشقان كونا ئەسكەرلەرنى بىرمۇبىر ئېنىقلاپ چىقمىغۇچە نەپىقە پۇلى بېرىلمەيدۇ، دەپ جاكارلىغاندى.

— بۇ كېلىشىمنى ئاياغ ـ ئاستى قىلغانلىق، — توۋلىدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو غەزەپ بىلەن، — ئۇلار پوچتىدىن كېلىدىغان نەپىقە پۇلى قولىغا تەگكىچە قېرىپ ئۆلۈپ بولمامدۇ!

ئۇرسۇلا ئۇنىڭغا يارىسى ساقايغۇچە ئولتۇرسۇن دەپ ئېلىپ بەرگەن تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدىن قوپۇپ، ئۆيدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ، جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتىغا قاتتىق ۋەزىندە بىر پارچە تېلېگراممىا تېكىستىنى ئاغزاكى ئېيتىپ بەردى. ئوچۇق ئېلان قىلىنمىغان بۇ تېلېگراممىسىدا پىرىزدېنتنىڭ نىراندىيە كېلىشىمگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق سۆزلەر بىلەن سۆكۈپ «ئەگەر نەپىقە پۇلى مەسىلىسى ئىككى ھەپتە ئىچىدە ھەل قىلىنمايدىغان بولسا، يەنە بىر قېتىم ئۇرۇش قوزغىغىنىم قوزغىغان» دەپ تەھدىت سالدى. پوزىتسىيەم شۇ قەدەر ئادىل بولدى دەپ ئويلاپ، كونسېرۋاتىپلارنىڭ قوللىشىدىنمۇ ئۈمىد كۈتكىلى تۇردى. نىھايەت، ھۆكۈمەتنىڭ بىردىنبىر جاۋابى شۇ بولدىكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانونى قوغداش باھانىسى بىلەن ئۆيىنىڭ ئالدىغا قوشۇن ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھەرقانداق ئادەمنىڭ يېنىغا كىرىشىنى مەنئى قىلدى، نازارەت قىلىپ كۆزىتىشكە توغرا كېلىدىغان باشقا ھەربىي ئاتامانلارغىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللاندى. دەل ۋاقتىدا قوللىنىلغان بۇ ئۇنۇملۇك جىددىي ھەرىكەت نەتىجىسىدە ئۇرۇش توختاپ ئىككى ئايدىن كېيىن پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ يارىسى سەللىمازا ساقايغاندا، ئەينى چاغدا بىرەر ئىش تەۋرىتىشكە بەكرەك قۇتراتقان قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلدى، چېگرا سىرتىغا سۈرگۈن قىلىنغىنى سۈرگۈن قىلىندى ياكى جان ـ دىلى بىلەن ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا كىرىپ بولدى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو دېكابىردا ھۇجرىسىدىن چىقىپ پېشايۋانغا بىر قاراپلا ئەمدى ئۇرۇش قوزغاش نىيىتىدىن ياندى. ئۇرسۇلا شۇ يېشىغا تامامەن ماس كەلمەيدىغان غەيرىتى بىلەن ئۆيلەرنى ئاقارتىپ يېپيېڭى قىلىۋەتكەنىدى.

ــ مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ئەمدى بىلىپ قېلىشسۇن، ــ دېدى ئوغلىنىڭ ساقىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ــ بۇ جاھاندا بىزنىڭ بۇ ساراڭلار ساناتورىيەمىزدىنمۇ چىرايلىق ھەم مېھماندوست ئۆينى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئۇرسۇلا ئۆيلەرنى تازىلاتقۇزدى، سىرلاتتى، ئۆي جاھازلىرىنى ئالماشتۇرغۇزدى، گۈللۈكنى رەتكە سالدى، يېڭى گۈل سورتلىرىنى تىككۈزدى، ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى

ئۇلۇغ ئېچىۋېتىپ ياتاق ئۆيلەرنىمۇ ئاپتاپقا سالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئايغى ئۇزۇلمەي كەتكەن قارلىق ۋاقىتنىڭ تامامىلانغانلىقىنى جاكارلىدى، ئۆزىمۇ سۇرلۇك كونا قارلىق كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، ياشلىق جىلۇىلىنىپ تۇرىدىغان ياشلار پاسونىدا يېڭى كۆينەك كىيدى. ئاپتوماتىك پىيانىنودىن شوخ مۇزىكىلار قايتا ياڭراپ، ئۆي شادىمان كەيپىياتقا تولدى. ئامارانتا پىيانىنو مۇزىكىلىرىنى ئاڭلاپلا پېترو كىرىسپىنى، پېترو كىرىسپىنىڭ قاش قارايغان مەھەلدە مەيدىسىگە ساتارى گۇلىنى تاقىغىنىچە كىرىپ كەلگەن قىياپىتىنى ئەسلىدى، ئۇستىپىشىدىن تارىلىپ تۇرىدىغان خۇشبۇي ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلغاندەك بولدى، مىسكىن كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يىللارنىڭ چايقىشى بىلەن پاكلانغان ساپ ھەسرىتى قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئۇرسۇلا بىركۈنى كەچقۇرۇن مېھمانخانىنى رەتلەۋېتىپ ھويلىنى بېقىۋاتقان قاراۋۇللارنى ياردەمگە چاقىرىۋىدى، ياش قاراۋۇللار باشلىقى بۇ تەلىپىنى تەستىقلىدى. ئۇرسۇلا ئەسكەرلەرگە بارا ـ بارا تېخىمۇ كۆپ ۋەزىپە تاپشۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلاتتى، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياغلارنى بېرەتتى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ خەت ساۋاتىنى چىقىراتتى. كېيىن ھۆكۈمەت كۆزەتچىلەرنى قايتۇرۇپ كېتىدىغان چاغدا ئەسكەرلەردىن بىرى ئۇرسۇلانىڭ ئۆيىدە قېپقېلىپ ئۇزۇن يىللارغىچە بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ھېلىقى ياش قاراۋۇللار باشلىقى ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ مەنسىتمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن سەۋدايى بولۇپ قېلىپ، يېڭى يىلنىڭ بىرىنچى كۈنى سەھەردە رېمەدىسنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئىشق دەردىدە ئۆلدى.

# ئونىنچى باب

نۇرغۇن يىلدىن كېيىن ئورېلىئانو II جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئىيۇن ئېيىدىكى سىم ـ سىم يامغۇر يېغىۋاتقان بىركۈنى چۈشتىن كېيىنلىكى تۇنجى ئوغلىنى كۆرۈش ئۈچۈن ياتاق ئۆيگە قانداق كىرگىنىنى ئېسىگە ئالىدۇ. ئوغلى ئاجىز، يىغلاڭغۇ ئىدى، بۇئېنىدىيەلەر جەمەتىگە زادىلا ئوخشاشمايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئورېلىئانو II قىلچە ئىككىلەنمەي:

— ئىسمىنى خوس ئاركادىئو قويايلى، — دېدى.

ئورېلىئانو II نىڭ شۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى ئەمرىگە ئالغان فېرناندا دېل كارپىئو ئاتلىق گۈزەل ئايالى ئېرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. بىراق، ئۇرسۇلا كۆڭلىدىكى يوشۇرۇن بىر بىئاراملىقنى يوشۇرالمىدى. ئائىلىسىنىڭ ئۇزاق تارىخىدا ئوخشاش ئىسىملارنى تەكرار قويۇش ئەنئەنىسىدىن يېشىنىڭ چوڭقىيىشىغا ئەگىشىپ ئۇرسۇلا مۇنداق بىر يەكۈننى چىقاردى: ئېتى ئورېلىئانو بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى جىمغۇر، ئەمما ئۆتكۈر كېلىدۇ. ئېتى خوس ئاركادىئو بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى چۇس، كەسىپچان كېلىدۇ، ئەمما پېشانىسىگە پاجىئە پۈتۈلگەن بولىدۇ. پەقەت خوس ئاركادىئو II بىلەن ئورېلىئانو II ئىككىيلەنلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. بۇ ئىككىسى بالا ۋاقىتلىرىدا شۇ قەدەر ئوخشىشىدىغان، شۇ قەدەر كەپسىز ئىدىكى، بەزىدە ئانىسى سانتا سوفىيە دېلا پېدادىمۇ ئۇلارنى ئايرىيالماي قالاتتى. ئۇلار چوقۇندۇرۇلغان كۈنى ئامارانتا ھەر ئىككىسىنىڭ قولىغا ئۆزلىرىنىڭ ئېتى ئويۇلغان بىلەزۈكنى سېلىپ، ئېتىنىڭ قىسقارتىلمىسى كەشتىلەنگەن باشقا ـ باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ قويدى. بىراق، ئۇلار مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن قەستەن كىيىملىرى ۋە بىلەزۈكلىرىنى، ھەتتا ئىسىملىرىنىمۇ بىر ـ بىرىنىڭكىگە ئالماشتۇرۇۋېلىشتى. مېچىل ئەسكارونا

مۇئەللىم يېشىل كۆكلەكلىكنى خوس ئاركادىئو Ⅱ دەپ تونۇپ ئادەتلەنگەنىدى. شۇڭا يېشىل كۆكلەكلىك بالىنىڭ قولىدا «ئورېلىئانو Ⅱ» دېگەن خەت ئويۇلغان بىلەزۈك تۇرغانلىقىنى، ئاق كۆكلەك كىيگىنىنىڭمۇ «ئورېلىئانو Ⅱ» دېگەن مەن دەۋالغانلىقىنى بىلىپ ئەرۋايى ئۇچتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قايسىسىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئايرىيالمىدى. ئۇلار بار ـ بارا چوڭ بولۇپ، بىر ـ بىرىگە تازا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى، ئۇرسۇلا بولسا شۇ چاغدىمۇ ئۇزىدىن: ئۇلار ئىسىم ئالماشتۇرۇش ئويۇنىنى ئويناپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئالمىشىپ قالغان بولغىيمىدى، مەڭگۈ ئالمىشىپمۇ كېتەرمۇ ئەمدى، دەپ سورايتتى. قوشكېزەكلەر بالاغەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىمۇ تۇرمۇشى ئوخشاشلا رىتىمدا ئىدى. دائىم بىرلا ۋاقىتتا ئويغىناتتى، بىرلا ۋاقىتتا مۇنچىغا كىرگۈسى كېلەتتى، ئاغرىپ قالسىمۇ تەڭ ئاغرىيتتى، ھەتتا ئوخشاشلا بىرخىل چۈشنى كۆرەتتى. ئۆيدىكىلەر بۇ ئىككىسىنىڭ ھەرىكەت بىرلىكىنى باشقىلارنى قايمۇقتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن ئويناشقانلىق دەپ بىلەتتى، بىركۈنى ئانىسى سانتا سوفىيە دېلا پېداد ھەقىقىي ئەھۋالنى بايقاپ قالدى: ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىدىن بىرىگە بىر ئىستاكان لىمون سۈيى بېرىۋىدى، ئۇ بالا ئاغزىغا ئېلىپ تېتىپ بولغىچە يەنە بىرى تاتلىق ئەمەسكەن، شېكەر سالماپسەن دېدى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد راستىنلا شېكەر سېلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىشنى دەرھال ئۇرسۇلاغا ئېيتىپ بەردى.

— ھەممىسىلا بىر قېلىپتىكى نېمىلەر، — دېدى ئۇرسۇلا قىلچە ئەجەبلەنمەي، — تۇغما ساراڭلار.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىشلار قالايمىقانلىشىپلا كەتتى. ئىسىم ئالماشتۇرۇش ئويۇنىدىن كېيىن ئورېلىئانو Ⅱ دېگەن ئېتىنى ساقلاپ قالغان بالا بوۋىسىغا ئوخشاشلا زەبەردەس يىگىت بولۇپ يېتىلدى، خوس ئاركادىئو Ⅱ دېگىنى بولسا پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئوخشاش ۋىجىك ئادەم بولۇپ قالدى، ئىككى بالىدىكى بىردىنبىر ئورتاقلىق جەمەتىدىن قالغان مىسكىنلىك ئىدى. ئېھتىمال، دەل ئەنە شۇنداق قامىتى، ئېتى ۋە مىجەز ـ خاراكتېرىدىكى چىگىچلەر تۈپەيلىدىن بولسا كېرەك، ئۇرسۇلا بۇ

قوشكېزەكلەرنى كىچىكىدىن باشلاپلا سالاھىيىتى ئالمىشىپ قالغان دېگەن قاراشتا ئىدى.

قوشكېزەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئۆرۈش ئەڭ قىزىۋاتقان پەيتتە تولۇق ئاشكارىلانغانىدى. خوس ئاركادىئو II پولكوۋنىك گېرىنلىېردو ماركوسقا ئادەم ئاتقاننى كۆرۈپ باقسام دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇرسۇلا قارشى تۇرۇپ باققان بولسىمۇ، بۇ مۇرادى ھاسىل بولۇۋەردى. بىراق، ئورېلىئانو II بولسا ئادەم ئاتقان يەرگە بېرىشنى ئويلىسىمۇ يۈرىكى پوكۇلداپ كېتەتتى، شۇڭا تالاغا چىقماي ئۆيدە جىم ئولتۇرۇشقا رازى ئىدى. ئورېلىئانو II ئون ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى ئۇرسۇلادىن دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىغان ئۆيدە نېمە بارلىقىنى سورىدى.

— قەغەزلەر بولمامدۇ، — جاۋاب بەردى ئۇرسۇلا، — مېرگادىسنىڭ كىتابلىرى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ئۇ.

بۇ جاۋاب ئورېلىئانو II نى قانائەتلەندۇرەلمەيلا قالماستىن، ئۇ ئۆيدىكى نەرسىلەرگە نىسبەتەن تېخىمۇ بەكرەك قىزىقىش پەيدا قىلدى. ئۇ ھېچقانداق نەرسىنى بۇزىۋەتمەيمەن، دەپ ۋەدە بېرىپ قۇلاقنى ئاغرىتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇرسۇلا ئاخىر ئاچقۇچنى بەردى. مېرگادىسنىڭ جەسىتى ئېلىپ كېتىلىپ ئىشىك قۇلۇپلانغاندىن باشلاپ بۇ ئۆيگە ھېچكىم كىرىپ باقمىغاچقا، قۇلۇپ داتلىشىپ ئېچىلماس بولۇپ كەتكەنىدى. بىراق، ئورېلىئانو II دېرىزىنى ئېچىشىغىلا گويا ئارىنى ئۇزمەي ھەر كۈنى كېلىپ تۇرىدىغان دائىملىق مېھماندەك پاللىدە يورۇق چۈشتى، يەنە كېلىپ ئۆي پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى، ئازراقمۇ چاڭ - توزان ياكى ئۆمۈچۈك تورى كۆرۈنمەيتتى، ھەتتا بىرسى سۈپۈرۈپ - يىغىشتۇرۇپ قويغاندەكلا مېرگادىس دەپنە قىلىنغان كۈنىدىكىدىنمۇ رەتلىك ۋە پاكىز تۇراتتى. سىياھ قۇتىسىمۇ قۇرۇپ قالمىغانىدى، مېتال بۇيۇملار داتلاشمىغان بولۇپ پارقىراپ تۇراتتى، تېخى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە سىماب تاۋلىغان ئوچاقنىڭ ئوتىمۇ ئۆچمىگەنىدى. كىتاب ئىشكاپىدا مۇقاۋىسى گويا ئەيلەنگەن ئادەم تېرىسىدىن ئىشلەنگەندەك رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، قەغەز تاختىدەك قېتىپ كەتكەن بىرمۇنچە كىتابلار تىزىقلىق تۇراتتى، بىر ئوبدان ساقلانغان قول

يازمىلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئۆي ئۇزۇن يىل ئېتىكلىك تۇرغان بولسىمۇ، ھاۋاسى باشقا ئۆيلەرنىڭكىدىنمۇ ساپتەك تۇراتتى. بارلىق نەرسىلەر شۇنداق سەرەمجان ۋە پاكىز ئىدىكى، ئۇرسۇلا بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندە چېلەك ۋە سۇپۇرگىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆي تازىلىغىلى كىرگەندە قىلغۇدەك ئىش يوقلۇقىنى بايقىدى. ئورېلىئانو II بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. بۇ كىتابنىڭ مۇقاۋىسى يوق بولغاچقا كىتاب ئېتىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، بۇ بالا كىتابتىكى قىزىق ھېكايىلەر ئىچىگە كىرىپلا كەتكەنىدى. ئۇ كىتابتا بىر ئايالنىڭ ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ گۇرۇچنى يىڭنە بىلەن سانجىپ ئاغزىغا سالىدىغانلىقى، يەنە بىر ھېكايىدە بىر بېلىقچىنىڭ قوشنىلىرىدىن تورغا ئاسىدىغان قوغۇشۇن ئاسقۇنى ئۆتنە ئالغانلىقى، كېيىن رەھمىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سوۋغا قىلغان بېلىقنىڭ قارنىدىن بىر ئالماس چىققانلىقى دېگەندەك ئاجايىپ ۋەقەلەر ھېكايە قىلىنغانىدى. يەنە تېخى ھەرقانداق تەلەپنى ئورۇنلىيالايدىغان خىسلەتلىك چىراغ بىلەن ئۇچار گىلەم ھەققىدىكى چۆچەكلەرمۇ بار ئىدى. ئورېلىئانو II بۇلارغا ھەيران بولۇپ ئۇرسۇلادىن بۇلارنىڭ ھەممىسى راستمۇ دەپ سورىۋىدى، ئۇرسۇلا بۇلارنىڭ راستلىقىنى، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى سىگانلارنىڭ ماكوندوغا شۇ خىسلەتلىك چىراغ ۋە ئۇچار گىلەمنى ئەپكەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— دېگەنبىلەن، — دېدى ئۇرسۇلا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — جاھان كۈندىن كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ نەرسىلەر ماكوندوغا ئەمدى ئىككىنچىلەپ كەلمەيدۇ.

بەتلىرى كەم بولغاچقا نۇرغۇن ھېكايىلەرنىڭ ئاخىرى تۈگىمىگەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئورېلىئانو II مېرگادىسنىڭ قول يازمىلىرىنى يېشىپ ئوقۇشقا كىرىشتى. بىراق، بۇ مۇشكۈل ئىشنى ئورۇندىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قول يازمىدىكى خەتلەر ئارغامچىغا يېيىپ قويۇلغان كىر - قاتلارغا ئوخشاش بولۇپ، يېزىقتىن كۆرە نوتىغا بەكرەك ئوخشىشاتتى. پىژغىرىم ئىسسىق بىر چۈشلۈكى ئورېلىئانو II قول يازمىلارنى تازا كۆڭۈل قويۇپ تەتقىق قىلىۋاتقىنىدا بۇ ئۆيدە ئۆزىنىڭ يالغۇز ئەمەسلىكىنى سېزىپ قالدى. مېرگادىس يوپيورۇق دېرىزىنىڭ ئالدىدا

قوللىرىنى ئىزلىرىغا قويۇپ ئولتۇراتتى. قىرىق ياشقىمۇ بارمىغانىدەك كۆرۈنەتتى، ئۈچىسىدا زامانغا لايىق كەلمەيدىغان ھېلىقى كونا كەمزۇل، بېشىدىمۇ قاغىنىڭ قانىتىغا ئوخشىشىدىغان ھېلىقى شىلەپە بار ئىدى. تاتىراڭغۇ چېكىلىرىدىن ئىسسىقتا ئېرىگەن مايغا ئوخشاش تەر تامچىلىرى قۇيۇلۇپ تۇراتتى، شۇ تۇرقى بىلەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن خوس ئاركادىئو بالىلىق دەۋرلىرىدە كۆرگەن سىياقتا ئىدى. ئورېلىئانو II بوۋاينى شۇ ئانلا تونۇۋالدى. چۈنكى، بۇ بوۋاينىڭ ئوبرازى بۇئېندىيە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئەجدادلىرىدىن تارتىپ تاكى بۇ بالىغىچە تەۋررۈك بولۇپ كەلگەنىدى.

— سالام، — دېدى ئورېلىئانو II .

— سالام، ئوغلۇم، — دېدى مېرگادىس.

ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى بىرنەچچە يىلدا ھەر كۈنى دېگۈدەك چۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈپ تۇردى. مېرگادىس ئۇزىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن ئىلىم - ھۈنەرلىرىنى ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويماقچى بولغاندەك جاھاندىكى ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى. لېكىن قول يازمىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ قويغىلى ئۇنىمايتتى.

— قول يازمىغا يېزىلغانلىرىنىڭ مەنىسىنى يۈز يىل توشمىغۇچە بىركىم بىلىسە بولمايدۇ، — دەيتتى چۈشەندۈرۈپ.

ئورېلىئانو II بۇ سۆھبەتلەرنى ئۆمۈرلۈك سىر قاتارىدا ساقلىدى. ئۇرسۇلا بىر قېتىم مېرگادىس بار چاغدا كىرىپ قالغانىدى، چۆچۈپ كەتكەن ئورېلىئانو II سىرلىق دۇنيارىم ئەمدى بەربات بولىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى. ھالبۇكى، سىگان ئۇرسۇلانىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىدى.

— بۇ يەردە كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتىسەن؟ — سورىدى ئۇرسۇلا.

— ھېچكىم بىلەن، — دېدى ئورېلىئانو II .

— ئۇلۇغ بوۋاڭمۇ مۇشۇنداق ئىدى، — دېدى ئۇرسۇلا، — ئۇمۇ دائىم ئۆز - ئۆزىگە بىر نېمىلەرنى دەيتتى.

خوس ئاركادىئو II نىڭ ئادەم ئاتقاننى كۆرۈش ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشتى. بىرلا ۋاقىتتا ئېتىلىدىغان ئالتە مىلتىقنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان كۆكۈچ يالقۇن،

ئوق ئاۋازىنىڭ ئېدىرلاردا قايتىلىنىپ ـ قايتىلىنىپ ئۆچكەن ئەكس ساداسى، شۇنداقلا جىنايەتچىنىڭ ئەلەملىك كۇلۇمسىرىشى ۋە ئەندىكىپ قاراشلىرى ئۆلگۈچە ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ. ئۇ ئادەم كۆڭلەكلىرىنىڭ قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكىنىگە قارىماي تىك تۇراتتى، كىشىلەر تۇۋرۇكتىن يېشىۋېلىپ لىق ھاك قاچىلانغان ئۆكەككە سالغاندىمۇ كۇلۇمسىرەپلا تۇردى. «تېخى تىرىك» دەپ ئويلىدى خوس ئاركادىئو II شۇ چاغدا. شۇنىڭدىن باشلاپ ھەربىي مەشىق ۋە ئۆلۈش دېگەنلەردىن سەسكەندى ــ ئادەم ئاتقاننى كۆرگەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى جاللاتلارنىڭ جىنايەتچىلەرنى تىرىك كۆمۈدىغانلىقى ئۈچۈن يىرگەنگەنىدى. قاچانلاردىن باشلاپكى، خوس ئاركادىئو II قوڭغۇراق مۇنارىغا چىقىپ قوڭغۇراق چېلىپ، «يېڭىياچى»نىڭ ۋارىسى پوپ ئانتونىئو ئىسابېلنىڭ ئىبادەت ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشكە باشلىدى، تېخى چېركاۋ ھويلىسىدا سوقۇشچى خورازلارنىمۇ باقتى. پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس بۇ ئىشنى بايقىغاندىن كېيىن ساپلا لىبېراللار يىرگىنىدىغان قىلمىقلارنى ئۆگىنىپسەن، دەپ خوس ئاركادىئو II غا قاتتىق كايىدى.

ــ چاتاق يېرى، ــ دېدى خوس ئاركادىئو II ، ــ مەن تۇغما كونسېرۋاتىپتەك قىلىمەن.

ئۇنىڭ نەزىرىدە تەقدىر ـ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنى شۇ ئىدى. غەزەپلەنگەن پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس بۇ ئىشنى ئۇرسۇلاغا ئېيتتى.

ــ ئەجەب ياخشى بوپتۇ، ــ دېدى ئۇرسۇلا ئەۋرىسىنى قوللاپ، ــ پوپلۇق نېسىپ بولسۇن، ئىلاھىم. پەرۋەردىگارىمىز ئاخىر ئائىلىمىزگە شاپائەت قىپتۇ.

ئۇرسۇلا ئۇزۇن ئۆتمەي پوپ ئانتونىئو ئىسابېلنىڭ خوس ئاركادىئو II نى بىرىنچى قېتىملىق ئەۋلىيا تامىقى مۇراسىمىغا ئاپارماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. پوپ سوقۇشچى خورازلارنىڭ بوينىدىكى پەيلىرىنى قىرقىغاچ دىنىنىڭ مۇھىم قائىدىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. ئاركادىئو II تۇخۇم باسۇرۇۋاتقان مېكىياننى كاتەككە كىرگۈزۈۋاتقاندا پوپ مۇشۇ ئەڭ ئاددىي مىسال ئارقىلىق تەڭرىنىڭ ئالەم ئاپىرىدە بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى توخۇنى تۇخۇم ئىچىدە تۆرەلدۈرۈش ئامالىنى تاپقانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. پوپ

ئانتونىئو ئىسابېلدا قېرىلىقنىڭ ئالجىشتەك دەسلەپكى ئالامەتلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغانىدى، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن ھەتتا شەيتان تەڭرىدىن يۈز ئۆرۈپ غەلىبە قىلغانەي، ھازىر باقىي ئالەمنىڭ تەختىدە ئولتۇرۇۋاتىدۇرەي، سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ ئادەملەرنى دامىغا چۈشۈرۈۋاتىدۇرەي... دەپ بىلجىرلاشقا باشلىدى. خوس ئاركادئو II مۇشۇنداق ئالجىوقا ئۇستازىنىڭ دادىل تاۋلىشى بىلەن قىسقىغىنە بىرنەچچە ئاي ئىچىدىلا شەيتانىمۇ ئازدۇرغۇدەك دىنىي كارامەتنى بىلىۋالدى، بۇ كارامىتى خوراز سوقۇشتۇرۇشنىڭ كارامەتلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئامارانتا ئۇنىڭغا قاتتىق ياقىلىق ۋە گالىستۇكلۇق كاناپ چاپان تىكىپ بەردى، ئاپئاق ئۆتۈكمۇ ئېلىپ بەردى، شۇنداقلا گالىستۇكىغا زەر يىپ بىلەن ئېتىنى كەشتىلەپ بەردى. پوپ ئانتونىئو ئىسابېل ئەۋلىيا تامىقى ئېلىشتىن ئىككى كۈن بۇرۇن خوس ئاركادئو II نى باشلاپ تەۋەررۈكخانىغا كىرىۋېلىپ، گۇناھ قامۇسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خوس ئاركادئو II نىڭ تۆۋىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ گۇناھ قامۇسى شۇنداق ئۇزۇنكى، ياشىنىپ قالغان، سائەت ئالتىدىلا ئۇخلاپ كۆنۈپ قالغان پوپ ئانتونىئو ئىسابېل سورىقىنى تۈگەتمەيلا ئولتۇرغان پېتى ئۇخلاپ قالدى. بۇ سوراق خوس ئاركادئو II نىڭ نەزەر دائىرىسىنى تازا كېڭەيتكەنىدى. پوپ ئۇنىڭدىن ئاياللار بىلەن ناشايان ئىش قىلدىڭمۇ، دەپ سورىغاندا، خوس ئاركادئو II زادىلا ھەيران قالماي سەممىيلىك بىلەن ياق دەپ جاۋاب بەردى. بىراق، پوپ ھايۋانلار بىلەن ناشايان ئىش قىلىپ باقتىڭمۇ، دەپ سورىغاندا بولسا چۈشىنەلمەي قاتتىق ھاڭ ـ تاڭ قالدى. خوس ئاركادئو II ماي ئېيىنىڭ بىرىنچى جۈمە كۈنى ئەۋلىيا تامىقى ئالدى. كېيىن ھېلىقى قىزىقسىنىشنىڭ ۋەسۋەسىسىدە چېركاۋ تەۋەررۈكلىرىنى ساقلىغۇچى پېترونىئودىن سورىدى. تېنىنى كېسەل چىرمىۋالغان، قوڭغۇراق مۇنارىدا يېتىپ ـ قوپىدىغان پېترونىئونى شەپەرەڭ يەپ كۈن كەچۈرەرمىش دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

— بەزى چۈشكۈن خىرىستىيانلار مادا ئېشەكلەر بىلەن ئاشۇنداق ئىش قىلىدۇ، — جاۋاب بەردى پېترونىئو.

بۇنىڭ بىلەنمۇ قىزىقسىنىشى بېسىلمىغان خوس ئاركادئو كوچىلاپ سوراپلا

كەتتى. پېترونىئو ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن ئاخىر زېرىكتى.

— مەنمۇ ھەر سەيشەنبە كۈنى ئاخشىمى بارىمەن، — دېدى سىرىنى ئاشكارىلاپ، — ئەگەر ھېچكىمگە تىنمايمەن دەپ ۋەدە بەرسەڭ، كېلەر سەيشەنبە كۈنى سېنىمۇ بىللە ئاپىراي.

دېگەندەك، سەيشەنبە كۈنى پېترونىئو بۇرۇن قانداق ئىشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان كىچىك ئورۇندۇقنى كۆتۈرۈپ قوڭغۇراق مۇنارىدىن چۈشۈپ، خوس ئاركادىئو II نى يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئېغىلغا باشلاپ كىردى. بالىغا بۇنداق كېچىلىك پائالىيەت شۇ قەدەر يېقىپ كەتتىكى، خېلى ئۇزۇنلارغىچە كاتالىنونىڭ ئويۇن مەيدانىغىمۇ بارماي قويدى.

خوس ئاركادىئو II سوقۇشچى خوراز يېتىشتۈرۈشكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كەتكەندى.

— بۇ جانىۋارلىرىڭنى باشقا يەرگە ئەپكەت! — بۇيرۇق قىلدى ئۇرسۇلا بۇ ئەۋرىسى ئېسىل سورتلۇق سوقۇشچى خورازلارنى بىرىنچى قېتىم ئۆيگە ئېلىپ كەلگەندىلا، — خوراز سوقۇشتۇرۇپ ھېلىمۇ ئاز خاپىلىق تارتمىدۇق، يەنە ئېلىپ كەلگىنىڭ نېمىسى.

خوس ئاركادىئو II گەپ ياندۇرمايلا دېگىنىدەك قىلدى، لېكىن خورازلىرىنى مومىسى پىلار تېرنېرانىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ بېقىۋەردى. مومىسى بولسا نەۋرىسى كېلىشكە ئۇنايدىغانلا ئىش بولسا، دېگىنىنى قىلىپ بېرىشكە رازى ئىدى. خوس ئاركادىئو II پوپ ئانتونىئو ئىسابېل ئۆگىتىپ قويغان پاراستىنى خوراز سوقۇشتۇرۇشقا ئىشلىتىپ، ئۇزۇنغا بارمايلا نۇرغۇن پۇل تاپتى. بۇ پۇللار باقمىچىلىقىنى كېڭەيتىشكىلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقىمۇ يېتەتتى. ئۇرسۇلا بۇ چاغدا خوس ئاركادىئو II نى قېرىنىدىشى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، بالىلىق چاغلىرىدا شۇنداق ئوخشىشىدىغان بۇ قوشكېزەكلەرنىڭ ئاخىرىدا نېمىشقا شۇ قەدەر پەرقلىق بولۇپ قالغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. بىراق، بۇنداق گاڭگىرىشى ئۇزۇنغا بارمىدى. چۈنكى، ئورېلىئانو II دىمۇ ئەمدى ھورۇنلۇق ۋە شاللاقلىق خاھىشى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالغان

چاغلاردا پولكوۋنىڭ ئورېلىئانونىڭ ياش ۋاقىتلىرىغا ئوخشاش ئويچان بولۇپ كەتتى. ئەمما نىراندىيە كېلىشىمى ئىمزالىنىشتىن سەل ئىلگىرى سادىر بولغان تاسادىپىي بىر ئىشتىن كېيىن ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن چىقىپ رېئال دۇنياغا قايتىپ كەلدى. بىركۈنى گارمونىنىڭ لاتارىيە بېلىتىنى سېتىپ يۈرگەن بىر چوكان تۇرۇپلا قىزغىن سالام ـ سەھەت قىلىپ كەتتى. ئورېلىئانو II ھەيران قالمىدى. چۈنكى، كىشىلەر دائىم ئۆزىنى قېرىندىشىغا ئوخشىتىپ قالاتتى. بىراق، ئۇ چوكان يىغىسى بىلەن كۆڭلىنى ئېرىتكەن ھەمدە ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرگەن چاغدىمۇ ئۇ چوكانغا خاتالىشىۋاتقانلىقىنى ئېيتمىدى. چوكان شۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن ئورېلىئانو II گە تېخىمۇ ئامراق بولۇپ كەتتى، ھەتتا لاتارىيە بېلىتىگە ھىيلە ئىشلىتىپ بىر گارمون ئۇتقۇزۇپمۇ بەردى. ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئورېلىئانو II بۇ چوكاننىڭ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىلەن نۆۋەتلىشىپ يېتىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنى بىر ئادەم دەپ قالغانلىقىنى بايقىدى، شۇندىمۇ ھەقىقىي ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتمىدى، ئەكسىچە بۇ ھالەتنى بىر ئامال قىلىپ داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئورېلىئانو II شۇنىڭدىن كېيىن مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە كىرمەس بولدى. چۈشتىن كېيىن ھويلىدا ئولتۇرۇپ گارمون ئۆگىنەتتى. ئۇرسۇلا بولسا بۇنىڭغا قارشى ئىدى. چۈنكى، بۇ قارىلىق تۇتۇۋاتقان چاغلار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە گارمونىنى فىرانسىسكولارنىڭ ئەۋلادى بولمىش سەرگەردانلارلا چالىدىغان چالغۇ دەپ قارىغاچقا، گارمونغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ۋەھالەنكى، ئورېلىئانو II بۇنىڭدىن پەرۋايى پەلەك چېلىۋېرىپ ئاخىر ئۇستا گارمونچى بولۇپ يېتىشتى، ئۆي ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولۇپ، يۈز ـ ئابرۇيلۇق كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىنمۇ بۇ ھەۋەسىدىن قالمىدى.

ئورېلىئانو II بىلەن قېرىندىشى ئىككى ئايغىچە ھېلىقى چوكاننىڭ پەيزىنى بىللە سۈرۈشۈپ يۈردى. ئۇ قېرىندىشىنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ، پىلانلىرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتەتتى ـ دە، شۇ كېچىسى ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق ئاشنىسىنى ئىزدەپ بارمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىنلا ئۇ چوكاننىڭ يېنىغا باراتتى. بىركۈنى ئەتىگىنى ئۆزىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى

بايقىدى. ئىككى كۈندىن كېيىن قىرىندىشىنىڭ مۈنچىدا قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، مۈنچىنىڭ تۈۋرۈكىنى قۇچاقلىغىنىچە يىغلاپ ئىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، شۇ ئان سەۋەبىنى چۈشەندى. قىرىندىشى ھېلىقى چوكاننىڭ، سەن ماڭا تاناسىل كېسىلىنى يۇقتۇرۇپ قويدۇڭ، دەپ قوغلاپ چىقارغانلىقىنى ئىقرار قىلدى ھەمدە پېلار تېرنېرانىڭ داۋالاپ قويماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئورېلىئانو II يوشۇرۇن ھالدا ياللۇغلانغان ئورۇننى قىزىق مەرگەنسۇپ بىلەن يۇيۇپ بەردى، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرىدىغان دورىلارنىمۇ ئىچىپ بەردى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسى ئۈچ ئاي يوشۇرۇن دەرد تارتقاندىن كېيىن ساقىيىپ كەتتى. خوس ئاركادىئو II ئۇ چوكانغا ئىككىنچىلەپ يېقىن يولىمىدى. ئورېلىئانو II بولسا ئۇ چوكاننىڭ كەچۈرۈمىگە ئېرىشىپ تاكى ئۆلگۈچە ئۇنى تاشلىمىدى.

بۇ چوكاننىڭ ئېتى پېترا كېتىس ئىدى. ئۇرۇش ئەڭ شىددەتلىك داۋاملىشىۋاتقان مەزگىلدە لاتارىيە بېلەتى سېتىپ كۈن ئالىدىغان ئېرى بىلەن بىللە ماكوندوغا كەلگەنىدى. ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئېرىنىڭ تىجارىتىنى داۋاملاشتۇردى. قارا تەنلىك بىلەن ئاق تەنلىكنىڭ نەسلىدىن بولغان بۇ پاكىز، ياش ئارغۇن چوكاننىڭ چېقىر كۆزلىرى چىرايىغا جەنۇبىي ئامېرىكا يىلپىزىدەك سۇرلۇك تۈس بېرىپ تۇرسىمۇ، مەردانە ۋە ئاجايىپ مېھرى ئىسسىق ئىدى. ئۇرسۇلا خوس ئاركادىئو II نىڭ خوراز سوقۇشتۇرغۇچى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئورېلىئانو II نىڭ بولسا ئاشنىسىنىڭ قىزىق ئولتۇرۇشىدا گارمون چېلىپ بېرىش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئېلىشىپ قالغىلى تاسلا قالدى. بۇ قوشكېزەكلەر ۋۇجۇدىغا ئۆز جەمەتىنىڭ جىمى كەمچىلىكلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن، ئەمما ھېچقانداق پەزىلىتىگە ۋارىسلىق قىلمىغانىدى. ئۇرسۇلا ئەمدى جەمەتىمدە ھېچكىمگە ئورېلىئانو ۋە خوس ئاركادىئو دەپ ئات قويدۇرمايمەن دەپ نىيەت قىلدى. ھالبۇكى، ئورېلىئانو II تۇنجى ئوغلىغا يەنە شۇ ئىسمىنى قويىمەن دېگەندە قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمىدى.

— ماقۇل، — دېدى ئۇرسۇلا، — لېكىن بىر شەرتىم بار، بالىنى مەن باقىمەن.

ئۇرسۇلا يۈز ياشتىن ئاشقىنىغا، كۆزىگە ئاق چۈشۈپ ئەما بولۇپ قالاي دېگىنىگە

قارىماي ھېلىمۇ شۇنداق تېتىك، كاللىسى سەگەك ئىدى. بۇ بالىنى بېقىپ جەمەتىنىڭ ئابرۇيىنى قايتىدىن تىكلىگۇدەك يۈكسەك پەزىلەتلىك قابىل ئىقتىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈشكە ئۇرسۇلادىنىمۇ لايىقراق بىرەرسى يوق ئىدى، بۇ بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، شاللاق ئاياللارغا بېرىلىش ۋە ئەسەبىيلىكتىن نېرى ئادەم بولۇپ چىقىشىغا ئىشىنەتتى. ئۇرسۇلانىڭ نەزىرىدە، بۇ تۆت ئاپەت جەمەتىنى خارابلىققا ئىتتىرىۋاتقان باش سەۋەبكار ئىدى.

— بۇ بالا پوپ بولۇپ چىقىدۇ، — دېدى ئۇرسۇلا تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، — پەرۋەردىگارىم ئۆمرۈمنى بەرسە، چوقۇم پاپا بولغانلىقىنىمۇ كۆرىمەن، تېخى.

ئۇسۇلانىڭ بۇ گېپىگە ئۆيدىكىلەرلا ئەمەس، ئورېلىئانو II بىلەن بىللە ئۆيگە يىغىلغان قۇلاقكەستى ئاغىنىلىرىمۇ قوشۇلۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇرۇش ئۇنتۇلۇپ ئاچچىق ئەسلىمە بولۇپ قالغانىدى. شۇ چاغدا كىشىلەر شامپانسكى بوتۇلكىلىرىنىڭ پاقىلداپ ئېچىلىشلىرى بىلەن شۇ ئان مىلتىقلار پاقىلداپ، توپلار گۈمبۈرلەپ ئېتىلىپ تۇرغان كۈنلەرگە قايتقاندەك بولۇپ قالدى.

— پاپانىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، خوشە! — ۋاقىرىدى ئورېلىئانو II قىزىقچىلىق قىلىپ.

مېھمانلار تەڭلا ئاۋاز قوشۇپ كۆتۈرۈۋەتتى. ئاندىن ساھىبخان گارمون چېلىشقا باشلىدى. پوجاڭزىلارنىڭ پاراسلاپ ئېتىلغان تەنتەنىلىك ئاۋازى، شادىمان داقا ـ دۇمباق سادالىرى بازار ئاسمىنىدا ياڭرىدى. ھاراققا چىلىشىپ كەتكەن مېھمانلار سەھەر ۋاقتىدا ئالتە توپاقنى سويۇپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپ ئۇدۇل كەلگەن كىشىلەرنىڭ خالىغىنىچە كېسىپ ئېلىپ كېتىشىگە قويۇپ بەردى. بۇ ئىشلاردىن ھېچكىم ھەيران قالمىدى. چۈنكى، ئائىلىنىڭ ھوقۇقىنى ئورېلىئانو II تۇتقاندىن بۇيان، «پاپا»نىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ئوخشاش ئورۇنلۇق سەۋەب بولمىغان تەقدىردىمۇ، بۇنداق ئولتۇرۇشلار ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالغانىدى. ئورېلىئانو II مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ھېچقانچە كۈچىمەيلا تەلىيىگە، يەنى بېقىۋاتقان جاندارلىرىنىڭ سىرلىق كۆپىيىش ئىقتىدارىغا تايىنىپلا سازلىق رايونىدىكى ساناقلىق كاتتا بايلاردىن بولۇپ

قالغانىدى. باققان بايتاللىرى بىر قېتىمدا ئۈچنى قۇلۇنلايتتى، مېكىيانلىرى كۈنىگە ئىككى ۋاخ تۇخۇم تۇغاتتى، چوشقىلىرى ھەيران قالارلىق تېز سۈرئەتتە سەمرىيتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ھېچكىم چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەچكە، سېھىرگەرلىك دەپ چۈشەنمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

— ئاياپراق خەجلە، — دەيتتى ئۇرسۇلا بەتخەج ئەۋرىسىگە، — تەلىيىڭ ئۆمۈر بويى بۇنداق ئوڭدىن كېلىۋەرمەيدۇ.

ئورېلىئانو II بولسا ئۇلۇغ مومىسىنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلمايتتى. ئاغىنىلىرنى شامپانسكى بىلەن قانچە مېھمان قىلغانسېرى، جانىدارلىرى شۇنچە تېز كۆپىيەتتى، ئۆزى بولسا بۇنداق تەلىيىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ بىرنېمە قىلىۋاتقانلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئاشنىسى پېترا كېتىسقا باغلىق ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. چۈنكى، پېترا كېتىسنىڭ مۇھەببىتى تەبىئەتنى جانلاندۇرىدىغان بىر خىل ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. ئورېلىئانو II مال - دۇنياسىنىڭ يىلتىزى شۇ ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇچۇنمۇ پېترا كېتىسنى ئۆزىنىڭ جانىدارلىرىدىن زادىلا نېرى قىلمايتتى، ئۆي تۇتۇپ بالىلىق بولغاندىن كېيىنمۇ خوتۇنى فېرناندانىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئاشنىسى بىلەن ئويناپ يۈرۈۋەردى. ئورېلىئانو II ئەجدادلىرىغا ئوخشاش تەمبەل، ئەمما ئەجدادلىرىغا يات راھەتپەرەس ۋە ئاجايىپ يېقىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى. مېلىغا قارىغۇدەك چولىسىمۇ تەگمەيتتى، قىلىدىغان ئىشى پەقەت پېترا كېتىسنى ئېغىل - قوتانلىرىغا باشلاپ بېرىش ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يايلاقنى ئاتلىق چۆرگىلەپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بەلگىسى قويۇلغان ھەربىر مالغا داۋاسى يوق «كۆپىيىش كېسىلى»نى يۇقتۇرۇش ئىدى.

ئورېلىئانو II بۇ زور بايلىقىغمۇ ئۆمۈر بويى كېلىپ تۇرغان ئامەتلىرىگە ئوخشاشلا ئىنتايىن تاسادىپەن ئېرىشىپ قالغانىدى. پېترا كېتىس ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە لاتارىيە بېلىتى سېتىپ جېنىنى جان ئەتكەن بولسا، ئورېلىئانو II ئۇرسۇلانىڭ كوزىدا ساقلاۋاتقان پۇللىرىنى ئوغرىلاپ كۈنىنى كۈن ئېتەتتى. ئىككىسى شاللاق ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇشۇپ ھەر ئاخشىمى بىللە يېتىشتىن باشقىنى

ئويلمايتتى، پەرھىز كۈنلىرىنىمۇ نېسى قويماي تاڭ ئاتقىچە ئوينىشىپ چىقاتتى.

— بۇ خوتۇن سېنى كاردىن چىقارماي قويمايدۇ، — ۋارقىرايتتى ئۇرسۇلا ئەۋرىسىنىڭ چۈش سەيلىچىسىدەك ماغدۇرسىز كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، — بېشىڭنى ئايلاندۇرۇۋاپتۇ، ئالتە كۈندە خۇددى قورسىقىڭغا پاقا كىرىۋالغاندەك ئاغرىقتىن يۇمىلىمىغىنىڭنى بىر كۆرەي.

ئاشىنىسىغا ئورېلىئانو II نىڭ شېرىك بولۇۋاتقانلىقىنى خېلى ئۇزۇندىن كېيىن بايقىغان خوس ئاركادىئو II بۇ قېرىندىشىنىڭ ئۇ خوتۇنغا بۇنچە ئاشىق بولۇپ كەتكىنىنى زادىلا چۈشىنەلمىدى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، پېترا كېتىس ئادەتتىكىدەكلا بىر ئايال ئىدى، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئىلىۋالغۇدەك ھېچ جەزبى يوق بولۇپ، يوتقاندىمۇ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆزىنى تاشلاپ ياتاتتى. نىھايەت، ئورېلىئانو II ئۇرسۇلانىڭ كوتۇلداشلىرىغىمۇ، قېرىندىشىنىڭ مەسخىرىسىگىمۇ پەرۋا قىلماي قۇلىقىنى يوپۇرۇپ يۈرىۋەردى. ئۇ چاغلاردا بىرەر ئىش ـ ئوقەت تېپىپ پېترا كېتىسنى بېقىش، ئەسەبىيلەشكەن بىر كېچىسى پېترا كېتىس بىللە ئۆلۈش، ئۆلگەندىمۇ پېترا كېتىسنىڭ قۇچىقىدا ئۆلۈشنىڭلا كويىدا ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئاخىر قېرىلىقتا تەن بېرىپ زەرگەرخانىسىنى قايتا ئېچىۋالغاندا، ئورېلىئانو II ئالتۇن بېلىقچان ياساشمۇ ئوبدان ئوقەت ئىكەنغۇ دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ دىمىق ئۆيدە پولكوۋنىكنىڭ ئاخىر ئەقلىنى تېپىپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز سەۋرچانلىقى بىلەن قولىدىكى قاتتىق مېتاللارنى بارا ـ بارا يۇمشىتىپ قاسراقلىق ئالتۇن بېلىقچانغا ئايلاندۇرغىنىغا سائەت ـ سائەتلەپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئورېلىئانو II بۇ ئىشنى بەك جاپا كۆردى، ئۇنىڭ ئۇستىگە پېترا كېتىسنى سېغىنىپ ئولتۇرالماي قالغاچقا، ئۈچ ھەپتە ئۆتە ـ ئۆتمەيلا زەرگەرخانىدىن غايىب بولدى. دەل شۇ چاغدا پېترا كېتىس تۇرۇپلا توشقان لاتارىيەسىنىڭ بېلەتىنى سېتىش خىيالىغا كېلىپ قالغانىدى. شۇ ئويى بىلەن بىرنەچچە توشقان ئېلىپ بېقىۋىدى، توشقانلىرى ھەددى ـ ھېسابسىز بۆجەنلەپ شۇ قەدەر ئاجايىپ تېز چوڭ بولدىكى، لاتارىيە بېلەتلىرىنى سېتىپ بولماي تۇرۇپلا بۆجەنلەر يېتىلىپ بولدى، بارا ـ بارا بازاردىكىلەرمۇ توشقان

لاتارىيەسىنىڭ بىلەتتىدىن زېرىكتى. ئورىلىئانو II دەسلەپتە توشقانلارنىڭ كىشىنى چۆچۈتەرلىك بۇنداق تېز كۆپىيىۋاتقىنىغا دىققەت قىلىپ كەتمىگەنىدى، بىر كۈنى كېچىدە هويلىدىن كېلىۋاتقان شاۋقۇن ـ سۈرەندىن چۆچۈپ ئويغاندى.

— قورقما، — دېدى پېترا كېتىس، — بۇ توشقانلارنىڭ ئاۋازى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەر ئىككىسى ھويلىدىكى توشقانلارنىڭ تىپىرلاشلىرىدىن تولا ئويغىنىپ كېچىچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭ ئاتقاندا ئورىلىئانو II ئىشىكنى ئېچىپ قارىۋىدى، ھويلا تاڭ نۇرىدا تۈكلىرى كۆكۈچ تاۋلىنىپ تۇرغان توشقانلار بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. پېترا كېتىس كۈلكىدىن بىلىنى رۇسلىيالماي قالدى.

— ھەممىسى كېچىچە تۇغۇلدى، — دېدى ئورىلىئانو II گە چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ.

— تويۋا قىلدىم! — دېدى ئورىلىئانو II ، — ئېمىشقا ئىنەكلەرنىمۇ بېقىپ كۆرۈپ باقمايسەن؟

پېترا كېتىس بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھويلىسىدىن ئورۇن تەييارلاپ توشقانلىرىغا بىر ئىنەك تېگىشىپ كەلدى. ئۇ ئىنەك ئىككى ئايدىن كېيىن بىراقلا ئۈچنى موزايلىدى. ئىش ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئورىلىئانو II كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئارىلىقتا بىرمۇنچە يايلاقلىق ۋە چارۋىلىق بولۇپ قالدى، چارۋا بىلەن تولۇپ كەتكەن قىستاڭ ئېغىللىرىنى ۋە چوشقا قوتانلىرىنى كېڭەيتىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەيلا قالدى. كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بۇ مەمۇرچىلىقتىن ئۆزىنىڭمۇ كۈلگىسى كېلەتتى، شۇ خۇشلۇقىدا قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي كەيپىنى بىمەنە ئۇسۇلدا ئىپادىلەشكە مەجبۇر بولاتتى.

— نېرى تۇرۇڭلار، ئىنەكلىرىم، ئۆمۈر دېگەن چەكلىك جۇمۇ! — ۋارقىراپ قوياتتى ئورىلىئانو II .

ئۇرسۇلا ئەۋرىسىنىڭ قانداق ئويۇن ئويناۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران ئىدى. بۇ جاندارلارنى ئوغرىلاپ كەلگەنمىدۇ؟ كالا ئوغرىسى بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ ئورىلىئانو II نىڭ كۆپۈككىنى ئۆزىنىڭ بېشىغا چېچىپ ئويناش ئۈچۈنلا شامپانىسكىنىڭ ئاغزىنى

ئېچىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنلىرىدە، ئىسراپچىلىق قىلىۋاتىسەن دەپ كايىپ كېتەتتى. ئۇرسۇلانىڭ تەنبىھلىرىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن ئورېلىئانو II بىر كۈنى سەھەردە بىر ساندۇق پۇل، بىر قۇتا شىلىم ۋە بىر چوتكىنى كۆتۈرۈپ كۆرەڭلىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى ـ دە، فىرانسىسكونىڭ كونا ناخشىلىرىنى دىمىقىدا غىڭشىغاچ پۈتۈن ئۆينىڭ ئىچ ـ تېشىغا، تام ـ تورۇسلىرىغا ئالا قويماي بىر پېسولۇق پۇللارنى چاپلاپ چىقتى. ئاپتوماتىك پىيانىنو قويۇلغاندىن تارتىپ ئاق ھاك بىلەن ئاقارتىلىپ كەلگەن بۇ كونىچە ئۆينىڭ تاملىرى مەسچىتنىڭ تاملىرىدەك ئالا ـ چىپار بولۇپ كەتتى. ئۆيدىكىلەر ئۆرە ـ تۆپە بولۇپ كەتتى، قورقۇپ كەتكەن ئۇرسۇلانىڭ رەڭگى ئۆچتى، بازاردىكىلەر كوچىدا قىستىلىشىپ تۇرۇپ بۇ غايەت زور ئىسراپچىلىق ۋە ھەشەمەتخورلۇقنى تاماشا قىلىشتى. ئورېلىئانو II پۇللارنى ئۆينىڭ ئالدى تېمىدىن ئاشخانىغىچە، مۇنچىدىن ياتاقلارغىچە ئالا قويماي چاپلاپ بولۇپ، ئاشقىنىنى ھويلىغا تاشلىۋەتتى.

— بولدى، — جاكارلىدى ئاخىرىدا، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۆيدە ئەمدى ھېچكىم مېنىڭ ئالدىمدا پۇلنىڭ گېپىنى تىلغا ئالغۇچى بولمىسۇن!

ئىش راستىنىلا شۇنداق بولغانىدى. ئۇرسۇلا ھاك چاپلىشىپ كەتكەن پۇللارنى تامدىن سويۇۋېلىپ، ئۆينى باشقىدىن ئاقارتقۇزدى.

— ئاھ تەڭرىم، — چوقۇنۇشقا باشلىدى ئۇرسۇلا، — قىلىۋاتقان مۇشۇ ئىسراپچىلىقلىرىمىز ئۈچۈن ئۇ دۇنيالىقىمىزدا جازايىڭدىن خالاس قىلىمەن دېسەڭ، بىزگە مەھەللە قۇرغان چاغلىرىمىزدىكىدەك كەمبەغەللىك ئاتا قىلغايسەن.

تىلاۋىتى تەڭرىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى ـ يۇ نەتىجىسى تىلەكلىرىنىڭ تامامەن ئەكسىچە بولدى. تامدىن پۇل سويۇۋاتقان كالانپاي بىر ئىشچى ئۇرۇش توختاش ئالدىدا كىمدۇر بىرى ئۇرسۇلانىڭ ئۆيىگە ئامانەت قويۇپ قويغان مۇقەددەس جوزېفنىڭ گەج ھەيكىلىنى ئۆرۈۋېتىپ چېقىپ سالدى، ھەيكەلنىڭ ئىچىگە لىقمۇلىق تىللا قاچىلانىكەن. ئادەم بويى كېلىدىغان بۇ ھەيكەلنى كىمنىڭ ئەپكەلگەنلىكى ھېچكىمنىڭ ئېسىدە قالمىغانىدى.

— ئۈچ ئادەم ئەپكەلگەن، — دېدى ئامارانتا، — يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكۈچە مەشەدە قويۇپ تۇرساق دېۋىدى، مەن ھېچكىمگە تاقاشمايدىغان بىر بۇلۇڭغا قويۇڭلار، ھېچكىم چېقىلمايدۇ، دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ئالغىلى كەلمىگەچكە شۇ پېتى تۇرغان.

ئۇرسۇلا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باش ئۇرۇپ چوقۇنۇۋاتقىنى مۇقەددەس جوزېفنىڭ ھەيكىلى ئەمەس، ئىككى يۈز كىلوغا يېقىن تىللا ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. كېيىن ئۆزىنىڭ بىلمەستىن كۇپۇرلۇق قىلىپ قويغانلىقىنى سېزىپ تېخىمۇ بىئارام بولۇپ كەتتى. ئاندىن كىچىك بىر تاغدەك تىللا دۆۋىسىگە تازا بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ تىللالارنى ئۈچ كاناپ خالتىغا قاچىلىدى ــ دە، مەخپىي بىر يەرگە كۆمۈپ قويدى. ئۇ ھېلىقى ناتونۇش ئۈچ كىشىنىڭ قاچانلا بولمىسۇن تىللالىرىنى ئالغىلى كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇرغۇن يىل ئۆتۈپ قېرىلىق يەتكەن بولسىمۇ، ئۆيىگە كېلىپ ــ كېتىپ تۇرىدىغان سەيياھلارنىڭ پاراڭلىرىغا قوشۇلۇپ، سىلەر ئۇرۇش يىللىرىدا مۇقەددەس جوزېفنىڭ ھەيكىلىنى يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندە ئېلىپ كېتىمىز دەپ ئامانەت قويغانمۇ دەپ تىڭتىڭلاپ يۈردى.

بۇ ئىش ئۇرسۇلانىڭ كۆڭلىنى قاتتىق پەرىشان قىلاتتى. ھالبۇكى، ماكوندو شۇ كۈنلەردە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتكۈسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ ئاجايىپ گۈللىنىشكە باشلىغانىدى. ماكوندولۇقلارنىڭ لاي ۋە شاخ ــ شۇمبا بىلەن سېلىنغان سوقما تام ئۆيلىرى ۋە ۋادېك ــ قوشامىلىرىنىڭ ئورنىنى چۇشتىن كېيىنكى دىمىق ئىسسىقنى تارتىشقا پايدىلىق پەنجىرىلىك، سېمونت پەۋالىق خىش ئۆيلەر ئالدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ زامانىدىكى كونا مەھەللىنى كىشىگە ئەسلىتەلەيدىغان نەرسىلەردىن پەقەت توپا ــ چاڭ باسقان ئەڭ ناچار شارائىتتا چىدامىلىق بادام دەرەخلىرى ۋە تېگى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سۈزۈك ئېقىنلا قالغانىدى. ھالبۇكى، ئېقىن ئىچىدىكى ئەلمىساقتىن قالغان زور تاشلارنى خوس ئاركادىئو II دەريا قىنىنى تازىلاپ سۇ يولى ئاچىمەن دەپ بازغانلىتىپ كۇكۇم ــ تالقان قىلىۋەتكەنىدى. خوس ئاركادىئو II نىڭ ئەسەبىي خام خىياللىرى ئۇلۇغ بوۋىسى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭكىدىن

قىلىشمايتتى. دەريانىڭ قىنى غىچىلا تاش، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئېقىمى شىددەتلىك بولغاچقا، ماكوندودىن دېڭىزغا قاتنايدىغان كېمە سالغىلى بولمايتتى. خوس ئاركادىئو II تۇرۇپلا قىزىپ كېتىپ ئۆز پىلانىدا چىڭ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى زادىلا خىيالىغا كەلگەننى قىلىپ باقمىغان، ھەتتا پېترا كېتىس بىلەن قىسقا ۋاقىت ئارىلىشىپ ئۆتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئاياللارغا يېقىنلىشىپمۇ باقمىغانىدى. ئۇرسۇلا دائىم پۈتكۈل جەمەت تارىخىدا مۇشۇ ئەۋرەملا ھەممىدىن يارامسىز بولۇپ قالدى، ھەتتا خوراز سوقۇشتۇرۇش سورۇنىدىمۇ ھېچقانچە ئۆزىنى كۆرسىتەلمىدى دەپ قارايتتى. دەل شۇ چاغدا پولكوۋنىك ئورېلىئانو خوس ئاركادىئو II بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، دېڭىزغا ئون ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان يەردە تېيىز سۇدا توختاپ قالغان ئىسپانىيەنىڭ بىر يەلكەنلىك كېمىسى بارلىقىنى، ئۇرۇش يىللىرىدا ئۇ كېمىنىڭ كۆيۈپ كۆمۈر بولۇپ كەتكەن گەۋدىسىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. نۇرغۇن كىشى بۇ پاراڭنى پەقەت تۇتامى يوق بىر چۆچەك دەپ قارايتتى. بىراق، خوس ئاركادىئو II بۇ ھېكايىدىن ئىلھام ئالدى ـ دە، خورازلىرىنى سېتىۋېتىپ، بىر تۇركۈم ئادەم ياللاپ، كېرەكلىك سايمانلارنى ئېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتى: تاشلارنى چېقىپ پارچىلاتقۇزدى، ئېقىنىنىڭ قىنىنى قازدۇردى، يوشۇرۇن خادا تاشلارنى تازىلاتقۇزدى، ھەتتا شارقىراتمىلارنىمۇ تىندۇرغۇزدى.

ــ ماڭا يادا بولۇپ كەتكەن ئىشلار بۇ، ــ دېدى ئۇرسۇلا كايىپ، ــ ۋاقىت ئارقىغا چۆرگىلەپ، بۇرۇنقى زامانغا كېلىپ قاپتۇقمۇ ـ نېمە!

خوس ئاركادىئو II ئېقىندا سۇ يولى ئاچقىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، پىلانىنى قېرىندىشىغا تەپسىلىي ئېيتىپ بېرىۋىدى، ئورېلىئانو II كەملىگەن مەبلىغىنى تولۇقلاپ بەردى، خوس ئاركادىئو II شۇنىڭدىن كېيىن خېلى ئۇزاق بىر ۋاقىت يوقاپلا كەتتى. ماكوندولۇقلار خوس ئاركادىئو II نىڭ كېمە ئالىمەن دەپ قېرىندىشىدىن پۇل ئالغىنى بىر ھىيلە دېگەندەك سۆز ـ چۆچەك قىلىشىۋاتقاندا، ئاجايىپ بىر كېمە ماكوندوغا كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن بىر خەۋەر تارقالدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى ئۇنتۇپ قېلىشقان ماكوندولۇقلار بەس ـ بەستە دەريا

بويىغا بېرىپ، ماكوندوغا كېلىۋاتقان كېمىنى قاتتىق ھەيرانلىق ئىچىدە كۆرۈشتى، بۇ ماكوندوغا كەلگەن تۇنجى كېمە، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى كېمە بولۇپ قالدى. بۇ ياغاچلارنى چېتىپ ياسالغان بىر سال بولۇپ، يىگىرمە ئەر قىرغاقتا تۇرۇپ ئارغامچا بىلەن تارتىپ ماڭغۇزاتتى. سالنىڭ بېشىدا كۆزلىرىدىن مەمنۇنىيەت ئۇچقۇنىنى چاچرىتىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان خوس ئاركادىئو II بۇ جاپالىق ھەرىكەتكە قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. بىللە ئېلىپ كەلگەن بىر توپ فىرانسىيەلىك سەتەڭ ناز ـ كەرەشمە بىلەن رەڭدار كۈنلۈكلىرىنى تۇتقىنىچە ئاپتاپتىن دالدىلىنىپ تۇرۇشاتتى، ئۇلار بويىنىغا سىپتا شايى ياغلىق سالغان، يۈزلىرىگە رەڭلىك ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرگەن، چاچلىرىغا گۈل قىسقان، بىلەكلىرىگە ئالتۇن بىلەزۈك سالغان ئىدى. ياغاچلارنى چېتىپ ياسالغان بۇ سال خوس ئاركادىئو II نى ماكوندوغا ئېلىپ كېلەلىگەن، شۇنداقلا مۇشۇ بىرلا قېتىم قاتنىغان بىردىنبىر كېمە بولۇپ قالدى. بىراق، ئاركادىئو II پىلانىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى زادىلا ئېتىراپ قىلمىدى. ئەكسىچە، بۇ غەلبەم ئىنسان ئىرادىسىنىڭ غەلىبىسى دەپ جاكارلىدى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن خاتىرىلىگەن ھېساباتىنى قېرىندىشىغا تاپشۇرۇۋېتىپلا يەنە خورازلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. فىرانسۇز سەتەڭلەرنىڭ ماكوندوغا ئەپكەلگەن يېڭى تۇرمۇش كەيپىياتى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتلىك تەۋەككۈلچىلىكنىڭ بىردىنبىر يالدامىسى بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ كامالەتكە يەتكەن ماھارەتلىرى ئەنئەنىۋى سۆيگۈ شەكىللىرىنى ئۆزگەرتىپلىۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىق جەھەتتىكى تۆھپىسى ۋاقتى ئۆتكەن كاتالىنونىڭ سارىيىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، پۈتۈن بىر كوچىنى بازارغا ئايلاندۇرۇۋەتتى، بۇ كوچىدا ياپون پانۇسلىرى لەپەڭشىپ مۇڭلۇق گارمون ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. دەل شۇلار قوزغىغان قانلىق شادلىق بايرىمى تۈپەيلىدىن پۈتۈن ماكوندودا ئۈچ كۈنگىچە غالجىرانە كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى، بۇ ئىشنىڭ بىردىنبىر نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئورېلىئانو II فېرناندا دېل كارپىئو بىلەن تونۇشۇپ قېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى.

ساھىبجامال رېمەدىس شادلىق بايرىمىنىڭ ئايال پادىشاھلىقىغا سايلاندى. ئۇرسۇلا بۇ ئەۋرە قىزىنىڭ گۈزەللىكىدىن ئەنسىرەپ قالدى، لېكىن سايلىنىشتىن توسۇپ

قالالمىدى. شۇنىڭدىن ئىلگىرى رىمەدىسنىڭ ئاچىسى ئامارانتا بىلەن بىللە ئىبادەتكە بىللە بارىدىغان ئىبادەت ۋاقتىدىن باشقا چاغلاردا ئۆيدىن چىقمىشنى چەكلىۋەتكەن، ئىبادەتكە بارغاندىمۇ يۈزىنى قارا چۈمبەل بىلەن ئورىۋېلىشنى تەلەپ قىلغانىدى. ساختا تەقۋادار ئەرلەر، كاتالىنونىڭ سارىيىدا ساختا پوپ بولۇۋېلىپ تەگرىنىڭ شەنىگە خىلاپ ھالدا ئىبادەتكە رىياسەتچىلىك قىلىۋالىدىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ساھىبجامال رىمەدىسنىڭ جامالىنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈنلا چىركاۋغا ئاغاتتى. چۈنكى، رىمەدىسنىڭ گۈزەل رۇخسارى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر پۈتكۈل سازلىق رايونىدىكىلەرنىڭ ئاغزىدا داستان ئىدى. كىشىلەر ئۇزاق كۈتۈپ ئاندىن رۇخسارىنى كۆرۈپ مۇرادىغا يېتەتتى. ۋاھالەنكە، بۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمىگەنلەرنىلا ھەقىقىي بەختلىك دېيىشكە بولاتتى، رۇخسارىنى كۆرۈپ قالغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆمۈر بويى كېچىلىرى ئۇخلىيالماس بولۇپ قالاتتى. رىمەدىسنىڭ رۇخسارىنى بىر كۆرۈپ ئىشىق دەردىگە مۇپتىلا بولغان ياقا يۇرتلۇق بىر مۆتىۋەر كىشى ئۆزىنى پەس كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىغا پېتىپ قالغانىدى، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن رېلىستا ئۇخلاپ قېلىپ كېچىلىك پويىزنىڭ چاقىدا مىجىلىپ ئۆلدى. ئۇ مۆتىۋەر يېشىل مەخمەل چاپان ۋە كانۋا ئىشلىگەن جىلىتكە كىيىپ چىركاۋدا پەيدا بولغان چاغدىن باشلاپلا ھەممە ئادەم ئۇ كىشىنىڭ ساھىبجامال رىمەدىسنىڭ گۈزەللىكىگە سېھرلىنىپ يىراق بىر يەردىن، ئېھتىمال يىراق بىر ئەلدىن كەلگەنلىكىنى بىلگەنىدى. ئۇ مۆتىۋەر تولىمۇ كېلىشكەن، شۇنچىلىك سالاپەتلىك ئىدىكى، پېترو كرىسپى قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيتتى. ئاياللار كۈندەشلىك بىلەن ئاچچىق كۈلۈشۈپ، قارا چۈمبەلنى رىمەدىس ئەمەس، مۇشۇ كىشى تارتسا بوپتىكەن دەپ غودۇرىشىپ كەتتى. ماكوندودا ھېچكىم بىلەلمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان ئۇ كىشى بىر يەكشەنبە كۈنى سەھەردە چۆچەكلەردىكى شاھزادىلەردەك كۈمۈش ئېگەر ـ جابدۇقلۇق ئارغىماق مىنىپ ماكوندوغا كەلدى ـ دە، ئىبادەتنى تۈگىتىپلا كېتىپ قالدى.

ئۇ مۆتىۋەر شۇ قەدەر جەلىپكار ئىدىكى، كىشىلەر بىرىنچى قېتىم چىركاۋدا كۆرگەندىلا ساھىبجامال رىمەدىس بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر مەخپىي

ئەھدىنىڭ، ئۇن ـ تىنسىز بىر جىددىي رىقابەتنىڭ، مۇقەررەر بىر خىرىسنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بۇخىل مۇناسىۋەتنىڭ سۆيگۈ بىلەن ئەمەس، ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدى. بۇ مۆتىۋەر ئالتىنچى ھەپتىسى بىر تال سېرىق ئەتىرگۈلنى كۆتۈرۈپ چېركاۋدا پەيدا بولۇپ، بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا ئۆرە تۇرۇپ ئىبادەت ئاڭلىدى. ئىبادەت تاماملانغاندا ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ ئالدىنى توسۇپ، قولىدىكى ئەتىرگۈلنى تۇتتى. قىز خۇددى مۇشۇ سوۋغىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا ناھايىتى تەبىئىي ھالدا گۈلنى ئالدى ھەمدە چۈمبەلنى شۇنچىكى قايرىپ تەشەككۈر ئورنىدا پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويدى. ھالبۇكى، شۇ دەقىقىلەر ئۇ مۆتىۋەر ئۇچۇنلا ئەمەس، رۇخسارىنى بىر كۆرۈۋالغان بارلىق بىتەلەي ئەركەكلەر ئۇچۇنمۇ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقماس دەقىقىلەر بولۇپ قالدى.

ئۇ مۆتىۋەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ھەر ئاخشىمى بىر توپ سازەندىلەرنى باشلاپ ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ دېرىزىسى ئالدىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى، بەزىدە تاڭ ئاتقۇچە كەتمەيتتى. ئورېلىئانو II ئۇ مۆتىۋەرگە چىن كۆڭلىدىن ھېسداشلىق قىلىدىغان بىردىنبىر ئادەم بولۇپ، ئۇ بۇ مۆتىۋەرنى بۇ جاھىلانە خام خىيالىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپمۇ باقتى.

ــ ۋاقتىڭنى زايا قىلمىغىن، ــ دېدى بىركۈنى كېچىسى مۆتىۋەرگە نەسىھەت قىلىپ، ــ بۇ ئۆيدىكى قىزلار قېچىردىنمۇ ئۆتە كاج.

ئورېلىئانو II ئۇ مۆتىۋەرگە دوستانە قولىنى سوزۇپ شامپانىسكى بىلەن مېھمان قىلدى، ئۆيدىكى قىزلارنىڭ باغرى تاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە شۇنچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، زادىلا رايىدىن ياندۇرالمىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ھەر كېچىسى ئۇزۇلمەي چېلىنىۋەرگەن مۇزىكىدىن قاتتىق بىزار بولۇپ، ھېلى بىكار شەيدالىقىڭنى تاپانچا ئوقى بىلەن داۋالاپ قويىمەن، دەپ ھەيۋە قىلدى. بىراق، تىرىشچانلىقىدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئۇچۇن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ئۆزىنىڭ بىچارىلەرچە ئۈمىدسىزلىكى بىلەن نەتىجىلەندى. پوزۇر كىيىنىپ سالاپەتلىك يۈرىدىغان، قىلچە نۇقسان تاپقىلى بولمايدىغان بۇ ئەرباب جۇل ـ جۇل كىيىملىك، مەينەت ۋە پەس بىر داشقالغا ئايلاندى.

ئۇ ئەربابنىڭ زادى نەدىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىسىمۇ، يىراقتا قالغان ۋەتىنىدىكى ھوقۇق ۋە مال ـ دۇنياسىدىن كېچىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن، دېگەن گەپلەر تارقالغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كۈنبويى چاتاق تېرىپ، قاۋاقلاردا جېدەل چىقىرىپلا يۈرىدىغان، كاتالىنونىڭ سارىيىدا تاڭ ئاتقىچە ئۆلگىدەك ئىچىپ، قوشۇقىغا چىلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئەڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسى شۇ بولدىكى، ساھىبجامال رېمەدىس ئۇنىڭغا ھېچقاچان دىققەت قىلىپ باقمىغانىدى، شاھزادىلەردەك پۇزۇر ياسىنىپ چېركاۋدا پەيدا بولغىنىدىمۇ شۇنداق ئىدى. رېمەدىس ھېلىقى ئەتىرگۈلنى باشقىچە نىيەتتە ئەمەس، پەقەت ئۇياقنىڭ پەۋقۇلئاددە قىلىقىغا قىزىقىپلا قوبۇل قىلغانىدى. چۈمبىلىنىمۇ رۇخسارىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇياقنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈنلا قايرىغانىدى.

نىھايەت، ساھىبجامال رېمەدىس بۇ دۇنياغا مەنسۇپ ئەمەس ئىدى. بويىغا يەتكىنىدىن كېيىنمۇ خېلى ئۇزاق بىر چاغلارغىچە سانتاسوفىيە دېلا پېداد يۇيۇندۇرۇپ، كىيىندۇرۇپ ئۆتتى. ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالايدىغان بولغان چېغىدىمۇ تاياقنى پوقىغا مىلاپ تامغا ئۇششاق جانۋارلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ يۈرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلسە بولمايتتى. يىگىرمە ياشقا كىرگەندىمۇ ساۋاتىنى چىقىرىپ بولالمىدى، ۋىلكا ـ قوشۇق تۇتۇشنىمۇ ئۆگىنەلمىدى. تەبىئىتىدىنلا بارلىق قائىدىلەرگە قارشى بولغاچقا ئۆي ئىچىدە قىپيالىڭاچ مېڭىپ يۈرەتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ مۇھاپىزەتچىلەر كوماندىرى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياش ئوفىتسېر ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئىزھار قىلغاندا، ئوفىتسېرنىڭ بۇ تەنتەكلىكىدىن چۆچۈپ شۇ ئان رەت قىلىۋەتكەنىدى.

ــ ساراڭلىقىنى دەيمەن، ــ دېگەنىدى ئامارانتاغا، ــ دەردىمدە ئۆلگىدەك بولغانمىش، خۇددى مەن خولېرا بولۇپ قالغاندەكلا گەپ قىلىدىغۇ ئۇ!

ئۇ ئوفىتسېر شۇ يىلى راستىنلا ئۆزىنىڭ دېرىزىسى تۈۋىدە ئۆلۈپ قالغاندا رېمەدىس ئۆزىنىڭ باشتىكى تەسىراتىنى ئىسپاتلاپ:

ــ دېمىدىممۇ، راستىنلا ساراڭ ئىكەن، ــ دېدى.

ساھىبجامال رىمەدىستە بارلىق يۈزەكى ھادىسىلەردىن شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ يېتەلەيدىغان بىر خىل ئۆتكۈر كۆز باردەك قىلاتتى، ھېچ بولمىسا پولكوۋنىك ئورېلىئانولا شۇنداق قاراشتا ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ نەزىرىدە، رىمەدىس باشقىلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاجىز ئەمەس، تامامەن ئەكسىچە ئىدى.

— ئۇ خۇددى يىگىرمە يىل ئۇرۇش قىلىپ پىشقان ئادەمدەك گەپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دەيتتى پولكوۋنىك ئورېلىئانو دائىم.

ئۇرسۇلا بولسا جەمەتىگە تەڭرىنىڭ بۇنداق پاك بىر بەندىنى ئاتا قىلغانلىقىدىن مىننەتدار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ ئەۋرىسىنىڭ ھۆسىن ـ جامالىدىن ئەندىشە قىلىپ ساراسىمىگە چۈشەتتى. ئۇرسۇلانىڭ نەزىرىدە، بۇنداق گۈزەل ھۆسىن ـ جامال گۈزەل پەزىلەتكە زىت ئارتۇقچىلىق بولۇپ، پاكلىقتا يوشۇرۇنغان رەزىل تۇزاق ئىدى. شۇ ۋەجىدىن رىمەدىسنى ئادەملەرگە ئارىلاشتۇرماسلىق، پانىي دۇنيانىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن خالىي يۇرگۈزۈش قارارىغا كەلگەنىدى. نىھايەت، رىمەدىسنىڭ مەڭگۈ بۇلغانمايدىغانلىقى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى چېغىدىلا پىشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى، شادلىق بايرىمى دەيدىغان شەيتان يىغىلىشىدا گۈزەللەر شاھى قىلىپ سايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ھالبۇكى، پۈتۈن ئەس ـ يادى يولۋاسچە ياسىنىۋېلىشتا قالغان ئورېلىئانو II ئۇرسۇلاغا شادلىق بايرىمىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇ ئويلىغاندەك كۇپۇرلۇق بايرىمى ئەمەس، بەلكى كاتولىك مۇخلىسلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قايىل قىلدۇرۇش نىيىتىدە پوپ ئانتونىئو ئىسابېلنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇرسۇلا شۇنىڭ بىلەن ئاخىر قايىل بولۇپ، رىمەدىسكە ئايال پادىشاھ تاجىنى كىيدۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولدى.

رىمەدىس بۇئېندىيەنىڭ شادلىق بايرىمىنىڭ ئايال شاھى بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا پۈتۈن سازلىق رايونىنىڭ پاسىلىدىن ئۆتۈپ، بۇ قىزنىڭ ئاجايىپ گۈزەل رۇخسارىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان يىراق ـ يىراق جايلارغىچە يېتىپ باردى، بۇنىڭ بىلەن بەزىلەر دەككە ـ دۈككىگە چۈشتى. چۈنكى، بۇ

جەمەت ئۇلارنىڭ نەزىرىدە هازىرمۇ قوزغىلاڭ بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى. بىراق، بۇنداق ئەندىشىنىڭ قىلچە ئاساسى يوق ئىدى. چۈنكى، بىرى كىم بۇ دۇنيادا ئەڭ ياۋاش ـ يۇمشاق ياشاۋاتقان پۇقرا دەپ سورىغۇدەك بولسا، كۇنسايىن قېرىپ كېتىۋاتقان پولكوۋنىك ئورېلىئانونى كۆرسىتىشكە بولاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇ كەمدە بارا ـ بارا هازىرقى رېئال دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، زەرگەرخانىسىدىن چىقماس بولۇۋالغان، ئالتۇن بېلىقچان سودىسىلا سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى باغلاپ تۇرۇۋاتقان بىردىنبىر باغلاق بولۇپ قالغانىدى. ئۇرۇش توختىغان دەسلەپكى كۈنلەردە نازارەت قىلىشقا ئەۋەتىلگەن ئەسكەرلەردىن كېيىن كەتمەي قېپقالغان بىرى ئالتۇن بېلىقچانلارنى سازلىق رايونىدىكى باشقا يېزا ـ بازارلارغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىلىشقا، تىللالارنى ۋە ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى ئېلىپ قايتىشقا مەسئۇل ئىدى. ئۇ ئادەم بىر قېتىم كونسېرۋاتىپلار هۆكۈمىتى لىبېراللارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپتۇ، هەر نۆۋەتلىك پىرېزىدېنتنىڭ يۈز يىل هوقۇق تۇتۇشى ئۈچۈن كالېندار ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ؛ هۆكۈمەت ئاخىر ۋاتىكان بىلەن پۈتۈم ئىمزالىشىپتۇ، رىمدىن يەنە بىر ئېپىسكوپ ئەۋەتىلىپتۇ، ئۇ ئېپىسكوپ ئالماس تاج كىيىپ ئىچى كاۋاك شاھانە ئالتۇن تەختىدە ئولتۇرارمىش، لىبېرال مىنىستىرلار بولسا ئېپىسكوپنىڭ ئالدىدا تىز چۆكۈپ، ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىنى سۆيۈپ رەسمىگە چۈشكەنمىش؛ پايتەختتىكە سەييارە ئويۇن قويغىلى ماڭغان ئىسپانىيە تىياتىر ئۆمىكى پايتەختتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر ئايال باش رولچىسىنى گىرىمخاندا بىر توپ نىقابلىق بۇلاڭچىلار تۇتۇپ كېتىپتۇ، بۇ ئارتىسكا يەكشەنبە كۈنى پىرېزىدېنتنىڭ يازلىق ئوردىسىدا يالىڭاچ ئۇسسۇل ئويناپتۇ، دەپ بەردى.

ــ ماڭا سىياسىينىڭ پارىڭىنى قىلما، ــ دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، ــ ئالتۇن بېلىقچانلىرىمىزنى سېتىش بىلەنلا بولايلى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو زەرگەرخانىسىغا تايىنىپ بېيىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ هازىرقى ۋەزىيىتى بىلەن زادىلا كارى بولمايۋېتىپتۇ، دېگەن ئېپقاچتى پاراڭلار ئۇرسۇلانىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە مەسخىرىلىك كۈلۈپ كەتتى. ئۇرسۇلا نوقۇل

پراگماتىزم ئاساسىدا ئويلىغىنىدا، ئورېلىئانونىڭ بۇ ئوقەتنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بارلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ ئالتۇن بېلىجانىنى تىللا قىلاتتى، ئاندىن تىللانى ئالتۇن بېلىجانغا ئايلاندۇراتتى. مۇشۇنداق قايتىلىنىۋەرگەندە، سودىسى قانچە ئاقسا، ئوقەتتى شۇنچە جاپالىق بولاتتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو پەقەت ئۈزۈكسىز كۈچىيىپ بېرىۋاتقان بۇنداق يامان سۈپەتلىك دەۋرىيلىكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئوقەتكە ئەمەس، ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇشقىلا قىزىقاتتى. پۈتۈن دىققىتى بىلەن بېلىق تەڭگىلىرىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ، قىزىل ياقۇتلارنى بېلىقنىڭ كۆزىگە سېلىپ، پەم بىلەن ساقاق چىقىرىپ، قۇيرۇقىنى تۇتاشتۇراتتى، شۇڭا ئۇرۇشتىن كېيىنكى كۆڭلى يېرىملىقتىن پەرىشان بولۇپ ئولتۇرغۇدەك ۋاقتىمۇ چىقمايتتى. بۇ نازۇك ھۈنەرگە كۆپ زېھنىي كۈچ كېتىدىغان بولغاچقا، پولكوۋنىك ئورېلىئانو قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئۇرۇش يىللىرىدىكىدىنمۇ بەكرەك تېز قېرىپ كەتتى. ئۇزاق مۇددەت بىر خىللا ئولتۇرغاچقا بېلى مۈكچەيدى، نازۇك ھۈنەر بولغاچقا قادىلىپ قاراۋېرىپ كۆزلىرى خىرەلەشتى. بىراق، كۆڭۈل ئاراملىقىغا ئېرىشتى. لىبېراللار بىلەن كونسېرۋاتىپلاردىن بىر توپ پېشقەدەم جەڭچى ھۆكۈمەت ۋەدە قىلغان نەپىقە پۇلى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياردەم سوراپ كېلىپ، ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشقا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئارىلىشىشىنى تەلەپ قىلدى.

— ئۇنتۇپ كەتسەڭلارچۇ، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو، — قاراڭلار، ئۆلگۈچە كۈتۈپ ئەلەم تارتماي دەپ مەنمۇ ۋاز كەچتىمغۇ.

دەسلەپتە پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ھەر كۈنى كەچقۇرۇن كېلىپ تۇردى. ئۇ ئىككىسى دەرۋازا ئالدىدا مۇڭداشقاچ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئولتۇراتتى. بىراق، ئامارانتا بۇ ھارغىن كىشىنىڭ قەلبىدىكى كونا ئەسلىمىلەرنى قوزغىشىغا چىداپ تۇرالمايتتى، پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنىڭ ۋاقىتسىزلا قېرىلىققا باشلايدىغان تاقىر بېشى تېخىمۇ كۆزىگە سىغمايتتى. پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ئامارانتانىڭ ئوڭايسىزلاندۇرۇۋېرىشى بىلەن پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولۇپ قالمىسىلا كەلمەس بولدى،

كېيىنچە پالەچ بولۇپ قالغاچقا پۈتۈنلەي غايىب بولدى. كەم سۆز پولكوۋنىك ئوربېلىئانو بارغانسېرى ئائىلىدىكى يېگىنچە تۇرمۇش كەيپىياتىنى كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەردى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشنىڭ ئېپى ئىززىتىنى بىلىپ غېرىبلىق بىلەن كېلىشىم تۈزۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى سەل - پەل چۈشىنىپ يەتكەندەك قىلدى. ھەر كۈنى بىردەم كۆز يۇمۇۋالغاندىن كېيىن ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى - دە، ئادىتى بويىچە ئاشخانىغا كىرىپ بىر ئىستاكان قەنتسىز قەھۋە ئىچەتتى، ئاندىن كۈنبويى زەرگەرخانىسىدىن چىقمايتتى. كەچقۇرۇن سائەت تۆتلەردە كىچىك ئورۇندۇقنى سۆرەپ پېشايۋاندىن ئۆتەتتى، ئوتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىرگۈللەرمۇ، گۈزەل كەچكى شەپەقمۇ، ئامارانتانىڭ كەيپسىز ھالىمۇ (ھەر كۈنى قاش قارايغان مەھەلدە ئىچى سىقىلىپ قايناۋاتقان قازاننىڭ پورۇقلىغىنىدەك ئۇھ تارتىۋېرەتتى) دىققىتىنى تارتالمايتتى. ئاندىن دەرۋازا ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پاشا ئەزۋەيلەشكە باشلىغاندىلا ئۆيگە كىرىپ كېتەتتى. بىركۈنى ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى غەيرەتكە ئېلىپ ئوربېلىئانونىڭ ئارامىنى بۇزدى:

— ئوبدان تۇرۇۋاتامسەن، پولكوۋنىك؟

— مەشەدە ئولتۇرۇپتىمەن، — دېدى پولكوۋنىك ئوربېلىئانو، — ئۆلۈمۈمنى ئۇزىتىمشكىلارنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىمەن.

شۇ نەرسە ئېنىق ئىدىكى، ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ تاج كىيىش سەۋەبى بىلەن ئوربېلىئانونىڭ ئېتى باشقىدىن كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالدى، بۇ ئەھۋالدىن پەيدا بولغان ئەنسىزلىكنىڭ رېئال ئاساسى بولمىسىمۇ، نۇرغۇن ئادەم بۇنداق ئويلىمايتتى. قىستاپ كېلىۋاتقان بالا - قازادىن خەۋەرسىز ماكوندولۇقلار خۇشال - خۇرام بىرھالدا بازار مەيدانىغا يىغىلىشتى، بايرام قىزىقچىلىقى تازا ئەۋجىگە چىققانىدى. ئوربېلىئانو II ئارزۇسى بويىچە يولۋاسچە ياسىنىپ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىۋاتقان كىشىلەر توپى ئارىسىدا تولا ھۆركىرەپ ئۈنى پۈتۈپ كەتكەن بىر چاغدا، سازلىققا تۇتۇشىدىغان يولدا ئۇشتۇمتۇتلا بىر توپ قوراللاق ئادەم پەيدا بولدى. ئۇلار ئاجايىپ چاقناپ تۇرغان تەختىراۋاننى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، تەختىراۋاندا تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىز

ئۇلتۇراتتى. قانائەتچان ۋە مۇلايىم ماكوندولۇقلار كۆزنىڭ يېغىنى يەيدىغان بۇ سېھىرلىك قىزنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش كويىدا شۇ ھامان نىقابلىرىنى ئېلىۋېتىشتى. ئۇ قىز بېشىغا يېشىل گۆھەر تاج تاقىغان، ئۇچىسىغا بولغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن يېپىنچا ئارتقانىدى. ئۇ قىز پارقىراق بېزەكلەر ۋە پۇرمە قەغەزلەر بىلەن بېزەلگەن ئايال پادىشاھ بولماستىن، ھەقىقىي بىر سۈرلۈك ھۆكۈمران ئىدى. كۆزى ئۆتكۈر خېلى نۇرغۇن كىشى بۇنىڭ بىر خىل خىرىس ئىكەنلىكىنى سېزىۋېلىشتى. ئورېلىئانو II بولسا شۇبھىدىن دەرھال قۇتۇلۇپ، يېڭى كەلگەنلەرنى ئەزىز مېھمانلار دەپ جاكارلىدى ھەمدە گۈزەل قىزچاق رېمېدىسنى سىرتتىن كەلگەن ھېلىقى ئايال پادىشاھ بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرغۇزدى. بەدىيانىلارچە ياسىنىۋېلىشقان مېھمانلار يېرىم كېچە بولۇپ قالغاندىمۇ قىزغىن تەنتەنە قىلىشىۋەردى ھەمدە چىرايلىق ساليۇت ۋە سېرىك ئويۇنلىرى بىلەن ئويۇننى قىزىتىپ، ماكوندولۇقلارغا سىگانلارنىڭ ئەينى يىللاردىكى كارامەتلىرىنى ئەسلەتتى. ئويۇن ئازا ئەۋجىگە چىققان بىر مەھەلدە كىمدۇر بىرى بۇ نازۇك تەڭپۇڭلۇقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

— ياشىسۇن لىبېراللار! — شۇئار توۋلايتتى ئۇ ئادەم، — ياشىسۇن پولكوۋنىك ئورېلىئانو!

مىلتىقلاردىن تۆكۈلگەن ئوق يامغۇرىنىڭ ئوت ۋە ئىس ـ تۈتەكلىرى ساليۇت ۋە پوجاڭزىلارنىڭ نۇرىنى بېسىپ كەتتى، ۋەھىمىلىك چىرقىراشلار چېلىنىۋاتقان مۇزىكا ساداسىنى بېسىپ چۈشتى، تەنتەنىنىڭ ئورنىنى پاتىپاراقچىلىق ئالدى. كىشىلەر نۇرغۇن يىل ئۆتكەندىن كېيىنمۇ شۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنىدۇكى، سىرتتىن كەلگەن ھېلىقى يالغان ئايال پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ئەمەلىيەتتە ھۆكۈمەت ھەربىيلىرى ئىدى، ھەربىرى تونى ئىچىگە ھەربىي قورال ـ ياراغ تىقىۋالغانىدى. ھۆكۈمەت تەرەپ بىر پارچە پەۋقۇلئاددە باياناتىدا بۇ شىكايەتنى ئىنكار قىلدى ۋە بۇ قانلىق ۋەقەنى ئۇزۇل ـ كېسىل تەكشۈرىمىز دەپ ۋەدە بەردى. بىراق، ھەقىقىي ئەھۋال زادىلا ئېنىقلانمىدى. كۆپچىلىكنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارىشى مۇنداق ئىدى: ھېلىقى ئايال پادىشاھنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى ھېچقانداق خىرىسقا ئۇچرىمىغان شارائىتتا

كومانىدىرنىڭ ئىشارىتى بىلەن تەڭ جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتۈپ، كىشىلەر تۇپىغا شەپقەتسىزلەرچە ئوت ئاچقان. ئەنسىزلىك تىنچىغاندا بولسا ئۇ بەديانلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمىگەن. مەيداندا بولسا ئۆلگەن ۋە يارىلانغانلار يېتىپ قالغان، بۇلار: توققۇز نەپەر قىزىقچى، تۆت كولۇمبىيان دىدەك، ئون يەتتە قارتا كارولى، بىر شەيتان، ئۈچ سازەندە، ئىككى فىرانسۇز مۆتىۋەر ۋە ئۈچ ياپون خانىشى[①] قاتارلىقلار ئىدى. خوس ئاركادىئو II شۇ پاتىپاراقچىلىقتا بىر ئامال قىلىپ ساھىبجامال رېمەدىسنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئورېلىئانو II بولسا سىرتتىن كەلگەن ھېلىقى يالغان ئايال پادىشاھنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئەپكەلدى. ئۇ ئايال پادىشاھنىڭ كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن، بۇلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن يېپىنچىسى قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. فېرناندا دېل كارپىئو ئىسىملىك بۇ قىز پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بەش مىڭ نەپەر ئەڭ گۈزەل قىزنىڭ ئارىسىدىن تاللانغان بىرىنچى دەرىجىلىك گۈزەل بولۇپ، ئۇلار ئۇنى ماداغاسقارنىڭ ئايال پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىمىز دېگەن ۋەدە بىلەن ماكوندوغا ئېلىپ كېلىشكەنىدى. ئۇرسۇلا ئۇ قىزدىن ئۆز قىزى قاتارىدا خەۋەر ئالدى، ماكوندولۇقلار ئۇ قىزنىڭ گۇناھسىزلىقىغا شەك كەلتۈرمەيلا قالماستىن، تېخى ساددىلىقىغا ھېسداشلىق قىلىشتى. ئورېلىئانو II بۇ قىرغىنچىلىق بولۇپ ئۆتۈپ ئالتە ئايدىن كېيىن يارىدارلار ساقىيىپ بولغان، قەبرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى گۈللەرمۇ سولىشىپ بولغان چاغدا فېرناندانى دادىسى بىللە تۇرۇۋاتقان يىراق بىر شەھەردىن ئىزدەپ تاپتى، كېيىن ئۇ قىزنى ماكوندوغا ئەپكەلدى ۋە ساق يىگىرمە كۈن دەبدەبىلىك توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ ئەمرىگە ئالدى.

---

① بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇ سۈرەتتە ياسانغان ئويۇنچىلار

# ئون بىرىنچى باب

ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى ئاجرىشىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. ئوربىلىئانو II پېترا كېتىسقا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ماداغاسقار ئايال پادىشاھىنىڭ كىيىمىنى كىيگۈزۈپ رەسىمگە تارتىپ قويغانىدى، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان فېرناندا تويلۇقلىرىنى ساندۇققا قاچىلىدى ـ دە، ھېچكىم بىلەن خوشلاشمايلا ماكوندودىن كېتىپ قالدى. ئوربىلىئانو II سازلىققا بارىدىغان يولدا يېتىشىۋېلىپ، يېلىنىپ يالۋۇرۇپ ھەمدە خاتالىقىنى تۈزىتىشكە ۋەدە بېرىپ يۈرۈپ خوتۇنىنى ئاران دېگەندە ئۆيىگە ئەكىلىۋالدى ۋە ئاشنىسىدىن ئالاقىسىنى ئۈزدى.

پېترا كېتىس ئۆزىگە ئىشەنگەچكە ئوربىلىئانو II نىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كەتكىنىگە ئارتۇقچە غەم يەپمۇ كەتمىدى. ئوربىلىئانو II نى ئەر قاتارىغا قوشقانمۇ ئۆزى ئىدى، مېرگادىسنىڭ ئۆيىدىن ياندۇرۇپ چىققان چاغدا ئۇ تېخى كاللىسى بىمەنە خىياللار بىلەن توشۇپ كەتكەن، رېئاللىقتىن قىلچە بىخەۋەر بالا ئىدى، بۇ بالىنى بۇ دۇنيادا بىر كىشىلىك ئورۇنغا ئىگە قىلغانمۇ پېترا كېتىس ئىدى. تۇغما جىمغۇر، ئادەملەر بىلەن ئارىلاشماي تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ خىياللار دۇنياسىدا ياشاشقا خۇشتار ئوربىلىئانو II نى تېتىك، شوخ، چىقىشقاق قىلىپ چىققانمۇ پېترا كېتىس ئىدى. پېترا كېتىس ئوربىلىئانو II گە ھاياتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ۋە بۇزۇپ ـ چېچىپ ئويۇن ـ تاماشا قىلىشنى ئۆگەتكەن، ئاخىر ئىچىدىن تېشىغىچە پۈتۈنلەي ئۆزى قىز ۋاقىتلىرىدا ئارزۇ قىلغىنىدەك ئەرگە ئايلاندۇرغانىدى. ئوربىلىئانو II پەرزەنتلەرنىڭ بالدۇر بولسىدۇ، كېيىن بولسىدۇ ھامان توي قىلماي قالغىنىدەك ئاخىر توي قىلدى. بىراق، توي قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى بۇ ئاشنىسىغا دېيىشكە پېتىنالماي يۈرگەنىدى. شۇنداق بولغاچقا بالىلارچە قىلىق قىلىپ دائىم ھېچنېمىدىن ـ ھېچنېمە يوقلا پېترا كېتىسقا

ئاچچىقلىناتتى ياكى ئۆزىنىڭدىن ئاغرىناتتى، ئىشقىلىپ بىر ئامال قىلىپ پېترا كېتىسنى ئۆزلۈكىدىن ئايرىلىپ كەتكۈزۈشكە ئۇرۇناتتى. ئورېلىئانو II بىركۈنى يەنە يولسىزلىق بىلەن ئۇنى بىكاردىن بىكارغا ئەيىبلەپ كېتىۋىدى، پېترا كېتىس قاپقىنىغا دەسسىمەي لايىقىدا جاۋاب بەردى.

— ئوچۇقىنى دېگىنە، — دېدى پېترا كېتىس، — ھېلىقى ئايال پادىشاھ بىلەن توي قىلماقچىسەن، شۇنداقمۇ؟

ئورېلىئانو II ئۇيالغىنىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن كىشى بولۇۋېلىپ، مېنى خاتا چۈشىنىپ ئۇۋال قىلىۋاتىسەن، ھاقارەتلەۋاتىسەن دېدى ـ دە، پېشىنى قېقىپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ۋە شۇ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. پېترا كېتىس توي كۈنى پېتىنىمۇ بۇزماي توينىڭ نەغمە ـ ناۋاسىغا ۋە پوجاڭزا ئاۋازلىرىغا، مېھمانلارنىڭ ئەسەبىي كۈلكە ـ چاقچاقلىرىغا قۇلاق سېلىپ بەخىرامان ئولتۇرۇۋەردى، يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلارنى بولسا ئورېلىئانو II نىڭ بىر قېتىملىق كەپسىزلىكىگە چىقىرىۋەتتى. بەزىلەر ھېسداشلىق قىلغاندا مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئايال پادىشاھمۇ مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

بىر قوشنىسى تاشلاپ كەتكەن يارىنىڭ سۈرىتى ئالدىغا قويۇپ شام ياقسۇن دەپ شامدان ئېلىپ كىرگەندى، پېترا كېتىس سىرلىق تۇستە ئىشەنچ بىلەن جاۋاب بەردى:

— قايتۇرۇپ كېلىدىغان بىر ئۆچمەس شام بار.

كۈتكىنىدەكلا ئىش بولدى، ئورېلىئانو II شېرىن ئاي ئۆتۈپلا پېترا كېتىسنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. قولاقكەستى ئاغىنىلىرى بىلەن بىر سەييارە رەسىمچىنى باشلاپ كەلگەن، شۇنداقلا فېرناندا شادلىق بايرىمىدا كىيگەن قان يۇقى يەكتەكنى ۋە بۆلغۇن تېرىسىدىن تىكىلگەن يېپىنچىسىنى ئېلىپ كەلگەندى. ئورېلىئانو II شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شادىيانە كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، پېترا كېتىسنى ئايال پادىشاھچە كىيىندۈرۈپ، ماداغاسقارنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمرانى دەپ ئېلان

قىلدى ھەمدە بۇ تەنتەنىلىك مەنزىرىنى رەسىمگە تارتقۇزۇپ، ئاغىنىلىرىگە تەقدىم قىلدى. پېترا كېتىس بۇ ئويۇنغا خۇشاللىق بىلەن ماسلىشىپ بەردى ھەمدە يارىشىش ئۈچۈن بۇنداق بىمەنە ئويۇننى ئويلاپ تاپقۇچە قانچە ھەرەج تارتقاندۇ دەپ ئويلاپ يارىغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. كەچ سائەت يەتتە بولغاندا پادىشاھلىق كىيىملىرى بىلەنلا ئورېلىئانو II نى يوتقىنىدا مېھمان قىلدى. ئورېلىئانو II نىڭ توي قىلغىنىغا تېخى ئىككى ئايمۇ بولمىغان بولسىمۇ ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشىنىڭ ئانچە شېرىن ئۆتمىگەنلىكىنى دەرھال سېزىۋالدى ـ دە، ئۆچ ئېلىۋالغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىدە تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى. ۋەھالەنكى، ئىككى كۈندىن كېيىن ئورېلىئانو II ئۆزى كېلىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئايرىلىش شەرتى ھەققىدە پۈتۈشۈش ئۈچۈن ئارىغا ئادەم سالدى. پېترا كېتىس شۇندىلا مۆلچەرىدىكىدىنمۇ ئارتۇق سەۋرچان بولۇشى كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئورېلىئانو II ئاتاقتىكى نىكاھلىق تۇرمۇشىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلماقچىدەك قىلاتتى. پېترا كېتىس شۇ چاغدىمۇ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئىتائەتمەن بولدى. نىھايەتكى، بۇنداق ئىتائەتمەنلىكى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى بىچارە ئايال ئىكەن دېگەن قارىشىنى تېخىمۇ ئىسپاتلىغانىدى. پېترا كېتىس شۇنىڭدىن كېيىن ئورېلىئانو II نىڭ ئۆز ۋاقتىدا گۆرۈمدىمۇ كىيىپ ياتىمىسام بولمايدۇ، دېگەن ئۆتۈكىنى بىردىنبىر يالداما سۈپىتىدە لاتىغا ئوراپ ساندۇقنىڭ تېگىگە سالدى ـ دە، يارىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى.

ــ ئۇ بەرىبىر قايتىپ كېلىدۇ، ــ دەيتتى ئىچىدە، ــ ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ ئۆتۈكىنى كىيىشكە بولسىمۇ كېلىدۇ.

كۈتىدىغان ۋاقتى ئويلىغىنىدەك ئۇنچە ئۇزۇن بولمىدى. نىھايەت، ئورېلىئانو II ئۆتۈك كىيىدىغان ۋاقتىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايلا پېترا كېتىسنىڭ قېشىغا قايتا بارىدىغانلىقىنى توي كېچىسىلا چۈشىنىپ يەتكەنىدى. چۈنكى، دېڭىزدىن مىلك كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاھالەتكە پاتقان بىر سورلۇك شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن فېرناندا رېئال دۇنيا بىلەن زادىلا سىغىشالمايتتى. ئۇ يەردە كېچىلىرى باش ۋالىينىڭ

زامانىدىكى خادىكلارنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان تار كوچىلاردا تاراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە پۈتۈن شەھەردىكى ئوتتۇز ئىككى قوڭغۇراق مۇنارىدىن تەڭلا ماتەم قوڭغۇرىقى چېلىناتتى. قەبرە تېشىدەك ئۇزۇنچاق خىش ياتقۇزۇلغان قورۇقتا يىل بويى كۈن چۈشمەيتتى. قورودىكى ئارچىلارنىڭ تىمتاس شاخ - ياپراقلىرى، ھۇجرىلاردىكى ئۆڭۈپ كەتكەن خۇنۇك چىمىلداقلار، گۈللۈكتىكى سۇ تېمىپ تۇرغان لەيلىگۈل بارىگى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىدىن ئۆلۈم ۋەھىمىسى كېلىپ تۇراتتى. فېرناندا بويىغا يەتكەن چاغلاردا پەقەت قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن كېلىدىغان مۇڭلۇق پىيانىنو ئاۋازىدىنلا تاشقى دۇنيانىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلدى. ئۇ ئۆيدە بىرسى يىللاپ، ئايلاپ چۈشلۈك ئۇيقۇسىنىڭ مېھرىدىن كېچىپ پىيانىنو مەشىق قىلاتتى. ھۇجرىسىدا ئاغرىق ياتقان ئانىسىنىڭ چىرايى چاڭ باسقان نەقىشلىك دېرىزە ئەينىكىدىن چۈشكەن گىرىمسەن يورۇقتا كۆكۈچ كۆرۈنەتتى، فېرناندا ئانىسىنىڭ يېنىدا تەكرار - تەكرار چېلىنىۋاتقان چۈشكۈن مۇزىكىغا قۇلاق سالغاچ زېرىكمەي گۈلدەستە توقۇپ ئولتۇراتتى. مۇزىكىنى يىراق بىر دۇنيادىن كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى. كېزىك دەستىدىن قارا تەرگە چۆمۈپ ياتقان ئانىسى قىزىغا جەمەتىنىڭ ئۆتكەن كۈنلەردىكى شان - شەۋكىتى ھەققىدە پاراڭ قىلىپ بېرەتتى. فېرناندا كىچىك چاغلىرىدا سۈتتەك ئايدىڭ بىر كېچىسى گۈللۈكتىن ئۆتۈپ چېركاۋغا كېتىۋاتقان ئاق كىيىملىك بىر ساھىبجامالنى كۆرۈپ قالغانىدى. شۇ چاغدا كۆڭلىنى ئەڭ بىئارام قىلغىنى شۇ ئىدىكى، ئۆزى ئۇ ئايالغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى...

— ئۇ سېنىڭ ئۇلۇغ موماڭ — ئايال پادىشاھ، — چۈشەندۈردى ئانىسى يىگىرمە يىلدىن كېيىن يۆتىلىپ تۇرۇپ، — گۈللۈكتە تۈن لەيلىسىنىڭ شېخىنى چاتلاۋاتقاندا سوغۇق تەگكەن، كېيىن شۇ ئاغرىق بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن.

فېرناندا نۇرغۇن يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ مومىسىغا ناھايىتى ئوخشايدىغانلىقىنى سېزىپ، بالىلىق دەۋرىدە كۆرگەن مەنزىرىدىن گۇمانلانغانىدى، ئانىسى قىزىنىڭ گۇمانخورلۇقىنى ئەيىبلىدى:

— بىز نىڭ ھوقۇق كۆچىمىز تەڭداشسىز، بايلىقىمىز چەكسىز، — دېدى ئانىسى، — ھامان بىر كۈنى سەنمۇ ئايال پادشاھ بولىسەن.

فېرناندا بۇنداق گەپلەرگە ئىشىنىپ قالاتتى. بىراق، تاماق ئۈستىلىگە بۆز داستىخان سېلىنىپ، كۈمۈش قاچا - قۇچىلار تىزىلسىمۇ، ئىچىدىغىنى بىر ئىستاكان شاكىلاتلىق چاي، يەيدىغىنى بىر پارچە تاتلىق بۆلكىلا بولاتتى. فېرناندا تويى بولغانغا قەدەر ئۆزىنىڭ سىرلىق بىر پادىشاھلىقنىڭ ئايال پادىشاھى بولۇش ئارزۇسىدا يۈردى، دادىسى دون فېرناندا بولسا قىز مېلى ئۈچۈن ئۆي - جايىنى گۆرۈگە قويغانىدى. بۇ ھەرگىزمۇ فېرناندانىڭ نادانلىقى ياكى تەلۋىلىكىدىن ئەمەس، بەلكى كىچىكىدىنلا شۇنداق تەربىيەلەنگەنىدى. فېرناندا ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپلا جەمەتىنىڭ بەلگىسى نەقىشلەنگەن ئالتۇن گارشوكقا تەرەت قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىككى ياشقا كىرگەن يىلى بىرىنچى قېتىم ئۆيىدىن چىقىپ موناستىردا ئوقۇغىلى بارىدىغان چاغدا ئۆيىدىكىلەر ئۇ يەرنىڭ ئىككى مەھەللە نېرىدىلا ئىكەنلىكىگە قارىماي خادىكقا ئولتۇرغۇزۇپ ئاپارغانىدى. ساۋاقداشلىرى فېرناندانىڭ ئۆزلىرىدىن ئايرىم قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئېگىز ئورۇندۇقتا ئولتۇرىدىغانلىقىدىن تاڭ قالغانىدى، ھەتتا دەرس ئارىلىقىدىكى ئارام ۋاقىتلىرىدىمۇ بالىلارغا قوشۇلمايدىغانلىقىدىن ھەيران ئىدى.

— فېرناندا سىلەرگە ئوخشىمايدۇ، — چۈشەندۈرگەنىدى بىر موناخ، — كەلگۈسىدە ئايال پادشاھ بولىدۇ.

ساۋاقداشلىرى بۇنىڭغا شەكسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى، فېرناندا شۇ چاغلاردىلا ئۇلار ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان ئەڭ گۈزەل، ئېسىل سۈپەت، لاتاپەتلىك قىز ئىدى. سەككىز يىل ئوقۇغاندىن كېيىن لاتىنچە شېئىر يازالايدىغان، كونىچە پىيانىنونى چالالايدىغان، مۆتىۋەرلەر بىلەن قارچىغا سېلىپ ئوۋ ئوۋلاش ھەققىدە سۆھبەتلىشەلەيدىغان، باش روھانىي بىلەن ھامىي مائارىپ توغرىسىدا پاراڭلىشالايدىغان، چەت ئەللىك ھۆكۈمرانلارغا ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ يوللىرىنى شەرھىيەلەپ بېرەلەيدىغان، پاپانىڭ ئالدىدا جەننەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان بىلىم ئىگىسى بولۇپ چىقتى، لېكىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ يېڭىباشتىن گۈلدەستە توقۇشقا كىرىشتى. قايتىپ كەلگىنىدە

ئۆيدىكى زۆرۈر ئۆي جاھازلىرى، شامدان ۋە كۈمۈش قاچا ـ قۇچىلاردىن باشقا بۇيۇملارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىنى قامداش ئۈچۈن سېتىلىپ بولغانىدى. ئانىسى كېزىكتىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتكەنىدى. دادىسى دون فېرناندا ئۈچىسىغا قاتۇرما ياقىلىق قارا پەلتو كىيىپ، قويۇن سائىتىنىڭ ئالتۇن زەنجىرىنى مەيدىسىگە ساڭگىلىتىپ قويۇپ سۆلەتلىك يۈرەتتى، ھەر دۈشەنبە كۈنى قىزىغا ئۆي خىراجىتى ئۈچۈن بىر كۈمۈش تەڭگە بېرەتتى ـ دە، بىر ھەپتە توقۇغان گۈل چەمبىرەكلىرىنى ئېلىپ كېتەتتى. دون فېرناندا كۈنبويى دېگۈدەك كۈتۈپخانىسىغا بېكىنىۋالاتتى، كەمدىن كەم بازارغا بېرىپ قالسىمۇ سائەت ئالتىدىن ئىلگىرى قايتىپ كېلىپ قىزى بىلەن بىللە ئىبادەت قىلاتتى. فېرناندا ھېچقاچان ھېچكىم بىلەن ئارىلاشمىغاچقا، دۆلەتنىڭ مۇرەككەپ قانلىق ئۇرۇشلىرىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى، ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچتە چېلىنىدىغان پىيانىنو ئاۋازىنىمۇ ئۈزمەي ئاڭلاپ كېلىۋاتاتتى. ئايال پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى يوققان چىقىشقا باشلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇشتۇمتۇتلا ھويلا دەرۋازىسىنىڭ ھالقىسى جىددىي شاراقلىدى. دەرۋازىنى ئېچىۋىدى، ئالدىدا رەتلىك كىيىنگەن سالاپەتلىك بىر ئوفىتسېر تۇراتتى. مەڭزىدە تاتۇقى بار، مەيدىسىدە ئالتۇن مېدالى ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇ ئوفىتسېر فېرناندانىڭ دادىسى بىلەن كۈتۈپخانىدا ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ئىككى سائەتلەردىن كېيىن دون فېرناندا قىزىنىڭ تىكىمخانىسىغا كىردى.

— يۈك ـ تاقىڭىزنى تەييارلاڭ، — دېدى دادىسى، — ئۇزۇن سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالدىڭىز.

فېرناندا شۇنداق قىلىپ ماكوندوغا ئېلىپ كېلىندى، ھايات ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى بىر كۈن ئىچىدىلا رەھىمسىزلىك بىلەن بەربات قىلىپ، ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە يىلدىن بېرى كۆچىنىڭ بارىچە يوشۇرۇپ كەلگەن شەپقەتسىز رېئاللىقنى كۆز ئالدىدا ئەينى پېتى تولۇق ئاشكارىلىۋەتتى. فېرناندا ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ تازا يىغلىدى، بۇ كۆتۈرۈپ قويغۇسىز خورلۇقنىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان جاراھىتىگە مەلھەم بەرمەكچى بولغان دون فېرناندانىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشلىرى ۋە

چۈشەندۈرۈشلىرىگە قۇلاق سالمىدى. فېرناندا ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھۆجرىسىدىن چىقماسلىق نىيىتىگە كېلىپ تۇرغاندا، ئوربىلىئانو Ⅱ ئىزدەپ كېلىپ قالدى. ئوربىلىئانو Ⅱ ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ كۈتۈلمىگەن ياخشى بىر بۇرۇلۇش ئىدى. چۈنكى، فېرناندا ھەيرانلىق ۋە غەزەپ، نومۇس ۋە ئەلەم ئىچىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ يالغاندىن بىرنېمىلەرنى دەپ قويغانىدى، شۇڭا ئوربىلىئانو Ⅱ فېرناندانى ئىزدەپ چىققاندا، ئۇنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكىلەرگە خاس ئۆزگىچە تەلەپپۇزى ۋە گۈل چەمبىرەك توقۇش ھۈنىرىدىن ئىبارەت ئىككى ئالاھىدىلىكىدىن باشقا تۈزۈك بىرەر ئۇچۇرىنى بىلمەيتتى. ئوربىلىئانو Ⅱ فېرناندانى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ تاغ ـ داۋانلار ئېشىپ ماكوندو مەھەللىسىنى بەرپا قىلغىنىدەك باتۇرلۇقى، پولكوۋنىك ئوربىلىئانونىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن پايدىسىز ئۇرۇش قوزغىغىنىدەك قارىغۇلارچە مەغرۇرلۇقى، ئۇرسۇلانىڭ ئۆز جەمەتىنىڭ قان سىستېمىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن داۋاملاشتۇرغانلىقىدەك قەيسەرلىكى بىلەن بىر مىنۇتمۇ بەل قويۇۋەتمەي ئىزدىدى. كىشىلەردىن قەيەردە گۈل چەمبىرەك ساتىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەندە، ئۇلار ئەڭ ياخشى گۈل چەمبىرەكنى سېتىۋالسۇن دەپ دۇكانمۇ دۇكان باشلاپ باردى. دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل قىزنىڭ قەيەردىلىكىنى سۈرۈشتۈرگەندە، بارلىق ئانىلار ئۆز قىزىنى ئالدىغا باشلاپ كەلدى. تۇمان باسقان جىلغا ـ جىرالاردا، غايىب ئېزىتقۇ قەسىرلىرىدە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈردى. قاقاس دالالارنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇ يەرلەردىكى ئەكس سادالار ئادەمنىڭ ئوي ـ خىياللىرىنى توختىماي تەكرارلايتتى، ئىچىدىكى تىت ـ تىتلىق كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىپ تەسەۋۋۇرىدا ئاجايىپ مەنزىرىلەرنى پەيدا قىلاتتى. بىرنەچچە ھەپتە بىھۇدە ئىزدىگەندىن كېيىن ناتونۇش بىر شەھەرگە كېلىپ قالدى، بۇ شەھەردىكى قوڭغۇراقلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا چېلىنىپ ماتەم ساداسى ياڭرايتتى. ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان، باشقىلاردىنمۇ زادىلا ئاڭلاپ باقمىغان بولسىمۇ، جەسەت سۆڭەكلىرىدىن ئاجرىغان ھاك چىرىتىۋەتكەن سېپىللارغا، خارابە ئايۋانلارنىڭ قۇرت يەپ كاۋاك قىلىۋەتكەن ياغاچلىرىغا ئويۇلغان، شۇنداقلا دەرۋازىغا مىخلانغان، قەغەز تاختىغا يېزىلغان دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆڭۈلسىز دېيىشكە بولىدىغان «گۈل چەمبىرەك

ساتمىز» دېگەن خەتلەرنى يامغۇردا يۇيۇلۇپ تونۇغۇسىز تۇتۇقلىشىپ كەتكىنىگە قارىماي بىر كۆرۈپلا تونۇۋالدى. شۇ مىنۇتتىن باشلاپ تاكى فېرناندا ئۆيىنى موناستىرنىڭ ئايال باشلىقىنىڭ قاراپ قويۇشىغا تاپشۇرغاندىن كېيىن يولغا چىققان سوغۇق سەھەرگىچە، موناخلار فېرناندانىڭ تويلۇق كىيىملىرىنى قول - قولىغا تەگمەي تىكىپ ئاران ئۈلگۈرتتى ھەمدە شامدان، كۈمۈش قاچا - قومۇچ، ئالتۇن گارشوك، شاخ شەكىللىك شامدان، ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى بالا - قازالاردىن ئامان قالغان نۇرغۇن كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئالتە ساندۇققا قاچىلاپ تەق قىلدى. دون فېرناندا قىزىغا ھەمراھ بولۇپ بېرىش تەكلىپىنى رەت قىلدى ھەمدە بارلىق قەرزلىرىنى تۆلەپ بولغاندىن كېيىن ماكوندوغا بېرىشقا ۋەدە بەردى. قىزىغا بەخت تىلىگەندىن كېيىن يەنە كۇتۇپخانىسىغا بېكىنىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىغا پات - پات سالام خەت ئەۋەتىپ تۇردى، بۇ خەتلەر يېزىلغان قەغەزلىرىگە سۇس گۈل نۇسخىسى ۋە جەمەت بەلگىسى بېسىلغانىدى. بۇ خەت - ئالاقە دادا بىلەن قىزنىڭ ئۆمرىدە ئادىمىيلىككە تولغان تۇنجى قېتىملىق پىكىرلىشىشى بولۇپ قالدى. فېرناندا ئۈچۈن بۇ ھەقىقىي ھاياتىنىڭ باشلىمى، ئورېلىئانو II ئۈچۈن بولسا بەختىنىڭ باشلىنىشى ھەم ئاخىرلىشىشى بولغانىدى.

فېرناندا سېرىق گۈل نۇسخىلىق كالېندارىنى ئالغاچ كەلگەنىدى، دائىم تۆۋىسىنى قوبۇل قىلىپ تۇرىدىغان پوپ بۇ كالېندارغا سۆسۈن سىياھتا ئەر - خوتۇن بىللە يېتىش مەنئى قىلىنغان كۈنلەرنى سىزىپ بەرگەنىدى. پاكلىق ھەپتىسى، يەكشەنبە كۈنى، ھەر ئاينىڭ بىرىنچى جۈمە كۈنى، ئىستىقامەت كۈنى، مىسسا كۈنى ۋە ھەيىز كۈنلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، يىلىغا ئاران قىرىق ئىككى كۈنلا ئۆزىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا قالاتتى، بۇ قىرىق ئىككى كۈن پوپنىڭ ئىمىر - چىمىر بەلگىلىرى ئارىسىدا قىستۇرۇلۇپ تۇراتتى. ئورېلىئانو II ۋاقىتنىڭ بۇ قەبىھ تۆمۈر تورىنى بۇزۇپ تاشلايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇرسۇلا شامپانسكى ۋە بىراندى بوتۇلكىلىرىنىڭ دەستىدىن ئۆيدە پۇت تىققىدەك يەر قالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، قۇرۇق بوتۇلكىلارنى توختىماي ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايتتى. پوچاڭزا ئاۋازلىرى ۋە نەغمە - ناۋالارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي

كېتمۇاتاتتى، كاللار ۋە چوشقىلار سويۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى، لېكىن يېڭى ئەر - خوتۇنلارنىڭ دائىم باشقا - باشقا ۋاقىتلاردا، ئايرىم ئۆيلەردە يېتىپ - قوپۇپ يۈرگىنىگە ھەيران ئىدى. ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشى يادىغا كېلىپ قېلىپ، فېرناندامۇ ئىپپەت تامبىلى كىيمۇالغاندىمۇ، كىشىلەر سۆز - چۆچەك تارقىلىپ پاجىئە يۈز بېرىپ قالارمۇ، دەپ ئەندىشىگە چۈشتى. بىراق، فېرناندا ئۇرسۇلاغا ئۆزىنىڭ ئىككى ھەپتىدىن كېيىنلا ئاندىن ئېرى بىلەن بىللە بولالايدىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى. دەرۋەقە، فېرناندا بۇ مۆھلەت ئۆتۈشىگىلا قۇربان بېرىپ گۇناھىنى تىلمۇالماقچى بولماقچىدەك ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل بىر قىز ئۇرېلىئانو II نىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. فېرناندانىڭ شەھلا كۆزلىرى چۆچۈپ تۇرغان ئاھۇنىڭ كۆزلىرىنى ئەسلىتەتتى، ئۇزۇن قوڭۇر چاچلىرى ياستۇقتا يېيىلىپ تۇراتتى. بۇ ھالدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئۇرېلىئانو II بىرپەستىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ، فېرناندانىڭ ئۇچىسىدىكى پېشى ئوشۇقىنى، يەڭلىرى بارماقلىرىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كېچىلىك كۆڭلىكىنى، كىندىكىنىڭ ئاستىدىكى ئىنتايىن نەپىس ئېچىلغان يۇپيۇمىلاق يوغان بىر تۆشۈكنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ تاشلىدى.

— ئۆمرۈمدە بۇنداق نومۇسسىزلىقنى كۆرۈپ باقمىغان، — كۈلكىسى ئۆيىنى لەرزىگە سالدى، — ئەجەب مېھرىبان بىر بۇۋۇمنى ئاپتىمەن - دە!

ئۇرېلىئانو II بىر ئايغىچىمۇ خوتۇنىغا بۇ كۆڭلەكنى سالدۇرۇۋېتەلمەي ئۇدۇل پېترا كېتىسنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئايال پادىشاھچە ياساپ سۈرەتكە تارتقۇزدى. كېيىن فېرناندانى بىر ئامال قىلىپ ياندۇرۇپ ئەكىلمۇالغاندىن كېيىن، فېرناندا ئۇرېلىئانو II نىڭ يارىشىۋېلىش ئۈچۈن بۇدۇشقاقتەك چاپلىشىپ يالۋۇرۇشلىرىغا چىدىيالماي ئاخىر ئۇنىڭغا بويسۇندى. ئەپسۇسكى، فېرناندا ئېرىنى ئوتتۇز ئىككى قوڭغۇراق مۇنارى بار شەھەرگە ئىزدەپ بارغان چېغىدىكى ئارزۇ قىلغىنىدەك رازى قىلالمىدى، ئايالىنىڭ تېنىدىن ئېرىشكىنى پەقەت چوڭقۇر ئازاپلا بولدى. فېرناندا تۇنجى بالىسى تۇغۇلۇشتىن سەل ئىلگىرى بىركۈنى كېچىدە ئېرىنىڭ ئۆزىدىن يوشۇرۇن يەنە پېترا كېتىسنى تېپىۋالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— شۇنداق بولۇپ قالدى، — ئىقرار بولدى ئۇ، ئاندىن ئىلاجىسىز قىياپەتتە ياۋاشلىق بىلەن چۈشەندۈردى، — مېلىمنى داۋاملىق كۆپەيسۇن دېسەم، شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ.

فېرناندا بۇ غەلىتە ئىزاھقا خېلى ئۇزۇندا ئىشەندى، ئەلۋەتتە. ئۇرېلىئانو II مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ ئاخىر قايىل قىلغان بولدى، لېكىن فېرناندا ئاشنىسىنىڭ قوينىدا ئۆلۈپلا قالمىساڭ مەيلى، دېگەن بىرلا تەلەپنى قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچەيلەن بىر - بىرىگە كاشىلا قىلماي ئۆتىۋەردى. ئۇرېلىئانو II ھەر ئىككى خوتۇنغا قىزغىن ۋە مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى. پېترا كېتىس ئۆز غەلىبىسىدىن خۇش ئىدى، فېرناندا بولسا ھېچ ئىشنى بىلمەسكە سېلىپ يۈرىۋەردى.

فېرناندا ئېرى بىلەن چىقىشىپ ئۆتىۋاتقان بولسىمۇ، بۇئېندىيە جەمەتىدىكىلەر بىلەن تازا ئىچەكىشىپ كېتەلمىدى. ئېرى بىلەن بىللە بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى يۈڭ يوپايكا كىيىپ قوپاتتى، شۇ ۋەجىدىن قوشنىلار ئارىسىدىمۇ كۇس - كۇس پاراڭلار پەيدا بولغانىدى، ئۇرسۇلا ئۇ يوپايكىسىنى سېلىۋېتىشىنى شۇنچە تەلەپ قىلغان بولسىمۇ پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋەردى. ئۇرسۇلا مۇنچا ۋە ھاجەتخانا ئىشلىتىشكە ئۇنەپ، ئالتۇن گارشوكىنى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئالتۇن بېلىجان ياسىشىغا سېتىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىپ باقتى، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمىدى. فېرناندانىڭ ياسالما سۆزلەرنى تولا ئىشلىتىدىغان، ھەرقانداق گەپنى ئەگىتىپ قىلىدىغان ئادىتى ئامارانتاغا پەقەتلا ياقمايتتى، ئامارانتا ئۇنىڭ ئالدىدا ئاغزىغا كەلگىنىچە چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دەيتتى.

فېرناندا ئاخىر بىركۈنى ئامارانتانىڭ بۇنداق مازاق قىلىشلىرىغا چىداپ بولالماي، ئامارانتانىڭ زادى نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى سورىدى. ئامارانتا گەپنى ئەگىتىپ ئولتۇرماي ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— مەن سىزنى ئۆزىنىڭ كۆتىنىمۇ پەرھىز كۈنى دەۋالىدىغان، ھەتتا ئۆزىنىڭ پوقىدىنمۇ كۆڭلى ئېلىشىدىغان ئايال ئىكەنسىز دەۋاتىمەن.

ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ گەپلەشمەس بولدى. ئەگەر سۆزلەشمىسە بولمايدىغان

بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ئىككىلىك خەت يېزىشاتتى ياكى گەپ يەتكۈزۈشەتتى. فېرناندا بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئۆزىنى قارشى ئالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرسىمۇ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئېسىلزادىلەرگە خاس ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلدۇرۇشقا تىرىشاتتى. بۇ ئائىلىدە كىمنىڭ قورسىقى ئاچسا شۇ ئۆزى ئۇدۇل ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋېرىدىغان ئادىتىنى تاشلاتقۇزۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا تاماقخانىدىكى چوڭ شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە مەجبۇر قىلدى ھەمدە شىرەگە كاناپ داستىخان سېلىپ، شامدان ۋە كۈمۈش ـ قاچا قۇچىلىرىنى تىزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇرسۇلانىڭ نەزىرىدىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا بولۇپ تۇرىدىغان ئەڭ ئاددىي بىر ئىش تەنتەنىلىك مۇراسىمغا ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئائىلىدە جىددىي كەيپىيات شەكىللەندى. كەم سۆز خوس ئاركادىئو II مۇ بىرىنچى بولۇپ بۇنداق قىلىشقا قارشى چىقتى. بىراق، بۇ يېڭى تەرتىپ خۇددى تاماقتىن ئىلگىرى ئىبادەت قىلمىسا بولمايدىغان يەنە بىر يېڭى تەرتىپكە ئوخشاشلا غەلىبە قىلدى. قولۇم ـ قوشنىلارمۇ بۇئېندىيەلەر ئادەتتىكى ئادەملەردەك ئۇستەل ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنى بىرخىل ئىبادەت مۇراسىمغا ئۆزگەرتىپتۇدەك، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىپ كەتتى. ھەتتا ئۇرسۇلانىڭ خۇراپىيلىقى بىلەن فېرناندانىڭ خۇراپىيلىقى ئوتتۇرىسىدىمۇ توقۇنۇش يۈز بەردى. ئۇرسۇلا تولا ھاللاردا ئۆزىنىڭ سەزگۈسىنى ئاساس قىلىپ، بۇ ئىشلارنىڭ ئەنئەنە بىلەن ئانچە مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايتتى، فېرناندا بولسا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئۇدۇم ئېلىپ، ھەر خىل سورۇنلارنى تۈر ـ تۈرى بىلەن ئېنىق ئايرىپ ئىش تۇتاتتى. ئۇرسۇلانىڭ قولىقى يېنىك، كۆزى روشەن چاغلىرىدا خېلى گېپى ئۆتەتتى، بەزى كونىچە ئادەتلەرنى ھەر ھالدا ساقلاپ قالالىغانىدى. كۆزى خىرەلەشكەن، يىللارنىڭ ئېغىر سېلىقى بىر بۇلۇڭغا قىستاپ ئاپىرىپ قويغاندا بولسا فېرناندا بۇ ئائىلىگە كەلگەن مىنۇتلاردىن باشلانغان شەپقەتسىز ئۆزگىرىش ئۇزۇل ـ كېسىل تاماملىنىپ، بۇ ئائىلىنىڭ تەقدىرىنى شۇلا بەلگىلەيدىغان بولدى. سانتاسوفىيە دېلا پېداد ئۇرسۇلانىڭ ئارزۇسى بويىچە پىرەنىك ۋە ئۇششاق جانىۋارلار شەكلىدە ياسىلىدىغان كەمپۈت تىجارىتىنى ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. بۇ ئوقەت فېرناندانىڭ نەزىرىدە پەس ئىش دەپ قارىلىپ

دەرھال توختىتىلدى. ئادەتتە ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇلۇغ ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكلەر ئاپتاپ چۈشۈپ ياتاق ئۆيىنى ئىسسىتىۋېتىدىكەن دېگەن باھانە بىلەن دەسلەپتە چۈشلۈك ئارام مەزگىلىدە ئېتىلدى، كېيىن زادىلا ئېچىلماس بولدى. ماكوندو مەھەللىسى قۇرۇلغان چاغلاردىن باشلاپلا تورۇسقا ئېسىلىپ كەلگەن بىر باغلام ئالوي ۋە باشاق ئېلىپ تاشلىنىپ ئورنىنى ئېيىسانىڭ ھەيكىلى ئىگىلىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن بېشارەت بەردى.

— بىز ئاقسۆڭەك بولۇپ كېتىۋاتىمىز، — دېدى كېيىنپىلا، — بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساق، كونسېرۋاتىپلار ھۆكۈمىتىگە قارشى يەنە ئۇرۇش قوزغىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، بۇ قېتىم پەقەت ئۇلارنىڭ ئورنىغا پادىشاھنى تەختكە چىقىرىمىز.

فېرناندا پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشتىن ساقلىناتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇشلىرى، ئۆلۈك قائىدىلەرنى چەتكە قېقىشى فېرناندانى قاتتىق بىزار قىلاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت بەشتە بىر پىيالە قەھۋە ئىچىشلىرى، زەرگەرخانىسىدىكى مالىمانچىلىقلار، ئۇچىسىدىكى يىپلىرى ساڭگىلاپ قالغان ئەديال يېپىنچىسى، ھەر كۈنى كەچقۇرۇن كوچا دوقمۇشىدا ئولتۇرىدىغان ئادىتى فېرناندانىڭ ئوغىسىنى قايىنىتاتتى، شۇنداقتىمۇ ئائىلىدىكى بۇ يېقىمسىزلىققا چىداشقا مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، ياشىنىپ قالغان بۇ پولكوۋنىكنىڭ قېرىلىق ۋە ئۈمىدسىزلىك دەستىدىن ۋاقتىنچە تىنجىپ قالغان بىر يىرتقۇچ ئىكەنلىكىگە، ناۋادا ئۇنىڭ ۋەھشىيلىكى تۇتۇپ قالىدىغان بولسا، ئۆز ئائىلىسىنىمۇ ۋەيران قىلىۋېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. فېرناندا ئېرىنىڭ تۇنجى ئوغلىغا ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ ئىسمىنى قويماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ قارشى پىكىردە بولۇشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى، بۇ ئۆيگە كەلگىنىگە ئارانلا بىر يىل بولغانىدى. بىراق، تۇنجى قىزى تۇغۇلغاندا ئانىسىنى خاتىرىلەپ رىناتا قويىدىغانلىقىنى توغرىدىن ـ توغرا ئېيتتى، ئۇرسۇلا بولسا رېمەدىس قويۇشنى قارار قىلدى. كەسكىن مۇنازىرىدە ئورېلىئانو II ئوتتۇرىدا قالدى. ئاخىر بۇ قىزنىڭ ئېتىنى رىناتا رېمەدىس قويۇشتى. ئانىسى رىناتا دەپ چاقىرسا، قالغانلار مېيمى دەپ رېمەدىسنىڭ ئەركىلەتمە

ئىسمىنىلا چاقىراتتى.

فېرناندا دەسلەپتە ئۆزىنىڭ نەسەبىنى تىلغىمۇ ئالمايتتى، كېيىن دادىسىنىڭ غايىۋى ئوبرازىنى ياراتتى. دادىسىنى ئالاھىدە بىر شەخس قىلىپ تەسۋىرلەپ، پانىيدىكى مەئىشەتلەردىن كېچىپ، ئاستا ـ ئاستا ئەۋلىيا بولۇپ كېتىۋاتقىنىنى چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. ئورېلىئانو II خوتۇنىنىڭ قېيىنئاتىسىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ تەرىپلەشلىرىدىن ئىچى پۇشۇپ، ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قىزىقچىلىق قىلاتتى. باشقىلارمۇ ئۇنى دورايتتى. ئائىلىسىنىڭ ئىناقلىقىنى جان كۆيدۈرۈپ قوغدايدىغان، ئائىلە ماجىرالىردىن ئازابلىنىدىغان ئورسۇلامۇ بىر قېتىم چەۋرىسىنى پاپا بولىدۇ دەپ سالدى. چۈنكى، بۇ چەۋرىسى «ئەۋلىيانىڭ نەۋرىسى، ئايال پادىشاھ بىلەن كالا ئوغرىسىنىڭ ئوغلى ئىدى» ئىدى. بۇ ئائىلىدىكى باللارنىڭ ھەممىسى ئويۇن چىقىرىپ ئاستىرتىن مازاق قىلغىنى بىلەن بوۋاقنىڭ بوۋىسىنى خىزىر سۈپەت ئادەم ساناپ ئادەتلەندى، بوۋىسىمۇ ئۇلارغا يازغان خەتلىرىگە تەقۋادارلىق بىلەن دىنىي شېئىرلاردىن بىرنەچچە مىسرا قوشۇپ قوياتتى، ھەر قېتىم روژدېستۋا بايرىمىدا يوغان بىر ساندۇق سوۋغا ئەۋەتەتتى. ساندۇق يەتكۈزۈلگەندە سوۋغاتنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتكەن باللار گۈرربدە دەرۋازىغا تىقىلىشىپ دەرۋازىنى بۇزۇۋەتكىلى تاس قالاتتى، دون فېرناندانىڭ نەۋرىلىرىگە ئەۋەتكەن سوۋغىتى ئۆتمۈشتىكى شان ـ شەۋكەتلىك جەمەتتىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى تەۋرروكلەر ئىدى. ئۇلار باللارنىڭ ياتاق ئۆيىگە بۇ سوۋغاتلاردىن تاۋاپ سۈپىسى ياسىدى، سۈپىغا ئادەم بويى كېلىدىغان ئەۋلىيا ھەيكىلى قويۇلدى، ھەيكەلنىڭ سۇرلۇك چاقناپ تۇرىدىغان ئەينەك شارچا كۆزلىرى كىشىنى ئەيمەندۈرەتتى، ھەيكەلنىڭ ئۇچىسىدىكى نەپىس كەشتىلىك يەكتەك ماكوندودا ھېچكىم كىيىپ باقمىغان ئېسىل يۇڭ رەختتىن تىكىلگەنىدى. قەدىمىي قەلئەدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملىرىدەك سۇرلۇك ھەم ھەشەمەتلىك جابدۇقلار بۇئېندىيەلەرنىڭ يورۇق ئۆيلىرىگە بىر ـ بىرلەپ يۆتكەپ كېلىندى.

— پۈتۈن جەمەتنىڭ گۆرىنىمۇ بىزگە بېرىۋېتىدىغان بولدى، — دېدى ئورېلىئانو II بىركۈنى، — يۆتكىمىگەن سۆگەتلىرى بىلەن قەبرە تاشلىرىلا قالدى.

بوۋىسى ئەۋەتكەن ساندۇقتىن ئوينىغۇدەك بىرەر نەرسە چىقمىغان بولسىمۇ، باللار يەنىلا دېكابىر ئېيىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، نېمىلا دېگەنبىلەن بىلىپ بولمايدىغان سىرلىق ئاسار - ئەتىقىلەر ئۇلار ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. ئونىنچى روژدېستۋا بايرىمى كەلگەن، كىچىك خوس ئاركادىئو مەدرىسكە تەييارلىنىۋاتقان بىر چاغدا بوۋىسىنىڭ يوغان ساندۇقى ئادەتتىكىدىن بالدۇر كەلدى. بۇ ساندۇق پۇختا مىخلىنىۋېتىلگەن، نەم ئۆتكۈزمەس يېلىم بىلەن ھىم پېچەتلەنگەن ھەمدە ئادەت بويىچە گوت نۇسخىسىدا يېزىلغان سالام خەتنىڭ كونۋېرتىغا «تەڭداشسىز ھۆرمەتلىك دون فېرناندا دېل كارپىئو بۇئېندىيە خانىمغا تېگىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. فېرناندا ياتاق ئۆيىدە ئۇ خەتنى ئوقۇش بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى، باللار بولسا تەقەززالىق بىلەن ساندۇقنى ئېچىشقا باشلىدى، ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا ئورېلىئانو II نىڭ ياردىمىدە پېچەت يېلىمىنى قىرىپ، مىخلارنى يۇلدى، مۇھاپىزەت ئۈچۈن سېلىنغان ھەرە كېپىكىنى سىيرىۋەتتى، ساندۇقنىڭ ئىچىدە مىس بولتا بىلەن چىڭ ئېتىۋېتىلگەن قوغۇشۇن ھەللىك بىر ساندۇق تۇراتتى. ئورېلىئانو II ساندۇقتىكى سەككىز بولتىنىڭ ھەممىسىنى بوشىتىپ ساندۇقنىڭ قاپقىسىنى شۇنداق ئېچىپلا چۆچۈپ ۋارقىراپ تاشلىدى، ئاندىن كۆرۈشكە تاقىتى تاق بولۇپ كەتكەن باللارنى بىر چەتكە ھەيدىۋەتتى. ئۇ قوغۇشۇن ھەللىك ساندۇقنىڭ تېگىدە دون فېرناندا ياتاتتى، ئۇچىسىغا قارا تون كىيگۈزۈلگەن، مەيدىسىگە ئېيسانىڭ كىرېستقا مىخلانغان ھەيكىلى قادالغانىدى، ئەتلىرىدىن بەتبۇي پۇراق بۇخسۇپ تۇراتتى، پۈتۈن ئەزايىغا خۇددى بوش ئوتتا ۋىل - ۋىل قايناۋاتقان شورپىغا چىلانغاندەك مۇنچاق - مۇنچاق كۆپۈك ئۆرلەپ چىققانىدى.

رىناتا تۇغۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي كۈتۈلمىگەن بىر خەۋەر كەلدى، ھۆكۈمەت نىراندىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغان خاتىرە كۈنىدە پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۈچۈن ئالاھىدە مۇراسىم ئۆتكۈزمەكچى بولغانىدى. بۇ قارار ھۆكۈمەتنىڭ سىياستى بىلەن بىردەك ئەمەس ئىدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇنىڭغا ئاشكارە قارشى چىقتى ھەمدە مۇراسىمغا قاتنىشىشنى رەت قىلدى.

— ئالاھىدە مۇراسىم دېگەن سۆزنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن،

مەنىسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر كۆلكىلىك بىر ئىش بۇ.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قىستاق زەرگەرخانىسىغا خىلمۇخىل ئەلچىلەر تولۇپ كەتتى. بۇرۇن قارا قاغىغا ئوخشاش ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەشكەن قارا كىيىملىك ئادۋوكاتلار يەنە پەيدا بولدى. ئۇلار بۇرۇنقىدىنمۇ قېرىپ، سالاپەتلىك بولۇپ كېتىشكەندى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆز ۋاقتىدا ئۇرۇش توختىتىشقا سالا قىلىش ئۈچۈن ئىزدەپ كەلگەن چاغلىرىدىكىدەكلا يەنە ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ «قاغا»لارنىڭ نومۇس قىلماي مەدھىيە ئوقۇپ كېتىشلىرىگە تاقەت قىلىپ تۇرالماي، تولا كاشىلا قىلماڭلار دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ھەمدە ئۆزىنىڭ قانداقتۇر دۆلەتنىڭ چوڭ پېشىۋاسى، مىللىي قەھرىمانى ئەمەس، ئۆتمۈشنى ئۇنتۇغان ئاددىي ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكىنى، ئەمدىكى بىردىنبىر ئارزۇيىنىڭ ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ، غۇربەتچىلىكتە بولسىمۇ ئۆز كۈننى كۆن ئېتىپ، ئالتۇن بېلىجان ياساش بىلەن چارچاپ ئۆلۈش ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتتى. «جۇمھۇرىيەت پىرىزىدېنتى ئۆزى بىۋاسىتە ماكوندوغا كېلىپ تەبرىكلەش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ ئۇنىڭغا پەخرىي ئوردېن تەقدىم قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرغەزەپكە كەلگەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو پىرىزىدېنتقا ئېيقمتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈپ قويۇشنى جېكىلەپ: كېچىكىپ كەلگەن بۇ پۇرسەتنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن، شۇ پۇرسەت كەلسىلا ئاتاپ قويغان بىر پاي ئوقۇم بىلەن پىرىزىدېنتنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىرىمەن. ھۆكۈمەتنى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى ۋە تەتۈر يول تۇتتى دەپ جازالاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ھېچكىمگە زىيىنى يەتمەيدىغان بىر بوۋاينى ھۆرمەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىمەن، دەپ گەپ ئەۋەتتى.

جۇمھۇرىيەت پىرىزىدېنتى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ بۇ كۆچلۈك تەھدىتى بىلەن بۇ سەپىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئوردېننى شەخسىي ۋەكىلىدىن ئەۋەتىپ بەردى. ئاغرىق پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس خىلمۇخىل بېسىم بىلەن ئورۇن تۇتۇپ ياتقان يېرىدىن قوپۇپ كونا سەپدىشىنى ماقۇل كەلتۈرۈشكە ئۇرۇندى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو تۆت ئادەم كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان يۆلەنمە ئورۇندۇقنى ۋە ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان قەدىناس

دوستىنى كۆرۈپ، ياش ۋاقىتلىرىدىن باشلاپلا ئۆزى بىلەن ھالاۋەتتىمۇ، جاپادىمۇ بىللە بولۇپ ئۆتكەن پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسنىڭ ئۆز قارارىنى قوللايدىغانلىقىدىن گۇمان قىلمىدى. بىراق، مەقسىدىنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال زەرگەرخانىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى بۇيرۇدى.

ــ سېنى بەك كىچىكىپ چۈشىنىپتىمەن، ــ دېدى پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسقا، ــ ئۆز ۋاقتىدا سېنى ئاتقۇزۇپلىۋەتكەن بولسام، ساڭا كاتتا ئىنئام قىلغىنىم بولار ئىكەن.

ئالاھىدە تەبرىكلەش مۇراسىمىغا بۇئېندىيەلەر ئائىلىسىدىن بىرمۇ ئادەم قاتناشمىدى. تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ شادلىق بايرىمى بىلەن بىللە كېلىپ قالغانلىقى بىر تاسادىپىيلىق ئىدى. بىراق، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ شۇ تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان جاھىلانە قارىشىنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ تاسادىپىيلىقنىمۇ ھۆكۈمەتنىڭ ھىيلە ـ مىكرى، مېنى مەسخىرە قىلغىنى دەپ قارايتتى. زەرگەرخانىسىدا ئولتۇرۇپ ھەربىي ئوركېستىر ئورۇندىغان مۇزىكىنى، سالىيۇت ئاۋازىنى ۋە قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئىشىكىنىڭ ئالدىدا سۆزلىنىۋاتقان ماكوندودىكى بىر كوچىغا ئۆزىنىڭ ئېتى بىلەن ئات قويۇلغانلىقى توغرىسىدىكى نۇتۇقمۇ ئاندا ـ ساندا قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى ۋە كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى، ئاجىز كېلىپ قالغانلىقىدىن، ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغىنىدىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئۆزىدە ياش ۋاقىتلىرىدىكىدەك يەنە بىر مەيدان قانلىق ئۇرۇش قوزغاپ، كونسېرۋاتىپلار ھۆكۈمىتىنى پاك ـ پاكىز يوقىتىۋەتكىدەك شىجائىتىنىڭ قالمىغانلىقىدىن ئۆكۈندى ۋە قاتتىق ئازابلاندى. تەبرىك تەنتەنىلىرى تېخى بېسىقمىغانىدى، ئۇرسۇلا زەرگەرخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

ــ ماڭا كاشىلا قىلىشما، ــ دېدى ئۇ، ــ چولام يوق.

ــ ئىشىكنى ئاچ، ــ دېدى ئۇرسۇلا تەمكىن ئاۋازدا، ــ بۇ تەبرىك مۇراسىمى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ئىش.

پولكوۋنىڭ ئورېلىئانو ئىشىكنى ئاچتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئون يەتتە يىگىت تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايى، قامىتى، ئىرقى بىر - بىرىگە ئوخشىمىسىمۇ، ھەممىسىنىڭ چىرايىدىن ھەرقانداق يەردە باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى. مۇشۇ تۇرقىدىنلا يەر شارىنىڭ نەرىگە كەتسىمۇ ئۇلارنىڭ سالاھىيىتىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن مەسلىھەتلىشىۋالمىغان، بىر - بىرىنى بىلمەيمۇ تونۇشمايتتى، تەبرىك مۇراسىمىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئەڭ يىراق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن يېتىپ كېلىشكەنىدى، ھەممىسى ئۆز ئېتىنىڭ ئورېلىئانو قويۇلغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ھەممىسى ئانىسىنىڭ فامىلىسىنى قوللىناتتى. ئۇلار بۇ ئۆيدە تۇرغان ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆينى يىغىلىق بولغاندەك پاتىپاراق قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىدىن ئۇرسۇلا خۇشال ئىدى، فېرناندا بولسا ھەيران قالغان ھەم غەزەپلەنگەنىدى. ئامارانتا ئەسكى قەغەزلەر ئارىسىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى تېپىۋالدى. ئۇرسۇلا بۇ خاتىرىگە ئون يەتتە بالىنىڭ ئېتىنى، تۇغۇلغان، چوقۇندۇرۇلغان كۈنىنى ۋە ئادرېسلىرىنى خاتىرىلەپ قويغانىدى. يىگىرمە يىللىق ئۇرۇشنىڭ ئىچىدە كۆرۈنۈشى دېيىشكە بولىدىغان بۇ تىزىملىككە قاراپ پولكوۋنىكنىڭ كېچىلىك ھەرىكەت يولىنى، ھېلىقى كۈنى كېچىدە يىگىرمە ئادەمنى باشلاپ ماكوندودىن يولغا چىقىپ يوقىلاڭ قوزغىلاڭچىلار توپىغا قوشۇلغاندىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرى قانغا بويالغان ئەديالغا يۆگىنىپ ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىگە قەدەر پۈتۈن ھەرىكىتىنىڭ جەريانىنى بىلگىلى بولاتتى. ئورېلىئانو II نەۋرە تۇغقانلىرىنى مېھمان قىلىدىغان بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي شامپانسكىلارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، گارمونىنى شوخ پەدىلەرگە چېلىپ، ئالاھىدە تەبرىك مۇراسىمى تۈپەيلىدىن چالا قالغان شادلىق بايرىمى تەنتەنىسىنىڭ ئورنىنى تولدۇردى. مېھمانلار ئۆيدىكى قاچا - قۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى چېقىۋەتتى؛ بىر بۇقىنى باغلىۋالىمىز دەپ ئوڭ - تەتۈر قوغلاپ يۈرۈپ گۈللۈكتىكى ئەتىرگۈللەرنى چەيلىۋەتتى؛ مېكىيانلارنى ئوققا تۇتتى؛ ئامارانتانى مەجبۇرلاپ يۈرۈپ پېترو كرېسپىنىڭ مۇڭلۇق ۋالىسىغا تانسا ئويناتقۇزدى؛

ساھىبجامال رىمەدىسنى ئەرەنچە ئىشتان كىيىپ خادىغا يامىشىش ئويۇنىغا زورلىدى؛ چىلىق ـ چىلىق مايلىۋېتىلگەن بىر چوشقىنى تاماقخانىغا قويۇپ بەرگەندى، ئۇ چوشقا فىرناندانى ئۇسۇپ يىقىتىۋەتتى. بىراق، كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشلاردىن ھېچكىم ۋايسىمىدى، بەلكى پۈتۈن ئۆينى شادىيانە كەيپىيات بىر ئالدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇ بىر توپ ئوغلىنى كۆرۈپ باشتا ئازراق ئەندىشىدە بولغان، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرنەچچىسىنىڭ ئۆز پۇشتى ئىكەنلىكىدىنمۇ گۇمانلانغانىدى، كېيىن ئۇلارنىڭ سارائىلىقلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالدى، قايتار ۋاقتىدا ھەممىسىگە بىر تالدىن ئالتۇن بېلىقچانمۇ سوۋغا قىلدى. غەلىتە مىجەزلىك خوسې ئاركادىئو II ئۇلارغا خوراز سوقۇشتۇرۇش سورۇنى ھازىرلاپ بەردى، بۇ ئويۇن ئاركادىئو II نىڭ پاجىئەلىك مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشقىلى تاس قالدى. بۇ ئورېلىئانولارنىڭ تولىسى خوراز سوقۇشتۇرۇش ماھىرلىرى بولغاچقا، ئورېلىئانو II نىڭ پوپ ئانتونىئو ئىسابېل ئۆگەتكەن نەيرەڭلىرىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغانىدى. ئورېلىئانو II بۇ بىر تالاي تۇغقانلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن زىياپەتخۇمار، تاماشىكەشلىكىنى كۆرۈپ يېتىپ، ھەممىسىنى مەشەدە قىلىپ ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى. بۇ تەكلىپنى يالغۇز تىرېستلا قوبۇل قىلدى. ئۇ بەستلىك دارازا بوۋىسى خوسې ئاركادىئودەك قارام ۋە تەۋەككۈلچى بولغاچقا، پۈرسەت ئىزدەپ دۇنيانىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ چىققانىدى، شۇڭا قەيەردىلا ياشىسا بەرىبىر ئىدى. قالغان ئورېلىئانولار ئۆي ـ ئوچاقلىق بولمىغان بولسىمۇ، ھەممىسى ئۆز چىقىش يوللىرىنى تاللاپ بولغان مۇلايىم يىگىتلەر، قولى گۈل ھۈنەرۋەنلەر، ئائىلىسىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ئىدى. پولكوۋنىكنىڭ ئوغۇللىرى دېڭىز بويىدىكى يۇرتلىرىغا تارقىلىپ كېتىش ئالدىدىكى خىرىستيانلارنىڭ روزا كۈنى ئامارانتا ئۇلارغا ئىبادەت كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ چېركاۋغا ئېلىپ باردى. ئۇلارغا تەقۋادارلىقتىن كۆرە قىزىق تۇيۇلغىنى شۇ بولدىكى، تاۋاپ سۇپىسىنىڭ قاشا رېشاتكىسى ئالدىغا باشلاپ بېرىلگىنىدا پوپ ئانتونىئو ئىسابېل ھەربىرىنىڭ پېشانىسىگە مۇقەددەس كۈل بىلەن كرېست بەلگىسى سىزىپ قويدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى پېشانىسىدىكى كرېست بەلگىسىنى

يۇيۇۋەتمەكچى بولدى ـ يۇ چىقىرالمىدى، ئاكىلىرىنىڭكىمۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار سوپۇنداپ يۇيۇپمۇ، قۇم ۋە چوتكىلار بىلەن سۈرتۈپ بېقىپمۇ، ئاخىردا كۆپۈكتاش ۋە شاكىراپلار بىلەن يۇيۇپ بېقىپمۇ چىقىرالمىدى. ئامارانتا ۋە ئىبادەتكە بارغان باشقا كىشىلەرنىڭ پېشانىسىدىكى كىرېست بەلگىسى بىر يۇيسا چىقىپ كەتتى.

ــ مۇشۇنداق تۇرىۋەرسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، ــ دېدى ئۇرسۇلا ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋېتىپ، ــ بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى ھەركىم بىرلا قاراپ بىلىۋالىدۇ.

ئۇلار قاتار تىزىلىپ مېڭىشىپ ئوركېستىر ئورۇندىغان مۇزىكا ساداسى ۋە پوجاڭزا ئاۋازى ئىچىدە تارقىلىشتى، ئۇلار پۈتۈن بازار ئەھلىگە گويا بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ مەڭگۈ نەسەبى ئۈزۈلمەيدىغاندەك تەسىرات قالدۇردى. پېشانىسىگە كىرېست بەلگىسى سىلىنغان ئورېلىئانو تىرىست شەھەرنىڭ ياقىسىغا مۇز زاۋۇتى قۇردى، بۇ دەل كەشپىيات دەردىدە سەۋدايى بولۇپ قالغان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئارزۇ ـ ئارمىنى ئىدى.

ئورېلىئانو تىرىست ماكوندوغا كېلىپ نەچچە ئاي ئۆتمەيلا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى تونۇپ كەتتى ۋە ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئانىسى بىلەن سىڭلىسىنى (پولكوۋنىكتىن بولغان قىز ئەمەس) ماكوندوغا ئەكىلىۋېلىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئۆي ئىزدەپ بارمىغان يېرى قالمىدى. ئاخىر مەيدانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان تاشلاندۇق بىر كونا ئۆي كۆڭلىگە يېقىپ ئىگىسىنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، كىشىلەر بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى يوق، بۇرۇن بۇ ئۆيدە لاي ۋە تامنىڭ سۇۋىقىنى يەيدىغان بىر غېرىب تۇل خوتۇن ئولتۇرغان، دېيىشتى. ئۇ موماي ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى كوچىدا بىر ـ ئىككى قېتىم غىل ـ پاللا پەيدا بوپتۇ، ئۇ چاغدا بېشىغا سۈنئىي گۈل قىسىلغان بۆك، پۇتىغا كونا كۈمۈش رەڭ ئاياغ كىيىپ، ئېپىسكوپقا خەت سالغىلى پوچتىخانىغا چىققانىكەن. كىشىلەر يەنە ئورېلىئانو تىرىستقا ئۇ تۇل خوتۇننىڭ بىر ۋەھشىي خىزمەتكار ئايالنىلا ھەمراھ قىلىپ ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بەردى. بۇ خىزمەتكار ئايال ئۆيگە كىرىپ قالغان ئىت، مۈشۈك ۋە بارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆلۈكىنى كوچىغا تاشلاپ پۈتۈن بازارنى سېسىتىۋەتكەنىكەن. خالايىق ئەڭ ئاخىرقى

بىر ھايۋاننىڭ ئۆلۈكى ئاپتاپتا قۇرۇپ بولۇپ، ئاردىن خېلى ئۇزاق بىر زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئايال غوجايىن بىلەن خىزمەتكار ئايالنىڭ ئۇرۇش توختاشتىن خېلى ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنگەنىدى. بۇ ئۆي يېقىنقى يىللاردىن بېرى زىمىستان قىش ۋە بوران - چاپقۇن بولماس بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا مۇشۇ چاققىچە ئۆرۈلۈپ كەتمەي تۇرغانىدى. ئىشىكنىڭ ئىلغۇچى داتلىشىپ چىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىشىكنىڭ شاللىرى ئۆمۈچۈك تورى تۇتۇپ تۇرغاچقىلا ئاجراپ چۈشۈپ كەتمەي تۇراتتى، روجەك رامكىلىرى نەمدىن كۆپچۈپ كەتكەن، ئۆينىڭ پەۋاسىنى ئوت - چۆپ ۋە ياۋا گۈللەر باسقان، ئۆينىڭ يېرىقلىرىغا كەسلەنچۈك ۋە خىلمۇخىل قۇرتلار ئۇۋا سالغانىدى. بۇ ئالامەتلەر بۇ ئۆيدە ئاز دېگەندىمۇ يېرىم ئەسىردىن بېرى ئادەم ئولتۇرمىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئالدىراقسان ئورېلىئانو تىرىپ ئىشىكنى مۈرىسى بىلەن بىر ئىتتىرىۋىدى، قۇرت يەپ كەتكەن بىر شېلى ئۈنسىزلا يەرگە چۈشۈپ، پۇررىدە چاڭ توزىدى، ئاق چۈمۈلە ئۇۋىسىنىڭ ئۇۋاقلىرى چاچرىدى. توپا - توزان بېسىققاندا بوسۇغىدا قىمىر قىلماي تۇرغان ئورېلىئانو تىرىپىنىڭ كۆزىگە مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بىر مەزلۇم كۆرۈندى. ئۈچىسىغا ئۆتكەن ئەسىردىكى كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىۋالغان ئۇ مەزلۇمنىڭ تاقىر بېشىدا شالاڭغىنە بىرنەچچە تال سارغۇچ چېچىلا قالغانىدى، ئەمما كۆزلىرىدە ئۆتمۈشىدىكى گۈزەللىكىنىڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئاخىرقى ئۈمىد ئۈچقۇنىمۇ ئۆچۈپ بولغان، يۈزىنىڭ تېرىسى غېرىبلىق دەستىدىن ھېلىلىدەك قورۇلۇپ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەنىدى. كۆز ئالدىدىكى پانىي ئالەمگە خاس بولمىغان بۇ مەنزىرىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالغان ئورېلىئانو تىرىپست بۇ مەزلۇمنىڭ بىر كونا تاپانچىنى تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى بايقىماي قالغىلى تاس قالدى.

— كەچۈرۈڭ، — دېيەلىدى بوش ئاۋازدا.

ئۇ مەزلۇم ئەسكى - تۈسكىلەر بىلەن تولغان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا قىمىر قىلماي تۇرغان پېتى ئالدىدىكى بۇ گەۋدىلىك، پېشانىسىگە كۈل بىلەن كرېست بەلگىسى چېكىلگەن يىگىتكە سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. توپا - توزان ئىچىدە تۇرغان بۇ

يـىگىت كـۆزىگە ئۆتمۈش تۇمانلىرى ئـىچىدە غـولـىغا قـوش ئـاتار مـىلتىقىنى سـىڭايان ئاسقان، قولىدا بىر تىزىق توشقان كۆتۈرۈۋالغان بىرسى بولۇپ كۆرۈندى.

— يا مېھرى ـ شەپقەتلىك پەرۋەردىگارىم، — دېدى مەزلۇم بوغۇق ئاۋازدا، — ئادىل بولمىدى، ھازىرمۇ ئۆتمۈشنى ئەسلەتكىنىڭ بولمىدى!

— ئۆي ئىجارە ئالماقچى ئىدىم، — دېدى ئورېلىئانو تىرىست.

مـەزلۇم تاپانچىسىنى ئېگىزراق كـۆتۈرۈپ، پـېشانىسىدىكى كرېست بـەلگىسىنى قـارىغا ئېلىپ قـەتئىي ۋە تـەبىئىي بـىر ھالدا بـارمىقىنى تـەپكىگە قـويدى ـ دە، بـۇيرۇق قىلدى:

— چىق ئۆيدىن!

ئورېلىئانو تـىرىست كـەچلىك تـاماق ۋاقتـىدا بـۇ كـەچمىشنى ئـۆيدىكىلەرگە ئېيتىپ بەردى. ئۇرسۇلا بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى ۋە يىغلىۋەتتى:

— ئـاھ پـەرۋەردىگـارىم، — تـوۋلىۋەتتى ئـۇرسـۇلا بـېشىنى چـاڭگاللاپ، — تـېخى ھاياتكەن ئەمەسمۇ!

ۋاقـتـنىڭ ئۆتۈشى، ئايىغى ئۈزۈلمەس ئۇرۇش ۋە تۈگىمەس بەختسىزلىك تـۇپەيلى ئـۇ رېبېكانى ئۇنتۇلۇپلا قالغاندى. رېبېكانىڭ ھېلىمۇ ھايات تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھـەمـدە قـۇرت ـ قـوڭغۇزلار ئـۇۋۇسـىدا چـىرىپ كـېتىۋاتقانلىقىنى پـەقـەت كـۇنسايىن قـېرىپ كـېتىۋاتقان بـاغرى تـاش ئـامارانتالا ئـېنىق بـىلىپ تۇراتتى. ھـەر تـاڭدا يـۈرىكىدىكى مۇزدەك سوغۇق ئـۇيقۇدىن ئـويغىنىشى بىلەنلا رېـبـېكانى ئېسىگە ئـالاتتى؛ ھـەر قـېتىم يـىگىدەپ قـالغان كـۆكسىنى ۋە سـولاشقان قـورسىقىنى سـوپۇن سـۈرۈپ يـۇغان، قـېرى ئاياللارغا خـاس ئـاق كـۆڭلىكىنى كـىيگەن ۋە لـېيپتىكىنى تاقىغان، گـۇناھىنى تـىلەپ قـولىغا ئورىۋالغان قـارا داكـىنى ئـالماشتۇرغان چـاغلىرىدىمۇ رېـبـېكانى ئـەسلەيتتى. غېرىبلىق ئەسلىمىلىرىنى رەتلەپ، ھاياتنىڭ قەلبىدە جۇغلىغان بېھېساب ئەخلەتلىرىنى كـۆيدۈرۈۋېتىشكە ھـەمـدە باشقا ئـەسلىمىلەرنى، يەنى ئـەڭ ئـاچچىق ئـەسلىمىلەرنى پـاكلاشتۇرۇپ، مـەڭگۈلۈك سـاقلىشىغا ئـىمكان بـەرگەنىدى. سـاھىبجامال رېمـەدىس رېبېكانىڭ ھايات ئـىكەنلىكىنى ئامارانتادىن ئـاڭلىدى. ئۇ ئـىككىسى ھېلىقى ئەسكى

ئۆينىڭ ئالدىدىن ھەربىر ئۆتكەندە، ئامارانتا رىبېكانىڭ بىرەر يامان گېپىنى ياكى بىرەر رەسۋاچىلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، شۇ ئارقىلىق بۇ جىيەن قىزىنى ئۆزىنىڭ ئۆچمەنلىكىگە شېرىك قىلىشقا ھەمدە بۇ ئاداۋىتىنى ئۆزى ئۆلگەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. بىراق، ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ ئۇنداق مۇھەببەت غەۋغالىرى بىلەن، خۇسۇسەن باشقىلارنىڭ ئۆچ ـ ئاداۋەتلىرى بىلەن ئانچە كارى يوق ئىدى. باشقىلارنىڭ نەزىرىدە رىبېكا پاكلىنىپ بولغان، بۇ بىچارە قىز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جەسەت سۆڭىكى قاچىلانغان تاغار بىللە ماكوندوغا ئەكىلىپ قويۇلغان مەنزىرە يولدىن چىقىپ ئۆيدىن كەتكەن ئۆتمۈشىنى يۇيۇۋەتكەندى. ئورېلىئانو II رىبېكانى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش قارارىغا كەلگەندى، بىراق رىبېكا ئۇنىڭ بۇ ياخشى نىيىتىنى كەسكىن رەت قىلدى. چۈنكى، نۇرغۇن يىل شۇنچە دەرتكە چىداپ تەستە ئېرىشكەن تەنھا ياشاش ئىمتىيازىنى تۆت كۇنلۇكى قالغاندا خەقنىڭ ساختا تەسەللى بىلەن ئاۋارە قىلىدىغان راھەت تۇرمۇشقا تېگىشىۋېتىشنى ھەرگىز خالىمىدى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئون ئالتە ئوغلى ئىككىنچى ئايدا ماكوندوغا يەنە كەلدى، پېشانىلىرىدىكى كۈل رەڭ كىرېست بەلگىسى تېخىچە بار ئىدى. ئورېلىئانو تىرىست قىزغىن زىياپەت ئۈستىدە ئۇلارغا رىبېكا توغرۇلۇق سۆزلەپ بەردى، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا رىبېكانىڭ ئۆيىنى رېمونت قىلىۋەتتى: ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى ئالماشتۇردى، ئىشىكنى شوخ رەڭدە سىرلىدى، تاملىرىنى تىرەك قويۇپ مۇستەھكەملىدى، پەۋالىرىنى باشقىدىن سېمونتلاشتى. بىراق، ئۆينىڭ ئىچىنى بېزەشكە رۇخسەت ئالالمىدى. ئۇلار ھە ـ ھۇ بىلەن قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ رېمونت ئىشىنى تۈگەتكەندىمۇ رىبېكا ھەتتا ئۆيدىن ئۇزىتىپ چىقمىدى، ئىش ھەققى چىقىمىنى كېيىن ھېسابلاپ كۆرۈپ، ھازىرغا قەدەر يېنىدىن ئايرىلمىغان خىزمەتكارى ئاخىناداىدىن بىر تۇتام پۇلنى چىقارتتى. بۇ پۇل ئەڭ ئاخىرقى ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئوبوروتتىن قالغان بولسىمۇ، رىبېكا ھازىرمۇ ئۆتىدۇ دەپ ئويلايتتى. كىشىلەر رىبېكانىڭ جاھاندىن ئايرىلىپ ياشاپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا

بىلدى، شۇنداقلا ھاياتلا بولىدىكەن، جاھىللارچە تەركىدۇنيالىقتىن تاندۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى.

پولكوۋنىك ئۇرېلىئانونىڭ ئوغۇللىرى ماكوندوغا ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە، ئۇرېلىئانو سېنتېننو دېگىنىمۇ ماكوندودا قېلىپ، ئۇرېلىئانو تىرىست بىلەن بىللە ئىشلەشكە باشلىدى. ئۇرېلىئانو سېنتېننو ئائىلىرى ئۇرسۇلاغا ئىسمى قويدۇرغان بىرىنچى تۇركۇمدىكى بالىلارنىڭ بىرى ئىدى، بۇ بالا ئالدىنقى قېتىم كەلگىنىدە بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئاسان چېقىلىدىغان قولى تېگىپ كەتكەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ چۇل ـ چۇل قىلىۋەتكەنلىكى ئۇرسۇلا بىلەن ئامارانتانىڭ ئېنىق ئېسىدە ئىدى. ئۇ بالا ھازىر ئوتتۇرا بوي بىر ئەر بولۇپ قالغانىدى، يۈزىدە قالغان چېچەك ئىزى كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بىراق، قوللىرىدىكى كىشىنى چۆچۈتكىدەك سېھىرلىك ۋەيران قىلغۇچى كۈچ قىلچە ئاجىزلىمىغانىدى، ھازىرمۇ شۇنچە كۆپ تەخسىنى چېقىپ بولدى، ھەتتا قولى تەگمىگەن تەخسىلەرمۇ چېقىلىپ كەتتى. فېرناندا ئەڭ ئاخىرقى قىممەت باھالىق قاچا ـ قۇچىلىرىنىمۇ چېقىپ بولمىسۇن دېگەن ئەندىشە بىلەن بىر يۇرۇش ئاق قەلەي چىنە ـ تەخسە ئېلىپ بەرگەنىدى، بۇلارمۇ تېزلا سىرى تۆكۈلۈپ، مايماق ـ سايماق بولۇپ كەتتى. ئۆزىنىڭ بۇنداق شەرتلىك بالا بولۇپ قالغىنىدىن ئۆزىمۇ جىق تويغانىدى. بىراق، ئاشۇ تەرىپىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇرېلىئانو سېنتېننو يەنە شۇنداق قىزغىن ۋە يېقىملىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدىكى، بىرلا كۆرۈشكەن ئادەمنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەتتى، ئىشنىمۇ شۇنداق كارامەت پۈتكۈزەتتى. شۇڭا شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا مۇزنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى تېز كۆپەيتىپ، بازارنىڭ ئىستېمال ئېھتىياجىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇرېلىئانو تىرىست شۇنىڭ بىلەن تىجارىتىنى سازلىق رايونىدىكى باشقا شەھەرلەرگە كېڭەيتىش توغرىسىدا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ چاغدا ئۇرېلىئانو سېنتېننونىڭ كاللىسىغا ئاجايىپ بىر ئوي كەلدى، بۇ ئويى زاۋۇتنىڭ زامانىۋىلىشىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، ھەتتا ماكوندونىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىدىمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

— تۆمۈريول ياسايلى، — دېدى ئۇرېلىئانو تىرىست.

تۆمۈرىيول دېگەن سۆزنى ماكوندولۇقلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئاڭلىشى ئىدى. ئورېلىئانو تىرىيست شىرەدە سىزغان ئىسخېما خوس ئاركارادئو ئابۇئېندىيە ئۆز ۋاقتىدا نۇر ئۆرۈشى قوللانمىسىغا قوشۇمچە قىلغان ئىسخېما بىلەن ئېنىقلا تومۇرداش ئىدى، ئۇرسۇلا بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇيغۇسىنىڭ توغرىلىقىنى جەزملەشتۈردى: زامان كەينىگە يېنىۋاتىدۇ. نىھايەت، ئورېلىئانو تىرىيستنىڭ بوۋىسىغا ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئورېلىئانو تىرىيست بوۋىسىدەك ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپمۇ قالمىدى، ئىشتىھاسىمۇ تۇتۇلۇپ قالمىدى، بوۋىسىدەك چېچىلىپ ئاچچىقىنى خەقتىن چىقىرىپمۇ يۈرمەيتتى. ئادەمنىڭ ھېچ ئەقلى يەتمەيدىغان شۇنچە يوقىلاڭ تەسەۋۋۇرىنىمۇ پاتلا ئەمەلگە ئاشىدۇ دەپ قارايتتى. كېتىدىغان خىراجەت ۋە قۇرۇلۇش ۋاقتىنى ئورۇنلۇق ھېسابلاپ چىقىپ، پىلاننى تەرتىپلىك يولغا قوياتتى. ئورېلىئانو II (ئەگەر ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ۋۇجۇدىدا يوق خۇسۇسىيەتنى تارتقان دېيىلسە، زادىلا ساۋاق ئالمايدىغان خۇسۇسىيەتنى تارتقان دېيىشكە بولاتتى) بۇرۇن قېرىندىشىنىڭ بولمىغۇر سۇ يولى ئېچىش پىلانىغا مەبلەغ ياردەم قىلغىنىغا ئوخشاشلا تۆمۈرىيول قۇرۇلۇشىغىمۇ يېنىكلىك بىلەن كۆپلەپ پۇل خەجلىگىلى تۇردى. ئورېلىئانو تىرىيست كالىندارغا قاراپ چىقتى ـ دە، يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كېتىشكىلا قايتىپ كېلىمەن دەپ قويۇپ بىر چارشەنبە كۈنى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن بىرەر ئۇچۇرىمۇ بولمىدى. ئورېلىئانو سېنتېنو مۇز مەھسۇلاتى زاۋۇتتا بېسىلىپ قېلىۋاتقاچقا، سوغۇق سۇدىن مۇز قاتۇرۇش ئورنىغا مېۋە ـ چىۋە شەربىتى مۇزلىتىشقا ئۆتتى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ماروژنا ئىشلەپچىقىرىشقا ئاساس يارىتىلىپ قالدى، مۇشۇ يول بىلەن زاۋۇتنىڭ مەھسۇلاتىنى كۆپ خىللاشتۇرۇشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ بولغان بولسىمۇ قېرىندىشىنىڭ دېرىكى بولمىغاچقا، بۇ زاۋۇتنى ئۆز مۈلكىم دەپ بىلدى. ھالبۇكى، يىل ئۆرۈلۈپ قىش كىرگەن بولسىمۇ ھاۋا تېخى ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئېقىن بويىدا كىر يۇيۇپ ئولتۇرغان بىر ئايال تۇساتتىنلا قاتتىق ھاياجان بىلەن شەھەرنىڭ مەركىزي كوچىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ بولۇشىچە توۋلاشقا باشلىدى:

— بۇ تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ، — كوچىنىڭ بارىچە چۇشەندۇرۇشكە ئۇرۇناتتى ئۇ ئايال، — ئاۋۇ تەرەپتىن بىر قورقۇنچلۇق نەرسە كېلىۋاتىدۇ، ئاشخانىغا ئوخشايدىغان بىرنەرسە بىر بازارنى سۆرەپ كېلىۋاتىدۇ!

پۈتۈن ماكوندو شۇ ئان قورقۇنچلۇق گۈدۈك ئاۋازى ۋە ئېغىر پۇشۇلداشلار ئىچىدە تىترەپ كەتتى. نۇرغۇن كىشى بىرنەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئىشچىلارنىڭ شىپال ۋە رېلىس ياتقۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، سىگانلار يېڭى ھىيلىسىنى ئېلىپ كەپتۇ، يەنە شۇ كونا تاڭگىر - تۇڭگۇرلىرى بىلەن ئىرۇسالىملىق تالانت ئىگىلىرى كەشىپ قىلغان قانداقتۇر سۈيۈق دورىنى كۆز - كۆز قىلىپ بازارغا سالغىلى كەپتۇ دەپ ئويلاپ ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغانىدى. ماكوندولۇقلار قۇلاقنى يارغۇدەك گۈدۈك ئاۋازى ۋە پۇشۇلداشلاردىن ئېسىنى تېپىپ كوچىغا يۈگۈرۈپ چىققىنىدا، ئورېلىئانو تىرىست پاراۋۇزدا تۇرۇپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ سالام بېرىۋاتاتتى. ئۇلار سەككىز ئاي كېچىكىپ كەلگەن پويىزنى كۆرۈپ ھەيرانلىقىدىن ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇشۇپلا قالدى. رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن بۇ سېرىق پويىزنىڭ ماكوندوغا نۇرغۇن گۇمان ۋە پاكىتلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى، شۇنچە كۆپ شېرىن ۋە بەختىيار تۇيغۇ بەخش ئېتىدىغانلىقى، شۇنچە كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلىدىغانلىقى، بالا - قازا ۋە سېغىنىشلارنى تاشىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

# ئون ئىككىنچى باب

خىلمۇخىل ئاجايىپ كەشپىياتلارنى كۆرۈپ كۆزلىرى قامىشىپ كەتكەن ماكوندولۇقلار ھەيران بولۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. يوپيورۇق ئېلېكتىر چىرىغىغا قاراپ كېچىچە ئۇخلىماي چىقىشتى. ماكوندو خەلقى ئورېلىئانو تىرىيست ئىككىنچى قېتىم پويىزغا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىققاندا ئالغاچ كەلگەن بۇ ئېلېكتىر ماشىنىنىڭ ئايىغى چىقماس غۇڭ ـ غۇڭلىرىغا خېلى ئۇزۇندا ئاران كۆندى. ئوقىتى سۇدەك ئېقىۋاتقان سودىگەر برونو كىرىسپى ئەپەندىنىڭ شىر بېشى شەكلىدە ياسىغان بېلەت سېتىش تۆشۈكىدىن بېلەت ئېلىپ كۇلۇبقا كىرىپ كىنو كۆرگەن ماكوندولۇقلار ئۆزلىرىنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتىۋەتكەن بىر ئادەمنىڭ بىر كىنودا ئۆلۈپ دەپنە قىلىنىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە بىر كىنودا تىرىلىپ قالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ بىر ئەرەبكە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ غەزەپتىن ئۆزلىرىنى بېسىۋالالمىدى. ئىككى سىنت پۇل تۆلەپ كىنودىكى شەخسلەر بىلەن تەقدىرداش بولۇپ چىقىدىغان تاماشىبىنلار بۇنداق ئوچىغا چىققان ئالدامچىلىققا چىداپ تۇرالماي ئورۇندۇقلارنى چېقىپ پاچاقلىۋېتىشتى. برونو كىرىسپى ئەپەندىنىڭ قاتتىق تەلىپىگە ئاساسەن بازار باشلىقى ئېلان چىقىرىپ، كىنونىڭ بىر خىل خىيالىي نەرسە ئىكەنلىكىنى، تاماشىبىنلارنىڭ بۇنچە بېرىلىپ كېتىشىگە ئەرزىمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. سىگانلارنىڭ يېڭى بىر كەشپىيات ھېيلىسىنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتۇق دەپ ئويلىغان نۇرغۇن كىشى كىنوخانىغا ئىككىنچى كەلمەسلىك قارارىغا كېلىشتى. چۈنكى ئۇلار ئۆزىمىزنىڭ باش ئاغرىقىمىز يېتىپ ئېشىپ تۇرغان يەردە، يالغان ئادەم ۋە يالغان ئىشلار ئۈچۈن يىغلاپ نېمىش قىلاتتۇق دېگەن قاراشتا ئىدى. شوخ فىرانسۇز پاھىشىلەر ئېلىپ كەلگەن پاتېفونمۇ كىنوغا ئوخشاش ئاقىۋەتكە دۇچار بولدى. بۇ

پاتىفون بۇرۇنقى گارمونلارنىڭ ئورنىنى ئالغاچقا، يەرلىك سازەندىلەرنىڭ كىرىمگە ئېغىر تەسىر يەتكەندى. دەسلەپتە بۇنىڭغا قىزىقىپ رەڭلىك رەستىگە بېرىپ كەيىپ ـ ساپا سۈرىدىغانلار شىددەت بىلەن كۆپەيگەن، ھەتتا بەزى ئېسىلزادە خېنىملارنىڭمۇ ئەرەنچە ياسىنىپ، پاتىفون دېگەن بۇ ئاجايىپ يېڭى ئوقەتنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىلى بارغانلىقى توغرىسىدا مىش ـ مىش گەپلەرمۇ چىققاندى. بۇ ئېسىلزادە خېنىملار قايتا ـ قايتا كۆرگەندىن كېيىن، پاتىفوننى كىشىلەر ئويلىغاندەك ياكى پاھىشىلەر دېگەندەك سېھىرلىك مۇزىكا چاقى ئەمەس، بەلكى ماشىنا ئويۇنى ئىكەن، ئۇنىڭدىن چىققان مۇزىكا سازەندىلەر چالغان مۇزىكىغا ئەسلا يەتمەيدىكەن، سازەندىلەرنىڭ مۇزىكىسى تەسىرلىك، تۇرمۇش پۇرىقى دېگەن يەرگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۈمىدسىزلەندى، كېيىنچە پاتىفون كەڭ ئومۇملىشىپ، ھەربىر ئائىلىدە بىردىن بولغان چاغلاردىمۇ چوڭلار ئاڭلاپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان نەرسە سۈپىتىدە ئەمەس، ئۇششاق بالىلارنىڭ چۇۋۇپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىشتى. نىھايەت، بىرلىرى ۋوگزالدا تېلېفوندىن ئىبارەت بۇ ئاجايىباتنى (دەستىسى بار بولغاچقا، بىر مەھەل ئاددىي پاتىفون دەپ قالغاندى) كۆرگەندىن كېيىن، ئاسانلىقچە بىر ئىشقا ئىشىنىپ كەتمەيدىغان كىشىلەرمۇ گاڭگىراپ قالدى. تەڭرى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى سىناپ كۆرمەكچى بولغاندەك، ماكوندولۇقلارنى دائىم خۇشاللىق ۋە ئۈمىدسىزلىك، گۇمان ۋە ئايدىڭلىق قاينىمىدا گاڭگىرتىپ قويياتتى. نەتىجىدە، ھېچكىممۇ رېئاللىقنىڭ چېگرىسىنىڭ زادى نەدىن ئايرىلىدىغانلىقىغا ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. رېئاللىق بىلەن خىيالىي مەنزىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى تۇيەيلىدىن كاشتان دەرىخى ئاستىدىكى خوس ئاركاردىئو ئابۇئېندىيەنىڭ پەرىشان ئەرۋاھىمۇ ئۆزىنى بېسىۋالالماي كۈپكۈندۈزدە ئۆيى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. تۆمۈريولدا رەسمىي پويىز قاتنىغاندىن كېيىن ھەر چارشەنبە كۈنى سائەت ساق 11:00 دە بىر پويىز كېلىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋوگزالغا ئاددىي بىر ئۆي سېلىندى، بۇ ئاددىيلا ياغاچ ئۆيدە بىر ئۈستەل ۋە بىر تېلېفون، بىلەت كۆزنىكى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ماكوندو كوچىلىرىدا سىرتتىن كەلگەن نۇرغۇن ئەر ـ ئايال

پەيدا بولدى، ئۇلار ئادەتتىكى سودا ـ سېتىقچىلار سىياقىدا بولسىمۇ، سېرىكچىلەرگە ناھايىتى ئوخشىشاتتى. كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بۇ گەپدان سېتىقچىلار سىگانلارغا ئوخشاشلا قىزغىنلىق بىلەن قازانلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ساتاتتى ۋە روزىنىڭ يەتتىنچى كۈنى گۇناھتىن ساقىت بولۇش ئەركانلىرىنى تەرغىب قىلاتتى. سىگانلارنىڭ نەيرەڭلىرىدىن بىزار بولۇپ كەتكەن بۇ بازاردا سېرىكچىلەر ئوقىتىنى ئاقتۇرالىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ كەتمىسىمۇ، تەكرار ـ تەكرار ئېيتىۋاتقان ۋەزلىرىگە بەس كېلەلمەي قالغان ۋە ئاسان ئالدىنىدىغان ھاماقەتلەردىن خېلى ئوبدان كىرىم قىلىۋالاتتى. پاكار گەلەفە شىم كىيىپ، ئۈستىدىن تىزلىق سىپلىۋالغان، بېشىغا چىغ قالپاق كىيگەن، سېرىق مەرۋايىتتەك كۆزلىرىگە تۆمۈر رامكىلىق كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر شەخس روزا كۈنى بۇ گەپدان سېرىكچىلەر بىللە بىلەن ماكوندوغا كەلگەن ھەمدە بۇئېندىيەلەر ئائىلىسىدە چۈشلۈك تاماقتا بولغانىدى. ئۆڭكى سوقۇشچى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىپقىزىل كەلگەن، چرايىدىن كۆلگە يېغىپ تۇرىدىغان بۇ خولەك ئادەم خېربېرىت ئەپەندى ئىدى.

خېربېرىت ئەپەندى بىر ساپاق بانانىنى يەپ بولغۇچە ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتمىدى. ئورېلىئانو II بۇ ئادەمنى ياكوپنىڭ مېھمانخانىسىدا يېرىم ـ ياتا ئىسپان تىلىدا ياتاق يوقلۇقىدىن زارلاۋاتقاندا تاسادىپىي كۆرۈپ قالغان ۋە ناتونۇش ئادەملەرنى مېھمان قىلىدىغان ئادىتى بويىچە ئۆيگە باشلاپ كەلگەنىدى. خېربېرىت ئەپەندى باغلانما شار سودىسى بىلەن جاھاننىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ چىققان سودىگەر بولۇپ، سودىسى ۋە كىرىمى ئوبدان ئىدى. ماكوندودا بولسا ھېچكىم شار بىلەن ئاسمانغا چىققىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار سىگانلارنىڭ ئۇچار گىلەملىرىنى كۆرگەن ۋە ئۇچار گىلەمگە چۈشۈپ باققان بولغاچقا، بۇ كەشپىيات ئۇلارغا چېكىنىشتەك بىلىنگەنىدى. خېربېرىت ئەپەندى شۇ سەۋەبتىن كەتمەكچى بولۇپ پويىز بېلىتىنى ئېلىپ قويغانىدى.

ئاشخانىغا ئېسىپ قويۇلغان بانان چۈشلۈك تاماقتا ئۈستەلگە قويۇلغانىدى، خېربېرىت ئەپەندى بىر تېلىنى ئۈزۈپ، ئورېلىئانو II نىڭ باشقا مېھمانلىرىدەك مەززە قىلىپ يېمەستىن، بۇ يەرگە ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغىلى كەلگەن ئالىمدەك پاراڭ

قىلغاچ ئالدىرىماي چايناپ يېدى. ئۇ بىر تالنى يەپ بولۇپ، يەنە بىرنى ئۈزدى ـ دە، يېنىدىن ئايرىمايدىغان سايمان ساندۇقىدىن بىر يۇرۇش نازۇك ئەسۋابنى ئېلىپ، ئالماس سودىگەرلىرىدىن قېلىشمايدىغان ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇ بىر تال بانانىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى، ئاندىن مەخسۇس تەكشۈرگۈچ يىڭنىسى بىلەن بانانىنى كەستى، ئۇنىڭدىن كېيىن دورىپۇرۇچلارنىڭ تارازىسىغا سېلىپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىدى، ھەربىي مېخانىكلارنىڭ سىېركولى بىلەن ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەپ كۆردى. ئارقىدىن ھېلىقى ساندۇقىدىن باشقا بىر يۇرۇش ئەسۋابىنى ئېلىپ ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسىنى، نەملىكىنى ۋە نۇر زىچلىقىنى ئۆلچەپ چىقتى. كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بۇ ئىش تۇيۇقسىزدىن ھېچكىمنىڭ تاماقا رايى بارمىدى، ھەممەيلەننىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇھىم يەكۈننى بىر ئاڭلاپ باققۇسى بار ئىدى، ئەپسۇس خېرىبېرت ئەپەندى بولسا ئاغزىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇددىئاسىنى قىلچىمۇ ئاشكارىلىمىدى.

كىشىلەر شۇندىن كېيىنكى بىرنەچچە كۈندە خېرىبېرت ئەپەندىنىڭ كېپىنەك تورى ۋە كىچىك بىر سېۋەتنى كۆتۈرۈۋېلىپ بازار ئەتراپىدا كېپىنەك تۇتۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈشتى. كېيىنكى روزا كۈنى بۇ يەرگە بىر توپ ئادەم كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنژېنېر، ئاگرونوم، سۇشۇناس، يەر شارائىتىنى تەكشۈرىدىغان، يەر ئۆلچەيدىغان گېئودېز، ئارخىتېكتورلار بار ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە خېرىبېرت ئەپەندى كېپىنەك تۇتقان جايلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ چىقتى. كېيىن جىپ بىرروۋىن دەيدىغان بىر كىشى سىبىرىق پويىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىغا چېتىلغان كۈمۈش رەڭ ۋاگوندا ئولتۇرۇپ ماكوندوغا كەلدى، ئۇ ۋاگوننىڭ سۇسۇن دۇخاۋا قاپلىق لۇم ـ لۇم ماموق ئورۇندۇقلىرى بار ئىدى، ۋاگوننىڭ تورۇسىغا كۆك ئەينەك چاپلانغانىدى. بىرمۇنچە قارا كىيىملىك سۇرلۇك ئادۇوكاتلارمۇ مەخسۇس ۋاگوندا جىپ بىرروۋىن ئەپەندى بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ، بۇرۇن پولكوۋنىك ئورېلىئانو نەگە بارسا، شۇ يەرگە بارىدىغان ئادۇوكاتلار ئەمدى جىپ بىرروۋىن ئەپەندىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە ئىدى. كىشىلەر بۇ ئىشتىن ئاگرونوم، سۇشۇناس، يەر شارائىتىنى تەكشۈرگۈچى ۋە يەر

ئۆلچەيدىغان گېيودېز، ئارختېكتورلارنىڭ خېربېرت ئەپەندىنىڭ شارلىرى ۋە كېپىنەكلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىغا ياكى بىرووۋىن ئەپەندىنىڭ چاقلىق قەبرىلىرىنىڭ ياۋۇز گېرمان تايغانلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغىنىدەك، ئۇرۇش بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشاتتى. بىراق، گۇمانخور ماكوندولۇقلار ئويلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىدى، ئۇلار ئەمدى نېمە ئىش بولۇپ كېتەر دەپ ئويلاپ بولغۇچە، ماكوندوغا قەلەي ئۆگزىلىك نۇرغۇن ياغاچ ئۆيلەر چۇشۇپ گازارمىغا ئايلاندى، گازارما دۇنيانىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن دېگۇدەك پويىزنىڭ ئورۇندۇقلىرىدا، يوك ۋاگونلىرىدىلا ئەمەس، ۋاگون ئۆگزىلىرىدىمۇ ئولتۇرۇپ كەلگەن چەت ئەللىكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئامېرىكىلىق بۇنېملەر ھارغىن چىراي خوتۇنلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىشكەنىدى. بۇ كىشىلەر تۆمۈريولنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە يېڭى بىر مەھەللە قۇردى، بۇ مەھەللىدە پالما دەرىخى سايە تاشلاپ تۇرغان كوچىلار، دېرىزىلىرىگە سىم تور تارتىلغان، پېشايۋىنىغا ئايئاق ئۈستەللەر تىزىلغان، تورۇسلىرىغا كەڭ پالاقلىق شامالدۇرغۇچلار ئورنىتىلغان ئۆيلەر، ياپيېشىل چىملار پەيدا بولدى، چىم ئۈستىدە تۇز، بۆدۈنە قاتارلىق قۇشلار بەھۇزۇر يايلاپ يۈرۈشەتتى. پۈتۈن مەھەللە تىكەنلىك تۆمۈر سىم بىلەن قورشالغاچقا، توك سىمى بىلەن قوغدىلىدىغان يوغان بىر كاتەككە ئوخشاپ قالغانىدى. سالقىن ياز ئەتىگەنلىرى سانسىز قارلىغاچلار سىم تورغا قونۇۋالاتتى. بۇ چەت ئەللىكلەر ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى، ئۇلارنىڭ ماكوندوغا بىرەر نەرسە ئىزدەپ كەلگەنلەر ئىكەنلىكى ياكى خەيرىيەتچىلەر ئىكەنلىكى ماكوندولۇقلار ئۈچۈن بىر سىرلىق تېپىشماق ئىدى. ئۇلار پەيدا قىلغان مالىمانچىلىق سىگانلارنىڭ مالىمانچىلىقىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مالىمانچىلىق ئۇلاي چۈشىنىۋالغىلى بولىدىغان ۋاقىتلىق مالىمانچىلىق ئەمەس ئىدى. ئۇلار پەقەت تەڭرىدىلا بولىدىغان قۇدرىتىگە تايىنىپ يامغۇر مىقدارىنى تەڭشەيتتى، زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇل ۋاقتىنى قىسقارتالايتتى، ئېقىنىنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس يولىنى ئۆزگەرتىپ، ئېقىندىكى ئاق تاشلارنى شىددەتلىك ئېقىم بىلەن بازارنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ كەينىگە يۆتكىۋېتىشتى. ئەنە شۇ چاغدا خوس ئاركادىئونىڭ ئۆچۈپ

كەتكەن تاش قەبرىستىدىكى جەستىدىن چىققان ئوق ـ دورا پۇرىقىنىڭ سۈنى بولغاچ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قەبرىنى سىم تور قويۇپ بېتونلىغۇەتكەنىدى. ئۇلار خوتۇنىمىز چەت ئەللىكلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، فىرانسۇز پاھىشىلەر ئولتۇرىدىغان كوچىنى كېڭەيتىپ، سىم تور ئىچىدىكى مەھەللىدىنمۇ چوڭراق مەھەللىگە ئايلاندۇردى. ئەستە تۇتۇشقا ئەرزىيدىغان بىر روزا كۈنى كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان لىق بىر پويىز پاھىشىلەر قوشۇنى كەلدى، ئىشقىۋازلىقتا ماھىر بۇ شاللاق ئاياللارنىڭ ھۈنەرلىرى بىر ـ بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى، جىنسىي ئاجىزلارغا دەرمان، ئۇياتچانلارغا مەدەت، نەپسى يامانلارغا قانائەت، ئىپھتىياتچانلارغا ھەۋەس، شەھۋەتپەرەسلەرگە ئىبرەت، مىسكىنلەرگە خۇشكەيپلىك بېغىشلايدىغان مەلھەم ـ دورا ۋە سايمانلىرىمۇ تەل ئىدى. چىراغلار كۈندۈزدەك يورۇتۇۋېتىدىغان ئىمپورت ماللار ماگىزىنلىرى كونا مىلىچ ماللار دۇكانلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىپ، تۈركلەر كوچىسى تېخىمۇ ئاۋاتلىشىپ كەتتى. ھەر شەنبە ئاخشىمى بۇ كوچىدا ئادەم قايناپ كېتەتتى، نۇرغۇن تەۋەككۈلچىلەر قىمار تاۋكالىرىدا، قارىغا ئېتىش مەيدانلىرىدا، مەخسۇس پالچى، چۈش تەبىرچىلىرى كوچىسىدا، مايدا پىشۇرۇلغان يېمەك ۋە ئىچىملىكلەر تىزىلغان شىرەلەر ئارىسىدا قىستىلىشىپ يۈرۈشەتتى. يەكشەنبە كۈنى ئەتىگىنى ھەممىلا يەرنى ئەخلەت ـ قۇسۇقلار، قىڭغىر ـ قىيسىق يېتىشىپ كەتكەن ھاراقكەشلەر بىر ئالاتتى، بۇلارنىڭ ئارىسىدا خەق سوقۇشۇۋاتقاندا ئوق، مۇشت، پىچاق، ھاراق بوتۇلكىسى تېگىپ كېتىپ تالاپەتكە ئۇچرىغان نەس باسقۇرلارمۇ بولاتتى. ماكوندوغا بىردىنلا نۇرغۇن ئادەمنىڭ ئېقىپ كېلىشى بىلەن كوچىلارمۇ قىستاڭچىلىقتا ئۆتكىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى، كوچىلاردا ئۆي جاھازلىرى، ساندۇقلار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. بەزىلىرى ئىجازەت ئالمايلا بىرەر بوش يەرنى تېپىپلا ئۆي سېلىۋالدى، ھەتتا بەزىلەر جۈپى بىلەن كېلىپ ئۆرۈك دەرىخى ئارىلىقىغا سەگۈنچەك سېلىپ، كۈنلۈكتىن بىرنى تىكلەپلا ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق كۆڭۈل خۇشى قىلىۋېرەتتى. بىردىنبىر تىنچ جاي ئانتىللىس تاقىم ئاراللىرىدىن كەلگەن ياۋاش نېگىرلار مەھەللىسى ئىدى، ئۇلار شەھەر ئەتراپىدا قوزۇقلانغان ياغاچ

ئۆيلەردىن بىر كوچا بەرپا قىلغانىدى، ئۇلار ھەر ئاخشىمى ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پىيامپىنتو تىلىدا مۇڭلۇق قەسىدە ئوقۇشاتتى. قىسقىلا ۋاقىت ئىچىدە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، ماكوندولۇقلار خېرىبېرىت ئەپەندى كېلىپ سەككىز ئايدىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ بازىرىنى تونۇيالمايلا قالدى.

— ئۆزىمىز تاپقان بۇ ئاۋارىچىلىقنى كۆرمەمدىغان،— دېيتتى پولكوۋنىك ئورېلىئانو،— نەدىكى بىر چەت ئەللىك بىر نېمىنى بانان بىلەن مېھمان قىلغانلىقىمىز بېشىمىزغا بالا بولدى.

كەلكۈندەك كېلىۋاتقان چەت ئەللىكلەرنى كۆرگەن ئورېلىئانو II ئەكسىچە خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالدى. ئۆيى دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىن كەلگەن ناتونۇش يەمخور مېھمانلار بىلەن تولۇپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن ھويلىغا يېڭى ياتاق ئۆي سېلىشىغا، تاماقخانىنى كېڭەيتىشىگە، كونا تاماق شىرەسىنىڭ ئورنىغا ئون ئالتە كىشىلىك يېڭى شىرە قويۇشىغا ۋە يېڭى قاچا ـ قۇچا سېتىۋېلىشىغا توغرا كەلدى، شۇنىڭدىمۇ تاماقنى نۆۋەتلىشىپ يېيىشكە توغرا كەلدى. بۇ كىشىلەر ئايغىدىكى لاينى كارىدورغىلا قېقىپ چۇشۇرەتتى، گۈللۈككىلا سىيىشەتتى، چۈشلىرى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە بورا سېلىپ يېتىۋېرەتتى، ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرەتتى، ئاياللارنىڭ خىجىل بولۇشىدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. بۇ بىرنېمىلەرگە قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن ئامارانتا بۇرۇنقىدەك ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ تاماق يەيدىغان بولۇۋالدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو زەرگەرخانىسىغا كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئۆزىگە ياخشى نىيەتتە ياكى ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تارىخىي يادىكارلىقلارنى، ئاسار ـ ئەتىقىلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا قىزىقىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىشىكنى مەھكەم تاقىدى، شۇ ۋەجىدىن ئىشىك تۈۋىدىمۇ ئولتۇرماس بولدى. ئۇرسۇلا بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى، تام ياقىلاپ ئاران ماڭىدىغان بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ھەر قېتىم پويىز كەلسە كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

— ئازراق بېلىق بىلەن گۆش پىشۇرۇپ قويمىساق بولمايدۇ،— بۇيرۇق قىلاتتى ئۇرسۇلا سانتاسوفىيە دېلا پېدادىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئالدىراش تەييارلىق قىلىۋاتقان

تۆت ئاشپەز ئايالغا، ـــ ھەممە نەرسە ئالدىن ھازىرلىنىشى كېرەك، بىز بۇ چەت ئەللىكلەرنىڭ نېمە يېگۈسى كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمىز ئەمەسمۇ.

كۆن تازا ئىسسىغان چاغدا پويىز يېتىپ كېلەتتى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا ئۆي بازار بولۇپ كېتەتتى، تەرلەپ ـ تەپچىرەپ كەتكەن مېھمانلار بۇنچە سېخىي ساھىبخانىنىڭ كىملىكىنىمۇ سورۇشتۇرمەي كالدىرلاشقىنىچە كىرىپ كېلەتتى ـ دە، ئەڭ ياخشى ئورۇننى ئىگىلەشكە ئالدىرايتتى. ئاشپەز ئاياللار بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ يۈرۈپ قازان ـ قازاندا شورپىلارنى، تەخسە ـ تەخسىدە گۆشلۈك تائاملارنى، قاچا ـ قاچىدا تاماقلارنى كەلتۈرەتتى، ئىدىش ـ ئىدىش لىمون شەربىتىنى ئۈزۈن ساپلىق چۆمۈچلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانلارغا قۇيۇپ تۇراتتى، فېرناندا نورغۇن كىشىنىڭ تاماق يېگىلى قايتا ـ قايتا كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە ئاچچىقى تۇتۇپ كېتەتتى. بىپەرۋا مېھمانلاردىن بىرەرسى بۇ ئۆينى قاۋاقخانا كۆرۈپ، نېسى دەپتىرىنى سورىغىدەك بولسا، باققاللارنىڭ تىلى بىلەن تازا بىر تىللاپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغۇسى كېپكېتەتتى. كىشىلەر خېرىبېرىت ئەپەندى كېلىپ بىر يىلدىن ئاشقاندا، بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ، ئۆز ۋاقتىدا خوس ئاركاردىئو ئابۇئېندىيەلەر ئۇلۇغ كەشپىيات ئىزدەپ ماكوندو ۋادىسىنى بېسىپ ئۆتكەن بىر پارچە تىلسىم يەردە بانان ئۆستۈرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. ماكوندوغا ۋولقان لاۋالىرىدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان زور ئادەم ئېقىمى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ پېشانىسىدە كول رەڭ كىرىپىت بەلگىسى بار ئىككى ئوغلىنىمۇ قوشۇپ ئېلىپ كەلگەندى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كېلىشى يوللۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئېيتقان بىر سۆزى كىشىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىسە كېرەك.

ـــ ھەممە ئادەمنىڭ مۇشۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىزمۇ كەلدۇق.

قىزىق بانان دولقۇنىنىڭ تەسىرى يوقمىغان بىردىنبىر ئادەم ساھىبجامال رېمەدىس بولدى. شۇنچە يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ سەبىي بالىلىقىدا قېلىۋەرگەن ساھىبجامال رېمەدىس خىلمۇخىل مەئىشەتلەردىن بىزار ئىدى، باشقىلارنىڭ نىيىتى ۋە گۇمانلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆزىنىڭ ئاددىي، رېئال دۇنياسىدىلا بەخۇدۇك ياشايتتى.

ئايالللارنىڭ نېمە ئۈچۈن باغىرداق تاقاپ، ئۆزىنى كۆكلەك كىيىپ ئۆزىگە ئاۋارىچىلىق تاپىدىغانلىقىنى چۈشىنەلمەيتتى، ئۆزى بولسا ماتادىن چوڭ خالتا كۆكلەك تىكىپ، بېشىدىن شارتتىدە كىيىپلا كىيىم كىيىش ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلغان ھەمدە ئۆزىنى كىيىم كىيىمەي يالىڭاچ تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كۆكلىنى قانائەت تاپقۇزغانىدى. ئۆز ئويى بويىچە بولغاندا، ئۆيدە يالىڭاچ يۈرۈش ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك تۇرمۇش ئۇسۇلى ئىدى. ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ تېقىمىغا شارقىراتمىدەك چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چېچى بار ئىدى، ئۆيدىكىلەرنىڭ چېچىڭنى كېسىپ قىسقارتىۋال، قىسقۇچ بىلەن قىسىپ باتتىلىۋال ياكى چىرايلىق قىزىل لېنتا بىلەن چىگىۋال دەۋېرىشىدىن بىزار بولۇپ چېچىنى چۈشۈرتۈپلاۋەتتى ـ دە، چېچىنى ئاپىرىپ ئەۋلىيا ھەيكىلىگە سۇنىمىي چاچ قىلىپ كىيگۈزۈپ قويدى. رېمەدىس تەبىئىتىدىنلا ئاددىيلىقنى ياخشى كۆرەتتى. بىراق، كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان يېرى شۇكى، راھەت ئىزدەپ مودىدىن قانچە قاچقانسېرى، كونا قائىدىلەرگە بويسۇنماي تۇيغۇسى بويىچە ئىش كۆرگەنسېرى، رۇخسارى شۇنچە گۈزەللىشىپ كېتەتتى، ئەرلەرنىمۇ شۇنچە مەھلىيا قىلاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئوغۇللىرى بىرىنچى قېتىم ماكوندوغا كەلگەندە، ئۇرسۇلا ئۇلارنىڭ قېنىنىڭ بۇ ئەۋرە قىزىنىڭ قېنى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، بۇرۇنقىدەكلا دەھشەتلىك ۋەھىمىدىن تىترەپ كەتكەنىدى.

— ھوشۇڭ بىلەن يۈر جۇمۇ، — دېگەنىدى رېمەدىسنى ئاگاھلاندۇرۇپ، — ئەگەر ئۇلارنىڭ ھەرقاندىقى بىلەن چاتاق چىقىرىپ سالساڭ، چوشقا قۇيرۇقلۇق بالا تۇغۇپ قويىسەن.

ساھىبجامال رېمەدىس ئۇلۇغ مومىسىنىڭ جېكىلەشلىرىگە پەرۋا قىلماي ئەرنىچە كىيىنىپ توپىلىقتا يۇمىلاپ، خادىغا يامىشىپ ئويناۋەردى. ئون يەتتە ئاكا ـ ئۇكا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بىر پاجىئە پەيدا بولغىلى تاسلا قالدى. ئۇرسۇلا مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلىدىن ئۇلار كەلگەندە ھېچقايسىسىنىڭ ئۆيدە قونۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى، ماكوندودا تۇرۇپ قالغان تۆتىمۇ ئۇرسۇلانىڭ گېپى بىلەن يېقىن ئەتراپتىن بىرنەچچە ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئەگەر رېمەدىس بىرەرىدىن بۇ مۇداپىيە تەدبىرىنىڭ

سەۋەبىنى ئاڭلاپ قالغان بولسا، ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك كۈلگەن بولار ئىدى. دەرۋەقە، ساھىبجامال رىمەدىس «چىرايلىقنىڭ تەلىيى كاج» دېگەندەك ساھىبجاماللىقى تۈپەيلىدىن پېشانىسىگە ئادەتتىكى ئاپەتلەرگە ئوخشاش چىراي بالاسىنىڭ پۈتۈلگەنلىكىنى پانىي ئالەمنى تەرك ئەتكەنگە قەدەر بىلمەي ئۆتتى. ھەر قېتىم ئۇرسۇلانىڭ چەكلىمىسىگە بويسۇنماي تاماقخانىدا پەيدا بولغىنىدا چەت ئەللىكلەر ئارىسىدا پاراكەندىچىلىك پەيدا بولاتتى. ئۇچىسىدىكى كەڭ ماتا كۆڭلىكى ئىچىدە قىپيالىڭاچلا ئىدى. يەنە كېلىپ ھەممە ئادەم چىرايلىق تاقىر بېشىنىمۇ، ئىسسىقلاپ كەتتىم دەپ ھايا قىلماي ئوچۇق قويغان يوتىلىرىنىمۇ، تاماقتىن كېيىن بارمىقىنى شۈمىدىغان ئادىتىنىمۇ جىنايى ئېزىتقۇ دەپ قارايتتى. رېمەدىسنىڭ تىنىقىدىن كۆڭۈللەرنى مەستخۇش قىلارلىق بىر خۇش ھىد كېلىدىغانلىقىنى، مەيىن شامالدەك يېنىك يەلپۈنۈپ ئۆتۈپ كەتكەن جايلاردا خۇشبۇي ھىدىنىڭ قالدۇقى بىرنەچچە سائەتكىچە تارىلىپ كەتمەي تۇرۇدىغانلىقىنى چەت ئەللىكلەرنىڭ تېزلا بىلىپ قالغانلىقىنى بۇئېندىيەلەر جەمەتىدىن ھېچكىم ئويلىمىغانىدى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۆپنى كۆرۈپ پىشىپ كەتكەن مۇھەببەت قاغدالىملىرىمۇ ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ تېنىدىن تارىغان تەبىئىي خۇشبۇي ھىدقا ھېچقاچان بۇنچە كۈچلۈك تەشنا بولۇپ باقمىغانلىقلىرىنى بىردەك ھېس قىلىشتى. ئۇلار تاشئالما تەشتەكلىرى تىزىلغان پېشايۋاندا، مېھمانخانىدا ۋە ئۆينىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە رېمەدىس تۇرغان جاينى، شۇنداقلا بۇ يەردىن كەتكىلى قانچە ئۇزاق بولغانلىقىنى ئەنە شۇ خۇشبۇي ھىدى ئارقىلىقلا توپتوغرا ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ باشقا يۇراقلارغا ئاسان ئارىلىشىپ كەتمەيدىغان روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بۇنداق خۇشبۇي ھىدى ئۇزاقتىن بۇيان ئۆيدىكى باشقا پۇراقلارغا قوشۇلۇپ كەتكەچكە، ئۆيدىكىلەردىن ھېچكىم سېزەلمەيتتى، لېكىن سىرتتىن كىرگەن كىشىلەر شۇ ئان بىلىۋالاتتى. شۇڭا ھېلىقى ياش ئوفىتسېرنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇھەببەت ئۈچۈن قۇربان بولغانلىقىنى، يىراقلاردىن كەلگەن ھېلىقى مۆتىۋەرنىڭ نېمىشقا ئۈمىدسىزلىككە پاتقانلىقىنى ئۇلار ئۆزىلا بىلىدۇ. ساھىبجامال رېمەدىس ئەتراپىدا پەيدا بولۇۋاتقان جىددىي كەيپىياتنى قىلچە سەزمەي يۈرەتتى، قەدىمى

يەتكەنلىكى جايدا پەيدا قىلىدىغان قورقۇنچلۇق ئىشىق بالاسىدىنمۇ بىخەۋەر ئىدى. شۇڭا ئەرلەرگە تەبىئىي مۇئامىلە قىلاتتى. بىراق، ئۇ بۇنداق ساددا قىزغىنلىقى بىلەن ئۇلارنى تېخىمۇ ئەسەبىيلەشتۈرۈۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرسۇلا چەت ئەللىكلەرنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىش ئۇچۈن ئامارانتا بىلەن ئىككىسىنى ئاشخانىدا تاماق يېيىشكە بۇيرىدى، ساھىبجامال رېمەدىس بولسا چەكلىمىلەردىن ئاخىر قۇتۇلغاندەك ئۆزىنى تېخىمۇ يېنىك ۋە ئەركىن ھېس قىلدى. تاماقنى قانداق ۋاقىتتا، قەيەردە يېيىش ساھىبجامال رېمەدىس ئۇچۇن بەرىبىر ئىدى، تاماقنى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئەمەس، قورسقى ئاچقاندا يېيىشنى ياخشى كۆرەتتى. بەزىدە سەھەر ۋاقتى سائەت ئۈچتە ئورنىدىن تۇرۇپ چۈشلۈك تامىقىنىمۇ قوشۇپ يەۋالاتتى ـ دە، كەچكىچە ئۇخلايتتى. شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە ئايغىچە كېچە بىلەن كۈندۈزنى ئالماشتۇرۇپ تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلدى، كېيىن بىر تاسادىپىي ئەھۋالنىڭ باھانىسى بىلەن يەنە نورمال ھالىتىگە قايتتى. ھالبۇكى، خۇشى تۇتقان چاغلاردا ئەتىگەن سائەت ئون بىردە ئورنىدىن تۇراتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى سائەتتە قىپيالىڭاچ پېتى مۇنچىغا كىرىۋېلىپ چايان ئۆلتۈرگەچ ئاستا ـ ئاستا خامۇشلۇقتىن يېشىلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن نوگايدا بويىغا سۇ قۇيۇپ ئۇزاق يۇيۇناتتى. ساھىبجامال رېمەدىسنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمەيدىغانلار ئۇز بەدىنىدىن ھوزۇرلىنىۋېتىپتۇ دەپ ئويلاپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ، ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ بەدەنلىرى دېمىسىمۇ ھوزۇرلىنىشىغا ئەرزىيتتى. ۋەھالەنكى، رېمەدىسنىڭ بۇ ئادىتى ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلىدىنلا ئىبارەت ئىدى، بۇنداق يالغۇز ھەرىكىتىنى ئىشتىھاسى ئېچىلغانغا قەدەر داۋاملاشتۇراتتى. بىركۈنى بويىنى سۇغا سىيلىۋاتقاندا بىر چەت ئەللىك كىشى ئۆگزىنىڭ كاھىشىنى قومۇرۇۋېتىپ مارىدى ـ دە، ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان يالىڭاچ بەدىنىنى كۆرۈپ نەپەسلىرى بوغۇلدى. رېمەدىس كاھىشلار ئارىسىدا پىلدىرلاپ تۇرغان ئۇ بىر جۈپ بىچارە كۆزنى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن ئىزا تارتىپمۇ كەتمىدى، پەقەت سەل ھولۇقتى، خالاس.

— پەخەس بول، يىقىلىپ چۈشمە يەنە.

— سىزگە قارىغۇم كېپكېتىۋاتىدۇ، — غودۇڭشىدى ئۇ چەت ئەللىك.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ساھىبجامال رېمەدىس، — بىراق، ئۆزۈڭگە پەخەس بول، ئۆگزىنىڭ كاھىشلىرى چىرىپ كەتكەن.

ئۇ چەت ئەللىك كىشىنىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق ۋە ئازاب ئالامەتلىرى ئەكس ئەتتى، شۇ تاپتا كۆز ئالدىدىكى ئاجايىپ مەنزىرىنىڭ غايىب بولۇشىدىن ئەنسىرەپ، ۋۇجۇدىدىكى تەبىئىي ھاياجان بىلەن ئۈنسىز ئېلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. رېمەدىس بولسا ئۆگزىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدىن قورقۇتىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، خەتەردىن تېزراق قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئادەتتىكىدىن تېزرەك يۇيۇندى. نوگايدا بويىغا سۇ قۇيغاچ ئۆگزىدىكى چەت ئەللىككە بۇ ئۆگزىنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆگزىگە يېپىتىلغان يوپۇرماقلار يامغۇردا سېسىپ كەتكەچكە، چايانلارنىڭ مۇنچىغا كىرىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ چەت ئەللىك بولسا بۇ قۇرۇق پاراڭنى ئۆزىگە يول قويغانلىقى دەپ ئويلاپ قالدى ۋە ساھىبجامال رېمەدىس بەدىنىگە سوپۇن سۈرۈشكە باشلىغاندا ئاخىر تاقەت قىلالماي تەلىپىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

— بەدىنىڭىزگە مەن سوپۇن سۈرۈپ قويايمۇ؟

— ياخشى كۆڭلۈڭگە رەھمەت، — جاۋاب بەردى ساھىبجامال رېمەدىس، — ئۆزۈم يېتىشەلەيمەن.

— دۈمبىڭىزگە سۈرتۈپ قويايچۇ؟ — يېلىندى چەت ئەللىك.

— ھاجىتى يوق، دۈمبىنى سوپۇنلاپ يۇغان نەدە بار؟

ساھىبجامال رېمەدىس قۇرۇق لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى سۈرتۈشكە باشلىغاندا، ئۇ ئادەم كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ توي تەلىپى قويدى. ساھىبجامال رېمەدىس ئوچۇق جاۋاب بېرىپ، يۇيۇنۇۋاتقان ئايال كىشىنى مارايمەن دەپ تاماقمۇ يېمەي بىر سائەت ۋاقتىنى ئىسراپ قىلغان ئۇنىڭدەك بىر كالۋاغا ھەرگىز تەگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئادەم رېمەدىس يوغان خالتا كۆڭلەكنى كىيىۋاتقاندا، نۇرغۇن كىشىنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك ھەقىقەتەنمۇ كۆڭلىكىنىڭ ئىچىگە ھېچنېمە كىيمەيدىغانلىقىغا ئىشەندى. خۇددى تېنىگە چوغدەك قىزىق تۆمۈر بىلەن ئەن سېلىنغاندەك، بۇ سىردىن

يۇرىكىگە مەڭگۈلۈك ئەن بېسىلغانىدى، شۇنىڭ بىلەن ئەمدى چىداپ بولالماي كاھىشتىن يەنە ئىككىنى ئېلىۋەتتى ـ دە، مۇنچىغا سەكرەپ چۈشمەكچى بولدى.

ــ بەك ئېگىز، ــ ئاگاھلاندۇردى قورقۇپ كەتكەن ساھىبجامال رىمەدىس شۇ ئان، ــ يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلىسەن!

چىرىپ كەتكەن تورۇس تاغ غۇلىغاندەك گۈمبۈرلىگىنىچە ئۆرۈلۈپ چۈشتى. ئۇ چەت ئەللىك ۋايجان دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي سېمونت يەرگە چۈشۈپ بېشى يېرىلىپ تىن تارتماي ئۆلدى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ تاماقخانىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان بىر توپ چەت ئەللىك ئالدىراپ ـ تېنەپ ئۆلۈكنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا، بەدىنىدىن ساھىبجامال رىمەدىسنىڭ ئادەمنى تۇنجۇقتۇرۇپ جېنىنى ئالىدىغان خۇشبۇي ھىدى كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىشتى. بۇ ھىد جەسەتكە شۇنداق چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنكى، مېڭىسىنىڭ يېرىقىدىنمۇ قان ئەمەس، شۇ سىرلىق خۇشپۇراق بار كەھرىۋا رەڭ سۇيۇقلۇق ئېقىۋاتاتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن كىشىلەر ساھىبجامال رىمەدىسنىڭ ھىدى مەرھۇمنى ھازىرمۇ قىيناۋاتقانلىقىنى، جەسىدى كۆيدۈرۈلۈپ كۈلگە ئايلانغان تەقدىردىمۇ بولدى قىلمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ۋەھالەنكى، ھېچكىم بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنى رىمەدىس ئۈچۈن جېنىدىن ئايرىلغان ھېلىقى ئىككى ئەرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن باغلاپ ئويلىمىغانىدى. چەت ئەللىكلەر ۋە نۇرغۇن كونا ماكوندولۇقلارنىڭ رىمەدىسنىڭ تېنىدىن تارالغىنى سۆيگۈ ھىدى ئەمەس، ئۆلۈم چاقىرىقى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتكە ئىشىنىشى ئۈچۈن يەنە بىرى قۇربان بولغىچە ساقلىشىغا توغرا كەلدى. بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن سادىر بولغان بىر ئىش بۇ رىۋايەتنى ئىسپاتلىدى. ساھىبجامال رىمەدىس شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن دوستلىرى بىلەن يېڭى ئېكىنزارنى كۆرۈپ باققىلى باردى. ھازىر قاتار ـ قاتار بانانلار ئارىسىدىكى ئايغى چىقماس چىغىر يوللاردا نەمخۇش ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ سەيلە قىلىش ماكوندولۇقلارغا مودا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى باشقا بىر يەردىن يىغىلا كۆچۈرۈپ كېلىنگەندەك، كىشىلەر بۇ ھاۋادىن تېخى نەپەسلىنىپ باقمىغاندەك شۇنچە ساپ بولۇپ، بۇ ھاۋادا تېخى ئاۋازمۇ ئېنىق ئاڭلانمايتتى، بەزىدە يېرىم مېتىر

نېرىدا گەپ قىلغان ئادەمنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ھالبۇكى، بانانزارلىقنىڭ نېرىقى بېشىدىن كەلگەن ئاۋاز بولسا ئىنتايىن ئېنىق ئاڭلىناتتى. ماكوندولۇق قىزلار بۇ ئاجايىپ ھادىسىدىن پايدىلىنىپ شوخلۇق بىلەن بىر ـ بىرىنى قورقۇتىشىپ قانغۇچە كۈلۈشۈپ كۆڭۈللۈك ئوينايتتى. ئاخشاملىرىمۇ چۈشىدىكىدەك بۇ ئاجايىپ سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ پارىڭىنى قىلىشاتتى. ئۇ بانانزارلىقتىكى تىمتاسلىقنىڭ شۇ قەدەر داڭقى چىقىپ كەتكەنىدىكى، ئۇرسۇلامۇ ساھىبجامال رېمەدىسنى تۇسۇشقا كۆڭلى ئۇنىماي، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يارىشىملىق كىيىملىرىنى ۋە شىلەپىسىنى كىيىپ بېرىش شەرتى بىلەن ئويناپ كېلىشىگە رۇخسەت قىلغانىدى. قىزلار بانانزارلىققا كىرىشىگىلا ھاۋانى ئەجەللىك بىر پۇراق بىر ئالدى. ئېرىق بىلەن ھەپىلىشىپ ئىشلەۋاتقان كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ سىرلىق بىر سېھرىي كۈچنىڭ كونتروللۇقىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى، بىرمۇنچىسىنى ئىختىيارسىز يىغا تۇتۇپ كەتتى. رېمەدىس ۋە ئالاقزەدە بولۇپ كەتكەن دوستلىرى ئۆزلىرىگە ۋەھشىيلەرچە ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر توپ ئەر كىشىدىن قېچىپ ناھايىتى تەسلىكتە يېقىن يەردىكى بىر ئۆيگە كىرىۋالدى. كېيىن تۆت ئورېلىئانو ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالدى، بۇ ئورېلىئانولارنىڭ پېشانىسىدىكى كۈل رەڭ كىرېست بەلگىسى گويا دەرىجە بەلگىسىگە، ئالاھىدە خاسىيەت ئالامىتىگە ئوخشاش كىشىدە بىر خىل سىرلىق ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ساھىبجامال رېمەدىس بىر ئادەمنىڭ شۇ پاتىپاراقچىلىقتا خۇددى يار لېۋىنى تۇتقان بۈركۈت پەنجىسىدەك قولى بىلەن قورسىقىنى سىلىۋالغانلىقىنى، قاتتىق چۆچۈپ ئۇ ئادەمگە ئۆرۈلۈپ قارىغان شۇ دەقىقىدە ئۇ ئادەمنىڭ ئۈمىدسىزلىك بىلەن قارىغان كۆزلىرىدىكى قوقاستەك بىر ئوتنىڭ يۈرىكىگە يېقىلغانلىقىنى ھېچكىمگە تىنمىدى. ئۇ ئادەم كەچقۇرۇن تۈركلەر كوچىسىدا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقىنى، ۋە تەلەيلىك ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ پو ئېتىۋىدى، بىرنەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا چېپىپ كېلىپ قالغان بىر ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ كەتتى. ئەتراپىغا ئولاشقان بىر توپ چەت ئەللىك ئۇ ئادەمنىڭ كوچىدا جان تالىشىپ تىركىشىشلىرىگە قاراپ تۇردى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئادەم قان

قوْسوْپ ئۆلدى.

كىشىلەرنىڭ ساھىبجامال رىمەدىس جاننى ئالدىغان ئەجەللىك بىر كۆچكە ئىگە ئىكەن دېگەن پەرىزى تۆت مىسال بىلەن ئىسپاتلاندى. بەزى پوچىلار ئاغزىدا بوْنداق گۈزەل قىز بىلەن بىر ئاخشام يېتىۋېلىپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ ئەرزىيدۇ دەپ يۈرسىمۇ، ھېچكىم سىناپ بېقىشقا پېتىنالمايتتى. نىھايەت، ساھىبجامال رىمەدىسنى بويسۇندۇرۇش، ھەتتا ۋۇجۇدىدىكى ئەجەل خەتىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن «سۆيگۈ» دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ تەبىئىي، ئەڭ ئاددىي كۆڭۈل بولسىلا كۇپايە ئىدى. ھالبۇكى، بۇنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇرسۇلا ئەمدى بۇ قىزنىڭ غېمىنى يېمەيدىغانلا بولدى. بۇرۇن بۇ قىزنى قۇتقۇلدۇرۇپ رېئال دۇنياغا قوشۇۋېلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقىدىن تېخى ۋاز كەچمىگەن چاغلىرىدا، ئۆي ئىشلىرىغا قىزىقتۇرۇپ بېقىشقا ئۇرۇنغانىدى.

— ئەرلەرنىڭ تەلىپى ئويلىغىنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ، — دەيتتى ئەتەيلا سىرلىق قىلىپ، — ئىش ئويلىغىنىڭدەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس، زېرىكمەي ـ تېرىكمەي تاماق ئېتىشىڭگە، تازىلىق قىلىشىڭغا، يەنە بىرمۇنچە يوقىلاڭ ئىشلارغا باش قاتۇرۇشۇڭغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇرسۇلا بۇ قىزنى ئائىلە بەختىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن تەربىيەلەشكە ئۇرۇنۇش ئۆزىنى ئۆزى ئالداشتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ھالبۇكى، بۇ دۇنيادا نەپسىنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن رىمەدىسنىڭ چۈشىنىپ يەتكۈسىز چېچىلاڭغۇلۇقلىرىغا بىرەر كۈن بولسىمۇ چىدايدىغان بىرەر ئەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇرسۇلا ئەڭ ئاخىرقى خوس ئاركادىئو بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشىغىلا، بۇ بالىنى پاپا قىلىپ تەربىيەلەش كويىغا چۈشتى ـ دە، ئەۋرە قىزى بىلەن كارى بولماي، قىسمەتنىڭ چاڭگىلىغا تاشلىدى. مۆجىزاتلار دۇنياسىدا بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى بىرەر مۆجىزە بولۇپ، ئىنتايىن سەۋرچان بىر ئەرنىڭ بۇ يۈكنى زىممىسىگە ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئامارانتامۇ نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ساھىبجامال رىمەدىسنى ئۆي ئىشلىرىغا كۆندۈرۈپ قولى گۈل ئانا قىلىپ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش خىيالىدىن

ۋاز كەچكەندى. شۇ چاغلاردا بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆزى بېقىپ قاتارغا قوشقان بۇ قىزنى كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تۇتقۇچىنى چۆرۈپ بىرىشكە بۇيرۇغاندا، قىزنىڭ تەستە ماقۇل بولغىنىغا قاراپلا، كاللىسىنىڭ دەردى بار ئىكەن دېگەن خۇلاسىغا كەلگەندى.

— سىنى لاتارىيە بىلىتى ئارقىلىق ئاران ساتىدىغان ئوخشايمىز، — دېگەندى ئامارانتا بۇ قىزچاقنىڭ ئەر زاتىنىڭ شۇنچە تاتلىق گەپلىرىدىن قىلچە تەسىرلەنمەيدىغانلىقىدىن ھەيران قېلىپ.

ساھىبجامال رېمېدىس كېيىن چىركاۋغا بارىدىغان چاغدا ئۇرسۇلا چۈمبەل تارتىۋېلىشنى جېكىلىدى. ئامارانتا چۈمبەل سىرلىق تۇس بېرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەرلەردىن بىرەرسى بۇ قىزنىڭ ئىچىدىكى ئاجىزلىقنى سەۋرچانلىق بىلەن ئىزدەشكە كىرىشىپ قالىسىمۇ ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلىغانىدى. بىراق، ساھىبجامال رېمېدىسنىڭ ھەممە جەھەتتە ھېچقانداق بىر شاھزادىدىن قېلىشمايدىغان ھېلىقى مۆتىۋەر يىگىتنىمۇ رەت قىلغىنىغا قاراپ ئاخىرقى ئۈمىدىمۇ يوققا چىققانىدى. فېرناندا بولسا ساھىبجامال رېمېدىسنى چۈشىنىپ بېقىشنىمۇ خالىمايتتى. ھېلىقى قانلىق شادلىق بايرىمىدا ئايال پادىشاھلىق كىيىمىنى كىيگەن ساھىبجامال رېمېدىسنى كۆرگىنىدە ئاجايىپ بىر قىز ئوخشايدۇ دەپ قالغانىدى. كېيىن بۇ قىزنىڭ تاماقنى قولىدا يەيدىغانلىقىنى، گەپلىرىنىڭ تايىنى يوقلۇقىنى بايقاپ، بۇ ئائىلىدە بۇنداق گۇمۇشنىڭ شۇنچە ئۇزاق ياشاپ كەلگەنلىكىدىن ئاھ ئۇرۇپ كەتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ساھىبجامال رېمېدىسنىڭ باشقىلارغا زەھىرىنى سانجىۋالىدىغان ئاجايىپ ئىقتىدارىغا قاراپ ئۇنىڭ ئۆزى بىلىدىغانلار ئىچىدە كاللىسى ئەڭ ئوچۇق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختاپ يۈرسىمۇ، ئۆيدىكىلەر يەنىلا ئىختىيارىغا قويۇپ بەردى. ساھىبجامال رېمېدىس شۇنىڭ بىلەن غېرىبلىق دەشتىدە كاشىلىسىز خالىغىنىچە ياشاۋەردى. شۇنىڭدىن كېيىن چۈشسىز شېرىن ئۇيقۇ، توختىماي يۇيۇنۇش، قەرەلسىز غىزالىنىش، ئەسلىمىسىز ئۇزاق ھەم ئېغىر تىمتاسلىق ئىچىدە بارا ـ بارا پىشىپ يېتىلدى. مارت ئېيىنىڭ بىركۈنى چۈشتىن كېيىن فېرناندا

گۈللۈكتىكى ئارغامچىغا يېپىلغان ئەدىيالنى چۈشۈرۈپ قاتلىماقچى بولۇپ ئۆيدىكى ئايالالرنى ياردەمگە چاقىردى. ئۇالر ئىشنى باشالپ تۇرۇشىغا، ئامارانتا ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ چىرايى شاپىدە تاتىرىپ، سۇزۈكلۈك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدى.

ــ مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ ــ سورىدى ئامارانتا.

ئەدىيالنىڭ بىر بېشىنى تۇتۇپ تۇرغان ساھىبجامال رېمەدىس ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى.

ــ ياق، بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋالىم ھېچقاچان بۇنداق ياخشى بولۇپ باقمىغان.

ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چۈشۈپ بولغىچە قەيەردىندۇر كەلگەن بىر مەيىن شامال فېرناندانىڭ قولىدىكى ئەدىيالنى ئۇچۇرۇپ لەپىلدىتىۋەتتى. ساھىبجامال رېمەدىس كۆڭلىكىنىڭ جىيىكى سىرلىق سىلكىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى ـ دە، يىقىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئەدىيالغا چىڭ ئېسىلىۋالدى ۋە شۇ ئەسنادا يەردىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ چاغدا كۆزى تۇتۇلۇپ قالاي دەپ قالغان ئۇرسۇال ھېلىقى كۈچلۈك مەيىن شامالنىڭ نېمىشقا چىققانلىقىنى بىلىۋالدى ـ دە، نۇر چاچقىنىچە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قىزچاق بىلەن بىللە ئاسمانغا بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئەدىيالغا، قىزچاقنىڭ قول ئىشارىسى قىلىپ خوشلىشىۋاتقان تۇرقىغا قاراپ قېتىپ قالدى.

چەت ئەللىكلەر ساھىبجامال رېمەدىسنى ئاخىر ئانا ھەرىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاش تەقدىرگە تەن بېرىپتۇ، ئۆيدىكىلەر بولسا ئاسمانغا چىقىپ كەتتى دېگەن چۆچەكلىرى بىلەن نام ـ ئابرۇيىنى ساقالپ قالماقچى بولغان دەپ قاراشتى. ئەلۋەتتە، فېرناندا ھەسەت ئوتىدا كۆيۈۋاتقان بولسىمۇ، بۇ مۆجىزىنى ئاخىر ئېتىراپ قىلدى ۋە خېلى ئۇزۇنغىچە تەڭرىدىن ئەدىيالنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تىلىدى. يەرلىك ماكوندولۇقالرنىڭ كۆپىنچىسى بۇ مۆجىزىگە ئىشەندى، ھەتتا شام يېقىپ، توققۇز نەزىر-نىياز بەردى. ئەگەر شۇ ئارىدا ئاكا ـ ئۇكا ئورېلىئانوالر ۋەھشىيانە قىرغىن قىلىنغان تېررورلۇق ۋەقەسى يۈز بەرمىگەن بولسا، خااليىقنىڭ پاراڭگى خېلى

ئۇزاققىچە باشقا تېمىدا بولمىغان بولاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو بېشارەتنى ئالدىن سېزەلمەس بولۇپ كەتتىم دەپ قارىسىمۇ، ئوغۇللىرىنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ئالدىن سەزگەنىدى. توپ ـ توپ چەت ئەللىكلەر بىلەن بىللە ماكوندوغا كەلگەن ئوغۇللىرىدىن ئورېلىئانو سارادو ۋە ئورېلىئانو ئاكايا ئىككىسى ماكوندودا تۇرۇپ قالماقچى بولغاندا، دادىسى ئۇلارنى بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولغانىدى. شۇ چاغلاردا بىر كېچىدىلا خەتەرلىك جاي بولۇپ قالىدىغان بۇ بازاردا ئۇ ئىككى ئوغلىغا قىلغۇدەك نېمە ئىشنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. بىراق، ئورېلىئانو سېنتېنو بىلەن ئورېلىئانو تىرېست ئورېلىئانو II نىڭ قوللىشى بىلەن زاۋۇتقا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇ چاغدا قانداقتۇر مۇجمەل سەۋەبلەر بىلەن بۇ قارارغا قارشى تۇرغانىدى. بىرووېن ئەپەندى ماكوندوغا بىرىنچى بولۇپ پىكاپقا ئولتۇرۇپ كەلگىنىدە بازاردىكى ئىتلارمۇ پىكاپنىڭ دىت ـ دىت سىگنال ئاۋازىدىن قورقۇپ قاۋاپ كەتكەنىدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ماكوندولۇقلارنىڭ ھەيران بولۇپ كەتكىنىدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ھەمدە بۇ ھالدىن ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدە خوتۇن ـ بالىلىرىنى تاشلاپ قورال كۆتۈرۈپ ئۇرۇشقا ئاتلانغان ۋاقىتتىكىدىن باشقىچىرەك ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلگەنىدى. نىرلاندىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدىن كېيىن ماكوندوغا باشلىق بولغانلارنىڭ ھەممىسى سايلا ماكاندىكى رايىش كونسېرۋاتىپلار ئارىسىدىن سايلانغان دىتسىز شەھەر باشلىقلىرى، ھوقۇقسىز سودىيەلەر ئىدى.

— بىز ئۆيلىرىمىزنى كۆك رەڭدە ھاكلاتماسلىق ئۈچۈن، — دەيتتى پولكوۋنىك ئورېلىئانو كالتەك كۆتۈرۈپ چىققان يالاڭ ئاياغ ساقچىلارنى كۆرسىلا، — شۇنچە كۆپ ئۇرۇش قىلغانلار ئىدىققۇ!

بانان شىركىتى پەيدا بولغاندىن كېيىن تەكەببۇر ۋە ئۆكتەم چەت ئەللىكلەر يەرلىك ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، بىرووېن ئەپەندى ئۇلارنى «توك سىمى تارتىلغان توخۇ كاتىكى»غا ئورۇنلاشتۇرۇپ ئېسىلزادىلەرگە خاس ئىمتىيازدىن بەھرىمەن قىلدى، ئۇلار بازاردىكى باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئىسسىقنىڭ ۋە پاشىنىڭ دەردىنى تارتمايتتى، تۇرمۇشتىكى قولايسىزلىق ۋە قىيىنچىلىقلاردىنمۇ خالىي ئىدى.

چوڭ جادۇ قىلىچىنى كۆتۈرگەن يالالنما جالالاتلار بۇرۇنقى ساقچىلارنىڭ ئورنىغا ئالماشتى. پولكوۋنىك ئوربېلىئانو زەرگەرخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق غېرىبلىقتىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۇرۇشنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارماي خاتا قىلغانلىقىنى ئەلەم بىلەن جەزملەشتۇردى. كۆپچىلىك بۇرۇنلا ئۇنتۇپ كەتكەن ماگنىفىك ۋىسپارنىڭ ئىنىسى بىر كۈنى يەتتە ياشلىق نەۋرىسىنى يېتىلەپ كېلىپ مەيداندىكى بىر يايمىدىن لىمون شەربىتى ئالغانىدى، نەۋرىسى ئېھتىياتسىزلىقتىن يېنىدا تۇرغان بىر ساقچى ئەمەلدارىغا سوقۇلۇپ كېتىپ قولىدىكى شەربەتنى كىيىمگە تۆكۈپ سالدى، ئۇ زوراۋان شۇ ئان ئىتتىك قىلىچى بىلەن بالىنى چېپىپ قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى، نەۋرىسىنى قۇتقۇلدۇرغىلى كەلگەن بوۋىسىنىڭ كاللىسىنى ئالدى. بىر توپ ئادەمنىڭ ھېلىقى باشسىز جەسەتنى ئۆيىگە ئاپارغىلى ئېلىپ ماڭغانلىقىنى، بىر ئايالنىڭ چېپىپ تاشلانغان ھېلىقى كاللىنى چېچىدىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بالىنىڭ پارە ـ پارە جەستى قاچىلانغان تاغارنىڭ قانغا مىلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھەممە ماكوندولۇق كۆردى.

بۇ مەنزىرە پولكوۋنىك ئوربېلىئانونىڭ تۆۋىسىگە خاتىمە بەردى. ياش ۋاقتىدا غالجىر ئىت چىشلەپ يارىلاندۇرغان بىر ئايالنىڭ مىلتىق پايىنەكلىرى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرگەندە غەزىپىنى باسالماي قالغانىدى، ھازىرمۇ شۇ چاغدىكىگە ئوخشاش غەزەپ ئوتىدا ئۆرتىنىپ، كوچىغا توپلاشقان خالايىققا قاراپ، ئەينى يىللاردىكىدەك جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن قەھرىنى چاچتى:

— خەپ، بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا ئادەملىرىمنى قورالالاندۇرۇپ، بۇ ئۆلگۈر ئامېرىكىلىقلارنى جايلىۋەتمىگىنىمنى كۆرۈڭلار!

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتە ئىچىدە يوشۇرۇن قاتىللار ئوربېلىئانونىڭ ئون يەتتە ئوغلىنى دېڭىز ياقىسىدىكى جايلاردىن ئىزدەپ تېپىپ، پېشانىسىدىكى كۈل رەڭ كىرېستلارنى قارىغا ئېلىپ بىرمۇبىر ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئوربېلىئانو تىرىست كەچ سائەت يەتتىدە ئانىسىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ تۇرۇشىغىلا قاراڭغۇدا ئېتىلغان بىر پاي

ئوق پېشانىسىگە تەگدى. ئوربېلىئانو سېنتېننونىڭ جەسىتى زاۋۇتتىكى سەگۈنچىكىدىن تېپىلدى، ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر مۆز ئەتۋېركىسى سېپىغىچە پاتۇرۇلغانىدى. ئوربېلىئانو سارادو كىنودىن قايتىپ، يۇرگەن قىزىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن چىراغلار چاقناپ تۇرغان تۈركلەر كوچىسىنى بويلاپ قايتىپ كېتىۋاتقاندا، كىشىلەر ئارىسىغا يوشۇرنۇۋالغان قاتىل تاپانچا بىلەن ئېتىپ تاشلىۋىدى، پورۇقشىپ قايناۋاتقان بىر قازان مايغا يىقىلدى. بەش مىنۇتتىن كېيىن بىرى كېلىپ ئوربېلىئانو ئاكايا بىر ئايال بىللە تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىنى قېقىپ تۇرۇپ توۋلىدى:

— تېز بول، خەق قېرىنداشلىرىڭنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ!

ئايالىنىڭ كېيىن ئېيتىپ بېرىشىچە، ئوربېلىئانو ئاكايا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىشىغىلا، ئۇدۇلدىن ئېتىلغان بىر پاي ماۋزېر ئوقى مېڭىسىنى چۇۋۇۋەتكەن. بۇ ھالاكەت كېچىسى ئۆيدىكىلەر ئۆلگەن تۆت كىشى ئۈچۈن دۇئا - تەكبىر ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، فېرناندا ئېرىنى ئىزدەپ ئەسەبىيلەرچە چېپىپ يۈرۈپ پۈتۈن بازارنى قېزىۋەتتى؛ پېترا كېتىس قارا تىزىملىكتە پولكوۋنىك ئوربېلىئانو بىلەن ئىسىمداشلارنىڭ ھەممىسى بار دەپ ئويلاپ، ئوربېلىئانو II نى كىيىم ئىشكاپىغا مۆكتۈرۈپ قويغانىدى. تۆتىنچى كۈنى دېڭىز بويىدىكى ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن تېلېگراممىلاردىن يوشۇرۇن دۈشمەننىڭ نىشانى پەقەت پېشانىسىدە كۈل رەڭ كىرېست بەلگىسى بار ئاكا - ئۇكىلار ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. ئامارانتا جىيەنلىرىنىڭ ئەھۋالى خاتىرىلەنگەن بىر دەپتەرنى تېپىپ چىقىپ، ھەربىر تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا بىرەيلەننىڭ ئىسمىنى سىزىۋەتتى. ئاخىردا پەقەتلا ئەڭ چوڭ ئوربېلىئانونىڭ ئىسمىلا قالدى. چوڭ ئوربېلىئانو ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېنىق ئېسىدە بولۇپ، ئۆڭىنىڭ قارىلىقى بىلەن كۆزىنىڭ كۆكلۈكى بەكمۇ روشەن سېلىشتۇرما ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى ئوربېلىئانو ئامادو ئىدى. تاغ باغرىدىكى بىر كەنتتە ياغاچچىلىق قىلاتتى. پولكوۋنىك ئوربېلىئانو ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئىككى ھەپتە ساقلىغاندىن كېيىن دۈچ كېلىۋاتقان خەتەرنى بىلمەي يۈرگەن بولمىسۇن دەپ ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشقا بىر ئادەم ئەۋەتتى. بۇ

ئادەم قايتىپ كېلىپ ئورېلىئانو ئامادونىڭ تىنچ ـ ئامان ئىكەنلىكىنى يەتكۈزدى. چوڭ قىرغىنچىلىق بولغان كېچىسى ئىككى ئادەم ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئوق ئاتقان، لېكىن كۆل رەڭ كىرېستىغا تەگكۈزەلمىگەن. ئورېلىئانو ئامادو قورۇ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ تاغقا قېچىپ كەتكەن. ئۆزىگە ياغاچ سېتىپ بېرىدىغان بىر ئىندىيان بىلەن دائىم دوستانە باردى ـ كەلدى قىلىپ تۇرغاچقا، تاغدىكى بىر چىغىر يولنى بىلىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق خەۋىرى بولماپتۇ.

ئوغۇللىرى كەينى ـ كەينىدىن قەستكە ئۇچرىغان بۇ كۈنلەر پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۈچۈن زۇلمەتلىك كۈنلەر بولدى، جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتى ھال سوراپ تېلېگراممىا يوللىدى ھەمدە بۇ ئىشنى ئۇزۇل ـ كېسىل تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ۋەدە بەردى، شۇنداقلا مەرھۇملارنى مەدھىيەلىدى. بازار باشلىقى پىرىزدېنتنىڭ يولىورۇقىغا بىنائەن تۆت دانە گۈل چەمبىرەك ئېلىپ كېلىپ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ، گۈل چەمبىرەكلەرنى مېيىت ساندۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە قويماقچى بولۇۋېدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئېچىقىپ كوچىغا تىزىپ قويدى. مەرھۇملارنى يەرلىككە قويۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆتكۈر سۆزلەر بىلەن تېلېگراممىا يېزىپ جۇمھۇرىيەت پىرىزدېنتىغا يوللىماقچى بولدى. بىراق، تېلېگرافىست يوللاشنى رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو تېلېگراممىنى ئىنتايىن قوپال سۆزلەرنى قوشۇپ كونۋېرتقا سېلىپ ئەۋەتتى. ئايالى ۋاپات بولغان ياكى ئۇرۇش ۋاقتىدا ياخشى دوستلىرى قۇربان بولغان چاغلاردىكىگە ئوخشاشلا قاتتىق قايغۇرمىدى، پەقەت دەردىنى چىقىرىدىغان يەر تاپالماي قارىغۇلارچە غەزەپلەندى ھەم بىكارلا زېھنىنى ئۇپراتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھەتتا پوپ ئانتونىئو ئىسابېلنى باللىرىمنىڭ پېشانىسىگە قەستەن ئۆچمەيدىغان بەلگە سېلىپ، دۈشمەننىڭ تونۇۋېلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىپ جېنىغا زامىن بولغان جىنايەتچى دەپ ئەيىبلىدى. قېرىپ ئالجىپ قالغان پوپ قالايمىقان ۋەز ئېيتىپ چېركاۋغا كەلگەنلەرنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتتى. پوپ بىر كۈنى كەچقۇرۇن روزا كۈنى مۇقەددەس كۈل سېلىنىدىغان كوزىنى كۆتۈرۈپ بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىگە كەلدى ـ دە، روزا كۈلىنىڭ سۇرتىسلا چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىش ئۈچۈن پۈتۈن

ئائىلىدىكىلەرنىڭ پىشانىسىگە مۇقەددەس كۈل سۈرۈپ قويماقچى بولۇۋېدى، لېكىن ئۇلار ھېلىقى پاجىئەدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەچكە بالاغا قېلىشتىن قورقتى، ھەتتا فېرناندامۇ تەجرىبىگە قاتناشقىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن روزا كۈنى بۇئېندىيەلەر جەمەتىدىن تاۋاپ سۈپىتىنى تاۋاپ قىلغىلى بىرمۇ ئادەم بارماس بولدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە خاتىرجەملىك تاپالمىدى، دەرد ۋە غەزەپ دەستىدىن ئالتۇن بېلىجان ياساشنىمۇ تاشلىدى. زورلاپ يۇرۇپ ئانچە ـ مۇنچە تاماق يەيتتى، يېپىنچىسىنى سۆرەپ ئۇيقۇ سەيلىسى قىلىۋاتقان ئادەمدەك ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان ماڭاتتى. پاجىئە بولۇپ ئۈچ ئايدىن كېيىن چاچلىرى تامامەن ئاقىرىپ كەتتى، قايرىلىپ تۇرۇدىغان شاپ بۇرۇتلىرى قانسىز لەۋلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساڭگىلاپ قالدى. بىراق، كۆزلىرى يەنە بۇرۇنقىدەك چوغلىنىپ كەتكەندى، بۇ كۆزلىرى تۇغۇلغان ۋاقتىدا قارىغانلىكى ئادەمنى شۈركەندۈرۈپ، بىر قاراش بىلەنلا ئورۇندۇقنى ئورنىدىن قوزغىتىۋەتكەندى. ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقان پولكوۋنىك ئورېلىئانو ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنى خەتەرلىك چىغىر يوللار بىلەن شان ـ شەرەپ دەشتىگە باشلىغان بېشارەت تۇيغۇسىنى ئىزدىمەكتە بولغىنى، لېكىن بىكار ئاۋارە بولاتتى. ھازىر بۇ يەردىكى ھەرقانداق ئادەم ۋە ھەرقانداق نەرسە ئۇنى قىلچىلىك جەلپ قىلالمايتتى. بىر كۈنى ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى ئىزلارنى تاپماقچى بولۇپ مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە كىرگەندى، كۆزىگە ئەخلەت ـ چاۋار ۋە ئەسكى ـ تۇسكىلەردىن باشقا ھېچنېمە چېلىقمىدى. ھېچكىم ئوقۇمىغىلى ئۇزاق زامان بولۇپ كەتكەن كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسى ۋە قېلىن قەغەزلىرى نەم تارتىپ كۆكۈرۈپ كەتكەندى، بۇرۇن ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ھاۋاسى ئەڭ ساپ بۇ ئۆينىڭ ھاۋاسىمۇ چىدىغۇسىز بۇزۇلغانىدى. يەنە بىر كۈنى ئەتىگىنى قارىسا، ئۇرسۇلا كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بېشىنى مەرھۇم ئېرىنىڭ تىزىغا قويۇپ يىغلاپ ئولتۇراتتى. يېرىم ئەسىر بوران ـ چاپقۇنلاردا مۈكچەيگەن بۇ بوۋاي پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر ئىچىدە پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭلا كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى.

— داداڭدىن ئەھۋال سورىمامسەن، — دېدى ئۇرسۇلا.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو كاشتان دەرىخىنىڭ يېنىدا جىمىدەك توختىدى.

— نېمە دەۋاتىدۇ؟ — سورىدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو.

— كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتىدۇ، — جاۋاب بەردى ئۇرسۇلا، — سېنى ئەجىلى توشۇپ قالدى دەۋاتىدۇ.

— دەپ قويي، — دېدى پولكوۋنىك كۈلۈپ، — ئادەم دېگەن ئەجىلى توشقاندا ئەمەس، ئۆلسە بولىدىغان چاغدا ئۆلىدۇ.

مەرھۇم دادىسىنىڭ بېشارىتى ۋۇجۇدىدا مەغرۇرلۇقىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدۇقىنى ئويغۇتقانىدى. بىراق، بۇنى تۇرۇپلا قايتا كىچىكە ئېرىشتىم دەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىدىن مۇقەددەس جوزېفنىڭ گەج ھەيكىلىگە يوشۇرۇلغان ئالتۇنلارنىڭ قەيەردىلىكىنى سورۇشتۇردى.

— بۇنى مەڭگۈگە بىلەلمەيسەن، — ئۆتكەنكى ئاچچىق ساۋاقنى ئويلاپ قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى ئۇرسۇلا، — كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بايلىقنىڭ ئىگىسى كېلىدۇ، پەقەت ئىگىسىلا كولاپ ئالالايدۇ.

ئەزەلدىن مەرت ـ سېخى بىر ئادەمنىڭ قانداق بولۇپ تەقەززالىق بىلەن مال ـ دۇنيا يىغىشقا كىرىشىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ ئۆزىگە لازىملىق پۇلنىڭ سانىنى ئېيتقاندا ھەتتا پۇلنى سانىماي خەجلەيدىغان ئورېلىئانو II نىڭمۇ ھەيرانلىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئىلگىرى بىر پارتىيەدە خىزمەت قىلغان ئىشداشلىرىدىن پۇل سوراپ بارغاندا، ئۇلار ئۆزىنى قاچۇرۇپ كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى. شۇ چاغدا كىشىلەردىن مۇنداق بىر گەپنى ئاڭلىغانىدى:

— ھازىر لىبېراللار بىلەن كونسېرۋاتىپلار ئوتتۇرىسىدىكى بىردىنبىر پەرق شۇكى، لىبېراللار سائەت بەشتە ئىبادەت قىلسا، كونسېرۋاتىپلار سائەت سەككىزدە ئىبادەت قىلىدۇ.

بىراق، پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇنىڭلىق بىلەن بەل قويۇۋەتمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ يېلىنىپ يۈرۈپ غۇرۇرى بەدىلىگە يىغىشتۇرۇپ يۈرۈپ، سەككىز ئايدا غەملىگەن پۇلى ئۇرسۇلا يوشۇرۇپ قويغان پۇلدىن ئېشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان پولكوۋنىك گېرنىلېردو

ماركوسنىڭ يېنىغا بېرىپ، يەنە بىر قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش قوزغىشىغا ياردەمدە بولۇشىنى تەلەپ قىلدى.

پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس پالەچ بولۇپ كارىۋاتتا ياتقان بولسىمۇ، دەماللىققا كونا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان بىردىنبىر ئادەم ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو نىراندىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئالتۇن بېلىجانلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەندە، پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس بولسا ئاخىرىغىچە يۈز ئۆرۈمىگەن قوزغىلاڭچى ئوفىتسېرلار بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمەي كەلگەنىدى. گىرىنلېردو ماركوس ئۇلار بىللە يەنە بىر مەيدان ئۇياتلىق كۈندىلىك تۇرمۇش ئۇرۇشىنى باشتىن ئۆتكۈزدى. بۇ ئۇرۇش ئۆتۈنۈش ۋە ئىلتىماس قىلىش، ئايىغى چىقماس «ئەتە كېلىڭلار»، «ئاز قالدى»، «ئىشىڭىزنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز» دېگەندەك جاۋابلارنى ئاڭلاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى؛ تامامەن مەغلۇبىيەتلىك بىر مەيدان ئۇرۇشنى «سادىق ھەم ئىخلاسمەن خىزمەتكارىڭىزمەن» دەپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. ھۆكۈمەت باشتىن ـ ئاخىر پېشقەدەم جەڭچىلەرگە نەپىقە پۇلى بېرىشكە ۋەدە قىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھېلىغىچە بەرمەيۋاتاتتى. ئىلگىرىكى يىگىرمە يىل سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشنىڭ زىيىنى مۇددەتسىز سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان، كۆچىنى كۆنسايىن خورىتىۋاتقان بۇ ئۇرۇشنىڭ زىيىنى ئالدىدا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. جېنىغا قىلىنغان ئۈچ قېتىملىق قەستتىن قۇتۇلۇپ قالغان، بەش قېتىم يارىدار بولۇپ جېنى ئامان قالغان، سانسىز ئۇرۇشلاردىن ساق ـ سالامەت چىققان پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوس ئەمدى بۇ چەكسىز كۈتۈۋېرىشنىڭ دەردىدە قېرىلىققا تەن بېرىپ، دېرىزىدىن چۈشۈپ تۇرغان قۇياش نۇرىغا تىكىلگىنىچە ئامارانتانى ئەسلەپ ياتماقتا ئىدى. دېرىكىنى بىلىدىغان ئاخىرقى بىر تۈركۈم سەپداشلىرىنىڭ رەسىمىنى گېزىتتە كۆرۈپ قالدى: ئۇلار بۇ رەسىمدە ئىسمى نامەلۇم جۇمھۇرىيەت پىرېزىدېنتىغا قوللۇق بىلدۈرۈپ ئىنتائەتمەنلىك بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇشاتتى. پىرېزىدېنت ئۇلارغا ئۆزىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن مېدالنى تەقدىم قىلىپ مەيدىسىگە قاداپ قويۇۋاتاتتى، شۇنداقلا قان بىلەن بويالغان، ئىس ـ تۈتەكتە بۇلغانغان بىر بايراقنى

ئۆكەكلىرىنىڭ ئۈستىگە يېيىش ئۈچۈن قايتۇرۇپ بېرىۋاتاتتى. خەيرىيەت تەشكىلاتىنىڭ سايىسىدا نەپىقە پۇلىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان غورۇرلۇق يەنە بەزىلەر كىشىلەرمۇ بار ئىدى، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئاچ قېلىپ ئۆلۈپ، بەزىسى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ جان قايغۇسىدا ياشىسا، يەنە بەزىلىرى نەپىس شان - شەرەپ نىجاسەتلىرى ئارىسىدا بارا - بارا سېسىپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا پولكوۋنىك ئورېلىئانو پولكوۋنىك گېرىنىلېردو ماركوسقا بىر مەيدان ھايات - مامات ئۇرۇشى قوزغاپ، چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرى يۆلەپ تۇرۇۋاتقان چىرىك ۋە شەرمەندە ھۆكۈمەتنى ئۇزۇل - كېسىل ئاغدۇرۇپ تاشلاش تەكلىپىنى بەرگەندە، پولكوۋنىڭ گېرىنىلېردو ماركوس پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئىچ ئاغرىتىپ ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى.

— ھەي، ئورېلىئانو، — دېدى ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — قېرىپ قالغانلىقىڭنى بىلەتتىم، لېكىن ئويلىغىنىمدىنمۇ بەكرەك قېرىپ كەتكەنلىكىڭنى ئەمدى چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن.

# ئون ئۈچىنچى باب

ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە يىللىق قالايمىقانچىلىقتا ئۇرسۇلا چەۋرىسى خوس ئاركادىئونى پاپا بولۇشقا لايىق بالا قىلىپ تەربىيەلەشكە يېتىشىپ بولالمىدى، ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە مەدرىسكە ئەۋەتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى. خوس ئاركادىئونىڭ سىڭلىسى مېمېنى تەلەپچان فېرناندا بىلەن چۈشكۈن ئامارانتا تەڭ باقتى، بۇ قىزمۇ ئاكىسى بىلەن تەڭلا دېگۈدەك موناستىر مەكتىپىگە كىرگۈدەك بولۇپ قالدى؛ ئىككىيلەن بۇ قىزنى داڭدار پىيانىنوچى قىلىپ تەربىيەلەپ چىقماقچى ئىدى. ئۇرسۇلا پاپا بولىدىغان ئادەم مۇشۇنداق بوشاڭ بالا بولۇپ قېلىمۋاتىدۇ دەپ ئويلايتتى ۋە بۇنى قېرىلىق يېتىپ ئاران ماڭىدىغان، كۆزى بارا ـ بارا خىرەلىشىپ بىرنەرسىنى ئاران ئىلغا قىلالايدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن كۆرمەي، تەربىيەم ئۈنۈملۈك بولمايۋاتامدۇ ـ قانداق دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قوياتتى.

— ھازىرقى كۈنلەر بۇرۇنقىغا ئوخشاشمايدىغان بولۇپ كەتتى، — دەيتتى ئۇرسۇلا تۇرمۇشتىن ئىشەنچىسىنى يوقاتقان چاغلىرىدا.

ئۇرسۇلاغا بۇرۇنلاردا باللار بۇنچە ئىتتىك چوڭ بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. چوڭ ئوغلى خوس ئاركادىئو سىگانلار بىلەن قېچىپ كەتكىچە ئارىلىقتا شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندەك، پۈتۈن بەدىنىگە يىلان نۇسخىسىنى چەكتۈرۈپ، مۇنەججىملەردەك گەپ قىلىدىغان بولۇپ قايتىپ كەلگىچە ئارىلىقتا يەنە شۇنچە ئۇزاق زامان ئۆتكەندەك بىلىنەتتى. ئامارانتا بىلەن ئاركادىئو ئىندىيان تىلىنى ئۈنتۇپ، ئىسپان تىلىنى ئۆگىنىپ بولغىچە ئارىلىقتا نېمە ئىشلار بولمىغان دەيسىز! بىچارە خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىدا شۇنچە ياز، شۇنچە قىشنى ئۆتكۈزگەن، ئۇرسۇلا ئېرىنىڭ ئۆلۈمىگە قارىلىق تۇتۇپ كۈرمىڭ قېتىم يىغلىغان، كېيىن نۇرغۇن

ئۇرۇشلار بولۇپ ئۆتكەن، ئۆيدىكىلەرنى كېچە ـ كۈندۈز ئەنسىرەتكەن پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۆلەر ھالەتتە قايتىپ كەلگەندە، يېشى تېخى ئەللىككىمۇ تولمىغان ئىدى. ئۇرسۇلا بۇرۇنلاردا ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئوقىتى بىلەن ئالدىراش يۈرۈپمۇ نەۋرىلىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا يېتىشەلەيتتى، بالىلارنىڭ كۆزىنىڭ ئېقىغا قاراپلا ئابدىمىلىك مېيى تامدۇرۇش لازىملىقىنى بىلەلەيتتى. ئەمدى قولى بوشاپ خوس ئاركادىئونى يۆدۈپ ئەتىدىن ـ كەچكىچە لاغايلاپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. روشەنكى، ئالدىراڭغۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. ۋاھالەنكى، ئۇرسۇلا قېرىلىقىغا زادىلا تەن بەرمەيتتى، ھەممە ئىشقا چات كىرىپ تۇرۇۋالاتتى، ھەتتا سىرتتىن كەلگەنلەرنىمۇ سىلەر ئۇرۇش يىللىرىدا مۇقەددەس جوزېفنىڭ ھەيكىلىنى يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندە ئېلىپ كېتىمىز دەپ بۇ يەرگە قويۇپ كەتكەنمۇ دەپ سوراۋېرىپ زېرىكتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇرسۇلانىڭ زادى قاچاندىن باشلاپ كۆزى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا بىرنەچچە يىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندىمۇ، ھەممىسى قېرىپ ھالىدىن كەتتى دەپلا ئويلىدى، كۆزى پۈتۈنلەي تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمىدى. ئۇرسۇلا خوس ئاركادىئو تۇغۇلۇشتىن سەل ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ئەما بولۇپ قېلىشقا ئاز قالغانلىقىنى سەزگەنىدى. دەسلەپتە بۇنى ۋاقىتلىق ماغدۇرسىزلىقتىن بولۇۋاتقان ئالامەت دەپ ئويلاپ ھېچكىمگە بىلدۈرمەي يىلىك شورپىسى ئىچتى، كۆزىگە ھەسەل تامدۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەقىقەتەنمۇ زۇلمەت پاتقىقىغا پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىشەندى. ئۇرسۇلادا ئېلېكتىر چىرىغى توغرىسىدا ئېنىق ئۇقۇم بولماي كەلدى. چۈنكى، ماكوندوغا ئېلېكتىر چىرىغى ئورنىتىشقا باشلىغاندا ئۇرسۇلا چىراغلارنىڭ غۇۋا نۇرىنىلا كۆرەلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۆزىنىڭ ئەما بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىمگە تىنمىدى. ئېيتىپ قويىدىغانلا بولسا، ئۆزىنىڭ قېرىپ كاردىن چىققانلىقىنى ئوچۇق ئېتىراپ قىلغان بولۇپ قالاتتى. ئۇرسۇلا ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى، ئارىلىقىنى، ئادەملەرنىڭ ئاۋازىنى يوشۇرۇن ئېسىدە تۇتۇۋالدى، كۆزىگە ئاق چۈشكەندىن كېيىن ئاشۇ

ئەستىلىكىگە ئاساسەن كۆرەلمەيدىغان نەرسىلەرنى داۋاملىق «كۆرۈۋەردى». كېيىن ئويلىمىغان يەردىن پۇراش سېزىمىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. قاراڭغۇلۇقتا پۇراقنى جۇغى ۋە رەڭگىگە قاراپ پەرقلەندۈرگەندىنمۇ ئۇنۇملۇك پەرق ئەتكىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇتتۇرغىنىنى تەن ئېلىپ ئار ـ نومۇستا قېلىش خەۋپىدىن ئاخىر قۇتۇلدى. ئۇرسۇلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىمۇ يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزەلەيتتى، ئىشكنى تاقىيالايتتى، سۇتنىڭ قايناپ تاشاي دەۋاتقانلىقىنى ۋاقتىدا بىلىۋالالايتتى. ھەربىر نەرسىنىڭ ئورنىنى شۇ قەدەر ئېنىق بىلىۋالغانكى، ھەتتا بەزىدە كۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. فېرناندا بىركۈنى تويلۇق ئۈزۈكۈم يوقاپ كەتتى دەپ چالۋاقاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋەتتى، ئۇرسۇلا ئۇ ئۈزۈكنى باللارنىڭ ياتاق ئۆيىدىكى بىر تەكچىدىن تېپىپ بەردى. بۇنىڭ سىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى، باشقىلار بىپەرۋا ھالدا ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆزىگە سوقۇلۇپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇرسۇلا ئادەتتە كۆزىدىن باشقا تۆت سەزگۈ ئەزاسىنى ئىشقا سېلىپ ئەتراپىنى دىققەت بىلەن كۆزىتەتتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن شۇنى بايقىدىكى، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەربىرى ھەر كۈنى بىر خىللا يول ماڭىدىكەن، ئوخشاش ھەرىكەتنى تەكرارلايدىكەن، ھەتتا ئوخشاشلا بىر چاغدا ئوخشاشلا گەپ ـ سۆزلەرنى دەيدىكەن. ئۇلار بۇ قائىدىدىن شۇنداق چەتنەپ كەتكەن ھامان بىرەر نەرسىنى يىتتۈرۈپ قويىدىكەن. شۇڭا، ئۇرسۇلا فېرناندانىڭ ئۈزۈكۈم يوق تۇرىدۇ دەپ ۋايساشلىرىنى ئاڭلاپلا، فېرناندانىڭ شۇ كۈنى باللارنىڭ كارىۋىتىدىكى كۆرپىلەرنى تالاغا ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا يايغانلىقىنى، باللارنىڭ شۇ چاغدا ياردەملىشىپ بەرگەنلىكىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ، فېرناندا چوقۇم ئۇ ئۈزۈكنى باللارنىڭ بويى يەتمەيدىغان بىردىنبىر جايغا ــ تەكچىگە ئېلىپ قويغانلىقىنى پەرەز قىلدى. فېرناندا بولسا ئۈزۈكنى ئادەتتە يۈرىدىغان جايلىرىدىنلا ئىزدىگەن، يوقاتقان نەرسىنى ئىزدىگەندە كۈندىلىك ئادىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن تاپالمايۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن.

ئۇرسۇلا ئائىلىدە يۈز بېرىۋاتقان ھەربىر ئۆزگىرىشكە، ھەتتا كىچىككىنە ئۆزگىرىشلەرگىمۇ دىققەت قىلىپ تۇراتتى، خوس ئاركادىئونى باققىنىنىڭمۇ ئۇنداق

ئۆزگىرىشلەرنى بىلىۋېلىشىغا خېلى ياردىمى بولدى. ئامارانتانىڭ ياتاق ئۆيىدىكى ئەۋلىيا ھەيكىلىنىڭ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپلا يالغاندىن بالىغا رەڭ تونۇتۇۋاتقان بولۇۋالدى.

— قېنى، دەپ باقە، — دېدى ئۇرسۇلا بالىغا، — لافېر پەرىشتىنىڭ كىيىمى قانداق رەڭدە؟

شۇنداق قىلىپ بالا ئۇرسۇلا كۆرەلمەيدىغان ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ بېرەتتى. شۇڭا ئۇ بالا دىنىي مەدرىسكە كىرىشتىن بۇرۇنلا ئەۋلىيا ھەيكىلىگە كىيگۈزۈلگەن كىيىملەرنى سىلاپ يۇرۇپ رەختىدىن رەڭگىنى بىلەلەيدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. بەزىدە ئويلىمىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ قالاتتى. ئامارانتا بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تاشئالما تەشتەكلىرى تىزىلغان پېشايۋاندا كەشتە تىكىپ ئولتۇراتتى، ئۇرسۇلا بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭغا سوقۇلۇپ كەتتى.

— ۋاي توۋا، — دېدى ئامارانتا خاپا بولۇپ، — كۆزۈڭگە قاراپراق ماڭغىنا.

— ئۆزۈڭدىن كۆر، — دېدى ئۇرسۇلا جاۋاب بېرىپ، — كىم سېنى ئولتۇرمايدىغان يەردە ئولتۇرۇۋالسۇن دەپتىكەن!

ئۇرسۇلا ئۆزىنىڭ توغرىلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇ كۈنى ھېچكىم دىققەت قىلمايدىغان بىر ئىشنى بىلىۋالدى، قۇياشنىڭ ئورنىمۇ ئۇزۇۋكسىز ئۆزگىرىپ تۇرغاچقا، پېشايۋاندا ئولتۇرىدىغانلارمۇ تۇيماي ئورنىنى ئۆزگەرتىدىكەن. ئۇرسۇلا شۇنىڭدىن كېيىن قايسى كۈن ئىكەنلىكى ئېسىدە بولسىلا، ئامارانتانىڭ قەيەردە ئولتۇرغانلىقىغا تۇپتوغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولدى. قوللىرى تىترەپ، پۇتلىرىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆزى تېخىمۇ تېتىكلىشىپ، پۈتۈن ئۆيىنى بىر قوللۇق باشقۇرغان بۇرۇنقى چاغلىرىدىكىنىمۇ قاتىلاڭ بولۇپ كەتكەنىدى. ھالبۇكى، غېرىبلىق ئىلكىدە ئۆتۈۋاتقان ئاخىرقى ئۆمرىدە زېھنى ئاجايىپ ئۆتكۈرلىشىپ، ئائىلىدە يۈز بەرگەن كىچىككىنە ئىشلارنىمۇ بىلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى، بۇرۇنلاردا ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن سەل قارىغان نۇرغۇن ئىشلارنىڭ تېگىنىمۇ بىلىپ يەتتى. خوس ئاركادىئونى دىنىي مەدرىسكە بېرىشكە تەييارلىنىۋاتقاندا، بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ

ماكوندو قورۇلغاندىن بۇيانقى پۈتۈن ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ئىشلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي ئويلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئەۋلادلىرى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى تامامەن ئۆزگەرتتى. بۇرۇن ئويلىغاندەك، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە بولغان مېھرى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن يوقالغان ئەمەس. ئۇ ئەزەلدىن ھېچكىمگە، جۈملىدىن ئايالى رېمەدىسكىمۇ، بىر كېچە ئاشىق ـ مەشۇق بولۇشۇپلا ھاياتىدىن غايىب بولغان سان ـ ساناقسىز ئاياللارغىمۇ كۆڭۈل بېرىپ باقمىغان، ھېلىقى بىرمۇنچە ئوغۇللىرىنىمۇ ئەسلا ياخشى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇرسۇلا بۇ ئوغلىنىڭ ھەرگىزمۇ كىشىلەر ئويلىغاندەك شۇنچە كۆپ ئۇرۇشنى غايىسى ئۈچۈن قىلمىغانلىقىنى، ھالسىرىغانلىقى ئۈچۈنلا قولغا كېلىپ بولغان غەلىبىدىن ۋاز كەچكەن ئەمەسلىكىنى، غەلىبىسىنىڭمۇ، مەغلۇبىيىتىنىڭمۇ سەۋەبى ئوخشاشلا مەنمەنچىلىكى تۈپەيلىدىن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئاخىرىدا شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىكى، ھاياتىنى تەقدىم قىلىشتىنمۇ ئايانمىغان بۇ ئوغلى تۇغۇلۇشىدىنلا مېھىرسىز ئىكەن. بۇ ئوغلى تېخى قورساقتىكى چاغدا ئۇرسۇلا بىركۈنى كېچىسى ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان، يىغىسى شۇنچىلىك ئېنىق ئاڭلانغانكى، يېنىدا ياتقان خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەمۇ ئويغىنىپ كەتكەن ۋە بۇ بالا ئۆلسىمۇ قايتا تىرىلىدىغان خاسىيەتكە ئىگە ئىكەن دەپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. بەزىلەر بۇ بالا ئەۋلىيا بولغۇدەك دەپ ھۆكۈم قىلىشقان. ئۇرسۇلا بولسا قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتكەن. ئۇ بالىنىڭ قورساقتا تۇرۇپ يىغلىغىنىنى چوشقا قۇيرۇقلۇق ئىكەنلىكىنىڭ بېشارىتى دەپ ئويلاپ، تەڭرىدىن بۇ بالىنىڭ قورساقتىلا ئۆلۈپ قېلىشىنى تىلىگەنىدى. ئەمدى چۈشەندىكى، بالىنىڭ قورساقتىكى چاغدىلا يىغلىغىنى قايتا تىرىلىدىغان ياكى ئەۋلىيا بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئەمەس، مېھىرسىزلىكىنىڭ ئېنىق نىشانى ئىكەن. ئوغلىنىڭ قەلبىدىكى نۇرانە ئوبرازى سۇنغان بولسىمۇ ئانىلىق مېھرى تۈپەيلىدىن ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ كەتتى. ئامارانتاغا كەلسەك، بۇرۇن بۇ قىزنىڭ باغرى تاشلىقىدىن چۆچۈپ كەتكەن، دەردىدىن ئازابلانغانىدى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ ئاجايىپ مېھرىبان ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇرسۇلا شۇنى ھېس قىلىپ يەتكەنكى، ئامارانتانىڭ پېترو كرىسپىنى يولسىز

ئازابلىغانلىقى ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۆچ ئالماقچى بولغانلىقىدىن ئەمەس، پولكوۋنىك گىرىنلىېردو ماركوسنى كېچە - كۈندۈز تەقەززا قىلىپ قىينىغانلىقىمۇ كىشىلەرنىڭ ئويلىغىنىدەك ئۆچمەنلىك قىلغىنىدىن ئەمەسكەن. نىھايەت، ھەر ئىككىلىسىگە قىلغىنى پەقەت چەكسىز سۆيگۈ بىلەن يەڭگۈسىز ۋەھىمە ئوتتۇرىسىدىكى ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئاخىر يېڭىپ چىققىنى قىلچە ئاساسسىز ۋەھىمىسى ئىكەن، ۋەھىمە ئوبيېكتى يەتكىچە دەرد تارتقان روھى ئىكەن. ئۇرسۇلا ئەمدى رىبېكانىڭ ئېتىنى چاقىرىدىغان بولۇپ قالدى، كېچىككەن پۇشايمىنى ۋە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان ھۆرمىتى دەسلەپكى چاغلاردىكى ئىچ كۆيۈكىنى ئويغاتقانىدى. رىبېكانىڭ، ئەمچىكىنى ئېمىپ ئەمەس، يەرنىڭ توپىسىنى ۋە تامنىڭ سۇۋىقىنى يەپ چوڭ بولغان شۇ رىبېكانىڭلا تومۇرىدا ئاققىنى بۇئېندىيەلەرنىڭ قېنى ئەمەس، ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ناتونۇش قېنى (ئۇ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ سۆڭىكى قەۋرە ئىچىدە ھېلىمۇ شاراقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ) ئىكەنلىكىنى، مىجەزى چۈس، ئىشقى ئاتەش رىبېكانىڭلا بىردىنبىر قورقماس جاسارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى، ئەنە شۇنداق جاسارەت دەل ئۇرسۇلانىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان پەزىلەت ئىدى.

— ئاھ، رىبېكا، — دېدى ئۇرسۇلا تامنى سىلاپ تۇرۇپ پىچىرلاپ، — بىز ساڭا بەك ئادالەتسىزلىك قىپتۇق!

ھەممە كىشى ئۇرسۇلانى ئالجىپ قالدى دېيىشەتتى. بىراق، فېرناندا ئۇرسۇلانىڭ بۇ ئالجىقلىقىنىڭ كۆلەڭگىسىگە قىلنى قىرىق يارغۇدەك ئىدراك نۇرى يوشۇرۇنغانلىقىنى بايقىغانىدى. چۈنكى، ئۇرسۇلا ئائىلىسىنىڭ ئۆتكەن بىر يىللىق چىقىمىنى تەمتىرىمەيلا ئېيتىپ بېرەلەيتتى. ئامارانتامۇ شۇنداقراق قاراشتا ئىدى. ئۇرسۇلا بىر كۈنى ئاشخانىدا قازاندىكى شورپىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ، يېنىدا ئادەم بارلىقىنى بىلمەي، ئۆزىچىلا قوناق تارتىدىغان يارغۇنچاق ھازىرغىچە پىلار تېرنېرانىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ، دېدى. ماكوندوغا بىرىنچى تۇركۇمدە كەلگەن سىگانلاردىن ئالغان، خوس ئاركادىئو جاھاننى ئاتمىش بەش قېتىم كېزىپ كېلىشتىن ئىلگىرىلا يوقاپ

كەتكەن ئۇ يارغۇنچاق دەرۋەقە پىلار تېرنېرانىڭ ئۆيىدە. ھازىر پىلار تېرنېرامۇ يۈز ياشقا كىرىپ قالغان، لېكىن ناھايىتى تېتىك ئىدى. بالىلار كىشى ھەيران قالغۇدەك سىمىز بۇ مەزلۇمدىن بۇرۇن كەپتەرلەر ياڭراق كۈلكىسىدىن ئۈركىگەندەك قورقاتتى. پىلار تېرنېرا ئۇرسۇلانىڭ كارامىتىدىن ھەيران بولمايتتى. چۈنكى، ياشانغان كىشىلەرنىڭ كەسكىن ھۆكۈمى قارتىدا ئاچقان پالدىنمۇ توغرا چىقىدىغانلىقىنى ئۆز تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزگەنىدى.

ئۇرسۇلا خوس ئاركادىئونى غايىلىك ئادەم قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى سەزگىنىدە روھى چۈشۈپلا كېتەتتى، سەزگۈسى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق بىلىۋالالايدىغان نەرسىلەرنى كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئۇرۇناتتى، شۇنىڭ بىلەن ھە دېسىلا خاتالىشاتتى. بىر كۈنى ئەتىگىنى بىر قۇتا سىياھنى ئەتىر دەپ ئويلاپ بالىنىڭ بېشىغا تۆكۈۋەتتى. ھەممە ئىشقا چات كىرىۋېلىپ كىشىگە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بەرگەنلىكىدىن ئۆزىنىڭمۇ كەيپى بۇزۇلۇپ، كۆڭلى بىئارام بولاتتى، ئۆزىنى ئۆمۈچۈك تورىدەك چىرمىۋالغان قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ تىركىشەتتى. بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ پالاكەتلىكىنى قېرىلىقى ۋە قاراڭغۇلۇقىنىڭ دەسلەپكى غەلىبىسى دەپ قارىماي، جاھاننىڭ بەتتەرلىكىدىن كۆرەتتى. بۇرۇنقى چاغلاردا جاھان ھازىرقىدەك ئەمەس ئىدى دەپ ئويلايتتى. ئۇرسۇلانىڭ نەزىرىدە، ھازىر بالىلار تېزلا چوڭ بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئادەملەردىن مېھىرمۇ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ جىسمى روھىنى ئېلىپ ئاسمانغا چىقىپ بولغىچە ۋىجدانسىز فېرناندانىڭ ئەدىيالىم ئۇچۇپ كەتتى، دەپ قاخشىغىلى تۇرغانلىقى؛ ئون ئالتە ئورېلىئانونىڭ جەسىتى قەبرىدە سوۋۇپ بولا ـ بولمايلا، ئورېلىئانو II نىڭ ئۆلگۈچىلەرنى خىرىستىيان ئەمەس، بىرنەچچە ئىتنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆيگە بىر توپ مەستلەرنى يىغىپ، شاملارنى يېقىپ تاڭ ئاتقىچە نەغمە ـ ناۋا بىلەن چىلىشىپ ئىچىشكىلى تۇرغانلىقى بۇنىڭ مىسالى ئىدى. ئۇرسۇلاغا مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەت ۋە سانسىزلىغان ئۇششاق جانۋار شەكىللىك كەمپۈتلەر بەدىلىگە بەرپا قىلغان بۇ ساراڭلار ساناتورىيەسىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن

قىسمەتتەك بىلىنەتتى. ئۇرسۇلا بۇلارنى ئويلاۋاتقىنىدا، ئۆيدىكىلەر خوس ئاركادىئونىڭ يۈك ـ تاقلىرىنى راسلاپ بېرىۋاتاتتى. ئۇرسۇلا ئەنە شۇنداق ھەسرەتلىك كەچمىشلىرىنى ئەسلەۋېتىپ، ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئۆز ـ ئۆزىدىن تايىنلىق ئۆزۈممۇ بىر يوللا قەبرىگە كىرىپ يېتىۋېلىپ ئۈستۈمگە توپا تاشلاتقۇزسام بولارمىكىن، دەپ سورىدى ھەمدە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئاشۇنچىۋالا دەردىنى كۆتۈرەلىگۈدەك شۇنچە كۆتۈرۈشلۈك دەپ ئويلامسەن، دەپ قىلچە ئەيمەنمەي تەڭرىگە سوئال قويدى. سورىغانسېرى تەشۋىشلەندى ھەمدە ۋۇجۇدىدا توسۇۋالغۇسىز كۈچلۈك بىر چۇقان غەلىيان كۆتۈرۈپ ئاللىكىملەرنى چەت ئەللىكلەرگە ئوخشاش ئاغزىنى بۇزۇپ تازا بىر تىللىغۇەتكۈسى، ئۆزىنى ئاخىرقى ھېسابتا بىردەم بولسىمۇ مەيلىگە قويۇۋەتكۈسى كېپكەتتى، ئۇزاق زاماندىن بېرى تەشنا بولغان، لېكىن ۋاقىت ـ سائىتى توشماي كەلگەن مۇشۇ پەيتتە ئەمدى سەۋر قىلماي تۈرۈۋەرمەي تازا تىللاپ، ساق بىر ئەسىردىن بېرى ئىچىگە يىغىلىپ قالغان دەردىنى تۆكۈپ ئىچىنى بىر بوشىتىۋالغۇسى كەلدى.

— ھۇھ ئاناڭنى! — تىللىدى ئۇرسۇلا.

كىيىملەرنى قاتلاپ ساندۇققا سېلىۋاتقان ئامارانتا ئانامنى چايان چېقىۋالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى.

— قېنى؟

— نېمە؟

— چايانچۇ؟!

ئۇرسۇلا بىگىز قولى بىلەن مەيدىسىنى نوقۇپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى:

— مەيەردە!

خوس ئاركادىئو پەيشەنبە كۈنى كەچقۇرۇن سائەت ئىككىدە دىنىي مەدرىسكە ماڭدى. ئۇرسۇلا خوس ئاركادىئونىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى زادىلا ئېسىدىن چىقارمىدى: قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، روھسىز بۇ بالا خۇددى ئۇرسۇلانىڭ ئۆگەتكىنىدەك پەقەت يىغلىمىدى. يېشىل چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ مىس تۈگمىلىرىنى چىڭ ئېتىپ، ياقىسىغا كېپىنەكسىمان قاتتىق گالىستۇك تاقىۋالغان بولغاچقا ئىسسىپ ھاسىراپ

كەتكەندى. خوس ئاركادىئو كەتكەندىن كېيىن تاماقخانىدا قويۇق ئەتىر پۇرىقى قالدى. ئۇرسۇلا ئۇنى ئۆينىڭ ئىچىدىن ئاسان تېپىۋېلىش ئۈچۈن بېشىغا ئەتىر چېچىپ قويغانىدى. ئۇنى ئۆزىتىش زىياپىتىدە ھەممەيلەن پوپ ئانتونىئو ئىسابېلنىڭ چاقچاقلىرىغا قىزغىن جاۋاب بېرىپ كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن ئولتۇردى. بىراق، مەخمەل بىلەن ئورالغان، بۇرجەكلىرىگە كۈمۈش تۇتقۇلغان ساندۇق ئېلىپ چىقىلغاندا، گويا ئۆكەكنى ئېچىقىۋاتقاندەك كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو خوشلىشىش زىياپىتىگە قاتنىشىشنىمۇ رەت قىلغانىدى.

— ئۆيدە پەقەت پاپالا كەم ئىدى، ئەمدى ئۇمۇ تولۇقلىنىدىغان بولدى، — دېدى پولكوۋنىك ئورېلىئانو.

ئۈچ ئايدىن كېيىن ئورېلىئانو Ⅱ بىلەن فېرناندا مېمېنى موناستىر مەكتىپىگە ئاپىرىۋېتىپ، ئۆيدىكى ئاپتوماتىك پىيانىنونىڭ ئورنىغا كونا چەكمە پىيانىنونى ئەكىردى. ئامارانتا شۇ كۈنلەردە ئۆزىگە كېپەن تىكىشكە باشلىدى. بانانىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان ئەسەبىيلىكمۇ پەسىيىپ قالدى. ماكوندونىڭ يەرلىك ئاھالىسى ئۆزلىرىنىڭ چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن ئەھمىيەتسىز ئورۇنغا چىقىرىۋېتىلگەنلىكىنى، بۇرۇنقى ئازراقلا كىرىمىنى تەستە ساقلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقاشتى، گويا پاراخوت دېڭىزدا خەتەرگە ئۇچراپ ئاخىر قۇتۇلۇپ قالغاندەك، شۇنىڭغىمۇ شۈكرى قىلىشتى. بۇئېندىيەلەر چەت ئەللىكلەرنى توپ ـ توپى بىلەن مېھمان قىلىۋەردى. بۇرۇنقىدەك تىنچ ئائىلىۋى تۇرمۇش پەقەت بانان شىركىتى كېتىپ قالغاندىن كېيىنلا ئەسلىگە كەلدى. بىراق، ئەنئەنىۋى مېھماندوستلۇق روھىدا تۈپ ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىپ، ھوقۇق فېرناندانىڭ قولىغا ئۆتتى، ئۇرسۇلا زۇلمەت ئىچىدە قالدى. ئامارانتا ئۆزىنىڭ كېپىنىنى تىكىش بىلەنلا بولدى. بۇرۇنقى پىراكتىكانت ئايال پادىشاھ مېھمان تاللاش ئەركىنلىكىگە ئېرىشىپ، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسى ئۆگەتكەن قاتتىق كونا قائىدە ـ تۈزۈملەرگە كۆندۈردى. چەت ئەللىكلەر ئاسانلا تاپقان پۇلنى بولۇشىغا بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلەيدىغان، ھەممە يەرنى تەرتىپسىزلىك قاپلىغان بۇ يۇرتتا بۇئېندىيەلەر ئائىلىسى فېرناندانىڭ قاتتىق تەدبىرلىرى بىلەن كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ قورغىنى

بولۇپ قالدى. فېرناندا بانان شىركىتى بىلەن چېتىشلىقى يوق كىشىلەرنىلا دۇرۇس ئادەم سانايتتى، شۇ ۋەجىدىن ئېرىنىڭ ئاكىسى خوس ئاركادىئو II گىمۇ باشقىچىرەك مۇئامىلە قىلاتتى. خوس ئاركادىئو II بانان بالاسىنىڭ دەسلەپكىدىكى قالايمىقانچىلىقتا ئېسىل سوقۇشچى خورازلىرىنى سېتىۋېتىپ، بانان شىركىتىنىڭ قورۇق نازارەتچىسى بولغانىدى.

— چەت ئەللىكلەردىن يۇققان كېسەل ھازىرمۇ بولىدىكەن، بۇ ئۆيگە كىرىمەن دەپ خىيال ئەيلىمىسۇن، — دەيتتى فېرناندا.

ئائىلىدە چەكلىمە شۇ قەدەر چىڭىپ كەتتىكى، ئورېلىئانو II ئۆزىنى پېترا كېتىسنىڭ ئۆيىدە تېخىمۇ ئەركىن ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دەسلەپتە زىياپەتلىرىنى ئايالىنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش باھانىسى بىلەن ئاشنىسىنىڭ ئۆيىگە يۆتكىۋالدى، كېيىن جاندارلىرىنىڭ ئايىنماي توختاپ قېلىۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ كالا قوتىنى ۋە ئات ئېغىللىرىنى، كېيىن ئاشنىسىنىڭ ئۆيىنى سالقىنراق ئىكەن دېگەن باھانىدە ئىشخانىسىنىمۇ شۇ يەرگە كۆچۈرۈۋالدى. فېرناندا ئۆزىنىڭ ئېرى بار تۇل خوتۇنغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى بايقىغىنىدا كېچىككەنىدى. ئورېلىئانو II پەقەتلا دېگۈدەك ئۆيدە تاماق يېمەيتتى، كېچىلىرى خوتۇنىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆيدە ياتسىمۇ، بۇ ساختىلىقىغا ھېچكىم گول بولمايتتى. بىركۈنى بىخەستەلىك قىلىپ پېترا كېتىسنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ھالبۇكى، ئەتىسى فېرناندا بىر ئېغىز تاپا ـ تەنە قىلمىدى. بىراق، شۇ كۈنىلا ئىككى ساندۇق كىيىم ـ كېچىكىنى ئاشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ بەردى، ئۇ ساندۇقلارنى قەستەن كۈندۈزى ئەۋەتكەن ھەمدە ياللىغان ئادەمنى پۈتۈن ماكوندولۇقلارنىڭ كۆزىچە كوچىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مېڭىشقا بۇيرۇغانىدى. ئەسلىدە يولدىن چىققان ئېرىنى مۇشۇنداق قىلسام نومۇسقا چىدىماي سالپىيىپ تاپىغا چۈشىدۇ دەپ ئويلىغانىدى. ئەپسۇسكى، فېرناندانىڭ بۇ مەردانىلىقى ئېرىنىڭ مىجەزىنىلا ئەمەس، ئۆز يۇرتىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان بۇ يۇرتنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. ھېلىقى كىيىم ساندۇقلىرىنى كۆرگەنلىكى ئادەم بۇ ھېكايىنىڭ ئايىغى تەبىئىي مۇشۇنداق بولاتتى، دېيىشتى.

ئورېلىئانو II بولسا ئەركىنلىككە ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئۇدا ئۈچ كۈن كاتتا زىياپەت بەردى. فېرناندىغا پايدىسىز بولغىنى شۇكى، ئۇ ئادەتتە ئوشۇقىغىچە قارا تون كىيىپ، بويىنىغا مودىدىن قالغان مارجانلارنى ئېسىپ، زامانغا نامۇۋاپىق تەكەببۇرلۇقىنى نامايان قىلىپ يۈرۈپ ۋاقىتسىز قېرىپ كەتكەندەك بولۇپ قالغانىدى، ئېرىنىڭ ھېلىقى ئاشنىسى بولسا ئۈچىسىغا رەڭدار يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ۋال ـ ۋۇل كۆڭلەكلەرنى كىيىپ، قىزلىقىغا قايتقاندەك گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، كۆزلىرى چار قاقىرادەك چاقناپ تۇراتتى. ئورېلىئانو II ياش چاغلىرىدىكىدەك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ ئاشنىسىنىڭ قوينىغا باشقىلاتتىن ئۆزىنى ئاتتى. پېترا كېتىس ئۇ چاغلاردا ئورېلىئانو II نى تونۇماي ھېلىقى قوشكېزەك قېرىندىشى دەپ قېلىپ كۆڭۈل بەرگەن ھەمدە بىلمەستىن قوشكېزەكلەرنىڭ ئىككىلىسى بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىپ ئۆتكەن، شۇنداقلا تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مۇشۇنداق يىگىت ئاتا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تەلەيلىك سانىغانىدى. تىرىلگەن ئىشقى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇ ئىككىسى تاماق ئۈستىدە بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە شۇنداق بىر قارىشىپلا زۇۋانمۇ سۈرمەي داستىخاننى يىپىپ قويۇپ ياتاق ئۆيگە كىرەتتى ـ دە، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى بىلەنمۇ كارى بولماي تۈتۈشۈپ بولۇشىچە پەيزى قىلىشاتتى. ئورېلىئانو II فىرانسۇز پاھىشىلەرغا چېپىپ يۈرگەن چاغلىرىدا بەزى نەرسىلەرنى كۆرگەنىدى. شۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلھامىدا پېترا كېتىسقا باش روھانىيلارنىڭ كارىۋىتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىمىلداقلىق كارىۋات ئېلىپ بەردى، دېرىزىلىرىگە دۇخاۋا پەردىلەرنى تارتقۇزدى، ياتاق ئۆيىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىنى كىرىستال تاشئەينەكلەر بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. بۇ چاغدا شۇ قەدەر بەتخەج بولۇپ كەتكەنىدىكى، پۇلنى بولۇشىچە بۇزۇپ ـ چېچىپ تىنماي زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 11:00 دە كېلىدىغان پويىزدا ئورېلىئانو II گە ساندۇق ـ ساندۇق شامپانسكى ۋە براندىلار كېلىپ تۇراتتى. ئورېلىئانو II پويىز ئىستانسىسىدىن قايتىپ كەلگۈچە خۇددى كولۇمبىيەچە ئەركىن ئۇسسۇلغا چۈشكەندە ئۇدۇل كەلگەن ئادەمنى ئۇسسۇلغا تارتقاندەك، يولدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنىڭ ھەممىسىنى زىياپەتكە سۆرەپ ماڭاتتى، يەرلىكلەر بولامدۇ، ياقا يۇرتلۇقلار بولامدۇ،

تونۇش بولامدۇ، ناتونۇش بولامدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. ھەتتا چەت ئەل تىلىدىن باشقا تىلنى بىر ئېغىزمۇ بىلمەيدىغان سىرلىق بىرروۋىن ئەپەندىمۇ ئۇرغۇن قېتىم ئورېلىئانو II نىڭ شەرەتلىرى بىلەن كېلىپ، پېترا كېتىسىنىڭ ئۆيىدە غەرق مەست بولۇپ، گارمونغا كەلتۈرۈپ تېكساس ناخشىلىرىنى ئالاتاغىل تۈۋلىغىنىچە، يېنىدىن ئايرىمايدىغان پەيلى يامان گېرمان تايغىنىنىمۇ ناخشىسىغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئويىنىتىپ كەتكەنىدى.

— بىر چەتتە تۇرۇڭلار، كالىلىرىم، — ئالىتاغىل ۋارقىرايتتى ئورېلىئانو II زىياپەت تازا قىزىغان پەيتلەردە، — بىر چەتتە تۇرۇڭلار، ئۆمۈر دېگەن قىسقا جۇمۇ!

ئورېلىئانو II نىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ باقمىغان، ھېچقاچان بۇنچە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپمۇ باقمىغان، جاندارلىرىمۇ ھېچقاچان بۇنچە دەھشەت كۆپىيىپ باقمىغانىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەس زىياپەتلىرى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ كالا، چوشقا، توخۇلار سويۇلۇپ تۇراتتىكى، ھويلىنىڭ تۇپىسى ئاققان بىھېساب قان بىلەن سۇغۇرۇلۇۋېرىپ قارىداپمۇ كەتكەنىدى. تاشلانغان سۆڭەكلەر، ئۈچەي - قېرىنلار، ئاشقان تاماقلار دۆۋلىنىپ كەتكەنىدى، كىشىلەر يەمنى كۆزلەپ ئۇچۇپ كەلگەن قۇزغۇنلارنىڭ مېھمانلارنىڭ كۆزىنى چوقۇۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىنماي پاراسلىتىپ پۇرۇخ كۆيدۈرۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. ئورېلىئانو II سەمرىپ تىقىلىپ كەتتى، يۈزلىرى قىزىللىقتىن ئۆتۈپ كۆكىرىپ كەتتى، سىمىزلىكىنىڭ دەستىدىن تاشپاقىدەك مىسىلداپ ماڭىدىغان بولۇپ قالدى، ئۆز ۋاقتىدا جاھان كېزىپ قايتىپ كەلگەن خوس ئاركادىئودىنمۇ ئۆتە ئاجايىپ ئىشتىھالىق بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇنداق سەمرىپ كەتكەن ئىدى. ئورېلىئانو II نىڭ كىشىنى تاڭ قالدۇرغۇدەك تويمىغۇرلۇقى، پۇلنى ساماندەك سورۇپ خەجلەيدىغان سېخىيلىقى، تەڭداشسىز مېھماندوستلۇقى بىلەن تارالغان داڭقى سازلىق رايونىدىن ئۆتۈپ، دېڭىز بويى ئەتراپلىرىدىكى داڭلىق ئاچ كۆزلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى. شۇنىڭ بىلەن داستىخان سەرخىللىرى ھەر يەر - ھەر يەرلەردىن ماكوندوغا كېلىپ، پېترا كېتىسىنىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئەسەبىي ئىشتىھا مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشاتتى. ئورېلىئانو II بۇ

مۇسابىقىلەردە تاكى ھېلىقى قارا دۈشەنبە كۈنى كامىنا ساگاسىدومى كەلگەنگە قەدەر يېڭىلمەس غالىب بولۇپ كەلگەنىدى. تەق - تۇرقى تۇتېم ھەيكىلىگىلا ئوخشايدىغان بۇ ئايالنىڭ داڭقى «چىشى پىل» دېگەن لەقىمى بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتكەنىدى. مۇسابىقە شەنبىدىن سەيشەنبە سەھەرگىچە سوزۇلدى. ئورېلىئانو II بىرىنچى سوتكىدا مانىخوت، پىچەكگۈل ۋە بانان قېقىنى تېتىق قىلىپ بىر موزاينى يەۋەتتى، بىر يېرىم ساندۇق شامپانىسكىنى ئىچىۋەتتى. يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئورېلىئانو II تەمكىن رەقىبىدىن كۆپ روھلۇق ۋە تېتىك كۆرۈنەتتى. رەقىبىنىڭ كەسىپ ئەھلى ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرسىمۇ، ئۆيگە لىق توشۇپ كەتكەن خىلمۇخىل تاماشىبىنلارنىڭ كۆزىگە بوشاڭراق كۆرۈنەتتى. ئورېلىئانو II غەلىبە ۋەسۋەسىسىدە گۆشنى قاساپ - يالماپ يېگىلى تۇرغاندا، «چىشى پىل» تاشقى كېسەللەر دوختۇرىدەك گۆشنى ئۇششاق پارچىلاپ ئالدىرىماي مەززە بىلەن يەيتتى. ئۇ ئايالنىڭ شۇنچە زەبەردەس ۋە بەستلىك تۇرقى ئاياللارغا خاس نازاكىتىنى يوشۇرۇپ كېتەلمىگەنىدى. يۈزلىرى ئۇز، قوللىرى نازۇك بۇ ئايال شۇنچىلىك جازىبىدار ئىدىكى، ئورېلىئانو II بىر كۆرۈپلا: داستىخاندا ئەمەس، يوتقاندا مۇسابىقىلىشىدىغان ئىش ئىكەن، دەۋەتتى. كېيىن ئۇ «چىشى پىل»نىڭ پۈتۈن بىر كالىنى يەۋەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ مەسۇمە قىزدەك پېتىنى بۇزماي ئولتۇرغان تۇرقىنى كۆرۈپ، بۇ ئاجايىپ ئىشتىھالىق جىلۋىگەر خارتوملۇق مەخلۇق، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، كۆڭۈلدىكىدەك ئايال ئىكەن دەپ ئەستايىدىل باھا بەردى. بۇ گېپى خاتا ئەمەس ئىدى. «چىشى پىل» دەپ ئاتىلىشتىن ئىلگىرى بىر مەھەل «قۇزغۇن» دەپ ئاتالغانىدى، لېكىن ھېچقايسى لەقەمنىڭ ئاساسى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ سۆز - چۆچەكلەردىكىدەك كالا سويىدىغان «قاسساپ»مۇ بولۇپ باقمىغان، گىرېك سىرك ئۆمەكلىرىدىكى ساقال - بۇرۇتلۇق قاۋۇل ئايالمۇ ئەمەس، ئەمەلىيەتتە بىر سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئىدى. بالا تۇغۇپ ئانا بولغاندىن كېيىن بالىلىرىغا كۆپرەك تاماق يېگۈزۈش ئۇسۇلىنى تېپىش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق ئىشتىھالىق بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناقتىن ئۆتكەن پىرىنسىپىنىڭ نەزەرىيەۋى ئاساسى شۇكى، ئادەمنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولسىلا، تاكى

چارچىغانغا قەدەر توختىماي يېيىلەيدۇ. شۇڭا، ھەۋەس تۇپەيلىدىن ئەمەس، مەنىۋى سەۋەب تۇپەيلىدىن مەكتىپى ۋە ئائىلىسىنى تاشلاپ، داڭقى پۈتۈن مەملىكەتكە پۇر كەتكەن بۇ تەپ تارتماس قارنى يامان بىلەن سىنىنىشىپ بېقىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. «چىشى پىل» ئوربىلىئانو II نى بىر كۆرۈپلا، ئۇنىڭ قورساقتىن ئەمەس، مىجەز ـ خاراكتېرى تۈپەيلى ئۇتتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. دېگەنىدەك، بىرىنچى كېچە ئۆتكىچە ئۆزىنى بىلدۈرمىدى. ئوربىلىئانو II بولسا تولا كۈلكە ـ چاقچاق قىلىپ بارا ـ بارا ئۆزىنى چارچىتىۋالدى. ئۇلار تۆت سائەت ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن ئويغىنىپ ھەربىرى ئەللىك ئاپېلسىن شەربىتى، سەككىز لېتىردىن قەھۋە، ئوتتۇز دانىدىن خام تۇخۇم ئىچتى. ئەتىسى ئەتىگىنى شۇ ئۇيقۇسىزلىقىدىمۇ ھەربىرى ئىككى چوشقىنى، بىر ساپاق بانانىنى يەۋەتتى، تۆت ساندۇق شامپانىسكىنى ئىچىپ تۈگەتتى. «چىشى پىل» ئوربىلىئانو II نىڭمۇ تۇيمايلا ئۆزىگە ئوخشاشلا ئۇسۇلدا يەۋاتقانلىقىنى بايقىدى. بىراق، ئاقىۋەتتە بىلەن ھېسابلاشماي قارامىلىق بىلەن ئۆزىنى قويۇۋېتىپ يەۋاتاتتى. شۇنداق بولغاندا، ئوربىلىئانو II نىڭ ئەھۋالى پەرىزىدىكىدىنمۇ خەتەرلىك ئىدى. پېترا كېتىس ئىككى كورۈكە توخۇ كاۋىپىنى شىرەگە قويغاندا، ئوربىلىئانو II نىڭ قارنى يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغانىدى.

— يەپ كېتەلمىگۈدەك بولساڭ يېمەيلا قوي، — دېدى «چىشى پىل»، — ئىككىمىز تەڭ چىققان بولايلى.

«چىشى پىل» بۇ گەپنى چىن كۆڭلىدىن ئېيتقانىدى. چۈنكى، رەقىبىنى ئۆلۈمگە قىستاۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا، ئۆزىنىڭمۇ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغاندەك قىلاتتى. بىراق، ئوربىلىئانو II بۇ گەپنى يېڭى خىرىس دەپ چۈشىنىپ قېلىپ، پۈتۈن بىر كورۈك توخۇنى قاساپ يەۋەتتى، نەتىجىدە شۇنچە يامان قارنىمۇ كۆتۈرەلمەي ھوشىنى يوقاتتى ـ دە، بىر پەتنۇس سۆڭەككە ئىتتەك دۈم چۈشۈپ، ئاغزىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ، جان تالىشىۋاتقاندەك خارتىلدىغىلى تۇردى. شۇ تاپتا خۇددى بىرسى مۇنارنىڭ چوققىسىدىن تاشلىۋەتكەندەك، تېگى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى ھەمدە مۇشۇنداق چۈشۈپ كېتىۋەرسە چوقۇم ئۆلىدىغانلىقىنى خىرە ـ شىرە ھېس قىلدى.

— مېنى فېرناندانىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇڭلار، — دېيىشكە ئاران ئۈلگۈردى.

دوستلىرى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ باردى، ئۇلار ئورېلىئانو II نى ئايالىغا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ئۆلۈكى راستىنلا ئاشنىسىنىڭ كارىۋىتىدا قالمايدىغان بولدى، دېيىشتى. پېترا كېتىسمۇ ئورېلىئانو II گۆرگە كىيىپ كەتمەكچى بولغان ھېلىقى ئۆتۈكىنى مايلاپ، ئاپىرىپ بېرىشكە ئادەم ئىزدەپ يۈرگىنىدە ئورېلىئانو II خەتەردىن قۇتۇلدى دېگەن خەۋەر كەلدى. دېگەندەكلا بىر ھەپتىگە بارمايلا ساقىيىپ بولدى - دە، ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ تىرىلگەنلىكىنى تەبرىكلەپ مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ پېترا كېتىسنىڭ ئۆيىدە تۇرىۋەردى. بىراق، كۈندە بېرىپ فېرناندانى يوقلايدىغان، بەزىدە ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن بىللە تاماقمۇ يەيدىغان بولدى. تەقدىر گويا شەيئىلەرنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىپ قويغاندەك، ئورېلىئانو II ئاشنىسىنىڭ ئېرى، ئايالىنىڭ ئاشنىسى بولۇپ قالغان ئىدى.

بۇ ھال فېرناندا ئۈچۈن تەسەللى ئىدى. ئېتىبارسىز تاشلىنىپ قالغان كۈنلەردە چۈشلۈك ئارام ۋاقىتلىرىدا پىيانىنو چېلىش، بالىلىرىنىڭ خەتلىرىنى ئوقۇش بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. بالىلىرىغا ئىككى ھەپتىدە بىر پارچىدىن يازىدىغان خەتلىرىدە بىر ئېغىزمۇ راست گەپ قىلماي دەردلىرىنى يوشۇراتتى. پېشايۋاندىكى تاشئالمىلارغا تولۇق ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرسىمۇ، كوچىلاردىن شادىيانە سادالار ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئۆي بارغانچە ئاتا - ئانىسىنىڭ مۇستەملىكە دەۋرىدىكى سۆرۈن قورۇسىغا ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى. فېرناندا ئۈچ تىرىك ئەرۋاھ بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئەرۋاھى ئارىسىدا تەنھا تېڭىرقاپ يۈرەتتى، بۇ ئەرۋاھ دائىم مېھمانخانىنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ فېرناندانىڭ پىيانىنوسىغا شۈبھە بىلەن كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قۇلاق سالاتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ كۆلەڭگىسىلا قالغانىدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆيىدىن چىقىپ پولكوۋنىك گىرىنلېردو ماركوسنى ھېچ ئۈمىد يوق يېڭى بىر ئۇرۇش قوزغاشقا دەۋەت قىلىپ بېرىپ قايتقاندىن كېيىن زەرگەرخانىسىغا كىرىپ كەتكەن پېتى كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە ھاجەت قىلغىلى بارغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا زادىلا چىقماس بولۇپ كەتتى. ھەر ئۈچ ھەپتىدە بىر قېتىم چاقىرتىدىغان ساتىراشتىن

باشقا ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيتتى. ئۇرسۇلا ھەر كۈنى بىر قېتىم تاماق سۇنۇپ بېرەتتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇرسۇلا نېمە بەرسە شۇنى يەيتتى. بۇرۇنقىدەكلا قىزغىنلىقى بىلەن ئالتۇن بېلىجان ياسايتتى ـ يۇ ساتمايتتى. چۈنكى، خەقنىڭ زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئەمەس، تارىخي يادىكارلىق قاتارىدا سېتىۋالىدىغانلىقىنى بايقاپ قالغاندىن باشلاپ ساتماس بولۇۋالغانىدى. رېمېدىسنىڭ توي قىلغاندىن بېرى ھۇجرىسىغا زىننەت بولسۇن ئۈچۈن تىزىپ كەلگەن قونچاقلىرىنى ھويلىغا ئېچىقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى، سەزگۈر ئۇرسۇلا ئوغلىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى شۇ زامان سەزدى ـ يۇ توسمىدى.

— باغرىڭ تاشتىنمۇ قاتتىقكەن، — دېدى ئۇرسۇلا.

— باغرىمنىڭ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۆينى قۇرت بېسىپ كېتىپتۇ.

ئامارانتا كېپىنىنى تىكىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. فېرناندا ئامارانتانىڭ نېمە ئۈچۈن توختىماي مېمېغا خەت يازىدىغانلىقىنى، سوۋغاتمۇ ئەۋەتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، لېكىن خوس ئاركادىئونى تىلغا ئېلىپمۇ قويمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمەيتتى.

— سەۋەبىنى ئۆلسەڭلارمۇ بىلەلمەيسىلەر، — دېدى ئامارانتا فېرناندا سەۋەبىنى ئۇرسۇلا ئارقىلىق سورىغاندا.

ئامارانتانىڭ بۇ جاۋابى فېرناندانىڭ ئىچىدە مەڭگۈ يېشىلمەس سىر پېتى قېلىۋەردى. جۇدەڭگۈ ۋە بويى ئېگىز، ئۆزى تەكەببۇر ئامارانتا دائىم بۇلۇتتەك يۇمشاق كۆپتۇرمە كۆڭلەك كىيىپ يۈرەتتى. ياشىنىپ قالغان، نۇرغۇن ئاچچىق كەچمىشلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، پېشانىسىگە ئىپپەت بەلگىسى پۈتۈلگەندەك چىرايىدىن كەتمىگەنىدى. نىھايەتكى، ھەقىقىي بەلگىسى قولىدا، قارا داكىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، بۇ داكىنى كېچىسى ئۇخلايدىغان چېغىدىمۇ ئېلىۋەتمەيتتى ھەمدە ئۆز قولى بىلەن يۇيۇپ دەزماللاپ تۇراتتى. ۋاقىت ئامارانتانىڭ ئۆزىگە كېپەن تىكىۋاتقان بارماقلىرى ئارىسىدا غايىب بولماقتا ئىدى. ئامارانتا كىشىلەرگە ئۇ

كېيىننى كۈندۈزى تىكىپ، كېچىسى چۇۇۋۇۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق، غېرىبلىقنى يېڭىش ئۇچۇن ئەمەس، دەل ئەكسىچە غېرىب ھالىتىنى ساقلاش ئۇچۇنلا تىكەتتى.

فېرناندا تاشلىنىپ قېلىۋاتقان كۈنلەردە مېمې تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلگەندە ئورېلىئانو II نىڭ ئۆيدە بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ غەمگە پاتقانىدى. ھېلىقى ھوشىدىن كېتىش ۋەقەسى بىلەن بۇ ئەندىشىسىگە خاتىمە بېرىلدى. ئۇلار مېمې قايتىپ كەلگەندە قىزىغا دادىسىنى سادىق ئەردەك كۆرسىتىش، شۇنداقلا ئۆيدىكى ھەسرەتلىك كەيپىياتنى بىلىندۇرمەسلىك ھەققىدە كېلىشىۋالدى. ئورېلىئانو II يىلىغا ئۇدا ئىككى ئاي نەمۇنىلىك ئەر رولىنى ئويناپ، ئەل ـ ئاغىنىلىرىنى يىغىپ ماروژنا ۋە قاتلىمىلار بىلەنلا مېھمان قىلاتتى؛ خۇشال، تېتىك مېمې بولسا ساز چېلىپ كەيپىياتنى كۆتۈرۈشۈپ بېرەتتى. مېمېنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئەمەس، ئامارانتانى بەكرەك تارتقانلىقى، ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياش ۋاقتىدىكى ئامارانتانىڭ ئۆزىلا ئىكەنلىكى شۇ چاغدىلا مەلۇم بولدى. ئامارانتا ئۇ چاغلاردا قايغۇ دېگەننى بىلمەيتتى، مېڭىشلىرىمۇ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تېتىك بولۇپ، ئائىلىسىگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئېتەتتى. بۇ ھالەت پېترو كرىسىپغا يوشۇرۇن ئاشىقلىق روھىيىتىنى مەڭگۈ بۇرمىلىۋەتكەنگە قەدەر داۋاملاشقانىدى. بىراق، مېمېنىڭ چىراي ـ تۇرقى ئامارانتانى تارتقان بىلەن مىجەز ـ خۇلقى ئامارانتاغا ئوخشاشمايتتى، بۇئېندىيە جەمەتىدىكى باشقا ھېچقانداق ئادەمگىمۇ ئوخشاشمايتتى. بۇ جەمەتتىكىلەرگە ئوخشاشلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن غېرىبلىق قىسمىتى تېخى ئاشكارىلانمىغان بولۇپ، تاشقى دۇنيا بىلەن ئىچ قويۇن ـ تاش قويۇن بولۇپ كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى، چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە ئۆزى يالغۇز مېھمانخانىغا كىرىۋېلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ پىيانىنو مەشىق قىلغان چاغلىرىدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. ئېنىقكى، ئۇ ئائىلىسىنى ياخشى كۆرەتتى، يىل بويى ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىنكى يىگىتلەر ئارىسىدا شادىمان كەيپىيات پەيدا قىلىدىغان چاغلارغا تەشنا ئىدى. دادىسىغا ئوخشاشلا سورۇنخۇمار ۋە مېھماندوست بولۇپ چىقىدىغىنىغا ئاز قالغانىدى. بۇنداق ئاپەتلىك ئىرسىيەت ئۇچىنچى قېتىم تەتىل قىلىپ كەلگەندە تۇنجى قېتىم ئاشكارىلاندى. مېمې ھېچكىمگە ئالدىن دەپ

قويمايلا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن توت موناخنى ۋە ئاتمىش سەككىز قىز ساۋاقدىشىنى ئۆيدە بىر ھەپتە ئويناپ كېتىشكە باشلاپ كەلگەندى.

ــ ماۋۇ پېشكەلچىلىكنى دەيمەن! ــ قايغۇردى فېرناندا، ــ بۇ بالىنىڭ دادىسىغا ئوخشاشلا تەنتەكلىك قىلغىنىنى قارىمامدىغان!

قوشنىلاردىن كارىۋات ۋە سەگۈنچەك ئۆتنە ئېلىپ قىزلارنى توققۇز تۈركۈمگە بۆلۈپ نۆۋەت بىلەن تاماق تارتىشقا، مۇنچىغا چۈشۈش ۋاقتىنى بېكىتىشكە ھەمدە كۆك مۇندىر، ئەرەنچە ئۆتۈك كىيگەن بۇ قىزلارنىڭ تاماقتىن كېيىن دەم ئېلىشىلىشى ئۈچۈن قىرىق ئورۇندۇق ئۆتنە ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولماق مۇشكۈل بىر ئىش ئىدى. چۈرۈلدىشىپلا تۇرۇدىغان بۇ قىزلار ناشتىلىقىنى يەپ بولغىچە چۈشلۈك تاماق ۋاقتى، ئارقىدىنلا كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ قالاتتى. قىزلارنى بىر ھەپتە ئىچىدە بانانزارلىققا باشلاپ بېرىپ ئويناپ كېلىشكە بىرلا قېتىم ئاران يېتىشەلىدى. كەچكىچە پالاقشىپ يۈرۈپ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن موناخلارنىڭ قىزلارنى بۆيرۇق چۈشۈرۈپ ياتقۇزغۇدەك مادارى قالمايتتى، چارچاشنى بىلمەيدىغان قىزلار بولسا ھويلىدا توختىماستىن مەكتەپ ناخشىلىرىنى ئېيتىشاتتى. قىزلار بىركۈنى ئۇرسۇلانى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. چۈنكى، ئۇرسۇلا شۇ ھالى بىلەنمۇ ياردەملىشىمەن دەپ چېپىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. يەنە بىركۈنى موناخلار پولكوۋنىك ئورېلىئانونى قىزلارنىڭ كۆزىچە كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە سىيدى دەپ غەۋغا كۆتۈرۈشتى، ئامارانتامۇ پاراكەندىچىلىك پەيدا قىلغىلى تاس قالدى. ئامارانتا شۇ چاغدا شورپىغا تۇز سېلىۋاتاتتى، شۇ ئەسنادا ئاشخانىغا كىرىپ قالغان بىر موناخ قىلغۇدەك گەپ تاپالماي قېلىپ، ئاۋۇ ئاق ئۇندەك نەرسە نېمە دەپ سورىۋىدى، ئامارانتا:

ــ مەرگىمۇش، ــ دەپ جاۋاب بەردى.

كەلگەن كۈنى ھېرىپ ھالى قالمىغان قىزلار ھاجەتخانىغا كىرىپ چىقىش ئۈچۈن پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، كېچە سائەت بىرلەرگىچىمۇ تېخى ھەممىسىگە نۆۋەت تېگىپ بولمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن فېرناندا يەتمىش ئىككى گارشوك سېتىۋالدى. بىراق، كېچىدىكى قىيىنچىلىق ئەتىگەنگە ئالماشتى. چۈنكى، قىزلار قاق سەھەردىلا

گارشوك يۇيۇش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ھاجەتخانا ئالدىدا قاتار تۇرۇشۇپ كېتەتتى. قىزلارنىڭ بىرقانچىسى قىزىپ قالغان، بىرقانچىسى پاشىغا يەم بولۇپ تېرىسى ياللۇغلانغان بولسىمۇ، كۆپىنچىسى يەنىلا قىيىنچىلىقتا باش ئەگمىدى، ھەتتا ئەڭ تىنجىق ئىسسىقتىمۇ ھويلىدا سەكرىشىپ ئويناۋەردى. ئۇ مېھمانلار كېتىشكەندە گۈللۈكتىكى گۈللەر چەيلىنىپ سولىشىپ بولغان، ئۆي جابدۇقلىرى بۇزۇلۇپ بولغان، تاملاردا رەسىملەر ۋە خەتلەر پەيدا بولغانىدى. فېرناندا شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كەتكىنىگە خۇش بولۇپ ئەپۇ قىلىۋەتتى. كارىۋات ۋە ئورۇندۇقلارنى قولۇم ـ قوشنىلارغا قايتۇرۇپ بەردى، يەتمىش ئىككى گارشوكنى بولسا مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ قويدى.

ئۆتمۈشتە پۈتۈن ئائىلىنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ مەركىزى بولغان بۇ ئۆي ئەمدى گارشوكخانىغا ئايلاندى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قارىشىچە، بۇ تازا مۇۋاپىق نام ئىدى. باشقىلار مېرگادىسنىڭ ياتاق ئۆيىگە شۇنچە زامان ئۆتكەن بولسىمۇ توپا ـ چاڭ قونمىغانلىقىدىن ھەيران ئىدى، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ كۆزىگە بولسا دۆۋە ـ دۆۋە ئەخلەت كۆرۈنەتتى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو كىمنىڭ نېمىنى كۆرگىنى راست ئىكەنلىكىدىنغۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى، بىراق فېرناندانىڭ ئۇ ئۆيگە گارشوك قويىمەن دەپ پۈتۈن بىر چۈشتىن كېيىن كىرىپ ـ چىقىپ ئىشىغا كاشىلا قىلغانلىقىدىنلا نارازى بولدى.

خوس ئاركادىئو II شۇ كۈنلەردە ئۆز ئۆيىدە پەيدا بولدى. ھېچكىمگە سالام ـ سەھەتمۇ قىلماي پېشايۋاننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى زەرگەرخانىغا كىرىپ پولكوۋنىك بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇرسۇلا كۆزى كۆرەلمىسىمۇ، نازارەتچى سالاھىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۆتۈكىنىڭ تاراقشىغان ئاۋازىدىن بىلىۋالاتتى. بۇ ئەۋرىسىنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن، ھەتتا قوشكېزەك قېرىندىشى بىلەنمۇ يىراقلىشىپ كەتكەنلىكىدىن تەئەججۈپلىنەتتى. بالىلىق چاغلىرىدا قېرىندىشى بىلەن كىيىم يۆتكەپ ئوينىغانىدى، ئەمدى ئۇ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە پەقەت ئوخشاشمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. خوس ئاركادىئو II ئېگىز، ئورۇق، تەكەببۇر، سۇرلۇك، ساراسىپىلاردەك مىسكىن ئىدى، سۈرۈن چىرايىدىن مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇراتتى. چىرايى بۇئېندىيە جەمەتىدىكىلەرنى

ئەمەس، ئانىسى سانتاسوفىيە دېلا پىدادنى بەكرەك تارتقاندى. ئۇرسۇلا ئۆيمدىكىلەرنىڭ پارىڭىنى قىلغان چاغلاردا بۇ ئەۋرىسىنى دائىم ئۇنتۇپ قالاتتى ھەمدە شۇ تۇپەيلىدىن ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېتەتتى. خوس ئاركادىئو II نىڭ ئۆيگە كەلگەنلىكىنى ۋە پولكوۋنىكنىڭ زەرگەرخانىسىغا كىرىشىگە رۇخسەت قىلغانلىقىغا قاراپ، ئىختىيارسىز رەۋىشتە يەنە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قالاتتى، شۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئونىڭ بالىلىق دەۋرىدە ھەقىقەتەنمۇ قوشكېزەك قېرىندىشى بىلەن ئالمىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئورېلىئانو II ئاتىلىقىنىڭ ھازىرقى ئورېلىئانو II ئاتىلىقى ئەمەس، دەل مۇشۇ خوس ئاركادىئو II ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۇردى. خوس ئاركادىئو II نىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئاڭلىشىچە، بىر مەھەل پىيلار تېرنېرانىڭ ئۆيىدە سوقۇشچى خوراز بېقىپ يۈرگەنىكەن، بەزىدە يېنىدا قونۇپمۇ قالىدىكەن، ئادەتتە تولا كېچىلەرنى فىرانسۇز پاھىشىلەرنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزىدىكەن. خوس ئاركادىئو II تۇرمۇشىنىڭ ئىشلىرى ئۇچۇن ئۆزىنى ئۇپرىتىپ كەتمەيتتى، ھېچقانداق غايىسىمۇ يوق، ئۇرسۇلانىڭ يۇلتۇزلار سىستېمىسىدىكى بىر ئاقار يۇلتۇزدەك ئىدى.

ئەمەلىيەتتە، خوس ئاركادىئو II بۇ ئائىلىگە مەنسۇپ ئەمەس، شۇنداقلا ھېچقاچان باشقا بىر ئائىلىگە مەنسۇپ بولۇپمۇ باقمىغاندى. گەپنى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ھەربىي گازارمىغا ئادەم ئاتقانى كۆرسەتكىلى باشلاپ بارغان ھېلىقى ئەتىگەندىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىنىڭ ھەسرەتلىك ۋە سەل مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرىشى ئۆمۈر بويى ئېسىدىن چىقمايدۇ، بۇ ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئېسىدە قالغان ئەڭ بۇرۇنقى بىردىنبىر ئەستىلىكى. يوپيورۇق دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ خىلمۇخىل ئاجايىپ ۋەقەلەرنى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇچىسىغا كونىچە كەمزۇل، بېشىغا قاغىنىڭ قانىتىدەك قالپاق كىيگەن بىر بوۋاينىڭ ئوبرازىمۇ ئېسىدىن چىقمايدۇ. بىراق، خوس ئاركادىئو II بۇنىڭ قاچانقى ئىشلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەندى. ھالبۇكى، ئالدىنقىسى بولسا ئۇنىڭغا ئوخشمايتتى، ئۇ ئىش ئۆمۈرلۈك نىشانىنى بەلگىلىگەن بولۇپلا قالماستىن، گويا ئۆتكەن زامان ئۆزىنى ئۆتكەن ئىشلار بىلەن كۈنسايىن يېقىنلاشتۇرۇۋاتقاندەك ئۇ ئەستىلىكى يېشىنىڭ

چوڭقىيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ئايدىڭلىشىپ باردى. ئۇرسۇلا خوس ئاركادىئو ئارقىلىق پولكوۋنىك ئورېلىئانو بۇئېندىيەنى بەندىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇندى.

— كىنو كۆرۈپ كېلىشكە دەۋەت قىلىپ باقساڭچۇ، — دېدى خوس ئاركادىئوغا، — كىنو خۇشياقمىسىمۇ، ھېچ بولمىغاندا ھاۋا يەپ كەلسە ياخشى بولاتتى.

بىراق، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا خوس ئاركادىئونىڭ پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە قۇلاق سالمايدىغانلىقىنى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئوخشاشلا ئېرىمەس باغرى تاشلاردىن ئىكەنلىكىنى پايقىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ زەرگەرخانىدا نېمىلەرنى دېيىشىدىغانلىقىنى ئۇرسۇلالا ئەمەس، ھېچكىم بىلمەيتتى. بىراق، ئۇرسۇلا پۈتۈن ئائىلە بويىچە پەقەت مۇشۇ ئىككىسىنىڭلا قويۇق ئىچكى مۇناسىۋەت تۈپەيلىدىن چىقىشىپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنەتتى.

ئەمەلىيەتتە، خوس ئاركادىئو II ئۇرسۇلانىڭ تەلىپىگە پەرۋا قىلمىدى ئەمەس، پولكوۋنىكنى بەندىلىكتىن تارتىپ چىقىرىشقا ئامال قىلالمىغانىدى. ھېلىقى قىزلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى پولكوۋنىكنىڭ سەۋر قاچىسىنى توشقۇزۇۋەتكەنىدى. رېمەدىسنىڭ ئوماق قونچاقلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ ئۆيدە قۇرت كۆپ دېگەن باھانىدا زەرگەرخانىغا سەگۈنچەك سالدى ـ دە، ھاجەتكە چىقىشقا توغرا كەلگەندىلا ئۆيدىن چىقىدىغان بولدى. ئۇرسۇلا ئوغلىنىڭ قېشىغا كىرىپ پاراڭلىشىمەن دېمىمۇ پاراڭلىشىپ بولالمايتتى، ئوغلى بۇنداق چاغدا ئانىسى ئېلىپ كىرگەن تەخسىدىكى تاماقنى قاراپمۇ قويماي، شىرەنىڭ بىر بېشىغا سۈرۈپ قويۇپ ئىشى بىلەن بولۇۋېرەتتى، شورپىنىڭ يۈزىدە ماي قېتىپ، گۆش سوۋۇپ قالسىمۇ كارى بولمايتتى. پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ئۇنىڭ قايتا ئۇرۇش قوزغاشقا ھەمدەم بولۇش تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن تېخىمۇ باغرى تاش بولۇپ كېتىپ، زەرگەرخانىغا بېكىنىۋېلىپ چىقماسلا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتتى. 11 ـ نويابىر كۈنى سىرتقا چىقىپ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سېرك ئۆمىكىنى كۆرگەنگە قەدەر، ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ باققىنىنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. بۇ كۈن

پولكوۋنىك ئورلېئانو ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى باشقا كۈنلەردىن زادىلا پەرقلەنمەيتتى. بۇ كۈنى ئۇ سەھەر سائەت بەشتىلا ھويلىدىكى پاقا ۋە قارا چېكەتكىلەرنىڭ كۈركىراش ـ چىرىلداشلىرىدىن ئويغىنىپ كەتتى، شەنبە كۈنى يېغىشقا باشلىغان سىم ـ سىم يامغۇر تېخىچە توختىمىغانىدى. پولكوۋنىك يامغۇرنىڭ ياغقىنىنى باغدىكى شاخ ـ يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلاشلىرىدىن بىلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئۈستىخانلىرىنىڭ مۇزلىشىدىنلا بىلىۋالاتتى. پولكوۋنىك ئورلېئانو ئادىتى بويىچە يۇڭ ئەدىيالىنى يېپىنىپ، قوپال ماتا ئىشتىنىنى كىيىۋالدى. راھەت دەپ كىيىۋالىدىغان بۇ ئىشتىنىنى «گودوچە ئىشتان» دەپ ئاتايتتى. ماتا ئىشتىنىنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر ئىشتاننى قاپلاپ كىيدى، لېكىن كەمىرىنى باغلىمىدى، ھېلى يۇيۇنىمەن دەپ كىر كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىدىكى سېرىق تۈگمىلىرىنىمۇ ئادەتتىكىدەك چىڭ ئەتمىدى. ئاندىن ئەدىيالنى بۆك ئورنىدا بېشىغا ئورىدى ـ دە، ساڭگىلاپ قالغان بۇرۇتىنى بارماقلىرى بىلەنلا تۈزەشتۈرۈپ قويۇپ ھويلىغا سىيگىلى چىقتى. كۈننىڭ چىقىشىغا تېخى خېلى بار ئىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە يامغۇردا چىرىپ كەتكەن كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە مۈگدەپ ئولتۇراتتى، پولكوۋنىك دادىسىنى باشقا چاغلاردىكىدەكلا كۆرمىدى، ئەرۋاھنىڭ ئىسسىق سۈيدۈكىنىڭ ئۆتۈكىگە چاچرىشى بىلەن چۆچۈپ ئويغىنىپ ئېيتقان چۈشىنىكسىز گەپلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. زەگەرخانىسىغا قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا سانتاسوفىيە دېلا پېداد ئوچاققا ياققان ئوتنىڭ پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلدى ـ دە، بىر ئىستاكان قەنتسىز قەھۋەسىنى ئېلىپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرىپ قەھۋە چۆگۈنىنىڭ قاينىشىنى كۈتۈپ تۇردى. سانتاسوفىيە دېلا پېداد ھەر كۈنىدىكىدەكلا بۈگۈن كۈنگە نېمە دەپ سورىۋىدى، پولكوۋنىك ئورلېئانو بۈگۈن سەيشەنبە، 11 ـ نويابىر دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن ئوچاقتىكى ئوتنىڭ يورۇقىدا يۈزلىرى ئالتۇن رەڭگە كىرگەن، ئۆتمۈشتە بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ھېچقاچان مەۋجۇت ئەمەستەكلا بىلىنىدىغان كۆز ئالدىدىكى بۇ ئېغىر ـ بېسىق ئايالنىڭ چىرايىغا قاراپ، شىددەتلىك ئۇرۇش مەزگىلىدىكى يەنە بىر 11 ـ نويابىر كۈننى ئېسىگە ئالدى ـ دە، ئۆزى بىلەن يېتىپ باققان بىر ئايالنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ

چۆچۈپ ئەس ـ ھوشىنى تاپتى. ئۇ ئايال راستىنلا ئۆلۈپ كەتكەنىدى، ئۇ كۈنى ھېلىمۇ پولكوۋنىكنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇ ئايال ئۆلۈشتىن بىر سائەت ئىلگىرى شۇ كۈننىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى سورىغانىدى. ئۇ ئىشنى ئېسىگە ئالالىغىنى بىلەن ئالدىن سېزىش ئىقتىدارىنىڭ بۇرۇنلا ئۆزىنى تاشلاپ كەتكەنلىكىنى شۇ كەمدىمۇ ھېس قىلىپ يەتمىگەنىدى. قەھۋە پورۇقلاپ قاينىماقتا ئىدى، پولكوۋنىك ھېچقاچان ئېتىنى بىلمەيدىغان، قاراڭغۇ كېچىلەرنىڭ بىرىدە سىيپاشتۇرۇپ يۈرۈپ سەگۈنچىكىگە چىققان بولغاچقا چىرايىنىمۇ ھايات ۋاقتىدا ئەمەس، ئۆلگەندىن كېيىنلا كۆرگەن ئۇ ئايالنى سېغىنغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، قىزىقسىنىپلا ئەسلەۋاتاتتى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ ھاياتىدا مۇشۇنداق پەيدا بولغان ئاياللار بەك كۆپ بولغاچقا، تۇنجى قېتىم سەۋدايىلارچە چىرمىشىش داۋامىدا ئۆزىنىڭ كۆز يېشىغا غەرق بولغىلى تاس قالغان ھەمدە ئۆلۈشتىن بىر سائەت ئىلگىرى ساڭا ئۆلگۈچە كۆيىمەن دەپ قەسەم قىلغان قىزنىڭ شۇ ئىكەنلىكى ياكى باشقىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قەھۋەسىنى كۆتۈرگىنىچە زەرگەرخانىغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۇ قىزنىمۇ، باشقىسىنىمۇ ئويلاپ ئولتۇرماي چىراغنى يېقىپ، قەلەي قۇتىدىكى ئالتۇن بېلىجانلىرىنى ساناپ كۆرۈۋېدى، ئون يەتتە ئالتۇن بېلىجان بار ئىكەن. ساتماسلىق نىيىتىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كۈنىگە ئىككى دانىدىن ياسايتتى، يىگىرمە بەش دانىغا توشقاندا چاناققا تاشلاپ ئېرىتىپ قايتا ياساشقا باشلايتتى. بۈگۈنمۇ ھېچنېمىنى ئويلىماي پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشلەۋەردى، سائەت ئون بولغاندا يامغۇرنىڭ تېخىمۇ بەك كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمىدى. بىرسى زەرگەرخانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئىشىكنى يېپىۋالمىساڭ يامغۇر سۈيى بېسىپ كېتىدۇ دەپ ۋارقىرىدى. بىراق، پولكوۋنىك ئۆزىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. چۈشلۈك تاماق كۆتۈرۈپ كىرگەن ئۇرسۇلا چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

— نېمىدېگەن قاتتىق يامغۇر بۇ! — دېدى ئۇرسۇلا.

— ئۆكتەبىر ئەمەسمۇ، — دەپ قويدى ئوغلى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا شۇ كۈنى ياساۋاتقان بىرىنچى

ئالتۇن بېلىجاندىن كۆزىنىمۇ ئۈزمىدى. ئۇ بېلىجانغا قىزىل مارجاندىن كۆز سېلىنغاتتى. ئالتۇن بېلىجاننى پۈتكۈزۈپ قۇتىغا سېلىپ بولغاندىن كېيىن شورپىسىنى ئىچىشكە باشلىدى. پىياز سېلىپ پىشۇرۇلغان گۆشتىن بىر پارچە، ئازراق گۈرۈچ ئاش ۋە ياغدا پىشۇرۇلغان بىرنەچچە تال بانان يېدى. مەيلى ئەڭ ياخشى ياكى ئەڭ يامان ئەھۋالدا بولسۇن، ئىشتىھاسى بىر خىللا ئىدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئازراق ئارام ئالماقچى بولدى. تاماق ھەزىم بولىدىغان ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتمىگۈچە مەلۇم ئىلمىي ئاساسقا ئىگە خۇراپاتلىق تۈپەيلىدىن ئىشنى ھەرگىز قولىغا ئالمايتتى، كىتاب ئوقۇمايتتى، يۇيۇنمايتتى ھەم كۆڭۈل خۇشىمۇ قىلمايتتى. بۇ خۇراپىي ئەقىدە ۋۇجۇدىدا شۇ قەدەر چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇرۇش مەزگىللىرىدە ئەسكەرلىرىنى ياخشى ھەزىم قىلالماي قالمىسۇن دەپ بىرنەچچە قېتىملىق ھەربىي ھەرىكەتنىمۇ كېچىكتۈرگەنىدى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانو سەگۈنچىكىدە يېتىپ قەلەمتىراش بىلەن قولىقىنى كوچىلاۋېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە تاملىرى ئاپئاق ئاقارتىلغان قۇپقۇرۇق بىر ئۆيگە كىرىپ قالغۇدەك. بۇ ئۆيگە كىرگەن بىرىنچى ئادەم بولغاچقا، سۇر بېسىپ تەنلىرى توخۇ ئەت بولۇپ كېتىپتۇمىش. شۇ چۈشىدە يەنە بۇ چۈشنى يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم كۆرگەنلىكى يادىغا كەپتۇمىش. ئويغىنىپ كەتسەملا ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىمەن دەيمىش. دەرۋەقە، ساتىراش كېلىپ زەرگەرخانىنىڭ ئىشىكىنى چەككەندە ئويغىنىپ كېتىپ، پەقەت بىرنەچچە مىنۇتلا مۈگدىۋالغاندەك، تېخى چۈش كۆرگىدەكمۇ بولمىغاندەك بىلىندى.

— بۈگۈن چاچ ئالدۇرمىساممۇ بولار، — دېدى ساتىراشقا، — جۈمە كۈنى كۆرۈشەيلى.

پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۈچ كۈندىن بېرى ئېلىنمىغاچقا ئاق ئارىلاپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ ئالدۇرغۇسى كەلمىدى، بەربىر جۈمە كۈنى چاچ ياسىتىمەن، شۇ چاغدا بىراقلا ئىككىلا ئىشنى پۈتتۈرىمەن دەپ ئويلىدى. بايىقى كاساپەت ئۇيقۇدىن كېيىن يېپىشقاق تەرنىڭ دەستىدىن قولتۇقىدىكى كونا جاراھەتمۇ چىم - چىم ئاغرىشقا باشلىدى. يامغۇر توختىغان بولسىمۇ، كۈن تېخى چىقمىغانىدى.

خۇددى تېنى ئەدىيالنى يېپىنىۋال دەپ بۇيرۇق قىلغاندەك ھېچ تۇتۇپ ئاغزىغا زەرداپ يىغىلدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئادەتتە ھاجەتتە ئۇزاق ئولتۇرمايتتى، بۇ قېتىم زۆرۈرىيەتسىزلا ئولتۇرۇۋەردى، ئايىغى ئاستىدىن ئېچىمال سېسىق پۇراق دىمىقىغا ئۇرۇلۇپ، ئەمدى ئىشىغا بېرىشقا ئالدىراتتى. بايا ھاجەتكە ئولتۇرۇۋاتقاندا بۈگۈن كۈنگە سەيشەنبە ئىكەنلىكىنى، بانان شىركىتى سەيشەنبە كۈنى مائاش تارقىتىدىغان بولغاچقا خوس ئاركادىئو II نىڭ زەرگەرخانىغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىدى. يېقىندىن بۇيان دائىم ئۆتكەن ئىشلارنى تولا ئەسلەيدىغان بولۇپ قالغانىدى، ھازىرمۇ ئىختىيارسىزلا ئۇرۇشنى ئەسلەپ قالدى. ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، پولكوۋنىك گېرىنىلېردو ماركوس ئۇنىڭغا ئاق قاشقىلىق تۇلپاردىن بىرنى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلغان، شۇنىڭدىن كېيىن قايتا تىلغا ئالمىغانىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئەمدى باشقا بىرمۇنچە ئىشلارنى ئېسىگە ئالدى، ئەمما ئۇ ئىشلارنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا باھا بەرگۈسى كەلمىدى. ئەستىلىكلەرنى خىيالىدىن نېرى قىلالمىغاچقا، ئېسىدىن ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئەستىلىكلەرنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلىشىغا يول قويماسلىق ئۈچۈن ئۆتكەن ئىشلارنى سوغۇققانلىق بىلەن ئەسلەشنى ئۆگىنىۋالغانىدى. زەرگەرخانىغا كېتىۋاتقىنىدا ھاۋانىڭ ئەمدى خېلى ئىللىپ قالغانلىقىنى، يۇيۇنۇشنىڭ ياخشى پەيتى ئىكەنلىكىنى بايقاپ يۇيۇنۇۋالماقچى بولدى، بىراق ئامارانتا چاققان چىقىپ مۇنچىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بۈگۈنكى پىلاندىكى ئالتۇن بېلىجاننىڭ ئىككىنچىسىنى ياساشقا تۇتۇندى. ئالتۇن بېلىجاننىڭ قۇيرۇقىنى ئورنىتىپ بولغاندا قۇياش بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىپ، كۈچلۈك نۇرى پۈتۈن ئەتراپنى قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇدا ئۈچ كۈن ياغقان يامغۇردا يۇيۇلغان ھاۋانى كومۇتا بىر ئالغانىدى. بۇ چاغدا پولكوۋنىكنىڭ كىچىك تەرىتى قىستىدى - يۇ ئالتۇن بېلىجاننى ياساپ بولۇپ چىقىمەن دەپ ئارقىغا سۈردى. چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىن ئون مىنۇت ئۆتكەندە ھويلىغا چىقتى، شۇ ئەسنادا يىراقتىن كېلىۋاتقان كاناي - سۇناي، داقا - دۇمباق ئاۋازى، باللارنىڭ تەنتەنىلىك چۇرقىراشلىرى ئاڭلاندى، بۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئۆتمۈشنى ئەسلەپ، سىگانلار كەلگەندە دادىسى مۇز

كۆرسەتكىلى ئېلىپ بارغان ھېلىقى ئاجايىپ چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتقا قايتقاندەك بولۇپ قالدى. سانتاسوفىيە دېلا پېدادمۇ ئاشخانىدىكى ئىشىنى تاشلاپ تالاغا چاپتى.

— سېركىچىلەر كەپتۇ! — ۋارقىرىۋەتتى سانتاسوفىيە دېلا پېداد.

پولكوۋنىك ئورېلىئانومۇ كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە بارماي ئۇدۇل تالاغا چىقتى ـ دە، تاماشىچىلار توپىغا قوشۇلۇپ، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سېركىچىلەرنىڭ تاماشاسىنى كۆردى، گوللاد قىزىدەك ياساندۇرۇلغان ئېيىقنىڭ چۆمۈچ بىلەن قازاننى مۇزىكا رىتىمىغا چۈشۈرۈپ تاراڭلىتىشلىرىنى تاماشا قىلدى، سېركىچىلەر سېپىنىڭ قۇيرۇقىدا موللاق ئېتىپ كېتىۋاتقان ھەزىلكەشلەرنىڭ سېرىك ئويۇنلىرىنى كۆردى. سېركىچىلەر ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كوچا قۇرۇقدىنىپ، ھاۋانى بىر ئالغان كۆمۈتىلار بىلەن ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشقان بىرنەچچە تاماشىبىندىن باشقا ھېچنەرسە قالمىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ غېرىبانە دۇنياسىغا قايتىپ، ئۇ سېركىچىلەرنى ئويلىغاچ كاشتان دەرىخى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سىيىۋاتقان چاغدا ھېلىقى سېركىچىلەرنى ئويلىماقچى بولدى ـ يۇ ھېچنەرسىنى ئېسىگە ئالالمىدى. گويا سوغۇقتا قالغان چۈجىدەك دۈگدەيگىنىچە دەرەخكە ئۇستى ـ دە، شۇ پېتى قېتىپ قالدى. سانتاسوفىيە دېلا پېداد ئەتىسى ئەتىگەن سائەت ئون بىردە ئارقا ھويلىغا ئەخلەت تۆككىلى چىقىپ، بىرنەچچە تازقارانىڭ كاشتان دەرىخىگە قاراپ ئۇچۇپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۆيدىكىلەر شۇنىڭغىچە ھېچنېمىنى تۇيمىغانىدى.

# ئون تۆتىنچى باب

مېمېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يازلىق تەتىلى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆلۈمىگە توغرا كەلدى. دەرۋازا ھەم ئېتىلگەن، ھەرقانداق يىغلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. ھەممەيلەن بوش ئاۋازدا شىۋىرلىشاتتى، تاماقنى ئۈن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ يېيىشەتتى، كۈنىگە ئۈچ ۋاق ئىبادەت قىلىشاتتى، ھەتتا چۈشتىكى تىنجىق ئىسسىقتا چېلىنىدىغان پىيانىنو ئاۋازىمۇ ماتەم مۇزىكىسىدەك ئاڭلىناتتى. فېرناندا پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا ئۆچ بولسىمۇ، قاتتىق قارىلىق قائىدىسىنى ئۆزى بەلگىلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ھۆكۈمەتنىڭ بۇ مەرھۇم دۈشمىنىگە شۇنچە داغدۇغا بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈپ كەتكىنىدىن قاتتىق ھەيران بولدى. ئورېلىئانو II مۇ قىزى تەتىلگە كەلگەچكە ئادىتى بويىچە ئۆيدە يېتىپ ـ قوپتى، فېرناندامۇ مەلۇم تىرىشچانلىقلىرى بىلەن خوتۇنلۇق ھوقۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، بۇنىڭ بىلەن مېمې ياندۇرقى يىلى كەلگەندە بىر سىڭىللىق بولۇپ قالدى، ئۆيدىكىلەر يېڭى تۇغۇلغان بۇ قىزغا ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا باقماي ئامارانتا ئۇرسۇلا دەپ ئىسىم قويدى.

مېمې ئوقۇشىنى تاماملىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەنلىكىنى تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن، شۇنداقلا قارىلىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان مۇراسىمدا 17 ـ ئەسىردىكى خەلق مۇزىكىسىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇنداپ، ئىسىم ـ جىسمىغا لايىق قەدىمىي پىيانىنو ئۇستىسى دېگەن شاھادەتنامىنىڭ ساھىبى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. مېمېنىڭ پىيانىنو ماھارىتىدىن باشقا، ئىككى ياقلىما مىجەزى مېھمانلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. تەنتەكلىكى، ھەتتا گۆدەكلەرچە مىجەزى قاتتىقراق تەلەپ قويۇلىدىغان ھەرقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا باب كەلمەيتتى. بىراق، پىيانىنونىڭ ئالدىدا ئولتۇردىمۇ، بولدى، شۇ ئان باشقىچە بىر

قىزغا ئايلىناتتى ـ دە، كىشىگە شۇ ئېغىر ـ بېسىقلىقى بىلەن بېشىدىن كۆپ ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتكەن ئادەمدەك تەسىر بېرەتتى. ئەمەلىيەتتە، مېمې ھېچقانداق ئالاھىدە تالانتقا ئىگە ئەمەس ئىدى، لېكىن ئانىسىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈنلا ئەستايىدىل مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئەلا نەتىجىگە ئېرىشكەنىدى. ئەگەر باشتا باشقا ماھارەت ئۆگىنىشكە مەجبۇرلانغان بولسىمۇ، نەتىجىسى بەرىبىر ھازىرقى بىلەن ئوخشاش بولغان بولاتتى. مېمې كىچىكىدىن تارتىپلا فېرناندانىڭ قاتتىق تەلەپچانلىقىنى ھەمدە باشقىلارنىڭ ئىشىغا چات كىرىۋالىدىغان ئادىتىنى ياقتۇرمايتتى. لېكىن، جاھىل ئانىسى بىلەن تىركىشىپ قالمايدىغانلا ئىش بولسا، تېخىمۇ زور قۇربانلارنى بېرىشكىمۇ تەييار ئىدى. بۇ قىز مەكتەپ پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا كۆركەم گوت نۇسخىسىدىكى چوڭ ھەرپ بىلەن بېسىلغان دىپلومغا قاراپ، ئەمدىغۇ زىممەمدىكى مەجبۇرىيەتتىن قۇتۇلغاندىمەن دەپ ئويلىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ مەجبۇرىيەتنى زىممىسىگە ئالغاندا ئىتائەتمەن بولۇشنى كۆزلىگەن دېگەندىن كۆرە، كۆڭلىنىڭ ئارامىنى كۆزلىگەن دېگەن تۈزۈكرەك ئىدى. فېرناندادەك ھەرقانچە جاھىل بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بۇنداق قەدىمىي پىيانىنو ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەنىدى. چۈنكى، موناخلارمۇ بۇنداق پىيانىنونى مۇزېيدىكى ئاسارئەتىقە دەپ قارايتتى. دەسلەپكى يىللاردا ئويۇم خاتا ئىكەن دەپ قالدى. چۈنكى، ماكوندودىكى نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ مېھمانخانىلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئېلىپ چىققان ھەمدە ماكوندودا ئۆتكۈزۈلگەن خەير ـ ساخاۋەت كېچىلىكلىرىدە، مەكتەپ كۆرەكلىرىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك خاتىرە پائالىيەتلىرىدە كارامىتىنى كۆرسىتىپ كىشىلەرنىڭ ئۈيقۇسىنى كەلتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، فېرناندا قىزىمنىڭ تالانتىدىن ھۇزۇر ئالالايدۇ دەپ قارىغانلىكى كىشىلەرنى ئۆيگە باشلاپ كېلىۋەردى. ئامارانتا ئۆلۈپ كېتىپ پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر يەنە دەرۋازىنى تاقاپ قارىلىق تۇتقان چاغدىلا، مېمې پىيانىنونى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچىنى ئىشكاپقا تىقىپ قويدى، فېرناندامۇ ئاچقۇچنىڭ قاچان، كىمنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن يۈتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئېرىنىپ ئىزدىمەيلا قويدى. مېمېنىڭ تەرەپ ـ تەرەپتە پىيانىنو چېلىپ بەرگەن چېغىدىكى

چىدامچانلىقى پىيانىنو ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىدىكىدىن قىلىشمايتتى، بۇنى ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىمنىڭ بەدىلى دېيىشكە بولاتتى. فېرناندا قىزىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىدىن بەكمۇ مەمنۇن ئىدى، ماھارىتىگە ئوقۇلغان مەدھىيىلەردىن ئاجايىپ پەخىرلىنىپ كېتەتتى، شۇڭا مېمىنىڭ دوستلىرىنى ئۆيگە باشلاپ كېلىشىگە ئەزەلدىن قارشى چىقمايتتى، بانانزارلىققا بېرىپ ئويناپ كېلىشىگىمۇ يول قوياتتى. پوپ ئانتونىئو ئىسابېل ئىبادەت ۋاقتىدا ئىجازەت بەرگەنلىكى كىنو بولسا، ئورېلىئانو II گە ياكى ئىشەنچىلىك ئاياللارغا قوشۇپ ئەۋەتەتتى. مېمې ئەنە شۇنداق كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىزىقىشىنى ئاشكارىلايتتى. مېمې قىزىق ئولتۇرۇشلارنى، مۇھەببەتكە پال ئاچقۇزۇشنى، دوستلىرى بىلەن ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ تاماكا چېكىشنى ئۆگىنىشنى ۋە ئوغۇللار ھەققىدە پاراڭلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى. بىر قېتىم ئۇلار ھەتتا ئۈچ بوتۇلكا روم ھارىقىنى ئىچىپ بولۇپ، كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ بىر - بىرىنىڭ بەدىنىنى ئۆلچەشتى ۋە سېلىشتۇرۇپ چىقىشتى. شۇنداق بىر ئاخشام مېمىنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن چىقمايدۇ: مېمې شۇ ئاخشىمى بىر تال چۈچۈكبۇيا يىلتىزىنى شورىغىنىچە كىرىپ شىرەگە ئولتۇرغانىدى، بىر - بىرى بىلەن كارى بولماي كەچلىك تاماقنى يەپ ئولتۇرغان فېرناندامۇ، ئامارانتامۇ مېمىنىڭ بۇنداق باشقىچە ھالىتىنى سەزمىدى. مېمې تېخى ھېلىراقتىلا بىر دوستىنىڭ ھۇجرىسىدا ھېلى كۈلۈپ، ھېلى قورقۇپ يىغلاپ ئىككى سائەت ساراڭلىق قىلغانىدى. بۇ خەۋپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ۋۇجۇدىدا ئۇشتۇمتۇت ئالاھىدە بىر خىل شىجائەت پەيدا بولدى - دە، موناستىر مەدرىسىدىن ئايرىلماقچى، ئانىسىغا پىيانىنونى چالغاندىن كولباسا ئەسۋابى قىلغان تۇزۇك دەپ توغرىدىن - توغرىلا ئېيتماقچى بولدى. شىرەنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپلا توخۇ شورپىسى ئىچتى، بۇ شورپا ئۇنىڭغا ئۆلۈكنىمۇ تىرىلدۈرۈۋېتىدىغان ئېسىل دورىدەك تېتىپ كەتتى. فېرناندا بىلەن ئامارانتانىڭ پۈتۈن ئەزايىنى رېئاللىقتىن ھالقىغان كۈلكىلىك نۇر گەردىشى ئوروۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ياسالمىلىقىنى، روھىي نامراتلىقىنى ۋە مەنمەنچىلىكىنى سۆكۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. مېمې دادىسىنىڭ پەقەت يۈز - ئابرۇيىنى ساقلاش ئۈچۈنلا

ئۆيدە يېتىپ ـ قوپۇۋاتقانلىقىنى ئىككىنچى قېتىم تەتىل قىلىپ كەلگەن ۋاقتىدىلا بىلىپ بولغانىدى. فېرناندانى بۇرۇندىنلا بەش قولدەك ئېنىق بىلەتتى، كېيىنرەك بىر ئامال قىلىپ پېترا كېتىس بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئۇنچىلىك يولسىزمۇ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان، ھەتتا ئۇ ئايالنى ئانام بولۇپ قالغان بولسىچۇ دەپ ئارمانمۇ قىلغانىدى. مېمې شۇ تۇرقىدا، ئەگەر ئويلىغانلىرىمنى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئېيتىدىغان بولسام قانداق تاماشا چىقىپ كېتەر دەپ ئويلاپمۇ قالدى. مېمې ئاشۇ شوخ خىياللىرىدىن خۇش بولۇپ قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقاندا، فېرناندا ئازراق سېزىپ قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟

— ھېچنېمە، — جاۋاب بەردى مېمې، — ئەمدى بىلىۋاتىمەن، ئىككىڭلارنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىكەنمەن.

ئامارانتا بۇ گەپتىن ئېنىق بىر ئۆچمەنلىكنى سېزىپ چۆچۈپ كەتتى، فېرناندا بولسا بەك تەسىرلىنىپ كەتتى. مېمې يېرىم كېچىدە بېشى يېرىلغۇدەك ئاغرىپ ئويغىنىپ كەتتى، بىرمۇنچە زەرداپمۇ قۇسۇۋەتتى، فېرناندا بۇ ھالدىن قورقۇپ ئېلىشىپ قالغىلى تاس قالدى، تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرۈپ مېمېغا بىر قۇتا ئابدىمىلىك مېيى ئىچكۈزدى، قورسىقىغا قۇندۇز مېيى سۈردى، پېشانىسىگە مۇز باستى. ماكوندوغا يېڭى كەلگەن غەلىتە دوختۇرنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇدا بەش كۈن يېمەك ـ ئىچمىكىگە چەك قويدى ۋە سىرتقا چىقارمىدى. ئۇ دوختۇر شۇ چاغدا مېمېنى ئىككى سائەتتىن ئوشۇق تەكشۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاياللىق ھورمۇنلىرى قالايمىقانلىشىپ كېتىپتۇ دېگەن مۇجمەللا بىر دىئاگنوزنى قويدى. شۇ كۈندىن باشلاپ مېمېنىڭ روھى چۈشۈپلا كەتتى، ھەممىگە چىدىماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ھەقىقىي سەۋەبنى تامامەن ئەما بولۇپ قالغان بولسىمۇ باشقا جەھەتلەردىكى سەزگۈسىنى يوقاتمىغان ئۇرسۇلا پەرەز قىلىپ يەتكەنىدى.

— قارىسام، — دېدى ئۆزىگە، — مەستتىن ھېچ پەرقى يوق تۇرىدۇ.

بىراق، يەنە شۇ ئان بۇ ئويىنى ئۆزى ئىنكار قىلدى، ھەتتا بۇ تەنتەكلىكى ئۈچۈن

ئۆزىنى ئەيىبلىدى. مېمېنىڭ چۈشكۈن ھالىدىن ئىچى سىرىلىپ كەتكەن ئورېلىئانو II بۇنىڭدىن كېيىن قىزىمغا چوقۇم كۆپرەك كۆڭۈل بۆلىمەن دەپ ئۆز - ئۆزىگە ۋەدە بېرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا كۆڭۈللۈك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى بارلىققا كەلدى، بۇنداق مۇناسىۋەت ئورېلىئانو II نى ئەيش - ئىشرەت ئىچىدىكى غېرىبلىقتىن، مېمېنى فېرناندانىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇردى، شۇنداقلا ساقلانغىلى بولمايدىغاندەك كۆرۈنگەن ئائىلە توقۇنۇشىمۇ پەيدا بولمىدى. ئورېلىئانو II بارلىق پائالىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ قىزىغا ھەمراھ بولدى، قىزىنى كىنولارغا ياكى سېرك ئويۇنلىرىغا ئاپاردى، ۋاقتىنىڭ كۆپىنچىسىنى قىزىغا سەرپ قىلدى. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ھەددىدىن ئارتۇق سېمىزلىك تۈپەيلى ئاياغ بوغقۇچىنىمۇ چىگەلمىگۈدەك بولۇپ كەتكەن، يەنە كېلىپ شەھۋەت - ھەۋەسلەرگە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ، خۇي - پەيلىمۇ يامانلىشىپ كەتكەنىدى. ئەمدى قىزىنىڭ باھانىسىدا خۇشخۇي ھالىتىگە قايتتى، قىزى بىلەن بىللە بولۇشتىن ئېرىشكەن شادلىقنىڭ خاسىيىتى بىلەن بارا - بارا كەيىپ - ساپانى تاشلىدى. ھازىر مېمېنىڭ تازا گۈلدەك ۋاقتى ئىدى، ئامارانتادەك چىرايلىق بولمىسىمۇ، مېھرى ئىسسىق، قىلىقى تاتلىق بولغاچقا، بىر كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئامراق بولۇپ قالاتتى. مودا خاراكتېرى فېرناندانىڭ مەنىسىز قورۇمچىلىقى، يوشۇرۇپ بولالمايدىغان قىتىغۇرلىقى بىلەن پەقەتلا سىغىشالمايتتى، ئورېلىئانو II بولسا قىزىنىڭ بۇ تەرىپىنى ياقتۇراتتى ۋە چاپان ياپاتتى. مېمې دادىسىنىڭ ئارا تۇرۇشى بىلەن كىچىكىدىن تارتىپ يېتىپ - قوپۇپ كېلىۋاتقان ھۇجرىسىدىن كۆچۈپ چىقىپ، بۇ ھۇجرىدىكى بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپلا ئۆزىنى ۋەھىمىگە سېلىپ كېلىۋاتقان ئەۋلىيا ھەيكىلىنىڭ سۈرلۈك كۆزىدىن قۇتۇلدى. ئورېلىئانو II قىزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە ھەشەمەتلىك كارىۋات ۋە چوڭ پەرداز ئۈستىلى قويغۇزدى، دېرىزىلىرىگە دۇخاۋا پەردە تارتقۇزدى. بىراق، پېترا كېتىسىنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ تۇيمايلا قالدى. ئورېلىئانو II قىزىغا ئىنتايىن سېخىيلىق قىلاتتى، ھەتتا مېمېغا قانچە پۇل بەرگەنلىكىنىمۇ بىلمەيتتى، مېمېمۇ پۇلنى دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن خالىغانچە ئېلىۋېرەتتى. ئورېلىئانو II قىزىغا

شىركىتىنىڭ دۇكىنىدا بارلىكى پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ بەردى، شۇنىڭ بىلەن مېمىنىڭ ئۆيىگە تىرناق تېشى، چاچ بۇدۇر قىلىدىغان قىسقۇچ، ھەرخىل چىش پاستىسى، كۆزنى روشەنلەشتۈرىدىغان كۆز سۇيى تىزىلىپ كەتتى، بۇنىڭدىن باشقا خىلمۇخىل يېڭى پەرداز بۇيۇملىرى ۋە پەرداز ئۇسكۇنىلىرىمۇ تەل ئىدى. فېرناندا بۇ ئۆيگە كىرسىلا چۆچۈپ كېتەتتى. چۈنكى، قىزىنىڭ پەرداز ئۇستىلىنى فىرانسۇز پاھىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىگە ئوخشىتاتتى. فېرناندا شۇ كەمدە ئاغرىقچان ۋە جېدەلخور ئامارانتا ئۇرسۇلادىن خەۋەر ئېلىش بىلەن ئالدىراش بولغاچقا قىزىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە چولىسى تەگمەيتتى، تېخى يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان سىرلىق دوختۇر بىلەنمۇ كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان تەسىرلىك خەت يېزىشىپ تۇرۇشمىسىمۇ بولمايتتى. فېرناندا دادىسى بىلەن قىزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇنچە يېقىنچىلىقنى بايقىغاندىن كېيىن، ئورېلىئانو II دىن مېمىنى مەڭگۈ پېترا كېتىسنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارماسلىق توغرىسىدا ۋەدە ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ۋاھالەنكى، بۇ ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ زادىلا ھاجىتى يوق ئىدى. بىراق، پېترا كېتىس ئاشنىسى ۋە ئاشنىسىنىڭ قىزى بىلەن بولغان ئارىغا قىل سىغمايدىغان يېقىن دوستلۇقىغا ھەسەت قىلاتتى ھەمدە ئانا ـ بالا ئارىسىدا چاتاق چىقىپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر ۋەھىمە پېترا كېتىسنى قىينايتتى. تۇيغۇسى شۇنى ئېيتىپ تۇراتتىكى، مېمې خالىسىلا فېرناندانىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش قىزىنىڭ قولىدىن كېلەتتى، يەنى ئۆزىچە تاكى ئۆلگۈچە ئۆزگەرمەيدۇ دەپ ئويلايدىغان ئورېلىئانو II نىڭ مېھرىنى ئۆزىدىن تارتىۋالىدىغان بولدى دەپ ئەنسىرەيتتى. ئورېلىئانو II بىرىنچى قېتىم ئاشنىسىنىڭ سوغۇق نەزىرىگە ۋە تەنىسىگە ئۇچرىدى. چۈنكى، پېترا كېتىس ئىختىيارسىز رەۋىشتە ئاشنىسىنىڭ ئۇ ئۆيدىن بۇ ئۆيگە كۆتۈرۈپ كېلىپ ـ كۆتۈرۈپ كېتىپ تۇرىدىغان سەييارە كىيىم ساندۇقىنى خوتۇنىنىڭ قېشىغا كەتتىمۇ ـ نېمە، دەپ ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. بىراق، ئىش ئۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتمىگەنىدى. ھېچكىم بىر ئەرنى پېترا كېتىس ئاشنىسىنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيتتى. پېترا كېتىس ئۇ ساندۇقنىڭ جايىدىن مىدىرلىمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئورېلىئانو II ھەرقانداق

ئۆزگىرىش بىلەن تۇرمۇشنى مۇرەككەپلەشتۇرۇۋېتىشنى خالىمايتتى. شۇڭا ساندۇق ئۆز جايىدا تۇرىۋەردى، پېترا كېتىس بولسا ئايالالاردىلا بولىدىغان بىردىنبىر ۋاستىسى بىلەن سۆيگىنىنى قايتۇرۇۋالدى، بۇنداق قىلىپ كېتىشىمۇ ئوخشاشلا ئارتۇقچە ئىش ئىدى. چۈنكى، مېمې دادىسىنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا پەقەت ئارىلاشمايتتى، پېترا كېتىسنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك قىلىشنى خالىغان تەقدىردىمۇ دادىسىنىڭ ئاشنىسى تەرەپتە تۇراتتى. مېمىنىڭ باشقىلارغا پۇتلىشىدىغان ۋاقتىمۇ يوق ئىدى. ھەر كۈنى موناخلاردىن ئۆگەنگىنى بويىچە ياتاق ئۆيى ۋە ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى ئۆزى يىغىشتۇراتتى، پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كەشتە تىكەتتى ياكى ئامارانتانىڭ قول ماشىنىسىدا كىيىم تىكەتتى. باشقىلار تامىقىنى يەپ بولۇپ چۈشلۈك ئۇيقۇغا كەتكەندە، مېمې ئىككى سائەت پىيانىنو مەشىق قىلاتتى، ھەر كۈنى چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى قۇربان قىلىپ مۇشۇنداق پىيانىنو مەشىق قىلسا فېرناندانىڭ كۆڭلى تىنىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئوخشاشلا سەۋەب بىلەن چېركاۋدىكى خەير ـ ساخاۋەت يەرمەنكىلىرىدە، مەكتەپتىكى يىغىلىشلاردا پىيانىنو چېلىپ تۇراتتى. ئاخشاملىرى گىرىم قىلىپ بولۇپ ئادەتتىكى كىيىملىرىنى ۋە ئۇزۇن قونجىلىق ئۆتۈكىنى كىيىپ دادىسى بىلەن چىقىپ كېتەتتى ياكى دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەچلىك تاماققىچە ئولتۇرۇپ كېلەتتى. ئورېلىئانو II كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۇنى كىنوغا ئېلىپ باراتتى.

مېمىنىڭ قىز دوستلىرى ئارىسىدا ئامېرىكىلىق ئۈچ قىز بار ئىدى، بىرىنىڭ ئىسمى پاترىشا بىرووۋن ئىدى. پاترىشانىڭ دادىسى بىرووۋن ئەپەندىمۇ ئورېلىئانو II نىڭ مېھماندوستلۇقىغا جاۋابەن مېمىنى قىزغىن كۈتۈۋالاتتى، شەنبىلىك تانسىلارغا تەكلىپ قىلاتتى. چەت ئەللىكلەر بىلەن ماكوندولۇقلار پەقەت مۇشۇنداق سورۇنلارغىلا بىللە قاتنىشاتتى. فېرناندا بۇ ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ئامارانتا ئۇرسۇلانى ۋە يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان دوختۇرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ قاتتىق جېدەل قىلدى.

ــ ئويلاپ باققىنا، ــ دېدى مېمىغا، ــ گۆرىدە ياتقان پولكوۋنىك بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغاندۇ؟

فېرناندا ئۇرسۇلادىن مەدەت ئىزدىۋىدى، كۈتۈلمىگەندە بۇ ئەما موماي مېمې

تانسغا قاتنىشامدۇ، ئۆزى بىلەن تەڭتۇش ئامېرىكىلىق قىزلارنى دوست تۇتامدۇ، بۇ ئىشلارنىڭ كارايىتى چاغلىق، خەقنىڭ دېنىغا كىرىپ كەتمىسىلا بولغىنى دېگەن قاراشتا بولدى. مېمې بۇزرۇكۋار مومىسىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. تانسا بولغان كۈنىنىڭ ئەتىسى مېمې ئادەتتىكىدىن ئەتىگەن تۇرۇپ ئىبادەتكە باردى. فېرناندا قىزىدىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆزىگە پىيانىنو چالدۇرۇپ ئاڭلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىدا، قارشى تۇرۇشتىن ئاخىر ۋاز كەچتى. ئۇلار پىيانىنونى بىرووقىن ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىشتى. ياشقىنە سازەندە قىز شۇ يەردە ئەڭ قىزغىن چاۋاكقا ۋە ئەڭ سەممىمىي تەبرىككە سازاۋەر بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار مېمېنى تانسىغا ئەمەس، يەكشەنبىلىك سۇ ئۈزۈش پائالىيىتىگە، ھەپتىدە بىر قېتىم چۈشلۈك زىياپەتكە تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. مېمې سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىۋېلىپ، كەسپىي ماھىردەك ئۈزەلەيدىغان بولۇپ كەتتى، چويلا توپ ئويناشنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. ۋېرگىنىيەچە سۈرلەنگەن چوشقا سېنىغا ئاناناس يالىتىقى قوشۇپ يېيىشكىمۇ كۆنۈپ كەتتى. تانسا ئويناش، سۇ ئۈزۈش ۋە چويلا توپ ئويناش جەريانىدا ئېنگلىزچىنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. ئورېلىئانو II شۇ خۇشلۇقىدا بىر سەيياره سودىگەردىن نۇرغۇن قىستۇرما سۈرەتلىرى بار ئالتە توملۇق ئىنگلىزچە قامۇستىن بىر يۈرۈش ئېلىپ بەردى، مېمې ۋاقتى چىقسىلا شۇ كىتابنى ئوقۇيتتى. ئەمدى بۇرۇنقىدەك مۇھەببەت تەقدىرى توغرىسىدا پال ئاچقۇزۇپ يۈرۈشتىن، دوستلىرى بىلەن خۇپىيانە ھالدا خەتەرلىك ئىشلارنى قىلىشتىن قول ئۈزگەنىدى. ئالدىنقى قېتىمقى غەرق مەست بولۇپ قالغانلىقى ئېسىگە كېلىپ قالسا، گۆدەكلەرچە قاراملىق قىپتىمەن دەپ ئويلاپ كۈلۈپ قوياتتى. بۇ ئىشنى دادىسىغا ئېيتىپ بېرىۋىدى، دادىسىغا تولىمۇ قىزىق تۇيۇلدى.

— ئاناڭ بىلگەن بولسىچۇ كاشكى، — دېدى ئورېلىئانو II كۈلۈپ كېتىپ.

قىزى ھەر قېتىم بىرەر سىرىنى ئېيتىپ بەرگەندە ئۇ دائىم شۇنداق دەيتتى. قىزىدىن تۇنجى مۇھەببىتىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى سورىۋىدى، مېمې ماكوندوغا ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە دەم ئېلىشقا كەلگەن ئامېرىكىلىق بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى ئېيتىپ بەردى.

— بەللى، — دېدى ئوربېلىئانو II كۆلۈپ كېتىپ، — ئاناڭ بىلگەن بولسا...

مېمې ئارقىدىنلا ئۇ يىگىتنىڭ دۆلىتىگە قايتىپ كەتكەنلىكىنى، شۇ كەتكىنىچە ئۇچۇرى بولمىغانلىقىنىمۇ سۆزلەپ بەردى. مېمې بۇ ئائىلىنىڭ ئىناقلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۇچۇن ئەتراپلىق ئويلىشىپ ئىش تۇتاتتى. ئوربېلىئانو II يەنە پېترا كېتىسنىڭ يېنىغا قاترايدىغان بولۇپ قالدى. بۇرۇنقى چاغلاردىكىدەك كاتتا زىياپەتلەرنى ئۆتكۈزۈپ خەقنى مېھمان قىلىۋېرىشكە سالامەتلىكى يار بەرمەيدىغان، كۆڭلى تارتىپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان پۇرسەتلەرنى ھېلىمۇ قولدىن بەرمەيتتى. توغرا گارمونىنى قېپىدىن چىقاردى، بۇ گارمونىنىڭ بىرنەچچە تىلى بوشاپ قالغانلىقتىن ئاياغ بوغقۇچ بىلەن چىگىپ قويۇلغانىدى. ئامارانتا ئۆزىنىڭ كېپىنىنى زېرىكمەي تىكىۋېرەتتى. ئۇرسۇلا بولسا قېرىلىق يېتىپ قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇراتتى، كۆزىگە كاشتان دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئەرۋاھىدىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. فېرناندا ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى مۇستەھكەملىۋالغانىدى. ئوغلىغا ھەر ئايدا يازىدىغان خەتلىرىدىن ئەمدى بىرەر ئېغىزمۇ يالغان گەپ تاپقىلى بولمايتتى، پەقەت ھېلىقى ناتونۇش دوختۇر بىلەن خەت ئالاقە قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىشىنىلا يوشۇراتتى، خالاس. دوختۇرلار فېرناندانىڭ چوڭ ئۈچەيدە بىر ياخشى سۈپەتلىك ئۆسمىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ، روھىي جەرراھلىق ئارقىلىق داۋالىماقچى بولۇۋاتاتتى.

ئەگەر ئامارانتانىڭ بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن يېڭى داۋالغۇش پەيدا بولمىغىنىدا، بۇئېندىيەلەر ئائىلىسىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان تىنچ ۋە خەيرلىك كۈنلەر ئۇزاق داۋاملىشار ئىدى. ئامارانتانىڭ ئۆلۈمى كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە بولدى. ئامارانتاغا قېرىلىق يەتكەن، يالغۇزلۇقنى خالايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا مەزمۇت، بۇرۇنقىدەكلا ساغلام كۆرۈنەتتى. ھېلىقى كەچقۇرۇن پولكوۋنىك گېرىنلىېردو ماركوسنىڭ تەلىپىنى كەسكىن رەت قىلىۋەتكەن ھەمدە ھۇجرىسىغا سولىنىپ ھەسرەتلىك يىغلىۋالغان كۈندىن باشلاپ كۆڭلىدە نېمە ئويى بارلىقىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ھۇجرىسىدىن چىققىنىدا كۆز يېشى قۇرۇپ بولغانىدى، شۇڭا ساھىبجامال

رىمەدىس ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندىمۇ، ئۇن ئالتە ئورپىلىئانو ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلگەندىمۇ، پولكوۋنىك ئورپىلىئانو ۋاپات بولغاندىمۇ يىغلىمىدى. پولكوۋنىك ئورپىلىئانو ئامارانتانىڭ بۇ دۇنيالىقتا ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمى ئىدى، بۇ خىل ھېسسىياتى پولكوۋنىكنىڭ جەسىتى كاشتان دەرىخىنىڭ يېنىدا بايقالغاندىلا ئاشكارىلاندى. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ جەسەتنى يۆتكىشىگە ياردەملەشتى. مېيىتقا ھەربىي فورمىسىنى كىيگۈزۈپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياساپ، چاچلىرىنى تاراپ، چېكە چاچلىرىغا موم سۈرتۈپ، شەۋكەتلىك چاغلىرىكىدىنمۇ ئىسكەتلىك قىلىپ قويدى. بۇ ھەرىكەتلىرىدە قانداقتۇر بىر مۇھەببەتنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم سەزمىدى. چۈنكى، ھەممىسى ئامارانتانىڭ ئۆلۈم - يېتىم ئىشلىرىنى ئىدىتلىق بىر تەرەپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى تولا كۆرۈپ كۆنۈپ قالغانىدى. فېرناندا ئامارانتانىڭ گويا كاتولىك دىنى بىر خىل دىن ئەمەس، بىر يۈرۈش ئۆلۈم - يېتىم قوللانمىسىدەك، كاتولىك دىنىنىڭ ئۆلۈم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىلا بىلىپ، ھاياتلىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوقلىقىدىن ھەيران ئىدى. بىراق، ئامارانتا ئەسلىملىرىگە چۆكۈپ كەتكەچكە، فېرناندانىڭ ۋەزلىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۆزى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۆتكەن ئىشلار ئېسىدە شۇ پېتى ساقلانغانىدى. پېترو كىرېسپىنىڭ ۋالىس مۇزىكىلىرى يادىغا يەتسە، گويا ئۆتكەنكى ساۋاقلىرىدىن ھېچ ئىز قالمىغاندەكلا ياش چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ھۆكۈرەپ يىغلىۋەتكۈسى كېلەتتى. نەم تارتىپ چىرىپ كېتىپتۇ دېگەن باھانىدە ئۆز قولى بىلەن ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكەن نوتا لېنتىلىرى توختىماي ئايلىنىپ، پىيانىنو تىللىرىنى ئۇزۇكسىز چەكتۈرۈۋاتقان مەنزىرە ئەستىلىكىدە ھېلىمۇ شۇ پېتى ئىدى. بىر چاغلاردا خاتىرىسىنى جيەنى ئورپىلىئانو خوسقا بولغان ئوڭايسىزلىق ئىچىدىكى ئوتتەك ئىشقىغا كۆمۈۋەتمەكچى ۋە پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنىڭ ھامىيلىقىدا پاناھلانماقچى بولغان بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ھەممىسى بىكار بولدى، ھەتتا ياشانغان چاغلىرىدا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قوللانغان تەدبىرلىرىمۇ بىكارغا كەتتى. خوس ئاركادىئونى مەدرىسكە ماڭغۇزۇشتىن ئۈچ يىل ئىلگىرى بۇ بالىنى يۇيۇندۇرۇۋاتقان چاغلىرىدا مومىسىنىڭ

نەۋرىسىنى سىلىغىنىدەك ئەمەس، ئايال زاتىنىڭ بىر ئەر كىشىنى سىلىغىنىدەك، گويا فىرانسۇز پاھىشىلەرنىڭ قىلغىنىدەك، شۇنداقلا ئون ئۈچ ـ ئون تۆت ياش چاغلىرىدا پېترو كىرىسبى چىچىپىدە كېلىدىغان ئۇسسۇل ئىشتىنىنى كىيىپ، شەيتان تايىقىنى ئۇدار رىتىمىغا كەلتۈرۈپ پۇلاڭلىتىۋاتقىنىدا قىلغۇسى كەلگىنىدەك سىلاپ كېتەتتى. بەزىدە شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى توسۇپ قالالمىغانلىقىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتى، بەزىدە غەزىپىگە پايلىماي قولىغا يىڭنە سانجىپمۇ كېتەتتى. ھالبۇكى، ئەڭ ئازابلىنىدىغىنى، ئەڭ غەزەپلىنىدىغىنى، ئەڭ ئېچىنىدىغىنى سۆيگۈسىنىڭ گويا خۇشپۇرىقى چېچىلىپ تۇرىدىغان، لېكىن قۇرت چۈشكەن گۈئاۋا دەرىخىدەك گۇمرانلىققا مەھكۇم بولۇۋاتقانلىقى ئىدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۇرۇشنى ئەسلىمەي تۇرالمىغىنىغا ئوخشاش، ئامارانتامۇ رېبېكانى ئەسلىمەي تۇرالمايتتى. ئاكىسىغۇ ئەسلىمىگە ۋاي دەپمۇ كەتمەيتتى، ئامارانتا بولسا ئەسلىمىسىنى بارغانسېرى قىزىتىپ سالاتتى. نۇرغۇن يىل ئۆزىنى جازالاپ تەڭرىدىن ئۆزىنى رېبېكادىن ئىلگىرى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماسلىقنى تىلىدى، بۇ شۇ چاغلاردا تەڭرىدىن تىلىگەن بىردىنبىر تىلىكى ئىدى. ھەر قېتىم رېبېكانىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتسە، ئۇنىڭ بارغانسېرى ھالىدىن كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تىلىكىم ئىجابەت بوپتۇ دەپ يايراپ كېتەتتى. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن پېشايۋاندا كېيىم تىكىپ ئولتۇراتتى، كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇتلا بىر ئوي كېلىپ، مۇشۇ يەردە ھازىرقىدەكلا قىياپەتتە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ رېبېكانىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى، شۇنىڭ بىلەن خۇددى بىرسىدىن كېلىدىغان خەتنى كۈتۈۋاتقاندەك خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. بەزىدە كۈتۈۋېرىپ زېرىكىش ئىچىدە كىيىمنىڭ تۈگمىلىرىنى ئۈزۈۋېتىپ يەنە قادايتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭ رېبېكاغا ئاتاپ سىپتا كېپەن تىكىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. كېيىن ئورېلىئانو تىرىست رېبېكانى ئەرۋاھتەك بولۇپ قاپتۇ، تېرىلىرى ھېلىلىدەك قورۇلۇپ، بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ، چاچلىرى چۈشۈپ چوققىسىدا بىرنەچچە تال سېرىق تۈكلا قاپتۇ، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، ئامارانتا بۇ خەۋەردىن ھەيران قالمىدى. چۈنكى، رېبېكانى بۇرۇنلا شۇ

سۈپەتتە تەسەۋۋۇر قىلغانىدى. ئامارانتا رېبېكانىڭ مېيىتىنى ئۆز قولى بىلەن كېپەنلەپ ئۆكەككە سېلىشنى نىيەت قىلغانىدى. يۈزىدىكى قورۇقلارنى ئۆز قولى بىلەن موم سۈرۈپ تۈزلەپ، ھۆسنىنى تۈزەشتۈرۈپ قويماقچى، ئاندىن ئەۋلىيا ھەيكىلىنىڭ بېشىدىكى چاچنى ئېلىپ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويماقچى، مېيىتنى چىرايلىق ياساپ ـ جابدۇپ كاناپ كېپەنلىكنى كىيگۈزمەكچى، ئاندىن ئۆكىكىنى سۆسۈن جىيەكلىك دۇخاۋا يوپۇق بىلەن قاپلىماقچى، ئاندىن دەبدەبىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ يەرلىككە قويماقچى ئىدى. ئامارانتا قاتتىق ئاداۋەت بىلەن شۇ پىلاننى كۆڭلىگە پۈكۈپ تۇرۇشىغا، كۆڭلىگە ئۇشتۇمتۇت بىر ئوي كەچتى ـ دە، شۇركىنىپ كەتتى: رېبېكانى ياخشى كۆرگەن تەقدىردىمۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق ياخشىلىق قىلالمايتتىمغۇ! بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن گاڭگىراپ قالماستىن، پىلانىنىڭ تەپسىلاتىنى داۋاملىق مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دەپنە مۇتەخەسسىسىنىڭ سەۋىيەسىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق پىلانىدا بىرلا نەرسىنى ئويلاشمىغانىدى، تەڭرىدىن رېبېكاغا ئۆلۈم تىلە ۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ رېبېكادىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى. ئامارانتا ئاخىرقى دەملىرىدىمۇ پەقەت ئۈمىدسىزلەنمىدى، ئەكسىچە جىمى دەردتىن قۇتۇلغىنىدىن تەسەللى تاپتى. چۈنكى، ئەزرائىل ئۆزىگە باشقىچە شاپائەت قىلىپ، بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئەجىلىنىڭ توشۇپ قالغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەنىدى. مېمېنى موناستىر مەكتىپىگە ئەۋەتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمىگەن بىر چاغ ئىدى، ھاۋا تازا ئىسسىغان بىر كۈنى چۈشلۈكى پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتقىنىدا ئەزرائىلنى كۆردى. ئەزرائىلمۇ پېشايۋاندا بىللە ئولتۇرۇپ يىڭنە ئىشى قىلىۋاتاتتى، ئامارانتا شۇ ئان ئەزرائىلنى تونۇۋالدى. ئەزرائىل ئۇچىسىغا كۆك كۆڭلەك كىيىۋالغان چاچلىرى ئۇزۇن ئايال بولۇپ، ئۇنچە قورقۇنچلۇق دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى، چىرايى بۇرۇن ئۇرسۇلاغا ھەمدەم بولۇپ تاماقتا قارىشىپ بېرىدىغان پىلار تېرنېراغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئەزرائىل گۆشىمۇ بار، ئۇستىخىنىمۇ بار ئادەمدەكلا كۆرۈنەتتى، بىرنەچچە قېتىم شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، فېرناندا ئامارانتا بىلەن پېشايۋاندا ئولتۇرغىنىدا ئۇ ئەزرائىلنى

كۆرمىدى. ئەزرائىل ئامارانتاغا قايسى يىلى قانچىنچى ئاينىڭ قانچىنچى كۈنى ئۆلىدىغانلىقىنى، ئەجىلىنىڭ ربېكادىن ئىلگىرى توشۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار ـ يوقلۇقىنى دەپ بەرمىدى، لېكىن 6 ـ مايدىن باشلاپ ئۆزىگە كېچەن تىكىشكە بۇيرىدى ھەمدە كېپىنىنى ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك ئېسىل ۋە چىرايلىق تىكىۋېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. بىراق، خۇددى ربېكاغا كېپەن تىككەندەك ئەستايىدىللىق بىلەن تىكىشىنى تەلەپ قىلدى ھەمدە كېپىنى پۈتكەن كېچىسى قىينالماي، قورقۇپ كەتمەي ۋە پەرىشان بولمايلا ئۆلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئامارانتا ئۆلۈم ۋاقتىنى ئىمكانقەدەر ئارقىغا سوزۇش ئۈچۈن ئەلا سورتلۇق كەندىر يىپى زاكاز قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ماتا توقۇشقا كىرىشتى. ماتانى شۇ قەدەر سىلىق توقۇدىكى، توقۇشقىلا تۆت يىل ۋاقىت سەرپ قىلدى، كېيىن كەشتىلەشكە تۇتۇش قىلدى. ئامارانتا كېپەن پۈتىدىغان ۋاقىتنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ شۇنى ھېس قىلدىكى، بىرەر مۆجىزە يۈز بېرىپ قالمىسىلا، ئىشنى ربېكا ئۆلگەنگە قەدەر سۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. بىراق، ئىشقا پۈتۈن زېھنىنى بېرىش نەتىجىسىدە كۆڭۈل ئاراملىقىغا ئېرىشىپ مەغلۇبىيىتىنى تەن ئالدى. پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ نېمىشقا ئالتۇن بېلىقچانلىرىنى ياساپ بولۇپلا بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى، دۇنيانىڭ ئىنسانغا ياقمىغاندەك ئەمەسلىكىنى، ھېچقانداق دەردىنىڭ كۆڭلىنى ئەمدى پەرىشان قىلالمايدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا چۈشىنىپ يەتتى. ئامارانتا ئەقلىنى بالدۇرراق تاپالمىغانلىقىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. شۇنداق قىلالىغان بولسا، ئىچكى دۇنياسىنى يېڭىلاپ ۋە نۇرلاندۇرۇپ، پېترو كىرىسپىنىڭ بويىدىن تارىلىپ تۇرۇدىغان ئۇستىقۇددۇس ھىدىنى پۇراپ ئۆتكەن ھەمدە ربېكانى ئېچىنىشلىق ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇۋالغان بولاتتى. مۇھەببەتتىنمۇ، نەپرەتتىنمۇ ئەمەس، غېرىبلىقىنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتكەنلىكىدىن شۇنداق ئويغا كەلگەنىدى. ئامارانتا ھېلىقى ئاخشىمى مېمېنىڭ گەپلىرىدىكى ئۆچمەنلىكتىن ھەيران قالدى، كۆڭلىگە قاتتىق تەگكەنلىكتىن ئەمەس، ئۆز كەچمىشىنىڭ باشقا بىر قىزدا تەكرارلىنىۋاتقانلىقىدىن چۆچۈگەنىدى. ئۇ قىز قارىماققا بىغۇبار كۆرۈنسىمۇ، ئۆچمەنلىك ئوتلىرى بىلەن روھى بۇلغىنىپ بولغانىدى.

بىراق، ئامارانتا بۇ چاغدا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن تەقدىرنى تامامەن قوبۇل قىلىپ بولغانىدى، ئەمدى يېنىۋېلىشىنىڭ مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلەتتى، شۇنداقتىمۇ كۆڭلى يېرىم بولمىدى، بىردىنبىر نىشانى كېپەننى پۈتكۈزۈش ئىدى. ئاۋۋالقىدەك زۆرۈرىيەتسىز تۈجۈپىلەپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى سوزماي سۈرئەتنى تېزلەتتى. كېپەن پۈتۈشكە بىر ھەپتە قالغاندا، 3 ـ يانۋار كەچتە ئەڭ ئاخىرقى بىر يىڭنە سېلىنىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى ـ دە، مېمېنى 5 ـ يانۋار ئۆتكۈزۈلىدىغان پىيانىنو كېچىلىكىنى كېچىكتۈرۈشكە دەۋەت قىلدى. بىراق، مېمې ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قۇلاق سالمىدى، ئامارانتا شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتنى يەنە قىرىق سەككىز سائەت سۈرۈش كويىغا چۈشتى. 3 ـ يانۋار ئاخشىمى بوران ـ چاپقۇن ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى بۇزۇۋەتتى، ئامارانتا بۇنى ئەزرائىلنىڭ ياردىمىدىن كۆردى. ئەتىسى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە ھېچكىم تىكىپ باقمىغان ئەڭ نەپىس كېپىنىگە ئەڭ ئاخىرقى يىڭنىنى سېلىپ بولدى ـ دە، تەمكىن ئاۋازدا ئۆزىنىڭ ئاخشاملىقتا ئۆلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، بۇنى ئۆيىدىكىلەرگىلا ئەمەس، پۈتۈن بازاردىكىلەرگە ئۇقتۇردى. ئۇ، ئادەم ئۆمرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنىدە بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلسا گۇناھىنى يۇيۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. نىھايەت، ئۇنىڭ نەزىرىدە مەرھۇملارغا خەت ـ خەۋەر ئالغاچ كېتىشتىنمۇ ئارتۇق ساۋاب بولمايتتى.

ئامارانتا بۈگۈنبىيە كەچتە تىرىكلەرنىڭ خەت ـ خەۋىرىنى ئېلىپ ئۇ دۇنياغا راۋان بولغۇدەك، دېگەن خەۋەر چۈشتىن بۇرۇنلا پۈتۈن ماكوندوغا پۇر كەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچ بولا ـ بولمايلا لىق بىر ساندۇق خەت مېھمانخانىغا قويۇلدى. خەت يېزىش خۇش ياقمىغانلار تۇغقانلىرىغا ئامارانتادىن گەپ ئېيتتى، ئامارانتا بۇ خەت ـ خەۋەر تاپشۇرۇپ ئالغۇچىلارنىڭ ئات ـ زاتىنى، ئۆلگەن ئاي ـ كۈنىنى بىرمۇبىر خاتىرىلىۋالدى.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى ئامانەت قىلغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، — ئۇ يەرگە بېرىپلا قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم شۇ ئادەملەرنى تېپىپ، ئامانەتلىرىڭلارنى ئۆز قولىغا تاپشۇرۇش بولىدۇ.

بۇ ئىشلار كومېدىيەگىلا ئوخشىشاتتى. ئامارانتادا ھېچقانداق پەرىشانلىق، قايغۇ ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى، خەۋەر يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغاچقا تېخى ياشىرىپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى، ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا قەددىنى تىك تۇتاتتى، ئەگەر مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ، چىشلىرى چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا، ئوبدانلا ياش كۆرۈنگەن بولاتتى. ئۆيدىكىلەرگە ئۇ خەتلەرنى دېۋىرقاي سۇرۇلگەن ساندۇقتا سېلىشىنى ھەمدە ساندۇقنى نەم تارتىپ قالماسلىق ئۈچۈن قەبرىدىكى بەلگىلەنگەن جايغا قويۇشىنى ئۆز ئاغزى بىلەن جېكىلىدى. ئەتىگەندە ياغاچچى چاقىرتىپ كەلدى، خۇددى تىكىمچىگە كىيىم تىكتۈرمەكچى بولغاندەك، ياغاچچىغا ياسىلىدىغان ئۆكەكنى ئۆزى تۆپىدە تۇرۇپ ئۆلچەتتى. ئامارانتانىڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردىمۇ شۇنچە روھلۇق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن فېرناندانىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى، ئامارانتا ئۆلىمەن دەپ ئويۇن چىقىرىۋاتامدۇ - قانداق؟ ئۇرسۇلا بۇئېندىيە جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئادەتتە ئاغرىمايلا ئۆلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامارانتاغا ئۆلۈم بېشارىتى بېرىلگەنلىكىگە ئىشىنەتتى. بىراق، خەت - خەۋەر بەرگەن ھاماقەتلەرنىڭ مەرھۇملارغا ئۇ خەتلەرنىڭ پاتراق تېگىشىگە ئالدىراپ كېتىپ قىزنى تىرىك كۆمۈپ تاشلىشىدىن ئەنسىرەپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە كەلگەنلەرنى جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆيدىن قوغلاپ يۈرۈپ، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتىلا ھەممىسىنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىپ كۆڭلى تىندى. ئامارانتا ئۆلگەندە كىيىدىغان بىر قۇر پاكىز ئىچ كىيىمى بىلەن ئىچى تىۋىتلىق بىر جۈپ ئاياغنى قوپال ئۆكەكنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويۇپ، قالغان نەرسىلىرىنى يوقسۇللارغا تارقىتىپ بېرىۋەتتى. ئورېلىئانو ۋاپات بولغان چاغدا پۇتىدىكى ئادەتتە زەرگەرخانىسىدا كىيىۋالىدىغان ساپما كەشى بىلەنلا كەتكەنلىكى ئېسىدە قالغان ئامارانتا ئۇنىڭغا يېڭى ئاياغ ئېلىپ قويغان ۋە ئاياغنى ئۇنىڭغا ئالغاچ كېتىشنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. سائەت بەشكە ئاز قالغاندا مېمېنى مۇزىكا كېچىلىكىگە ئالغىلى كەلگەن ئورېلىئانو II ئۆيدىكى ھازا تەييارلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. شۇ تاپتا بۇ ئۆيدە ئامارانتالا تىرىك ئادەمدەك قىلاتتى. ئامارانتا شۇ قەدەر تەبىئىي، شۇ قەدەر تەمكىن ئىدىكى، پۇتىدىكى قاداقنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەنىدى. ئورېلىئانو II بىلەن مېمې ئامارانتا بىلەن

چاقچاقلىشىپ خوشلاشتى ـ دە، كېلەر شەنبە كۈنى تىرىلگەنلىكى شەرىپىگە كاتتا زىياپەت بېرىشكە ۋەدە بېرىپ يولىغا مېڭىشتى. پوپ ئانتونىئو ئىسابېل ئامارانتانىڭ ئۆلۈكلەرگە ئەۋەتىلىدىغان خەت ـ چەكلەرنى يىغىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، سەكرات مۇراسىمى ئۆچۈن سائەت بەشتە كەلگەنىدى، ئۆلۈم ئالدىدىكى بۇ خانىمنىڭ مۇنچىدىن چىقىشىنى ساقلاپ يىگىرمە مىنۇتتىن كۆپرەك كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئاق كەشمىر رەختىدىن كۆڭلەك كىيگەن، چاچلىرىنى قويۇۋەتكەن ئامارانتا قېرى پوپنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. قېرى پوپ ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، قۇربانلىق بالىنى قايتۇرۇۋەتتى. شۇنداقتىمۇ مۇشۇ پۇرسەتتە ئامارانتانىڭ يىگىرمە يىل كېيىنكى سۇرۇۋەتكەن تۆۋىسىنى ئاڭلىماقچى بولدى. ئامارانتا پوپقا ئۆزىنىڭ ھېچقانداق دىنىي مۇراسىمغا موھتاج ئەمەسلىكىنى، دىلىنىڭ پاكلىقىنى توغرىدىن ـ توغرا ئېيتتى. بۇ گەپتىن قورقۇپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن فېرناندا باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۈنلۈك ئاۋازدا: توۋا، ئامارانتا ئۆلۈمى ئالدىدىمۇ يۈزۈم تۆكۈلىدۇ دەپ تۆۋە قىلغىلى ئۇنىماي پەرۋەردىگارنىڭ ئالدىدا شۇنچە ئېغىر گۇناھقا پاتتى، دەۋەتتى. ئامارانتا بۇ گەپ بىلەن سوزۇلۇپ ياتتى ـ دە، ئۇرسۇلانى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئۆزىنىڭ ئېپپەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا قىستىدى.

— ھېچكىم قالايمىقان جۆيلىمىسۇن، — ۋارقىرىدى ئۇرسۇلا فېرناندا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، — ئامارانتا بۇئېندىيە بۇ ئالەمگە قانداق كەلگەن بولسا، ئۇ ئالەمگىمۇ شۇ پېتى كېتىۋاتىدۇ.

ئامارانتا شۇ ياتقىنىچە تۇرمىدى، راستىلا ئاغرىپ قالغاندەك قېلىن كۆرپىنى بېقىنداپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇن چېچىنى چىرايلىق ئۆرۈپ قۇلىقىنىڭ يېنىغا باتتىلدى (ئەزرائىل ئۇكەككە مۇشۇنداق كىرىشىنى بۇيرىغان)، ئاندىن كېيىن ئۇرسۇلاغا ئەينەك ئەكەلدۈردى، ئەينەكتىن يىللار بويى يەتكىچە تارتقان مۇشەققەتلەرنىڭ دەستىدىن تۈگىشىپ كەتكەن چىرايىنى قىرىق يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ، چىرايىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىغا ھەيران قالدى. ئۇرسۇلا ئۆيدىكى جىملىقتىن ئاساسەن قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلدى.

— فېرناندا بىلەن خوشلىشىۋالساڭچۇ، — دېدى ئۇرسۇلا ئامارانتاغا يېلىنىپ، — كونىلاردا «ئەپلىشىپ ئىناق ئۆتكەن بىر مىنۇت، ئۆمۈرلۈك دوستلۇقتىن ئەلا» دەيدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ!

— ئەمدى ھاجىتى قالمىدى، — دېدى ئامارانتا.

ۋاقىتلىق سەھنە چىراغ نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى. مېمې ئويۇننىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى باشلانغاندا ئۆزىچە ئامارانتانى ئويلاپ قالدى. ھايال ئۆتمەي بىرەيلەن قۇلىقىغا پىچىرلاپ شۇم خەۋەر يەتكۈزدى، شۇنىڭ بىلەن ئويۇن دەرھال توختىدى. ئورېلىئانو II ئۆيگە كىرىپ، كىشىلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ، ئامارانتانىڭ يۈزىنى كۆردى. بۇ قېرى قىزنىڭ چىرايى كۆرۈمسىز ۋە تاتىراڭغۇ ئىدى، قولىغا قارا داكا ئوراقلىق تۇراتتى، ئۇچىسىغا نەپىس كېپەن كىيگەنىدى. مېھمانخانىغا قويۇلغان ئۆكەكنىڭ يېنىدا ھېلىقى خەت ساندۇقى تۇراتتى.

ئۇرسۇلا توققۇز كېچە مېيىت ساقلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالدى. ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەسئۇل سانتاسوفىيە دېلا پېداد ھەر كۈنى ھۇجرىسىغا تامىقىنى ۋە يۇيۇنىدىغان مايلىق مېۋە سۈيىنى ئېلىپ كىرىپ، ماكوندودا بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئۇدۇللۇق ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەتتى. ئورېلىئانو II مۇ ئۇنى يوقلاپ، ھەر خىل كىيىملەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى. ئۇرسۇلا بۇ كىيىملەرنى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى كارىۋىتىنىڭ قولى يەتكۈدەك بىر چېتىگە جايلاشتۇرۇپ قويۇۋالدى. ئۆزىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئامارانتا ئۇرسۇلانىمۇ ئۆزىگە قارىتىۋېلىپ، بۇ پىندەكنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا كىرىشتى. بىر ئەسىر نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ بارا - بارا قېرىلىق يەتكەن بۇ موماينىڭ زېھنى ھېلىمۇ شۇنداق ئوچۇق ئىدى، ئۆزىنىڭ ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالايتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇرسۇلانىڭ كۆزى بىرنەرسىنى ئىلغا قىلالمايدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، تامامەن تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى. ئۇرسۇلانىڭ ۋاقتى كۆپ، كۆڭلى توق بولغاچقا، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى، مېمىنىڭ دەردى بارلىقىنىمۇ بىرىنچى بولۇپ شۇ بايقىغانىدى.

— بېرى كەلگىنە، — دېدى ئۇرسۇلا چەۋرىسىگە، — ھازىر ئىككىمىز يالغۇز ئىكەنمىز، ئىچىڭدىكى دەردىڭنى بىچارە موماڭغا بىر تۆككىنە.

مېمې پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپلا گەپتىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئۇرسۇلامۇ زورلىمىدى. بىراق، شۇنىڭدىن كېيىن مېمې يوقلاپ كەلمىگەچكە ئۇرسۇلانىڭ گۇمانى كۈچەيدى. مېمېنىڭ ئورنىدىن بالدۇر تۇرۇپ كېتىدىغان، بىر مىنۇتمۇ ئولتۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى، ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغان پۇرسەتنى پايلاپلا تۇرىدىغانلىقى، كېچىلىرى ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قالغانلىقى ۋە ئۆيدە بىر كېپىنەكنىڭ پىرىلداپ ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۇيقۇسىنى بۇزىدىغانلىقى ئۇرسۇلاغا مەلۇم ئىدى. مېمې بىركۈنى دادامنى كۆرۈپ كېلىمەن دەپ چىقىپ كەتكەنىدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئوربېلىئانو II قىزىنى ئىزدەپ كەلدى. ئۇرسۇلا فېرناندانىڭ دۆتلۈكىگە ھەيران قالدى. مېمېنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قانداقتۇر بىر يوچۇن ئىش بىلەن بولۇۋاتقانلىقى، بىر ئىشنىڭ بارلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. فېرناندا بىركۈنى ئاخشىمى كىنوخانىدا مېمېنىڭ ئۆيدىكىلەردىن پىنھان تۇتۇۋاتقان بىر ئەر بىلەن سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغانىدى، غەۋغا كۆتۈرۈپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

مېمې شۇ كەمدە ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيتتى، تېخى چېقىشتۇرۇپتۇ دەپ ئۇرسۇلادىن ئاغرىنىپ يۈرەتتى. بۇ ئىشنى ئەسلى ئۆزىدىن كۆرسە بولاتتى. چۈنكى، ئاشۇ قارىغۇ موماينىمۇ گۇمانغا سالغۇدەك ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. فېرناندا ناتونۇش دوختۇر بىلەن مەخپىي خەت يېزىشىشقا پۈتۈن زېھنى بىلەن بېرىلىپ كەتكەچكە بۇ ئىشلارغا كۆز سالغۇدەك بولمىغانىدى، شۇنداقتىمۇ قىزىنىڭ تۇرۇپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدىغانلىقى، تۇرۇپ ئۇشتۇمتۇت تىترەپ كېتىدىغانلىقى، تۇرۇپ مىجەزى چۈسلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاخىر بايقىدى. دەسلەپتە مېمېنى مەخپىي كۆزەتتى. قىزنى بۇرۇنقىدەكلا دوستلىرى بىلەن ئويناپ كېلىشكە ئەۋەتىپ تۇردى، شەنبىلىك كېچىلىكلەرگە ياساپ - جابدۇپ ماڭدۇردى، قىزىنى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان زىل مەسىلىنى زىنھار تىلغا ئالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مېمېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى بىلەن

دەۋاتقان گېپىنىڭ ئوخشىمايۋاتقانلىقىغا دائىر پاكىتلار كۆپىيىپ بىر يەرگە يىغىلىپ قالغان بولسىمۇ، تۇتامغا چىققۇدەك بىرەر پاكىتنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن يەنىلا گۇمانىنى ئاشكارىلىمىدى. مېمى بىركۈنى ئاخشىمى دادام بىلەن كىنوغا بارىمەن دېدى. فېرناندا ئۇزاق ئۆتمەيلا يېتىرا كېتىنىسنىڭ ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتقان پوجاڭزا ئاۋازىنى ۋە ئورېلىئانو II نىڭ گارمون ئاۋازىنى ئاڭلىدى، ئورېلىئانو II نىڭ گارمون چېلىش ئۇسۇلى ھېچكىمنىڭكىگە ئوخشاشمايتتى. شۇنىڭ بىلەن فېرناندا كىيىملىرىنى كىيىپ كىنوخانىغا باردى، ئۇ ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان قىزىنى شۇنچە قاراڭغۇدىمۇ تونۇۋالدى ـ دە، پەرىزى ئىسپاتلانغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە مېمى بىلەن سۆيۈشۈۋاتقان ئەرنى ئېنىق كۆرەلمىدى. بىراق، تاماشىبىنلارنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك قىيقاس ـ چۇقانلىرى ۋە قاتتىق كۈلكە ئاۋازلىرى ئىچىدىن بۇ ئەرنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازىنى ئىلغا قىلدى.

— ئەپۇ قىلىڭ، ئەزىزىم.

فېرناندا بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي مېمىنى قولىدىن سۆرىگىنىچە كىنوخانىدىن ئېلىپ چىقتى، ئۇياتتا قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەتەيلا تۈركلەر كوچىسى بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى ـ دە، ھۇجرىسىغا سولاپ قويدى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە بىرسى فېرناندا بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى، فېرناندا ئۇياقنى ئاۋازىدىنلا تونۇۋالدى. ئۇياق ياش، سەبدە چىراي بىر يىگىت ئىدى. ئەگەر فېرناندا بۇرۇنلاردا سىگانلارنى كۆرگەن بولسا، ئۇ يىگىتنىڭ غەمكىن قارا كۆزلىرىدىن بۇنچە چۆچۈپ كەتمىگەن بولار ئىدى. ئورسۇلادەك باغرى تاش ئەمەس ھەرقانداق ئايال بۇ يىگىتنىڭ چىرايىدىكى مەسۇملۇقنى كۆرسىلا مېمىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ يېتەتتى. يىگىت ئۇچىسىغا كاناپ چاپان، پۇتىغا خۇرۇم ئاياغ كىيگەن بولۇپ، خۇرۇم ئايىغىغا ئىسكەت كىرگۈزۈش ئۈچۈن قاتمۇقات ئاق سىنىڭ سۈرگەنىدى. ئۆتكەن شەنبە كۈنى سېتىۋالغان چىغ قالپىقىنى قولىدا ئېلىۋالغانىدى. ئۆمرىدە ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك قورۇنۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئېگىلىپ ـ پۈكۈلۈپ كەتمەي غۇرۇرىنى ساقلاپ، ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ تۇراتتى، ئىشتا يىرىكلىشىپ

كەتكەن قولىرى ۋە ئەت تىكەن بولۇپ كەتكەن تىرناقلىرىلا سالاپەتكە نۇقسان يەتكۈزۈپ تۇراتتى. فېرناندا بىر قاراپلا ئۇياقنىڭ ماشىنا رېمونتچىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى، ئۇچىسىدىكى كىيىمىنىڭ بىردىنبىر سورۇنلۇق كىيىمى ئىكەنلىكىنى ۋە كۆينىكىنىڭ ئىچىدىن كۆرۈنۈپ قالغان چىقان يارىسىنى بانان شىركىتىدىن يۇقتۇرۇۋالغانلىقىنىمۇ بىلىۋالدى. شۇڭا يىگىتكە ئىپتىز ئاچقۇدەك پۇرسەت بەرمىدى، بوسۇغىسىدىنمۇ ئاتلاتقۇزمىدى، ھەتتا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئىشىكنى يېپىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى، ئۆيگە ئوچۇق ئىشىكتىن كىرگەن سېرىق كېپىنەك توشۇپ كەتكەندى.

— يولىڭىزغا مېڭىڭ، — دېدى فېرناندا، — بىزدەك دۇرۇس كىشىلەرنىڭ ئۆيىدە سىز ئىزدەيدىغان ئادەم يوق.

ماكوندودا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماۋرىسىئو بابىلون ئاتلىق بۇ يىگىت بانان شىركىتىنىڭ ئاپتوموبىل ئىسكىلاتىدا شاگىرت ئىشچى بولۇپ ئىشلەيتتى. مېمې بۇ يىگىت بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالغانىدى. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن پاترىسىيە بىرۇۋىن بىلەن بىللە بانانزارلىقتا سەيلە قىلىپ ئوينىاش ئۇچۈن ماشىنا سوراپ بارغانىدى، شوپۇر ئاغرىپ قالغاچقا، ماشىنىنى ماۋرىسىئو بابىلون ھەيدىدى. شۇنىڭ بىلەن مېمىنىڭ شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ماشىنىنى قانداق ھەيدەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش مۇرادى ھاسىل بولدى. ماۋرىسىئو بابىلون رەسمىي شوپۇرنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىپ، مېمىغا شوپۇرلۇق مەشغۇلاتىنى ئۆلگە قىلىپ كۆرسىتىپ قويدى. مېمې بىرۇۋىن ئەپەندىلەرنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىشقا باشلىغان چاغلار ئىدى، ئۇ چاغلاردا ماكوندودا ئاياللار ماشىنا ھەيدىسە سەت تۇرىدۇ دەپ قارىلاتتى. شۇڭا مېمې ماۋرىسىئو بابىلوندىن ئېرىشكەن نەزەرىيەۋى چۈشەنچىدىن قانائەت ھاسىل قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە ئايغىچە ماۋرىسىئو بابىلون بىلەن قايتا ئۇچراشمىدى. بىراق، ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بانانزارلىقتا ئايلىنىپ يۈرگەن شۇ كۈننى ئەسلەيمۇ قالاتتى، شۇ چاغدا ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ يىرىك قوللىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەرلەرگە خاس جەلپكارلىقى دىققىتىنى تارتقان، كېيىن پاترىسىيەگە

ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ سەل مەغرۇرلۇقى كىشىنىڭ جېنىغا تېگىدىكەن دەپ ئاغرىنىپمۇ بەرگەندى. مېمي بىر شەنبە كۈنى دادىسى بىلەن كىنوغا بارغىنىدا ماۋرىسىئو بابىلون بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ يىگىت ئۇلارنىڭ يېقىنىدا يەردە ئولتۇراتتى، شۇ چاغدىمۇ ھېلىقى سورۇنلۇق كاناپ ئىشتان ـ چاپىنى بىلەن ئىدى. مېمي يىگىتنىڭ كىنوسىنى كۆرۈۋەرمەي ھە دېگەندە قايرىلىپ ئۇزىگە قاراۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ھالبۇكى، ماۋرىسىئو بابىلون مېمىينى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئەمەس، دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈنلا ئەتەي شۇنداق قىلغانىدى. مېمي بۇنداق قوپاللىقنى بەك يامان كۆرەتتى. كىنودىن تارقىغاندا ماۋرىسىئو بابىلون ئالدىغا كېلىپ ئورېلىئانو II بىلەن سالاملاشتى. مېمي شۇندىلا ئۇلارنىڭ تونۇشىدىغانلىقىنى بىلدى، ماۋرىسىئو بابىلون بۇرۇن ئورېلىئانو تىرېستىنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا ئىشلىگەن بولغاچقا، ئورېلىئانو II نى غوجايىنىدەك كۆرۈپ ئىتائەتمەنلىك بىلەن قول باغلاپ تۇراتتى. مېمي بۇ ھالنى كۆرۈپ، ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ تەكەببۇرلۇقىغا بولغان بىزارلىقى ئوبدانلا پەسىيىپ قالدى. مېمي ئۇ يىگىت بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ باقمىغانىدى، سالاملىشىپ باقىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا گەپلىشىپمۇ باقمىغانىدى. مېمي شۇ كېچىسى بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە ماۋرىسىئو بابىلون مېمىينى دېڭىز خەترىدىن قۇتقۇزۇۋالغانمىش، مېمي تەشەككۇر ئېيتىش تۇگۇل ئەكسىچە ئۇنىڭغا قاتتىق خاپا بولۇپ كەتكەنمىش. بىراق، بۇ قىلغىنى ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ ئارزۇسىدەك ئىش بولغانمىش. ئەپسۇسكى، مېمىينىڭ ماۋرىسىئو بابىلوندىن كۈتىدىغىنى بۇ ئەمەس، ماۋرىسىئو بابىلوندىنلا ئەمەس، مېمىيگە كۆڭۈل بەرگەن ھەرقانداق يىگىتتىن كۈتىدىغىنىمۇ بۇنداق ئەمەس ئىدى. شۇڭا بۇ چۈشىدىن ئويغىنىپ ئۆزىگە تازا ئاچچىقى كەلدى. چۈنكى، ئەمدى ماۋرىسىئو بابىلوندىن بىزار بولمايلا قالماستىن، كۆرۈشكىسى كېلىپ ئولتۇرالمايلا قالغانىدى. بىر ھەپتىدىن بۇيان بۇ تەشنالىقى بارغانسېرى كۈچىيىپ، شەنبە كۈنىگە كەلگەندە پەللىسىگە يەتكەنىدى. كىنوخانىدا ماۋرىسىئو بابىلون بىلەن سالاملاشقىنىدا يۈرىكىنىڭ قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەۋاتقانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى قاتتىق بېسىۋالدى. شادلىق ۋە خاپىلىق ئارىلاش بىر كەيپىياتتا بېشى ئايلىنىپ

قېلىپ، ماۋرىسىئو بابىلونغا بىرىنچى قېتىم قولىنى سوندى، ئۇمۇ شۇندىلا بۇ قوللارنى تۇتتى. مېمې يەنە شۇ ئان ئۆزىنى بىسۇۋالالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۇشايمان قىلدى. بىراق، ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ قوللىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاشلا مۇزدەك تەرلەپ كەتكەنلىكىنى سەزگىنىدە، پۇشايمىنى شۇ ئان مەمنۇنلۇققا ئايلاندى. مېمې شۇ كېچىسى تولغىنىپ يېتىپ ھېچ ئۇخلىيالمىدى، ئەگەر ماۋرىسىئو بابىلونغا ئارزۇسىنىڭ بىكار ئاۋارىچىلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويمىسا، كۆڭلىگە بىردەممۇ ئاراملىق بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن بىر ھەپتىنى شۇ ئىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئۆتكۈزدى. مىڭ خىل ھىيلە بىلەن پاترىسىيە بىرووۋىنىنى ماشىنا سورىغىلى ھەمراھ بولۇپ بېرىپ بېرىشكە كۆندۈرمەك بولدى - يۇ ئەجرى بىكارغا كەتتى. ئاخىرىدا يەنە ماكوندوغا دەم ئېلىشقا كەلگەن ھېلىقى قىزىل چاچلىق ئامېرىكىلىق بالىنى قىزىقتۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى ماشىنىنى كۆرۈپ باققۇسى بارلىقىنى باھانە قىلىپ ئاپتورېمونت زاۋۇتىغا باشلاپ بارغۇزدى. مېمې ماۋرىسىئو بابىلوننى كۆرگەن شۇ مىنۇتلاردا ئەمدى ئۆزىنى ئۆزى ئالداپ كېتىۋېرەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز كۆرۈشۈش ئارزۇسىغا بەس كېلەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى، شۇنداقلا ماۋرىسىئو بابىلوننىڭمۇ ئۇنى كۆرۈپلا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشەندى - دە، ئىختىيارسىزلا يەنە خۇيى تۇتتى.

— يېڭى ماشىنىلارنى كۆرۈپ باققىلى كەلدىم، — دېدى مېمې.

— شۇنداقمۇ، بۇ باھانىڭىز جايىدا، — دېدى ماۋرىسىئو بابىلون جاۋابەن.

مەغرۇرلۇقى جېنىغا تەگكەن مېمې بىر ئامال قىلىپ ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرماقچى بولىۋىدى، بىراق ماۋرىسىئو بابىلون ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمىدى.

— قورقماڭ، — دېدى بوش ئاۋازدا، — بىر قىزنىڭ بىر يىگىتكە كۆيۈپ قالغىنى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس.

مېمې شۇ قەدەر ئاجىز كېلىپ قالدىكى، يېڭى ماشىنىلارنى كۆرمەيلا قايتىپ

ماڭدى. تۈن بويى ئۇياقتا ئۆرۈلۈپ ـ بۇياقتا ئۆرۈلۈپ كىرپىك قاقمىدى، ئاچچىقىغا پايلىماي يىغلاپمۇ كەتتى. دەرۋەقە، دەسلەپتە ھېلىقى قىزىل چاچلىق ئامېرىكىلىق بالىغىمۇ قىزىقىپ قالغانىدى. ئەمدى قارىغۇدەك بولسا، ئۇ بالا تېخى چوڭ بولمىغان بىر كىچىك بالا ئىكەن. ماۋرىسىئو بابىلون تۇرمۇشىدا پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى ھە دېسىلا ئۇنىڭغا سېرىق كېپىنەكلەرنىڭ ئۇچرايدىغانلىقى بىكار ئەمەسلىكىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلدى. مېمې ئۇ كېپىنەكلەرنى ئىلگىرىمۇ كۆرگەن، بولۇپمۇ ئاپتورېمونت زاۋۇتىدا كۆرگىنىدە سىرنىڭ پۇرىقىغا ئاشىق ئىكەن دەپ ئويلىغانىدى. بىر قېتىم قاراڭغۇ كىنوخانىدا كىنو كۆرۈپ ئولتۇرغىنىدىمۇ سېرىق كېپىنەكلەرنىڭ بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرگەنىدى. ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ كىشىلەر توپى ئارىسىدا مېمېلا كۆرەلەيدىغان ئەرۋاھتەك سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ پېيىگە چۈشكەنلىكىنى بايقىغىنىدىلا، سېرىق كېپىنەكلەرنىڭ ماۋرىسىئو بابىلون بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. مۇزىكا كېچىلىكلىرىدىكى تاماشىبىنلار ئىچىدىمۇ، كىنوخانىلاردىكى كۆرۈرمەنلەر ئارىسىدىمۇ، چېركاۋدا ئىبادەت قىلىۋاتقان جامائەتنىڭ ئارىسىدىمۇ ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ كۆلەڭگىسى بولماي قالمايتتى. مېمې ئۇنى ئىزدەپ ئولتۇرمايلا تاپالايتتى. چۈنكى، سېرىق كېپىنەكلەر ئۇنىڭ نەدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. ئورېلىئانو II بىركۈنى سېرىق كېپىنەكلەرنىڭ توختىماي پىلدىرلاپ ئۇچۇشلىرىدىن بىزار بولۇپ تىللاپ كەتتى. مېمې دادىسىغا سىر ساقلىمايدىغانلىقى توغرىسىدا بەرگەن ۋەدىسى بويىچە بۇ سىرنىمۇ ئېيتىۋەتكىلى تاس قالدى. لېكىن دادىسىنىڭ بۇرۇنقىغا ئوخشاش: «ئەگەر ئاپاڭ بىلسە...» دېگىنىچە كۈلۈپ كەتمەيدىغانلىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ گەپ قىلمىدى.

بىركۈنى ئەتىگىنى فېرناندا بىلەن مېمې ھويلىدا ئەتىرگۈللەرنى چاتاۋاتاتتى، فېرناندا ئۇشتۇمتۇتلا چىرقىرىۋەتتى ـ دە، مېمېنى كاپپىدە تۇرۇپ شارتتىدە تارتىۋالدى. چۈنكى، مېمې بايا ساھىبجامال رېمەدىس ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن يەردە تۇرۇپ قالغانىدى. شۇ دەقىقىلەردە پالاق ـ پۇلۇق قانات قاققاندەك بىر ئاۋاز فېرناندانىڭ قۇلىقىغا كىرىپ، ساھىبجامال رېمەدىستە كۆرۈلگەن كارامەتنىڭ قىزىدىمۇ كۆرۈلۈپ قېلىشىدىن

قورقۇپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقۇدەك بولۇپ كەتكەنىدى. شۇكرى، ئۇچقىنى كېپىنەكلەر ئىكەن. مېمي ئۇ كېپىنەكلەرنىڭ نۇردىن تۆرەلگەندەك ئۆزىچە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. ماۋرىسىئو بابىلون شۇ ئەسنادا پاترىسىيە بىرووۋنىنىڭ سوۋغىسى دەپ بىر ئورام نەرسىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. مېمي قىزىرىپ كېتىشتىن تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەرىشانلىقىنى يوشۇرۇپ، چىرايىغا تەبىئىي كۈلكە يۈگۈرتتى ـ دە، ماۋرىسىئو بابىلوننى قولىدىكى ئورامنى پېشايۋان رېشاتكىسىغا قويۇپ قويۇشقا بۇيرۇدى. چۈنكى، قولى غىچلا توپا ئىدى. شۇ چاغدا فېرناندا ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ كېسەل چىراي سېرىق ئۆڭىگىلا دىققەت قىلغانىدى، بۇ يىگىتنى بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندە ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقارغىنىدا بولسا بۇ قېتىم كۆرۈشكەنلىكى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپلا كېتىدۇ.

— بىرقىسىملا ئادەم ئىكەن، — دېدى فېرناندا، — ھازىرلا ئۆلۈپ قالىدىغاندەك كۆرۈنىدىكەن.

مېمي كېپىنەكلەر ئانامغا بەك تەسىر قىلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدى. ئەتىرگۈلنى پۈتاپ بولۇپ قوللىرىنى يۇيدى ـ دە، ھېلىقى ئورامنى ياتاق ئۆيىگە ئەكىرىپ ئاچتى. ئورامنىڭ ئىچىدىكىسى جۇڭگونىڭ بىر يۈرۈش ئويۇنچۇق قاپچۇقلىرى ئىدى. بىر ـ بىرىگە كىيدۈرۈلگەن بەش قاپچۇقنىڭ ئەڭ ئىچىدىكىسىدە بىر پارچە كارتوچكا تۇراتتى، كارتوچكىدا يېڭىلا ساۋاتى چىققان ئادەم قىينىلىپ تۇرۇپ يازغاندەك: «شەنبە كۈنى كىنوخانىدا كۆرۈشەيلى» دېگەن خەتلەر بار ئىدى. مېمي بۇ خەتنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. چۈنكى، بۇ ئورام كارىدوردا خېلى ئۇزۇن تۇرغانىدى، فېرناندانىڭ قىزىقىسىنىپ ئېچىپ بېقىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. مېمي ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ يۈرەكلىكلىكى ۋە پەم ـ پاراسىتىدىن خۇش بولدى ھەمدە ئۆزىنى چوقۇم بارىدۇ دېگەن سادىلارچە ئىشەنچىسىدىن ھەيران قالدى. مېمي شەنبە ئاخشىمى ئورېلىئانو II نىڭ خەق بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشى بارلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ساق بىر ھەپتە تەقەززالىق ئوتىدا ئۆرتەندى. شەنبە ئاخشىمى دادىسىدىن ئۆزىنى كىنوخانىدا يالغۇز قويۇشىنى، كىنو تۈگىگەندە كېلىپ ئېلىپ كېتىشىنى ئۆتۈنۈپ ئاخىر قايىل

قىلدى. كىنوخانىدا چىراغ ئۆچمەي تۇرۇپلا كىيىنەكلەر بېشىدا پىلدىرلاپ ئۇچۇشقا باشلىدى. كىنو باشلىنىدىغان ۋاقىتتا چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ تۇرۇشىغىلا ماۋرىسىئو بابىلون پەيدا بولۇپ يېنىدا ئولتۇردى. مېمىغا شۇ تاپتا ئۆزى ساراسىمە پاتقىقىغا پېتىپ قېلىپ تىركىشىۋاتقاندەك، خۇددى چۈشىدە كۆرگىنىدىكىدەك مۇشۇ بىنزىن پۇراپ تۇرىدىغان ئادەمدىن باشقىسى ئۆزىنى قۇتۇلدۇرالمايدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— كەلمىگەن بولسىڭىز، — دېدى ماۋرىسىئو بابىلون، — مېنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيتتىڭىز.

مېمې ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ قولىنى ئۆزىنىڭ تىزىغا قويغانلىقىنى سەزدى، شۇنداقلا ئەمدى ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى.

— شۇ يېرىڭىزنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى مېمې كۈلۈمسىرەپ، — سىز ھەمىشە دېمەيدىغان گەپنىلا دەيدىكەنسىز.

ماۋرىسىئو بابىلونغا كۆيۈپ قالغاندى، ئىشىق ئوتىدا ئۇيقۇدىن بىدار بولۇپ، گېلىدىن غىزا ئۆتمەي غېرىبلىققا پاتتى، ھەتتا دادىسىمۇ يولىغا ياتتاق بولۇپ تۇيۇلدى. مېمې ئاشىقى بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ كويىدا بولۇشچە يالغان ـ ياۋىداق توقۇپ فېرناندانى قايماقتۇرۇپلاۋەتتى. ئەمدى دوستلىرىنى تاشلىدى، قائىدىنى بۇزۇپ ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا ماۋرىسىئو بابىلون بىلەن كۆرۈشۈۋېرەتتى. دەسلەپتە ماۋرىسىئو بابىلوننىڭ قوپاللىقىنى ياقتۇرمىغانىدى. ئىككىسى تۇنجى قېتىم ئاپتورېمونت زاۋۇتىنىڭ كەينىدىكى بوشلۇقتا يالغۇز ئۇچراشقاندا، ماۋرىسىئو بابىلون خۇددى بىر يىرتقۇچتەك قىلچە ئايىماي نازۇك يەرلىرىنى مىجىقلاپ ۋە قىيناپ ھېچ ھالىنى قويمىغانىدى. مېمې كېيىن بۇنىڭمۇ بىر خىل ئامراقلىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى ـ دە، تېخىمۇ ئارامى بۇزۇلۇپ، ماۋرىسىئو بابىلوندىن پەقەتلا ئايرىلالمايدىغان، ئاشىقىنىڭ بىنزىن ۋە شۇلتا پۇرىقى ئارىلىشىپ كەتكەن كىشىنى مەست قىلغۇچى ھىدى ئىچىدە مەسۇ ـ مەستانە بولۇپ كېتىشنى ئىستەيدىغان بولۇپ قالدى. ئامارانتا ئۆلۈپ كېتىشتىن سەل ئىلگىرى ئازىراق ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ، ئىستىقبالىنىڭ خىرەلىكىدىن ئەندىشىگە چۈشكەنىدى. بۇ چاغدا قارتا بىلەن پال

ئاچىدىغان بىر ئايالنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ غىپپىدە شۇ ئايالنىڭ يېنىغا باردى. بۇ ئايال پىلار تېرنېرا ئىدى. ئىشكتىن كىرىپ كەلگەن مېمېنى كۆرۈپلا كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى.

ئولتۇرۇڭ، — دېدى پىلار تېرنېرا، — بۇئېندىيەلەرگە پال ئاچسام قارتىمۇ ئىشلەتمەيمەن.

مېمې يۈز ياشلىق بۇ ئايال پېرخوننىڭ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ مومىسى بولىدىغانلىقىنى بىلمىدى ھەم مەڭگۈ بىلمەيتتى، بىلگەن تەقدىردىمۇ ئىشەنمەيتتى. پىلار تېرنېرا ئۇنىڭغا ئىشىق ئوتى پەقەت يوتقاندىلا ئۆچىدۇ، دېدى. مېمې قىلچە يوشۇرماي ئېيتىلغان بۇ گەپكە ئىشەنمىدى. ماۋرىسىئو بابىلونىمۇ شۇنداق قاراشتا ئىدى، مېمېنىڭ بۇنىڭغىمۇ ئىشەنگىسى كەلمەي، بۇنى بىلمىسىز كاسىپلارنىڭ خاتا قارىشى دەپ ئويلىدى. مېمېنىڭ قارىشىچە، مۇھەببەتنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى يەنە بىر خىل ئۇسۇلىنى يېڭەلەيتتى، بۇ خۇددى ئاشقازان قانائەت ھاسىل قىلسا، ئادەمنىڭ قورسىقى ئاچمىغانغا ئوخشاش بىر ئىش ئىدى. پىلار تېرنېرا مېمېنىڭ بۇ خاتا قارىشىنى تۈزىتىپلا قالماي، مېمېنىڭ بوۋىسى ئاركادىئوغا، كېيىن ئورېلىئانو خوسقا ھامىلىدار بولغان ھېلىقى كاناپ ئەدىيال سېلىنغان كونا كارىۋىتىنى ئۇنىڭغا ئۆتنە بېرىپ تۇردى. مېمېغا قىچا مەلھەمى بىلەن ھوردىنىپ ھامىلىدارلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى ھەمدە كۆتۈلمىگەندە بويىدا قالسا ئاۋارىچىلىقنى تۈگىتىدىغان، ھەتتا «ۋىجدان ئازابى»دىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىر خىل رېتسېپنىمۇ ئۆگىتىپ قويدى. مېمې شۇ سۆھبەتتىن كېيىن ھېلىقى ئاخشىمى ئىچىپ مەست بولۇپ قالغاندەك يۈرەكلىك بولۇپ كەتتى. ھالبۇكى، ئامارانتانىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن بۇ پىلاننى كېچىكتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۆيدىكىلەر مېيىتنىڭ بېشىدا تۇرغان توققۇز كۈن ئىچىدە پەتىگە كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇۋالغان ماۋرىسىئو بابىلوندىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىدى. كېيىن ئۇزاققا سوزۇلغان قارىلىق باشلاندى، قارىلىق مەزگىلىدە ئىشىك تاقىلىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى چەكلەندى.

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ۋاقتىنچە ئايرىلىپ تۇردى. مېمي شۇ كۈنلەردە ئىچى تىت ـ تىتلىقتا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كەتتى، قاتتىق ئىچى پۇشۇپ، هاياجىنىنى باسالماي قالدى. شۇڭا ئۆيدىن چىقىشقا رۇخسەت قىلىنغان بىرىنچى كۈنى ئاخشىملا ئۇدۇل پىلار تېرنېرانىڭ ئۆيىگە چاپتى. شۇ يەردە ماۋرىسىئو بابىلونغا ئۆزىنى بېغىشلىدى، قارشىلىق كۆرسەتمەي، نېزىقاپ ئولتۇرماي هەم ئويلۇپمۇ ئولتۇرماي شۇنداق بىر تۇغما تالانتىنى ۋە ئاجايىپ ئەقلىنى نامايان قىلدىكى، ئەگەر ئاشىقى گۇمانخور ئەر بولۇپ قالغان بولسا، مېمىنى بۇ ئىشقا پىشىپ كەتكەن قاغدالما ئىكەن دەپ قالغان بولاتتى. ئۇ ئىككىسى كېيىنكى ئۈچ ئايدا هەپتىسىگە ئىككى قېتىم تېپىشىپ تۇردى. هېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئورېلىئانو II قىزىنى قانات ئاستىغا ئالاتتى، گۆدەكلىك قىلىپ قىزىنىڭ باهانىلىرىغا گۇۋاهلىق بېرەتتى، پەقەت قىزىنى ئانىسىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپلا شۇنداق قىلاتتى.

فېرناندا مېمي بىلەن ماۋرىسىئو بابىلوننى كىنوخانىدا تۇيۇقسىز تۇتۇۋالغان ئاخشىمى ئېغىر ۋىجدانىي ئازابتا قالغان ئورېلىئانو II قىزى سولانغان هۇجرىغا كىردى. قىزىنىڭ جىمى سىرىنى ئېيتىپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. بىراق، مېمي كەسكىن رەت قىلىۋەتتى ۋە ئۆز گېپىدە شۇ قەدەر چىڭ تۇرۇۋالدىكى، ئورېلىئانو II ئەمدى قىزى ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا هېچقانداق يېقىنچىلىقنىڭ قالمىغانلىقىنى، دادا ـ باللىق مېهرىنىڭ كۆتۈرۈلۈپلا كەتكەنلىكىنى هېس قىلىپ يەتتى. ماۋرىسىئو بابىلون بىلەن سۆزلىشىپ باقماقچىمۇ بولدى، ئۆز ۋاقتىدىكى غوجايىنىنىڭ يۈز ـ ئابرۇيى ئۇ يىگىتنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس ئىدى. بىراق، پېترا كېتىس ئۇنى قىزىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماسلىققا قايىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىسالدى بولۇپ قالدى هەمدە قاماقنىڭ قىزىنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرالىشىنى تىلىدى.

مېمي هېچبىر ئازابلانغاندەك قىلمايتتى. ئۇرسۇلا ئارىتام ئۆيدىكى مېمىنىڭ بەهۇزۇر ئۇخلاۋاتقانلىقىنى، نورمال يېتىپ ـ قوپۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، تامىقىنىمۇ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا يەۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇردى. ئۇرسۇلانىڭ بىردىنبىر چۈشىنەلمەي

گاڭگىراپ قالغىنى شۇ بولدىكى، مېمې ئىككى ئايغا يېقىن داۋاملاشقان قاماق جازاسى مەزگىلىدە باشقىلارغا ئوخشاش مۇنچىدا ئەتىگىنى ئەمەس، ئاخشىمى سائەت يەتتىدە يۇيۇناتتى. ئۇرسۇلا بىركۈنى مېمېنى چاياندىن پەخەس بول، دەپ ئاگاھلاندۇرماقچى بولغانىدى، مېمېنىڭ ئۇلۇغ مومام چېقىشتۇرغاچقا مۇشۇ كۈنگە قالدىم دەپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئويلاپ، كوت - كوت دېگەن ئاتقا قالماي يەنە دېگەن ئويدا بۇ نىيىتىدىن يالتايدى.

قاراڭغۇ چۈشەر ـ چۈشمەيلا ئۆيگە سېرىق كېپىنەكلەر توشۇپ كېتەتتى. مېمې ھەر ئاخشىمى مۇنچىدىن چىققىنىدا ئۈمىدسىزلەنگەن فېرناندانىڭ كېپىنەك ئۆلتۈرىدىغان دورا چېچىۋاتقانلىقىنى بايقايتتى.

— ۋاي نەسچىلىك، — قاخشايتتى فېرناندا، — كېچىدىكى كېپىنەك بالا ـ قازانىڭ بېشارىتى، دېگەن گەپ بار ئىكەن.

مېمې بىر قېتىم مۇنچىغا كىرىپ كەتكەندە فېرناندا قىزىنىڭ ياتاق ئۆيىگە كىرىپ قېلىپ، ئۆيدە پىلدىرلاپ يۈرگەن كېپىنەكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن تۇنجۇقۇپ قالغىلى تاسلا قالدى ۋە بىر لاتىنى ئېلىپ كېپىنەكلەرنى قوغلاشقا باشلىدى. قىزىنىڭ كېچىسىمۇ يۇيۇنىدىغانلىقى بىلەن يەردە چېچىلىپ ياتقان قىچا مەلھىمىنى بىرلەشتۈرۈپ ئويلاپ قورققىنىدىن قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. فېرناندا ئالدىنقى قېتىمغا ئوخشاش ئەپلىك پۇرسەت كۈتۈپ ئولتۇرماي، ئەتىسىلا ئۆزىگە ئوخشاشلا ئىچكى ئۆلكىدىن كەلگەن يېڭى بازار باشلىقىنى ئۆيگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. تاماق ئۈستىدە يېقىندىن بۇيان توخۇ ئوغرىسى پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، كېچىسى ئارقا ھويلىغا بىر ساقچى قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى. مېمې شۇ كۈنى كېچىدە خۇددى يېقىندىن بۇيان ھەر كۈنى كېچىسىدىكىدەكلا مۇنچىدا كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ قېپيالىڭاچ پېتىچە ئىشىق دەردىدە تىترىگىنىچە ماۋرىسىئو بابىلوننى كۈتۈپ تۇراتتى، ئەتراپىنى چايانلار ۋە كېپىنەكلەر بىر ئالغانىدى. ماۋرىسىئو بابىلون بىر چاغدا تورۇسنىڭ كاھىشىنى قومۇرۇۋېتىپ مۇنچىغا سەكرەپ چۈشۈشكە تەمشىلىپ تۇراتتى،

ھېلىقى ساقچى مىلتىقى بىلەن پاڭگىدە بىر پاي ئوق ئېتىپ تىك چۈشۈرۈۋەتتى. ماۋرىسئو بابىلون ئومۇرتقىسىغا تەگكەن ئوق بىلەن ئېغىر يارىلانغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئورنىدىن تۇرالمىدى، قېرىپ ئۆلگىچە غېرىبلىقتا ئۆتتى. بىركىمدىن ئاغرىنىپ بىرەر ئېغىز غۇدۇراپمۇ قويمىدى، ھېچكىمگە ۋارقىراپ نارازىلىق بىلدۈرۈپمۇ باقمىدى، شۇنداقلا ھەقىقىي ئەھۋالنى قىلچە ئاشكارىلاش غەرىزىدىمۇ بولمىدى. تاكى ئۆلگەنگە قەدەر ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىلەرنىڭ، بىردەممۇ ئارام بەرمەيدىغان سېرىق كېپىنەكلەرنىڭ، خالايىقنىڭ ئوغرى دەپ تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكلىرىنىڭ دەردىنى تارتىپ ئۆتتى.

# ئون بەشىنچى باب

مىمي بۇئىندىيەنىڭ ئوغلى ئۆيگە ئىلىپ كىلىنگەندە ماكوندونى ئەجەللىك زەربىگە ئۇچرىتىدىغان ئىشلار بارا ـ بارا ئاشكارىلىنىشقا باشلىغانىدى. پۈتۈن بازار ساراسىمە ۋە ئەنسىزلىككە چۆمگەن بولغاچقا، خەقنىڭ ئۆيىدە يۈز بەرگەن سەتچىلىك بىلەنمۇ ھېچكىمنىڭ كارى يوق ئىدى. فېرناندا مۇشۇ پايدىلىق پۇرسەتتە بۇ بالىنى يوشۇرۇپ قويۇپ، كىشىگە بۇ ئائىلىدە ئەزەلدىن بۇنداق بىر بالا بولۇپ باقمىغاندەكلا تۇيغۇ بەردى. بۇ بالا ئىلىپ كىلىنگەندە ۋەزىيەت جىددىيەك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆز نەۋرىسى ئىكەنلىكىدىن تېنىۋالىمەن دېمۇ تېنىۋالالمايتتى، ئەمدى ئۆمۈر بويى بۇ بالىنىڭ دەردىگە چىداپ ئۆتمەكتىن باشقا ئامالىمۇ يوق ئىدى. بۇ بالىنى مۇنچىدا سۇغا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى ـ يۇ قولى بارمىدى. شۇنىڭ بىلەن پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ زەرگەرخانىسىغا سولاپ قويدى ۋە سانتا سوفىيە دېلا پېدادقا يالغان ئېيتىپ، بۇ بالىنى دەريادا ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر سېۋەتتىن تېپىۋالغانلىقىغا ئىشەندۈردى. ئۇرسۇلا تاكى جان ئۈزگىچە بۇ بالىنىڭ سىرىنى زادىلا بىلەلمەي ئۆتتى. بىر كۈنى كىچىك قىزچاق ئامارانتا ئۇرسۇلا زەرگەرخانىغا شۇنداقلا كىرىپ قالغاندا، فېرناندا ئۇ يەردە بالىغا بىرنەرسە يېگۈزۈپ ئولتۇراتتى. بۇ قىزچاقمۇ سېۋەت ھەققىدىكى گەپكە ئىشەندى. خوتۇنىنىڭ بولمىغۇر قىلىقلىرىنىڭ مېمىنى نابۇت قىلغانلىقىنى كۆرگەن ئورېلىئانو II ئاخىر خوتۇنىنى تاشلاپ كېتىپ قالغانىدى، نەۋرىسى بارلىقىنى ئۈچ يىلدىن كېيىنلا ئاندىن بىلدى. فېرناندا بۇ كۈنى بىخەستەلىك قىلىپ بالىنى زەرگەرخانىدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ كارىدوردا بىردەم ھايالشىپ قالغانىدى. قىپيالىڭاچ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن، ئۈجمىكى كۆركە تۇخۇنىڭ گۆشىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان بۇ بالا تۇرقىدىن ئادەمنىڭ ئەۋلادى ئەمەس، ياۋايى ئادەمنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

فېرناندا ئۆز تەقدىرىدە بۇنداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن. مەڭگۈلۈككە يوقىلىپ كېتىپ قالماي تۇرۇپ، قورقۇپ كەتكەن ۋاقىتتا، ئۇ قۇلقىغا ئاڭلانغان «ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى بىلەن ئادەمنى مەست قىلىدىغان، لېكىن ئادەمنىڭ ئىچ-ئىچىدىن بىزار قىلىدىغان» نەرسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. «بۇ نېمىدىگەن ئاجايىپ ئىش» دېدى ئۇ، ئەمما ئۇ قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدى.

— يوق، رىناتا.

فېرناندا ھېچقانداق چۈشەنچە بەرمىدى، مېمېمۇ نېمە ئىشلىقىنى سورىمىدى ھەم سورىغىسىمۇ كەلمىدى. مېمې نەگە بارىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. نىھايەت، ئۆلتۈرگىلى ئېلىپ بارماقچى بولسىمۇ رازىلىقى بىلەن بېرىۋەرگەن بولاتتى. ئارقا ھويلىدىن پاڭگىدە ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماۋرىسىئو بابىلونىڭ ئاغرىق دەستىدە ۋارقىرىۋەتكەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى، تاكى ئۆلگىچە زۇۋان سۈرمىدى. ئانىسى ئۆيدىن چىقىشقا بۇيرۇغاندا چېچىنى تارىمىدى، يۈزىنىمۇ يۇيمىدى. شۇ ھالەتتە كېچە سەيلىسى قىلىۋاتقان ئادەمدەك پويىزغا چىقتى. تېخىچە بېشىدا ئۇچۇپ يۈرگەن سېرىق كېپىنەكلەرگىمۇ پەرۋا قىلمىدى. فېرناندا قىزىنىڭ ئۈندىمەسلىكىنىڭ سەۋەبى ئىرادىسىنىڭ چىڭلىقى ياكى زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىنكى تىلى تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. مېمې ئۆتكەن كۈنلەردە ئاۋاتلىشىپ ھاي-ھاي بولۇپ كەتكەن جايلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ سەپەرگە ھېچ قىزىقمىغاندەك قىلمايتتى. تۆمۈريولنىڭ ئىككى چېتىدىكى بىپايان ياپيېشىل بانانزارلىقمۇ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئاق ئۆيلىرىگىمۇ، ئىسسىق ۋە توپا-چاڭ تۇپەيلىدىن چۆلدەرەپ قالغان گۈللۈكلىرىگىمۇ، كالتە ئىشتان، كۆك يوللۇق كوپتا كىيىپ كارىدورلاردا قارتا ئويناۋاتقان ئاياللارغىمۇ، توپا-تۇمان تۇزۇپ تۇرغان يولدا لىق بانان بېسىپ كېتىۋاتقان كالا ھارۋىلىرىغىمۇ، سۇپسۈزۈك ئېقىنلاردا بېلىقتەك پىلتىڭلاپ

ئويناۋاتقان، كۆتۈرۈلۈپ چىققان سېھىرلىك كۆكسى پويىزدىكى يولۇچىلارنى تەشنا قىلىپ جېنىنى قىينايدىغان قىزلارغىمۇ، ئىشچىلار ئولتۇرۇشلۇق رەتسىز ۋە ئەبجەق كەپىلەرگىمۇ قاراپ قويمىدى. ماۋرىسېئو بابىلوننىڭ سېرىق كېپىنەكلىرى ئۇ كەپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى، چىرايى كۆكۈرۈپ كەتكەن، ئورۇقلىقىدىن سۆڭەكلىرى پولتىيىپ تۇرغان باللار ئۇ كەپىلەرنىڭ ئالدىدىكى ئىدىشلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشاتتى، ئېغىر ئاياغ ئاياللار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزغا قاراپ ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىشاتتى. مېمې بىر چاغلاردا موناستىر مەكتىپىدىن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىدا ھازىر غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي قالغان، ئەمدىلىكتە بولسا بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ قەلبىنى قىلچىلىك ھاياجانلاندۇرالمىدى. بانانزارنىڭ نەمخۇش ئىسسىق ھاۋاسى غايىب بولدى، پويىز ئەپيۇن گۈللىرى ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، ھېلىقى چوڭ يەلكەنلىك ئىسپانىيە كېمىسىنىڭ كۆيۈك گەۋدىسى ھازىرغىچە چوقچىيىپ تۇرغان دالادىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۇژغۇنلاپ تۇرغان پاسكىنا دېڭىز بويىغا، بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بەربات بولغان جايغا قاراپ چاپماقتا ئىدى، مېمې بولسا دېرىزىدىن قاراپمۇ قويمايتتى.

ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە سازلىق رايوننىڭ باش بېكىتىگە يېتىپ باردى. فېرناندا مېمېنى ۋاگوندىن يېتىلەپ چىقتى، ئاندىن يوغان شەپەرەڭگە ئوخشاپ كېتىدىغان خادىكقا ئولتۇرۇپ، چۆلدەرەپ قالغان بىر شەھەردىن ئۆتتى، خادىكقا قوشۇلغان ئات ئېغىر پۇشۇلدايتتى. بۇ شەھەرنىڭ ئايىغى چىقماس ئۇزۇن شورتاڭ كوچىسىنىڭ ئاسمىنىدا فېرناندا قىز چاغلىرىدا ھەر كۈنى چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا ئاڭلايدىغان كىلاسسىك پىيانىنو ئاۋازى ياڭراپ تۇراتتى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەن قىپقىزىل دات بېسىپ كەتكەن بىر پاراخوتقا چىقتى. پاراخوتنىڭ پىلدىرلاپ ئايلىنىۋاتقان ياغاچ چاقلىرى قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىپ پىلدىرلايتتى. مېمې پاراخوت بۆلمىسىگە بېكىنىۋېلىپ پەقەتلا چىقمىدى. فېرناندا ھەر كۈنى ئىككى قېتىم مېمېنىڭ كارىۋىتىنىڭ بېشىغا بىر تەخسىدىن تاماق قويۇپ قوياتتى، يەنە ھەر كۈنى ئىككى

قېتىم شۇ پېتى تۇرغان تاماقنى ئېچىقىپ كېتەتتى. مېمى تاماقنى ئاچلىقتىن ئۆلۈشكە بەل باغلىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تاماقنىڭ پۇرىقىدىن ھۆ تۆتۈپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈنلا يېمەيتتى، ھەتتا سۇ ئىچىشمۇ ياندۇراتتى. مېمى قىچا مەلھەمى بىلەن ھوردالغانلىقى قىلچە پايدىسى بولمىغىنىغا تېخىچە ئىشەنمەي يۈرەتتى، فېرناندامۇ بىر يىلدىن كېيىن ئېلىپ كېلىنگەن بالىنى كۆرگەندىن كېيىنلا ئاندىن بىلدى. مېمى توختىماي ئىرغاڭلاپ تۇرغان پاراخوت بۆلمىسىنىڭ دىمىق ئىسسىقىدا، پاراخوت چاقلىرىدىن چاچراۋاتقان لاتقا پۇرىقىدا بېشى قېيىپ ھەپتىگە نەچچە، ئايغا قانچە بولغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرىپ بولالمايتتى. ئارىدىن خېلى بىر چاغ ئۆتكەندە ئەڭ ئاخىرقى سېرىق كېپىنەكنىڭ شامالدۇرغۇچنىڭ پالاقلىرى ئارىسىدا سوقۇلۇپ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ ماۋرىسىئو بابىلونىڭ ئۆلگەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بىراق، مېمى تەقدىرگە تەن بەرمەي سۆيگىنىنى يول بويى ئەسلەپ ماڭدى. شۇ ئارىلىقتا ئانىسى بىلەن قېچىرلىق يول يۈرۈپ، بىر چاغلاردا ئورېلىئانو II دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل قىزنى ئىزدەپ ماڭغاندا ئېزىپ قالغان تىلسىماتتەك چاتقاللىق جاڭگالدىن ئۆتتى. ئاندىن ئىندىيانلار ئاچقان چىغىر يولنى بويلاپ تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تاش ياتقۇزۇلغان يوللىرىدا ئوتتۇز ئىككى چېركاۋنىڭ ماتەم قوڭغۇراقلىرى تەڭلا جىرىڭلايدىغان ھېلىقى سۈرلۈك شەھەرگە كىردى. ئۇلار شۇ ئاخشىمى مۇستەملىكە ئۇسلۇبىدىكى قەدىمىي بىر تاشلاندۇق قورۇدا قوندى. فېرناندا ياۋا ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەن ئۆيگە كىرىپ، داق يەرگە كارىۋات ئورنىدا شال ياتقۇزدى، ئەسكىرەپ كەتكەن دېرىزە پەردىسىنى چۇشۇرۇۋېلىپ يوتقان ئورنىدا يېپىندى، چىرىپ كەتكەن بۇ پەردىلەر سەللا ئۆرۈلسە تىتىلىپ كېتەتتى. مېمى ئۆزلىرىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى پەملەپ يەتتى. چۈنكى، ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالماي ياتقاندا، قارا كىيىملىك بىر مۆتىۋەر كۆز ئالدىدا زاھىر بولدى، بۇ مۆتىۋەر ئۇزاق يىل ئىلگىرىكى بىر روژدېستۋا ھارپىسىدا قوغۇشۇن ئۆكەككە سېلىنىپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلغان كىشىنىڭ ئۆزى ئىدى. فېرناندا ئەتىسى ئىبادەتتىن كېيىن مېمىنى قاراڭغۇ بىر ئىمارەتكە باشلاپ كىردى. مېمى بۇ يەرنىڭ ئانىسى تولا تىلغا ئالىدىغان، ئىلگىرى

ئۆزى ئايال پادىشاھ بولۇش ئۈچۈن تەلىم ـ تەربىيە ئالغان موناستىر ئىكەنلىكىنى دەرھال تونۇۋالدى ـ دە، سەپەرنىڭ تاماملانغانلىقىنى بىلدى. فېرناندا مېمېنى تاملىرىغا مۇستەملىكە دەۋرىدە ئۆتكەن ئېپىسكوپلارنىڭ رەسىملىرى ئېسىۋېتىلگەن يوغان بىر مېھمانخانىدا قالدۇرۇپ، ياندىكى ئۆيگە بىرىكىم بىلەن سۆزلەشكىلى كىرىپ كەتتى. مېمې ئۈچىسىدا ئۇششاق قارا گۈللۈك نېپىز كۆڭلىكى ۋە جەزىرىدىن ئۆتكىچە سوغۇقتا ماكچىيىپ كەتكەن ئېگىز قونچلۇق ئۆتۈكى بىلەنلا بولغاچقا توڭلاپ تىترەپ كەتتى. مېھمانخانىنىڭ رەڭلىك دېرىزە ئەينەكلىرىدىن سارغۇچ يورۇق چۈشۈپ تۇراتتى، مېھمانخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان مېمې شۇ تاپتا ماۋرىسئو بابىلوننى سېغىنىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا يان ئۆيدىن ناھايىتى چىرايلىق بىر موناخ مېمېنىڭ ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان ئۈچ قۇر كىيىمى سېلىنغان چامادانىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەلدى ـ دە، مېمېنى يانداپ ئۆتكەچ توختىمايلا قولىنى ئۇزاتتى:

— يۈرۈڭ، رېناتا.

مېمې ئىتائەتمەنلىك بىلەن موناخنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئارقىسىدىن ماڭدى. بۇ فېرناندانىڭ قىزىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشى ئىدى، قىزى ھېلىقى موناخنىڭ كەينىدىن موناستىرنىڭ تۆمۈر قاشاسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئۆتۈپ كۆزدىن غايىب بولدى. مېمې شۇ تاپتىمۇ ماۋرىسئو بابىلوننى، تېنىدىكى بېنزىن پۇرىقىنى، يېنىدىن نېرى بولماي ئۈچۈپ يۈرىدىغان سېرىق كېپىنەكلەرنى سېغىنىپ تۇراتتى، مېمېنىڭ سېغىنچى تاكى نۇرغۇن يىلدىن كېيىنكى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى كراكوۋدىكى بىر قاراڭغۇ دوختۇرخانىدا ئۆلگەنگە قەدەر داۋاملاشتى. شۇ چاغقا قەدەر ئات ـ زاتىنى ئۆزگەرتىپ، ئۆمۈر بويى زۇۋان سۈرمەي ئۆتكەنىدى.

فېرناندا قورالىق ساقچىلار قوغداپ ماڭغان بىر پويىزغا ئولتۇرۇپ ماكوندوغا قايتىپ كەلدى. يول بويى يولۇچىلارنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى، تۆمۈريول بويلىرىدىكى شەھەر ـ بازارلاردا تۇرۇشلۇق قوشۇنلارنىڭ ھەربىي ھالەتكە ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ چوڭ بىر ئەنسىزلىكنى سەزدى، لېكىن زادى نېمە ئىشلىقىنى بىلەلمىدى، ماكوندوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا خوس ئاركادىئو II نىڭ بانانزارلىقتىكى

ئىشچىلارنى ئىش تاشلاشقا قوزغىتىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى.

— بەللى، ئەمدى تولۇقلىنىپتۇ، — دېدى فېرناندا ئۆز - ئۆزىگە، ئائىلىمىزدە ھۆكۈمەتسىزلەردىن بىرى كەم ئىدى!

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئىش تاشلاش ھەرىكىتى باشلاندى، ھەرھالدا ئىش تاشلاش ھەرىكىتى داۋامىدا كۆپچىلىكنىڭ ئەنسىرىگىنىدەك بىرەر ئۆلۈم - يېتىمۇ كۆرۈلمىدى، ئىشچىلار پەقەت يەكشەنبە كۈنى بانان يىغىشنى ۋە توشۇشنى رەت قىلغانىدى. بۇ تەلەپ ناھايىتى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى، ھەتتا پوپ ئانتونىئو ئىسابېلمۇ بۇنى تەڭرىنىڭ مۇقەددەس مىزانىغا ئۇيغۇن دەپ قاراپ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ ۋە كېيىنكى بىرنەچچە ئايدا پارتلىغان باشقا ھەرىكەتلەرنىڭ غەلىبىسى نەتىجىسىدە بۇرۇن ھېچبىر نامى چىقمىغان خوسې ئاركادىئو II نىڭ داڭقى پۈتۈن ئەلگە پۇر كەتتى. ئەل - جامائەت بۇرۇن ئاركادىئو II نى پۈتۈن بازارنى فىرانسۇز پاھىشىلەر بىلەن تولدۇرىۋېتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدۇ دېيىشەتتى. خوسې ئاركادېئو II خۇددى بۇرۇن ئۆشتۈمتۇتلا سوقۇشچى خورازلىرىنى سېتىۋېتىپ تۇترۇقسىز سۇ ترانسپورتى كەسپىگە تۇتۇش قىلغىنىغا ئوخشاش، بانان شىركىتىنىڭ نازارەتچىسلىك خىزمىتىنى تاشلاپ ئىشچىلار تەرەپتە تۇردى. ھۆكۈمەت ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى خەلقئارا سۇيىقەستچىلەر گۇرۇھىنىڭ گۇماشتىسى، جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ بۇزغۇنچىسى دەپ جاكارلىدى. مىش - مىش گەپلەر يامراپ كەتكەن كۈنلەر ئىدى، خوسې ئاركادېئو II بىركۈنى كېچىدە مەخپىي يىغىندىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا بىركىمنىڭ يوشۇرۇن ئاتقان تۆت پاي ئوقىدىن خۇددى بىر مۆجىزە يارالغاندەك ئامان قالدى. كېيىنكى بىرنەچچە ئاي ئىچىدە ۋەزىيەت شۇ قەدەر جىددىيلەشتىكى، ھەتتا ئۆزىنىڭ قاراڭغۇلۇقتا ياتقان ئۇرسۇلامۇ سېزىۋېلىپ، خۇددى ئوغلى پولكوۋنىك ئورېلىئانو يانچۇقىنى «شېكەر كومىلىچى» بىلەن تولدۇرۇپ قوزغىلاڭ پىلانلىغان خەتەرلىك زامانلارغا بېرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇرسۇلا خوسې ئاركادىئو II نى بۇرۇنقى ساۋاقلاردىن ئىبرەت ئېلىپ نىيىتىدىن يېنىشقا دەۋەت قىلاي دېۋىدى، ئورېلىئانو II ئۇلۇغ مومىسىغا سۇيىقەستكە ئۇچرىغان شۇ كېچىدىن كېيىن

قېرىندىشىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولغانلىقىنى ئېيتتى.

ــ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۆزىلا بولۇپ چىقتى، ــ دېدى ئۇرسۇلا ئۇھ تارتىپ، ــ جاھان بىر ئىزىدا چۆرگىلەۋاتقاندەك قىلىدۇ.

فېرناندا بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە سىرتتا بولۇۋاتقان ئەنسىزلىكتىن پەرۋايى پەلەك بىرھالدا بەخىرامان ئۆتۈۋەردى. ئېرى ئۇنىڭ ئۆز ماقۇللۇقىنى ئالمايلا مېھمىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىۋەتكەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ قاتتىق جىدەللەشكەندى، فېرناندا شۇنىڭدىن كېيىن سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزدى. ئورېلىئانو II قىزىمنى موناستىردىن قايتۇرۇپ چىقىمەن، زۆرۈر تېپىلسا ساقچىلارنى ياردەمگە چاقىرىمەن دەپ تەھدىت سېلىشۇىدى، فېرناندا ئېرىگە بىرنەچچە پارچە قەغەزنى كۆرسەتتى. بۇ قەغەزلەر مېمېنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن موناستىرغا كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى. ئەمەلىيەتتە بولسا، مېمې بۇ قەغەزلەرگە قول قويغىنىدا تۆمۈر قاشانىڭ ئىچىدە بولغاچقا، خەق يېتىلەپ ئەكىرىپ كەتكەن چاغدىكىدەكلا گاراڭ بىرھالدا ئىدى. ئورېلىئانو II ماۋرىسىئو بابىلونىنىڭ قورۇغا توخۇ ئوغرىلىغىلى كىرگەنلىكىگە ئىشەنمىگىنىگە ئوخشاشلا، كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە ئۇ ھۆججەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. شۇنداقتىمۇ فېرناندانىڭ بۇ ئىككى ۋەقە توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرى ئارقىلىق ئۆز كۆڭلىگە تەسەللى بەردى ـ دە، ئارتۇقچە ئۆكۈنۈپ ئولتۇرمايلا پېترا كېتىسنىڭ قوينىغا قايتىپ كىرىپ، زىياپەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشىنى قايتىدىن باشلاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، فېرناندا پۈتۈن بازارنى بىر ئالغان ئەنسىزلىككە پەرۋا قىلماي، ئۇرسۇلانىڭ قورقۇنچلۇق بېشارەتلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي ئەڭ ئاخىرقى پىلانىغا تۇتۇش قىلدى.

دەسلەپكى باسقۇچتا يوپ بولغان خوس ئاركادىئوغا ئۇزاق بىر پارچە خەت يېزىپ، سىڭلىسى رېناتانى سېرىق قىزىتما كېسىلى تۇپەيلىدىن تەڭرىنىڭ جەننىتىدىن ئورۇن ئالدى دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئامارانتا ئۇرسۇلانى سانتا سوفىيە دېلا پېدادقا تاپشۇرۇپ، يەنە ھېلىقى سىرلىق دوختۇر بىلەن بولغان خەت ـ ئالاقىسىغا كىرىشىپلا كەتتى. بىرىنچى بولۇپ شۇكەمگىچە كەينى ـ كەينىدىن كېچىكتۈرۈلۈۋەرگەن

روھمي جەرراھلىق ئوپېراتسىيەسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاي ـ كۈنىنى بېكىتتى. بىراق، ئۇ سىرلىق دوختۇر ماكوندودىكى مالىمانچىلىق بېسقماي تۇرۇپ بۇنداق ئوپېراتسىيەنى قىلىش يېنىكلىك بولىدۇ، دەپ جاۋاب يازدى. ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ كېتىۋاتقان ۋە سىرتتىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر يۈرۈۋاتقان فېرناندا يەنە بىر پارچە خېتىدە، بازاردا ھېچقانداق قالايمىقانچىلىق يوقلۇقىنى، ھەممە ئىش ئېرىنىڭ بىشەم ئاكىسىنىڭ ئالىقاپلىقىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، يېقىندىن بېرى كاللىسى قىزىپ كېتىپ قانداقتۇر ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى قۇرماقچى بولغانلىقىنىڭمۇ بۇرۇن سۇ يولى ئېچىپ كېمە سالماقچى بولغىنىدەكلا بىر ئەمەلگە ئاشمايدىغان ساراڭلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. فېرناندا دوختۇرلار بىلەن بىردەك پىكىرگە كېلىپ بولالماي تۇراتتى، پىژغىرىم ئىسسىق بىر روزا كۈنى كىچىك سېۋەتنى كۆتۈرۈۋالغان قېرى موناخ ئىشىكنى قاقتى. ئىشىكنى ئاچقان سانتا سوفىيە دېلا پېداد بىرى سوۋغا ئەۋەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ موناخنىڭ قولىدىن نەپىس چىلتەك تۇتۇلغان داستىخان يېپىقلىق سېۋەتنى ئالماقچى بولدى. لېكىن قېرى موناخ بەرمەي، بۇنى ئەۋەتكەن ئادەم سېۋەتنى قەتئىي مەخپىي ھالدا فېرناندا دېل كارپىئو بۇئېندىيە خانىمنىڭ ئۆز قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمنى جېكىلىگەن، دېدى. سېۋەتنىڭ ئىچىدە مېمېنىڭ ئوغلى ياتاتتى. ئىلگىرى فېرناندانىڭ تونۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان پوپ ئەۋەتكەن خەتتە: بۇ بالا ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا تۇغۇلدى، ئانىسى ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئېمىلىكىنى دېگىلى ئۇنىمىغاچقا، بىز بۇ بالىغا ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ يالدامىسى بولۇپ قالسۇن دېگەن ئوي بىلەن ئورېلىئانو بۇئېندىيە دەپ ئىسىم قويۇپ چوقۇندۇردۇق دەپ يازغانىدى. فېرناندا تەقدىرنىڭ بۇ مەسخىرىسىدىن نەپرەتلىنىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. لېكىن موناخنىڭ ئالدىدا چاندۇرمىدى.

— بۇ بالىنى دەريادىن ئېقىپ كەلگەن سېۋەتتىن تېپىۋالدۇقلا دەيلى، — دېدى فېرناندا كۈلۈمسىرەپ.

— بۇ گەپكە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، — دېدى موناخ.

— ئەل ـ جامائەت «ئىنجىل»غا ئىشەنسە، — دېدى فېرنادا رەددىيە بېرىپ، — بۇ

گېپىمگە ئىشەنمەيدىغان ھېچقانداق ئاساسى يوق.

موناخ قايتىپ كېتىدىغان پويىزنى كۈتكەچ بۇئېندىيەلەرنىڭ ئۆيىدە چۈشلۈك تاماقنا ئولتۇرۇپ قالدى. موناستىردىكىلەرنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن بالىنىڭ ئىشىنى زىنھار ئېغىزغا ئالمىغان بولسىمۇ، فېرناندا ئۇنى ئائىلىمىزنىڭ سەتچىلىكىنى بىلىدىغان شاھىد دەپ قاراپ، ئىچىدە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئادەت بويىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولسا، شۇم خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن دارغا ئېسىۋېتەتتۇق، دەپ خورسىنىپ كەتتى ھەمدە بۇ بوۋاقنى موناخ كېتىشىگىلا كۆلچەكتىكى سۇغا تۇنجۇقتۇرۇۋېتىشنى شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا كۆڭلىگە پۈكتى. بىراق، موناخ كەتكەندىن كېيىن بۇنداق قىلىشنى ۋىجدانى كۆتۈرمىگەچكە، شەپقەتلىك تەڭرىنىڭ ئۆزىنى بۇ يۈكتىن قۇتۇلدۇرۇشىنى تىلەپ سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

يېڭى جان ئورېلىئانو بۇئېندىيە يېشىغا تولغاندا ماكوندونىڭ ۋەزىيىتى يەنە ئۇشتۇمتۇت جىددىيلىشىپ كەتتى. شۇ چاغقىچە يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىپ كەلگەن خوس ئاركادىئو II ۋە باشقا ئۇيۇشما رەھبەرلىرى ھەپتە ئاخىرىدا تۇيۇقسىزلا بازاردا پەيدا بولدى ـ دە، بانانزارلىق تەۋەسىدىكى مەھەللىلەردە نامايىش ئۇيۇشتۇردى. ساقچىلار پەقەت تەرتىپنى قوغداش ئۈچۈنلا چىقتى. ۋاھالەنكى، دۈشەنبە كۈنى كېچىدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى كارىۋاتتىن تارتىپ تۇرغۇزۇلۇپ، پۇتلىرىغا بەش كىلولۇق ئېغىرلىقتىكى كىشەن سېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى. قولغا ئېلىنغانلار ئىچىدە خوس ئاكاردىئو II ۋە پولكوۋنىك لاۋرېنزو گاۋلانلارمۇ بار ئىدى، ماكوندوغا سەرگەردان بولۇپ كەلگەن مېكسىكا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ بۇ پولكوۋنىكى سەپدىشى ئارتېمىئو كىروزنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ھۆكۈمەت بىلەن بانان شىركىتى بۇ تۇتقۇنلارنىڭ تۈرمىدىكى تاماق پۇلىنى كىمنىڭ ئۈستىگە ئالىدىغانلىقى توغرىسىدا كېلىشەلمىگەنلىكتىن ئۈچ ئاي ئۆتمەيلا ھەممىسى قويۇۋېتىلدى. ئىشچىلار بۇ قېتىم تۇرالغۇ رايونىدا تېببىي مۇئەسسەسەلەرنىڭ يوقلىقىدىن، تېببىي مۇلازىمەت دېگىنىنىڭ پۇتۇنلەي ئادەم ئالدايدىغان گەپ ئىكەنلىكىدىن، ئەمگەك شارائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن نارازى بولۇپ

نامايىش قىلىنغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، شىركەت ئىشچىلارنىڭ ئىش ھەققىگە نەق پۇل بەرمەي، پەقەت شىركەتنىڭ ماگىزىنىدىن سۇرلەنگەن ۋېرگىنىيە چوشقا گۆشى سېتىۋالغىلى بولىدىغان پۇل ئورنىدىكى بېلەتنىلا بېرىدىغانلىقىدىنمۇ نارازى ئىدى. ئەگەر شىركەت ماگىزىنى مال تەمىنلەپ بەرمەيدىغان بولسا، يېڭى ئورلېئاندىن بۇ تەرەپتىكى بانان قاچىلىنىدىغان پىرىستانغا قايتىپ كەلگەن پاراخوتلار قۇرۇق ماڭاتتى، خوس ئاركادىئو II بانان شىركىتىنىڭ شۇ سەۋەبتىن مىۋە - چېۋىلەرنىڭ كىرا تەننەرخىنى ئازايتىش مەقسىتىدە بېلەت تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىنى پاش قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلانغانىدى. ئىشچىلارنىڭ نامايىش قىلىشىدىكى بۇنىڭدىن باشقا سەۋەبلەر ھەممە كىشىگە ئايان ئىدى. شىركەت دوختۇرلىرى كېسەللەرگە دىياگنوز قويماي ئۇلارنى ئامبۇلاتورىيە ئالدىدا ئۆچىرەتكە تۇرغۇزۇپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سېستىرالار بەزگەك، سۆزنەك بولامدۇ ياكى قەۋزىيەت بولامدۇ ئىشقىلىپ، بىرەر يېرىم ئاغرىۋاتىمدۇ، دېگەن بىمارلارنىڭ ئاغزىغا قارىقويۇق كۆكتاش رەڭگىدىكى دورا كومىلىچىدىن بىرنى سېلىپ قويۇپلا قۇتۇلاتتى. ھەممە كېسەلگە بىر خىللا دورا بېرىلىدىغان بولغاچقا، باللار ئارقا - ئارقىدىن ئۇدا نەچچە قېتىم ئۆچىرەتتە تۇرۇپ دورا ئالاتتى، ئالغان دورىنى ئىچمەي ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ لاتارىيە ئويۇنىدا پۇل ئورنىدا پېشكا قىلىپ ئوينايتتى. ئىشچىلار ئىنتايىن ئاددىي ياغاچ كەپىلەردە قىستىلىشىپ تۇراتتى، ئىنژېنېرلار ئۇلارغا ھاجەتخانا لايىھەلەپ بەرمەيتتى، پەقەت ھەر يىلى روژدېستۋۇ بايرىمىدىلا لاگېرغا بېرىپ ھەر ئەللىك ئادەمگە بىردىن سەييارە ھاجەتخانا ئورنىتىپ بېرەتتى ھەمدە ھاجەتخانىلارنىڭ ئىشلىتىش ۋاقتىنى قانداق قىلغاندا ئۇزارتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئۇلگە قىلىپ كۆرسىتىپ بېرەتتى. بۇرۇن پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇشۇپ يۈرگەن قارا كىيىملىك ئادۋوكاتلار قېرىغىنىدا بانان شىركىتىنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، ئىشچىلارنىڭ شىكايىتىنى گويا سېھىر ئىشلەتكەندەكلا قانۇنىي ئاساسى يوق يولسىزلىققا ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئىشچىلار بىر پارچە بىرلەشمە ئىمزالىق تەلەپنامە تەييارلىغانىدى، ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ بانان شىركىتىگە

رەسمىي ئۇقتۇرۇلمىدى. بىروۋىن ئەپەندى تەلەپنامىنىڭ ئىشىنى ئاڭلاپلا ئۆزىنىڭ ئەينەك تورۇسلۇق ۋاگونىنى پويىزغا چاتقۇزدى ـ دە، شىركەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەربابلىرىنى ئېلىپ ماكوندودىن غايىب بولدى. ۋاھالەنكى، بەزى ئىشچىلار كېيىنكى شەنبە كۈنى ئۇلاردىن بىرىنى پاھىشىخانىدىن تۇتۇۋېلىپ، تەلەپنامىنىڭ قوشۇمچە نۇسخىسىغا قول قويغۇزدى، بۇ ئەرباب شۇ چاغدا ئۆزىنى قىلتاقتا چۈشۈرگەن بىر پاھىشە بىلەن قىپ يالىڭاچ ھالەتتە قولغا چۈشكەنىدى. ھالبۇكى، قۇۋ ئادۋوكاتلار سوتتا بۇ كىشىنىڭ بانان شىركىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋالدى ھەمدە باشقىلارنىڭ گۇمانىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن بۇ ئادەمنى ئالدامچىلىق جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلاشنى تەلەپ قىلىشتى. ئىشچىلار كېيىنراق يۇقراچە سالاھىيەتتە 3 ـ دەرىجىلىك ۋاگونغا چۈشكەن بىروۋىن ئەپەندىنى تۇتۇۋېلىپ، تەلەپنامىنىڭ يەنە بىر پارچە قوشۇمچە نۇسخىسىغا قول قويدۇردى. بىروۋىن ئەپەندى ئەتىسىلا ئېچىلغان سوتتا ئۆڭىنى قارىغا بويىۋالغان باشقا بىر كىشى سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، سودىيەلەرگە ساپ ئىسپان تىلىدا سۆزلەپ تۇرۇۋالدى. ئادۋوكاتلار بۇ كىشىنىڭ ئالاباما ئىشتاتىدىكى پرولاتۋېر شەھىرىدە تۇغۇلغان بانان شىركىتىنىڭ باش دىرېكتورى جېك بىروۋىن ئەمەس، بەلكى ماكوندودا تۇغۇلغان ھېچ گۇناھى يوق دورا ماتېرىياللىرى سودىگىرى دارگابىردو فون سېكا ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشتى. ئىشچىلار ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يېڭى پاكىتلار ئارقىلىق يەنە تۇتماقچى بولغاندا، ئادۋوكاتلار بارلىق ئاممىۋى سورۇنلارغا بىروۋىن ئەپەندىنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىسپاتنامىنى چاپلىۋېتىشتى. بۇ ئىسپاتنامىگە باش كونسۇل ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئىمزا قويۇپ، جېك بىروۋىن ئەپەندىنىڭ 9 ـ ئىيۇن چىكاگودا پويىز ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىشكەنىدى. بۇنداق تۈترۈقسىز نەيرەڭلەردىن بىزار بولۇپ كەتكەن ئىشچىلار ماكوندودىكى يەرلىك ھۆكۈمەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئالىي سوتقا بىۋاسىتە ئەرز قىلدى. بىراق، ئۇ يەردىكى قانۇن سېھىرگەرلىرى ئىشچىلارنىڭ بارلىق ئەرز تەلىپىنىڭ قىلچە قانۇنىي كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى، بانان شىركىتىدە ھېچقانداق رەسمىي ئىشچىلارنىڭ

يوقلۇقىنى، ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانلىقىنى، بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇ شىركەتنىڭ بۇرۇندىنلا ۋاقىتلىق ئىشچى يالالاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقىشتى، شۇنىڭ بىلەن ۋېرگىنىيەنىڭ سۆزلەنگەن چوشقا گۆشى، خىسلەتلىك دورا كومۇلچى ۋە سەيياره هاجەتخانا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان گەپكە چىقىرىۋېتىلدى. سوت ئاخىرقى ھۆكۈمىنى چىقىرىپ «بانان شىركىتىدە ئىشچى دېگەن نەرسە زادىلا مەۋجۇت ئەمەس» دەپ كەسكىن جاكارلىدى.

ئومۇميۈزلۈك ئىش تاشلاش ھەرىكىتى پارتلىدى، بۇنىڭ بىلەن بانانزاردا ئىش توختىدى، بانانلار شېخىدىلا سېسىشقا باشلىدى، بىر يۈز يىگىرمە ۋاگونلۇق پويىزلار يان رېلىستا قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپ كەتتى. ئىشسىز لاغايلاپ يۈرگەن ئىشچىلار مەھەللىلەرگە تولۇپ كەتتى. تۈركلەر كوچىسىدا تۆگىمەس ئاۋات شەنبىلەر باشلاندى. ياگ مېھمانخانىسىنىڭ غوجايىنى خېرىدارىنىڭ تولىلىقىدىن بىليارتخانىسىنى يىگىرمە تۆت سائەت ئېچىشقا مەجبۇر بولدى. خوس ئاركادىئو II ئارمىيەنىڭ بۇيرۇق بويىچە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدىغانلىقى جاكارلانغان كۈنى بىليارتخانىدا ئىدى. بېشارەت سېزىمى بولمىسىمۇ، بۇ خەۋەرنىڭ ئۆلۈم جاكاسىدىن قېلىشمايدىغانلىقى ھېس قىلىپ يەتتى. نۇرغۇن يىل ئىلگىرى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ئادەم ئاتقانىنى كۆرۈشكە ئېلىپ بارغان ئاشۇ كۈنى سەھەردىن باشلاپلا ئۆلۈمنى كۆتۈپ كېلىۋاتاتتى. بىراق، بۇ شۇملۇق بېشارىتى تەمكىنلىكىنى بۇزالمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىليارتنى ئويناۋەردى، سوققان ساقىسىمۇ تۆشۈككە كەينى ـ كەينىدىن چۈشۈۋەردى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا كوچىدىن ئاڭلىنىۋاتقان دۇمباق ـ كاناي ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن بۇ بىليارت ئويۇنىنىڭمۇ، ئادەم ئاتقانىنى كۆرگەن ھېلىقى كۈنى سەھەردىن تارتىپ ئۆزى بىلەن ئۆزى ئويناپ كەلگەن غېرىبانە سوكۇت ئويۇنىنىڭمۇ ئەمدى ئاخىرلاشقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن كوچىغا قارىۋىدى، كوچىدا ئۈچ پولك ئەسكەر ئېغىر ئەمگەك جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەر چېلىۋاتقان بارابان رىتىمىغا دەسسەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، زېمىن ئۇلارنىڭ قەدىمى ئاستىدا تىترەيتتى. ئۇلار گويا كۆپ باشلىق زور بىر ئەجدىھادەك

چۈش مەھەلدىكى ئاپتاپتا سىپسىق تىنىپ پۈشقۇراتتى. ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى پاكىنەك، مەزمۇت، قوپال كۆرۈنەتتى، تۆكۈلۈۋاتقان قارا تەرىدىن ئاپتاپتا يۇمشاپ كەتكەن تېرىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، سىياقىدىن تاغلىقلارغا خاس جىمغۇرلىقى ۋە چۈشىنىكسىز روھىي ھالىتى چىقىپ تۇراتتى. قوشۇنىنىڭ بۇ كوچىدىن ئۆتكىنىگە بىر سائەتتىن ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كىشىگە بىرنەچچە شۆبە ئەترەت ئۇياقتىن بۇياققا ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. چۈنكى، ئۇلار خۇددى بىر ئانىنىڭ بالىلىرىدەك بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشاپ كېتەتتى ھەمدە ئۆشنىسىدىكى خالتىسىنىڭ ۋە سۇدانىنىڭ ئېغىرىغا، ئۆشتىنىكى چىقىرىقلىق مىلتىقى تاڭغان ھاقارەتكە، قارىغۇلارچە ئىتائەتمەنلىك بىلەن شەرەپ تۇيغۇسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە دەلدۈشلۈك بىلەن چىدايتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى كارىۋىتىدا ياتقان ئۇرسۇلا ئۇلارنىڭ قەدەم ئاۋازىنى ئاڭلاپلا مەيدىسىگە كىرىۋىست بەلگىسىنى سىزىپ كەتتى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد ھېلىلا دەزمال سالغان كانۋاي داستىخاننى تۇتقىنىچە ئوغلى خوس ئاركادىئو II دىن ئەنسىرەشكە باشلىدى، ئوغلى بولسا ياڭ مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى ئەسكەرلەرگە تەمكىن بىرھالدا جىممىدە قاراپ تۇراتتى.

ھەربىي كونترول قانۇنىغا ئاساسەن، ئارمىيە ماجىرانى بىر تەرەپ قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغانىدى. بىراق، ئۇلار تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمىدى. ئەسكەرلەر ماكوندودا پەيدا بولۇپلا مىلتىقلىرىنى قويۇپ بانان يىغىشقا كىرىشتى ۋە يىغقانلىرىنى پويىزغا قاچىلاپ ماڭغۇزدى. شۇ چاغقىچە جىممىدە كۈتۈپ تۇرغان ئىشچىلار باشقا قورالى بولمىغاچقا، ئىش قىلغاندا ئىشلىتىدىغان ئورغاق ـ قىڭراقلىرى بىلەن قوراللىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىۋەتتى: شىركەتنىڭ قورۇقلىرىنى ۋە ماگىزىنلىرىنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى، تۆمۈر يوللارنى بۇزۇپ، پىلموت بىلەن يول ئېچىپ ماڭماقچى بولغان پويىزلارنى توستى، تېلېفون ۋە تېلېگراف سىملىرىنى كېسىپ تاشلىدى. ئۆستەڭ سۇلىرى قانغا بويالدى. ھېلىغىچە ھايات تۇرۇۋاتقان بىرۋۇن ئەپەندى ئائىلىسىدىكىلەر

ۋە باشقا قىرىنداشلىرى بىلەن بىللە توك سىمى تارتىلغان كاتەكتىن قوشۇننىڭ مۇھاپىزىتىدىكى بىخەتەر رايونغا غىپپىدە يەتكۈزۈپ قويۇلدى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى دەھشەت قانلىق ئۇرۇش باشلىنىش ئالدىدا باياناتى ئېلان قىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ماكوندوغا يىغىلىشىنى مۇراجەت قىلدى. باياناتنامىدە ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ۋالىيسىنى كېلەر جۈمە كۈنى ماكوندوغا بېرىپ توقۇنۇشقۇچىلارنى مۇرەسسەلەشتۈرمەكچى دېيىلگەنىدى.

جۈمە كۈنى سەھەردە ۋوگزالغا يىغىلغان كىشىلەر ئارىسىدا خوسې ئاركادىئو II مۇ بار ئىدى. ئالدىنقى كۈنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ بىر يىغىنىدا پولكوۋنىك گاۋلان بىلەن بىللە ئامما ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئەھۋالغا قاراپ ئىش تۇتقان ئاساستا ئامىنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغانىدى. خوسې ئاركادىئو II ۋوگزال مەيدانى ئەتراپىدىكى بىرمۇنچە جايغا پىلىموت ئاكوپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى، تۆمۈر قاشالىق كاتەك ئىچىدىكى بانان شىركىتى تۇرۇشلۇق جايمۇ زەمبىرەكلەر بىلەن مۇھاپىزەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىنى بايقاپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى. سائەت ئون ئىككىگە ئاز قالدى، كۈتۈۋاتقان پويىز تېخىچە يېتىپ كەلمىدى. ئىشچىلار، ئاياللار ۋە بالىلار بولۇپ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ۋوگزال ئالدىدىكى بوش يەرگە تىقىلىپ كەتكەنىدى، پاتمىغىنى ۋوگزال مەيدانى يېنىدىكى ئەسكەرلەر قاتار ـ قاتار پىلىموتلار بىلەن قامال قىلىۋالغان بىر كوچىغىمۇ كىرىۋالغانىدى. بۇ مەنزىرە قارشى ئېلىش يىغىلىشىدىن كۆرە قايناق بازارغا بەكرەك ئوخشاپ كېتەتتى، شۇڭا تۈركلەر كوچىسىدىكى مايدا يىشۇرۇلغان يېمەكلىك يايمىلىرى ۋە ئىچىملىك دۇكانلىرىمۇ بۇ يەرگە يۆتكەلگەنىدى. كىشىلەر قىزىق ئاپتاپقا قاقلىنىپ كۈتۈۋاتقان بولسىمۇ كۆڭلى خۇش ئىدى. سائەت ئۈچكە ئاز قالغاندا ئۇ ئاتالمىش ۋالىي ئولتۇرغان مەخسۇس پويىزنى ئەتە ئاران يېتىپ كېلەلىگۈدەك دېگەن گەپلەر تارقالدى، بۇنىڭ بىلەن تولا كۈتۈپ چارچاپ كەتكەن كىشىلەر لاسىدە بولۇپ ئۈھسىنىشتى. شۇ ئەسنادا بىر سېرژان ۋوگزال ئۆگزىسىگە چىقىپ، كىشىلەرگە توغرىلانغان تۆت پىلىموت ئاكوپى ئارىلىقىدا تۇرۇپ، ئاممىنى تىنچ تۇرۇشقا بۇيرۇدى.

چوڭى يەتتە ياشلاردا، كىچىكى تۆت ياشلاردا بار ئىككى بالىسىنى يېتىلىۋالغان سېمىز بىر يالىڭاياغ ئايال خوس ئاركادئو II نىڭ يېنىدا تۇراتتى. بۇ ئايال كىچىك بالىسىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ، خوس ئاركادئو II نى تونۇمىسىمۇ چوڭ بالامنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىڭىز، گەپنى ئېنىقراق ئاڭلىۋالسا، دېدى. خوس ئاركادئو II شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنى مۈرىسىگە ئالدى. بۇ بالا نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ كىشىلەرگە، گەرچە ھېچكىم ئىشەنمىسىمۇ، ھېلىقى پوروچىكنىڭ قولىدىكى كانايدا گېنېرال كارلوس كېرتىس ۋاگاس ۋە كاتىپى مايور ھېنرى گارسىيە ئىمزا قويغان ئۆلكىنىڭ مەمۇرىي، ھەربىي ۋالىيسىنىڭ 4 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقىنى جاكارلىغانلىقىنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. قىسقىغىنە ئۈچ ماددىلىق ئۇ بۇيرۇقتا ئىش تاشلىغانلار «بىر توپ قانۇنسىزلار» دېيىلگەن، ئارمىيەگە ئۇلارنى ئېتىپ تاشلاش ھوقۇقى بېرىلگەنىدى.

بۇيرۇق ئوقۇلۇپ بولۇشىغىلا قۇلاقنى يارغۇدەك نارازىلىق سادالىرى ئىچىدە باشقا بىر پوروچىك بايىقى پوروچىكنىڭ قولىدىن كانايىنى ئېلىپ بىرنېمە دېيىشكە تەمشىلىۋىدى، كىشىلەر توپى يەنە جىمىپ قالدى.

— خانىملار، جانابلار، — دېدى ئۇ پوروچىك بوم، سوزۇق ۋە سەل ھارغىن تەلەپپۇزدا، — بەش مىنۇت ئىچىدە بۇ يەردىن كېتىڭلار.

ئىسقىرتىشلار ۋە ۋارقىراشلار ۋاقىت سانىقى باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ چېلىنغان كاناي ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى، لېكىن ھېچكىم ئورنىدىن قوزغالمىدى.

— بەش مىنۇت ئۆتۈپ بولدى، — تولىدى ئۇ پوروچىك ئاۋازىنى ئۆزگەرتمەي، — يەنە بىر مىنۇت ئۆتسىلا ئوق چىقىرىمىز!

خوس ئاركادئو II نى سوغۇق تەر باستى ۋە بالىنى مۈرىسىدىن چۈشۈرۈپ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى.

— بۇ خومپەرلەر راستتىنلا ئاتىدىغان بولدى، — غۇدۇڭشىدى ھېلىقى ئايال.

خوس ئاركادئو II جاۋاب بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرمىدى. چۈنكى، شۇ مىنۇتتا پولكوۋنىك گاۋلان بوغۇق ئاۋازدا ھېلىقى ئايالنىڭ گېپىنى تەكرارلىغانىدى. خوس

ئاركادىئو II نەق مەيداندىكى جىددىي كەيپىيات ۋە غەلىتە تىمتاسلىقتىن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقانىدى، شۇ تاپتا ئۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسىدىن ئېسىنى يوقاتقان بۇ كىشىلەرنى كەتكۈزۈۋېتەلەيدىغان بىرەر كۈچنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن يۇتىنىڭ ئۇچىدا كۆتۈرۈلۈپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى:

ــ ھۇ ھارامزادىلەر! بۇ يەردىن ۋاقتىدا يوقىلىش!

خوس ئاركادىئو II شۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قورقۇپ كەتمىدى، بەلكى بىر خىل خىيالىي تۇيغۇدا بولدى. ھېلىقى پورروچىك ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بېرىشىگىلا ئون تۆت پىلىموت سايراپ كەتتى. بىراق، بۇ ئىشلار بەئەينى بىر كومېدىيەدەك، گويا پىلىموتتىن ئېتىلىۋاتقىنى ئوق ئەمەس، ئادەم ئالدايدىغان ساليۇتتەك ئىدى. چۈنكى، تاتاتلاپ ئېتىلىۋاتقان ئاۋازلا ئاڭلىناتتى، پۇرقۇلىۋاتقان كۆچلۈك يالقۇنلا كۆرۈنەتتى، لېكىن خالايىقنىڭ ھېچقانداق ئىنكاسىنى ھېس قىلغىلى، ھېچقانداق ئاۋازىنى، ھەتتا بوشقىنە بولسىمۇ «ئۇھ» دەپ تىنىغىنىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. مىققىدە تۇرۇشقان كىشىلەر كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئارىلىقتىكى شۇ دەقىقىدە ئوق ئۆتمەيدىغان تاشقاتمىغا ئايلانغاندەك ئىدى. ۋوگزالنىڭ نېرىقى تەرىپىدىن تۇساتتىنلا جان ئاچچىقىدا چىرقىرىغان بىر ئاۋاز كېلىپ، كۆپچىلىكنى خامۇشلۇقتىن سەگىتتى:

ــ ۋاي... ۋاي... ۋاي ئانا!

بۇ ئاۋاز گويا ئالەمنى مالەم قىلغۇچى كۈچتەك، ۋولقاننىڭ ئاتەش كەبى ھارارىتىدەك، ھەيۋەت دولقۇننىڭ شاۋقۇنىدەك شىددەتلىك پارتلاپ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالدى. خوس ئاركادىئو II ئۇ بالىنى شاققىدە تارتىپ قولىغا ئېلىپ بولغىچە، ئانىسى بىلەن يەنە بىر بالا تەرەپ ـ تەرەپكە ئۆزىنى ئېتىپ قېچىشقان ئادەملەر توپى ئىچىدە غايىب بولدى.

بۇ بالا نۇرغۇن يىللاردىن كېيىنمۇ قولۇم ـ قوشنىلىرى گەرچە ئۇنى ئالجىپ ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋاتىدۇ دەپ قارىسىمۇ، خوس ئاركادىئو II نىڭ ئۆزىنى قانداق

قىلىپ بېشىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى، پاتىپاراق بولۇپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەم دولقۇنى ئۈستىدە قاڭقىتىپ ـ لەيلىتىپ شۇ ئەتراپتىكى بىر كوچىغا ئەكىرىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇ چاغدا ئاركادىئو II نىڭ قولىدا ھەممە ئادەمدىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ بالا ھولۇقۇپ قېچىشىۋاتقان ئادەملەر كوچا دوقمۇشىغا ئېتىلىپ بېرىشىغىلا ئۇ يەردىكى بىر رەت پىلىموتنىڭ تەڭلا ئېتىلغانلىقىنى كۆردى. نۇرغۇن ئادەم تەڭلا ۋارقىرىدى:

— يېتىڭلار! يېتىۋالايلى!

توپنىڭ ئالدىنقى رېتىدىكىلەر شۇنداق قىلدى، ئۇلار يامغۇردەك يېغىۋاتقان پىلىموت ئوقىدا قىرىلىپ چۈشكەندى. تىرىك قالغانلىرى بولسا يەرگە يېتىۋالماي ئەكسىچە مەيدان تەرەپكە تاشلاندى ـ يۇ يەنە شۇ ئان ئەجدىھا قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ سىيرىۋەتكەندەك گۈررىدە كەينىگە ياندى. مىقىقىدە ئادەم توپى قارشى تەرەپتىن ئۆزىنى ئۇرۇپ كېلىۋاتقان يەنە بىر تۇركۇم ئادەم توپىغا سوقۇلدى، ئۇلارغا قارىتىپ ئۇياقتىكى پىلىموتلارمۇ تىنىمسىز ئوق ياغدۇرۇۋاتاتتى. قاچقىدەك يەر تاپالماي قالغان كىشىلەر زور بىر قاينام بولۇپ شەكىللەندى ـ دە، بارا ـ بارا قاينام مەركىزىگە غۇژمەكلەشتى. چۈنكى، پىلىموتلاردىن يېغىۋاتقان ئوق خۇددى پىيازنىڭ پوستىنى ئايلاندۇرۇپ سويۇۋاتقان ئاشپەزنىڭ قولىدىكى پىچاقتەك ئەتراپقا بىر تەكشى ئايلىنىپ سېپىلىۋاتاتتى. ھېلىقى بالا بىر ئايالنىڭ گويا مۆجىزە كۆرۈلگەندەك دەسسەلمەي قالغان بىر پارچە بوش يەردە بىلەكلىرىنى كىرىستتەك قايچىلاشتۇرۇپ سوزغىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. يۇزلىرى قان بىلەن بويالغان خوس ئاركادىئو II مۇ ئۇ بالىنى شۇ يەرگە تاشلاپ يىقىلدى، ئاندىن ھولۇققىنىچە گۈرۈلدەپ كەلگەن ئادەم ئېقىمى ھېلىقى بوش يەرنىمۇ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ھېلىقى ئايالنىمۇ، ئېگىز ئاسمان بوشلۇقىدىكى نۇرنىمۇ، ئۇرسۇلا بۇرۇنلاردا بىھېساب ئۇششاق جانۋار شەكلىدىك كەمپۈتلەرنى ساتقان ئىپلاس دۇنيانىمۇ يۇتۇۋەتتى.

خوس ئاركادىئو II ھوشىغا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئوڭدىسىغا ياتقانلىقىنى بايقىدى، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ئۆزۈن ۋە تىمتاس پويىزدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. چاچلىرى قاندا

ئۇيۇپ كەتكەنىدى، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىگىچە سىرقىراپ ئاغرىيتتى. قاتتىق ئۇيقۇ بېسىپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ھېچنېمىگە قارىماي تازا بىر قېنىپ ئۇخلىۋالماقچى بولدى ـ دە، ئاغرىمىغان تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ يېنىچە بولدى ۋە شۇندىلا ئەتراپىدا جەسەتلەر ياتقانلىقىنى بايقىدى. ۋاگوندا ئوتتۇرىدا قالدۇرۇلغان ئازراق يولدىن باشقا ئازراقمۇ بوش يەر يوق ئىدى. ھېلىقى قىرغىنغا بىرنەچچە سائەت بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، جەسەتلەر كۆزدىكى گەجدەك، تاشقاتمىدىكى كۆپۈكچىلەردەك قېتىپ كەتكەنىدى. بۇ جەسەتلەرنى پويىزغا باسقانلار خۇددى باناندەك رەتلىك تىزىپ بېسىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.

خوس ئاركادىئو II بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن قۇتۇلۇش نىيىتىدە ۋاگونمۇ ۋاگون ئۆمىلەپ پويىزنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئىلگىرىلىدى. پويىز ئېغىر ئۇيقۇغا پاتقان بىر مەھەللىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ۋاگون شاللىرىنىڭ يېرىقلىرىدىن چۈشكەن چىراغ نۇرىدا مىغ ـ مىغ ئەرلەرنىڭ، ئاياللارنىڭ ۋە بالىلارنىڭ جەسەتلىرىنى كۆردى، ھەممىسى بۇزۇلغان بانانلار قاتاردا دېڭىزغا تاشلىنىۋېتىش ئۈچۈن ئېلىپ كېتىلىۋاتاتتى. ئاركادىئو II ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى ئادەمنى تونۇۋالدى، بىرى مەيداندا سوغۇق ئىچىملىك ساتىدىغان ئايال، يەنە بىرى پولكوۋنىك گاۋلان ئىدى. پول كوۋنىكنىڭ قولىدا ھېلىقى پاتىپاراقچىلىقتىن يول ئاچماقچى بولغان مورېلىيەنىڭ كۈمۈش ئىزمىلىك كەمىرى چىڭ سىقىمداقلىق تۇراتتى. خوس ئاركادىئو II بىرىنچى ۋاگونغا ئۆمىلەپ بارغاندىن كېيىن ۋاگوننىڭ سىرتىدىكى قاراڭغۇلۇققا سەكرىدى ـ دە، رېلىسنىڭ يېنىدىكى ئېرىقتا پويىز ئۆتۈپ كەتكۈچە جىم ياتتى. بۇ پويىز شۇكەمگىچە كۆرگەن پويىزلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇزۇنى بولۇپ، ئىككى يۈزگە يېقىن يۈك ۋاگونى، باش ـ ئايىغىدا بىردىن پاراۋوز، تېخى ئوتتۇرىسىدىمۇ بىر پاراۋوز بار ئىدى، بۇ پويىزدا يورۇقلۇق دېگەندىن ئەسەر يوق ئىدى، ھەتتا قىزىل، يېشىل بەلگە چىرىغىمۇ كۆرۈنمەيتتى. پەقەت پويىزنىڭ ئۈستىگە تىكلەكلىك پىلىموتلارنىڭ يېنىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ غۇۋا قارىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تۈن نىسبىدىن كېيىن قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى، خوس ئاركادىئو II بۇ جاينىڭ قەيەرلىكىنى بىلمىسىمۇ، پويىز كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋەرسە ماكوندوغا

بارالايدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ئۈچ سائەتتىن ئارتۇق يول يۈرۈپ، ئۇستىبېشى چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ، بېشى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، بىر چاغدا تاڭ ئالدىدىكى خىرە يورۇقتا بازاردىكى ئۆيلەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. قەھۋە پۇرىقى كېلىپ تۇرغان بىر ئۆينىڭ ئاشخانىسىغا كىردى، بالا كۆتۈرۈۋالغان بىر ئايال ئوچاققا ئېگىشىپ بىرنېمىلەرنى قىلىۋاتاتتى.

— تىنچلىقمۇ؟ — دېدى ھالسىز بىرھالدا، — مەن خوس ئاركادئو II بۇئېندىيە.

ئىسىم-فامىلىسىنى تولۇق ئېيتىپ، بۇ ئارقىلىق ئۇ ئايالنى ئۆزىنىڭ تىرىكلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولدى. شۇنداق قىلغىنى ئاقىلانىلىق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئايال ئىشىكتە ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىن-ئايىغىچە قانغا مىلەنگەن ھالىتىنى، سولغۇن ۋە ھارغىن سىياقىنى كۆرۈپ ئەرۋاھ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوس ئاركادئو II نى تونۇدى-دە، ئەدىيال ئېلىپ چىقىپ ئوراپ قويدى، سۇ ئىسسىتىپ يارىسىنى يۇيدى (ھېلىمۇ ياخشى تېرىسىلا ئاززاق تىلىنىپ كەتكەنىدى) بىر پارچە پاكىزە زاكىدا بېشىنى تاڭدى، ئاندىن بۇئېندىيە جەمەتىدىكىلەرنى قەنتسىز قەھۋە ئىچىدىكەن، دەپ ئاڭلىغىنى بويىچە بىر ئىستاكان قەنتسىز قەھۋە قايىنىتىپ ئالدىغا قويدى-دە، سالغان كىيىمنى ئوچاققا قاقلاپ قۇرۇتتى.

— ئۈچ مىڭچە كېلىدىغۇ دەيمەن، — دېدى خوس ئاركادئو II قەھۋەنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن زۇۋانغا كېلىپ.

— نېمە؟

— ئۆلۈكلەر، — دېدى چۈشەندۈرۈپ، — ۋوگزالغا يىغىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆلدى.

ئايال خوس ئاركادئو II گە ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

— بۇ يەردە ئادەم ئۆلمىدى، تاغىڭىز پولكوۋنىك ئورېلىئانو ۋاپات بولغاندىن بۇيان ماكوندودا ھېچقانداق ئىش بولۇپ باقمىدى.

خوس ئاركادئو II ئۆيگە قايتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئۈچ ئائىلىنىڭ

ئاشخانىسىدا بولدى، ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئوخشاشلا ئىدى:

— بۇ يەردە ئادەم ئۆلمىدى.

ۋوگزال مەيدانىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قارىغۇدەك بولسا، مايدا پىششۇرۇلغان يېمەكلىك يايمىلىرىنىڭ ئالدىغا شىرەلەر قويۇلۇپ بولغانىدى، ئۇ يەردە ھېلىقى دەھشەت قىرغىنچىلىقنىڭ ھېچبىر ئىزناسى كۆرۈنمەيتتى.

يامغۇر توختىماي يېغىۋاتاتتى، كوچىلار ئادەمسىز قۇرۇقدىنىپ قالغانىدى، ئىشىكلىرى مەھكەم ئېتىلگەن ئۆيلەردىن ھاياتلىقنىڭ نىشانىمۇ كۆرۈنمەيتتى. چېركاۋنىڭ ئادەملەرنى ئىبادەتكە چاقىرىپ چېلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازىلا بۇ يەردە ئادەمزات بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. خوس ئاركادىئو II پولكوۋنىك گاۋلاننىڭ ئىشىكىنى چەكتى، بۇرۇن كۆپ قېتىم كۆرگەن بىر ھامىلىدار ئايال ئىشىكنى خوس ئاركادىئو II نىڭ كۆزىچىلا جالاققىدە ياپتى.

— كەتتى، يۇرتىغا كەتتى، — ۋارقىرىدى ئۇ ئايال پەرىشان ھالدا.

توك سىمى بىلەن قاشادالغان توخۇ كاتىكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىككى يەرلىك ساقچى بۇرۇنقىدەكلا پوستتا تۇراتتى، ئۇچىسىغا يامغۇرلۇق، پۇتىغا قونچى ئۇزۇن رېزىنكە ئۆتۈك كىيىۋالغان بۇ ساقچىلار بەئەينى يامغۇردا قالغان تاش ھەيكەلگە ئوخشاپ قالغانىدى. بازارنىڭ بىر چېتىدىكى تار كوچىدىن ئىندىيانلارنىڭ قەسىدە ئوقۇغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خوس ئاركادىئو II قورۇنىڭ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتى - دە، ئاشخانىدىن ئۆتۈپ ئۆيگە كىردى.

— فېرناندا سېنى كۆرۈپ قالمىسۇن، پەخەس بول، ئەمدى ئورنىدىن تۇردى، — دېدى سانتا سوفىيە دېلا پېداد بوش ئاۋازدا.

ئاندىن بۇرۇنلا تاپشۇرۇلغان بۇرچىنى ئادا قىلىۋاتقاندەك بىر تەرىزدە ئوغلىنى «گارشوك ئۆيى»گە باشلاپ كىرىپ، مېرگادىسنىڭ ئەبجەق قاتلىما كارىۋىتىنى راسلاپ بەردى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە فېرناندانىڭ چۈشلۈك ئۇيقۇدىكى ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ دېرىزىدىن ئۇنىڭغا تاماق سۇنۇپ بەردى.

ئورېلىئانو II يامغۇر يېغىپ كەتكەچكە كېتەلمەي ئۆيدە قونۇپ قالغانىدى، سائەت

ئۈچكىچە ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى كۈتتى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئورېلىئانو II گە قېرىندىشى ئاركادىئو II نىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئاستىلا ئېيتىپ بېرىپ تۇرۇۋىدى، مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە يوقلاپ كىردى. ئورېلىئانو II مۇ قېرىندىشىنىڭ مەيداندىكى قىرغىنچىلىق ۋەقەسى توغرىسىدىكى گېپىگە ئىشەنمىدى، جەسەتلەرنى بېسىپ دېڭىز بويىغا قاراپ ماڭغان پويىز توغرىسىدىكى گەپكە تېخىمۇ ئىشەنمىدى. چۈنكى، ئالدىنقى ئاخشىمى ئوقۇغان ھۆكۈمەتنىڭ پەۋقۇلئاددە بايانلاتىدا «ئىشچىلار بۇيرۇققا بويسۇنۇپ ۋوگزالدىن ئۆيلىرىگە تىنچ ـ ئامان قايتىپ كەتتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، ئىشچىلارنىڭ تەلەپلىرىنى تېببىي مۇلازىمەتنى ياخشىلاش ۋە تۇرالغۇ رايونىغا ئاممۇۋى ھاجەتخانا سېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت ئىككى تۈرگە قىسقارتتى» دېيىلگەنىدى. كېيىنىراق كەلگەن خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ھەربىي تەرەپ ئىشچىلار بىلەن كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن دەرھال بىرووۋىن ئەپەندى بىلەن پىكىرلەشكەن، بىرووۋىن ئەپەندى ھەربىي تەرەپنىڭ يېڭى شەرتىگە ماقۇل بولۇپلا قالماي، ئىختىلاپنىڭ ھەل بولغانلىقىنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن ئۈچ كۈن ئاممۇۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش تەكلىپى بەرگەنىكەن. ھەربىي دائىرىلەر كېلىشىمنىڭ قاچان ئىمزالىنىدىغانلىقىنى سورىغاندا، بىرووۋىن ئەپەندى دېرىزىدىن ۋال ـ ۋۇل چاقماق چېقىپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ قويۇپ تەشۋىشلەنگەن ھالدا:

— يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈشىمىزگە توغرا كېلەر، يامغۇر يېغىپلا تۇرىدىكەن، بارلىق پائالىيىتىمىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن ئىلگىرى تويتوغرا ئۈچ ئاي يامغۇر ياغماي قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن بىرووۋىن ئەپەندى قارارىنى جاكارلىغاندىن كېيىن پۈتۈن بانانزار رايونىدا قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى، خوس ئاركادىئو II ماكوندوغا قايتىپ كەلگۈچە يېغىپ كەتكەن قارا يامغۇر شۇ ئىدى. بىرھەپتە ئۆتتى، قارا يامغۇر توختايدىغاندەك قىلمايتتى. ھۆكۈمەت ئۆز كونتروللۇقىدىكى بارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تەشۋىق قىلىپ يۈرۈپ، «ئادەم ئۆلمىدى، ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ جاۋابىدىن قانائەت تاپقان

ئىشچىلار ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتتى، بانان شىركىتى يامغۇر مەزگىلىدە بارلىق پائالىيىتىنى توختاتتى» دېگەن گېپىنى راستقا چىقاردى. توختىماي يېغىۋاتقان يامغۇر تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان ئىجتىمائىي ۋەقەلەرنى زۆرۈر تېپىلغاندا جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنىڭ تەييارلىقىدا ھەربىي كونترول قانۇنىنى داۋاملىق يولغا قويدى، لېكىن ھەربىيلەر گازارمىغا چېكىندۈرۈلدى. ئەسكەرلەر كۈندۈزى پۇشقاقلىرىنى ئېگىز تۈرۈپ، يامغۇردىن ئېقىن بولۇپ كەتكەن كوچىلاردا بالىلار بىلەن تۇنجۇقتۇرۇش ئويۇنى ئويناپتتى، كېچىدە يورۇش مەنئى قىلىنغاندىن كېيىن مىلتىقلىرىنىڭ پاينىكى بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرىنى چېقىپ ئېچىپ، گۇمانلىق ئادەملەرنى يوتقىنىدىن سۆرەپ چىقىپ بارسا كەلمەس يەرگە ئەۋەتىۋېتەتتى. 4 ـ بۇيرۇقتا دېيىلگەن بۇزغۇنچىلارنى، قاتىللارنى، ئوت قويغان جىنايەتچىلەرنى ۋە ئاسىيلارنى ئاختۇرۇش ۋە يوقىتىش ھەرىكىتى ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا ئىدى. بىراق، ھەربىي دائىرىلەر ئىشتابلىرىغا توشۇپ كەتكەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئالدىدا بولسا كۆزىنى يۇمۇپلا تۇرۇۋالاتتى.

— سىزنى چوقۇم قارا بېسىپ قاپتۇ، — دەيتتى گارنىزون كوماندىرلىرى ئۆز گېپىدە چىڭ تۇرۇپ، — ماكوندودا بۇرۇنمۇ ھېچقانداق ۋەقە يۈز بېرىپ باقمىغان، ھازىرمۇ يۈز بەرمىدى، كەلگۈسىدىمۇ يۈز بەرمەيدۇ، بۇ دېگەن بەختىيار بىر بازار تۇرسا!

شۇنداق قىلىپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبەرلىرى بىر ـ بىرلەپ تەلتۆكۈس يوقىتىلدى.

ئۇلاردىن بىردىنبىر تىرىك قالغىنى خوس ئاركادىئو II ئىدى، فېۋرال كۈنلىرىنىڭ بىر ئاخشىمى كىملەردۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاتتىق قاقتى، مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرۇپ قېقىلىۋاتقانلىقى ئاۋازىدىن مەلۇم ئىدى. ھاۋا ئېچىلىسىلا ماكىمەن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرغان ئورېلىئانو II ئىشىكنى ئېچىۋىدى، بىر ئوفىتسېر ئالتە ئەسكەرنى باشلاپ كىرىپ كەلدى، يامغۇردا ئۇستىبېشى چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن بۇ ئەسكەرلەر گەپ ـ سۆز قىلمايلا مېھمانخانىدىن ئامبارغىچە ھەممە ئۆينى، ھەممە ئىشكاپنى بىرمۇبىر ئاختۇرۇپ چىقتى، ئۆيدە پاللىدە يېنىپ كەتكەن چىراغ

نۇردىن ئويغىنىپ كەتكەن ئۇرسۇلا زوۋان سۇرمەستىن بارماقلىرىنى كىرىشتۇرۇپ ئەسكەرلەر قەيەرنى ئاختۇرسا ئۆزىنى شۇ ياققا بۇراپ ئولتۇراتتى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد دەرھال مېرگادىسنىڭ ئۆيىدە ئۇخلاۋاتقان خوس ئاركادىئو II گە خەۋەر قىلدى. بىراق، خوس ئاركادىئو II بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقىنىدا قېچىپ كېتىشكە كېچىككەنىدى. شۇنىڭ بىلەن سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئىشكىنى يەنە قۇلۇپلىدى. خوس ئاركادىئو II دەرھال كۆڭلىكىنى ۋە ئايىغىنى كىيىپ تەييار بولدى ـ دە، ئۇلارنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ كارىۋىتىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇردى. ئۇلار بۇ چاغدا زەرگەرخانىنى ئاختۇرۇۋاتاتتى. ئوفىتسېر بۇيرۇق بىلەن ئىشكىنى ئاچۇردى ـ دە، چىرىغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ ئىچىگە تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، كۆزىگە ئىش ئۈستىلى، كىسلاتا بوتۇلكىلىرى قويۇلىدىغان ئەينەك ئىشكاپ ۋە خىلمۇخىل ئەسۋابلاردىن باشقا ھېچنېمە چېلىقمىدى. ئوفىتسېر بۇ ئۆيدە ئادەم ياتمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەندەك قىلدى ـ يۇ قۇۋلۇق بىلەن ئورېلىئانو II نىڭ زەرگەر ياكى ئەمەسلىكىنى سورىغانىدى، ئورېلىئانو II ئۇنىڭغا بۇ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ زەرگەرخانىسى ئىدى، دېدى.

— ئوھۇي! — دېدى ئوفىتسېر بىر ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ. ئۇلار شۇنىڭ بىلەن دەرھال چىراغنى ياندۇرۇپ ئىنچىكىلەپ ئاختۇرۇشقا كىرىشتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئېرىتىشكە ئۈلگۈرمەيلا قەلەي قۇتىسىنىڭ ئىچىدە شۇ پېتى تاشلاپ كەتكەن ئون نەچچە دانە ئالتۇن بېلىجانمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. ئوفىتسېر ئۇ ئالتۇن بېلىجانلارنى ئۈستەلگە تۆكۈپ بىرمۇبىر قاراپ چىققاندىن كېيىن خېلى يۇمشاپ قالدى.

— رۇخسەت قىلسىڭىز، بىرنى مەن ئالسام، — دېدى ئوفىتسېر، — بۇرۇن بۇلار توپىلاڭچىلارنىڭ بەلگىسى بولغان، ئەمدى ئاسارئەتىقە بولۇپ قالدى.

ياش ئوفىتسېر بالا دېگۈدەكلا بولۇپ، ئازىراقمۇ تارتىنچاق ئەمەس ئىدى، ئالتۇن بېلىجاننى كۆرگەندىن كېيىن باشقىچە قىزغىن بولۇپ كەتتى. ئورېلىئانو II ئۇنىڭغا ئالتۇن بېلىجاندىن بىرنى بېرىۋىدى، ئوفىتسېرنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ

كەتتى ۋە كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، قالغانلىرىنى قوتىغا سېلىپ جايىغا قويۇپ قويدى.

— بۇ بىباھا خاتىرە بۇيۇمى، — دېدى ئوفىتسېر، — پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇلۇغ بىر ئەرباب ئىدى!

ۋەھالەنكى، ياش ئوفىتسېر پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ قولىدىن چىققان ئاسار ـ ئەتىقىگە ئېرىشكەنلىك بىلەن قالغان ئۆيلەرنىمۇ داۋاملىق ئاختۇرۇشتىن توختاپ قالمىدى. مېرگادىسنىڭ قۇلۇپلاقلىق ئىشىكى ئالدىدا تۇرغان سانتا سوفىيە دېلا پېداد شۇ چاغدىمۇ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى.

— بۇ ئۆيگە ئادەم كىرىپ باقمىغىلى يۈز يىل بولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئايال.

ئوفىتسېر بۇ گەپكە قۇلاق سالماي ئەسكەرلىرىنى ئىشىكنى ئېچىشقا بۇيرىدى، ئاندىن ئۆينىڭ ئىچىگە چىراغ تۇتۇپ بىرەر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. چىراغنىڭ يورۇقى خوس ئاركادىئو II نىڭ يۈزىدىن ئۆتكەن شۇ دەقىقىدە ئورېلىئانو II بىلەن سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئوفىتسېرنىڭ ئەرەبلەرنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرىنى كۆردى ـ دە، بىر ئەندىشىسى تۈگىسە يەنە بىر ئەندىشىسىنىڭ باشلىنىدىغانلىقىنى، ئۇلار تەكشۈرۈشتىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋاز كەچكەندىلا ئاندىن كۆڭلى تىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئوفىتسېر ئۇياق ـ بۇياققا چىراغ تۇتۇپ قاراشتۇردى، تام ئىشكاپىغا تىزىپ قويۇلغان يەتمىش ئىككى گارشوكنى كۆرگەندىلا چىرايىدا قىزقىسىنىش ئالامىتى پەيدا بولدى ـ دە، چىراغنى ياندۇردى. خوس ئاركادىئو II يولغا چىقىشقا تەق بولۇپ تۇرغان ئادەمدەك كارىۋىتىنىڭ قىرىدا ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچكىرىسىگە قويۇلغان بىر كىتاب جازىسىدا ئەسكى كىتابلار ۋە تېرە قەغەزگە يېزىلغان قوليازمىلار تىزىقلىق تۇراتتى، مېرگادىسنىڭ سىياھ قۇتىسىدىكى سىياھ تېخىچە قۇرۇپ كەتمىگەن، پاكىز ۋە رەتلىك يېزىقچىلىق ئۈستىلىگە چاڭ ـ توزانمۇ قونمىغانىدى، ئۆينىڭ ھاۋاسى بۇرۇنقىدەكلا شۇنداق ساپ بولۇپ، ئورېلىئانو II نىڭ بالىلىق دەۋرىدە ئېسىدە قالغىنىدىكىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى، بۇلار ئەينى ۋاقىتتا پەقەت پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭلا كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. بىراق، ئوفىتسېر بۇ ئىشلارغا ئەمەس، پەقەت

گارشوكلارغىلا قىزىقتى.

— بۇ ئۆيدە قانچە جان بار؟ — دېدى ئۇ ئوفىتسېر.

— بەش.

ئوفىتسېر چۈشىنەلمەي گاڭگىراپلا قالدى. كۆزى ئوربېلىئانو II بىلەن سانتا سوفىيە دېلا پېداد كۆرۈپ تۇرغان خوس ئاركادىئو II ئولتۇرغان يەردە ئىدى. بىراق، خوس ئاركادىئو II مۇ ئوفىتسېرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇپمۇ كۆرمەيۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئوفىتسېر چىراغنى ئۆچۈرۈپ ئىشىكنى ياپتى. ئوربېلىئانو II بۇ ئوفىتسېرنىڭ ئەسكەرلەرگە دېگەن گەپلىرىدىن مېرگادىسنىڭ ئۆيى پولكوۋنىك ئوربېلىئانونىڭ كۆزىگە كۆرۈنگىنىدەكلا كۆرۈنىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

— بۇ ئۆيدە ئادەم ئولتۇرمىغىنىغا ئاز دېگەندىمۇ يۈز يىل بولۇپ قالغانلىقى ئېنىق، — دېدى ئوفىتسېر ئەسكەرلەرگە، — يىلانمۇ بارمۇ تېخى.

ئىشىك يېپىلدى، خوس ئاركادىئو II شۇندىلا ئۇرۇشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەندى. پولكوۋنىك ئوربېلىئانو نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ئۇرۇشنىڭ جەلپكارلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن، شۇنداقلا ھاياتىدىكى نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ كۆز قارىشىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان، خوس ئاركادىئو II مۇ ھەم بۇنىڭغا ئىشەنگەنىدى. لېكىن، ئوفىتسېر قاراپ تۇرۇپمۇ كۆرمىگەن شۇ ئاخشىمى يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيانقى جىددىي ۋەزىيەتنى، تۈرمىدە تارتقان دەردلىرىنى، ۋوگزالدىكى پاتىپاراقچىلىقنى، شۇنداقلا جەسەت قاچىلانغان پويىزنى ئېسىگە ئېلىپ، ئاخىر پولكوۋنىك ئوربېلىئانو تايىنى يوق ساختىپەز ياكى قورقۇنچاق بىر بەندە ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇش تەسىراتلىرىنى شۇنچە كۆپ سۆزلىگەنلىكىنى چۈشىنەلمىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، بۇنى «قورقتۇم» دېگەن بىرلا سۆز بىلەن چۈشەندۈرسە كۇپايە ئىدى.

مېرگادىسنىڭ ئۆيىدىكى خىسلەتلىك يورۇقلۇق ۋە شار ـ شار يامغۇر ئاۋازى خوس ئاركادىئو II نى ئۇ خەقنىڭ كۆزىگە كۆرۈندۈرمەي قوغداۋاتقاندەك قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمرىدە بىر مىنۇتمۇ بەھرىمەن بولۇپ باقمىغان خاتىرجەملىككە ئېرىشتى،

ئەمدى بىردىنبىر قورقۇنچى ئۇ خەقنىڭ ئۆزىنى تىرىك كۆمۈۋېتىش ئىدى، ھەر كۈنى تاماق ئېلىپ كىرىپ تۇرىۋاتقان سانتا سوفىيە دېلا پېدادقا بۇنى دەپ بەردى، ئانىسى ئوغلىغا تىنىقىملا بولىدىكەن، سېنى ھەرگىز تىرىك كۆمگۈزمەيمەن، دەپ ۋەدە بەردى. خوس ئاركادىئو II شۇنداق قىلىپ ئاخىر قورقۇنچىدىن تامامەن خالاس بولۇپ، مېرگادىسنىڭ تېرە قەغەزگە يېزىلغان قولىيازمىلىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى، چۈشەنمىگەنسېرى بېرىلىپ تەتقىق قىلدى. يامغۇرنىڭ ئاۋازىغىمۇ كۆنۈپ كەتتى ـ دە، ئىككى ئايدىن كېيىن بىر خىل باشقىچە جىملىققا ئايلاندى، ئەمدى پەقەت سانتا سوفىيە دېلا پېدادلا كىرىپ ـ چىقىپ يۈرۈپ ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئانىسىدىن ئىشىكنى يەنە قۇلۇپلاپ، تاماقنى دېرىزە تەكچىسىگىلا قويۇپ قويۇشنى ئۆتۈندى. ئۆيدىكىلەر خوس ئاركادىئو II نى ئۇنتۇدى، جۈملىدىن فېرناندا خوس ئاركادىئو II نىڭ ھېلىقى ھەربىيلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمىگەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، شۇ يەردە تۇرغىنىنىڭ يامىنى يوق، تۇرسا تۇرىۋەرمەمدۇ دەپ ئويلىدى. خوس ئاركادىئو II يېرىم يىلنى پىنھاندا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ئارمىيە ماكوندودىن كەتتى. ئورېلىئانو II يامغۇرلۇق كۈنلەرنى بىرەرسى بىلەن مۇڭداشقاچ ئۆتكۈزۈش ئىستىكىدە ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىشىگىلا، پەۋاغا تىزىلىپ كەتكەن، ھەممىسى بىرەر قۇر ئىشلىتىلگەن گارشوكلاردىن كېلىۋاتقان تىن ئالغۇسىز بىر سېسىمچىلىق دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلدى. چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ پاخپىيىپ كەتكەن خوس ئاركادىئو II ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاينىتىدىغان سېسىمچىلىق بۇرنىغا پۇرىمايۋاتقاندەك بىرھالدا چۈشىنىكسىز تېرە قەغەز يازمىلىرىغا بېرىلىپلا كەتكەنىدى، پۈتۈن ئەزايىدىن پەرىشتىلەرگە خاس نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئىشىك ئېچىلغاندا بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ لەپپىدە بىر قاراپ قويۇپلا يەنە كىتابىغا چۆكۈپ كەتتى. ئورېلىئانو II قېرىندىشىنىڭ ئاشۇ لاپپىدە قارىغان كۆزلىرىدىن ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى كۆرگەندەك بولدى.

ــ ئۇلار ئۈچ مىڭدىن ئاشىدۇ، ــ دېدى خوس ئاركادىئو II ، ــ ئەمدى كېسىپلا ئېيتالايمەن، ۋوگزالغا يىغىلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلدى.

# ئون ئالتىنچى باب

يامغۇر تۆت يىل ئون بىر ئاي ئىككى كۈن ياغدى. بەزىدە توختىغاندەكمۇ قىلاتتى، بۇنداق چاغدا ھەممە ئادەم بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ، خۇددى ئۈزاق ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ساقايغان ئادەمدەك چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ ھاۋانىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى تەبرىكلەشكە تەييارلىنىشاتتى. بىراق، خۇددى باشقىلەتىن ياغىدىغان قارا يامغۇرنىڭ مۇقەددىمىسىدەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ ھاۋا ئېچىلىپ قالىدىغان بۇنداق چاغ ئۆتۈپ كەتسىلا ئاسماندىن چېلەكلەپ سۇ تۆكۈلگەندەك شاقىراپ يامغۇر يېغىپ كېتەتتى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، دەھشەتلىك شىمال شاملى ماكوندوغا ھۇجۇم قىلىپ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئېچىۋەتتى، تاملارنى ئۆرۈپ، بانانزارلىقتا ئاندا ـ ساندا قېپقالغان بانان دەرەخلىرىنىمۇ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇۋەتتى، كىشىلەر بۇنداق ھاۋاغا كۆنۈپمۇ قالغانىدى. خۇددى ئۇرسۇلا مۇشۇ كۈنلەردە پات ـ پات ئەسلەپ قالىدىغان ئۇيقۇسىزلىق كېسىلى تارقالغان چاغلاردىكىدەك، بۇ ئاپەتمۇ كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشىغا تۈرتكە بولاتتى. ئورېلىئانو II شۇنداق كىشىلەرنىڭ ئالدى بولۇپ، بىكارچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان زېرىكىشلىك كۈنلەرگە بوي بەرگۈسى كەلمەيتتى. بىروۋىن ئەپەندى قولقىنى قىزىتىپ يامغۇر ياغدۇرۇۋەتكەن ھېلىقى كۈنى كەچتە ئورېلىئانو II يوقىلاڭ بىر ئىش بىلەن يامغۇرغا ئۆلگۈرۈپ ئۆيگە كېلىپ قالغانىدى، فېرناندا ئىشكاپىدىن بىر كۈنلۈكنى تېپىپ ئېرىگە سۇندى.

— لازىمى يوق، — دېدى ئورېلىئانو II ، — يامغۇر توختىغىچە مەشەدە تۇرىمەن.

بۇ گەپ يېنىۋالغىلى بولمايدىغان ۋەدە ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە. بىراق، ئورېلىئانو II

لەۋزىدە تۇردى. كىيىملىرىنىڭ ھەممىسى پېترا كېتىسىنىڭ ئۆيىدە قالغان بولغاچقا، ھەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ئۈچىسىدىكى كىر كىيىملىرىنى سېلىپ يۇيغۇزۇپ، قۇرۇپ بولغىچە كالتە ئىشتانلىق كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بىكارچىلىقتا زېرىكىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە رېمونتچىلىققا كىرىشىپلا كەتتى. ئىشىكنىڭ گىرەچىلىرىنى تەڭشىدى، قۇلۇپلارنىڭ تۆشۈكىنى مايلىدى، ئىشىكنىڭ ھالقىلىرىنى چىڭىتتى، تاقىقىنى رۇسلىدى. ئۇدا بىرنەچچە ئايغىچە سايمان ساندۇقىنى قولتۇقلاپ «بۇ ساندۇق خوس ئاركادىئو ئابۇئېندىيەنىڭ زامانىدا سىگانلار ئۇنتۇلۇپ قالغان ساندۇق بولۇشى مۇمكىن» دېگىنىچە ئۆيىنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇنى - بۇنى قىلىپ يۈردى. ئەھمىيەتسىز ئەمگەكتىنمۇ ياكى چېكىگە يەتكەن ئىچ پۇشۇقىدىنمۇ ۋەياكى نەپسىنى يىغىشقا مەجبۇر بولغانلىقىدىنمۇ، دومباق قورسىقى خۇددى يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك بارا - بارا تارتىلىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. يۈزىدىكى قىزىللىق ۋە قوش ئېڭەكلىرى بارا - بارا يوقالدى، ئاخىرىدا ئۆزىمۇ ئورۇقلاپ، ئاياغ بوغقۇچىنى ئۆزى چىگەلىگۈدەك ھالغا كەلدى. فېرناندا ئورېلىئانو II نىڭ ئىشىكلەرگە قۇلۇپ ئورنىتىپ كېتىشلىرىگە، تام سائەتلىرىنى رېمونت قىلىپ كېتىشلىرىگە قاراپ، ئېرىنىمۇ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئالتۇن بېلىقچان ياسىغىنىدەك، ئامارانتانىڭ تۈگمىسىنى ئۈزۈپ - تىكىپ، كېپىنىنى تىكىپ - سۆكۈپ يۈرگىنىدەك، خوس ئاركادىئو II نىڭ تېرە قەغەزگە يېزىلغان قولىيازمىلارنى كۆرۈشكە كىرىشىپلا كەتكىنىدەك، ئۇرسۇلانىڭ ئۆتكەن - كەچكەن ئىشلارنى زېرىكمەي ئەسلەۋەرگىنىدەك ھېلى ياسىغاننى ھېلى بۇزىدىغان، ھېلى بۇزغاننى ھېلى ياسايدىغان يامان ئادەتنى يۇقتۇرۇۋالدىمۇ - نېمە، دەپ گۇمانلاندى. ھالبۇكى، ھەقىقىي ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇ توختىماي يېغىۋېرىپ ھەممىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن يامغۇرنىڭ كاشىلىسىدىن چىققان چاتاق ئىدى. ئەگەر ئۈچ كۈندە بىر قېتىم ماي سۈرۈپ تۇرمىسا، مېخانىزملارنىڭ چىشلىق چاقلىرىنىڭ ئارىسى چېچەكلەپ قالاتتى، تاۋار - دۇردۇنلاردىكى ئالتۇن - كۈمۈش يىپلارمۇ داتلىشىپ قالاتتى، ھۆل كىيىملەردىن بولسا كاۋا چېچىكى رەڭ لەش ئۈنۈپ قالاتتى. ھاۋا شۇ قەدەر نەملىشىپ كەتكەنكى، بېلىقچانلار ئىشىك - دېرىزىلەردىن غۇيۇلداپ

ئۇزۇپ كىرىپ، ھاۋادا ھەممە ئۆينى بىمامال ئايلىنىپ ئويناپ چىقىپ كېتەتتى. ئۇرسۇلا بىركۈنى ئەتىگىنى ئويغىنىپلا ئۆزىنىڭ ماغدۇرىدىن كېتىپ بىر خىل گاراڭلىق ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، بۇنى ئۆلۈمىنىڭ بېشارىتى دەپ چۈشىنىپ، ئۆيدىكىلەردىن جىرغىغا سېلىپ بولسىمۇ پوپ ئانتونىئو ئىسابېلنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد شۇ ئەسنادا مومايىنىڭ دۈمبىسىنى زۈلۈك بېسىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى ـ دە، ئوچاقتىكى چوغى ئۆچمىگەن كوكۇس بىلەن بىردىن ـ بىردىن كۆيدۈرۈپ چۈشۈرۈۋېتىشكە كىرىشتى. زۈلۈكلەر ئۇ بىچارە مومايىنىڭ قېنىنى شوراپ قۇرۇتىۋەتكىلى تاس قالغانىدى. ئۆيدىكىلەر ئېرىقچە كولاپ ئۆيدىكى سۇنى چىقىرىۋېتىشكە، پاقا ۋە قۇلۇلىلەرنى تازىلاشقا، پەۋانى قۇرۇتۇپ، كارىۋاتنىڭ پۇتىغا قويۇلغان خىشلارنى ئېلىۋېتىپ، ئۆيدە ئاياغ كىيىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدى. بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كېلىدىغان نۇرغۇن ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش بىلەن پالاقشىپ يۈرگەن ئورېلىئانو II بىركۈنى كەچقۇرۇن سەگۈنچەكتە جىممىدە ئولتۇرۇپ، بالدۇرلا چۈشكەن گۈگۈم مەنزىرىسىگە قارىغاچ پېترا كېتىسنى ئەسلەپ قالدى ـ يۇ يۈرىكى سوقۇپ قويمىدى، شۇندىلا ئۆزىنىڭ قېرىپ قالغانلىقىنى تۇيدى. فېرناندانىڭ مەززىسىز قوينىنى ئەمدى تېپىۋالىدىغاندەك قىلاتتى، فېرناندا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، چىرايىدىن كەتمىگەنىدى. بىراق، توختىماي يېغىۋەرگەن يامغۇر ئورېلىئانو II نىڭ ئىشقىي ھەۋەسلىرىنى بېسىپ، ئورنىنى زوق ـ ھەۋەسلەردىن خالىي بىر خىل تىنچلىق ئالغانىدى. ئورېلىئانو II بۇرۇنقى چاغلىرى بولۇپ قالغان بولسا توختىماي يېغىۋاتقىنىغا بىر يىلچە بولۇپ قالغان مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۈنلەردە نېمە ئىشلارنى قىلىپ كېتىدىغانلىقىنى تازا بېرىلىپ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى. بانان شىركىتىدىن كۆپ چاققان چىقىپ ئۆزى بىرىنچى بولۇپ ماكوندوغا قاڭالتىر ئېپكىرەتتى، لېكىن پەقەت پېترا كېتىسنىڭ ئۆگزىسىنى يېپىپ، پېترا كېتىس بىلەن شېرىن مەي بولۇپ كەتكەن چاغلىرىدا ئۆگزىگە چۈشۈۋاتقان يامغۇرنىڭ تىرىق ـ تىرىق ئاۋازىدىن زوق ئېلىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلاتتى. ياش چاغلىرىدىكى ئەنە شۇنداق تەنتەكلىكلىرى توغرىسىدىكى ئەسلىمىلىرىمۇ قەلبىدە

ھېس ـ ھاياجان ئۇرغۇتالمىدى، گويا ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنىدا بارلىق ئىشقىي ھەۋەسلىرى خوراپ تۈگەپ، ئەمدى پەقەت ئۆتكەن كۈنلىرىنى خاتىرىلىگەندە ئەسلىگىنىدە ئازراقمۇ ھەسرەت چەكتۈرمەيدىغان، ئۆكۈندۈرمەيدىغان ئاجايىپ بىر خىل مۇكاپاتلا قالغاندەك. ئېھتىمال، بەزىلەر ئورېلىئانو II گە يامغۇر ئەنە شۇنداق تىنچىقىنە ئۆيلىنىش پۇرسىتى يارىتىپ بەرگەنىدۇ، مايدان بىلەن ئامبۇرنى كۆتۈرۈپ بېشىنى قاشلىغىدەكمۇ چولىسى يوق ئالدىراش قىلىۋەتكەن قاتىلاڭ ئىشلار قەلبىدە ئاخىر ھەسرەت ئويغىتىپ، ئۆمرىدە نۇرغۇن ساۋابلىق ئىشلار ئۇچرىغان بولسىمۇ ھېچقاچان قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئويلاپ قالغانىدۇ، دەپ سورىشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، ھەر ئىككىلىسى توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئورېلىئانو II نىڭ ئائىلىگە بولغان تەشنالىقى قايتا ـ قايتا ئويلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىمۇ ئەمەس، ئىلگىرىكى خاتالىقلىرىغا تۆۋە قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلىمۇ ئەمەس، بۇنىڭ سەۋەبىنى يىراق ئۆتمۈشتىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئورېلىئانو II ئۇ چاغلاردا مېرگادىسنىڭ ئۆيىدە ئۇچار گىلەم، كېمىلەرنى ماتروسلار بىلەن قوشۇپ دەم تارتىپ يۇتۇۋېتىدىغان لەھەڭ ھەققىدىكى سىرلىق چۆچەكلەرنى كۆپ ئوقۇغانىدى. شۇ چاغلاردىكىدەك ئارزۇسى بۈگۈنكى كۈندە ئۇزۇلمەي يېغىۋاتقان يامغۇر تۈپەيلىدىن يەنە پەيدا بولدى. بۇ كۈنلەردە فېرناندانىڭ بىردەملىك بىخەستەلىكى تۈپەيلىدىن نەۋرە ئوغلى ئورېلىئانو كارىدورغا چىقىۋالغانىدى، ئورېلىئانو II بۇ بالىنىڭ ئۆز نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى شۇ ئان تونۇۋالدى ـ دە، چاچلىرىنى ياساپ، كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قويدى، ئەمدى ھېچكىمدىن قورقماسلىققا رىغبەتلەندۈردى. بۇ بالا پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان مەڭىز سۆڭىكى، ئادەمگە چۆچۈپ قاراشلىرى ۋە غېرىبانە روھىي ھالىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئورېلىئانو بۇئىندىيەلەردىن ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. فېرناندامۇ ئېغىر غەم ـ ئەندىشىدىن خالاس بولۇپ كۆڭلى تىنغان بولدى. چۈنكى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسى ئۇستىدە ئويلانغانسېرى، تاپقان چارىلىرىنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. مۇبادا ئورېلىئانو II نىڭ بۇ بالىغا مۇشۇنداق رازىمەنلىك بىلەن بوۋا بولىدىغانلىقىنى بالدۇرراق بىلگىنىدە، نۇرغۇن ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىپ،

ئىشنى بۇنچە كەيىنگە سۈرىۋەرمىگەن، بۇ زۇلۇمدىن بىر يىلنىڭ ئالدىدىلا قۇتۇلغان بولار ئىدى. سوۋت چىشى چۇشۇپ يېڭىلىنىپ بولغان ئامارانتا ئۇرسۇلا ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ جىيەنى تىزگىنلىمەك تەس بىر قونچاق، زېرىكەرلىك يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ئەرمىكى ئىدى. مېمېنىڭ ئۆيىدىكى ئىشكاپقا تاشلىنىپ قالغىنىچە ھېچكىم چېقىلىپ باقمىغان ھېلىقى بىر يۇرۇش ئېنگلىزچە قاموس ئورېلىئانو II نىڭ ئېسىگە كېلىپ قالدى ـ دە، ئېلىپ چىقىپ كىتابتىكى قىستۇرما رەسىملەرنى، بولۇپمۇ ھايۋانات رەسىملىرىنى، ئاندىن خەرىتىلەرنى، چەت ئەل مەنزىرىلىرىنى ۋە داڭلىق ئەربابلارنىڭ رەسىملىرىنى بالىلارغا كۆرسەتتى. ئېنگلىزچە بىلمىگەچكە، پەقەت ئەڭ داڭلىق شەھەرلەرنى ۋە ئەڭ داڭلىق شەخسلەرنى ئاران تونۇيالايتتى. شۇڭا بالىلارنىڭ چەكسىز قىزىقىشىنى قانائەتلەندۇرۇش ئۈچۈن ئادەم ئىسىملىرىنى ۋە چۆچەكلەرنى توقۇپ چىقىپ چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى.

فېرناندا ئېرىنىڭ ھاۋا ئېچىلسىلا ئاشنىسىنىڭ قېشىغا كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. دەسلەپتە بىرنەچچە ئايغىچە ئېرىنىڭ كېچىدە ھۇجرىسىغا كىرىۋېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ ئۆتتى. شۇنداق بولۇپ قالغىنىدا، ئار ـ نومۇسنى بىرچەتكە قايرىپ قويۇپ، ئېرىگە ئۆزىنىڭ ئامارانتا ئۇرسۇلا تۇغۇلغاندىن كېيىنلا خوتۇنلۇق ئىقتىدارىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى چۈشەندۈرگەن بولاتتى. ھېلىقى ناتونۇش دوختۇر بىلەن بولغان خەت ـ ئالاقىغا شۇنچە بېرىلىپ كېتىشىنىڭمۇ سەۋەبى دەل شۇ ئىش ئىدى. بىراق، بۇ خەت ـ ئالاقىسى پوچتا يوللىرىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىشى تۈپەيلىدىن پات ـ پات ئۈزۈلۈپ قالدى. دەسلەپتىكى بىرنەچچە ئايدا «بوران ـ چاپقۇن پويىزنى رېلىستىن چىقىرىۋېتىپتۇ» دېگەندەك خەۋەرلەر كېلىپ تۇردى. فېرناندا ئۇ ناتونۇش دوختۇرنىڭ خېتىدىن ئۆزىنىڭ بىرنەچچە پارچە خېتى تەگمىگەنلىكىنى بىلدى. كېيىنچە ئۇ ناتونۇش دوختۇر بىلەن بولغان ئالاقىسى چورتلا ئۈزۈلۈپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئېرىنىڭ ھېلىقى قانلىق شادلىق بايرىمىدا كىيگەن يولۋاس نىقابىنى كىيىپ، ئېتىنى ئۆزگەرتىپ بانان شىركىتىنىڭ دوختۇرلىرىغا كۆرۈنسەم بولامدۇ ـ قانداق دەپ ئەستايىدىل ئويلىنىشقا كىرىشتى. ئەپسۇسكى، يامغۇر توغرىسىدا دائىم

يامان خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلاردىن بىرى بانان شىركىتىنىڭ داۋالاش پونكىتىنى يامغۇر ياغمايدىغان بىر يەرگە يۆتكەپ كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئەمدى ئۈمىدى يوققا چىققان فېرناندا شۇنىڭ بىلەن يامغۇر توختاپ پوچتا يولىنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتكەچ شۇ مەخپىي كېسەلنى ئۆزى داۋالاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۆلۈپ كېتىشكە رازى ئىدىكى، ماكوندودا قېپقالغان بىردىنبىر دوختۇر — ئات - ئېشەككە ئوخشاش ئوت - چۆپنى غىزا ئورنىدا يەيدىغان فىرانسۇز دوختۇرنىڭ قولىغا قېلىشنى خالىمايتتى. فېرناندا كېسەلگە شىپا بولىدىغان بىرەر دورا رېتسېپىنى بىلەمدىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئۇرسۇلانى ئىزدىدى. فېرناندانىڭ گەپنى توغرىدىن - توغرا دېمەي ئەگىتىپ ئېيتىدىغان ئادىتى بار ئىدى، شۇڭا ئۇرسۇلاغا «يەڭگىگەندە» دېگەن گەپنىڭ ئورنىغا «چىقارغاندا»، «ھەيز توختىمايۋاتىدۇ» دېگەن گەپنىڭ ئورنىغا «ئاشقازىنىم قىزىپ كېتىۋاتىدۇ» دېدى. مۇشۇنداق دېسەم ئۇياتلىق بىلىنمەيدۇ دەپ ئويلايتتى. ئۇرسۇلا كېسەلنىڭ بالىياتقۇغىزدا ئەمەس، ئاشقازاندا ئىكەن دەپ گېپىگە لايىق يەكۈن چىقىرىپ، ئاچ قورساق ھالەتتە سىماب ئىچىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. بۇ كېسەل بۇنداق زىيادە ئۇياتچان فېرناندادىن باشقا ئايال ئۇچۇن ئۇياتلىق كېسەل ھېسابلانمايتتى. ھالبۇكى، فېرناندا مۇشۇنداق بىر كېسەلگە گىرىپتار بولمىغان، خەتلىرى يېتىپ كەتمىگەن بولسا، يامغۇردىن پەرۋايى پەلەك يۈرۈۋەرگەن بولار ئىدى. چۈنكى، ھاياتىمۇ توختىماي يېغىۋاتقان ئاشۇ يامغۇردەك بولۇپ، ھېچقاچان مەشغۇلات ۋاقتىنى ئۆزگەرتىپ باقمىغان، ئارتۇقچە قائىدە - يوسۇنلارنىمۇ ئازايتىپ باقمىغانىدى. باشقىلار تاماق يېگەندە پۈتىمىز ھۆل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ شىرەنىڭ پۇتىغا خىش قويۇپ، ئورۇندۇقنىڭ تۇۋىگە شال قويۇپ ئولتۇرسا، فېرناندا بۇرۇنقىدەكلا شىرەگە كاناپ داستىخىنىنى سېلىپ، جۇڭگونىڭ نەپىس قاچا - قۇچىلىرىنى تىزىشنى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا شامدان قويۇپ شام يېقىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. چۈنكى، ئاپەت قائىدە - يوسۇنلارنى بۇزۇشنىڭ باھانىسى بولۇپ قالسا بولمايدۇ دەپ قارايتتى. ئۆيدە ئەمدى ھېچكىم كوچىغا ھاڭۋېقىپ قارىيالماس بولۇپ كەتكەنىدى. فېرناندانىڭ قولىدىن كەلگەن بولسا، بۇنداق قىلىقنى مەڭگۈلۈك چەكلىۋەتكەن بولار ئىدى، يەنە كېلىپ

يامغۇر يېغىشتىن خېلى بۇرۇنلا مۇشۇنداق ئويغا كەلگەندى. چۈنكى، فېرناندانىڭ قارىشىچە، ئىشىك دېگەن تاقاش ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان نەرسە، كوچىدىكى ئىشلارغا قىزىقىش پەقەت پاھىشىلەرنىڭلا ئىشى ئىدى. ھالبۇكى، پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوسنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ ماڭغانلار ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بولسا ئۆزى بىرىنچى بولۇپ تالاغا ھاڭۋېقىپ قارىدى. نەتىجىدە، قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن كۆرگەن مەنزىرىدىن شۇ قەدەر ئازابلاندىكى، ئۇزاق بىر چاغلارغىچە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئۆكۈنۈپ يۈردى.

مۇشۇنداقمۇ ئاۋارە مېيىت ئۇزاتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۆكەك كالا ھارۋىسىغا سېلىنغان، ھارۋىغا بانان يوپۇرمىقىدىن لەمپە ياسالغانىدى. ھارۋا توختىماي يېغىۋاتقان قارا يامغۇر تۈپەيلىدىن پاتقاق بولۇپ كەتكەن يولدا ماڭدامدا بىر پېتىپ قالاتتى، لەمپىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك سەت لەپەڭشىپ تۇراتتى، ھەسرەتلىك يېغىۋاتقان سوغۇق يامغۇر ئۆكەككە چۈشۈپ، ئۆكەككە يېپىلغان بايراقنى سۇزمە خالتىسى قىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇ قان ۋە ئىس - تۈتەك بىلەن بۇلغانغان، جىگەرلىكراق كونا ھەربىيلەر تەرىپىدىن يۇلۇپ تاشلانغان جەڭ بايرىقى ئىدى. ئۆكەك ئۈستىگە يەنە سېرىق چۇچا - پۆپۈكلۈك ھەربىي قىلىچمۇ قويۇلغانىدى، بۇ ئىلگىرى پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس ئامارانتانىڭ كىيىم تىكىش ئۆيىگە قورالسىز كىرىش ئۈچۈن مېھمانخانىدىكى كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويىدىغان ھەربىي قىلىچ ئىدى. ئۆكەككە ئەگىشىپ پاتقاق كېچىپ كېتىۋاتقانلار نىراندىيە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ھايات قالغان بىرنەچچىلا كونا ئەسكەرلەر ئىدى، ئۇلار پۇچقاقلىرىنى تۈرۈۋەتكەن، بەزىسى يالاڭ ئاياغ بولۇپ، بىر قولىدا ھاسا، يەنە بىر قولىدا يامغۇرغا چىلىنىپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن گۈل چەمبىرەك بار ئىدى. بۇلار خىيالىي تۇيغۇدەك ھېلىغىچە پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ نامى بىلەن ئاتىلىۋاتقان كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ھەممىسى ھېلىقى ئۆيگە قاراپ قويۇشتى. مەيدانىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلغاندا ھارۋا پاتقاققا پېتىپ قېلىپ ياردەمگە ئادەم چاقىرىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇرسۇلا سانتا سوفىيە دېلا پېدادقا يۆلەنگىنىچە ئىشىك

ئالدىغا چىقىپ، مېيىت ئەكىتىۋاتقانلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە دىققەت بىلەن سىنچىلاپ قاراپ تۇردى، كۆرەلەيدىغانلىقىدىن ھېچكىم گۇمان قىلمايتتى، بولۇپمۇ خۇشخەۋەر يەتكۈزگۈچى پەرىشتىدەك كۆتۈرگەن قولى كالا ھارۋىسىنىڭ ئىغاڭلاشلىرى بىلەن تەڭ پۇلاڭلاۋاتقاندا تېخىمۇ گۇمانلانمايتتى.

— ئەلۋىدا، گىرىنلېردو، ئوغلۇم، — توۋلىدى ئۇرسۇلا، — بىزنىڭ ئۆيدىكىلەرگە سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويارسەن، ئۇلارغا ئېيتىپ قوي، يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتسىلا ئۇلارنى يوقلاپ بارىمەن.

ئوربىلىئانو Ⅱ ئۇلۇغ مومىسىنى يۆلەپ كارىۋاتقا ئاپىرىپ قويۇپ، ئادەتتىكىدەك بىپەرۋا بىرھالدا بۇ نېمە دېگىنىڭ، دەپ سورىدى.

— راست دەۋاتىمەن، يامغۇر توختىسىلا ئۆلىمەن، — دېدى ئۇرسۇلا.

كوچىلارنى بېسىپ كېتىۋاتقان لاي ـ لاتقا ئوربىلىئانو Ⅱ نى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئاخىر ماللىرىنىڭ تەقدىرىدىن ئەنسىرەپ بىر پارچە لاتىنى بېشىغا ئارتتى ـ دە، پېترا كىتىسنىڭ ئۆيىگە باردى. پېترا كىتىس ھويلىدىكى بېلىگە كەلگۈدەك سۇغا چۈشۈۋېلىپ بىر ئۆلۈك ئاتنى لەيلەتمەكچى بولۇپ ئاۋارە ئىدى. ئوربىلىئانو Ⅱ قولىغا تاياق ئېلىپ ياردەملەشتى. ئاتنىڭ كۆپۈپ تۇلۇمدەك بولۇپ كەتكەن ئۆلۈكى پۇلاڭگىدە بىر ئۆرۈلۈپ شىددەتلىك لاي سۇدا ئېقىپ كەتتى. قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىغاندىن بۇيان پېترا كىتىس ھويلىسىدىن ئۆلۈك ماللارنى تازىلاپ چىقىرىش بىلەنلا ئاۋارە ئىدى. دەسلەپكى بىرنەچچە ھەپتىدە ئوربىلىئانو Ⅱ گە تېزدىن بىرەر ئامالىنى قىلىش توغرىسىدا گەپ ئېيتىپ تۇردى. ئوربىلىئانو Ⅱ بولسا ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەھۋال ئۇنچە يامان ئەمەس، يامغۇر توختىغاندا ھېسابلىشىمىز دەپ جاۋابىنى بەردى. پېترا كىتىس يەنە قېرىمىنى سۇ بېسىپ كەتتى، ماللار ئوت ـ چۆپ يوق تاغقا قېچىپ كېتىۋاتىدۇ، تاغدا ئاچ قالىدۇ، يىلپىزلارغا يەم بولىدۇ ياكى ۋابا بىلەن قىرىلىدۇ، دەپ گەپ ئەۋەتتى.

— ئامال يوق، — جاۋاب بەردى ئوربىلىئانو Ⅱ ، — ئەنسىرىمىسۇن، يامغۇر توختىسىلا قالغان مال يەنە تۇغۇپ كۆپىيىدۇ.

ماللار پېترا كېتىسنىڭ كۆزىچە توپ ــ توپى بىلەن ئۆلۈپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا لايغا پېتىپ قالغان جانىدارلىرىنى بوغۇزلىۋېلىشقىمۇ يېتىشىپ بولالمايۋاتاتتى. ئۆز ۋاقتىدا ماكوندودا ئەڭ ئىشەنچىلىك مۇلۇك دەپ قارالغان مال ــ ۋارانلىرىنىڭ قارا يامغۇردا قىرىلىپ تۈگەپ، ئالەمنى سېسىمچىلىق بېسىپ كېتىۋاتقىنىغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرماقتىن باشقا ئىلاجى يوق ئىدى. ئورېلىئانو II ئاخىر بۇ يەردىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ بېقىش قارارىغا كەلگەن چاغدا ھېلىقى ئاتنىڭ ئۆلۈكى ۋە قوتاننىڭ خارابىسىدە قالغان بىر قوتۇر بايتالدىن باشقا ھېچنىمە قالمىغانىدى. پېترا كېتىس ئورېلىئانو II نى كۆرۈپ ھەيران قالمىدى، خۇش بوپ كەتمىدى ھەم ئاغرىنىپمۇ يۈرمىدى، پەقەت زاڭلىق ئارىلاش سۇسقىنە كۈلۈپلا قويدى.

ـــ قالتىس ۋاقتىدا كەلدىڭىز!

پېترا كېتىس قېرىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى، يىرتقۇچلارنىڭكىدەك ئۆتكۈر چېقىر كۆزلىرى كۆنبويى يامغۇرغا تولا قاراپ غەمكىن ۋە مۇلايىم تۇسكە كىرگەنىدى. ئورېلىئانو II مۇشۇ كېلىشىدە ئۈچ ئايدىن ئارتۇق تۇردى، بۇ ئۆيىنىڭ ئۆز ئۆيىگە قارىغاندا كۆڭۈللۈكرەك ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى يەنە بېشىغا لاتا ئارتىپ قايتىپ كېتىش قارارىغا كېلىشى ئۈچۈن مەلۇم ۋاقىت كېرەك ئىدى.

ـــ ئالدىرىمايمەن، ـــ دېدى خۇددى يەنە بىر ئۆيدە دېگىنىدەكلا گەپ قىلىپ، ـــ ھاۋا ئېچىلىپ كەتكىچە يەنە بىرنەچچە سائەت ساقلايمەن.

بىرىنچى ھەپتىسى ئاشنىسىنىڭ ۋاقىت ۋە يامغۇرلۇق كۈنلەر ئۆزگەرتىۋەتكەن چىرايىغا ئاستا ــ ئاستا كۆنۈپ، نەزەرىدە ئۆتكەنكى چىرايى ئەسلىگە كەلگەندەك بولدى ــ دە، ئۆزلىرىنىڭ بولۇشچە پەيزى قىلىپ ئۆتكەن كۈنلىرىنى، كۆڭۈل خۇشلۇقىنىڭ تەسىرىدە جانىدارلىرى ۋاچچىدە ئايىنىپ كەتكەن مەنزىرىنى ئەسلىدى. ئىككىنچى ھەپتىدە بىر كېچىسى يېرىمى سۆيگۈ، يېرىمى ھاياجان بىر تۈيغۇنىڭ ۋەسۋەسىسىدە پېترا كېتىسنى مېھرى بىلەن سىلاپ يۈرۈپ ئويغاتتى. بىراق، پېترا كېتىس مىتمۇ قىلىپ قويمىدى.

— جىم يېتىڭ، — دېدى پېترا كېتىس غوۋدۇراپ، — ھازىر ئۇنداق ئىشنى قىلىدىغان چاغ ئەمەس.

ئورېلىئانو II تورۇستىكى تاش ئەينەكتىن ئۆزىنى، شۇنداقلا پېترا كېتىسنىڭ قۇرۇپ كەتكەن نېرۋا تومۇرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئەشمىگە ئوخشاپ قالغان ئومۇرتقىلىرىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەندەك بولدى. توغرىسىنى ئېيتقاندا ھازىر ئۇلار ئۇچۇن بۇنداق كۆڭۈل خۇشنى قانداق ۋاقىتتا قىلىش ئەمەس، بەلكى ھەر ئىككىلىسى ئەمدى بۇنداق ئىشقا نالايىق بولۇپ قالغانىدى.

ئورېلىئانو II كىيىملىرى قاچىلانغان چامادانىنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. ئىچىدە يالغۇز ئۇرسۇلالا ئەمەس، ماكوندودىكى ھەممە ئادەمنىڭ يامغۇر توختىسىلا ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. يولدا كەلگىچە كىشىلەرنىڭ ئۆز ئۆيىنىڭ مېھمانخانىلىرىدا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، قىممەتلىك ۋاقتىنىڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىغا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ ئولتۇرماقتىن باشقا ئىش بولمىغانىكەن، ۋاقىتنى يىل، ئاي، كۈن، سائەت دەپ ئايرىپ ئولتۇرۇشنىڭمۇ ھاجىتى قالمىغانىدى. بالىلار چۇرقىراشقىنىچە ئورېلىئانو II نى كۈتۈۋالدى، ئورېلىئانو II بولسا ئۇلارغا پۇشۇلداپ قالغان گارمونىنى چېلىپ بەردى. بىراق، بالىلارغا گارمونىدىن قامۇس بەكرەك ياقاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەنە مېمىنىڭ ھۇجرىسىغا توپلىنىشتى. ئورېلىئانو II تەسەۋۋۇرىنى يەنە ئىشقا سېلىپ، ئۇچار كېمىنى بۇلۇتلار ئىچىدىن ماكان ئىزدەپ يۈرگەن ئۇچار پىل دەۋالاتتى. يەنە بىر بەتتە بىر چەۋەندازنىڭ چاتما رەسىمىنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇستىبېشىدىكى يات ئەلنىڭ كىيىملىرىمۇ تونۇش چىرايىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيتتى. ئورېلىئانو II رەسىمنى سىنچىلاپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇ چەۋەندازنى پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. رەسىمنى فېرناندىاغا كۆرسىتىۋىدى، گەرچە رەسىمدىكى چەۋەنداز تاتار بولسىمۇ فېرناندا بۇ چەۋەندازنىڭ پولكوۋنىك ئورېلىئانوغىلا ئەمەس، بۇئىنىدىيە جەمەتىدىكى ھەممە ئادەمگە ئوخشاپ

كېتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. ئورېلىئانو II ۋاقتىنى شۇ تەرزدە رودوس ئارىلىدىكى زور تاش ھەيكەللەر ۋە يىلان بىلەن ھەپىلەشىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ئۆتكۈزدى. ئايالى ئۆيدە ئاران ئالتە كىلو سۈر گۆش بىلەن بىر خالتا گۈرۈچلا قالغانلىقىنى سەمىگە سالغىچە شۇنداق يۈرۈۋەردى.

— مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ — سورىدى ئورېلىئانو II .

— ئۇقمايمەن، — دېدى فېرناندا، — بۇ دېگەن ئەر خەقنىڭ ئىشى.

— ماقۇل، — دېدى ئورېلىئانو II ، — يامغۇر توختىسىلا ھامان بىر ئامالى چىقىدۇ.

ئورېلىئانو II چۈشلۈك تامىقىدا بىر توغرام گۆش بىلەن ئازغىنا گۈرۈچ تامىقى تارتىلىۋاتقىنىغىمۇ قارىماي قامۇسقا بولغان ھەۋىسىدىن قالمىدى.

— ھازىر ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، — دەيتتى ئۇ، — يامغۇرمۇ توختىماي قالماس.

ئامباردا ئاشلىق ئۆكسىگەنسېرى فېرناندانىڭ كوت ـ كوتلىرىمۇ كۈنسايىن كۆپىيىپ باردى، باشتا ئاندا ـ ساندا قاقشاپ، ئانچە ـ مۇنچە كوتۇلداپ قويغان بولسا، ئەمدى ئاخىر توسۇۋالغۇسىز كەلكۈندەك گۈلدۈرلەپ ھال ئېيتقىلى تۇردى. بىر كۈنى ئەتىگىنى باشلانغان غىڭ ـ غىڭلىرى خۇددى گىتارنىڭ يېقىمسىز تىرىڭ ـ تىرىڭىدىن باشلانغان ئاۋازى بارا ـ بارا تەڭشىلىپ ساز بوپ كەتكەندەك بارغانسېرى كۈچىيىپ كەتتى. ئورېلىئانو II دەسلەپتە فېرناندانىڭ بۇنداق غىڭ ـ غىڭلىرىغا پەرۋا قىلىپمۇ كەتمىگەنىدى، ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن يامغۇر ئاۋازىنىمۇ بېسىپ كېتىۋاتقان ئۈنلۈك كوت ـ كوتلىرىدىن قۇلاقلىرى پاڭ بولۇپ كەتتى. فېرناندا پۈتۈن ئۆيدە ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ يۈرگەچ تىنماي كوتۇلدايتتى: مەن ئەسلى ئايال پادىشاھنىڭ ئەندىزىسىدە تەربىيەلەنگەنىدىم، ئەمدىلىكتە بۇ ساراڭلار ساناتورىيەسىنىڭ دىدىكى بولۇپ قالدىم. بىكارتەلەپ، ھورۇن، شاللاق، كۈنبويى «ئۆزمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ئوڭدا يېتىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمايدىغان بىر ئەرنىڭ قولىغا چۈشتۈم. ئىنچىكە يىڭنە ئۈستىدە يىقىلغىلى ئاران تۇرىدىغان بۇ ئۆينى بېلىم سۇنغىدەك كۈچەپ ئىشلەپ

يۇرۇپ چاغلىقلا پۇل بىلەن ئۆي قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە ئىشلەپ كۆزۈمگە ئەينەكنىڭ سۇنىقى كىرىپ كەتكەندەك ئاغرىپ كۆزۈمنى ئاچالماي قالغاندىلا كارىۋىتىمنى تېپىپ يېتىپ قالىمەن. پۈتكۈزىدىغان، سەۋر قىلىدىغان، تۈزىتىدىغان ئىشلار شۇنچە كۆپ، لېكىن بىرەرىنىڭ «سالام، فېرناندا» دەپ ياكى «قانداقراق قوپۇپسىز» دەپ ئەھۋال سوراپ قويغىنىنى بىلمەيمەن، نېمىشقا بۇنچىلىك تاتىرىپ كەتكىنىمنى ياكى ئۇيقۇدىن تۇرغىنىمدا كۆزلىرىمنىڭ چۆرىسى نېمىشقا كۆكىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئەدەپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ سوراپ قويىدىغان ئادەم يوق. بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق گەپنىڭ چىقىشىدىنغۇ ئەزەلدىن تامايىم يوق، ئەلۋەتتە. تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ خەق مېنى بىر توسالغۇ، ئوچاقتىكى قىزىق قازاننى كۆتۈرىدىغان تۇتقا، تامغا سىزىلغان بىر سەت رەسىم قاتارىدا كۆرۈشىدۇ، كەينىمدىن چىشلەپ تارتىپ ساختا بۇۋىم، قائىدە ـ يوسۇنغا ئېسىلىۋالىدىغان يەھۇدى فارىسېس، چېپىلغاق خوتۇن دېيىشىدۇ. ھەتتا ئامارانتامۇ (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن) مېنى ئۆزۈمگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئىمانى يوق خوتۇن دېدىغۇ. ئاھ تەڭرىم، بۇ نېمە گەپ ئەمدى، مەن بولسام تەڭرىنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلىپ ھەممىگە سەۋر قىلدىم. ئەمدى سەۋر قىلالمايمەن، خوس ئاركادىئو II دېگەن نائەھلى تېخى «ئاكام سەندەك نەدىكى بىر ئىچكىرى ئۆلكىدىن كەلگەن خوتۇننى ئەمرىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئائىلىمىز سۇندى» دەۋاتامدۇ، تېخى. بۇ مۇتتەھەم خوتۇن (يا پەرۋەردىگارىم)، بۇ زەھەرخەندە خوتۇن ھۆكۈمەت ئىشچىلارنى قىرغىن قىلىشقا ئەۋەتكەن ھېلىقى ھەربىي ساقچىلار بىلەن بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى دەۋاتقىنىنى دەيمىنا! باشقا بىرىنى ئەمەس، گېرتسوگ ئارۋانىڭ چوقۇندۇرغان قىزىنى، پىرىنزدېنت خانىمىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان داڭدار جەمەتنىڭ پۈشتىنى، قان ـ قېنىدىن ئاقسۆڭەك ئايالنى، ئىمزالاردا يېرىم ئاراللىق ئون بىر قەدىمىي نەسەبنىڭ ئات ـ زاتىنى قوللىنىش ھوقۇقىغا ئىگە مەندەك بىر خانىمنى شۇنداق دەۋاتقىنىنى كۆرمەمدىغان! مەن بۇ دەيۈزلەرنىڭ شەھىرىدە ئون ئالتە يۇرۇش قاچا ـ قۇچىنى بەخۇدۇك تىزالايدىغان بىردىنبىر ئايالمەن، بۇزۇق ئېرىم بولسا بۇنچە كۆپ ۋىلكا ـ پىچاق، چۆمۈچ ـ قوشۇق ئادەمدىن كۆرە سەكسەنپۇتقا بەكرەك

كېرەك دەپ مەسخىرە قىلىدۇ تېخى. داستىخانغا قانداق چاغدا، قايسى تەرەپتىن، قانداق رومكىغا ئاق ۋىنو كەلتۈرۈشنى، قانداق چاغدا، قايسى تەرەپتىن، قانداق رومكىغا قىزىل ۋىنو كەلتۈرۈشنى كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ دەپ بېرەلەيمەن، ھېلىقى تومپاي ئامارانتا (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي) ئاق ھاراقنى كۈندۈزى ئىچىدىغان، قىزىل ھاراقنى ئاخشىمى ئىچىدىغان نەرسە دەپلا ئويلايدۇ. پۈتۈن دېڭىز بويى رايوندا مەنلا ئالتۇن گارشوكتا ئولتۇرۇدىغان ئادەم دەپ ماختىنىشقا ھەقلىقمەن، ھېلىقى پولكوۋنىك ئورېلىئانو (ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن) دىنىي خەيرىيەت جەمئىيىتى ماسونىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن تەپ تارتماي تۇرۇپ: نىجاسەت ئەمەس، خۇشبۇي گۈل چىقىرىدىغاندەك نەدىن كەلگەن ئىمتىياز بۇ؟ ـــ دەپ سورىغانغۇ! ئويلاپ باقماسىلەر، قانداق گەپ بۇ! رىناتاچۇ تېخى، ئۆزۈمنىڭ قىزى تۇرۇقلۇقمۇ ھۇجرامغا كىرىپ چىقىرىندامنى ماراپ كۆرۈۋېلىپ، گارشوكۇمنى راستىلا ئالتۇن ئىكەن، راستىلا جەمەتىنىڭ تامغىسى بار ئىكەن، لېكىن ئىچىدىكىسى ئادەتتىكى پوق ئىكەن، ھەممە ئادەمنىڭكىدەك پوق ئىكەن، ھەتتا خەقنىڭ پوقىدىنمۇ سېسىقراق ئىكەن، تاغلىقلارنىڭ پوقى ئەمەسمۇ، دېگىنىنى قارىمامدىغان! ئويلاپ باقماسىلەر، باغرىمنى يېرىپ چىققان قىزىمنىڭ ئاغزىدىن چىققانلىقىنى شۇ تۇرسا، باشقا خەقنى نېمە دېگۈلۈك؟ شۇڭىمۇ بۇ ئۆيدىكى باشقا ئادەملەرنىڭ ھېچقانداق تامايىمۇ يوق، لېكىن ئېرىم بولغان ئادەمنى بولسىمۇ مېنى ئازراق ھۆرمەتلىسۇن دېيىشكە ھەققىم بار. چۈنكى، قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ دېگەن مېنىڭ نىكايىمىز ئوقۇلغان جورام، مېنىڭ ئىگەم، مېنىڭ قانۇنلۇق ئېرىم، ئۆز ئارزۇسى ۋە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن زور مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ مېنى ئاتامنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كەلگەن. مەن ئەسلى ئۇ يەردە توققۇزۇم تەل، غەمسىز ياشايتتىم، ئىچ پۇشۇقىمنى چىقىرىش ئۈچۈنلا گۈل چەمبىرەك تىزاتتىم. پوپ ئاتام گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكى بىلەن ئەن سېلىپ پېچەتلىگەن بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن، خېتىدە قىزىمنىڭ قوللىرى كىلاسسىنىڭ پىيانىنو چېلىشتىن باشقا پانىي دۇنيانىڭ ھېچقانداق ئىشىنى قىلسا بولمايدۇ، دەپ ئالاھىدە جېكىلىگەن. بىراق، تەلۋە ئېرىم مېنى ئېلىپ چىقىدىغان چېغىدا جىمى

دەۋەت ۋە تاپشۇرمىلارغا ۋاي ماقۇل دېگەنۇ، ئىسسىقتىن نەپەسمۇ ئالغىلى بولمايدىغان بۇ دوزاخقا ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن تېخى ۋەھىي روزا ـ پەرھىز ئەمەلىنى ئادا قىلىپ بولغىچە سەييارە چامادانى بىلەن رەپ ـ رەپ گارمونىنى كۆتۈرۈپ ھېلىقى شۇم خوتۇنىڭ ئۆيىگە بېرىۋېلىپ ئاشنا بولۇشۇۋالغان. ئۇ بىرنېمىنىڭ ساغرىسىنى كۆرسەڭلارلا، ۋاي ـ ۋۇي، ساغرىسىنى بايتالدەك تولغاشلىرىنى كۆرسەڭلارلا... ماڭا زادىلا ئوخشىمايدىغان بىر خوتۇن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالسىلەر، مەن ئوردىدا بولاي ياكى چوشقا قوتىنىدا بولاي، تاماق ئۈستىدە بولاي ياكى يوتقاندا بولاي، ھامان داڭلىق نەسەبكە مەنسۇپ نازىنىن، تۈغما ئېسىلزادىمەن، تەڭرىدىن قورقىمەن، تەڭرىنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرىغا رىئايە قىلىمەن، تەڭرىنىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەت قىلىمەن، ئىرىم بىلەن بىللە بولغاندا ئۇ خوتۇندەك شاللاق ھۈنەرلەرنى ئىشقا سالالمايمەن، ئەلۋەتتە. ئۇ خوتۇن بولسا ھېلىقى فىرانسۇز قىزلاردەك ھېچكىمنى نېرى تۇر دېمەيدۇ، ھەتتا ئۇلاردىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ. ئويلاپ بېقىڭلار، ئۇ فىرانسۇز قىزلار ھېچبولمىغاندا سەممىيلىك بىلەن ئىشىكىگە قىزىل پانۇس ئېسىپ قويىدۇ. دوننا رېناتا ئارگوت خانىم بىلەن فېرناندا دېل كارپىئو ئەپەندىنىڭ ئەتىۋار يالغۇزەسى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق پەسكەش قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىغان بىر ئادەمگە چېتىلىپ قالغىنىمنى دەيمىنا! بولۇپمۇ دادام شۇبھىسىز بىر دىيانەتلىك ئادەم، ھەقىقىي خىرىستىيان، «مۇقەددەس قەبرە» رېتسارلار پولكىنىڭ رېتسارى ئىدى، شۇڭا تەڭرىنىڭ ئالاھىدە مەرھەمىتى بىلەن جەسىدى گۆرىدىمۇ چىرىمايدۇ، ئەتلىرى كېلىن قىزنىڭ ئۈچىسىدىكى تاۋاردەك سىلىق، كۆزلىرى يېشىل گۆھەردەك سۈزۈك پېتى تۇرىدۇ.

— بۇ دېگىنىڭ توغرا بولمىدى، — گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى ئورېلىئانو II، — دادىڭ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىنگەندىلا سېسىپ كېتىپتىكەن.

ئورېلىئانو II فېرناندانىڭ كوتۇلداشلىرىنى ساق بىر كۈن سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئاخىر بىر خاتا گېپىنى تۇتۇۋالغانىدى. فېرناندا پەرۋا قىلمىدى ـ يۇ ئاۋازى سەل پەسلەپ قالدى. شۇ كۈنكى كەچلىك تاماق ئۈستىدە ئاچچىقى بىلەن قىلىۋاتقان كوت ـ كوتلىرى تالادىن ئاڭلىنىۋاتقان يامغۇر ئاۋازىنى بېسىپ

چۈشكەندى. ئورېلىئانو II بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ ئاندا ـ مۇندا تاماق يېدى ـ دە، بالدۇرلا ھۇجرىسىغا كىرىۋالدى. فېرناندا ئەتىسى ناشتىدا لاغىلداپ تىترىگىنىچە تۇردى، كېچىچە ياخشى ئۇخلىيالمىغاچقا ھالى خاراب ئىدى، خاپىچىلىقتا ئۆزىنى ئالدۇرۇپ قويغاندەك تۇراتتى. ئورېلىئانو II سۇدا پىشۇرۇلغان تۇخۇم بولسا بىرنى بەرسەڭ دېيۇىدى، فېرناندا تۇخۇم بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدىلا تۈگىگەن دەپ تورغىسىنىلا ئېيتماي، ئەر خەق دېگەن كۈنبويى خوتۇنىنىڭ كىندىكىدىن ھۇزۇرلىنىشنىلا بىلىدۇ، تېخى نومۇسمۇ قىلماي داستىخانغا تورغاي جىگىرى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان يۈزى قېلىن بىرنېمىلەر، دەپ تاپا ـ تەنە بىلەن ئەتىگەندىلا ئۇنىڭغا نەشتىرىنى سانجىدى. ئورېلىئانو II ئادەتتىكىدەكلا بالىلار بىلەن قامۇس كۆرۈپ يۈرىۋەردى. فېرناندا بولسا مېيىمنىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇرغان كىشى بولۇپ كىرىۋالدى، ئەمەلىيەتتە بولسا ئورېلىئانو II گە يۈزى تازا قېلىن ئادەملا سەبىي بالىلارنى پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ رەسىمى قامۇسقا كىرگۈزۈلۈپتۇ، دەپ ئالدىيالايدۇ دېگەندەك ۋاتىلداشلىرىنى ئاڭلاتماقچى ئىدى. بالىلار چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋاتقاندا ئورېلىئانو II پېشايۋانغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالغانىدى، فېرناندا شۇ يەرگىمۇ قوغلىشىپ بېرىپ چىشىغا تەگكىلى تۇردى. ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ توختىماي كۆكۈيۈندەك ۋىڭىلداۋەردى: «ئۆيدە تاشتىن باشقا يەيدىغان نەرسە قالمىدى، سەن بولساڭ بەئەينى پارىس سۇلتانلىرىدەك ۋەزمىن ئولتۇرۇپ يامغۇرنى تاماشا قىلىۋاتىسەن. ئۆتۈپ كەتكەن ھورۇن، نان قېپى، ناكەس، خوتۇن كىشىگە تايىنىپ ياشاپ ئۆگىنىپ قالغان پاختىدىن ئۆتە موس ـ موس بىرنېمىسەن، ئۆزۈڭچە لەھەڭنىڭ ھېكايىسى[1] نى ئاڭلىسىلا قانائەت تاپىدىغان يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالىنى ئەمرىمگە ئاپتىمەن دەپ ئويلاپ قاپسەندە!».

ئورېلىئانو II فېرناندانىڭ كوتۇلداشلىرىنى گاسقا ئوخشاش جىممىدە ئولتۇرۇپ ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ئاڭلىدى، شۇ كەمگىچە گېپىنى بۆلمىدى، لېكىن جاۋۇلداشلىرىدىن بېشى قاتتىق ئاغرىپ، كەچكە بارغاندا چىدىمايلا قالدى، ـــ ئۆتۈنۈپ

---

① «زەبۇر، يۇنۇس ئەلەيھىسسالام»دا ھېكايەت قىلىنىشىچە، يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى لەھەڭ يۇتىۋەتكەندىن كېيىن لەھەڭنىڭ قورسىقىدا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز تۇرغانمىش.

قالاي، ئاغزىڭنى يۇمچۇ، ــ يىلىنىدى ئاخىر.

ــ نېمىشقا ئاغزىمنى يۇمغۇدەكمەن! ــ دېدى فېرناندا ئەكسىچە زوۋانىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، ــ گېپىم كىمگە خۇشياقمىغان بولسا، شۇ يوقالسۇن كۆزۈمدىن!

ئورېلىئانو II ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالدى ـ دە، كېرىلىۋالماقچى بولغاندەك ئاستا ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن تاشئالما، قىرىققۇلاق، چەمبىل تەشتەكلىرىنى رەت ـ رېتى بىلەن بىردىن ـ بىردىن يەرگە ئاتقىلى تۇردى. فېرناندا قورقۇپ كەتتى، شۇ چاغدىمۇ كوت ـ كوتلىرىنىڭ قانچىلىك قورقۇنچلۇق قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەنىدى، چۈشەنگەن تەقدىردىمۇ ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئەمدى ھەرقانچە تىرىشىپ ئورنىنى تولۇقلىماقچى بولغىنى بىلەنمۇ كېچىككەنىدى. ئورېلىئانو II شۇ ئاچچىقىدا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ئەينەك ئىشكاپىنىمۇ چېقىۋەتتى، ئىشكاپ ئىچىدىكى قاچا ـ قۇچىلارنى ئالدىرىماي بىردىن ـ بىردىن ئېلىپ يەرگە ئېتىپ چۇل ـ چۇل قىلىۋەتتى. شۇنداق تەمكىن، شۇنداق تەرتىپلىك ئىش قىلىۋاتاتتىكى، خۇددى بۇرۇن پۇلنى تامغا چاپلاپ چىققان ۋاقتىدىكىدەك بىمالال چېقىۋاتاتتى. پوخېمىيەنىڭ خىرۇستال قاچىلىرىنى، گۈللۈك لوڭقىلارنى، ئەتىرگۈل كېمىدە ئولتۇرغان گۈزەلنىڭ رەسىمىنى، ئالتۇن رامكىلىق تاشئەينەكنى، ئىشقىلىپ مېھمانخانىدىن ئاشلىق ئامبىرىغىچە پۈتۈن ئۆيدىكى چاققىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تامغا ئۇرۇپ چېقىۋەتتى، ئاخىرىدا قولىغا چىقىپ قالغان ئاشخانىدىكى كوزىنى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ بومبا پارتلىغاندەك گۈممىدە يەرگە ئۇرۇپ چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى، ئاندىن قوللىرىنى يۇيۇۋېتىپ، ھېلىقى لاتىنى بېشىغا ئارتقىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى ـ دە، يېرىم كېچىدە چويۇندەك قاتتىق بىرنەچچە زىق سۇر گۆش، مىتە چۈشكەن بىرنەچچە خالتا گۈرۈچ، قوناق ۋە قورۇلۇپ قالغان بىرنەچچە ساپاق بانانىنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. شۇندىن باشلاپ ئۆيدە يېمەك ـ ئىچمەك ئۆكسۈپ باقمىدى.

ئامارانتا ئۇرسۇلا ۋە كىچىك ئورېلىئانو كېيىن قارا يامغۇر يېغىپ كەتكەن شۇ يىللارنى ئەسلىگىنىدە، ئۇ كۈنلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ خۇشۋاق چاغلار ئىكەنلىكىنى

ھېس قىلىشىدۇ. ئۇ ئىككىسى شۇ چاغلاردا فېرناندا قاتتىق ھاي دەپ تۇرسىمۇ ھويلىدا پاتقاق كېچىپ سۇ ئويناپتتى، كەسلەنچۈك تۇتۇۋالسا پۇت ـ قوللىرىنى يۇلۇپ پارچىلاپتتى، سانتا سوفىيە دېلا پېداد دىققەت قىلماستا كېپىنەك قانىتىدىكى توزاننى ئاستىلا كېلىپ قازانغا سېلىۋېتىپ، «زەھەر سېلىش ئويۇنى» ئويناپتتى. ئۇرسۇلا ئۇلارنىڭ ئەڭ ئامراق ئويۇنچۇقى ئىدى، ئۇرسۇلانى ئەسكىرەپ كەتكەن كونا قونچاق كۆرۈپ بۇ بۇلۇڭدىن ئۇ بۇلۇڭغا سۆرەپ ئويناپتتى، ئۇچىسىغا گۈللۈك رەختلەرنى ئارتىپ، يۈزىگە بۇس مېيى ۋە ئەڭلىك سۈرۈپ گىرىم قىلىپ قوياتتى. ئۇلار بىر كۈنى گۈل قىرقىيدىغان قايچا بىلەن پاقىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ ئوينىغاندەك ئۇرسۇلانىڭ كۆزىنى ئويۇۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلارنى ئۇرسۇلانىڭ جۆيلۈشلىرىدىنمۇ بەكرەك خۇش قىلىۋېتىدىغان ھېچنېمە يوق ئىدى. قارا يامغۇر يېغىپ ئۈچىنچى يىلىغا بارغاندا ئۇرسۇلانىڭ مېڭىسىدە قانداقتۇر بىر ئۆزگىرىش بولغاندەك، شۇ چاغدىن باشلاپ ئاستا ـ ئاستا رېئاللىق تۇيغۇسىنى يوقىتىپ، ھازىر بىلەن يىراق ئۆتمۈشنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان بولۇپ قالدى، بىر كۈنى ھەتتا يەرلىكىدە قويۇلغىنىغا يۈز يىلدىن ئاشقان ئۇلۇغ مومىسى پېترونىيە ئىگۇرانغا ئۈدا ئۈچ كۈن ھازا ئاچتى. خاتىرىسىدىكى ھەممە نەرسە ئارىلىشىپلا كەتكەنىدى، ھەتتا كىچىك ئورېلىئانونى ھېلىقى چاغدا دادىسى مۇزنى كۆسەتكىلى ئېلىپ بارغان كەنجى ئوغلى پولكوۋنىك ئورېلىئانو دەپ قالاتتى، تېخى مەدرىستە ئوقۇۋاتقان خوس ئاركادىئونى سىگانلار بىلەن قېچىپ كەتكەن چوڭ ئوغلى خوس ئاركادىئو دەۋالاتتى. ئۆيدىكىلەرنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن بالىلار ئەمدى ئۇرسۇلانىڭ نۇرغۇن يىل ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن، تامامەن باشقا بىر دەۋردە ياشىغان ئادەملىرىنىڭ قىياپىتىدە يوقلاپ كەلگەن بولۇپ ئويناشقا باشلىدى. چاچلىرى كۆلتۈك بولۇپ كەتكەن، يۈزىگە قىزىل قولياغلىق يېپىپ كارىۋىتىدا ئولتۇرغان ئۇرسۇلا ئاشۇ يوقلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، دوست ـ يارەنلىرى ئارىسىدا بەخت قوينىغا چۆمۈلەتتى. بالىلار مېھمانلارنى راستىلا تونۇشىدىغاندەك شۇنداق ئوخشىتىپ جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەتتىكى، ئۇرسۇلا «ئەجدادلىرى» بىلەن ئۆزى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدا مۇڭدىشىپ كېتەتتى،

ئۆلارنىڭ يەتكۈزۈگەن خەۋەرلىرىدىن ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. بالىلارمۇ ئۆزلىرىدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتكەن مەرھۇملار ئۈچۈن ئۈرسۇلا بىلەن بىللە قايغۇرۇپ كېتىشەتتى. بالىلار ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۈرسۇلانىڭ مەرھۇملارنىڭ روھى بىلەن پاراڭلاشقانلىرىدا ئۇرۇش مەزگىلىدە مۇقەددەس جوزېفنىڭ ئادەم بويى كېلىدىغان بىر گەج ھەيكىلىنى يامغۇر پەسلى ئۆتۈپ كەتكەندە ئېلىپ كېتىمىز دەپ ئامانەت قويۇپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى دائىم سۈرۈشتۈرۈدىغانلىقىنى بايقاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئورېلىئانو II قەيەرگە كۆمۈپ قويۇلغانلىقىنى ئۈرسۇلالا بىلىدىغان ھېلىقى بايلىقنى ئېسىگە ئالدى. بىراق، شۇنچە كوچىلاپ سورىغان ۋە قۇۋلۇق ئىشلەتكەن بولسىمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. چۈنكى، ئۈرسۇلا ئەس - ھوشىنى يوقاتقاندەك قىلغىنى بىلەن بۇ سىرنى ئىگىسىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمگە تىنمايتتى. ئۈرسۇلا شۇ قەدەر سەزگۈر ۋە زېرەك ئىدىكى، ئورېلىئانو II بىر ئۇلپىتىنى بايلىقنىڭ ئىگىسى قىلىپ ئالدىغا كىرگۈزۈۋىدى، ئۇ ئۇلپىتى ئۈرسۇلانىڭ ماڭدامدا بىر تۇزاق قۇرۇپ ئىنچىكىلەپ سۈرۈشتۈرۈشلىرىگە بەس كېلەلمەي يېڭىلىپ قالدى.

ئۈرسۇلانىڭ مەخپىيەتلىكىنى گۆرىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئورېلىئانو II يۇندا كادىغى كولىتىمەن دېگەن باھانىدە بىرمۇنچە ئادەم ياللاپ ھويلىنىڭ ئالدى - كەينىنى قازدۇردى، ئۆزىمۇ گۈرجەك ۋە مېتال تەكشۈرىدىغان ھەر خىل ئەسۋابلار بىلەن تەكشۈرۈپ باقتى. نەتىجىدە ئۈچ ئاي شۇنچە ئىنچىكە تەكشۈرۈپ چىققان بولسىمۇ ئالتۇندەك بىرنېمە تېپىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن توپا قازدۇرغاندىن كۆرە قارتىدا پال ئاچقۇزۇپ تاپاي دېگەن ئۈمىد بىلەن پىلار تېرنېرانى ئىزدەپ باردى، پىلار تېرنېرا بولسا قارتىنى ئۈرسۇلا ئۆز قولى بىلەن ئاچمىسا، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بىكار ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. بىراق، ئۇ بايلىقنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى ھەمدە توپتوغرا ھېسابلاپ، جەمئىي يەتتە مىڭ ئىككى يۈز ئون تۆت دانە تىللا ئىكەنلىكىنى، ئاغزى سىم بىلەن بوغۇلغان كاناپ تاغارغا قاچىلىنىپ، ئۈرسۇلانىڭ كارىۋىتى مەركەز قىلىنغان، رادىئۇسى 102 مېتىر كېلىدىغان دائىرىگە كۆمۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى، شۇنداقلا يامغۇردىن كېيىن ھاۋا

ئېچىلىپ ئۇدا ئۈچ يىل ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپى پاتقاقلارنى قۇرۇتۇپ چاڭ ـ توزانغا ئايلاندۇرۇۋەتكەنگە قەدەر كۈتۈپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، شۇندىلا ئۇ ئالتۇنلارنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. تۇتامى يوق ھەم ئىنچىكە تەپسىلاتلىرىغىچە ئېيتىلغان بۇ بېشارەت ئورېلىئانو II گە پېرىخونلارنىڭ رىۋايەتلىرىدەك تۇيۇلدى ـ دە، ھازىر ئاۋغۇست بولۇپ قالغانلىقىغا، بېشارەتتە ئېيتىلغان شەرتنىڭ ھازىرلىنىشىغا ئاز دېگەندىمۇ يەنە ئۈچ يىل بارلىقىغا قارىماي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ئىزدەۋېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇنى ھەيران قالدۇرغىنى ھەم گاڭگىرىتىپ قويغىنى شۇ بولدىكى، ئۇرسۇلانىڭ كارىۋىتىدىن ئارقا ھويلىنىڭ چېتىلىقىغىچە بولغان ئارىلىق دەل 102 مېتىر كېلەتتى. ئورېلىئانو II نىڭ ئۆيلەرنى مېتىرلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن فېرناندا ئېرىنىمۇ قوشكېزەك قېرىندىشىغا ئوخشاش ئېلىشىپ قالامدۇ ـ نېمە دەپ ئەنسىرەپ قالدى، كېيىن توپا قېزىۋاتقان ئىشچىلارغا كاداڭنى يەنە بىر مېتىر چوڭقۇرلىتىپ كولاشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئەنسىرەپ كەتتى. ئورېلىئانو II خۇددى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ بۈيۈك كەشپىيات ئىزدەپ ماڭغان چاغلىرىدىكىدىن قېلىشمىغۇدەك بىر خىل «چارلاش قىزغىنلىقى»غا گىرىپتار بولغانىدى. بۇ خىل قىدىرىشقا بېرىلىپلا كەتكەن ئورېلىئانو II نىڭ بەدىنىدىكى قالدۇق مايلىرى خوراپ، قوشكېزەك قېرىندىشىغا بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك چاغلىرىدىكى چىرايىلا ئەمەس، جىمغۇرلىقىمۇ بارا ـ بارا ئەسلىگە كېلىپ قالدى. باللار بىلەنمۇ كارى بولمايتتى، تامىقىنىمۇ ۋاقتىدا يېمەي، ئۇستىبېشىنىڭ لاي بولۇپ كەتكىنى بىلەنمۇ كارى بولماي ئاشخانىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپلا يەۋېرەتتى، سانتا سوفىيە دېلا پېيدادىنىڭ ھېلىدىن ـ ھېلىغا سورىغان گەپلىرىگىمۇ ئاران جاۋاب بېرەتتى. فېرناندا ئورېلىئانو II نىڭ جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ كېتەرىنى چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدى، بۇنچە بېرىلىپ ئىشلەپ كەتكىنىگە قاراپ تەۋەككۈلچىلىكىنى تىرىشچانلىقى، ئاچ كۆزلىكىنى پىداكارلىقى، جاھىللىقىنى قەيسەرلىكى دەپ قالدى ـ دە، بۇرۇن بوشاڭلىق قىلدىڭ دەپ نەشتىرىنى سانجىغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈندى. ھالبۇكى، ئورېلىئانو II نىڭ بۇ چاغدا فېرناندانىڭ ئىچ ئاغرىتىپ

يـاريشـۋېلىش نـىيـىتـىدىكى ئـۇرۇنۇشلـىرىغا پـەرۋا قىلىغۇدەك چـولىسى تـەگمـەيتتـى. هويلىنىڭ ئالدى ـ كـەينىنى قازدۇرۇپ بـولغاندىن كـېيىن، شـاخ ـ شۇمبا ۋە سـېسىق ئـوت ـ چۆپلـەر بىلـەن تولغان بـويىنىغا كـەلگىچە چـوڭقۇرلۇقتىكى پـاتقاق ئـورىغا چۈشۈۋېلىپ، هـويلىنىڭ توپىسىنى ئالا قـويماي تـىنىتىپ چىقتى. ئۆيىنىڭ شـەرقـىي تېمىنىڭ ئۇلىنىڭ تېگىدىن تۆشۈك ئاچتى، نەتىجىدە بىر كۈنى كېچىسى ئۆيدىكىلەر يەرنىڭ تەكتىدىن ئاڭلىنىۋاتقان غاراس ـ غۇرۇستىن چۆچۈپ ئويغىنىپ، يەر تەۋرەۋاتامدىكىن دەپ قورقۇپ كەتتى. ئۈچ ئېغىز ئۆي گۈمۈرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك لىڭشىپ قالغانىدى، تامدا ئادەمنى چۆچۈتكىدەك كەڭرى بىر يېرىق پەيدا بولغانىدى. ئورېلىئانو II بۇنىڭلىق بىلەن ئىزدىنىشتىن ۋاز كەچمىدى. ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى يوققا چىققان، پېلار تېرنېرانىڭ بېشارىتىدىن باشقىسىنىڭ تايىنى قالمىغان بولسىمۇ، لىڭشىپ قالغان تامنىلا ئۇلداپ قويۇپ، يېرىقنى هاك لاي بىلەن سۇۋىۋەتتى ـ دە، شەرقىي تامنىڭ ئۇلىنى كولاۋەردى. ئىككىنچى يىلى ئىيۇننىڭ 2 ـ هەپتىسى يامغۇر ئاخىر پەسىيىشكە باشلىدى. ئاستا ـ ئاستا قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ، هاۋا ئېچىلاي دەپ قالدى. دەرۋەقە شۇنداق بولدى. بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە خۇمداندىن يېڭىلا چىققان خىشتەك قىپقىزىل قۇياش بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمىدى.

ماكوندو خارابىلىققا ئايلانغانىدى. كوچىلاردا پاتقاقتا بۇزۇلغان ئەسكى ـ تۇسكى ئۆي جابدۇقلىرى، قىزىل گۈلسامساق قاپلاپ كەتكەن هايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرى چوقچىيىپ تۇراتتى، بۇلار ماكوندوغا گۇررىدە كېلىپ، پۇررىدە تارقالغان چەت ئەللىك نېمىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يالدامىسى ئىدى. بانان قىزغىنلىقى مەزگىلىدە ئالدىراپ ـ تېنەپ سېلىنغان ئۆيلەر تاشلىنىۋېتىلگەنىدى. بانان شىركىتى بارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ كەتكەچكە، سىم تور بىلەن ئورالغان شەھەرچىدە بىر پاتمان ئەسكى ـ تۇسكىلەرلا قالغانىدى. قاتار ـ قاتار ياغاچ ئۆيلەرنى، كىشىلەر چۈشتىن كېيىنلىرى غەمسىز قارتا ئويناپ ئولتۇرىدىغان بالكونلارنى گويا يۈز يىللاردىن كېيىن ماكوندونى يەر يۈزىدىن غايىب قىلىدىغان ئاپەتنىڭ مانىۋېرىدەك قارا بوران ئۇچۇرۇپ كەتكەنىدى.

بۇ قارا بوراندىن كېيىن بۇ يەردە ئادەم ياشىغانلىقىنىڭ نىشانى سۈپىتىدە پاترىسىيە بىروۋىننىڭ زەپىران گۈللەر بىسىپ كەتكەن پىكاپىدا ئۇنتۇپ قالغان بىر پاي پەلىيىلا قالغانىدى. خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە كەنت قۇرغان مەزگىللەردە چارلاپ ئۆتكەن تىلسىمات كېيىن ھېلىقى گۈللەنگەن بانانزارلىغا ئايلانغانىدى، ئەمدىلىكتە ئۇ يەر نۇرغۇن يىلدىن كېيىنمۇ يىراق - يىراقلاردا دېڭىز نىڭ ئۇنسىز بۇژغۇنلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تېگى - تېگىدىن چىرىك سازلىق بولۇپ قالدى. ئورېلىئانو II يامغۇردىن كېيىنكى بىرىنچى يەكشەنبە كۈنى قۇرۇق كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆيدىن چىققىنىدا بۇ خانىۋەيران مەنزىرىدىن ئىچى سىيرىلىپلا كەتتى. ئاپەتتىن بەختكە يارىشا ھايات قالغان كىشىلەر، بانان شىركىتىنىڭ بورانلىرىدىن بۇرۇنلا ماكوندودا ماكانلىشىپ قالغان پۇقرالار كوچىدا يامغۇردىن كېيىنكى يېڭى چىققان قۇياشتىن ھوزۇر ئېلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئەتلىرىدە قالغان كۆك لەشنىڭ، يامغۇر مەزگىلىدە تېنىگە سىڭىپ كەتكەن زەينىڭ پۇراقلىرى تېخى تولۇق تاراپ كەتمىگەنىدى، لېكىن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ بازار ئەسلىگە كەلگەنلىكىدىن خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالغانىدى. تۈركلەر كوچىسىنىڭ بىر زاماندا تۇمشۇقى ئۇچلۇق ئۆتۈكلەرنى كىيىپ، قۇلاقلىرىغا ھالقا ئېسىپ جاھان كەزگەچ ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرگە شاتۇتى تېگىشىدىغان، ئاخىر ماكوندودا ماكانلىشىپ، مىڭ يىللار داۋاملاشقان سەرسان - سەرگەردانلىق ھاياتىغا خاتىمە بەرگەن ئاشۇ ئەرەبلەر كەلگەن چاغلاردىكى ئاۋات مەنزىرىسى ئەسلىگە كەلگەنىدى. بازاردىكى تاۋارلار ۋەيران بولغان، دۇكان ئالدىدىكى ماللارنى مۆخ بېسىپ كەتكەن، دۇكان پۈكەيلىرىنى ئاق چۈمۈلە يەپ بۇزۇۋەتكەن، دۇكان تاملىرى زەيدەپ چىرىپ كەتكەنىدى. بىراق، ئۈچىنچى ئەۋلاد ئەرەبلەر گويا زامان ۋە ئاپەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاندەك، خۇددى ئۇيقۇسىزلىق كېسىلىدىن كېيىن، شۇنداقلا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئوتتۇز ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ يۇرتنىڭ ھايات - ماماتى ئايرىلمىغان چاغلاردىكىدەك ئاتا - بوۋىلىرى بۇرۇن ئولتۇرغان يەردە شۇلارغا ئوخشاشلا جىمغۇر، تەمكىن بىرھالدا ئولتۇرۇشاتتى. ۋەيرانە قىمار تاۋۇكالىرى، پىششىق يېمەكلىك يايمىلىرى ئالدىدا، ئارانلا قېپقالغان قارىغا ئېتىش ئۆيلىرىدە،

كىشىلەر بۇرۇن چۈشلىرىنى ئۆرۈپ پال ئاچىدىغان، ئەمدىلىكتە خارابىلىقتا ئايلانغان چوڭ ـ كىچىك كوچىلاردا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ تەمكىن ھالىتى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى تاڭ قالدۇراتتى. ئورېلىئانو II ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلاردىن بۇرۇنقىدەك تەكەللۇپسىزلا زادى قانداق خىسلەتلىك كۈچ بىلەن قىيىاندا ئېقىپ كەتمەي، سۇدا غەرق بولۇپ كەتمەي يامغۇردىن ئامان قالغانلىقىنى سورىدى، ھەممىلا ئۆيدىكىلەر ئوخشاشلا كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ئويچان نەزەردە گېپىنى بىر قىلىۋالغاندەكلا ئوخشاش جاۋاب بېرىشتى:

— سۇ ئۈزۈپ قۇتۇلدۇق.

پۈتۈن بازاردا يالغۇز پېترا كېتىسلا ئەرەبلەردەك ئېغىر بېسىق ئىدى. قارا يامغۇر سۈيى قوتان ۋە ئات ئېغىللىرىنىڭ سۇنۇقىنىمۇ قويماي ئېقىتىپ كەتكەن بولسىمۇ ئۆزىنى تاشلىۋەتمەي ئۆيىنى ئۆي قىلىپ تۇتۇۋەردى. يېقىنقى بىر يىل ئىچىدە ئورېلىئانو II غا كەينى ـ كەينىدىن جىددىي گەپ ئەۋەتكەن، ئورېلىئانو II بولسا قاچان قايتىپ بارىدىغانلىقىمىنى بىلمەيمەن، لېكىن قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن چوقۇم بىر چامادان تىللا ئاپىرىپ ھۇجرىمىزنىڭ پەگاھىغا يېيىۋېتىمەن دەپ جاۋاب بەرگەنىدى. پېترا كېتىس شۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىن ئېغىر كۈنلەرنى يەڭگۈدەك بىرەر كۈچنى تېپىش نىيىتىدە ئاشنىسى ئىككىسى تونۇشقاندىن بۇيانقى ئەسلىمىلەرنى قايتا ـ قايتا خىيال ئىكرانىدىن ئۆتكۈزدى، ئويلىغانسېرى ئۆزىنى ئاسماندىن تاشلىغاندەك بۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان تەقدىرنىڭ چاقچاقلىرىغا ۋە يامان كۈنلەردە قارىسىنى كۆرسەتمىگەن يۈزسىز يارىغا بولغان غەزىپى تېشىپ، ئاشنىسى بۇزۇپ ـ چېچىۋەتكەن ۋە يامغۇر ۋەيران قىلىۋەتكەن بايلىقىنى يېڭىباشتىن تېپىشقا قەسەم ئىچتى. ئورېلىئانو II پېترا كېتىسنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئەۋەتكەن گېپىدىن ۋاقىپ بولۇپ سەككىز ئايدىن كېيىن قايتىپ بارغىنىدا پېترا كېتىسنىڭ چىرايى كۆكىرىپ، چاچلىرى چۇۋۇلغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بەدىنىنى قوتۇر بېسىپ كەتكەنىدى، شۇنداقتىمۇ لاتارىيە تىجارىتىنىڭ تەييارلىقىدا ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىغا نومۇر يېزىش ھەلەكچىلىكىدە ئىدى. ئورېلىئانو II تۇرغان يېرىدە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى، پېترا كېتىس ئورېلىئانو II نىڭ

شۇ قەدەر ئۇرۇق ئەپتىگە ۋە تارتىنچاق تۇرقىغا قاراپ، ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ ئەر كىشىنىڭ ئۆمۈر بويى ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەن ئادىمىنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشى ئەمەس، ئۆزى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي قالدى.

— سارالڭ بولدۇڭمۇ؟ — دېدى ئورېلىئانو Ⅱ ، — لاتارىيەڭگە سۆڭمىكىڭنى مۇكاپات قىلماقچىمىدىڭ؟

پېترا كېتىس ھۇجرامغا كىرىپ قاراپ باق دېدى، ئورېلىئانو Ⅱ كىرىپ قاراپ بېقىۋىدى، ھۇجرىسىدا ھېلىقى قېچىر تۇراتتى. قېچىر ئىگىسىگە ئوخشاشلا بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، لېكىن روھلۇق ۋە تېتىك ئىدى. پېترا كېتىس ئۇ قېچىرنى باقىدەك ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشەك، ھەتتا دەرەخ يىلتىزىمۇ تاپالمىغاچقا ئۇنى بىراقلا ھۇجرىسىغا ئەكىرىۋېلىپ، پاختا رەختتىن توقۇلغان ئەدىيالى، پارس گىلىمى، دۇخاۋا كارىۋات كىرلىكى، ماخمۇق پەردە، شۇنداقلا چوڭ كارىۋىتىغا تارتقان ئېسىل كەشتىلىك، مەشۇت چۇچىلىق چىمىلدىقى بىلەن باققانىدى.

# ئون يەتتىنچى باب

ئۈرسۇلا يامغۇر توختىسىلا ئۆلىمەن دېگەن لەۋزىنى بىرمۇنچە ھەرەج تارتىپ يۈرۈپ ئاران ئىشقا ئاشۇرالىدى. يامغۇر ياغقان كۈنلەردە ئەس ـ ھوشى جايىدا، مېڭىسى زىيادە سەگەك بولۇپ كەتكەنىدى، ئاۋغۇست ئېيىدىن كېيىن بولسا تېخىمۇ سەگەكلىشىپ كەتتى، بۇ چاغدا جاھاننى بىر ئالغان قۇرغاق ئىسسىق شامال ئەتىرگۈللەرنى سولدۇرۇپ، پاتقاقنى قۇرۇتىۋەتكەن، قىزىق قۇم ـ توزان دات باسقان قەلەي ئۆگزىلەرنى ۋە يۈز يىللىق بادام دەرەخلىرىنى قاپلىغانىدى. تويتوغرا ئۈچ يىل باللارغا ئويۇنچۇق بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى بايقاپ قالغان ئۈرسۇلانىڭ ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىۋەتتى. ئاندىن يۈزلىرىدىكى قارا ـ قۇرىلارنى يۇيۇپ ـ تازىلاپ، پۈتۈن ئۇستىبېشىغا ئارتىلغان لاتا ـ پۇتىلارنى، قۇرۇپ قالغان كەسلەنچۈك ۋە پاقىلارنىڭ ئۆلۈكىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى، بويىدىكى تەسۋى ۋە ئەرەبلەرنىڭ كونا زۇننارىنى ئېلىۋەتتى، ئامارانتا ئۆلگەندىن كېيىن بىرىنچى قېتىم بىركىمگە يۆلەتكۈزمەي كارىۋىتىدىن چۈشۈپ، ئائىلە تۇرمۇشىغا باشقىلەتتىن كىرىشتى، تىنىز يۈكمەس ئىدارىسى قاراڭغۇلۇقتا يول باشلايدىغان يېتەكچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئېھتىياتسىزلىقتىن سوقۇلۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قولىنى پەرىشتىلەردەك بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ دەلدەڭشىگىنىچە كېتىۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلغان ھەرقانداق ئادەم يۈف دېسە ئۇچۇپ كەتكۈدەك ئاجىز بۇ موماينىڭ ئەھۋالىدىن ئەنسىرىمەي قالمايتتى، لېكىن ئەمما بولۇپ قالغانلىقىنى ھېچكىم خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيتتى. ئۈرسۇلا كۆزسىزمۇ كۆرۈپ تۇراتتىكى، بۇ ئۆيلەر بىرىنچى قېتىم كېڭەيتىلىپ رېمونت قىلىنغاندىن بۇيان كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىپ كەلگەن گۈللۈكى قارا يامغۇرنىڭ ۋە ئوربلىئانو II نىڭ جان ـ جەھلى بىلەن قېزىۋېرىشلىرىنىڭ كاساپىتىدە نابۇت بولۇپ

كەتكەنىدى. ئۆيلەرنىڭ تاملىرىدىن ئۆلىغا يەتكىچە يېرىلىپ كەتكەن، ئۆي جابدۇقلىرى چۇۋۇلۇپ، رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن، ئىشىكلەرمۇ گىرەسىدىن ئاجراپ كەتكەن، پۈتۈن ئۆينى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل چۈشكۈن كەيپىيات قاپلىغانىدى.

ئۇرسۇلا سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ھۇۋۇلداپ تۇرغان قۇيقۇرۇق ھۇجرىلاردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئاق چۈمۈلىلەرنىڭ ياغاچلارنى كىرىسلىتىپ يەۋاتقان ئاۋازى، مىتە قۇرتلارنىڭ ئىشكاپ ئىچىدە كىيىملەرنى شىتىرلىتىپ يەۋاتقان ئاۋازى، يامغۇر مەزگىلىدە پەيدا بولۇپ تازا ئاينىپ كەتكەن چوڭ ـ چوڭ قىزىل چۈمۈلىلەرنىڭ تامنىڭ ئۇلىنى شىلدىرلىتىپ كولاۋاتقان ئاۋازى قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. بىر كۈنى ئەۋلىيا ھەيكىلى سېلىنىغان بىر ساندۇقنى ئېچىۋېدى، ئىچىدىن بىر توپ سۇۋەرەك لۆمۈلدەپ چىقىپ ياماشقىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن سانتا سوفىيە دېلا پېدادنى ياردەمگە چاقىرىپ ئاران قۇتۇلدى، بۇ سۇۋەرەكلەر ساندۇقتىكى كىيىملەرنى يەپ كۇلىنى كۆككە سورۇۋەتكەنىدى.

ــ بىزگە كۈن يوق ئوخشايدۇ، ــ دېدى ئۇرسۇلا، ــ مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بۇ ھاشاراتلار بىزنىمۇ يەپ قويغۇدەك!

ئۇرسۇلا شۇندىن باشلاپ بىردەممۇ تىنىم تاپمىدى. قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇۋېلىپ كىم بىكار بولسا شۇنى ياردەمگە چاقىراتتى، ئۇششاق باللارمۇ شۇ قاتاردا ئىدى. ساق قالغان كىيگىلى بولغىدەكلا كىيىملەرنى ئاپتاپقا سالغۇزدى، ھاشارات دورىلىرى چاچقۇزۇپ سۇۋەرەكلەرنى يوقاتتى، دېرىزىلەردىكى ئاق چۈمۈلە يوللىرىنى قىرغۇزۇپ تازىلاتتى، چۈمۈلىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ھاك چاچقۇزۇپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگۈزدى. ئاخىرىدا ئائىلە ئىگىلىكىنى قايتىدىن گۈللەندۈرۈش قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئۆيلەرنىڭ ئالدىغىمۇ كەلدى ـ دە، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىنى باش قاتۇرۇپ تەتقىق قىلغان ئۆيدىكى خىش ـ كاھىش پارچىلىرى ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرىنى تازىلاتقۇزدى، ئاندىن ئەسكەرلەر ئوڭتەي ـ توڭتەي قىلىۋەتكەن زەرگەرخانىنى رەتلىك يىغىشتۇرغۇزدى، ئەڭ ئاخىرىدا مېرگادىسنىڭ ئۆيىنىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بېقىش خىيالىدا بۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى

ئەپكەلدۇردى. خوس ئاركادىئو II ئۆزى ئۆلۈشتىن ئىلگىرى بۇ ئۆيگە بىراۋنىڭ كىرىپ ئاۋارە قىلىشىنى چەكلىۋەتكەنىدى، سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئۇنىڭ شۇ ئارزۇسىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇرسۇلانى تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن بۇ نىيىتىدىن ياندۇرۇشقا ئۇرۇندى. لېكىن ئۇرسۇلا ھەرقانداق بۇلۇڭ - پۇچقاقنىمۇ قۇرت - قوڭغۇزغا تاشلاپ بەرگۈسى كەلمەي، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالدى، ئۈچ كۈن بوشاشماي چىڭ تۇرۇۋېلىش نەتىجىسىدە ئىشىكنى ئاخىر ئاچتۇردى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىشى بىلەن تەڭلا دىمىقىغا گۇپپىدە ئۇرۇلغان ئىنتايىن سېسىق پۇراق دەستىدىن نەپەس ئالالمايلا قالدى، ئىشىكنىڭ يان ياغىچىنى چىڭ تۇتۇۋالمىغان بولسا، بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. بۇ ئۆيگە مېمىنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىشلەتكەن يەتمىش ئىككى گارشوك قويۇلغانلىقى، يامغۇرلۇق كۈنلەرنىڭ دەسلەپكى بىر كېچىسى ئەسكەرلەرنىڭ خوس ئاركادىئو II نى ئىزدەپ پۈتۈن ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىغانلىقى شۇ ئان ئېسىگە كەلدى.

ۋاي پەرۋەردىگارىم! — تووۋلىۋەتتى ئۇرسۇلا مېھرگادىسىنىڭ ئۆيىدىكى ھېچنېمە كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغاندەكلا، — پاكىزلىقنى ئۆگەتمەن دەپ شۇنچە كۈچىسەم، ئۆينى چوشقا قوتىنىدەك تۇتۇپ ئولتۇرغىنىڭنى قارا!

خوس ئاركادىئو II شۇ تاپتىمۇ تېرە قەغەزدىكى قول يازمىلارنى ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئولتۇراتتى. ياخپىيىپ كەتكەن چاچ - ساقاللىرى ئارىسىدىن كۆپكۆك مۇخ بېسىپ كەتكەن چىشلىرى ۋە ھاڭقىيىق كۆزلىرىنى ئاران ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. خوس ئاركادىئو II ئۇلۇغ مومىسىنى ئاۋازىدىن تونۇپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى، كۈلۈمسىرىمەكچى بولدى - يۇ ئۇرسۇلانىڭ بۇرۇن تولا دەيدىغان بىر گېپىنى ئىختىيارسىز تەكرارلىدى:

— يەنە نېمىنى كۈتىسەن؟ — دېدى پىچىرلاپ، — ۋاقىت تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ!

— بۇ گەپقۇ راست، — دېدى ئۇرسۇلا، — بىراق، ئۇنچە تېزمۇ ئەمەس...

ئۇرسۇلا بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭمۇ ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغانلار تۇرمىسىدىكى ۋاقىتتا ئۆزىگە مۇشۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكى ئېسىگە كەلدى.

ۋاقىتنىڭ بايىلا دېگىنىدەك ئۆتۈپ كېتىۋاتماستىن، بىر ئىزىدا چۆرگىلەۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يەنە شۈركىنىپ كەتتى. بىراق، شۇ چاغدىمۇ تەقدىرىگە تەن بەرمىدى. خوس ئاركادىئو Ⅱ نى خۇددى كىچىك بالىنى ئەيىبلىگەندەك تازا بىر ئەيىبلىدى، ئاندىن يۇيۇنۇپ، چاچ ـ ساقاللىرىڭنى ئالدۇر ھەمدە ئۆينى قايتا ئوڭشىشىمغا ياردەملەش دەپ تۇرۇۋالدى. خوس ئاركادىئو Ⅱ كۆڭلى ئارام تاپىدىغان بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھولۇقۇپلا كەتتى ـ دە، تووۋلىۋەتتى:

— مېنى ھېچكىم بۇ ئۆيدىن چىقىرالمايدۇ! لىق جەسەت بېسىپ ماڭىدىغان پويىزنى كۆرگۈم يوق، ئىككى يۈز ۋاگونلۇق پويىز ئۇ، ھەر ئاخشىمى ماكوندودىن دېڭىزغا ماڭىدۇ، ۋوگزالدىكىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ پويىزدا، ساق 3408 ئادەم!

ئۇرسۇلا شۇندىلا خوس ئاركادىئو Ⅱ نىڭ ئۆزىدىن بەتتەر زۇلمەت ئىچىدە، ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ دۇنياسىدەك شېرىكسىز غېرىبانە دۇنيادا يېگانە ياشاپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئۆيدە قېلىۋېرىشىگە ماقۇل بولدى، لېكىن ئۆزىنىڭ رازىلىقى بىلەن ئىشىككە ئەمدى قۇلۇپ سالغۇزماسلىقتا، ئۆينى كۈنىگە بىر قېتىم تازىلىتىپ تۇرۇشقا رۇخسەت ئالدى، گارشوكتىن بىرنىلا قالدۇرۇپ قالغىنىنى تاشلاتقۇزۇۋەتتى، بۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئو Ⅱ نى ئۆز ۋاقتىدا كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىدە نۇرغۇن يىل نەزەربەند قىلىنغان ئۇلۇغ بوۋىسىدەك ئىززىتى بىلەن پاكىز ياشاش شارائىتىغا ئىگە قىلدى.

فېرناندا دەسلەپتە ئۇرسۇلانىڭ پالاقشىپ يۈرۈشلىرىنى قېرىغاندا ئالجىغىنى دەپ ئويلاپ غەزىپىنى ئاران بېسىپ يۈرگەنىدى. دەل شۇ چاغدا خوس ئاركادىئونىڭ رىمدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەتتە مەڭگۈلۈك ئارزۇ ئۈچۈن قەسەم بېرىشتىن بۇرۇن ماكوندوغا بىر بېرىپ كەلمەكچى بولۇۋاتىمەن دەپ يازغانىدى. بۇ خۇش خەۋەردىن بېشى كۆككە يەتكەن فېرناندا گۈللەرنى كۈنىگە تۆت قېتىم سۇغارغىلى تۇردى، ئۆينىڭ ئوغلىغا ياخشىراق تەسىر قالدۇرۇشىنىلا ئىستەيتتى. ئوخشاشلا شۇ سەۋەبتىن ھېلىقى ناتونۇش دوختۇرلار بىلەن بولغان خەت ئالاقىسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇردى. قىرىققۇلاق، رەيھان، تاشئالما تەشتەكلىرىنى پېشايۋانغا

يېڭىباشتىن تىزدى، ھالبۇكى ئۇرسۇلا بۇ تەشتەكلەرنىڭ ئورېلىئانو II نىڭ غەزەپ ئوتىدا نابۇت بولغانلىقىنى ئارىدىن ئۇزاق ۋاقىت ئۆتكەندە ئاندىن بىلىدۇ. فېرناندا ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي كۇمۇش قاچا - قۇچىلارنى سېتىۋېتىپ، ئورنىغا ساپال تەخسە - پەتنۇس، قەلەي قاچا - قوشۇق، قەلەي ۋىلكا - پىچاقلارنى سېتىۋالدى، بۇرۇندىن غەربىي ھىندىستان شىركىتىنىڭ فار - فۇر قاچا - قۇچىلىرى ۋە بوسىمىيە قاچا - قۇچىلىرى ساقلىنىپ كەلگەن قاچا - قۇچا ئىشكاپى شۇنىڭدىن كېيىن چۆلدەرەپلا قالدى. بىراق، ئۇرسۇلا شۇنىڭدىمۇ رازى ئەمەس ئىدى.

— ئىشىك - دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىڭلار! — توۋلىدى ئۇرسۇلا، — بېلىق، گۆش پىشۇرۇڭلار، تاشپاقىلارنىڭ ئەڭ يوغىنىنى ئېلىڭلار، چەت ئەللىكلەر ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىنىمۇ قويماي بورا سېلىپ يېتىشسۇن، گۈللۈككە سىيىشسۇن، قانچىلىك يەيمەن دېسە شۇنچىلىك يېيىشسۇن، تازا كېكىرىپ كېتىشسۇن، ئاغزىغا كەلگىنىچە كاركىراشسۇن، قاتتىق ئۆتۈكلىرى بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يەرگە دەسسەۋەرسۇن، قانداق قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىۋېرىشسۇن، بۇ خارابلىق شۇندىلا يوقۇلىدۇ.

بىراق، بۇ غايىسى ئىشقا ئاشمايتتى. ئۇرسۇلا بەك قېرىپ كەتكەن، بۇ دۇنيادا بەك ئۇزاق ياشاپ كەتكەنىدى، ئۇششاق جانۋار كەمپۈت زامانىدىكىدەك مۆجىزە يارىتىشقا ماغدۇرى يەتمەيتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەۋلادلىرىدىن قەيسەرلىكى ۋە تېتىكلىكىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك بىرەرسى چىقمىغانىدى. ئۆينىڭ دەرۋازىسى فېرناندانىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھازىرمۇ چىڭ تاقاق يېتى ئىدى.

ئورېلىئانو II كىيىم چامادانىنى يەنە پېترا كېتىسنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋالدى، بۇ چاغدا ئۆيىدىكىلىرىنى ئاچ قېلىپ ئۆلمىگىدەك ئاران - ئاران قامدىيالايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. پېترا كېتىس قېچىر لاتارىيەسى سېتىپ تاپقان پۇلغا ئورېلىئانو II بىلەن بىللە ئاز - تولا چارۋا سېتىۋالدى، ئىشنى شۇنىڭدىن باشلاپ لاتارىيە تىجارىتىگە كىرىشتى. ئورېلىئانو II كوچا - كويلاردا ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ لاتارىيە ساتاتتى، ئۇ لاتارىيە بېلەتلىرىنى تېخىمۇ جەلىپ قىلارلىق، ئىشىنەرلىك بولسۇن ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن بوياقتا سىزىپ چىققانىدى. نىھايەت، بەزىلەرنىڭ مىننەتدارلىق يۈزىسىدىن

سېتىۋالىدىغانلىقىنى، نۇرغۇن كىشىنىڭ بولسا ئىچ ئاغرىتىپلا سېتىۋالىدىغانلىقىنى سەزمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ھالبۇكى، ھەرقانچە كۆڭلى يۇمشاق ئادەممۇ يىگىرمە سىنت خەجلەپلا بىر چوشقىلىق بولۇپ قېلىش ياكى ئوتتۇز ئىككى سىنت خەجلەپلا بىر موزايلىق بولۇپ قېلىش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيتتى، شۇڭلاشقا تۆرتكىسىدە ھەر سەيشەنبە ئاخشىمى پېترا كېتىسىنىڭ ھويلىسىغا تىقىلىشىپ كېتەتتى ـ دە، ئۇدۇللا تاللانغان بىر بالىنىڭ خالتىدىن مۇكاپات چىقىدىغان نومۇرنى تارتىشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتۈشەتتى. بۇ يەر ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان بازارغا ئايلىنىپ كەتتى، ھەر سەيشەنبە ئاخشىمى پىششىق يېمەكلىك يايمىلىرى ۋە ئىچىملىك شىرەلىرى قويۇلاتتى، مۇكاپات چىققان نۇرغۇن تەلەي ئىگىلىرى ساز چېلىپ بېرىدىغان، ھاراق تارتىدىغان ئادەم چىقىسىلا، ئۇتقان مېلىنى شۇ سورۇندا سويۇۋېتەتتى، شۇڭا بىلەن ئوربېلىئانو II مۇ ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ گارمونىنى يەنە قولىغا ئالدى، شۇنداقلا ئاددىيغىنە ئىشتىھا مۇسابىقىسىگە قاتناشتى. بۇ غورىگىل زىياپەتلەر ئۆتمۇشتىكى ھەشەمەتلىك زىياپەتلەرنىڭ ئەكسى ئىدى، ئوربېلىئانو II بۇرۇنقىدەك ھاياتىي كۈچىدىن، كونبىيانبا ئۇسسۇلى ئوينىغان چاغلىرىدىكى نوچىلىقىدىن ئەسەرمۇ قالماي باشقىچىلا بىر ئادەم بولۇپ قالغانىدى، بەدەن ئېغىرلىقىمۇ ھېلقى يىلى «چىشى پىل» بىلەن بەسلەشكەن چاغدىكى بىر يۈز يىگىرمە كىلوگىرامدىن يېنىكلەپ يەتمىش سەككىز كىلوگىرامغا چۈشۈپ قالغان، ئەينى يىللاردىكى تاشپاقىدەك دوغىلاق خۇشچىراي يۈزى ئۆزگىرىپ پاتمىچۇقنىڭ يۈزىدەك يالپاق بولۇپ قالغانىدى، ھەمىشە ھارغىن چىرايلا كۆرۈنەتتى. ۋاھالەنكى، پېترا كېتىسنىڭ كۆزىگە ھېچقاچان ھازىرقىدەك ئىسسىق كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى. ئېھتىمال، پېترا كېتىس ئوربېلىئانو II نىڭ ئىچ ئاغرىتقانلىقىنى ۋە ئېغىر كۆڭلەردىمۇ ھەمنەپەس بولماقچى بولغانلىقىنى مۇھەببەت دەپ چۈشىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. يوغان سوغۇق كارىۋات ئەمدى قانغىچە كۆڭۈل خۇشى قىلىشىدىغان جايى ئەمەس، ھالمۇڭدىشىدىغان پاناھگاھى بولۇپ قالغانىدى. تورۇستىكى ئۆزلىرىنى كۆرۈپ ياتىدىغان تاشئەينەكنى سېتىۋېتىپ، پۇلىغا لاتارىيە مۇكاپاتى ئۈچۈن جاندار

سېتىۋالدى، كىشىنىڭ ئىشقىي زوقىنى قوزغايدىغان يۇمشاق پاختا رەخت كىرلىكى ۋە ماموق يوتقانلىرىنى قېچىر يەپ بولغانىدى. ئۇلار ئىشقىي ھەۋەستىن چورتلا قالغان قېرى ئەر ـ خوتۇنلاردەك تۈن نىسبىگىچە ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمايتتى ـ دە، ۋاقتىنى بۇرۇنقىدەك بىكاردىن ـ بىكار زايە قىلماستىن ھېسابات بىلەن، پارچە پۇللارنى ساناپ رەتلەش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. بەزىدە توخۇ چىللىغىچە تىك ئولتۇرۇپ، دەستە ـ دەستە تەڭگە پۇللارنى ھېلى ئۇياققا، ھېلى بۇياققا يۆتكەيتتى، ھېلى ئۇ دەستىگە قوشۇپ، ھېلى بۇ دەستىدىن ئېلىۋېتىپ ھارمايتتى. بىر دەستىسىنى فېرناندانى خۇش قىلىشقا، يەنە بىر دەستىسىنى ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ئايىغىغا، بۇ دەستىسىنى ئەنسىز يىللاردىن بۇيان يېڭى كىيىم كىيىپ باقمىغان سانتا سوفىيە دېلا پېدادىنىڭ نېسىۋىسىگە ئايرىدى، ماۋۇ بىر دەستىسىنى ئۇرسۇلانىڭ كېپەنلىكىگە ئېلىپ قويىمىسا بولمايتتى، يەنە بىر دەستىسىنى ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئاتلاپ بىر قادىقى بىر سىنت ئۆسۈپ تۇرۇۋاتقان قەھۋەگە، ئاۋۇ بىر دەستىسىنى بارغانسېرى تەمى قالمايۋاتقان شېكەرگە، ماۋۇ بىر دەستىسىنى يامغۇر توختىغاندىن كېيىن تېخى قۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن ئوتۇنغا ئايرىدى، مۇنۇ بىر دەستىسىنى لاتارىيە بېلىتى ياسايدىغان قەغەز ۋە بوياققا، قالغىنىنى بولسا تۆتىنچى ئايدىكى توپاقنىڭ زىيىنىغا ئاتىدى. شۇ چاغدا لاتارىيە بېلىتىنىڭ ھەممىسى سېتىلىپ بولغانىدى، تۇرۇپلا ئۇ توپاققا چاقا چىقىپ ئۆلۈپ قالغان، تەلەيگە يارىشا تېرىسى بولسىمۇ قالغانىدى. ئورېلىئانو II بىلەن پېترا كېتىس يوقسۇل بولسىمۇ تەڭگە پۇللارنىڭ جىقىراقىنى دائىم فېرناندانىڭغا ئاتايتتى، خىجىللىقى ياكى شەپقەتلىرى تۈپەيلىدىن ئەمەس، فېرناندانى ئۆزلىرىدىن بەخۇدۇكرەك ئۆتسۇن دەپلا شۇنداق قىلاتتى. نىھايەت، فېرناندانى ئارزۇلۇق قىزى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەيتتى، ھەتتا بىر قېتىم ئۇلار فېرناندانىڭ گوللاند داستىخىنى ئېلىپ بېرىمىز دەپلا ئۈچ كۈننى ئۇماچ ئىچىپ ئۆتكۈزۈشكە رازى بولغانىدى. بىراق، ئۇلار ھەرقانچە جان تىكىپ ئىشلىگىنى، پۇل تېجەش ئۈچۈن تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ پۇل يىغقىنى بىلەنمۇ ئۇ پەرىشتە بەربىر ھارغىنلىق ئىچىدە ئۇخلاشقا ئاران ئۈلگۈرەتتى. ئۇ ئىككىسى تەڭگىلەرنى ھەرقانچە ئۇياقتىن بۇياققا

يۈتكەپ يۈرگىنى بىلەن تەستە جېنىنى جان ئېتەتتى. كىرىمى چىقىمىنى قاپلىيالمايۋاتقاچقا غەمنىڭ تولىلىقىدىن كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقاتتى، شۇنداق ئۈيقۇسىز كېچىلەردە ئۆزلىرىگە ئىختىيارسىز سوئال قوياتتى: بۇ جاھان زادى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ جاندارلىرىمىز نېمىشقا بۇرۇنقىدەك كۆپەيمەيدىغاندۇ؟ نېمىشقا بۇ پۇللار قولىمىزدىن پۇرىدە ئۇچۇپ چىقىپ كېتىدىغاندۇ؟ تېخى يېقىندىلا كونىبىيانىبا ئۇسسۇلى ئۇچۇن تۇتام - تۇتاملاپ پۇل خەجلەيدىغان كىشىلەر ئەمدى نېمىشقا ئالتە مېكىيان كېلىدىغان لاتارىيەگە يىگىرمە سېنتلا خەجلەتكىنىمىز بىلەن ھېسابلاشماي بولالىغىچىلىق قىلىۋاتىدۇ دەپ كوتۇلدىشىدىغان بولۇپ قالغاندۇ؟ ئوربېلىئانو II ئاغزىدىن چىقارمىغىنى بىلەن كۆڭلىدە بۇ چاتاق دۇنيانىڭ چاتىقى ئەمەس، پېترا كېتىسنىڭ سېھىرلىك ئىچكى دۇنياسىنىڭ سىرلىق بىر يېرىدىن قارا يامغۇر مەزگىلىدە چاتاق چىققاچقا چارۋىلار كۆپ تۆللىمەس بولۇپ قالغان گەپ دەپ ئويلايتتى. شۇنىڭ بىلەن پېترا كېتىسنىڭ سىرى ئۈستىدە قايتا - قايتا ئىزدىنىپ شۇنى بايقىدىكى، پايدا ئىزدەپ يۈرۈپ مۇھەببەتكە ئېرىشىپ قالغان، پېترا كېتىسنىڭ كۆڭلىنى باغلىۋالىمەن دەپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ كۆڭلى باغلىنىپ قالغانىكەن. پېترا كېتىس بولسا ئوربېلىئانو II يېقىنچىلىق قىلغانسېرى شۇنچە كۆيدى، شۇنىڭ بىلەن يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغىنىغا قارىماي ياشلىق دەۋرىدە بولىدىغان «يوقسۇللۇق سۆيگۈنىڭ قولى» دېگەن ئەقىدىگە خۇراپىيلارچە ئىشەندى. ھەر ئىككىلىسى ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەپ، شۇ چاغلاردىكى تۈترۇقسىز زىياپەتلىرىنى، غەلىتىلا ئېرىشىپ قالغان مال - دۇنيالىرىنى ۋە يۈگەنسىز ئاشىنىدارچىلىقلىرىنى مۇھەببىتىمىزنىڭ تۇسالغۇسى ئىكەن دەپ بىلدى، نۇرغۇن ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىپ بولۇپ ئاندىن ئېرىشكەن بۇ ئورتاق غېرىبانە جەننىتىدىن تەڭ سۆيۈندى. ئىككىسى شۇنچە يىلنى پەرزەنت يۈزى كۆرمەي بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىر - بىرىگە ئەسەبىيلەرچە كۆيۈشتى، تاماق شىرەسىدىن كارىۋاتقا قەدەر بىر - بىرى بىلەن ئايرىلماي ئىجىل - ئىناقلىق ئىچىدە چەكسىز بەختىيار ئۆتتى، ياشىنىپ كۈچىدىن قالغان چاغلىرىدىمۇ توشقانچاقلاردەك ئوينىشىپ، كۈچۈكلەردەك شوخلۇق قىلىشىپ ئۆتتى.

لاتارىيە سودىسى بەرىكەت تاپالماي كېلىۋەردى. ئورېلىئانو II دەسلەپتە ھەپتىسىگە ئۈچ كۈن ۋاقتىنى ئۆتمۈشتىكى فېرما ئىشخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ لاتارىيە بېلەتنى سىزىش بىلەن ئۆتكۈزى. لاتارىيە بېلىتىگە ھەر قېتىم چىقىدىغان مۈكاپاتنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر قىزىل سېغىن توپاق، بىر چوشقا ياكى بىر توپ كۆك توخۇنىڭ رەسىمىنى بەئەينى ئوخشىتىپ سىزاتتى، «تەڭرىنىڭ ھىممىتى» دېگەن لاتارىيە ئېتىنىمۇ باسما ھەرپ بىلەن تازا قاتۇرۇپ يېزىپ قوياتتى. بۇ ئات پېترا كېتىسقا بەك ياراپ كەتكەنىدى. بىراق، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ھەپتىسىگە ئىككى مىڭ پارچە لاتارىيە بېلەتنى سىزىش ئېغىر كەلدى ـ دە، ھايۋانات سۈرىتى، لاتارىيەنىڭ نامى ۋە لاتارىيە نومۇرى چۈشۈرۈلگەن رېزىنكە تامغا ئويدۇردى، ئەمدى بۇ تامغىلارنى ھەرخىل رەڭلىك سۇرۇقلارغا تەگكۈزۈپ، لاتارىيە بېلەتلىرىگە باسسىلا ئىش پۈتەتتى. ئورېلىئانو II ئاخىرقى بىرنەچچە يىلدا لاتارىيە بېلىتىنىڭ نومۇرى ئورنىغا تېپىشماق ئىشلىتىپ باقتى، تېپىشماقنى تېپىۋالغانلار مۇكاپاتنى تەڭ بۆلۈشەتتى، لېكىن بۇ قائىدە بەك مۇرەككەپ ھەم كىشىدە گۇمان پەيدا قىلىپ قويىدىغان بولغاچقا، بۇ ئۇسۇلنى داۋاملاشتۇرالمىدى.

ئورېلىئانو II لاتارىيە تىجارىتى بىلەن پالاقشىپ يۈرگەچكە باللىرىنى يوقلىغۇدەك ۋاقتى يوق دېيەرلىك ئىدى. فېرناندا شۇنىڭ بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلانى يىلىغا پەقەت ئالتىلا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىدىغان خۇسۇسىي مەدرىسكە بەردى، لېكىن نەۋرىسى ئورېلىئانونىڭ ھۆكۈمەت مەكتىپىدە بولسىمۇ ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلمىدى. ئۇيىچە بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆيدىن چىقىشىغا رۇخسەت قىلغىنىنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ ئىش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ زاماندىكى مەكتەپلەر كاتولىك دىنىنىڭ شەرىئىتى بويىچە نىكاھلىق تۇغۇلغان قانۇنلۇق باللارنىلا قوبۇل قىلاتتى، ئورېلىئانو بۇ يەرگە يەتكۈزۈپ بېرىلگەندە بولسا تونىغا يىگنە مىق بىلەن ئىلىپ قويۇلغان تۇغۇت كېنىشكىسىگە «ئىگىسىز بوۋاق» دەپ ئەسكەرتىلگەنىدى، شۇڭا نەزەربەندكە ئېلىنىپ، پۈتۈنلەي سانتا سوفىيە دېلا پېداد ۋە ئاربلاپ ئەس ـ ھوشى جايىغا كېلىپ قالىدىغان ئۇرسۇلانىڭ خەۋەر ئېلىشى بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئىككى مومايىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىسىدا

بارا ـ بارا ئۆيدىكى تار دۇنيا بىلەن تونۇشتى. ئۇ بارا ـ بارا قائىدە ـ يوسۇنلۇق ۋە غۇرۇرلۇق بالا بولدى. زىلۋا بوي، قاش ـ كۆزى جايىدا بۇ بالا شۇنداق قىزىققاق ئىدىكى، تولا گەپ سوراپ چوڭلارنى زېرىكتۈرىۋېتەتتى. بىراق، چاقناپ تۇرىدىغان ئويناق كۆزلىرى پولكوۋنىك ئۇربىلىئانونىڭ شۇ يېشىدىكى ئۇجۇر ـ بۇجۇرنى بىلىۋالمىغىچە قانائەت تاپمايدىغان، بەزىدە ھەممىنى بىلىۋالالايدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن پەرقلىنەتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا باغچىدا ئوقۇيتتى، ئۇ بالا بولسا گۈللۈكتە سازاڭ تۇتۇپ ھاشاراتلارنى قىيناپ ئويناپ يۈرەتتى. بىركۈنى تۇتۇۋالغان چايانىنى قۇتىغا سېلىپ، ئۇرسۇلانىڭ كارىۋىتىغا قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا فېرناندانىڭ تۇتۇلۇپ قېلىپ، مېمېنىڭ بۇرۇنقى ھۇجرىسىغا سولاندى. شۇنىڭ بىلەن زېرىكىشلىك چاغلىرىنى ھېلىقى قامۇسنىڭ قىستۇرما رەسىملىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. ئۇرسۇلا بىركۈنى چۈشتىن كېيىن بىر تۇتام چاكاندىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئۆيمۇئۆي دېمىدە سۈيى چېچىپ يۈرەتتى، ئۇ بالىنى كۆپ كۆرگەن تۇرۇقلۇقمۇ كىم سەن دەپ سورىدى.

— مەن ئۇربىلىئانو بۇئېندىيە، — دېدى بالا.

— توغرا، — دېدى ئۇرسۇلا، — ئەمدى زەرگەرلىكنى ئۆگىنىدىغان ۋاقتىڭ بولۇپ قالدى.

ئۇرسۇلا ئەمدى بۇ بالىنىمۇ ئۆز ئوغلۇم دەپ قالغانىدى. قارا يامغۇردىن كېيىن ئىسسىق شامال چىقىدىغان ۋاقىتلاردا ئۇرسۇلا ئارىلاپ ئەس ـ ھوشىنىمۇ كېلىپ قالغان، لېكىن ئەمدى ئۇنداق ئەھۋالى بارسا كەلمەسكە كېتىپ، ئەس ـ ھوشى زادىلا ئەسلىگە كەلمەسلا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇرسۇلا ھۇجرىسىغا كىرسىلا زىياپەتكە جابدۇنغاندەك ياسىنىپ كېلەڭسىز ئۇزۇن كۆپتۇرمە كۆينەك ۋە ئۈستىگە ئۈنچە ـ مارجان تۇتۇلغان بەلبوغىما مۇرىلىكا كىيگەن پېترونىلا ئىگۇئاران بىلەن، تەۋرىمە ئورۇندۇقتا بىر تال توز پېيىدە ئۆزىنى يەلپۈگەچ پالەچ ياتقان ئانا جەمەت مومىسى ترانگىرىنا مارىيە مىنياتا ئاروكوك بۇئېندىيە، ئۈچىسىغا باش ۋالىي ياساۋۇلىنىڭ تەقلىدىي فورمىسىنى كىيگەن ئاتا جەمەت بوۋىسى ئۇربىلىئانو ئاركادىئو بۇئېندىيە، كالىنىڭ تېنىدىكى قۇرتىنىڭ قۇرۇقىنى ئۆزلىكىدىن چۈشۈرۈۋېتەلەيدىغان بىر

ئەپسۇننى ياراتقان دادىسى ئورپلىئانو ئىگوئاران بىلەن ئۇچرىشاتتى، يەنە قورقۇنچاق ئانىسى، چوشقا قۇيرۇقلۇق نەۋرە ئاكىسى، خوس ئاركادىئو بۇئېندىيە ۋە ئۆلۈپ كەتكەن باللىرىمۇ بار ئىدى، ئۇلار ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەندەك ئەمەس، مېيىتنى باقىملى كەلگەندەك تامىنىڭ تۈۋىدىكى ئورۇندۇقلاردا قاتار ئولتۇرۇشاتتى. ئۇرسۇلا ئۇلار بىلەن زامانىمۇ، ماكانىمۇ ئوخشىمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ھەر قېتىم مەدرىستىن قايتىپ كەلگەنلىرىدە ياكى ئورپلىئانو قامۇسنى تولا كۆرۈپ زېرىككىپ كەتكەنلىرىدە ئۇرسۇلانىڭ سىرلىق ئەرۋاھلار دۇنياسىدا تېنەپ قالغاندەك كارىۋىتىدا ئۆزى بىلەن ئۆزى كۇسۇرلىشىپ ئولتۇرغانلىرىنى كۆرەتتى.

— ئوت كەتتى! — ئەنسىز توۋلىۋەتتى ئۇرسۇلا بىر كۈنى.

بۇ گەپ بىلەن پۈتۈن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالاقزەدە بولۇپ كەتتى، دېگىنى بولسا تۆت ياش ۋاقتىدا ئېغىلغا ئوت كەتكەن بىر ئىش ئىدى. ئۇرسۇلا ئەنە شۇ تەرىزدە ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنى ئارلاشتۇرىۋالاتتى، ئۆلۈش ئالدىدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئەس ـ ھوشى جايىغا كېلىپ قالغان چاغدىمۇ دەۋاتقىنىنىڭ ھازىرقى تەسىراتى ئىكەنلىكىنى ياكى ئۆتكەن ئىشلار توغرىسىدىكى ئەسلىمىسى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلەلمىگەنىدى. ئۇرسۇلا كۈندىن ـ كۈنگە يىگىدەپ ھامىلىگە، ئۆلمەي تۇرۇپ مومىياغا ئايلىنىپ قالدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرىدا كىچىلىك كىيىمىگە ئورالغان ئامۇت قېقىدەكلا بولۇپ قالدى، مەڭگۈ كۆتۈرۈكلۈك بىلەكلىرىمۇ بەئەينى ئۇزۇن قۇيرۇق مايمۇننىڭ قوللىرىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. بىرنەچچە كۈنگىچە مىدىر ـ سىدىر قىلمىغانلىرىدا، سانتا سوفىيە دېلا پېداد ھايات ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ھېلىدىن ـ ھېلىغا تۇرتۇپ بېقىشقا مەجبۇر ئىدى، تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ، كىچىك قوشۇقتا شېكەر سۈيى ئىچكۈزۈپ قوياتتى. ئۇرسۇلا شۇ كۈنلەردە يېڭى تۇغۇلغان مومايدەك بولۇپ قالغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا بىلەن ئورپلىئانو ئېيىسانىڭ بوۋاق ۋاقتىدىكى ھەيكىلىدىن چوڭراق ـ ياكى كىچىكرەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ئۇيان ـ بۇيان سۆرەشتۇرۇپ يۈرۈپ

تىلاۋەت سۈپىسىغا ئولتۇرغۇزاتتى. ئۇلار تېخى بىركۈنى چۈشتىن كېيىن بىچارە مومايىنى ئامباردىكى بىر ئىشكاپقا تىقىپ قويۇپ چاشقانلارغا تالىتىۋەتكىلى تاسلا قالدى. ئۇلار پاسخا بايرىمى كۈنى فېرناندا ئىبادەتكە كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ئۈرسۈلانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىشتى ـ دە، بىرى گەجگىسىدىن، يەنە بىرى پۇتىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى.

ــ بىچارە بۇزرۇكۋار موماي، ــ دېدى ئامارانتا ئۈرسۈلا، ــ قېرىپ ئۆلۈپ قاپتۇ ئەمەسمۇ.

ــ تېخى ئۆلمىدىم جۇمۇ! ــ دەۋەتتى چۆچۈپ كەتكەن ئۈرسۈلا.

ــ قارىمامسىز، ــ دېدى ئامارانتا ئۈرسۈلا كۈلكىسىنى ئارانلا بېسىپ، ــ نەپەسمۇ ئالمايۋاتسىغىز!

ــ گەپ قىلىۋاتىمەنغۇ؟ ــ توۋلىدى ئۈرسۈلا.

ــ گەپمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قاپسىز! ــ دېدى ئورېلىئانو بۇئېندىيە، ــ چېكەتكىدەكلا ئۆلۈپ قاپسىز.

ئۈرسۈلا ئەمدى بۇ پاكىت ئالدىدا تەن بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

ــ پەرۋەردىگارىم، ــ دېدى بوش ئاۋازدا، ــ ئۆلۈم دېگەن ئەسلىدە مۇشۇنداقكەندە!

شۇنىڭدىن كېيىن جىددىي يوسۇندا ئولتۇرۇپ، چىن ئىخلاسى بىلەن دۇئا ئوقۇغىلى تۇردى. بۇ دۇئاسى ئىككى كۈندىن ئارتۇق داۋاملاشتى، سەيشەنبە كۈنگە كەلگەندە دۇئاسىنىڭ ئاخىرى سەمىمىي تىلەككە ۋە ئەمەلىي نەسىھەتكە ئايلىنىپ كەتتى: قىزىل چۈمۈلىلەر ئۆيىنى ۋەيران قىلىۋەتمىگەي، رېمېدىئوسنىڭ رەسىمى ئالدىدىكى ئۆچمەس چىراغ مەڭگۈ ئۆچۈپ قالمىغاي، بۇئېندىيە جەمەتىدىكى يېقىن تۇغقانلار توپىلىشىپ سېلىپ چوشقا قۇيرۇق بالا تۇغۇلۇپ قالمىغاي... ئورېلىئانو II ئۈرسۈلا چۈشەكەۋاتقان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ھېلىقى تىللا تىقىقلىق يەرنى ئېيتقۇزۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن ئۇرۇنۇشلىرى يەنە بىر قېتىم بىكارغا كەتتى.

ــ ئىگىسى قايتىپ كەلگەندە، ــ دېدى ئۈرسۈلا، ــ تەڭرىم ئۆزى باشلاپ بارىدۇ.

سانتا سوفىيە دېلا پىداد ئۈرسۈلانىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشكە ئاز قالغانلىقىنى پەملەپ

يەتتى. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە يۈز بېرىۋاتقان كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىنورمال تەبىئەت هادىسىلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كېلىۋاتاتتى: ئەتىرگۈللەردىن تۇرۇپلا ئاچچىق ئەمەن پۇرىقى كېلىدىغان بولۇپ قالغان؛ جالاباما نوگىيى قولىدىن چۈشۈپ كېتىپ، ئىچىدىن چىچىلىپ چۈشكەن نوقۇت ۋە پۇرچاقلار مۇكەممەل گېئومېتىرىك شەكىلدە تىزىلىپ قالغان؛ قايسى بىر كۈنى كېچىسى ئاسماندىن بىر رەت قىزغۇچ سېرىق نۇر تەخسىلىرى ئۇچۇپ ئۆتكەنىدى.

ئۇرسۇلا ئۆلۈغ پەيشەنبە كۈنى سەھەردە كۆز يۇمدى. كىشىلەر ئۇرسۇلانىڭ يېشىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بانان شىركىتى دەۋرىدە ھېسابلىغانىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئۆمۈر يېشى بىر يۈز ئون بەش ياش بىلەن ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى ياش ئارىلىقىدا چىققانىدى. جەسىتى ئۆز ۋاقتىدا ئورېلىئانو ياتقان بۆشۈكتىن سەل چوڭراق بىر ئۆكەككە سېلىندى، دەپنە مۇراسىمىغىمۇ ساناقلىقلا ئادەم قاتناشتى. سەۋەبى شۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇرسۇلانى تونۇيدىغانلاردىن ھېچقانچىسى قالمىغان؛ ئىككىنچىدىن، شۇ كۈنى چۈشتە هاۋا ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىپ كېتىپ، قۇشلارمۇ بېشى قېيىپ ئۇدۇل كەلگەن تامغا، دېرىزىلەرنىڭ سىم تورلىرىغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇپلا جان ئۈزۈشكەن.

كىشىلەر باشتا قۇشقاچلارغا ۋابا تېگىپتۇ دەپ قالغانىدى. ئاياللار ئۆيدە ئۆلۈپ قالغان قۇشلارنىڭ ئۆلۈكىنى تازىلاپ بولالماي هالدىن كەتتى، بولۇپمۇ ئەرلەر چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا قۇشقاچلارنىڭ ئۆلۈكىنى غالتەك هارۋىلاردا دەرياغا ئاپىرىپ تۆككىلى تۇردى. پاسخا بايرىمى كۈنى يۈز ياشتىن ئاشقان پوپ ئانتونىئو ئىسابېل مېھرابتا ۋەز ئېيتىپ، قۇشقاچلار بىر «سەرگەردان يەھۇدى»نىڭ كاساپىتىدىن ئۆلدى دەپ پەتىۋا چىقاردى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ مەخلۇقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنمىش، تېكە بىلەن جادۇگەر ئايالنىڭ جۈپلىشىشىدىن ئاپىرىدە بولغان ئۇ مەخلۇق بىرلا پۇركۈپ هاۋانى ئوتتەك قىزىتىۋېتەلەرمىش، قەدىمى يەتكەنلىكى يەردە خوتۇن ـ قىزلار غايىبتىن غەلىتە مەخلۇققا هامىلدار بولۇپ قالارمىش. بىراق، بۇ پوپنىڭ ۋەز ـ نەسىھەتلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. چۈنكى، ماكوندولۇقلار چېركاۋدىكى بۇ پوپنىڭ قېرىلىقتىن ئالجىپ قالغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. هالبۇكى،

چارشەنبە كۈنى سەھەردە بىر ئايالنىڭ ئەنسىز تووۋلىغان ئاۋازىدىن ھەممە ئادەم ئويغىنىپ كەتتى، ئۇ ئايال تاق تۇياقلىق، ئىككى پۇتلۇق بىر ھايۋاننىڭ ئاياغ ئىزلىرىنى بايقىغانىكەن. بارلىق گۇۋاھچىلار بۇ شەكسىز پاكىت ئالدىدا پويىنىڭ تەسۋىرلىگىنىدەك قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەندى ـ دە، ھەر كىم ئۆز ھويلىسىغا قاپقان قۇردى. ئۇ مەخلۇق شۇنداق قىلىپ قولغا چۈشتى. ئۈرسۇلا ئۆلۈپ كېتىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن بىركۈنى يېرىم كېچىدە پېترا كېتىس بىلەن ئورېلىئانو II ئارىتام ھويلىدىن ئاڭلانغان بۇقا مۆرىگەندەك سەت بىر يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ ھاپىلا ـ شاپىلا ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە، بىر توپ ئادەم ھېلىقى مەخلۇقنى قۇرۇق شاخ ـ شۇمبا بىلەن يېپىلغان ئورىدىكى ئۇچلۇق قوزۇقلاردىن چىقىرىپ بولغانىدى. ئەمدى ئاچچىق ھۆركىرەشتىن توختىغان ئۇ مەخلۇقنىڭ جۈغى قورامىغا يەتمىگەن كىچىك بالىچىلىكلا كەلسىمۇ، يوغان بىر بۇقىدەك ئېغىر ئىدى، يارىسىدىن كۆپكۆك قان ئېقىۋاتاتتى. پۈتۈن بەدىنىنى پىتلاپ كەتكەن توم ـ توم يىرىك تۈك ۋە قوتۇر بېسىپ كەتكەنىدى. بىراق، پويىنىڭ تەسۋىرلەپ بەرگىنى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى شۇكى، ئادەمسىمان قىسمى ئادەمدىن كۆرە زىلۋا بىر پەرىشتىگە بەكرەك ئوخشايتتى، قوللىرى پارقىراق ۋە چاققانغىنە، كۆزلىرى يوغان، ئەمما خۇنۇك ئىدى، مۇرىسىدىكى كۈچلۈك قاناتلىرى ئوتۇنچىنىڭ پالتىسىدا چانىۋېتىلگەن بولسا كېرەك، قاناتلىرىنىڭ قاقاچ تۈنقان قالدۇقىلا قالغانىدى. كىشىلەر بۇ مەخلۇقنى ھەممە ئادەم كۆرسۇن دەپ مەيداندىكى بىر تۇپ بادامغا ئېسىپ قويدى. ئۆلۈكى سېسىشقا باشلىغاندا ئۇنى ھايۋان قاتارىدا دەرياغا تاشلىۋېتىشىنى ياكى ئادەم قاتارىدا دەپنە قىلىشىنى بىلەلمىگەنلىكتىن گۆلخان يېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. قۇشلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازا شۇ مەخلۇقنىڭ كاساپىتىدىن ياكى ئەمەسلىكى مەڭگۈلۈك سىر بولۇپ قېلىۋەردى. يېڭى توي قىلغان قىزلار پويىنىڭ بېشارىتىدىكىدەك مەخلۇقمۇ تۇغمىدى، لېكىن ئىسسىق ھاۋا داۋاملىشىۋەردى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا رىبېكا ۋاپات بولدى. بىر ئۆمۈر خىزمىتىدە بولغان دېدەك ئاخىرىدا ھۆكۈمەتتىن ئۆتۈنۈپ ھوجرا ئىشىكىنى بۇزۇپ ئاچقۇزدى، ھوجرىسىدا تۇرۇپ

قالغىنىغا ئۈچ كۈن بولۇپ قالغان غوجايىنى قۇرتتەك تۈگۈلگىنىچە كارىۋىتىدا ياتاتتى، چاچلىرى تامامەن چۈشۈپ بولغانىدى، باشمالتىقى ئاغزىدا شۈمۈكلۈك تۇراتتى. ئۇرېلىئانو II رىبېكانىڭ دەپنە ئىشلىرىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالدى ھەمدە ئۆيىنى راۋۇرۇس رېمونت قىلىپ سېتىۋەتمەكچى بولدى. بىراق، بۇ ئۆي تۈگىشىپلا بولغانىدى، تامنىڭ سۇۋىقى پەقەتلا تۇتمىدى، ھەرقانچە قىلسىن ھاك لايمۇ بىكار ئىدى، ئۆينى ئوت ـ چۆپ باسقان بولۇپ، تۆۋرۈكلىرى يۆگىمەچلەرنىڭ ئارىسىدا سىپسىپ بولغان ئىدى.

ماكوندونىڭ قارا يامغۇر توختىغاندىن كېيىنكى ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى. ئادەملەر قاشاڭلىشىپ كەتكەن، ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى بولسا كۆنسېرى يالماۋۇزلىشىپ، كىشىلەرنىڭ شۇنچىكى ئەسلىمىسىنىمۇ يەپ بولغانىدى. نىرانديە ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى ئىمزالانغانلىقىنىڭ يەنە بىر يىللىق خاتىرە كۈنى جۇمھۇرىيەت پىرېزىدېنتىنىڭ ئەلچىلىرى پولكوۋنىك ئۇرېلىئانو كۆپ قېتىم رەت قىلغان ئوردېنلارنى ئەۋلادلىرىغا بەرمەكچى بولۇپ ماكوندوغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ساق بىر چۈشتىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپمۇ پولكوۋنىكنىڭ ئەۋلادلىرىنى قەيەردىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم تاپالمىدى. ئۇرېلىئانو II ئوردېنىنىڭ ساپ ئالتۇن ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ۋەسۋەسىگە چۈشكەنىدى، ئاخىرقى ھېساپتا پېترا كېتىسنىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىپ، ئەلچىلەرنىڭ جاكارنامە چاپلاپ بولغانلىقى ھەمدە مۇراسىمدا سۆزلىنىدىغان نۇتۇقنىڭ كۆپىيەسىنىمۇ تەييارلاپ بولغانلىقىغا قارىماي ئار ـ نومۇسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن رەت قىلدى. دەل مۇشۇ چاغدا بىر توپ سىگانمۇ ماكوندوغا كېلىپ قالغانىدى. مېرگادىسنىڭ بىلىمىگە ۋارىسلىق قىلغان بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم سىگانلار بۇ بازارنىڭ خارابلىشىپ كەتكەنلىكىنى، ئاھالىنىڭ سىرتقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى بايقاپ، يەنە شۇ ماگنىتلىرىنى گويا بابىلون ئاقىللىرىنىڭ ئەڭ يېڭى كەشپىياتىدەك كوچىمۇكوچا يۈرۈپ، ئۆيمۇئۆي كىرىپ كۆز ـ كۆز قىلىشتى ھەمدە زور لوپا ئەينىكىدە كۈن نۇرى يىغىپ كۆرسەتتى. چەينەك ـ چۆگۈنلەرنىڭ ئۇلارغا تارتىشىپ ئويۇق ۋە جازىدىن چۈشۈپ كەتكىنىگە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن قازان ـ قومۇچلارنىڭ

دومۇلاپ مېڭىۋاتقانلىقىغا ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قالغانلارمۇ، بىر سىگان ئايالنىڭ ئاغزىدىن يالغان چىشىنى چىقىرىۋېلىپ يەنە جايىغا سېلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن 50 سىنت خەجلەشكە رازى بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئەينى يىللاردا، بىرووېن ئەپەندىنىڭ ئەينەك تورۇسى ۋە ماموق كىرىسلولىرى بار مەخسۇس ۋاگونىنى سۆرەپ كەلگەن پويىز لىق توشقان يولۇچىلارنى ئېلىپ كۈندە بىر قېتىم كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بانان توشۇيدىغان بىر يۈز يىگىرمە ۋاگونلۇق پويىز ئۆتۈپ بولغىچە كەچمۇ كىرىپ قالاتتى. ئەمدى بولسا ئەبجەق بىر كونا سېرىق پويىزلا قالغان، يەنە كېلىپ چىقىدىغان ئادەم بولمىغاچقا چۆلدەرەپ قالغان ۋوگزالدا بەزىدە توختىمايلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ۋاتىكاندىن پوپ ئانتونىئو ئىساىلنىڭ قۇش ـ قاناتلارنىڭ قىرىلىپ كەتكەنلىكى ۋە «سەرگەردان يەھۇدى»نىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللەر بۇ پوپنىڭ بىر توپ بالىلار بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ دوكلاتنى قېرىپ ئالجىپ قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەن دېگەن خۇلاسىغا كەلدى ـ دە، ئانتونىئو ئىساىلنى ساناتورىيەگە ئاپىرىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ماكوندوغا پوپ ئاۋگۇستو ئانژېلنى ئەۋەتتى، بۇ قاتتىق قول ھەم قارام دىن ھىماتچىسى كۈنىگە بىرنەچچە قېتىم ئۆز قولى بىلەن قوڭغۇراق چېلىپ كىشىلەرنى سەگىتەتتى، ئۇيقۇچان كىشىلەرنى ئۆيمۇئۆي ئويغىتىپ كىرىپ ئىبادەتكە ئۈندەيتتى. ۋاھالەنكى، ھاۋاغىمۇ سىڭىپ كەتكەن ھورۇنلۇق ئۇنىڭغىمۇ يۇقۇپ، ھەممىنى قۇرۇتۇپ قاتۇرۇپ قويىدىغان قاتتىق ئىسسىق چاڭ ـ توزان ئالدىدا بىر يىلغا بارمايلا باش ئەگدى، چۈشلۈك ئارام ۋاقتىدا چىدىغۇسىز ئىسسىق دەستىدىن ئالدىدىكى گۆش كومىلىچىغا قاراپمۇ ئۇيقۇ باسىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئۇزۇل ـ كېسىل پەسكارىغا چۈشتى.

ئۇرسۇلانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن پۈتۈن ئۆي يەنە خارابلاشتى، بىرقانچە يىلدىن كېيىن ئوچۇق پىكىرلىك، خۇشخۇي ھەم مودا ئايال زاتى بولۇپ يېتىلىپ، جەمئىيەتتە مۇستەھكەم بىر كىشىلىك ئورۇن ئىگىلىگەن كەسكىن، چاقماقتەك چاققان ئامارانتا

ئۇرسۇلامۇ بۇنداق ھالەتنى ئوڭشىيالمىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا شۇ چاغلاردا ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئېچىۋېتىپ ئۆينىڭ بۇزۇلغان ھاۋاسىنى ئالماشتۇراتتى، ھويلىدىكى گۈللەرنى چاتايتتى، تەپتارتماستىن كۆپكۆندۈزدىمۇ پېشايۋاندا ئۆمىلەپ يۈرگەن قىزىل چۈمۈلىلەرنى يوقۇتاتتى، بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ ئۇنتۇلغىنىغا ئۇزاق بولۇپ كەتكەن مېھماندوست كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە تىرىشاتتى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ھەممە تىرىشچانلىقى بىكارغا كەتتى.

ئۆيگە بېكىنىۋېلىپ ئۆزىنى پىنھاندا تۇتۇۋاتقان فېرناندانىڭ جاھىللىقى يىمىرىلمەس بىر توغان بولۇپ، ئۇرسۇلانىڭ يۈز يىل جۇغلىغان قىيانىنىمۇ توسۇپ كەينىگە ياندۇردى. فېرناندا ئىسسىق شامال بالاسى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئاچقۇزۇش تۇگۇل، دېرىزە راملىرىغا كىرېستسىمان شەكىلدە قىلىپ ياغاچ مىخلىتىۋەتتى ـ دە، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تەلىمىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ ئۆلۈكنىڭ كۆنىدە ياشاشقا باشلىدى، سىرلىق دوختۇر بىلەن بولغان خەت ئالاقىسىمۇ مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. روھىي ئوپېراتسىيە ۋاقتىنى نۇرغۇن قېتىم كەينىگە سۈرۈۋەرگەن ئۇ سىرلىق دوختۇر ئاخىر فېرناندانى بىر ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈش قارارىغا كەلگەندى. فېرناندا شۇنىڭ بىلەن بەلگىلەنگەن كۈنىدە، بەلگىلەنگەن سائەتتە ھۇجرىسىغا سولىنىۋېلىپ بېشىنى شىمال تەرەپكە قىلىپ ياتتى، ئۇچىسىدا ئورىنىۋالغان ئاق كىرلىكىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. كېچە سائەت بىر بولغاندا بىركىم مۇزدەك سوغۇق سۈيۈقلۇقتا چىلانغان قولياغلىقنى يۈزىگە ياپقاندەك قىلدى. ئويغانغاندا دېرىزىدىن قۇياش نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى، كىندىكىدىن كۆكسىنىڭ تۆۋىنگىچە قورقۇنچلۇق بىر ياسىمان تارتۇق پەيدا بولۇپ قالغانىدى. جىم يېتىپ كۈتۈنۈش ۋاقتى توشۇپ بولغىچە ھېلىقى ناتونۇش دوختۇرنىڭ چۈشىنىكسىز بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. بۇ خەتتە ئالتە سائەت داۋاملاشقان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە فېرناندا ئۆزى تەكرار ـ تەكرار تەپسىلىي تەسۋىرلەپ ئۆتكەن كېسەلگە ماس كېلىدىغان ئالامەتنىڭ يوقلىقى، ئەمەلىيەتتە فېرناندادىكى ئالامەتنىڭ نەرسىلەرنى ئەسلىي ئېتى بويىچە ئاتىمايدىغان يامان ئادىتىدىن پەيدا بولغان يەنە بىر قېتىملىق قالايمىقانچىلىق

ئـىـكەنلىكى، دوختـۇرنـىڭ تـەكشـۈرۈشـى نـەتىجىسىدە بـالـىياتقۇسىنىڭ سـاڭگـىلاپ قـالغانلىقىلا بـايقالغانلىقى ئـېيتىلغان ھـەمدە بـالـىياتقۇ تـىرىكى قـويدۇرۇپ ئـوڭشاش مەسلىھەتى بېرىلگەنىدى. ئـۈمىدسىزلەنگەن فـېرناندا تـېخىمۇ ئـېنىقراق چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىپ خەت يازدى، لېكىن ئۇ ناتونۇش دوختۇر ئۇچۇرنى قـايتۇرمايلا قويدى. بالـىياتقۇ تـىرىكى دېگەن بۇ نـاتونۇش سـۆز فـېرناندانىڭ كـاللـىسىغا كـىرىۋېلىپ ھـېچ ئـارام بـەرمىدى، شـۇنىڭ بـىلەن ئـاخىر نـومۇسنى قـايرىپ قـويۇپ ئـۇ دوختـۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ بالـىياتقۇ تـىرىكنـىڭ زادى نېمىلىكىنى سوراپ بېقىش قارارىغا كـەلدى، ئـۇ يـەرگە يـېتىپ بـارغاندا بـولسا ئـۇ فـىرانسۇز دوختـۇرنـىڭ ئـۈچ ئـاينـىڭ ئـالدىدىلا ئېسىلىپ ئۆلـۈۋالغانلىقىنى بىلدى، شۇ چاغدا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ بىر سـەپدىشى پـۈتـۈن مـاكوندولۇقلارنىڭ قـارشى تـۇرغانلىقىغا پـەرۋا قـىلمـاي ئـۇ دوختـۇرنـى قەبرىستانلىققا كۆمۈپ قويغانىكەن. فېرناندا شۇنىڭدىن كېيىن ئۈمىدىنى ئوغلى خوسى ئاركادىئوغا باغلىدى، ئوغلىمۇ رىمدىن بىرنەچچە تال بالىياتقۇ تىرىكى ئەۋەتىپ بەردى. فـېرناندا ئـوغلى بـالـىياتقۇ تـىرىكگە قـوشۇپ ئـەۋەتكەن چـۈشەندۈرۈلمىنى پـىششىق يادلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كېسىلىنى كىشىلەردىن سىر تۇتۇش ئۈچۈن دەرھال ھاجەتخانىغا تاشلىۋەتتى. بۇ ئېھتىيات تەدبىرى ئارتۇقچە ئىدى. چۈنكى، ئۆيدە تېخىچە ئۆلمەي ئېشىپ قالغان ساناقلىقلا تىرىك جـان ئـىگىسى فـېرناندىغا دىققـەت قـىلىپمۇ كـەتمەيتتى. ئـاخىرقى ئۆمرىنـى غـېرىبلىق ئـىچىدە تـېنەپ ـ تـەمتىرەپ ئۆتكۈزۈۋاتقان سانتا سوفىيە دېلا پېداد ھەر كۈنى ئۆيدىكىلەرگە ئازغىنە تاماق تـەييارلاپ بـەرگـەندىن بـاشقـا ۋاقتىنـىڭ ھـەممىسىنى دېگـۈدەك خـوس ئـاركادىئو II دىن خـەۋەر ئېلىشقا سەرپ قىلاتتى. ھەر ھالدا ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ گۈزەللىكىنى تارتقان ئـامارانتا ئـۇرسۇلامۇ بـۇرۇن ئـۇرسۇلانى قـىينـاپ ئـويناشقا سـەرپ قـىلغان ۋاقتىنـى تاپشۇرۇق ئىشلەشكە سەرپ قىلاتتى، بۇ قىز ئەقىللىقلىقى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى بىلەن ئورېلىئانو II نىڭ يۈرىكىدە بۇرۇن مېمېغا باغلىغان ئۈمىد چىرىغىنى قايتىدىن ياندۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئامارانتا ئۇرسۇلاغا بانان شىركىتىنىڭ ۋاقتىدىكى ئـادەت بـويىچە ئـۇنى بـېرىيۇسېلغا ئـەۋەتىپ ئـوقۇتۇشقا ۋەدە بـەردى ھـەمدە بـۇ ئـارزۇ ـ

ئارمىنىنىڭ تۇرتكىسىدە قارا يامغۇر ۋەيران قىلىۋەتكەن يەرلەرگە قايتىدىن جان كىرگۈزۈۋەتمەكچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن كەمدىن ـ كەم ئۆيدە بولدى، پەقەت ئامارانتا ئۇرسۇلانى دەپلا ئاندا ـ مۇندا ئۆيگە قايتقاچقا ۋاقىتتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ فېرناندا بىلەنمۇ ياتلىشىپ كەتتى. بارا ـ بارا چوڭ بولۇپ بالاغەت دەۋرىگە قەدەم قويغان ئورېلىئانو ئۆز دۇنياسىدىلا ياشاپ كەلگەچكە چۈشىنىپ بولمايدىغان سىرلىق بىر بالا بولۇپ قالغانىدى. ئورېلىئانو II فېرناندانىڭ بۇ نەۋرىسىنى ياشانغىنىدا بولسىمۇ كۆڭلى يۇمشاپ شەھەر تۇرمۇشىغا قويۇپ بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇ چاغدا ھېچكىم بۇ بالىنىڭ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيتتى. بىراق، ئورېلىئانو مەھبۇسانە يالغۇز ئۆتۈۋېرىشكە رازىدەك قىلاتتى. ھېچقاچان دەرۋازىنىڭ سىرتىدىكى دۇنيانى بىلىپ بېقىش ئارزۇسىدا بولۇپ باقمىغاندەك قىلاتتى. ئۇرسۇلا مېرگادېسنىڭ ئۆيىنى ئاچقۇزۇۋەتكەندىن كېيىن بۇ بالا شۇ ئۆينى چۆرگىلەپ كېتەلمەي، يېرىم يېپىق ئىشىكتىن ئۆينىڭ ئىچىگە قارايدىغان بولۇۋالدى؛ قاچانلاردىن باشلاپكىن خوس ئاركادىئو II بىلەن دوست بولۇشۇپ قالدى. ئورېلىئانو II ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ دوستلۇقىنى ئۇزاق كۈنلەردىن كېيىن بۇ بالىنىڭ ئاغزىدىن ۋوگزالدىكى قىرغىنىنىڭ پارچىنى ئاڭلاپ ئاندىن بايقىغانىدى. شۇ كۈنى كىمدۇر بىرى تاماق ئۈستىدە بانان شىركىتى ماكوندونى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن بازارنىڭ خارابلاشقانلىقىدىن ئاھ ئۇرغانىدى، ئورېلىئانو شۇ ئان رەددىيە بەردى. گەپلىرى شۇ يېشىدىكى بىر بالىغا خاس ئەمەس ئىدى، نۇقتىئىنەزىرىمۇ ئالاھىدە ئىدى، بۇ بالا، ماكوندو ئەسلىدە پارلاق ئىستىقباللىق بىر جاي ئىدى، لېكىن بانان شىركىتى ماكوندونىڭ تەرتىپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، بۇلغىۋەتكەن، تالان ـ تاراج قىلغان، يەنە كېلىپ ئىنژېنېرلىرى قارا يامغۇر پەيدا قىلىپ، شۇ باھانىدا ئىشچىلارغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئادا قىلىشتىن قاچقان دەپ قارايتتى. گەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق بولغاچقا، فېرناندانىڭ نەزىرىدە ئېيسانىڭ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا كاھىننى مۇنازىرىدە يېڭىۋېلىپ ھۆرمەتسىزلىك قىلغىنىدىن قېلىشمايتتى. ئورېلىئانو يەنە بىرمۇنچە ئىشىنەرلىك تەپسىلاتلار ئارقىلىق ھەربىيلەرنىڭ ۋوگزالغا يىغىلغان ئىشچىلارنى

پىلىموت بىلەن قانداق ئاتقانلىقى، ئۆلگۈچىلەرنىڭ جەسەتىنى ئىككى يۈز ۋاگونلۇق پويىزغا قانداق بېسىپ ئاپىرىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەرگىنىدە، فېرناندا نۇرغۇن كىشىگە ئوخشاش ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ باياناتىنى قوبۇل قىلىپ، ۋوگزال مەيدانىدا ھېچقانداق ئىش بولمىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەنگەچكە، بۇ بالىنىڭ پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىقىدىن قاتتىق چۆچۈپ، ئاغزىنى يۇم دەپ ۋارقىرىۋەتتى. ئورېلىئانو II بولسا بۇنىڭ قوشكېزەك قېرىندىشىنىڭ گەپلىرى ئىكەنلىكىنى شۇ ئان بىلىۋالغانىدى. خوس ئاركادىئو II كىشىلەر نەزىرىدە ساراڭغا چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئىچىدە مېڭىسى ئەڭ ئوچۇقى بولۇپ، ئورېلىئانونىڭ ساۋادىنى چىقارغان، بۇ بالىنى تېرە قەغەز يازمىلىرى تەتقىقاتىغا يېتەكلىگەن، بۇ بالىغا بانان شىركىتى توغرىسىدا باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان قارىشىنى سىڭدۈرگەنىدى. ئورېلىئانو نۇرغۇن يىلدىن كېيىن تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشقىنىدا بۇنداق كۆزقاراشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن بىمەنىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق كۆزقاراش تارىخشۇناسلار دەرسلىكلەردە كۆككە كۆتۈرۈپ نىزام قىلىۋالغان قاراشلار بىلەن ئاساسەن ئوخشاش ئىدى. ئىسسىق شامالمۇ، چاڭ ـ توزانمۇ ياكى چىدىغۇسىز ئىسسىق ھاۋامۇ دەخلە يەتكۈزەلمىگەن بىر بۆلۈۋېلىنغان بۇ بىنەزەر ئۆيدە ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاتا ـ بوۋىسىدىن تەۋەررۈك قالغان شۇنداق بىر ئەستىلىك پەيدا بولاتتىكى، ئۇلار تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ياشىغان، بېشىغا قاغىنىڭ قانىتىدەك قالپاق كىيىۋالغان بىر بوۋاي دېرىزىگە دۈمبىسىنى قىلىپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي پاراڭ قىلىپ بېرەتتى. ئۇ ئىككىسى بۇ ئۆيدە مەڭگۈ ئۇچىنچى ئاي ۋە دۈشەنبە بولىدىغانلىقىنى بىرلا ۋاقىتتا بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن خوس ئاركادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئۆيدىكىلەر ئېيتقاندەك ئالجىپ قالغان ئەمەسلىكىنى، ئەكسىچە شۇ بوۋاينىڭلا سەگەكلىك بىلەن شۇنداق بىر ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلىگەنلىكىنى چۈشەندىكى، زامانمۇ يوقىلىدىكەن ۋە كۈتۈلمىگەن ئەھۋالدا پارچىلىنىپ، شۇ پارچىسىنى مەلۇم بىر ئۆيدە مەڭگۈلۈك قالدۇرىدىكەن. خوس ئاركادىئو II تېرە قەغەزدىكى چۈشىنىكسىز قوليازمىلارنى تۈر ـ تۈرى بويىچە

ئايرىپ چىقتى. بۇ ھەرپلەر ئايرىم قارىسا قاغا پۇتى كۆرۈنەتتى، مىرگادىسنىڭ بىر پۇتۇن ئىجىر - مىجىر پوچۇركىسى بولسا سىمغا ئېسىپ قويۇلغان كىيىملەردەك كۆرۈنەتتى، لېكىن بۇ جەمئىي قىرىق يەتتىدىن ئەللىك ئۈچكىچە ھەرپتىن تۈزۈلگەن ئېلىپبە ئىدى. ئورېلىئانو ھېلىقى ئېنگلىزچە قامۇستا شۇنداقراق دىئاگراممىنى كۆرگەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى - دە، ئۇ قامۇسنى خوس ئاركادىئو II نىڭ تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈۋېدى، نەتىجىدە تامامەن ئوخشاش چىقتى.

ئورېلىئانو II تېپىشماق لاتارىيەسى تارقاتماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئويغانغىنىدا گېلىغا خۇددى يىغىسىنى زورىغا بېسىۋالغاندەك بىر تۈگۈن پەيدا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. پېترا كېتىس بۇنى ئېغىر كۈنلەرنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان يەنە بىر نەسچىلىك دەپ قاراپ، ئۇدا بىر يىل ھەر كۈنى ئۈزۈلدۈرمەي كىچىك چوتكىنى ھەسەلگە تەگكۈزۈپ تاڭلىيىغا سۈرتتى، تۇرۇپ شەربىتى ئىچكۈزدى. ئورېلىئانو II گېلىدىكى تۈگۈنچەك بارغانسېرى يوغىناپ نەپەسلىنىشىگە توسالغۇ بولۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەندە گېلىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان دورا ئىزدەپ پىلار تېرنېرانىڭ قېشىغا باردى. يۈز ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ ماغدۇرىدىن قالمىغان، يوشۇرۇن پاھىشىخانا ئېچىۋاتقان بۇ مەزلۇمە ئۇنداق رىتسىپلارغا خۇراپىيلارچە ئىشەنمەي قارتىسىغا مۇراجەت قىلىۋىدى، قاغا سالداتنىڭ بوغۇزىغا تاپان كارولىنىڭ ئۆتكۈر شەمشىرى سانجىلغانلىقىنى كۆردى - دە، بۇنىڭغا قاراپ فېرناندا سېنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلىش غەرىزىدە رەسىمىڭگە يىڭنە مىخ سانجىپتۇ، لېكىن جادۇگەرلىككە پىششىق بولمىغاچقا گېلىڭدا ئۆسمە پەيدا قىلىپ قويۇپتۇ، دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. ئورېلىئانو II نىڭ ئائىلە ئالبومىدا ساقلىنىۋاتقان توي رەسىمىدىن باشقا ھېچقانداق رەسىمى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خوتۇنىغا ئۇقتۇرماي پۈتۈن ئۆينى ئاختۇرۇپ چىقىپ، ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن پېچېتى بىلەنلا تىقىپ قويۇلغان باليانتقۇ تىرىكىنى تېپىۋالدى. بۇ قىزىل رېزىنكە چەمبىرەكلەرنى چوقۇم جادۇگەرلىك ئەسۋابى دەپ ئويلاپ دەرھال بىرنى يانچۇقىغا سېلىپ چىقىپ پىلار تېرنېراغا كۆرسەتتى. پىلار تېرنېرامۇ ئۇنىڭ زادى نېمىگە ئىشلىنىدىغان نەرسە

ئىكەنلىكىگە بىرنېمە دېيەلمىدى، لېكىن گۇمانلىق بىلىندى ـ دە، ئورېلىئانو II گە ھەممىسىنى ئەكەلدۈرۈپ ھويلىغا ئوت قالاپ قويىماي كۆيدۈرۈۋەتتى. ئاندىن فېرناندانىڭ جادۇسىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئورېلىئانو II نى كۈرۈك مېكىياندىن بىرنى تۇتۇپ سۇغا بېسىپ، كاشتان دەرىخىنىڭ تۈۋىگە تىرىك كۆمۈشكە بۇيرىدى. ئورېلىئانو II تولۇق ئىشەنچ بىلەن پىلار تېرنېرانىڭ دېگىنىدەك قىلىپ ئورەككە غازاڭ يېپىپ بولا ـ بولماي تۇرۇپلا نەپىسى ئوبدانلا راۋانلىشىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز فېرناندا بولسا باليانتقۇ تىرىكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ناتونۇش دوختۇرنىڭ ئۈچ ئېلىۋاتقانلىقىدىن كۆرۈپ، ئىچ كۆڭلىگە يانچۇق تىكىپ، ئوغلى يەنە ئەۋەتىپ بەرگەن باليانتقۇ تىرەكلىرىنى شۇ يانچۇققا تىقىپ ساقلىدى.

ئورېلىئانو II مېكىيانىنى تىرىك كۆمۈپ ئالتە ئايدىن كېيىنكى بىركۈنى يېرىم كېچىدە كېكىرتىكىنى قىسقۇچپاقا بوغۇۋالغاندەك نەپەس ئالالماي قاتتىق يۆتەل تۇتۇپ ئويغىنىپ كەتتى. شۇندىلا ئادەمنى سېھىرلەيدىغان باليانتقۇ تىرەكلىرىنى ھەرقانچە كۆيدۈرگىنى، مېكىيانلارنى ھەرقانچە سۇغا باسقىنى بىلەنمۇ ئەجىلى توشۇپ قالغانلىقىدەك ئاددىي ھەم ھەسرەتلىك رېئاللىقنى بەرىبىر ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. بىراق، بۇ سىرنى ھېچكىمگە ئېيتمىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلانى بېرىيوسىلغا ئوقۇشقا ئەۋەتكىچە ئەجىلى توشۇپ قازا يېتىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئەنسىرىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ قاتتىق غەيرەتكە كېلىپ ئىشلەپ، ھەپتىدە بىر قېتىم ساتىدىغان لاتارىيە بېلەتنى ھەپتىدە ئۈچ قېتىم ساتىدىغان بولدى. ئۆلۈمى قىستاپ قالغان ئادەمدىلا بولىدىغان بىر خىل تەقەززالىق بىلەن ھەر كۈنى قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، بازاردا تەرەپ ـ تەرەپكە چېپىپ يۈرەتتى، ئەڭ يوقسۇل مەھەللىلەرنىمۇ ئالا قويماي ئارىلاپ چىقاتتى.

ــ «تەڭرىنىڭ ھىممىتى» كەلدى! ــ يول بويى توۋلاپ ماڭاتتى ئورېلىئانو II ، ــ يۈز يىلدا بىر قېتىملا كېلىدۇ، پۇرسەت غەنىيمەت!

ئورېلىئانو II كۈچىنىڭ بارىچە ئۆزىنى خۇشال، يېقىملىق ۋە پاراڭچى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى، لېكىن سوغۇق تەر تەپچىپ تۇرغان، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن

چىرايىغا دىققەت قىلغانلىكى ئادەم ئۇنىڭ ئاران ئۈرە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىۋالاتتى. بەزىدە ئىچىدىكى ھېلىقى تۆمۈر تىرناقنىڭ دەردىدە يۈرەك ـ باغرى تىلغىنىۋاتقاندەك قاتتىق ئاغرىققا چىداپ بولالماي ئادەم يوق خىلۋەت بىر يەرنى تېپىپ بىردەم ـ يېرىمدەم دېمىنى ئېلىپ ئولتۇرۇۋالاتتى. پاتېفوننىڭ مىقىراشلىرىغا ھەمراھ بولۇپ يۈرىدىغان يالغۇز ئايالالارغا لاتارىيەسىنى بولۇشچە ماختاپ سېتىش كويىدا تۈن نىسپىگىچە پاھىشە كوچىلىرىدا چۆرگىلەپ يۈرەتتى.

— قاراڭلار، بۇ نومۇر ھېچكىمگە چىقمىغىلى تۆت ئاي بولدى! — تۇۋلايتتى قولىدىكى لاتارىيە بېلىتىنى كۆرسىتىپ، — پۇرسەت غەنىيمەت، ھايات دېگەن ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ قىسقا!

كېيىنچە بارا ـ بارا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ ئۆلارنىڭ مەسخىرە ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى بىرقانچە ئايدا كىشىلەر ئۇنى بۇرۇنقىدەك ئورېلىئانو ئەپەندى دېمەستىن، يۈزىدىن ـ يۈزىگە «تەخىرنىڭ ھەممىتى ئەپەندى» دەيدىغان بولۇۋالدى. كانىيىدىكى گىژ ـ گىژمۇ بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، ئاخىرىدا ئىتنىڭ غىڭشىغىنىدەك ئاۋاز چىقىرىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداقتىمۇ كىشىلەرنى پېترا كېتىسنىڭ ھويلىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان لاتارىيە تارتىش مۇراسىمىغا ئىرىشىپ قىزىقتۇرۇپ باقاتتى. بىراق، ئاخىر ئۇنى چورتلا پۈتۈپ قالدى، شۇ چاغدىلا قاتتىق ئاغرىقتا يىقىلىدىغان كۈنى يېقىنلاپ قالغانلىقىنى، شۇنداقلا قىزىنىمۇ چوشقا ۋە تېكە لاتارىيەلىرىگە تايىنىپ بېرىۋېسىلغا ئەۋەتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن كاللىسىغا توساتتىنلا بىر ئوي كېلىپ قالدى ـ دە، قارا يامغۇر ۋەيران قىلىۋەتكەن، سالغۇدەك مەبلىغى بولسىلا باشقىلەتتىن ھوسۇللۇق بولۇپ كېتىدىغان يەرلىرىنى دو تىكىپ كاتتا مۇكاپاتلىق لاتارىيە تارقاتماقچى بولدى. بۇ شۇ قەدەر دادىللىق بىلەن تۈزۈلگەن بىر پىلان بولدىكى، ھەتتا بازار باشلىقىمۇ تەسىرلىنىپ، لاتارىيە ئېلانىنى ئۆزى جاكارلىدى. كىشىلەر بىرسى يۈز پېسولۇق لاتارىيە بېلىتىنى بەس ـ بەستە شىرىكلىشىپ سېتىۋېلىپ، بىر ھەپتىگە قالمايلا تالاپ بولدى. مۇكاپات چىققان تەلەي ئىگىلىرى چەك تارتىلغان كۈنى ئاخشىمى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن بانان

شىركىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى كاتتا زىياپەتلەردىنمۇ قېلىشمىغۇدەك داغدۇغىلىق كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. ئورلېئانو II ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گارمونىنى قولىغا ئېلىپ، باتۇر فىرانسىسكونىڭ ئۇنتۇلغان ناخشىلىرىغا سايرىتىۋەتتى، لېكىن بۇ چاغدا سازغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتالماس بولۇپ قالغانىدى.

ئىككى ئايدىن كېيىن ئامارانتا ئۇرسۇلا بىرىيۇسېلغا ماڭدى. ئورلېئانو II بۇ قېتىملىق ئالاھىدە لاتارىيەدىن تاپقان پۇلىغا شۇنىڭدىن ئىلگىرى ئايمۇئاي يىغقان - تۇگكەنلىرىنى، شۇنداقلا ئاپتوماتىك پىيانىنو، ئەنئەنىۋى پىيانىنو ۋە ئەسكى - تۇسكى ئۆي جابدۇقلىرىنى سېتىپ جۇغلىغان ئازراق پۇلىنىمۇ قوشۇپ ھەممىسىنى قىزىنىڭ قولىغا تۇتقۇزغانىدى، بۇ پۇللار قىزىنىڭ ئوقۇش خىراجىتىگە بەخۇدۇك يېتەتتى، پەقەت قايتىپ كېلىدىغان يول كىراسىلا كەم قالغانىدى. فېرناندا بىرىيۇسېلغا يېقىن قوشنا چۇشكۇن پارىژنى ئويلاپ قىزىنىڭ بىرىيۇسېل سەپىرىگە قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى، پوپ ئانژېل كاتولىك چېركاۋىنىڭ ياتاقلىق مەكتىپىگە ئامارانتا ئۇرسۇلانى تونۇشتۇرۇپ خەت يېزىپ بەرگەندىن كېيىنلا كۆڭلى تىندى، ئامارانتا ئۇرسۇلامۇ ئۇ يەردە دىپلوم ئالغانغا قەدەر ئوقۇيمەن، دەپ ۋەدە بەردى. پوپ يەنە ئامارانتا ئۇرسۇلانى تولېدوغا بارىدىغان ساخاۋەتچى موناخلارغا قوشۇپ قويدى، ئۇلارمۇ تولېدوغا بارغاندا قىزچاقنى بىرىيۇسېلغا بارىدىغان ئىشەنچلىك ھەمراھقا قوشۇپ قويۇشقا ۋەدە بەردى. ئۇلار بۇ ئىشنى خەت ئارقىلىق جىددىي ئالاقىلىشىۋاتقاندا ئورلېئانو II مۇ پېترا كېتىسىنىڭ ياردىمىدە ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ يۈك - تاقلىرىنى تەييارلاۋاتاتتى، ئۇلار ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى رەتلەپ فېرناندانىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى تويلۇق ساندۇقىغا سالدى، بۇ ئوقۇغۇچى قىز شۇ كۈنى ئاخشىمى قايسى - قايسىنىڭ ئاتلانتىك ئوكياندىن ئۆتكىچە پاراخوتتا كىيىدىغان كىيىم ئىكەنلىكىنى، قايسى - قايسىنىڭ پاراخوتتىن چۈشۈپ قىرغاققا چىققاندا ئالماشتۇرىدىغان مىس تۈگمىلىك كۆك سوكنا پەلتو ۋە ئۆچكە تېرىسىدىن تىكىلگەن چىرايلىق تۇپلىيى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا پاراخوتقا چىققاندىن كېيىن سۇغا چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن قەدىمىنى قانداق ئېلىش لازىملىقىنى، ھېلىقى موناخلاردىن بىر قەدەممۇ نېرى كەتمەسلىكى

كېرەكلىكىنى، تاماق يەيدىغان چاغدىن باشقا چاغدا بۆلمىسىدىن چىقىسا بولمايدىغانلىقىنى، سەپەر جەريانىدا ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق سوئالىغا جاۋاب بەرمەسلىكى لازىملىقىنى ئېيسىدە چىڭ تۇتتۇۋالدى. پاراخوتتا بېشى قايغاندا تېمىتىدىغان بىر قۇتا دورا ۋە پوپ ئانژېل بوران ـ چاپقۇنغا تاقابىل تۇرالايدىغان ئالتە سۇرىنى يېزىپ بەرگەن بىر دەپتەرنى ئېلىۋالدى. فېرناندا قىزىغا يەنە پۇل سالىدىغان كاناپ بەلباغ تىكىپ بەردى ھەمدە ئۇنى بېلىگە قانداق تېڭىۋالىدىغانلىقىنى ئۆگەتتى، ئاخشىمى ئۇخلىغاندىمۇ ئېلىۋەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى جېكىلىدى. توغرىغا بىلەن پاكىزە يۇيۇپ، ئاندىن ئىسپىرتتا دېزىنفېكسىيەلەپ تەييارلاپ قويغان ئالتۇن گارشوكىنىمۇ بەرمەكچى بولۇۋىدى، ئامارانتا ئۇرسۇلا ساۋاقداشلىرىنىڭ مەسخىرە قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئالغىلى ئۇنىمىدى. ئورېلىئانو II بىرنەچچە ئايدىن كېيىن سەكراتتا ياتقىنىدا قىزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن قىياپىتىنى ئەسلەيدۇ، شۇ چاغدا پويىزنىڭ ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگونىدا ئولتۇرغان قىزى فېرناندانىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەسىھەتلىرىنى ئېنىقراق ئاڭلىۋالماقچى بولۇپ توپا چاڭ ـ باسقان كۆزنەكنى چۈشۈرۈپ بولغىچە پويىز قوزغىلىپ بولغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ئۇچىسىغا بىنەپشەرەڭ يىپەك كۆينەك كىيگەن، سول مۈرىسىگە سۈنئىي كېپىنەكگۈل قىستۇرۇۋالغان، پۇتىغا چىرايلىق تۈز پاشنىلىق خۇرۇم ئاياغ، ئايىغىغا ماسلاشتۇرۇپ پارقىراق ئىشتانپايپاق كىيگەنىدى. مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇرغان ئۇزۇن چاچلىرى جۇغى كىچىك چاققانغىنە بوي ـ تۇرقىغا شۇنداقمۇ ياراشقانىدى، ئويناق كۆزلىرى بەئەينى ئۇرسۇلانىڭ ياش ۋاقىتلىرىدىكى كۆزلىرىگىلا ئوخشايتتى، يىغلىماي ياكى كۈلمەي خوشلاشقانلىرىدىنمۇ بۇزرۇكۋار مومىسىنىڭ قەيسەر مىجەزىنى تارتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئورېلىئانو II سۈرئىتى بارا ـ بارا تېزلىشىپ كېتىپ بارغان پويىزنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ يۈگۈرگەن فېرناندانى يىقىلىپ چۈشمىسۇن دەپ قولىدىن يېتىلىگىنىچە بىللە يۈگۈردى، قىزى قوللىرىنىڭ ئۇچىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ دادىسىغا ئۇچۇرۇق يوللىۋىدى، ئورېلىئانو II يۈگۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە قولىنى پۇلاڭلىتىپ جاۋاب قايتۇرۇشقىمۇ يېتىشەلمىدى.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەن بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ كەينىدىن ئۇيۇقتا بىر قارا چېكىتكە ئايلىنىپ كەتكەنگە قەدەر كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، بۇ ئۇلارنىڭ توي كۈنىدىن بۇيان بىرىنچى قېتىم قول تۇتۇشۇپ تۇرۇشى ئىدى.

9 ـ ئاۋغۇست ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ بېرىيوسېلدىن ئەۋەتكەن بىرىنچى خېتى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى، خوس ئاركادىئو II مېرگادىسنىڭ ئۆيىدە ئورېلىئانو بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

— مەڭگۈ ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى توساتتىن باش ـ ئايغى يوقلا، — ئۇلار ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئىدى، ھەممىسى دېڭىزغا تاشلىۋېتىلدى.

خوس ئاركادىئو II شۇ گەپنى دەپ بولۇپلا ئالدىدىكى تېرە قەغەزگە دۈملا چۈشتى. فېرناندانىڭ كارىۋىتىدا ياتقان ئورېلىئانو II مۇ شۇ دەقىقىدە ئۇزاقتىن بۇيان كېكىرتىكىنى قىسىپ دەھشەت قىيناۋاتقان قىسقۇچپاقنىڭ دەردىدىن قۇتۇلدى. چورتلا ئۈنى پۈتۈپ قالغان، نەپسى بوغۇلۇپ تىنالماي قالغان، ئورۇقلاپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئورېلىئانو II بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا سەييارە چامادانى بىلەن كونا ئاككوردىيونىنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە يېنىپ كەلگەنىدى، خوتۇنغا يېنىڭدا ئۆلىمەن دېگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈنلا قايتىپ كېلىشى ئىدى. پېترا كېتىس ئورېلىئانو II نىڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ بېرىپ، بىر تېمىم ياش ئاققۇزمايلا خوشلاشقان، لېكىن ئۆلگەندىمۇ كىيىپ ياتىمەن دېگەن قارا ئۆتۈكنى چامادانغا سېلىپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئورېلىئانو II نىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپلا قارىلىق كىيىپ، ئۇ ئۆتۈكنى گېزىتكە يۆگەپ ئېلىپ كېلىپ، فېرناندادىن ئىسسىق يۈزىنى كۆرۈۋېلىشقا ئىجازەت سورىدى، فېرناندا ئۈنى ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىغىمۇ دەسسەتمىدى.

— مېنىڭ ئورنۇمدا بىر ئويلاپ كۆرۈڭ، — دېدى پېترا كېتىس يالۋۇرۇپ، — ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈنلا بۇ ئاھانەتكە چىداپ كەلدىم ئەمەسمۇ.

— ئاشنا بولغاندىكىن مۇشۇنداق ئاھانەتكە ھەقلىقسەن! — دېدى فېرناندا رەددىيە بېرىپ، — ئاشنىلىرىڭ دېگەن تولا گەپ، بۇ ئۆتۈكنى شۇلاردىن بىرى ئۆلگەندە پۇتىغا

كىيگۈزۈپ قوي. سانتا سوفىيە دېلا پېداد لەۋزىدە تۇرۇپ، خوس ئاركادىئو II نىڭ تىرىك پېتى كۆمۈۋېتىلمەسلىكى ئۈچۈن كاللىسىنى قىڭراق بىلەن كەستى. بۇ قوشكېزەك ئاكا - ئۇكىنىڭ جەسىتى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىككى ئۆكەككە سېلىندى، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن چىرايلىرى بالا ۋاقىتلىرىدىكىدەكلا بىر - بىرىنىڭ چىرايىغا ئوپئوخشاش بولۇپ قالدى. ئورېلىئانو II نىڭ ئۆلپەت دوستلىرى ئۆكىكىنىڭ ئۈستىگە گۈل چەمبىرەك قويدى، بۇ گۈل چەمبىرەكتىكى سۆسۈنرەڭ لېنتىغا «ھاي - ھاي، كالىلىرىم، نېرى تۇرۇڭلار، ھايات دېگەن قىسقا جۇمۇ!» دەپ بېغىشلىما يېزىلغانىدى. فېرناندا مەرھۇمغا بىھۆرمەتلىك قىلىنغان بۇ قىلىقتىن قاتتىق خاپا بولۇپ، ئۇ گۈل چەمبىرەكنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاتقۇزۇۋەتتى. قايغۇغا چۆمگەن مەستلەر شۇ پاتىپاراقچىلىقتا ئىككى ئۆكەكنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ چىققىچە ئالماشتۇرۇپ قويۇپ، ئىككىسىنى بىر - بىرىنىڭ گۆرىگە ئالماشتۇرۇپ كۆمۈپ قويۇشتى.

# ئون سەككىزىنچى باب

ئورېلىئانو ئۇزاق زامانلارغىچە مېرگادىسنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋەردى. بۇ ئۆيدە كىتابلاردىكى ئەپسانە ھېكايەتلەرنى يادلايتتى، موناخ ھېرمان كىرىبونىڭ تەتقىقات شەرھىيەلىرىنى، جىن ـ ئالۋاستىلار ئىلمى ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى، مېتال تاۋلاش تېخنىكىسىغا دائىر بايانلارنى، ناستارا داماسىنىڭ «ئەسىرلەر» دېگەن ئەسىرىنى ۋە ۋابا ھەققىدىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى پىششىق ئوقۇپ ئىچىۋالدى، شۇڭا ياشلىق دەۋرىگە قەدەم باسقىنىدا ئۆزى ياشاۋاتقان زامانىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئادەملىرىگە خاس بىلىم ئىگىسى بولۇپ يېتىلگەنىدى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد بۇ ئۆيگە قانداقلا چاغدا كىرسە، ئورېلىئانونىڭ باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. ئەتىگىنى ئورېلىئانوغا بىر پىيالە شېكەرلىك قەھۋە سۇنۇپ بېرەتتى، چۈش بولسا ئۇستىگە داغلانغان بانان توغرىمى سېلىنغان بىر تەخسە گۇرۇچ تامىقى سۇنۇپ بېرەتتى. ئورېلىئانو II نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بۇ ئۆينىڭ ھەر ۋاق تامىقى مۇشۇلا بولۇپ قالغانىدى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئورېلىئانونىڭ كۈيدىلا ئۆتەتتى، چاچلىرىنى ئېلىپ، پىتلارنى بېقىپ قوياتتى. ئورېلىئانو II نىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن چامادانىدىكى كونا كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئېلىپ چىقىپ، بويىغا خوپ كەلتۈرۈپ ئۆزگەرتىپ كىيگۈزۈپ قوياتتى. بۇرۇت ـ ساقال چىققاندىن كېيىن پولكوۋنىك ئورېلىئانودىن قالغان ئۇستۇرا بىلەن سوپۇن قاچىسىنى تېپىپ بەردى. پولكوۋنىكنىڭ ئورېلىئانو خوسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسى پولكوۋنىكقا ئوخشىغاندىمۇ مېمىنىڭ بۇ ئوغلىچىلىك ئوخشىمايتتى. بولۇپمۇ دومباق مەڭزى، لەۋلىرىدىكى قەيسەرلىك ۋە سەل شەپقەتسىزلىكنىڭ نىشانى بولغان سىزىقلىرى پولكوۋنىك ئورېلىئانوغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. خۇددى

ئەينى يىللاردا ئورېلىئانو II نىڭ بۇ ئۆيدە تەتقىقاتقا چۆكۈپلا كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئۇرسۇلانىڭ ئويلىغىنىدەك، سانتا سوفىيە دېلا پېدادمۇ ئورېلىئانونى ئۆز ـ ئۆزىگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتىدۇ دەپ قالاتتى. ئورېلىئانو بولسا مېرگادىس بىلەن مۇڭدىشاتتى. قوشكېزەك ئاكا ـ ئۇكىلار ئۆلۈپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي ھاۋا قىزىپ كەتكەن بىر چۈشلۈكى ئورېلىئانو يورۇق چۈشۈپ تۇرغان دېرىزە تۈۋىدە بېشىغا قاغىنىڭ قانىتىدەك قالپاق كىيگەن سۇرلۇك بىر بوۋاينى كۆردى، بۇ بوۋاي ئورېلىئانو تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنلا كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەن قانداقتۇر بىر ئەسلىمىدىن ئۆزگەرگەن ئادەمدەك قىلاتتى. ئورېلىئانو بۇ چاغدا تېرە قەغەزگە يېزىلغان ھەرپلەرنىڭ ئېلىپبەسىنى رەتلەپ بولغانىدى، شۇڭا مېرگادىس بۇ قوليازمىنىڭ قايسى يېزىقتا يېزىلغانلىقىنى بىلەلىگەن ياكى بىلەلمىگەنلىكىنى سورىغاندا، ئورېلىئانو ئىككىلەنمەيلا جاۋاب بەردى:

ــ سانسكرىت يېزىقىدا.

مېرگادىس ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە كۆرۈنىدىغان ۋاقتىنىڭ ئەمدى ئاز قالغانلىقىنى، لېكىن تېرە قەغەزگە يېزىلغان قوليازمىلارنىڭ مەنىسىنى يېزىلغىنىغا يۈز يىل مۆھلەت توشقاندىلا ئاندىن يەشكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇ چاغقىچە ئورېلىئانونىڭ سانسكرىتچىنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ۋاقتىنىڭ خېلى يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆلۈم ماكانىغا خاتىرجەم كېتىۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن ئۆستەڭ ياقىسىدىكى كوچىدا ــ بانان شىركىتىنىڭ زامانىدا پال ئاچىدىغان، چۈشكە تەبىر بېرىدىغان جايدا كاتالونىيەلىك بىر ئاقىل ئاچقان بىر كىتابخانا بارلىقىنى، ئۇ كىتابخانىدا «سانسكرىتچىدىن باشلانغۇچ ساۋات» دېگەن بىر كىتاب بارلىقىنى، ئەگەر ئۇ كىتابنى تېزدىن سېتىۋالمايدىغان بولسا، ئالتە يىلدىن كېيىن قۇرت يەپ بولىدىغانلىقىنى دەپ بەردى. ئورېلىئانو سانتا سوفىيە دېلا پېدادقا ھېلىقى كىتابخانىغا بېرىپ ئۇ كىتابنى ئېلىپ كېلىشنى تاپشۇردى ھەمدە ئۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى رەتتىكى كىتاب جازىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەڭ چەتكە تىزىلغان «ئازاد ئېروسالىم» دېگەن كىتاب بىلەن «مىلتون شېئىرلىرى» دېگەن كىتابنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئۆمرىدە تۇنجى

قېتىم ئاجايىپ بىر تەسىراتتا ھەيرانلىقتىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ساۋادسىز بولغاچقا بۇ ئۇزۇن گەپنى پىششىق يادلىۋالدى. ئون يەتتە ئالتۇن بىلجاندىن بىرنى سېتىۋېتىپ كىتاب ئالىدىغان پۇلنى راسلىدى، ھېلىقى ئاخشىمى ئەسكەرلەر ئۆيىنى ئاختۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قېپقالغان بۇ ئون يەتتە ئالتۇن بىلجان تىقىقلىق يەرنى ئۆزى بىلەن ئورېلىئانولا بىلەتتى.

ئورېلىئانو سانسكرىتچە ئۆگىنىپ تېز ئىلگىرلىدى، مېرگادىس بولسا كۇنسايىن يىراقلاپ بېرىپ ئاخىر قاق چۈش ۋاقتىدىكى كۆچلۈك كۈن نۇرى ئىچىدە غايىب بولدى. بوۋاي ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈنگىنىدە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاۋاتقاندەك بوش ئاۋازدا:

— مەن سىنگاپورنىڭ قۇم ساھىلىدا بەزگەك كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ بولدۇم، — دېگەنىدى.

بۇ ئۆي شۇ كۈندىن باشلاپ تۇپا ـ چاڭ، ئىسسىق ھاۋا، ئاق چۈمۈلە، قىزىل چۈمۈلىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن خالىي بولالمىدى، مىتىلەرنىڭمۇ كىتابلار ۋە تېرە قەغەز قولياز مىلىرىدىكى ئىنسان ئەقلىنىڭ جەۋھىرىنى يەپ تۈگىتىپ بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى.

ئۆيدە يېمەك ـ ئىچمەك يېتەرلىك ئىدى. ئورېلىئانو II ئۆلۈپ كېتىپ ئەتىسىلا ھېلىقى تەپ تارتماي بېغىشلىما يېزىپ گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلغان دوستلىرى ئارىسىدىن بىرى فېرناندانىڭ مەرھۇمنىڭ قەرزىنى ئۆزى تۆلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر چارشەنبە كۈنى بىر يۈگۈر ـ يېتىمچى ئۆيدىكىلەرنىڭ بىر ھەپتە يېيىشىگە يېتىپ ئاشقىدەك بىر سېۋەت يېمەك ـ ئىچمەك ئەكىلىپ تۇردى. بۇ يېمەكلەرنى پېترا كېتىس ئەۋەتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. پېترا كېتىس ئۆزىگە ئاھانەت قىلغان ئادەمگە ئۇزۇلمەس سەدىقە بېرىش ئارقىلىق ئاھانەت قىلىش ئويىدا ئىدى. نىھايەت، ئۆچ ـ ئاداۋىتىنىڭ ئويلىغىنىدىكىدىنمۇ تېز ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى، شۇنداق بولسىمۇ دەسلىپىدە مەغرۇرلۇقى تۈپەيلىدىن، ئاخىرىغا بارغاندا ئىچى ئاغرىغانلىقى تۈپەيلىدىن

فىرناندىغا داۋاملىق يېمەك ـ ئىچمەك يەتكۈزۈپ بېرىۋەردى. بەزىدە لاتارىيە بېلەتى ساتقۇدەك ماغدۇرى قالمايتتى، خالايىقمۇ لاتارىيە بېلەتىگە قىزىقماس بولۇپ قالغانىدى. بىراق، فېرناندانى يېمەك ـ ئىچمەكتىن قىسىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزى ئاچ ئولتۇرۇشقىمۇ رازى بولدى. ئۆزىگە بەرگەن ۋەدىسىگە ئاساسەن تاكى قارشى تەرەپ گۆرگە كىرگىچە يېمەك ـ ئىچمەك تەمىناتىنى ئۈزۈپ قويمىدى.

ئائىلىدىكى جان سانىنىڭ ئازايغانلىقى بۇ ئائىلىگە ئەللىك يىلدىن ئارتۇق جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كەلگەن، ھېچقاچان ھېچكىمگە بىر ئېغىز قاخشاپ باقمىغان سانتا سوفىيە دېلا پىداد ئۈچۈن ئەمدى بولسىمۇ ئۆھ دەيدىغان پۇرسەت بولۇپ قالسا بۇنى ھەقلىق دېيىشكە بولاتتى. بۇ جىمغۇر، سىرلىق ئايال بۇ ئائىلە ئۈچۈن ساھىبجامال رېمېدىستەك پەرىشتە سۈپەت ئەۋلادنى، خوس ئاركادىئو II دەك سىرلىق مەردانە ئوغۇلنى تۇغۇپ قاتارغا قاتارغا قوشقان، مىسكىنلىكتە ئۆتكەن غېرىبانە ئۆمرىنى باللارغا بېغىشلىغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىرى ياكى نەۋرىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىدە قالمىغانىدى. ئورېلىئانونىڭ ھالىدىن خۇددى ئۆز ئوغلىدەك خەۋەر ئالاتتى ـ يۇ ئۆزىنىڭ ئۇ بالىنىڭ ئۇلۇغ مومىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئەگەر بۇ ئايال باشقا ئائىلىدە بولۇپ قالغان بولسا، ئاشلىق ئامبىرىدا يەردىكى شالغا ئورۇن راسلاپ يېتىپ كېچىچە چاشقانلارنىڭ چىر ـ چۇرلىرىنى ئاڭلاپ چىقىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكىلى بولمايتتى. بىركۈنى يېرىم كېچىدە بىركىم ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىنىپ كەتتى، قورقىنىدىن ئويغىنىپ كېتىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر زەھەرلىك يىلان قورسىقىدىن ئۆمۈلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانىكەن. بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنمىدى، ئەگەر ئۇرسۇلاغا ئېيتىدىغان بولسا، ئۇنى چوقۇم كارىۋىتىدا ياتقۇزۇۋالىدىغانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. شۇ كېچىدە ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان ئۆيدىكىلەر ئۇ كارىدورغا چىقىپ ۋارقىرىمىغىچە ھېچ ئىشنى تۇيماي يېتىۋەرتتى. بولكا قاتلاڭچىلىقى، ئورۇش پاراكەندىچىلىكى، بالا ـ چاقا ھاردۇقى تۇپەيلىدىن ھەركىم ئۆز دەردى بىلەنلا ئىدى، زادىلا يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان پېترا كېتىسلا سانتا سوفىيە دېلا پىدادنىڭ بىردىنبىر غەمگۈزارى ئىدى، پەقەت شۇلا بۇ قانائەتچان ئايالنىڭ

تالاغا كىيىپ چىققۇدەك تۈزۈكرەك بىرەر ئايىغىنىڭ بار ـ يوقلىقىغا، ئۇستىبېشىنىڭ ئوچۇق قېلىۋاتقان ـ قالمايۋاتقانلىقىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنىدى، لاتارىيەگە تايىنىپ مۆجىزە يارىتقان چاغلاردىمۇ شۇنداق ئىدى. فېرناندا بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندە سانتا سوفىيە دېلا پېدادنى بۇ ئۆينىڭ ئۆمۈرلۈك دېدىكى دەپ قالغانلىقى بىكار ئەمەس ئىدى، ئېرىنىڭ ئانىسى ئىككەنلىكىنى كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ پەقەت ئىشەنگىسى كەلمەيتتى ھەمدە تېزلا ئۇنتۇپ كېتەتتى، سانتا سوفىيە دېلا پېدادمۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق پەس ئورنىدىن ھېچقاچان نارازى بولۇپ باقمايتتى، ئەكسىچە كىشىگە بىر بۇلۇڭدا بېشىنى ئىچىگە تىقىپ تىنىم تاپماي ئىشلەپ، ياش چاغلىرىدىن تارتىپ ياشاپ كەلگەن شۇنچە چوڭ بۇ ئۆيىنى رەتلىك، پاكىزە تۇتۇشقا خۇماردەك تەسىر بېرەتتى. بولۇپمۇ بانان شىركىتىنىڭ ۋاقتىدا بۇ ئۆي خۇددى بۇرۇنقى ۋاژ ـ ۋۇژ ھەربىي گازارمىدەك ئاۋاتلىشىپ كەتكەنىدىمۇ سانتا سوفىيە دېلا پېداد بولغاچقىلا ئىشلار نورمال يۈرۈشۈپ كېتىۋەرگەنىدى. بىراق، ئۇرسۇلا ئۆلگەندىن كېيىن بارا ـ بارا ئىشچانلىقى، ھەيران قالارلىق چىۋەرلىكىدىن قالدى. بۇنىڭغا ياشىنىپ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىلا ئەمەس، پۈتۈن ئائىلىنىڭ بىر كېچىدىلا خارابلىشىپ زاۋاللىققا يۈز تۇتقانلىقىمۇ سەۋەب بولغانىدى. تاملارنى يۇمشاق مۆخ بېسىپ كەتكەن، ئوت ـ چۆپلەر ھويلىنى قاپلاپ بولغاندىن كېيىن كارىدورنىڭ سېمونت پەۋاسىنى خۇددى چېقىلغان ئەينەكتەك چاك ـ چاك يېرىۋەتكەنىدى، ئۇ يېرىقلاردىنمۇ كىچىك گۈل نوتىلىرى ئۈنۈپ چىققان بولۇپ، بۇ گۈللەر ئۇرسۇلا يۈز يىلنىڭ ئالدىدا مېرگادىسنىڭ يالغان چىشىنى سالىدىغان كۈرۈشكىسىدا كۆرگەن گۈل بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى. سانتا سوفىيە دېلا پېدادنىڭ تەبىئەتنىڭ ئەسەبىيلىكىگە تاقابىل تۇرغۇدەك نە ۋاقتى، نە زېھنى بولسۇن! ئەتىدىن ـ كەچكىچە ھۇجرىلارنى ئارىلاپ چېپىپ يۈرۈپ كەسلەنچۈكلەرنى ئاران تەستە قوغلىۋېتەتتى، لېكىن ئۇ كەسلەنچۈكلەر كېچىدە يەنە يامراپ كېتەتتى. بىركۈنى ئەتىگىنى بىر توپ قىزىل چۈمۈلىنىڭ ئۆزلىرى ئۆتمە ـ تۆشۈك قىلىۋەتكەن تاملارنىڭ ئۇلىنى تاشلاپ چىقىپ گۈللۈكتىن ئۆتۈپ، تۇتقۇچ شادىلىرىنى بويلاپ ئۆمۈلەپ مېڭىپ توپا رەڭ بولۇپ قالغان كۈزلۈك تاشئالمىلاردىن

ئۆتۈپ ئۇدۇللا ئۆينىڭ تۆرىگە بېسىپ كىرىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. سانتا سوفىيە دېلا پېداد باشتا سۇپۇرگە بىلەن ئۆلتۈرۈپ يوقاتماقچى بولدى، ئارقىدىن ھاشارات دورىسى چاچتى، ئاخىرىدا ھاك چاچتى، لېكىن ئۇ قىزىل چۈمۈلىلەر ئەتىسى يەنە شۇ يەردە پەيدا بولۇپ يامراپ كەتتى. بالىلىرىغا خەت يېزىش بىلەن ئالدىراش فېرناندا بۇ ئۆيدىكى توسۇۋالغۇسىز گۇمرانچىلىقنى قىلچە سەزمىگەنىدى، شۇڭا سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئۆزى يالغۇز جەڭگە ئاتلىنىپ، ئوت ـ چۆپلەرنى ئاشخانىغا كىرىۋېلىشتىن جان ـ جەھلى بىلەن توساتتى، تاملاردىكى سۈپۈرۈپ تۇرسا بىر سائەتكە قالمايلا يەنە پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئۆمۈچۈك تورلىرىنى سۈپۈرۈپ تۇراتتى، ئاق چۈمۈلىلەرنىڭ يولىنى قىرىپ ـ قىرىپ ئۈزۈۋەتتى. بىراق، مېرگادىسنىڭ ئۆيىنىمۇ چاڭ ـ توزان ۋە ئۆمۈچۈك تورى بېسىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ، كۈنىگە ئۈچ قېتىم كۈچەپ سۈپۈرۈپ تۇرسىمۇ بۇ ئۆينىڭ خارابىلىققا يۈزلەنگەن تەقدىرىدىن قۇتۇلالماي، ئەينى يىلى پولكوۋنىك ئورېلىئانو بىلەن ھېلىقى ياش ئوفىتسېر ئىككىسىلا ئالدىن كۆرۈپ يەتكەن خارابە مەنزىرە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئەمدە تامامەن مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى ـ دە، كونىراپ ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن يەكشەنبىلىك كىيىمىنى، ئامارانتا ئۇرسۇلا بېرىۋەتكەن ئۇزۇن پاختا رەخت پايپىقىنى كىيىپ، كىىر يۇيغاندا ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان ئىككى ـ ئۈچ قۇر كىيىمىنى بوپا قىلىپ تاڭدى.

ــ كاردىن چىقىپتىمەن، ــ دېدى ئورېلىئانوغا، ــ مۇشۇ قېرى جېنىم بىلەن بۇنچە چوڭ ئۆينىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمىغۇدەكمەن.

ئورېلىئانو ئۇنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى سورىۋىدى، بارىدىغان يېرىمنىڭ تايىنى يوق دېگەندەك مەنىدە قولىنى مۈجمەللا پۇلاڭشىتىپ قويدى. بىراق، لىئوئاچېتىكى بىر نەۋرە سىڭلىسىنى پاناھ تارتىپ بېرىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇناتتى، شۇغىنىسى كېيىنكى گەپلىرىنى ئېيتالمايتتى. ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماكوندودا ھېچكىم بىلەن ئۇچراشمىغان، ھېچ يەردىن بىرەر خەت ـ خالتا تاپشۇرۇپ ئالمىغان، ھەتتا بىرەر تۇغقىنىنىمۇ تىلغا ئېلىپ باقمىغانىدى. ئورېلىئانو ئۇنىڭغا ئون تۆت ئالتۇن بېلىجان

بەردى، چۈنكى سانتا سوفىيە دېلا پېداد بىر پېسو يىگىرمە بەش سىنت بىلەنلا يولغا چىقماقچى ئىدى، تەئەللۇقاتىنىڭ بارىمۇ شۇنچىلىكلا ئىدى. ئۇربىلىئانو مومايىنىڭ بوغچىسىنى كۆتۈرۈپ مۆكچەيگىنىچە پۇتلىرىنى سۆرەپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىۋاتقىنىغا، دەرۋازىدىن چىقىۋېلىپ قولىنى تاقاق تۆشۈكىدىن كىرگۈزۈپ تاقاقنى ئېلىپ قويغىنىغا دېرىزىدىن قاراپ تۇردى.

سانتا سوفىيە دېلا پېدادنىڭ كېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندا فېرناندا پۈتۈن بىر كۈن كوتۇلداپ چىقتى، ھەتتا بىرەر نەرسىنى ئېلىپ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرمەكچى بولۇپ بارلىق ئىشكاپ ـ ساندۇقلارنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ تىنتىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم ئوچاققا ئوت قالاپ بارماقلىرىنى قىزىق قەھۋەدە كۆيدۈرۈۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇربىلىئانودىن قەھۋەنى قانداق دەملەيدىغانلىقىنى سوراشقا مەجبۇر بولدى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى پۈتۈن ئاشخانا ئىشلىرىنى ئۇربىلىئانونىڭ زىممىسىگە ئېلىشىغا توغرا كەلدى. فېرناندا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ بولغىچە ناشتىلىقى تەييار بولۇپ بولاتتى، ھۇجرىسىدىن چىقىپ، چوغى ئۆچۈپ بولمىغان ئوچاقتىن ئۇربىلىئانو تۈۋۈقنى يېپىپ قويغان ناشتىلىق قاچىسىنى ئېلىپ، كاناپ داستىخان سېلىنغان شىرەگە قويسىلا كۇپايە ئىدى، ئاندىن تۆرگە راۋۇرۇس ئولتۇرۇپ، شامنىڭ يېقىملىق نۇرىدا ئون بەش قۇرۇق ئورۇندۇققا قاراپ ئۆزى يالغۇز غىزالىناتتى. ئۇربىلىئانو بىلەن فېرناندا بۇ ئۆيدە ئەمدى ئىككىسىلا قېلىپ ھەربىرى ئۆز ئالدىغا غېرىبانە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقىنىغا قارىماي ئۆز ئالدىغىلا ئىش كۆرەتتى، ھەركىم ئۆز ئۆيىنىلا يىغىشتۇراتتى، ئۆمۈچۈك تورىنىڭ ئەترگۈل شاخلىرىنى قاپلاپ كەتكىنى بىلەنمۇ، ئۆينىڭ تورۇسلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغىنى بىلەنمۇ، تۆت تېمىدا توزۇنداقتەك توزۇپ ئۆچۈپ يۈرگىنى بىلەنمۇ كارى يوق بىرھالدا ئۆز ئىشى بىلەن يۈرۈۋېرەتتى. شۇ چاغلاردا فېرنانداغا ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى جىن ـ شاياتۇنلار ئىگىلەپ كەتكەندەك، تۈرلۈك بۇيۇملار، بولۇپمۇ كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا جان كىرىپ ئۆزىچىلا يۆتكىلىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. فېرناندا ئېنىقلا كارىۋاتقا قويۇپ قويغان، ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپمۇ تاپالمىغان بىر قايچا

ئاشخانىدىكى تەكچىدىن تېپىلدى. ھالبوكى، فېرناندانىڭ ئاشخانىغا قەدەم بېسىپ باقمىغىنىغا تۆت كۈن بولۇپ قالغانىدى. ۋىلكا ـ پىچاقلارمۇ قاچا ـ قوشۇق تارتمىسىدىن ئۆزىچە غايىب بولدى، فېرناندا بولسا ئالتىسىنى مېھرابتىن، ئۈچىنى يۇز يۇيىدىغان داستىن تاپتى. خەت يازغىلى ئولتۇرغىنىدا بۇنداق غەلىتە ئەھۋاللار ئۇنى تېخىمۇ ئۇمىدسىزلەندۈرۈۋەتتى. ئەزەلدىن ئوڭ تەرىپىدە تۇرىدىغان دوۋەت سول تەرەپكە ئۆتۈپ قالاتتى؛ ئالدىدىكى سىياھ سىڭدۈرگۈچ لاتا تۇرۇپلا غايىب بولاتتى ـ دە، ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن كېيىن ياستۇقنىڭ ئاستىدىن تېپىلاتتى؛ خوس ئاركادىئوغا يازغان خېتى نېمە ئۈچۈندۇر ئامارانتا ئۇرسۇلاغا يازغان خېتىنىڭ كونۋېرتىدا بولۇپ قالاتتى. بىر قېتىم قەلىمى يوقاپ كېتىپ، 15 كۈندىن كېيىن بىر پوچتىكەش ئەكىلىپ بەردى، ئۇ پوچتىكەش ئۇ قەلەمنى پوچتا خالتىسىدىن تېپىۋېلىپ، خەت يەتكۈزگۈچە ئۆيمۇئۆي سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئىگىسىنى تاپقانىكەن. فېرناندا دەسلەپتە بۇ ئىشنى بالىياتقۇ تىرىكىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ئوخشاش ھېلىقى دوختۇرنىڭ قىلىقى دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئەپۇ قىلىۋېتىشنى ئۆتۈنۈپ خەت يازماقچىمۇ بولغانىدى. لېكىن، ئۇ خەتنى يېزىۋاتقان ئارىلىقتا باشقا بىر ئىش بىلەن چېقىپ كېتىپ بىردەمدىلا قايتىپ كىرگىنىدە بېشىنى يېزىپ قويغان خەتنى تاپالمىدى، ھەتتا بۇ خەتنى يېزىش مۇددىئاسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. بىر مەزگىل ئورېلىئانودىن گۇمانلىنىپ يۈرگەچ ئۇ ـ دە، ئورېلىئانو ئۆتىدىغان يەرلەرگە قەستەنلا بىرنەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇپ، ئورېلىئانو باشقا يەرگە يۆتكەۋاتقاندا نەق ئۇستىدىن چۈشۈپ تۇتۇۋالماقچى بولدى. بىراق، تېزلا بايقىدىكى، ئورېلىئانو ئاشخانا بىلەن ھاجەتخانىغا بارغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا مېرگادىسنىڭ ئۆيىدىن زادىلا چىقمايتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ چاقچاقچى بالىمۇ ئەمەس ئىدى. فېرناندا ئاخىر ئەرۋاھلارنىڭ شوخلۇق قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندى، شۇنىڭ بىلەن مېمىنىڭ نەرسىلىرىنى ئىشلىتىدىغان مۇقىم بىر جايغا قويدى. قايچىنى بىر تال چىگە تانىدا كارىۋاتنىڭ بېشىغا باغلاپ قويدى، قەلەم بىلەن سىياھ سىڭدۈرگۈچنى ئۇستەلنىڭ پۇتىغا تېكىپ قويدى، دوۋەتنىمۇ ئۇستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىگە يىلىم بىلەن چاپلاپ قويدى. بىراق،

بۇنىڭ بىلەنمۇ ئىشلار كۈتكىنىدەك ھەل بولۇپ كەتمىدى. يىغىنە ئىشى قىلىپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قايچا لازىم بولغاندا تانىسى خۇددى ئەرۋاھلار قىسقارتىۋەتكەندەكلا قىسقا كېلىپ قالدى. قەلەمنىڭ يىپىمۇ شۇنداق بولدى، ھېچقانچە خەت يازماي تۇرۇپلا قەلەمنىڭ يىپى قىسقا كېلىپ قەلەمنى دۈۋەتكە ئاپىرالمىدى. فېرناندانىڭ بۇ ئۇششاق ـ چۈششەك كۆڭۈلسىزلىكلىرىدىن رىمدىكى خوس ئاركادىئومۇ، بېريۇسېلدىكى ئامارانتا ئۈرسۇلامۇ قىلچە خەۋەرسىز ئىدى. فېرناندا ئۇلارغا يازغان خەتلىرىدە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلاتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى بارلىق ئېغىر سېلىقتىن خالاس بولغاندەك ھېس قىلاتتى، كۈندىلىك ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن خالىي ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇنياسىغا قايتىپ بارغاندەك ھەممە ئىش خىيالىي دۇنياسىدا ھەل بولاتتى. فېرناندا زېرىكمەي خەت يېزىۋېرىپ ۋاقىت ئۆلچىمىنى يوقىتىپ قويدى، بۇ ھال بولۇپمۇ سانتاسوفىيە دېلا پىداد كەتكەندىن كېيىن ئالاھىدە ئېنىق ئىپادىسىنى تاپتى. فېرناندا يىل، ئاي، كۈننى ئەسلىدىلا قىزى بىلەن ئوغلى قايتىپ كېلىدىغان يىل، ئاي، كۈنگە ئاساسلىنىپ ھېسابلاشنى ئۆزىگە ئادەت قىلغانىدى. كۈتۈلمىگەندە ئوغلى بىلەن قىزى قايتىدىغان قەرەلىنى كېچىكتۈرىۋەرگەچكە كۈن ھېسابى ئارىلىشىپ كەتكەن، يىل ھېسابىمۇ ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كەتكەنىدى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ كۈنلىرىمۇ شۇ قەدەر ئوخشىشىپ كەتكەچكە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەيتتى. بىراق، بالىلىرىنىڭ قايتىپ كېلىدىغان قەرەلىنى كېچىكتۈرىۋەرگىنىدىن فېرناندانىڭ سەۋر ـ تاقىتى تۈگەپمۇ كەتمىدى، ئەكسىچە خۇشال بولدى. خوس ئاركادىئو بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ماكوندوغا پات ئارىدا مەڭگۈلۈك قايتىمەن دەپ قەسەم بەرگەن بولسىمۇ، ئالىي دىنىي ئىلمىنى تاماملىغاندىن كېيىن دىپلوماتىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى باھانە قىلىپ قايتىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرگەنىدى. فېرناندا بۇ گەپتىن بىئارام بولۇپمۇ كەتمىدى، چۈنكى ساينىت پېتېرنىڭ تەختىگە چىقىش غايىسىگە يەتمەك ئۈچۈن مەنزىل يىراق، ئىشلار ئېغىر ۋە مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنىڭ

ئەكسىچە، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تايىنى يوق دەپ قارىلىدىغان خەۋەرلەردىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتەتتى. مەسىلەن، ئوغلىنىڭ پاپانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغىنىدا شۇنداق بولغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ يازغان خېتىدىن ئوقۇش نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، بۇرۇن دادىسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتمىگەن ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، بىرىيۇسېلدا داۋاملىق ئوقۇۋېرىدىغانلىقىنى بىلگىنىدىمۇ ئوخشاشلا خۇش بولدى.

سانتا سوفىيە دېلا پېداد ئورېلىئانوغا سانسكرىت تىلىنىڭ گىراماتىكا كىتابىنى ئەكىلىپ بەرگەندىن كېيىن ھايت ـ ھۇيت دەپ بولغىچە ئۈچ يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئورېلىئانو بۇ ئارىلىقتا تېرە قەغەز قولىيازمىسىنىڭ ئاران بىر بېتىنى تەرجىمە قىلىپ بولغانىدى. بۇ ئىشى ئەھمىيەتسىزمۇ ئەمەس، لېكىن مۆلچەرلەپ يەتكۈسىز بۇ ئۇزۇن يولدا ئەمدىلا بىرىنچى قەدەمنى بېسىپ بولغانىدى، چۈنكى ئىسپان تىلىدىكى تەرجىمىسىدىن ھېچبىر مەناسىنى ئۇققىلى بولمىغاچقا، بۇ قولىيازمىلار مەنىسىنى يەنىمۇ يېشىپ چۈشىنىشكە توغرا كېلىدىغان سىرلىق شېئىرنىڭ ئۆزىلا ئىدى. ئورېلىئانونىڭ قولىدا ئىچكىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا كېرەكلىك ماتېرىيال بولمىسىمۇ، ھېلىمۇ ياخشى مېرگادىس ھېلىقى كاتالونىيەلىك ئاقىل ئاچقان كىتابخانىدا تېرە قەغەز قولىيازمىسىنىڭ مەزمۇنىنى يېشىشكە ياردىمى بولىدىغان كىتابلارنىڭ بارلىقىنى دەپ بەرگەندى، شۇنىڭ بىلەن فېرناندا بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ كىتابلارنى تېپىپ كېلىشكە رۇخسەت ئالماقچى بولدى. ئورېلىئانو كۇنسېرى ئەخلەت يۇتۇۋېتىۋاتقان بۇ ئۆيدە تەلپىنى قايسى ئۇسۇلدا ئەڭ قايىل قىلارلىق قىلىپ ئېيتىش توغرىسىدا ئويلىنىۋالدى، ھەر ئېھتىماللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇۋاپىق پەيتنى كۈتتى. ھالبۇكى، چوغدىن ئەمدىلا ناشتىلىقنى ئېلىۋاتقان فېرناندانى كۆرگەندە بولسا پاراڭلىشىدىغان بىردىنبىر پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى ـ دە، كۆڭلىگە پۈكۈۋالغان گەپلىرى گېلىدىلا تۇرۇپ قېلىپ ئۇن چىقىرالمىدى. ئورېلىئانو شۇ كۈنى فېرناندانى بىرىنچى قېتىم مارىغانىدى. ئالدى بىلەن فېرناندانىڭ ئاياغ تىۋىشى دىققىتىنى تارتتى، ئىشىك ئالدىغا قانداق بېرىپ پوچتىكەشنىڭ قولىدىن قىزىدىن كەلگەن خەتنى ئالغىنىغا،

ئاندىن ئۆزىنىڭ خېتىنى بەرگىنىگە، قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەل ئايغى بېسىققان مەھەلدە پەي قەلىمىنى قەغەزگە جىجىپ شىرتىلدىتىشلىرىغا، ئاندىن چىراغنى چاككىدە ئۆچۈرگەن ئاۋازغا، قاراڭغۇدا دۈرۈت ئوقۇپ كۇسۇرلاشلىرىغا دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. ئورېلىئانو شۇ چاغدىلا يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. ئەتىسى چوقۇم كۆتكەن پۇرسەتنىڭ كېلىدىغانلىقىغا، فېرناندانىڭ رەت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشەنچى كامىل ئىدى، شۇڭا ئەتىسى ئەتىگىنى مۇرىسىگىچە ساڭگىلاپ چۈشكەن چېچىنى قىسقا قىلىپ كەستى، تۇتام ـ تۇتام بولۇپ كەتكەن بۇرۇت ـ ساقاللىرىنى ئالدى، كىمدىنىدۇر قالغان تار ئىشتان ۋە قاتۇرما ياقىلىق كۆڭلەكنى كىيدى ـ دە، ئاشخانىغا كىرىپ فېرناندانى كۈتۈپ تۇردى. بىراق، ئالدىدا پەيدا بولغىنى ھەر كۈنكىدەك غادىيىپ ماڭىدىغان ئايال ئەمەس، ئاجايىپ گۈزەل بىر مەزلۇمە ئىدى. ئۇچىسىغا سارغىيىپ كەتكەن ئاق سۆسەر تون، بېشىغا كارتون قەغەزدىن ياسالغان سېرىق تاج تاقىۋالغان بۇ موماي بايىلا يىغلاپ چىققاندەك ھارغىن چىراي كۆرۈنەتتى. فېرناندا ئورېلىئانو II نىڭ كىيىم ساندۇقىدىن كۈيە يەپ كەتكەن بۇ بىر قۇر شاھانە كىيىمنى تېپىۋالغاندىن بۇيان پات ـ پات كىيىۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئەگەر بىرەرسى فېرناندانىڭ ئەينەك ئالدىدا ئايال پادىشاھلىق سۆلىتىدىن زوقلىنىپ تۇرۇپ كېتىشلىرىنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، ئېلىشىپ قاپتۇ دەپ ئويلىماي قالمايتتى. بىراق، ئىش ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس ئىدى. ئايال پادىشاھنىڭ كىيىمىنى ئۆزىگە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىتىدىغان ماشىنا دەپ بىلەتتى. بۇ كىيىمنى بىرىنچى قېتىم كىيگەن چاغدا ئىختىيارسىز كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش كەلگەن، شۇنداقلا ئاشۇ يىلى ئايال پادىشاھ قىلىمىز دەپ ئۆيىگە ئالغىلى كەلگەن ھېلىقى ئوفىتسېرنىڭ ئۆتۈكىدىن تارالغان ئاياغ مېيىنىڭ پۇرىقى دىمىقىغا ئۇرۇلغاندەك بولۇپ، بەربات بولغان ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يادىغا يېتىپ كۆڭلى داۋالغۇپ كەتكەنىدى. شۇ قەدەر قېرىپ، ئاجىزلاپ كەتكىنىنى، ھاياتىدىكى ئاشۇ گۈزەل چاغلىرىنىڭ شۇ قەدەر يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا ئەڭ كۆڭۈلسىز ئۆتكەن چاغلىرىنىمۇ سېغىنىپ قالاتتى. ھالبۇكى شۇنداق چاغلاردىلا پېشايۋاندىن غۇر ـ غۇر شاماللار ئۇرۇپ كېلىدىغان رەيھان گۈللىرىنىڭ،

گۆگۈمدىكى ئەتىرگۇللىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدىغا نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى، ھەتتا ھېلىقى قوپال چەت ئەللىكلەر بەخش ئەتكەن ياۋايى جۇشقۇنلۇقىمۇ تەلپۈنۈپ كېتەتتى. كۆڭلى سوۋۇپلا كەتكەن، كۇندىلىك غەم ـ غۇسسىلەرنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي يۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆتمۈشىنى سېغىنىشقا باشلىغان دەسلەپ چاغلاردىلا مۇداپىيە سېپىلى تارمار بولغانىدى. شەپقەتسىز ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزىنى ئۆزى قىيناشنى بارا ـ بارا بىر خىل يامان ئادەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، غېرىبلىق ئىچىدە مۇلايىملىشىپ قالدى. ئاشۇ كۈنى ئەتىگەندە ئاشخانىغا كىرگىنىدە جۇدەپ بىر تېرە ـ بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، تاتىراڭغۇ چىراي يىگىت بىر ئىستاكان قەھۋەنى سۈزگىنىدە ئەسەبىي نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلىنىپ كەتتى ھەم قاتتىق ئازابلاندى. ئۇربىلىئانونىڭ تەلپىنى رەت قىلىپلا قالماي، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ھېلىقى بالىياتقۇ تىرىكى سالغان يانچۇقىغا سېلىۋالدى. بۇنچە قىلىپ كېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى ئۇربىلىئانو ئۆزى خالىسىلا ھەرقانداق ئەھۋالدا چاندۇرماي ئۆيدىن چىقىپ كېتەۋېرەتتى ۋە قايتىپ كىرەلەيتتى. ھالبۇكى، ئۇزۇن يىل مەھبۇسلۇقتا ياشاپ كەلگەنلىكى، تاشقى دۇنيا ناتونۇش بولغانلىقى، شۇنداقلا ئىتائەتمەنلىككە كۆنۈپ كەتكەنلىكى ئۇچۇن ۋۇجۇدىدىكى قارشىلىق ئۇرۇقى قۇرۇپلا كەتكەنىدى. شۇڭا يەنە مەھبۇسخانىسىغا قايتىپ كىرىپ تېرە قەغەزگە يېزىلغان قوليازمىلارنى تەكرار ـ تەكرار ئوقۇش بىلەن بولۇۋەردى، كەچلىرى فېرناداننىڭ ھۇجرىسىدا تۇن تەڭگىچە ئۆكسۈپ يىغلىغان ئاۋازىغا قۇلاق سېلىپ يېتىۋەردى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئادەتتىكىدەكلا ئوچاقتا ئوت ياقماقچى بولۇپ ئاشخانىغا كىرگىنىدە، تۈنۈگۈن چوغقا قويۇپ قويغان فېرناننداننىڭ تامىقىنىڭ شۇ پېتى تۇرغانلىقىنى بايقىدى. شۇنىڭ بىلەن فېرناندانىڭ ھۇجرىسىغا بويۇنداپ قاراپ بېقىۋىدى، فېرنانداننىڭ كارىۋىتىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇستىگە ھېلىقى ئاق سۆسەر تونىنى يېپىنىۋالغان بولۇپ، ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ گۈزەل كۆرۈنەتتى. ئۆڭى سۈزۈك قاشتاشتەك ئاق ۋە سىلىق ئىدى. تۆت ئايدىن كېيىن خوس ئاركادىئو ماكوندوغا قايتىپ كەلگەندىمۇ فېرناندانى مۇشۇ ھالەتتە

كۆرىدۇ.

خوس ئاركادىئو ئانىسىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. ئۇچىسىغا تۇتۇق قارا دۇراپ پەلتو، قاتتىق ۋە يۇمۇلاق ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن، گالىستۇكىنىڭ ئورنىغا گۈل كەلتۈرۈپ تۈگۈلگەن تاۋار لېنتا چىگىۋالغانىدى. تاتىراڭغۇ چىرايىدىن بوشاڭلىقى، پات ـ پات ئالاق ـ جالاق بولۇپ كېتىدىغان كۆزلىرىدىن قورقۇنچاقلىقى، تىترەڭگۇ ئاۋازىدىن ئاجىزلىقى چىقىپ تۇراتتى. قاپقارا پارقىراق چېچى ئەۋلىيا ھەيكىلىنىڭ بېشىدىكى كەيمە چاچتەك بېشىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن تۈپتۈز ياما ئايرىلغانىدى. ساقاللىرى پاكىزە يۇلۇۋېتىلگەن مومدەك، يۈزىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە قالغان داغلار گويا ۋىجدان ئازابى تارتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئاپئاق بىلەكلىرىدە كۆك تومۇرلىرى كۆپچۈپ تۇراتتى، بارماقلىرى لۆمۈلدەپ تۇرغان تاسما قۇرتقا ئوخشاپ قالاتتى، سول قولىنىڭ نامسىز بارمىقىدىكى ساپ ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ يۇمۇلاق ئاق ياقۇت كۆزى چاقناپ تۇراتتى. دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەن ئورېلىئانو بىر قاراپلا ئالدىدا تۇرغان بۇ كىشىنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىنى بىلدى. خوس ئاركادىئو نەگە بارسا شۇ يەردە ئەتىر پۇرىقى قالاتتى، بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ئەتىر پۇرىقى ئۆينى بىر ئالدى. بالا چاغلىرىدا ئۇرسۇلا ئەما بولغاچقا ئاسان تېپىش ئۈچۈن بېشىغا مۇشۇنداق ئەتىر چېچىپ قوياتتى. خوس ئاركادىئو ئۆيدىن ئايرىلىپ ئارىدىن شۇنچە ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان سەۋەب بىلەن قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەندەك يەنىلا شۇ مىسكىن، غېرىب بالىنىڭ ئۆزى ئىدى. بۇ بالا ئۇدۇللا ئانىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى، ئورېلىئانو مېرگادىسنىڭ تەۋەررۇك رېتسېپى بويىچە بوۋىسىنىڭ بوۋىسىدىن قالغان چاناقتىنى بۇ ئۆيگە ئەكىرىپ تويپتوغرا تۆت ئايدىن بۇيان سىماب قايىنتىپ فېرناندانىڭ جەسىتىنى سېستىماي ساقلىغانىدى. خوس ئاركادىئو ھېچنېمىنى سورىمىدى، ئىگىشىپ تۇرۇپ مەرھۇمنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى ـ دە، كۆڭلىكىنىڭ ئىچى تەرىپىگە تىكىلگەن خالتىدىن قېپىنىڭ ئاغزىمۇ ئېچىلىپ باقمىغان ئۈچ دانە بالىياتقۇ تىرىكى بىلەن كىيىم ئىشكاپىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالدى. بۇ كەسكىنلىكى ۋە چەبدەسلىكى بوشاڭ مىجەزىنىڭ ئەكسىلا

ئىدى. ئىشكاپتىن جەمەت بەلگىسى بار ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن نەقىشلەنگەن زىبۇ ـ زىننەت قېپىنى تاپتى. قاپنىڭ ئىچىدە خۇشبۇي سەندەل پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان ئۈزۈن بىر پارچە خەت تۇراتتى، فېرناندا بۇ خەتتە ئۆزىدىن يوشۇرغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلغانىدى. خوس ئاركادىئو ئۆرە تۇرغان پېتى ئۇ خەتنى قىزىقىسىنىش ئىچىدە سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇشقا باشلىدى، ئوقۇپ ئۈچىنچى بەتكە كەلگەندە توختاپ، ئورېلىئانوغا بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى.

— دېمەك، — دېدى نەشتەردەك ئاچچىق ۋەزىندە، — ھېلىقى ھارامدىن بولغان سەن ئىكەنسەن ـ دە!

— مەن ئورېلىئانو بۇئېندىيە.

— ئۆيۈڭگە كىرىپ كەت! — دېدى خوس ئاركادىئو.

ئورېلىئانو ئۆيىگە شۇ كىرىپ كەتكىنىچە چىقمىدى، ھەتتا فېرناندانىڭ سوغۇق دەپنە مۇراسىمىدىكى ئاۋازلار قۇلىقىغا كىرىپ تۇرغىنىدا قاراپ باققىلى بولسىمۇ چىقىپ قويمىدى. بەزىدە ئاشخانىنىڭ ئوچۇق قالغان ئىشىكىدىن خوس ئاركادىئونىڭ ھۆمۈدىگىنىچە ئۆي ئىچىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قالاتتى، يېرىم كېچىلەردە ۋەيرانە ھۇجرىلارنى ئارىلاپ يۈرگەن ئاياغ تىۋىشلىرىنىمۇ ئاڭلاپ تۇراتتى. ئارىدىن بىرقانچە ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى، ئورېلىئانو شۇ كەمگىچە خوس ئاركادىئونىڭ زۇۋانىنى ئاڭلاپ باقمىدى، بۇنىڭ سەۋەبى ھەرگىزمۇ خوس ئاركادىئونىڭ ئۆزىگە گەپ قىلمىغانلىقىدىن ياكى ئۆزىنىڭمۇ قىلچە پاراڭلاشقۇسى يوقلۇقىدىن ۋەياكى تېرە قەغەزگە يېزىلغان قولىيازمىلارنى ئوقۇشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشنى ئويلاشقا چولىسى يوقلۇقىدىنمۇ ئەمەس. ئورېلىئانو فېرناندا ئۆلگەندىن كېيىن ھېلىقى ئالتۇن بېلىنجانلاردىن قېپقالغان ئىككىسىنىڭ بىرىنى ئېلىپ چىقىپ، كاتالونىيەلىك ئاقىل ئاچقان كىتابخانىغا بېرىپ ئۆزىگە كېرەكلىك بىرنەچچە كىتابنى ئالغىلى ماڭدى. يولدا ئۇچرىغان ھېچقانداق نەرسىگە قىزىقىسىنمىدى. بۇنىڭ سەۋەبى سېلىشتۇرغۇدەك بىرەر ئەسلىمە بولمىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، يەنە كېلىپ چۆلدەرەپ تۇرغان كوچىلار، خارابە ئۆيلەر بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرىدىكىسى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى، ئۇ چاغلاردا

بۇلارنى بىر كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكىمۇ رازى ئىدى. بۇرۇن سىرتقا چىقىشىغا فېرناندا رۇخسەت قىلمىغان بولسا، ئەمدى ئۆزى تەستىقلاپ، ئۆزى چىققاندى. بىراق، مۇشۇ بىرلا قېتىم شۇنداق قىلدى، مەنزىلىمۇ بىر ئىدى ھەمدە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئازراقمۇ ھايال بولماي يېتىپ بېرىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھېچ يەردە توختىماي ئون بىر كوچىدىن ئۆتۈپ، بۇرۇنلاردا پالچىلار پال ئاچىدىغان، تەبىرچىلەر چۈشكە تەبىر بېرىدىغان بىر ئارقا كوچىغا يېتىپ كېلىپ، ھاسىرىغىنىچە قالايمىقان، قاراڭغۇ بىر دۇكانغا كىردى. ئادەم ئۆرۈلگىلىمۇ بولمايدىغان بۇ قىستاڭ دۇكاننى كىتابخانا دېگەندىن كۆرە ئەسكى ـ تۈسكى كىتابلارنى يىغىۋالىدىغان ئامبار دېگەن تۈزۈك ئىدى، كونا كىتابلار ئاق چۈمۈلە غاجىلىۋەتكەن كىتاب جازىسىدا، ئۆمۈچۈك تور سالغان بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا، ھەتتا كارىدوردىمۇ رەتسىز دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. كىتابخانا غوجايىنى ئوخشاشلا قېلىن ـ قېلىن كىتابلار دۆۋىلىنىپ تۇرغان كىتاب ئۈستىلىدە بىرنېمە يېزىپ ئولتۇراتتى، يېزىۋاتقان نە بېشى، نە ئايىغى يوق ئاجايىپ ئۇزۇن سۆسۇنرەڭ خەتلىرى مەشىق دەپتىرىنىڭ بوشاپ كەتكەن بەتلىرىنى توشقۇزۇۋەتكەنىدى. پاكىز ئاقارغان چاچلىرى يېپىپ تۇرغان پېشانىسى ئاق شاتۇتىنىڭ پەيلىك تاجىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى، كۆپكۆك ئويناق كۆزلىرىدىن نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان بىلىم ئەھلىگە خاس نۇر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. تامبال بىلەنلا ئولتۇرغان، تەرگە چۈمۈلۈپ كەتكەن كىتابخانا غوجايىنىنىڭ ئالدىدىكى ئادەمگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەكمۇ ھەپىلىسى يوق ئىدى. ئورېلىئانو قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىتابلار تويىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك بەش پارچە كىتابنى ھېچقانچە قىينالمايلا تاپتى، چۈنكى بۇ كىتابلار مېرگادىس دەپ بەرگەن جايدا تۇراتتى. ئاندىن زۇۋانىمۇ سۈرمەي ئۇ كاتالونىيەلىك ئاقىلغا ئالتۇن بېلىجان بىلەن بەش پارچە كىتابنى سۇندى. ئۇ كىشى قولىغا ئېلىپ تەكشۈرۈپ كۆردى ـ دە، كۆزلىرىنى قۇلۇلىدەك موككىدە يۇمدى.

ــ سەن چوقۇم ساراڭ بولۇپ قاپسەن، ــ دېدى كاتالونىيەلىك ئاقىل مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ ئۆز تىلىدا، ئاندىن كىتاب بىلەن ئالتۇن بېلىجاننى ئورېلىئانوغا

قايتۇرۇپ بەردى.

ــ ئېلىپ كېتىۋەرگىن، ــ دېدى ئەمدى ئىسپان تىلىدا، ــ بۇ كىتابلارنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ئادەم قارىغۇ ئىساك[1] قۇ دەيمەن، سەنمۇ قىلمىۋاتقان ئىشىڭنى ئوبدان ئويلىنىپ كۆر.

خوس ئاركادىئو مېمىنىڭ ھۇجرىسىنى يىغىشتۇرۇپ بېيىپىگى قىلىۋەتتى، ئادەم تېپىپ دۇخاۋا پەردىلەرنى ۋە باش ۋالىي كارىۋىتىنىڭ گۈللۈك چىملىدىقلىرىنى يۇيدۇردى، تاشلىنىپ قالغىلى ئۇزاق بولغان، كۆلچىكى قاپقارا قېلىن كىر تۇتۇپ كەتكەن مۇنچىنى ئوڭشاتتى. ئاندىن بۇ ھۇجرا بىلەن مۇنچىنى سۇپىتى ناچار بۇيۇملار، چەت ئەل ماللىرى، ساختا ئەتىرلەر ۋە ئەرزان باھالىق زىبۇ ـ زىننەتلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. باشقا ئۆيلەردىكى نەرسىلەرگە چېقىلمىدى، پەقەت مېھرابقا قويۇلغان ئەۋلىيا مۇرتلىرىنىڭ ھەيكەللىرىلا كۆزىگە سىغمىدى، شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ھويلىغا ئوت قالاپ ئۇ ھەيكەللەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. خوس ئاركادىئو ئادەتتە چۈش سائەت 11 دىن ئاشقاندا ئاران تۇراتتى، ئاندىن كونىراپ كەتكەن سېرىق ئەجدىھا كەشتىلەنگەن يەكتەكنى، سېرىق پۆپۈكلۈك سايما كەشنى كىيەتتى ـ دە، مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇش رەسمىيەتلىرىنى باشلايتتى. بۇ رەسمىيەتلەرنىڭ ئاستىلىقى، ھەشەم ـ دەرمى، كېتىدىغان ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنلىقى كىشىگە ساھىبجامال رېمەدىسىنى ئەسلىتەتتى. كۆلچەككە كىرىشتىن بۇرۇن دۇشقا ئۈچ قۇتىدىن ئۈچ خىل ئەتىرنى قۇيۇپ مۇنچا سۈيىگە ئارىلاشتۇراتتى. ئاندىن ساھىبجامال رېمەدىستەك بوي ـ بېشىغا نوگايدا سۇ قۇيۇپ يۇيۇنماستىن، كۆلچەكتىكى خۇشپۇراق سۇغا چىلىنىپ ئىككى سائەتچە ئوڭدا ياتقاچ راھەت سۇ ۋە ئاچىسى ئامارانتانىڭ ئەسلىمىلىرىدىن ھۇزۇر تاپاتتى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ھېچقانچە ئۆتمەيلا بۇ يەردە ئىسسىق كېلىدىغان تافغاتا پەلتوسىنى سېلىۋېتىپ، پېترو كرىسپىنىڭ ئۇسلۇب دەرسىدە كىيىدىغان ئىشتىنىغا ئوخشاش چىپپىدە كېلىدىغان تار ئىشتىنى بىلەن مەيدىسىگە ئېتىنىڭ باش ھەرىپى

① قارىغۇ ئىساك (Isaac qiego) (1160 ~ 1235): يەھۇدىيلارنىڭ سىرلىق دىنىي ئاقىلى رابى.

كەشتىلەنگەن يىپەك كۆڭلىكىنى كىيىۋالدى. ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئۇستىبېشىدىكى بارلىق كىيىمىنى سېلىپ مۇنچىدا يۇياتتى، قۇرۇغىچە كىيىدىغان باشقا كىيىمى بولمىغاچقا كېچىلىك تونىنى كىيىپ ساقلاپ تۇراتتى. خوس ئاركادىئو چۈشلۈك تاماقنى زادىلا ئۆيدە يېمەيتتى، چۈشنىڭ ئىسسىقى سەل يانغاندىلا چىقىپ كېتەتتى ـ دە، تۈن تەڭدە قايتىپ كېلەتتى، ئاندىن ئامارانتانى سېغىنىپ ئىزتىراپلىق ئىچىدە مۈشۈكتەك ھاسىرىغىنىچە يەنە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭغىلى تۇراتتى. ئامارانتا بىلەن جىن چىراغنىڭ تۈۋىدە چەكچىيىپ تۇرىدىغان ئەۋلىيا ھەيكىلىنىڭ ئادەمنى شۈركەندۈرىدىغان كۆزىلا بۇ ئۆينى ئېسىگە سالىدىغان ئەستىلىك بولۇپ قالغانىدى. رىمدىكى چاغلىرىدا كىشىنى ئۆيقۇ باستۇرىدىغان ئاۋغۇست ئېيىنىڭ دىمىق كۈنلىرى ئامارانتانى چۈشىدە قانچە قېتىم كۆرگەنلىكىنى ئۆزىمۇ ساناپ بېرەلمەيدۇ، ھەر قېتىم ئۇچىسىغا كەشتە ياقىلىق كۆڭلەك كىيگەن، قولىنى قارا داكىدا تېڭىۋالغان ئامارانتا مۇنچىنىڭ رەڭلىك مەرمەر كۆلچىكىدە ئاستا ـ ئاستا پەيدا بولاتتى، ئامارانتانىڭ ئاشۇ سىماسى ياقا يۇرتتا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەن بۇ غېرىب مۇساپىرنىڭ چۈشلىرىدە ئاجايىپ گۈزەل كۆرۈنۈپ كېتەتتى. ئۇرېلىئانو خوس ئامارانتانىڭ ئوبرازىنى ئۇرۇشنىڭ قانلىق پاتقاقلىرىغا پاتۇرۇۋېتىشكە ئۇرۇنغان بولسا، خوس ئاركادىئو شەھۋەت پاتقاقلىقىدا يارقىن ئوبرازىنى ئەينى پېتى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئايىغى چىقماس پاپالىق يولىنى شېپى كەلتۈرۈپ ئانىسىنى ئالدايتتى. ئۆزىمۇ، ئانىسى فېرناندامۇ بىر ـ بىرى بىلەن بولغان خەت ئالاقىسىنىڭ چۈشىدە پاراڭلاشقاندەك بىر ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. خوس ئاركادىئو رىمغا بېرىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا دىنىي مەكتەپنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، لېكىن ئانىسى يازغان خەتلىرىدە ئەسەبىيلىك بىلەن دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىدىغان ھەيران قالارلىق زور مىراستىن قۇرۇق قالماسلىق ئۈچۈن دىنىي ئىلىم بىلەن چېركاۋ قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىۋاتىمەن دەپ تىنىماي ھېكايە توقۇيتتى، بۇ مال ـ دۇنيا ئۆزىنى تىراستېلۋېلدىكى يوقسۇللار مەھەللىسىدە ئىككى ئاغىنىسى بىلەن شېرىك ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان

كاتەكتەك كىچىككىنە ئۆيدىن، موھتاجلىقتا ئۆتۈۋاتقان غورىبەت تۇرمۇشىدىن مۇقەررەر قۇتقۇزۇپ چىقاتتى. خوس ئاركادىئو ئانىسىنىڭ ئەجىلى يېقىنلاپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى تۈيغۇسىنى يۇرتىپ يازغان ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپلا ساختا ئەيش - ئىشرەت بۇيۇملىرىنىڭ قالدى - قاتتىسىنى يىغىشتۇرۇپ يۈك - تاق ساندۇقىغا سېلىپ پاراخوتقا چىقتى - دە، پاراخوتنىڭ ئەڭ تېگىدىكى بۆلمىسىدە كۆچمەنلەر بىلەن بىللە خۇددى قۇشخانىدىكى جاندارلاردەك قىستىلىشىپ، دېڭىز - ئوكيانلاردىن ئۆتكىچە مۇزدەك سوغۇق ئۇگرە چۆپ ۋە قۇرتلاپ كەتكەن پىشلاق يەپ ئاران قايتىپ كېلىۋالدى. فېرناندانىڭ ۋەسىيەتنامىسى ئەمەلىيەتتە ۋاقتى ئۆتكەن بەختسىزلىك تىزىملىكى ئىدى، خوس ئاركادىئو ئۇ ۋەسىيەتنامىنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئەبجەق ئۆي جاھازىلىرىدىن، پېشايۋاننى بېسىپ كەتكەن قالايمىقان ئوت - چۆپتىن قۇتۇلغۇسىز بىر توزاققا چۈشكەنلىكىنى، رىمنىڭ باھار كۈنلىرىدىكى پارلاق قۇياش نۇرىنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيدىغانلىقىنى، يىللارسېرى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ھىدنى ئەمدى مەڭگۈ پۈرىيالمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدى. دەمىسقىمىسى قوزغىلىپ قالغان ئۇيقۇسىز تۈنلەردە بەختسىزلىكلىرى ئۈستىدە قايتا - قايتا ئويلىنىپ، بىر چاغلاردا قېرىلىق يېتىپ ئالجىپ قالغان ئۇرسۇلا ئادەمنى شۈركەندۈرگىدەك قالايمىقان گەپلىرى بىلەن يۈرىكىگە بۇ دۇنيانىڭ قورقۇنچىنى سالغان مۇشۇ قاراڭغۇ ئۆي ئىچىدە ئۇيىاقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇرسۇلا ئۇ چاغلاردا خوس ئاركادىئونى تېپىۋېلىشقا قولاي بولسۇن ئۈچۈن ھۇجرىسىنىڭ بىر بۇلۇڭىنى بەلگىلەپ بېرىپ، ئەرۋاھلار قاراڭغۇ چۈشۈشىگىلا ئۆيدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ، مۇشۇ بۇلۇڭغىلا كېلەلمەيدۇ دېگەنىدى.

— ئەگەر گەپ ئاڭلىماي قانداقلىكى يامان ئىش قىلىپ قويساڭ، — دەيتتى ئۇرسۇلا قورقۇنچ سېلىپ، — ئەۋلىيا - ئەنبىيالار ماڭا ئېيتىپ قويىدۇ جۇمۇ.

شۇنداق قىلىپ، خوس ئاركادىئو باللىق چاغلىرىدا نۇرغۇن ۋەھىمىلىك كېچىلەرنى ئەنە شۇ بۇلۇڭدا ئۆتكۈزگەنىدى. چېقىمچى ئەۋلىيا - ئەنبىيا

ھەيكەللىرىنىڭ سوغۇق كۆزلىرىنىڭ نازارىتىدە كارىۋىتىغا چىقىپ ياتىدىغان ۋاقتى توشقىچە كىچىك ئورۇندۇقىدا مىدىر ـ سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ قارا تەرگە چۆمۈپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە، بۇنچە جازالاپ كېتىشىنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، خوس ئاركادىئو شۇ چاغلاردا ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىدىن قورقىدىغان بولۇپ كەتكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كېيىنكى كۈنلەردە تۇرمۇش داۋامىدا ئۇچرايدىغانلىكى نەرسىنىڭ ھەممىسىدىن قورقىدىغان بولۇپ قالغانىدى: ئېغىدا كوچىدىكى ئاياللار ئادەمنىڭ قېنىنى تۆكەتتى، ئۆيدىكى ئاياللار چوشقا قۇيرۇقلۇق بالا تۇغۇپ قوياتتى، توخۇ سوقۇشتۇرغان ئادەم خەقنىڭ جېنىنى ئېلىپ قويۇپ ئۆمۈر بويى ئۆكۈنۈپ ئۆتەتتى، مىلتىق ئادەمنىڭ قولىغا چىقىپ قالسىلا يىگىرمە يىللىق ئۇرۇش باشلىنىپ كېتەتتى، قارامىلىق ئادەمنى غېرىبلىق ۋە تەلۋىلىككە باشلايتتى، ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە ـــ تەڭرى ئىزگۈ تىلەكتە ياراتقان، لېكىن شەيتاننىڭ قولىدا بۇزۇلغان ھەممە نەرسە خوس ئاركادىئونىڭ قورقىدىغان ئوبيېكتى ئىدى. ئۇ بالا ھەر كۈنى كېچىچە قاتمۇقات قارا بېسىپ چىقىپ ئويغانغىنىدا، دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇقلۇق ۋە ئامارانتانىڭ كۆلچەكتە يۇيۇندۇرۇپ سىلاپ قويغان، يىرىقلىرىنى يۇمشاق تاۋار ئۇپىلىق بىلەن ئۇپىلاپ قويغان چاغدىكى راھەت سېزىملا ئۇنى ۋەھىمە ئىچىدىن قۇتۇلدۇراتتى. ھەتتا ئۇرسۇلامۇ گۈللۈككە چۈشكەن ئاپتاپتا باشقىچىلا بولۇپ كېتەتتى، چۈنكى بۇنداق چاغدا ھېلىقىدەك قورقۇنچلۇق نەرسىلەرنىڭ گېپىنى قىلىپ قورقۇتماي، پەقەت رىم پاپاسىغا ئوخشاش نۇرانە كۆرۈنۈشى ئۈچۈن شاخاردا چىشلىرىنى سۇرتۇپلا قوياتتى؛ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن رىمغا كەلگەن تاۋاپچىلار پاپانىڭ دۇئاسىنى ئېلىۋاتقاندا چىرايلىق قوللىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالسۇن ئۈچۈن تىرناقلىرىنى ئېلىپ قوياتتى؛ ئاندىن چېچىنى پاپانىڭ چاچ پاسونىغا ئوخشىتىپ تاراپ قوياتتى؛ پاپادەك خۇشبۇي پۇراپ تۇرۇشى ئۈچۈن پۈتۈن بەدىنىگە ۋە كىيىملىرىگە ئەتىر چېچىپ قوياتتى. خوس ئاركادىئو پاپانىڭ يازلىق ئوردىسى كاستېل گاندولفو سارىيىنىڭ بالكونىدا بىھېساب تاۋاپچىلارغا يەتتە خىل تىلدا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكىنى كۆرگەنىدى، شۇ چاغدا

بىردىنبىر دىققىتىنى تارتقىنى قۇللىرىنىڭ خۇددى توغرىغا سۇيىدە يۇيغاندەك ئاپئاقلىقى، يازلىق كىيىمىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى ۋە خۇشبۇي پۇراپ تۇرغان كىلون ئەتىرىنىڭ ھىدى ئىدى.

خوس ئاركادىئو ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ بىر يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا قورساق غېمىدە كۆمۈش شامدانىنى، جەمەت بەلگىسى ئويۇلغان ئالتۇن گارشوكىنى سېتىۋەتتى (شۇ چاغدىلا بايقىدىكى، گارشوكىنىڭ بەلگە قىسمىلا ئالتۇن ئىدى)، خۇشاللىق تاپىدىغان بىردىنبىر ئىشى بازاردىكى بالىلارنى ئۆيگە يىغىۋېلىپ ئوينىتىش ئىدى. چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقىتلىرىدا ئۇخلىماي بالىلارنى گۈللۈكتە ئارغامچا سەكرىتەتتى، پېشايۋاندا ناخشا ئېيتقۇزاتتى، كىرىسلو ۋە سافالاردا موللاق ئاتقۇزاتتى، ئۆزى بولسا بالىلارنىڭ بۇ توپىدىن ئۇ توپىغا بېرىپ تۈرلۈك قائىدىلەرنى ئۆگىتەتتى. بۇ چاغدا تار شىمى بىلەن يىپەك كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، ئەرەبلەرنىڭ دۇكىنىدىن ئالغان ئادەتتىكى كىيىملەرنى كىيىپ يۈرەتتى، شۇنداقتىمۇ تۈرلەرچە ئېرىنچەكلىكىدىن قالمايتتى ۋە پاپىلارچە سالاپىتىنى بۇزمايتتى. ھېلىقى بالىلار مېمېنىڭ ھېلىقى چاغدىكى ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاشلا ئۆينى بېشىغا كىيگەنىدى، ئەل ئايىغى بېسىققاندىمۇ ئۇلارنىڭ چۇلدۇرلاشلىرى، ناخشا توۋلاشلىرى، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ گۈپۈرلەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۆي باشقۇرۇقسىز قالغان ياتاقلىق مەكتەپكە ئايلىنىپ قالدى. ئورېلىئانونىڭ بولسا بۇ پاراكەندىچىلىك بىلەن كارى يوق ئىدى، بالىلار پەقەت مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى پاراكەندە قىلمىسىلا ئۇ شۇنىڭغا خۇش ئىدى. بىركۈنى ئەتىگىنى ئىككى بالا بۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، كىتابقا بېرىلىپلا كەتكەن، چاچلىرى پاخپىيىپ، ساقاللىرى چاڭگاكلىشىپ كەتكەن، يۈز ـ كۆزلىرى قاسماق بىر ئادەمنىڭ قولىدىكى كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلار ئۇسۇپ كىرىشكە پېتىنالمىدى، ئەمما ئۆينىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ نېرى كېتەلمىدى. ئۇلار كۇسۇرلاشقاچ ئىشىكنىڭ يېرىقىدىن مارىشاتتى، لۆمۈلدەپ تۇرغان تىرىك جان ـ جانۋارلارنى تۇڭلۇكتىن

تاشلايتتى، تېخى بىر قېتىم ئىشىك ـ دېرىزىسىنى مىخلىۋەتكەنىدى، ئورېلىئانو تازا يېرىم كۈن ھەپىلىشىپ ئاران ئاچتى. شۇنچە كەپسىزلىك قىلىسىمۇ جازاغا تارتىلمايۋاتقانلىقىنى كۆرگەن باللار بارغانسېرى قىزىپ، يۈرىكى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. بىركۈنى تۆت بالا بىرلىشىپ ئورېلىئانو ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەن پۇرسەتتە ئۆيگە كىرىپ تېرە قەغەز قولىيازمىلىرىنى ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولدى. نىھايەت، سارغىيىپ كەتكەن بۇ قەغەزلەرنى شۇنداق تۇتۇشىغا غايىبانە بىر كۈچ ئۇلارنى يەردىن يۇلۇپ كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئېسىپ قويدى، ئورېلىئانو قايتىپ كىرىپ تېرە قەغەزلەرنى قوللىرىدىن ئېلىۋالغاندىن كېيىنلا يەرگە چۈشتى. باللار شۇنىڭدىن كېيىن ئورېلىئانوغا ئىككىنچىلەپ كاشىلا قىلمىدى.

بۇ باللارنىڭ ئىچىدە يېشى ئەڭ چوڭ تۆت بالا باللاغەتكە يېتەي دەپ قالغان بولسىمۇ كالتە ئىشتانلىق يۈرۈۋېرەتتى، خوس ئاركادىئونىڭ ياسىنىش ـ تارىنىشلىرىنى شۇلار بەلگىلەيتتى. ئۇلار ئەتىگىنى ھەممىدىن بالدۇر كېلىپ قاق چۈشكىچە خوس ئاركادىئونىڭ ساقاللىرىنى ئالاتتى، بەدەنلىرىنى ئىسسىق لۆڭگە بېسىپ ئۇۋۇلايتتى، پۇت ـ قوللىرىنىڭ تىرناقلىرىنى ئېلىپ قوياتتى، ئەتىر چاچاتتى. خوس ئاركادىئو كۆلچەكتە سۇغا چىلىنىپ ئامارانتانى ئەسلىگەچ ئوخدا ياتقاندا ھېلىدىن ـ ھېلىغا كۆلچەككە چۈشۈپ بېشىدىن ئايىغىغىچە سوپۇن سۈرۈپ يۇيۇپ قوياتتى، ئاندىن بەدىنىنى لۆڭگە سۈرتۈپ قۇرۇتاتتى، ئۇپلاپ بولۇپ كىيىملىرىنى كىيگۈزۈپ قوياتتى. بۇ تۆت بالىنىڭ ئىچىدە قىزغۇچ ئەينەك شارچىدەك كۆزلىرى بەئەينى توشقاننىڭ كۆزىگىلا ئوخشايدىغان ئالتۇن چاچ بىر بالىنىڭ خوس ئاركادىئو بىلەن ئىنتايىن كۆڭلى يېقىن بولغاچقا دائىم قونۇپ قالاتتى، خوس ئاركادىئونىڭ دېمى سىقىلىپ ئۇيقۇسى قاچقان چاغلاردىمۇ ھەمراھ بولۇپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتى، بەزىدە گۆردەك قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇن ـ تىنسىز كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆيلەرنى بىللە ئايلىناتتى. ئۇلار بىركۈنى كېچىدە ئەنە شۇنداق ئايلىنىپ ئۈرسۇلانىڭ ھۇجرىسىغا كىرگىنىدە ھۇجرىنىڭ پەۋاسى گويا يەرنىڭ تەكتىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا

تاۋلانغان رەڭلىك ئەينەك دېرىزىدەك يورۇپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچى يوپيورۇق بولغاچقا چىراغ ياقمايلا پولنىڭ يېرىقىدىكى تاشنى قومۇرۇپ كۆرۈۋىدى، بۇرۇن ئۇرسۇلانىڭ كارىۋىتى قويۇلغان بىر بۇلۇڭدا، ئەڭ كۈچلۈك يورۇپ تۇرغان جايدا ئورېلىئانو II ئەسەبىيلەرچە شۇنچە جاھىللىق بىلەن كولاپمۇ تاپالمىغان ھېلىقى گەمە بايقالدى. بۇ گەمىگە ئاغزى مىس سىم بىلەن چىڭ بوغۇلغان ھېلىقى ئۈچ بېرزېنت خالتا تىقىپ قويۇلغانىدى، بۇ خالتىلارنىڭ ئىچىدىن تۆت دوبلالىق يەتتە مىڭ ئىككى يۈز ئون تۆت دوبرۇن تىللا چىقتى، بۇ تىللالار قاراڭغۇدا قىپقىزىل چوغدەك يالىلداپ تۇراتتى.

تېپىلغان بۇ مال ـ دۇنيا گويا تېز يامرىغان يانغىندەك تەسىرىنى كۆرسەتتى. خوس ئاركادىئو يوقسۇل چاغلىرىدا كېچە ـ كۈندۈز ئويلاپ كەلگىنىدەك ئۆشتۈمتۇت قولىغا كىرىپ قالغان بايلىقنى ئېلىپ رىمغىمۇ بارماستىن، ئاتا ـ بوۋىسىدىن قالغان ئۆي ـ زېمىنىنى ئەيش ـ ئىشرەت جەننىتىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. ھۇجرىنىڭ دۇخاۋا پەردىلىرىنى ۋە چىمىلدىقنى يېڭىلاپ ماسۇق پەردە ـ چىمىلدىققا ئالماشتۇردى، مۇنچىغا مەرمەرتاش ياتقۇزدى، تاملىرىغا چاقچۇق چاپلاتقۇزدى، تاماقخانىنى تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋە، كولباسا، چىلىغان كۆكتاتلار بىلەن توشقۇزۇۋەتتى. تاشلىنىپ قالغان ئامبارنىڭ ئىشىكىنى قايتىدىن ئېچىپ، ۋوگزالغا ئۆزى بېرىپ ئېلىپ كەلگەن، ئۈستىگە «خوس ئاركادىئو» دەپ يېزىلغان ساندۇق ـ ساندۇق ئۈزۈم ھاراقلىرى ۋە ئاق ھاراقلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. بىركۈنى كېچىدە ھېلىقى تۆت بالا بىلەن زىياپەت ئۆتكۈزۈپ تاڭ ئاتقۇچە ئوينىدى. ئۇلار ئەتىگەن سائەت ئالتىدە ھۇجرىدىن قىپيالىڭاچ پېتى يۇگۈرۈشۈپ چىقىپ مۇنچا كۆلچىكىدىكى سۇنى قويۇپ بېرىپ شامپان بىلەن توشقۇزدى ـ دە، كۆلچەككە سەكرەپ چۈشۈپ، گۈپۈلدەپ خۇشبۇي پۇراپ تۇرغان مازغاپتا تازا ئويناشتى، خوس ئاركادىئو بولسا ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئويۇن چىقارمىدى، كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە ئوڭدىسىغا لەيلەپ، ئامارانتانى ئەسلەپ خىياللار دەرياسىغا غەرق بولۇپ يېتىۋەرى. باللار قانغىچە ئويناپ زېرىككەندە يۇگۈرۈشۈپ ھۇجرىغا كىرىپ كېتىشتى ـ دە، دۇخاۋا پەردىلەرنى يۇلۇپ ئېلىپ بەدەنلىرىنى سۈرتۈشتى،

شوخلۇق قىلىشىپ قالايمىقانچىلىقتا چوڭ تىكلىمە تاشئەينەكنى چېقىپ سىيلىشتى، گۈررىدە كارىۋاتقا چىقىشىپ گۈللۈك چىمىلدىقنى يۇلۇۋېلىشتى. خوس ئاركادىئو قايتىپ كىرىپ، باللارنىڭ بەئەينى چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتنىڭ بۆلمىسىدە ياتقاندەك قىپيالىڭاچ پېتى قىستىلىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى. كۆز ئالدىدىكى ۋەيرانچىلىقتىن كۆرە، بولۇشچە ئويناپ بولغاندىن كېيىن يەنە مىسكىنلىك ئىچىدە قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۆزىگە ئىچ ئاغرىتتى ۋە ئۆزىدىن بىزار بولۇپ غەزىپى قىرىق گەز ئۆرلىدى. شۇ ئاچچىقىدا زاھىتلىق كىيىمى ۋە گۇناھىغا تۆۋە قىلغاندا ئىشلىتىدىغان تۆمۈر سايمانلار سېلىنىدىغان ساندۇقنىڭ تېگىدىن چېركاۋدىكى ئىت قوغلىغۇچىنىڭ قامچىسىنى ئالدى ـ دە، ساراڭدەك ھۆركىرىگىنىچە ئامراق ئەركە تايتاڭلىرىنى غەزەپ بىلەن ساۋاپ خۇددى بىر توپ ئەشەددىي چىلبۆرىنى سۈرگەندەك سۈر ـ توقاي قىلىپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن لەسسىدە بوشاپ يېتىپ قالدى، دەم سىقىمىسى قوزغىلىپ، ئۇدا بىرنەچچە كۈنگىچە ئۆلەر ھالەتتە ياتتى. يەتكىچە قىينىلىپ ئۈچىنچى كۈنى كەچتە نەپەس ئالالماي تۇنجۇقۇپ قالغىدەك ھالەتكە يەتتى ـ دە، ئورېلىئانونىڭ ئۆيىگە كىرىپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىرەر دورىخانىدىن دەم سىقىما پاراشوكى ئەكىلىپ بېرىشكە بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئورېلىئانو ئىككىنچى قېتىم ئۆيدىن چىقىپ بازارغا باردى. ئىككى كوچىدىن ئۆتۈپلا بىر دورىخانىنى تاپتى، چاڭ باسقان كۆزنەك ئىچىگە لاتىنچە خەتكۈچ چاپلانغان فارفۇر قۇتىلار تىزىقلىق تۇراتتى، نىل دەرياسىدىكى سۇ يىلنىنىغا ئوخشاش مۇلايىم ۋە گۈزەل بىر قىز خوس ئاركادىئو بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ بەرگەن دورا ئېتى بويىچە دورىنى ئېلىپ بەردى. بۇ قېتىم يول چىراغلىرىنىڭ سارغۇچ گۇڭگا نۇرىدا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان خارابە كوچىلارنىڭ مەنزىرىسىمۇ ئۆتكەن قېتىمقىدەكلا ئورېلىئانو بۇئېندىيەنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىيالمىدى. خوس ئاركادىئو ئورېلىئانونى قېچىپ كېتەرمۇ دەپ گۇمانلىنىپ ئولتۇرغاندا، ئۇزاق مۇددەت ھەرىكەت قىلماي پىنھاندا ياشاپ كەلگەنلىكتىن ئاجىزلاپ كەتكەن ئورېلىئانو ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى

سۆرىگىنىچە كىرىپ كەلدى، ئىتتىك مېڭىۋەتكەنلىكتىن ھۆمۈدەپ كەتكەنىدى. ئورېلىئانو بۇئېندىيەنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار بىلەن زادىلا كارى يوق ئىدى. ئورېلىئانونىڭ تاشقى دۇنياغا راستىلا قىزىقمايدىغانلىقىغا ئەمدى ئىشەنگەن خوس ئاركادىئو بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئانىسىغا بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىپ، ئورېلىئانونىڭ ئۆيدىن خالىغىنىچە چىقىپ ـ كىرىۋېرىشىگە رۇخسەت قىلدى.

— مېنىڭ كوچىغا چىققۇدەك ھېچ ئىشىم يوق، — جاۋاب بەردى ئورېلىئانو.

ئورېلىئانو شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرۇپ تېرە قەغەز قولىيازمىلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتتى، تەتقىقاتى بارا ـ بارا چوڭقۇرلاپ بارغان بولسىمۇ، مەزمۇنىنى يەنىلا ئۇتۇقلۇق يېشەلمىدى. خوس ئاركادىئو ئاز ـ تولا كولباسا، ئادەمنىڭ تىلىدا قالغۇدەك شېرىن گۈل كەمپۈتلەرنى ئورېلىئانوغا پات ـ پات ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى، ھەتتا ئىككى قېتىم بىر رومكىدىن ئەلا سورتلۇق ئۈزۈم ھارىقىمۇ ئالغاچ كىردى. خوس ئاركادىئو تېرە قەغەز قولىيازمىلىرىغا قىزىقمايتتى، بۇنى پەقەت مەززىسى يوق ئويۇن دەپ بىلەتتى. لېكىن بۇ غېرىب تۇغقىنىنىڭ كەمدىن كەم ئادەمدە ئۇچرايدىغان ئەقلى ۋە ھەيران قالارلىق مول ئىلمىگە قىزىقىپ قالغانىدى. شۇ چاغدىلا بايقىغانكى، ئورېلىئانو ئىنگلىزچىنىمۇ ئوقۇيالايدىكەن، ئۇ تېرە قەغەز قول يازما تەتقىقاتى ئارىلىقلىرىدا ئالتە توملۇق ئىنگلىزچە قامۇسنىمۇ خۇددى رومان ئوقۇغاندەك باشتىن ـ ئاياغ ئوقۇپ بولغانىكەن. خوس ئاركادىئو ئورېلىئانونىڭ رىم توغرىسىدا خۇددى شۇ يەردە ئۇزاق يىل تۇرغان ئادەمدەك بىلەرمەنلىك بىلەن سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، دەسلەپتە بايقىدەك سەۋەبتىن بولسا كېرەك دەپ چۈشەنگەنىدى، ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ تۇغقىنىنىڭ قامۇستىن تېپىلمايدىغان يەنە نۇرغۇن بىلىمدىنىمۇ خەۋىرى بارلىقىنى ھېس قىلدى. مەسىلەن، مال باھاسى.

— بۇ جاھاندا بىلگىلى بولمايدىغان ئىش بولمايدۇ.

خوس ئاركادىئو قانداق بىلدىڭ دەپ سورىغانلىرىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن شۇنداق

جاۋابقىلا ئېرىشەلەيتتى.

ئورېلىئانومۇ يېقىن تۇرۇپ كۆرگەن خوس ئاركادىئونىڭ ئىلگىرى ئۆيلەرنى ئايلىنىپ يۈرگەن چاغلىرىدا يىراقتىن كۆرگەن ئوبرازىغا تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقىدىن ھەيران ئىدى. چۈنكى، ئۇمۇ كۆلىدىكەن، گاھىدا ئىختىيارسىز بۇ ئۆينىڭ ئۆتمۈشىنى ئەسلەپمۇ قويىدىكەن، مېرگادىسنىڭ ئۆيىدىكى خارابىلىقتىن ئۇھسىنىدىكەن دېسە! بۇ تومۇرداش ئىككى غېرىب يېقىن ئۆتتۈۋاتقاندەك قىلغىنى بىلەن دوستلۇقتىن ئەسەر يوق ئىدى ـ يۇ بۇ ئائىلىنى ۋە بۇ ئائىلىدىكىلەرنى يالماپ يۇتتۇۋاتقان سىرلىق غېرىبلىققا ئورتاق ئىدى. خوس ئاركادىئو كەيپىنى ئۇچۇرۇۋاتقان كۆندىلىك قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئورېلىئانودىن ياردەم سورايتتى، ئورېلىئانومۇ پېشايۋاندا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيالايدىغان، ئامارانتا ئۇرسۇلادىن بۇرۇنقىدەكلا ۋاقتى ـ ۋاقتىدا كېلىپ تۇرىدىغان خەتلىرىنى پوچتالىيوننىڭ قولىدىن ئېلىپ قويالايدىغان، خوس ئاركادىئو بۇرۇن كىرگۈزمەيدىغان مۇنچىنى ئىشلىتەلەيدىغان بولدى.

دىمىق بىر ئەتىگىنى دەرۋازىنىڭ ئەنسىز ئۇرۇلۇشى بىلەن ئىككىلىسى چۆچۈپ ئويغاندى. دەرۋازىنى ئۇرغۇچى كۆكۈش پالكۆزلىرى ئەرۋاھ چىراي كۆرسىتىپ قويىدىغان، پېشانىسىدە كۆلرەڭ كىرېست بەلگىسى بار قاراماتاق بىر بوۋاي ئىدى. بوۋاي جۇل ـ جۇل ئۈستىبېشى، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن ئاياغلىرى، بىردىنبىر يۈك ـ تاقى سۈپىتىدە مۈرىسىگە سالغان خۇرجىنى بىلەن بەئەينى تىلەمچىنىڭ ئۆزىلا ئىدى. بىراق، ئەپتىدىن شۇ تۇرقىغا تامامەن ئوخشىمايدىغان بىر سالاپەت چىقىپ تۇراتتى. گۈگۈگا مېھمانخانىدا تۇرغىنىدىمۇ ھايات قېلىشىغا تۇرتكە بولغان سىرلىق كۈچنىڭ ھەرگىزمۇ تۇغما ئىقتىدارى ئەمەس، بەلكى ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋەھىمە ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىۋالغىلى بولاتتى. بۇ كىشى دەل پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئون يەتتە ئوغلىدىن ھايات قالغان ھېلىقى بىردىنبىر ئوغلى ئورېلىئانو ئامادو ئىدى. خەۋپ ئىچىدە ئۆتكەن قاچقۇنلۇق ھاياتىدا ئېغىر ھالسىراپ بىردەمگىنە بولسىمۇ جېنىغا ئاراملىق ئىزدەپ كەلگەن ئورېلىئانو ئامادو سالاھىيىتىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈپ، ئۆزىنى تاشلىغۇەتكەن بۇ

دۇنيانىڭ زۇلمەتلىرىدە ئەڭ ئاخىرقى پاناھگاھ دەپ قاراپ كەلگەن بۇ ئۆيدە تۇرۇپ قېلىشىغا ئىجازەت بېرىلىشىنى ئۆتۈندى. بىراق، خوس ئاركادىئو بىلەن ئورېلىئانونىڭ بۇنداق تۆغقىنى بارلىقىدىن پەقەتلا خەۋىرى يوق ئىدى، شۇڭا سەرگەردان دەپ بىلىپ، ئىتتىرگىنىچە كوچىغا چىقىرىۋەتتى. ئۇ ئىككىسى شۇ ئەسنادا ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ خوس ئاركادىئو تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىلا باشلانغان بىر ئويۇننىڭ ئاخىرىنى كۆردى. كۆپ يىلدىن بۇيان ئورېلىئانو ئامادونى ئىزدەپ يۈرگەن، ئىتقا ئوخشاش ئىزىنى ئىزلاپ جاھاننىڭ يېرىمىنى ئايلىنىپ چىققان ئىككى ساقچى پىيادىلەر يولىنىڭ بويىدىكى بادام دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىدا يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولدى، ئاندىن ماۋزوردىن ئېتىلغان ئىككى پاي ئوق ئورېلىئانو ئامادونىڭ پېشانىسىدىكى كىرېست بەلگىسىدىن تېشىپ ئۆتتى.

خوس ئاركادىئو ھېلىقى باللارنى ئۆيدىن سۈرۈپ چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ئىزچىل تۇردە روژدېستۋا بايرىمىدىن بۇرۇن نىئاپولغا قاراپ يولغا چىقىدىغان پاراخوتنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ كەلگەندى. بۇ ئىشنى ئورېلىئانوغا ئېيتقان ھەمدە ئوبدان بىر پىلان تۈزۈپ، ئورېلىئانوغا جېنىنى بەخۇدۇك بېقىپ كەتكۈدەك بىر سودىنىمۇ ئۇقۇشۇپ قويغانىدى. چۈنكى، فېرناندانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ھېچكىم سېۋەتتە يېمەك - ئىچمەك ئەكىلىپ بەرمەس بولغانىدى. نەھايەت، خوس ئاركادىئونىڭ بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىدى. سىنتەبىر كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئۇ ئاشخانىدا ئورېلىئانو بىلەن قەھۋە ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ بولاي دەپ قالغاندا ئۆزى ھېلىقى كۈنى قوغلىۋەتكەن تۆت بالا كاھىش تورۇسنىڭ كامىرىدىن سەكرەپ چۈشتى - دە، ئېسىنى يىغىپ قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك بولغىچە كىيىملىرى بىلەنلا كۆلچەككە سەكرەپ چۈشۈپ خوس ئاركاردىئونى چېچىدىن تۇتۇپ سۇغا باستى، شۇ باسقىنىچە جان - جەھلى بىلەن تىركىشىۋاتقىنىدا ئۆرلەپ چىقىۋاتقان بۇژغۇن توختاپ، دېلفىننىڭ قورسىقىدەك ئاپئاق بەدىنى لەسسىدە بوشاپ خۇشپۇراق كۆلچەك سۇيىنىڭ تەكتىگە سىيرىلغىلى

تۇرغاندىلا قويۇپ بەردى. شۇندىن كېيىن ئۆزلىرى بىلەن ئۆلگۈچىلا بىلىدىغان گەمىدىن ئۈچ خالتا تىللانى ئېلىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى تېز، تەرتىپلىك ھەم شەپقەتسىز ھەرىكىتى تۇيۇقسىز باشلىنىپ ئۇتتۇقلۇق تاماملانغان بىر قېتىملىق ھەربىي مانېۋىردىن قېلىشمايتتى.

ئۆيگە بېكىنىپ ئولتۇرغاچقا ھېچنېمىنى سەزمەي قالغان ئوربىلىئانو شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئاشخانىغا كىرىپ خوس ئاركادىئونى ئېسىگە ئالدى ـ دە، پۈتۈن ئۆينى بىرەر قۇر ئىزدەپ چىققاندىن كېيىن ئاخىر ئۇنى مۇنچىدىن تاپتى. خوس ئاركادىئو خۇشپۇراق كۆلچەكتىكى ئەينەكتەك سىلىق ۋە تەكشى سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇراتتى، بەدىنى كۆپۈشۈپ يوغىناپ كەتكەن بولسىمۇ ھېلىھەم ئامارانتانى ئەسلەۋاتقاندەك قىلاتتى. ئوربىلىئانو شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ خوس ئاركادىئونى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندەك بولدى.

# ئون توققۇزىنچى باب

ئامارانتا ئۇرسۇلا ئۆيگە خەۋەر بېرىپ ۋەتىمەيلا دېكابىرنىڭ باشلىرىدا يۇرتىغا ئامان ـ ئېسەن قايتىپ كېلىپ، ئېرىنى بويىنىدىكى يىپەك لېنتىسىدىن يېتىلىگىنىچە ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ئۇچىسىغا سۇتتەك ئاق كىيىم كىيگەن، بارماقلىرىغا يېشىل ۋە سېرىق ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان، بوينىغا تىزىغىچە ساڭگىلاپ چۈشكۈدەك ئۇزۇن مارجان ئاسقان، چېچىنى سىلىق ۋە چىرايلىق بانتىلاپ قارلىغاچ قۇيرۇقلۇق سىرغا بىلەن قىسىۋالغانىدى. ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا تەگكەن بۇ ئېرى پىشقان، بوي ـ تۇرقى كېلىشكەن، ماتروسقىلا ئوخشايغان فىرانىدېلىق ئىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپلا ئۆزىنىڭ ئۆيدىن ئايرىلغىنىغا ئۇيلىغىنىدىنمۇ ئۇزاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئاقىۋىتىنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— يا پەرۋەردىگار، — توۋلىۋەتتى ھەيرانلىق بىلەن، لېكىن ھاياجىنى ھەيرانلىقىدىن چارە ئىدى، — بۇ ئۆيدە ئايال كىشى يوق ئىكەن ـ دە!

يۇك ـ تاقلىرى پېشايۋانغا كەپلىشىپ قالدى. ئوقۇشقا ماڭغاندا ئېلىۋالغان فېرناندانىڭ قەدىمىي ساندۇقىدىن باشقا يەنە بىر يوغان كىيىم ئىشكاپى، تۆت يۇك ـ تاق چامادانى، لىق بىر سومكا كونلۇك، سەككىز شىلەپە كوروپكىسى، ئەللىك سېرىق قۇشقاچ سولانغان چوڭ بىر قەپەس بار ئىدى، بۇلاردىن باشقا ئېرىنىڭ ۋېلىسىپىتى پارچىلاپ قاچىلانغان بىر قاپمۇ بولۇپ، ئېرى بۇ قاپنى چوڭ ئىسكىرىپكا كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا شۇنچە ئۇزاق يولنى بېسىپ كەلگىنىگە قارىماي ئېرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدىن بىر ماتا چاپاننى تېپىپ كىيدى ـ دە، ئۆيلەرنىڭ ئىچ ـ تېشىنى پاكىز تازىلاپ چىقتى. كارىدورغا ئۇۋۇلاپ كەتكەن قىزىل

چۇمۇلىلەرنى سۈپۈرۈپ چىقىرىۋېتىپ ئەتىرگۈللەرنى تىرىلدۈردى. ئوت ـ چۆپلەرنى يۇلۇۋېتىپ قىرىققۇلاق تېرىۋەتتى، چىتنى بويلىتىپ تەشتەك ـ تەشتەك كۆزلۈك تاشئالمىلارنى تىزىۋەتتى. بىر توپ ياغاچچى، قۇلۇپچى ۋە تامچىلارنى باشلاپ كېلىپ پولدىكى يېرىقلارنى ئەتكۈزدى، ئىشىك ـ راملارنىڭ گىرەچىلىرىنى ئوڭلاتتى. ئاندىن ئۆي ـ جابدۇقلىرىنى يېڭىلىدى، تاملارنىڭ ئىچ ـ تېشىنى ئاقارتقۇزدى. شۇنداق قىلىپ ئامارانتا ئۇرسۇلا قايتىپ كېلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن بۇ ئۆيدە يەنە ئاپتوماتىك پىيانىنو دەۋرىدىكىدەك جۇشقۇن، شاد ـ خۇرام كەيپىيات ئەسلىگە كەلدى. بۇ ئۆيدە ھېچكىم ھېچقانداق ۋاقىتتا ۋە ھېچقانداق ئەھۋالدا ئامارانتا ئۇرسۇلادەك ئۇمىدۋار بولۇپ باقمىغان، ئامارانتا ئۇرسۇلادەك تىنماي ناخشا ئېيتقۇسى، توختىماي تانسا ئوينىغۇسى كېلىپلا تۇرىدىغان، كونىلىق ۋە كونا قائىدە ـ يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى ئەخلەتخانىغا تاشلىۋەتكۈسى كېلىپلا تۇرىدىغان بولۇپ باقمىغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا كۆڭۈلنى بۇزىدىغان ئۆلۈم ئەستىلىكلىرىنى شارتتىدە سۈپۈرۈۋەتتى، يىللار بويى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا دۆۋىلىنىپ تۇرۇۋاتقان كېرەكسىز ئەسكى ـ تۇسكىلەرنى ۋە خۇراپىيلىققا ئائىت نەرسىلەرنى ئېچىقىپ تاشلىدى. ئۇرسۇلاغا بولغان ھۆرمىتى تۈپەيلىدىن پەقەت رېمەدىئوسنىڭ كۈمۈش رامكىغا ئېلىنغان سۈرىتىنىلا قالدۇرۇپ قويدى.

— قالتىسقۇ! — دېۋەتتى ئۇ رېمەدىئوسنىڭ رەسىمىگە قاراپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلگىچە كۈلۈپ، — ئون تۆت ياشلىق مومام ئىكەن ئەمەسمۇ!

تامچىلاردىن بىرى بۇ ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى جىن ـ ئالۋاستىلار ئىگىلىۋالغانلىقىنى، ئۇلارنى ئۆزلىرى تىقىپ قويغان مال ـ دۇنيانى قېزىپ چىقارغاندىلا قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئامارانتا ئۇرسۇلا قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپ ئەرلەرنىڭمۇ خۇراپىيلىققا ئىشىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ شۇنداق تۈز، ئەركىن ۋە مەدەنىي ئايال ئىدىكى، ئورېلىئانو ئۇنىڭ ئىشىكتىن كىرگەنلىكىنى كۆرگەن شۇ دەقىقىلەردىلا تەمتىرەپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى.

— ۋاي ـ ۋۇي! — خۇشاللىقتىن ۋارقىرىۋەتكەنىدى ئامارانتا ئۇرسۇلا شۇ چاغدا

غۇلىچىنى كېرىپ، ــ قاراڭلار، مۇنۇ سۆيۈملۈك كەپسىز بىنىڭ چوپچوڭلا ئادەم بولۇپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان!

ئورېلىئانو نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، ئامارانتا ئۇرسۇلا يۈك ـ تاقلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن پاتېفونغا پىلاستىنكىدىن بىرنى سېلىپ، ئورېلىئانوغا ئەڭ مودا تانسا ئۆگەتمەكچى بولۇپ سۆرەشتۈرگىلى تۇرغانىدى. ئاندىن ئورېلىئانونىڭ ئۇچىسىدىكى پولكوۋنىك ئورېلىئانودىن قالغان مەينەت ئىشتاننى زورلاپ سالغۇزۇۋېتىپ بىرمۇنچە شوخ رەڭلىك كۆڭلەك ۋە بىر جۈپ شىبلىت سوۋغا قىلدى ھەمدە مېرگادىسنىڭ ئۆيىدە ئۇزاق زامان تۇرىۋەرگەنلىكتىن بىرقىسىملا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كوچىغا قوغلىغىلى تۇردى.

ئامارانتا ئۇرسۇلا خۇددى ئۇرسۇلاغا ئوخشاشلا جۇغى چاققان، تېتىك ئىدى، ساھىبجامال رېمەدىستەك گۈزەل ۋە جازىبىدار، تۇغۇلۇشىدىنلا ئالدىن كۆرەر ئىدى. پوچتىدىن كەلگەن ئەڭ يېڭى مودا كىيىملەرنىڭ پاسونى ئامارانتا ئۇرسۇلا ئامارانتادىن قالغان كونا قول ماشىنىسىدا تىككەن كىيىملەرنىڭ پاسونىغا ئوپمۇ ئوخشاش بولۇپ چىقاتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ياۋروپادا چىقىدىغان بىرمۇنچە مودا كىيىم، سەنئەت ۋە مودا ناخشا ـ مۇزىكا ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولغانىدى، لېكىن ئۇ ژۇرناللارغا شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرتۈپلا دۇنياۋى ئېقىمنىڭ تەرەققىياتى تەسەۋۋۇرىدىكىسىدىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىۋالاتتى. مۇشۇنداق خىسلەتكە ئىگە بىر ئايال زاتىنىڭ، يەنە كېلىپ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدە ياشىمەن دېسە دۆلەتمەن ئېرىنىڭ پۇلى يېتىپ ئاشىدىغان، كۆيگەندىمۇ بۇرنىغا چولۇك ئۆتكۈزۈپ سۆرەپ ماڭغىنىغىمۇ رازى بولىدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەن دۆلەتمەن ئاشىق ئېرى بار بىر ئايالنىڭ چاڭ ـ توزاننىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتىپ ئۆلۈكتەك تىمتاس بولۇپ قالغان مۇشۇنداق بىر بازارغا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. نەھايەت، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىش ئارزۇسى بارغانسېرى كۈچەيدى. كۆڭلىگە پۈككەن ئويلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇزاق مۇددەتلىك پىلان ئىدى، قارارىمۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ماكوندودا ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. سېرىق قۇشقاچ

لىرىنى قەپەسكە سولاپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئۆزىدىنلا تۇرۇپلا قىزىپ كېتىپ شۇنداق قارارغا كېلىپ قالمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ئانىسىنىڭ بىر پارچە خېتىدە قۇشلارنىڭ قىرىلىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە يازغانلىقى ئېسىدە بولغاچقا، ماكوندونىڭ ئاسمىنىنى قۇشلار بىلەن بېزەش مەقسىتىدە ئەتەيلا بەخت تاقىم ئاراللىرىدا توختاپ ئۆتىدىغان بىر پاراخوتقا چۈشۈپ، شۇ ئارالدىن يىگىرمە بەش جۈپ ئەڭ ياخشى سورتلۇق سېرىق قۇشقاچنى تاللاپ ئېلىپ كەلگەنىدى. بۇ ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ سانسىز مەغلۇبىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ ئەپسۇسلىنارلىق بىر مەغلۇبىيىتى بولدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا قۇشقاچلىرى كۆپەيگەندىن كېيىن جۈپ - جۈپى بىلەن قويۇپ بەردى، ئۇ قۇشقاچلار بولسا قەپەستىن قۇتۇلۇپ چىقىپلا دەرھال بۇ بازاردىن ئۇچۇپ كېتىشتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا بۇ چاغدا ئۇرسۇلا بىرىنچى قېتىم ئۆي - جايىنى كېڭەيتكەن چاغدا ياسىغان يوغان كاتەك ئارقىلىق قۇشقاچلارنى جەلپ قىلماقچى بولدى، لېكىن پايدىسى بولمىدى. بادام دەرەخلىرىگە قومۇش ئوتتا ئۇۋا ياساپ، ئۇۋىنىڭ ئۈستىگە دان سېپىپ باقتى، قەپەستىن قويۇۋېتىلگەن قۇشقاچلارنى قەپىسىگە قايتۇرغۇزماقچى بولۇپ قەپەستىكى قۇشقاچلارنى سايرىتىپ باقتى، ھەممىسى بىكار بولدى. ئۇ قۇچقاچلار قەپەستىن چىقىشى بىلەنلا قىلچە ئىككىلەنمەستىن قانات قاققىنىچە كۆكنىڭ قەرىدە بىر ئايلىنىۋېتىپ، نىشانىنى تېپىۋالغان ھامان بەخت ئارىلى تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كېتىشتى.

ئامارانتا ئۇرسۇلا قايتىپ كېلىپ بىر يىلغىچە ھېچقانداق دوست تۇتمىدى، زىياپەتمۇ ئۆتكۈزمىدى، لېكىن قىسمىتى تەتۈر كېلىپ قالغان بازارنى قۇتقۇزۇۋالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. ئېرى گاستون ئەزەلدىن چوكىنىنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ئىش قىلمايتتى. بىراق، ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈنى چۈشتىن كېيىن پويىزدىن چۈشۈپلا ئايالىنىڭ نەدىكى بىر تايىنى يوق سېغىنىشلىرى تۈپەيلىدىنلا شۇنداق قارارغا كەلگەنلىكىنى سەزگەنىدى. رېئاللىقنىڭ ئۆزۈنغا قالمايلا ئايالىنىڭ خام خىياللىرىنى بەربات قىلىپ تاشلايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى، شۇنىڭ بىلەن ۋېلسىپىتىنىمۇ قولىنىڭ ئۇچىدىلا قوراشتۇرۇپ قويۇپ، تامچىلار يۇلۇۋەتكەن

ئۆمۆچۈك تورلىرى ئىچىدىن ئۆمۆچۈك تۇخۇمىنىڭ ئەڭ پارقىرىقىنى ئىزدەپ تېپىپ، تىرنىقى بىلەن يېرىپ، ئىچىدىن چىققان ئۆمۆچۈكلەرنى لوپا ئەينەك بىلەن سائەت ـ سائەتلەپ كۆزىتىش بىلەن بەند بولدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن داۋاملىق ئۆي يېڭىلاشقا كىرىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئالدى چاقى كەينى چاقىدىن خېلىلا چوڭ ئالاھىدە جەلپ قىلارلىق ۋېلىسىپىتىنى قوراشتۇرۇش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەردە ياشايدىغان ھەر خىل ھاشاراتنى كۆڭۈل قويۇپ تۇتۇشقا باشلىدى ھەمدە ئەۋرىشكىسىنى مۇراببا بوتۇلكىلىرىغا سېلىپ، ئۆزى ئوقۇغان لېژى ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تەبىئەت تارىخى ئوقۇتقۇچىسىغا ئەۋەتىپ تۇردى. گاستون ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئاساسىي كەسپى ئۇچقۇچىلىق بولسىمۇ، ھاشارات ئىلمىنىمۇ بېرىلىپ ئۆگەنگەنىدى. ۋېلىسىپىت مىنگەندە ئۇچىسىغا سېرىكچىلەر كىيىدىغان ئۇزۇن ئىشتان، پۇتىغا نەيچىلەر كىيىدىغان ئۇزۇن پايپاق، بېشىغا ھولمېسچە شىلەپە كىيىۋالاتتى؛ پىيادە ماڭغاندا ئۇچىسىغا كاناپ پەلتو، پۇتىغا ئاق شىبلىت كىيەتتى، بويىنىغا كېپىنەك شەكىللىك مەشۇت گالىستۇك تاقايتتى، بېشىغا تار قىرلىق چىغ قالپاق كىيىپ، قولىدا ھاسا تۇتۇۋالاتتى. كۆكۈش كۆزلىرى بىلەن ماتروسقىلا ئوخشاپ كېتەتتى، لېۋىنىڭ ئۈستىگە تېيىننىڭ مويىدەك يۇمشاق ۋە چىرايلىق ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالاتتى. ئايالىدىن ئاز دېگەندىمۇ ئون بەش ياش چوڭ بولۇشىغا قارىماي، زوق ـ ھەۋەسلىرى ياش يىگىتلەردىن قېلىشمايتتى ھەمدە ئامارانتا ئۇرسۇلانى ئەركىلىتىپلا تۇراتتى، بۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرى ياش پەرقىنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. ھەرقانداق ئادەم يېشى قىرىقتىن ھالقىغان، ئېھتىياتچان، بويىنىغا يىپەك لېنتا چىگىپ، سېرىك ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ يۈرىدىغان بۇ ئادەمنى كۆرسە، ياش ئايالى ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوتتەك قىزغىن ئىشقى بارلىقىنى، پەيزى تۇتۇپ كەتسە ھەرقانداق ناباپ جايدىمۇ ئىرمىشىپ ـ چىرمىشىپ خۇمارىدىن چىقىۋېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيتتى. يەنە كېلىپ دەسلەپ تونۇشقان چاغلىرىدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر ئىزچىل شۇنداق بولۇپ كەلگەنىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە، سورۇننىڭ بارغانچە

ئۆزگىرىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ئىشق ـ زوقىمۇ بارغانسېرى دولقۇنلىنىپ باردى. گاستون پاراسەتلىك ۋە چەكسىز تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە ئوت يۈرەك ئاشىق بولۇپلا قالماي، بىر پارچە رۇخسار گۈللۈكتە مەشۇقى بىلەن كۆڭۈل خۇشى قىلىش ئۈچۈنلا قونۇپ قېلىپ، مەشۇقى بىلەن بىللە جېنىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالغان ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىرىنچى ئەخمەق بولۇپمۇ ھېسابلىناتتى.

بۇ ئىككىسى تويىدىن ئۈچ يىل بۇرۇن تونۇشۇپ قالغان. گاستون شۇ چاغدا مەشىق ئايروپىلاننى ھەيدەپ ئامارانتا ئۇرسۇلا ئوقۇيدىغان مەكتەپنىڭ ئۈستىدە موللاقشىپ، ئايروپىلاننى دادىللىق بىلەن بايراق خادىسىدىن قاچۇرماقچى بولۇۋاتقاندا كاناپ ۋە رودىن تۈزۈلگەن بۇ قوپال ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقى ئىستولبىغا ئىلىنىشىپ قالغانىدى. گاستون شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ پۇتىغا تارشا تېڭىقلىق ئىكەنلىكىگە قارىماي ھەر شەنبە كۈنى ئامارانتا ئۇرسۇلانى موناخلار ياتىقىدىن ئالغىلى باراتتى (ئېنىقكى، ئۇ يەرنىڭ تۈزۈمى فېرناندانىڭ كۈتكىنىدەك ئۇنچە چىڭ ئەمەس ئىدى)، ئاندىن ئامارانتا ئۇرسۇلانى ئۆزىنىڭ مۇسابىقە كۇلۇبىغا ئېلىپ باراتتى. ئۇلار يەكشەنبە كۈنلىرى بەش يۈز مىل ئېگىزلىكتىكى دالا ئاسمىنىدا مۇھەببەتلىشەتتى. يەردىكى ئادەملەرنىڭ قارىسى كىچىكلەپ كۆرۈنگەنسېرى، ئىككىسىنىڭ كۆڭلىمۇ بىر ـ بىرىگە شۇنچە يېقىنلىشىپ كېتەتتى. ئامارانتا ماكوندو ھەققىدە پاراڭ سالغانلىرىدا، ئۇ يەرنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بەختىيار، ئەڭ تىنچ بازار سۈپىتىدە سۈرەتلەپ، رەيھاننىڭ خۇشبۇي ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان چوڭ بىر قورو ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتى، سادىق ئېرى، شوخ ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى بىلەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلاتتى. ئوغۇللىرىنىڭ ئىسمىنى رودېرىگو ۋە گونزېرو قويىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ ئورېلىئانو ۋە خوسې ئاركادىئو قويمايدىغانلىقىنى، قىزىنىڭ ئىسمىنى ۋېرگىنىيە قويىدىغانلىقىنى، ھەرگىزمۇ رېمەدىس قويمايدىغانلىقىنى بايان قىلاتتى. ئانا يۇرتىنى سېغىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ كىچىك بازارنى غايىۋىلاشتۇرۇپ ئەسلەيتتى. گاستون شۇنىڭ بىلەن ئەگەر ئامارانتا ئۇرسۇلانى ئەمرىگە ئالىدىغان بولسا، چوقۇم ماكوندودا ياشىماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. گاستون

خۇددى كېيىن ھېلىقى مەشۇت لېنتىنى بويىنىغا سېلىشقا ماقۇل بولغىنىغا ئوخشاش ماكوندوغا بېرىشقا قوشۇلدى. چۈنكى، بۇ ئامارانتا ئۈرسۇلانى ۋاقتىنچە بەڭباشلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇ ئىشلار ھامان ئۆزگەرمەي قالمايدۇ دەپ ئويلايتتى. بىراق، ئامارانتا ئۈرسۇلا ماكوندودا ئىككى يىل تۇرغاندىن كېيىنمۇ يېڭى قايتىپ كەلگەن چاغلىرىدىكىدەكلا خۇشال ئۆتتۈۋەردى، بۇ ھالدىن گاستوننىڭ ھوشيارلىقى قوزغالدى. گاستون بۇ چاغدا شۇ رايوندىكى ئەۋرىشكە ئالغىلى بولىدىغانلىكى ھاشاراتلارنىڭ ھەممىسىدىن ئەۋرىشكە ياساپ بولغان، ئىسپان تىلىنىمۇ خۇددى مۇشۇ يەرلىكلەردەكلا راۋان سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتكەن، ژۇرناللاردىكى تېپىشماقلارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ بولغانىدى. ھاۋانى باھانە قىلىپ ئايالىنى بۇ يەردىن قايتىپ كېتىشكە ئالدىرىتالمايتتى. چۈنكى، گاستون تۇغۇلۇشىدىنلا ياقا يۇرتنىڭ يەر ـ سۇيىگە ماسلىشىپ كېتەلەيدىغان مۇستەملىكىچىلەرگە خاس تەن ساپاسىغا ئىگە بولغاچقا، دىمىق ئىسسىقتا قىينالمايلا چۈشلۈك ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋېرەتتى، قۇرتلاپ كەتكەن سۇلارنىمۇ ئىچىۋېرەتتى. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ يەرلىك تائاملىرىغا شۇنداقمۇ ئامراق بولۇپ كەتكەنىدىكى، بىر كۈنى بىر ۋاق تامىقىدا تىمساھنىڭ تۇخۇمىدىن سەكسەن تۆتنى يەۋەتكەنىدى. ئامارانتا ئۈرسۇلا بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە پويىزدا مۇزلاتقۇغا سېلىنىپ بۇ يەرگە كەلتۈرۈلگەن تولۇق بېلىق، تولۇق راك، گۆش كونسېرۋالىرى ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملارنىلا يەيتتى، بۇ يەردە بارىدىغان يېرى، يوقلايدىغان ئادىمى بولمىسىمۇ ياۋروپاچە كىيىنىپ، ياۋروپاچە ياسىنىپ يۈرەتتى ھەمدە مودا كىيىم ژۇرناللىرىغا مۇشتەرى بولۇۋېرەتتى، ئېرىنىڭ بولسا ئايالىنىڭ بۇنداق مودا قىلىپ كىيىۋالغان كالتە كۆڭلەكلىرىگە، قىڭغىر كىيىۋالىدىغان شلەپىلىرىگە ۋە يەتتە تىزىق مارجىنىغا قارىغۇدەك زوقى يوق ئىدى. ئامارانتا ئۈرسۇلانىڭ سىرى ئۆزىنى مەڭگۈ ئالدىراش قىلىۋېلىشتا، ئۆزى بىر قوللۇق پەيدا قىلغان ئۆي ئىشلىرى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتا، تۈزىتىش ئۈچۈن دائىم ئىشىدىن چاتاق چىقىرىپ تۇرۇشتا ئىدى. فېرناندا ھايات بولغىنىدا قىزىدىكى بۇنداق زىيانلىق تېتىكلىكنى چوقۇم تىكىپ ـ سۆكۈشتەك جەمەت ئەنئەنىسىگە مەنسۇپ يامان ئادەتتىن كۆرگەن بولاتتى. ئامارانتا ئۈرسۇلا ئۆزگەرمەس تۇغما تەبىئىتىگە مۇناسىپ

ھالدا ئويناپ كۆلۈشكە ھېلىمۇ ھېرىسمەن ئىدى، ھەر قېتىم پوچتىدىن يېڭى پىلاستىنكا تاپشۇرۇۋالسىلا گاستوننى مېھمانخانىغا چاقىرىۋېلىپ، ساۋاقداشلىرى قەغەزگە سىزىپ بەرگەن تانسا ھەرىكىتىنى كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغىچە مەشىق قىلاتتى، بۇ ئىشلار ئادەتتە ۋىيېننانىڭ تەۋرەنمە ئورۇندۇقىدا ياكى داق يەردىلا بولىدىغان كۆڭۈلخۇشى بىلەن ئاخىرلىشاتتى. بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنى تېخىچە بالىلىق بولمىغانلىقى ئىدى. شۇنداقتىمۇ باشتا ئېرى بىلەن دېيىشىۋالغىنى بويىچە توي قىلىپ بەش يىل ئىچىدە بالىلىق بولمايمىز، دېگەن ئەھدىسىگە ھۆرمەت قىلاتتى.

گاستون زېرىكىشلىك ۋاقىتلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن دائىم مېرگادىسنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، چۈش بولغىچە سىرلىق ئورېلىئانو بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، ئورېلىئانوغا ئانا يۇرتىنىڭ ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ بېرەتتى، ئورېلىئانو بولسا خۇددى شۇ يەردە ئۇزاق ياشىغاندەكلا ئۇ ئىشلاردىن ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە خەۋەردار ئىدى. گاستون ئورېلىئانودىن قامۇستا يوق ئۇچۇرلارنى قانداق بىلىۋالغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇنىڭدىن خوس ئاركادىئو ئالغان جاۋابقا ئوخشاشلا جاۋاب ئالاتتى.

— بۇ جاھاندا بىلگىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

ئورېلىئانو سانسكرىت تىلىدىن باشقا ئىنگلىزچە، فىرانسۇزچە، ئاز - پاز لاتىنچە ۋە گىرېكچە بىلەتتى. ئۇ چاغلاردا كۈندە چۈشتىن كېيىن سىرتقا چىقىپ تۇراتتى، ئامارانتا ئۇرسۇلامۇ ھەر ھەپتىدە پارچە - پۇرات پۇل بېرىپ تۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن مېرگادىسنىڭ ئۆيى ئۇزاققا بارمايلا كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ كىتابخانىسىنىڭ شۆبىسى بولۇپ قالدى. ئورېلىئانو دائىم يېرىم كېچىگىچە كىتاب ئوقۇپ تويمايتتى. گاستون ئورېلىئانونىڭ بۇنداق كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىغا قاراپ، كىتابنى بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئەمەس، بىلىمىنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئالىدىغانلىقىنى بايقىدى. ئورېلىئانو ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھېچقانداق كىتاب تېرە قەغەز قول يازمىلىرىدەك جەلپ قىلارلىق ئەمەس ئىدى، شۇڭا چۈشتىن بۇرۇنقى ئەڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئاشۇ قوليازمىنى ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. گاستونمۇ، ئايالىمۇ ئورېلىئانونى ئائىلىۋى

تۇرمۇشقا قوشۇلۇپ كەتسە ئىكەن دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. بىراق، ئورېلىئانو ئۆزىنى سىر تەتقىقاتىغا ئاتىۋەتكەنىدى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەتراپىنى ئورىۋالغان سىرلىق تۇمانمۇ بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى. بۇنداق تۇساقنى بۇزۇپ تاشلىغىلى بولمىغاچقا، گاستوننىڭ قويۇق ئارىلىشىپ بېقىش يولىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىپ، زېرىكىشلىك ۋاقىتنى باشقا ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا ئاۋىئاتسىيە پوچتا يولى قۇرۇش ئويى پەيدا بولدى.

بۇنى يېڭى پىلان دەپ كەتكىلىمۇ بولمايتتى. گاستون ئامارانتا ئۇرسۇلا بىلەن تونۇشقان چاغدىلا بۇ پىلان ئۈستىدە ئويلىنىپ كاللىسىدا ئوبدانلا پىشۇرۇپ قويغان، لېكىن ئۇ چاغدا ماكوندودا ئەمەس، جەمەتى پالما مېيى سانائىتىگە مەبلەغ سالغان بېلگىيەگە تەۋە كونگودا قۇرماقچى ئىدى. گاستون تويدىن كېيىن ئايالىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ماكوندودا بىرنەچچە ئاي تۇرۇش قارارىغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ پىلاننى كېچىكتۈرگەنىدى. بىراق، ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ جامائەت ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتقانلىقىنى، ۋەتەنگە قايتىش توغرىسىدا پۇرىتىپ ئېيتقان گەپلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقىنى بايقاپ، بۇ ئىش توغرىسىدا پۇختا ئويلانماي بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى. كارىپ ئاراللىرىدا ياكى ئافرىقىدا ئىگىلىك تىكلىگۈچى بولۇپ قېلىشنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئويلىشىپ، بېرىيۇسېلدىكى ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان شېرىكلىرى بىلەن يەنە ئالاقىلىشىشقا باشلىدى. پىلاننى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆتمۈشتە گۈللىنىپ كەتكەن، ھازىر شېغىل تاشلار قاپلاپ كەتكەن تۈزلەڭلىكتىن ئايروپىلان توختىتىدىغان بىر پارچە يەرنى تاللىدى ھەمدە شامال يۆنىلىشىنى، يەر شارائىتىنى تەتقىق قىلىشقا، ئەڭ ياخشى ھاۋا لىنىيەسىنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. نىھايەت، بۇ ئالدىراش خىزمەتلىرى ئەينى يىلى خېرىبېرت ئەپەندىنىڭ قىلغىنىغا ئىنتايىن ئوخشاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ماكوندولۇقلارنى ھاۋا يولى ئاچماقچى ئەمەس، بانان تېرىماقچىمۇ ـ قانداق دېگەندەك گۇمانغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. گاستون ئاخىر ماكاندودا ئولتۇراقلىشىپ

قىلىشتا ئاساس تاپقانلىقىدىن قاتتىق خۇشال بولۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۆلكە مەركىزىگە تولا قاتراپ ھۆكۈمەت تەرەپ بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈپ ئىجازەت ئالغان ھەمدە يالغۇز قاتناش تىجارىتى ھوقۇقىغا ئېرىشكەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇددى فېرناندانىڭ ناتونۇش دوختۇرلار بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، بېرىيۇسېلدىكى شېرىكلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، شۇلار ئارقىلىق يېشقان بىر مېخانىكنى پاراخوت ئارقىلىق تۇنجى ئايروپىلاننى يېقىن ئەتراپتىكى پورتقا ئېلىپ كېلىپ، شۇ پورتتا قوراشتۇرۇپ ماكوندوغا ئۇچۇرۇپ كېلىشكە قايىل قىلدى. گاستون ھاۋا رايىنى مۆلچەرلەش خىزمىتى دەسلەپكى قەدەمدە تاماملىنىپ بىر يىلدىن كېيىن شېرىكلىرىنىڭ يازغان خەتلىرىدە نۇرغۇن قېتىم بەرگەن ۋەدىلىرىگە شەكسىز ئىشەندى، كوچىلاردا سەيلە قىلىۋاتقانلىرىدا پات ـ پات ئاسمانغا قاراپ قويىدىغان، ئايروپىلاننىڭ پەيدا بولۇشىغا تەققەززا بولۇپ ھەر ۋاقىت شامالنىڭ شەپىسىگە دىققەت قىلىپ تۇرىدىغان بولدى.

ئامارانتا ئۇرسۇلا ئۆزى قىلچە سەزمىگەن بولسىمۇ، ماكوندوغا قايتىپ كەلگىنىدىن كېيىن ئورېلىئانونىڭ تۇرمۇشىدا تۈپتىن ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. خوسې ئاركادىئو ئۆلگەندىن كېيىن ئورېلىئانو كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ كىتابخانىسىنىڭ دائىملىق خېرىدارى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ چاغلاردا ئەركىن ـ ئازادە، ۋاقتى يېتەرلىك بولغاچقا، تۇرۇپلا بۇ بازارغا قىزىقىپ قالغان، لېكىن ھەيران قالغىدەك يېگىلىكىنى بايقىمىغانىدى. توپا ـ توزان بېسىپ كەتكەن غېرىبانە كوچىلارنى ئارىلىغاچ ھېچقانداق ھېسسىيات ئارىلاشمىغان ئىلمىي تەكشۈرۈشكە خاس بىر خىل قىزىقىش بىلەن ۋايرانە ئۆيلەرنىڭ ئىچىنى، داتلىشىپ كەتكەن ۋە قۇشقاچلارنىڭ جان ـ جەھلى بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن يىرتىلىپ ـ تىتىلىپ كەتكەن دېرىزىلەرنىڭ سىم تورىنى، ئۆتكەن ئىشلارنىڭ دەردىدە چۆشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقان ئاھالىنى كۆزدىن كەچۈرەتتى. تەسەۋۋۇرىدا بازارنىڭ ۋە باناننىڭ شىركىتىنىڭ ھازىر ئەسەرمۇ قالمىغان ئۆتكەن كۈنلەردىكى گۈللەنگەن كۆرۈنۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېقىمىشقا ئۇرۇناتتى. بىراق، كۆرگىنى شۇ بولدىكى، سۇيى قۇرۇپ كەتكەن كۆلچەكتە ئەرلەرنىڭ ئاياغلىرى،

ئايالىلارنىڭ ساپما كەشلىرى دۈۋىلىنىپ تۇراتتى؛ زەھەرلىك بوغداي ئاپتىدە نابۇت بولغان بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قالغان گېرمان تايغىنىنىڭ ئىسكىلىتى، ئىسكىلىتىنىڭ بوينىغا باغلانغان زەنجىرى ھازىرغىچە شۇ پېتى تۇراتتى. تېلېفون توختىماي جىرىڭلاۋاتاتتى، تۇرۇبكىنى قولىغا ئېلىۋىدى، بىر ئايالنىڭ يىراق بىر يەردىن كېلىۋاتقان ئىنگلىزچە ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى، ئورېلىئانومۇ ئىنگلىزچە جاۋاب بېرىپ: ئۇرۇش توختاپ بولدى، ئۈچ مىڭ ئۆلۈك دېڭىزغا تاشلىۋېتىلدى، بانان شىركىتى كۆچۈپ كەتتى، ماكوندو ئاخىر تىنچىدى، دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن خارابە ئەيش-ئىشرەت كوچىسىغا كېلىپ قالدى. بىر چاغلاردا كونىمىيانىبا ئۇسسۇلىنى قىزىتىش ئۇچۇنلا باغلام-باغلام پۇللار كۆيدۈرۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئاۋات كوچا ئەمدى چۆلدەرەپ تۇرغان ئوي-دوڭغۇل ئارقا كوچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، تېخى ئۆچۈپ قالمىغان قىزىل چىراغلاردىن بىرنەچچىسىلا قالغانىدى، خېرىدارسىز چۆلدەرەپ تۇرغان تانسىخانا سولىشىپ قالغان بىرنەچچىلا گۈل چەمبىرەك بىلەن زىننەتلىنىپ تۇراتتى، ئىگىسىز قالغان چىرايى تاتىراڭغۇ تۇل خوتۇنلار، قېرىپ چىرايىدىن كەتكەن فىرانسۇز پاھىشىلەر ۋە بابىلونلۇق بىر ئايال ئاقساقال تېخىچىلا پاتېفوننىڭ قېشىدا خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇراتتى. ئورېلىئانو لېس تاقىم ئارىلىدىن كەلگەن نېگىرلار ئىچىدىكى يېشى ئەڭ چوڭ نېگىرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆز قەۋمىدىكىلەرنى ئۇنتۇپ قالمىغان بىرمۇ كىشىنى ئۇچراتمىدى، ھەتتا پولكوۋنىك ئورېلىئانونىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۇچتەك ئاقىرىپ كەتكەن چاچلىرى رەسىمنىڭ نېگاتىۋىنى ئەسكە سالىدىغان ھېلىقى نېگىر بۇرۇنقىدەكلا گۇگۇم مەھەلدە ئىشىكى ئالدىدا قەسىدىسىنى ئېيتىپ ئولتۇراتتى. ئورېلىئانو بۇئېندىيە بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدىلا ئۆگىنىۋالغان مۇرەككەپ پابىيامونتو تىلىدا ئۇ بوۋاي بىلەن پاراڭلىشاتتى، بەزىدە بوۋاينىڭ چەۋرە قىزى قايناتقان توخۇ بېشى شورپىسىغا بىللە ئېغىز تېگەتتى. بويلىرى ئېگىز، سۆڭەكلىرى چىڭ، كاسىسى بايتالنىڭ ساغرىسىغا، كۆكسى بەئەينى ساپىقىدىن ئۈزۈلمىگەن قوغۇنغا، چوتكىنىڭ سىمىدەك يىرىك چاچلىرى ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياساۋۇللارنىڭ دۇبۇلغىسىغا ئوخشايدىغان ئۇ بەستلىك نېگىر قىزنىڭ ئېتى نىگرومانتا ئىدى.

ئورېلىئانو شۇ چاغلاردا ئۆيدىكى قاچا ـ قۇچىلارنى، شامدانلارنى ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك بۇيۇملارنى سېتىپ كۈن ئالاتتى، يېنىدا بىر تىيىنمۇ قالمىغان چاغلاردا بازاردىكى يايمىلاردىن خەق ئەخلەت چېلەككە تاشلىۋەتمەكچى بولۇپ تۇرغان توخۇ باشلىرىنى تىلەپ ئالاتتى ـ دە، نىگرومانتاغا بېرەتتى، نىگرومانتا دورا ـ دەرمان ئورنىدا ئازراق سېمىز ئوت سېلىپ شورپا قاينىتاتتى، شورپىغا يەنە ئازراق يالپۇز سېلىپ تەمىنى تەڭشەيتتى. نىگرومانتانىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى ئۆلگەندىن كېيىن ئورېلىئانو ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارماس بولدى، لېكىن نىگرومانتانىڭ مەيداندىكى بۇككىدە بادام شاخلىرىنىڭ كۆلەڭگۈسىدە سەت ئىسقىرتىپ، ئاندا ـ ساندا يولدىن ئۆتۈپ قالىدىغان كېچە سەيلىچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋاتقانلىقىنى دائىم ئۇچرىتىپ قالاتتى. پات ـ پات قېشىغىمۇ بېرىپ ھەمراھمۇ بولاتتى، بۇنداق چاغلاردا بابىيامونتو تىلىدا نىگرومانتا بىلەن توخۇ بېشى شورپىسى ۋە يوقسۇللۇقتا تەييارلىغان باشقا مەززىلىك تائاملارنىڭ پارىڭىنى قىلىشىپ ئولتۇراتتى، ئەگەر نىگرومانتا بۇ يەردە تۇرساڭ خېرىدارلىرىمنى قاچۇرۇپ قويىسەن دېمەيدىغان بولسا، مۇشۇنداق پاراڭلىشىپ ئولتۇرىۋەرگەن بولاتتى. بەزىدە نىگرومانتانىڭ ئۆزىنى قىزىقتۇرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان چاغلاردىمۇ ئامال بار ئۆزىنى كونترول قىلىپ نىگرومانتا بىلەن بىللە يېتىشتىن ئۆزىنى تارتىپ كەلگەنىدى. شۇڭا، ئامارانتا ئۇرسۇلا ماكوندوغا قايتىپ كەلگەن كۈنى دوستانىلىق بىلەن نەپەس ئالالماي قالغىدەك چىڭ قۇچاقلىغان چاغدىمۇ تېخى كۆزى ئېچىلمىغان بوز يىگىت ئىدى. ھەر قېتىم ئامارانتا ئۇرسۇلانى كۆرگىنىدە، بولۇپمۇ ئەڭ يېڭى تانسا ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىتىۋاتقان چاغلاردا بەدىنىگە توخۇ ئېتى ئۆرلەپ كېتەتتى، بۇنداق تۈيغۇسى خۇددى ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ بىر زاماندا پىلار تېرنېرا قارتا ئويناش باھانىسىدە ئىسكىلاتقا باشلاپ كىرىپ ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغلاردىكى تۇيغۇسىدىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. ئورېلىئانو ئەلىمىنى زورىغا بېسىپ تېرە قەغەز قوليازمىسى تەتقىقاتىغا تېخىمۇ بېرىلىش يولى بىلەن ئۇ ھامىسىنىڭ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن ياخشىچاق بولۇپ كېتىشلىرىدىن، تېنىدىن تارىلىپ تۇرىدىغان، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىدىغان خۇشپۇراقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. بىراق،

ئورېلىئانو ئۆزىنى قانچە قاچۇرغانسېرى، ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ خۇش كۆلكە ئاۋازىغا، ھاياجاندىن چىرقىراشلىرىغا ۋە شوخ ناخشا ئاۋازىغا، ئۆينىڭ ئەڭ ناباپ ھەرقانداق بىر يېرىدە شېرىن مۇھەببەتنىڭ پەيزىدىن ھوزۇرلىنىپ ئىڭراشلىرىغا شۇنچە ئىنتىزار بولاتتى. ئۇ ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىركۈنى كېچىدە ئورېلىئانونىڭ كارىۋىتىدىن ئون مېتىر نېرىدىكى زەرگەرلىك ئىش سۇپىسىدىلا ئىرماش - چىرماش يومىلاقلىشىپ يۈرۈپ بوتۇلكىلارنى چېقىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن بوتۇلكىدىن تۆكۈلگەن تۇز كىسلاتاسى ئىچىدە ئىشنى تۈگەتتى. ئورېلىئانو كېچىچە كىرپىك قاقماي چىقتى، ئەتىسىمۇ كۈنبويى قىزىتمىسى يانمىدى، ئەلەمدىن تولغاندى، ئۆكسۈپ ھېچقانداق يىغلاپ چىقتى. شۇ ئاخشىمى بادام دەرىخىنىڭ سايىسىدە بىرىنچى قېتىم نىگرومانتانى كۈتۈپ تۇرغىنىدا ۋاقىت شۇ قەدەر ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى، خۇددى يۈرىكىگە مۇز يىڭنە سانجىلىۋاتقاندەك ئىزتىراپتا قالغانىدى. قولىدا ئامارانتا ئۇرسۇلادىن ئالغان بىر پېسو ئەللىك سىنت چىلڭ سىقىمداقلىق ئىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلادىن بۇ پۇلنى كېرەك بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئالغان دېگەندىن كۆرە، ھاممىسىنى مەلۇم ئۇسۇلدا ئۆزىنىڭ تەۋەككۈلچىلىكىگە شېرىك قىلىپ ئاھانەتكە قويماقچى دېگەن تۈزۈك ئىدى.

نىگرومانتا ئورېلىئانونى شام نۇرىدا غۇۋا يورۇپ تۇرغان ئازدۇرغۇ ئۆيىگە، قايتا - قايتا مېھمان كۈتۈۋېرىپ بۇلغىنىپلا كەتكەن شالتاق قاتلىما كارىۋىتىغا باشلاپ، قورقۇپ كەتكەن كىچىك بالىنى بەزلىگەندەك بەزلەپ قويۇپلا يولغا سالماقچى ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئورېلىئانو شۇنداق كۈچتۈڭگۈر ئەر بولۇپ چىقتىكى، قاقشىتىپ ئۆپكىسىنى ئۆرىۋەتتى.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئاشىق - مەشۇقلاردىن بولۇشۇپ قالدى. ئورېلىئانو چۈشكىچە تېرە قەغەز قوليازمىلىرىنى ئوقۇش بىلەن بولاتتى، چۈشلۈك ئۇيقۇ ۋاقتى توشقان ھامان نىگرومانتانىڭ ھۇجرىسىغا ماڭاتتى - دە، نىگرومانتانىڭ ئىشىكىدە خىلمۇخىل ھۈنەر چىقىرىپ، باشتا ئۈچەي قۇرۇتىدەك قىمىرلايتتى، ئاندىن قۇلۇلىدەك تىرىقلىتاتتى، ئاخىرىدا قىسقۇچپاقىدەك تاراقلاتقىلى تۇراتتى، نىگرومانتا ئاخىر بولالماي ھۇجرىسىدىن چىقىپ، تۆيۈق يولغا كىرىپ قالغان ئۇۋلۇقنى ئىزلەشكە

مەجبۇر بولاتتى.

ئورپلىئانو بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندە ئاندىن بايقىدىكى، نىگرومانتانىڭ بېلىدە بىر تال چەمبەرسىمان بىزەك تاسما بار ئىدى، ئۇ تاسما چوڭ ئىسكىرىپكىنىڭ تارىسىدەك ئىنچىكە بولسىمۇ، تۆمۈردەك چىڭ ئىدى، باش ـ ئۇچى يوق ئۇ تاسما نىگرومانتاغا تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار دائىم دېگۈدەك كۆڭۈلخۇشى ئارىلىقىدا، نەپەس ئالغۇسىز دىمىق ئىسسىقتا، قەلەي ئۆگزىنىڭ دات بېسىپ كەتكەن تۆشۈكىدىن چۈشۈپ تۇرغان كۈننىڭ يورۇقىدا قىسپيالىڭاچ پېتىچە كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپلا تاماق يېيىشەتتى.

ئورپلىئانو نىگرومانتانىڭ تۇنجى مۇقىم ئېرى، كارىۋاتتىكى ھەمرىيى. نىگرومانتا ھەر قېتىم ئۇنى شۇنداق ئاتاپ كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتى. نىگرومانتا خىيالغا چۈشكەن بىر چاغدا ئورپلىئانو دەردىنى تۆكۈپ بېرىپ، ئامارانتا ئۇرسۇلاغا يوشۇرۇن كۆيۈپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى، قوقاستەك پۈچىلىنىۋاتقان يۈرىكىگە ئاراملىق تېپىش ئۈچۈن ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ئورنىغا ئۇنى تاپقانلىقىنى، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن پەسكويىغا چۈشمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە مۇھەببەت تەجرىبىسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ئىشىق دەردىنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. نىگرومانتا شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئورپلىئانونى بۇرۇنقىدەكلا قىزغىن كۈتۈۋەردى ـ يۇ مۇلازىمىتى ئۈچۈن ھەق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى، ئورپلىئانونىڭ پۇلى قالمىغان چاغلاردا قەرز خاتىرىلەپمۇ قويىاتتى، سان بىلەن ئەمەس، بەلكى تىرنىقى بىلەن ئىشىكنىڭ كەينىگە سىزىق جىجىپ خاتىرىلەيتتى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن نىگرومانتا مەيداندا ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئورپلىئانو بولسا خۇددى ناتونۇش ئادەمدەك ھويلىدىكى پېشايۋاندىن ئۆتۈپ، ئادەتتە مۇشۇ يەردە كەچلىك تاماقنى يەپ ئولتۇرىدىغان ئامارانتا ئۇرسۇلا بىلەن گاستونغا زومۇزور سالام قىلىپ قويۇپلا ئۇدۇل ئۆيىگە كىرىپ كېتىپ ئىشىكنى تاقىۋالاتتى. شۇ كۈنلەردە كىتاب ئوقۇشنى، خاتىرە يېزىشنى كۆڭلى تارتمايدىغان، ھەتتا ئويلىنىشقىمۇ رايى بارمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، قېرىشقاندەك ئۇ ئىككىسىنىڭ قاقاھلاپ كۈلۈشلىرى، پىچىرلاشلىرى، ئويۇن ـ چاقچاقلىرىنىڭ

مۇقەددىمىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېسسىياتى پارتلىغان چاغلاردا ئۆزىنى بېشىغا كېيىپ تۇۋلاشلىرى قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. گاستون ئايروپىلان كۇتۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرىكى ئىككى يىلدا ئوربېلىئانونىڭ كۇنلىرى ئەنە شۇنداق ئۆتكەنىدى. ئوربېلىئانو بىركۇنى چۈشتىن كېيىن كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ كىتابخانىسىغا بارغىنىدا تۆت يىگىت ئوتتۇرا ئەسىردىكى كىشىلەرنىڭ سۆۋەرەكنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە قىزغىن مۇنازىرىگە چۈشكەنىدى. كىتابخانا غوجايىنى ئوربېلىئانونىڭ «ئىززەتلىك بېد» ئوقۇغان كىتابلارنىلا ئوقۇشقا ھېرىسمەن ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئاتىنىڭ ئوغلىنى كولدۇرلاتقىنىدەك بىر تەرىزدە ئوربېلىئانونى بۇ مۇنازىرىگە قاتنىششقا قىستىدى. شۇنىڭ بىلەن ئوربېلىئانونىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كەتتى: سۆۋەرەكتەك دۇنيا بويىچە ئەڭ قەدىمىي قاناتلىق ھاشارات «زەبۇر» دەۋرىدىلا ئىنسانلارنىڭ ساپما كەشى بىلەن زەربە بېرىدىغان نىشانى بولۇپ قالغان، لېكىن بۇ جانلىق ئۆزىنىڭ يىمىرىلمەس ھاياتىي كۈچىگە تايىنىپ بۇراكىس ھەسلىگە مىلەنگەن شوخلىنى زەھەرلىك دورىلاپ سېلىشتىن تارتىپ قەنت ئارىلاشتۇرۇلغان ئۇننى زەھەرلىك دورىلاپ سېلىش قاتارلىقلارغىچە بارلىق ئۆلتۈرۈش ئۇسۇللىرى ئۇستىدىن غالىب كېلىپ، بىر مىڭ ئالتە يۈز ئۈچ خىل ئۆزگەرگەن تۈرى ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ قەتئىي، شۇنداقلا ئەڭ دەھشەت زىيانكەشلىكىگە تاقابىل تۇرۇپ كەلدى. ئىنسانىيەت ئاپىرىدە بولغاندىن تارتىپ باشقا جانلىقلارغا، جۈملىدىن ئۆزىگىمۇ بۇنداق ۋاستە قوللىنىپ باقمىغانىدى، سۆۋەرەك شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلارنىڭ ياۋۇزانە قىرغىنىدىن قېچىپ قۇتۇلغانكى، ئۇلار مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا قاراڭغۇغا كىرىۋېلىپ، ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشىدىنلا قاراڭغۇدىن قورقۇشتەك تۇغما ئاجىزلىقىدىن پايدىلانغان. بىراق، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارمۇ قاق چۈش ۋاقتىدىكى ئاپتاپتىن ئىنتايىن قورقىدۇ، شۇڭا ئوتتۇرا ئەسىردە بولسۇن، ھازىر بولسۇن ياكى كەلگۈسى زاماندا بولسۇن، سۆۋەرەكنى يوقىتىشنىڭ بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ئۇلارنى ئاپتاپتا قويۇشتىن ئىبارەتتۇر.

تەقدىر نەزەرىيەسى توغرىسىدىكى بۇ سۆھبەت ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇلۇغ

دوستلۇقنىڭ باشلىمى بولۇپ قالدى. ئورېلىئانو شۇنىڭدىن تارتىپ ھەر كۈنى
چۈشتىن كېيىن ئۇ تۆت مۇنازىرىچى بىلەن جەم بولۇپ تۇرىدىغان بولدى. ئارۋالو،
ھېرمان، ئارفىنسو ۋە جېبرېئىل قاتارلىق بۇ تۆت مۇنازىرىچى ئورېلىئانونىڭ ھايات
سەپىرىدىكى ئەڭ دەسلەپكى، شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى دوستلىرى بولۇپ قالدى. چۈشتىن
كېيىن سائەت ئالتىدە كىتابخانىدىن باشلىنىپ ئەتىسى سەھەردە پاھىشىخانىدا
ئاياغلىشىدىغان كەسكىن مۇنازىرە ئورېلىئانودەك كىتاب مەستانىسى ئۈچۈن يېڭىچە
بىرخىل ئىلھام ھېسابلىناتتى. ئورېلىئانو تاكى شۇچاغقىچە ئەدەبىياتنىڭ خۇددى
ئارۋالونىڭ بىر زىياپەت ئارىلىقىدا ئېيتقىنىدەك دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى مازاق قىلىش
قورالى ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن بۇ كۆز
قاراشنىڭ كاتالونىيەلىك ئاقىلدىن تارقالغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. ئۇ ئاقىلنىڭ
ئېيتىشىچە، ئەگەر بىلىم نوقۇت پىشۇرۇشنىڭ بىرەر يېڭى ئۇسۇلىنى كەشىپ
قىلىشقىمۇ ئەسقاتمايدىغان بولسا بۇنداق بىلىم ئۇنىڭ نەزىرىدە بىر تىيىنغىمۇ
ئەرزىمەيدىكەن.

ئورېلىئانو سۆۋەرەك ھەققىدە دەبدەبىلىك پىكىر بايان قىلغان كۈنى چۈشتىن
كېيىن ئۇ مۇنازىرىنىڭ خاتىمىسى ماكوندونىڭ بازار ئەتراپىدىكى تېنىنى سېتىپ
كۈن ئالىدىغان قىزلار يىغىلغان بىر پاھىشىخانىدا ئاخىرلاشتى. پاھىشىخانىنىڭ
غوجايىنى تىنماي ئىشىكنى ئېچىپ - يېپىپ تۇرۇشقا ھېرىسمەن ياخشى نىيەتلىك
خۇشچىراي بىر دەللال ئىدى. بۇ قېرى دەللال ئاسانلا ئالدىنىپ قالىدىغان خېرىدارلارنى
مەسخىرە قىلىش ئۈچۈنلا چىرايىدىن كۈلكىسى ئۆچمەيدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار
ھەقىقەتەن ئاشۇ تەسەۋۋۇرىدىلا مەۋجۇت نەرسىلەرنى رېئاللىق دەپ ئويلاپ قالاتتى.
نىھايەت، بۇ يەردىكى تۇتقىلى، كۆرگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ساختا
ئىدى: ئورۇندۇقلار ئادەم ئولتۇرسىلا چۈۋۈلۈپ كېتەتتى؛ پاتېفوننىڭ قورۇق قېپى
ئىچىدە كۈرۈك مېكىيان تۇخۇم بېسىپ ياتاتتى؛ گۈللۈكتىكى گۈللەرنىڭ ھەممىسى
قەغەز گۈل؛ كالېنداردىكى يىل، ئاي، كۈنلەر بانان شىركىتى كېلىشتىن ئىلگىرىكى
يىل، ئاي، كۈنلەر؛ رامكىدىكى رەسىملەر بولسا ئەزەلدىن نەشر قىلىنىپ باقمىغان

ژۇرنالدىن قىيىۋېلىنغان رەسىملەر ئىدى. دەللال مېھمان كەلگەندە ھايت دەپ قويسىلا تەرەپ ـ تەرەپتىن يىغىپ كېتىدىغان قىزچاقلارنىڭ ئۇياتچانلىقىنىمۇ ئوخشاشلا راست دەپ قالىغۇلۇق ئىدى. ئۇلار خېرىدارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغىنىدا سالام ـ سەھەت قىلىپ قويۇشنىمۇ بىلمەيتتى، بەش يىلنىڭ ئالدىدىكى گۈللۈك كىيىملىرىنى قانداق سەبىيلىك بىلەن كىيگەن بولسا، شۇنداق سەبىيلىك بىلەن سالاتتى. كۆڭۈلخۇشى پەللىسىگە يەتكەندە «ياپىر، ئۆگزىمۇ گۇمۇرۇلۇپ چۈشىدىغان بولدى» دەپ چىراقىراپ قوياتتى. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن بىر پېسو ئەللىك سېنتنى ئېلىپلا قېرى دەللالدىن بولكا ۋە پىشلاق ئېلىپ يەيتتى. بۇنداق چاغلاردا دەللالنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېچىلىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇ يېمەكلىكلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا ساختا ئىكەنلىكىنى بىر ئۆزىلا بىلەتتى.

مەنۇى تۇرمۇشى مېرگادىسنىڭ قولىيازمىلىرىنى ئوقۇش بىلەن باشلىنىپ، نىگرومانتانىڭ كارىۋىتىدا ئاخىرلاشقان ئورېلىئانو شۇ چاغلاردا مۇشۇ كىچىك پاھىشىخانىدا ئۇياتچانلىقىنى ساقايتىدىغان كۈچلۈك بىر دورىنى تاپقانىدى. دەسلەپتە ھېچ ئىلگىرىلىيەلمىدى. چۈنكى، تازا ھەپىلىشىپ ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقىدەك بولغان بىر چاغدا ئۇ قېرى دەللال كىرىپ كېلەتتى ـ دە، ھەر ئىككىلىسىنىڭ پەيزىنى باھالاپ كېتەتتى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆزىراپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، جاھاندىكى كىشىنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرىدىغان تۈرلۈك ـ تۈمەن ئىشلارغا كۆنۈپلا كەتتى، ھەتتا بىركۈنى كېچىسى خېرىدار كۈتىدىغان كىچىك ئۆيدە قىيپالىڭاچ بولۇۋېلىپ، تەسەۋۋۇر قىلىپ يەتكۈسىز كۈچلۈك ئەرلىكىگە پىۋا بوتۇلكىسىنى كىيگۈزۈۋېلىپ ئەسەبىيلىك بىلەن پۈتۈن ئۆيلەرنى ئارىلاپ چىقتى. تېخى بۇ پاھىشىخانىدا يەنە بىرمۇنچە قىلىقسىزلىقلارنىمۇ ئىجاد قىلدى، دەللال بولسا بۇ ئىشلارغا خۇددى ھېرمان بۇ ئۆينىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۆيگە ئوت قويماقچى بولغىنىدا، ئارفېنسو شاتۇتىنىڭ بوينىنى بىر تولغاپلا ئۈزۈپ، قايناۋاتقان قازانغا تاشلىغىنىدا قىلچە ئاچچىقلىمىغىنىدەك، ئۆزگەرمەس تەبەسسۇمى بىلەن بىرچەتتە كۈلۈمسىرەپ قاراپلا تۇراتتى، نارازىمۇ بولمايتتى، راست دەپمۇ ئويلىمايتتى.

ئورېلىئانو تۆت دوستى بىلەن يېقىن ئۆتەتتى، ھەتتا ئۇلارنى ئويلىسىلا گويا ھەممىسى بىر ئادەمدەك تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ جېبرېئىلغا بەكرەك مايىل ئىدى. بۇ خىل مايىللىق بىركۈنى ئاخشىمى پەيدا بولدى. ئورېلىئانو بۇ كۈنى ئۆزىچىلا پولكوۋنىك ئورېلىئانونى تىلغا ئېلىۋىدى، يالغۇز جېبرېئىللا ئۇنىڭ گېپىنى چاقچاقتا چىقارمىدى. شۇ ئاخشىمى ئادەتتە زادىلا مۇنازىرىگە ئارىلاشمايدىغان دەللالمۇ زوۋاندار خوتۇنلاردەك قىزىپ كېتىپ مۇنازىرىگە ئارىلىشىپ قالدى ـ دە، پولكوۋنىك ئورېلىئانو دەيدىغان بىرسىنىڭ پارتىزانلىق بىرنەچچە قېتىم ئاڭلىغانمەن، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ لىبېراللارنى يوقىتىشقا باھانە تېپىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان يوقلا بىر ئادەممىكىن دەيمەن، دېدى. جېبرېئىل بولسا پولكوۋنىك ئورېلىئانو دېگەن ئادەمنىڭ ھەقىقەتەن ئۆتكەنلىكىگە شەكسىز ئىشىنەتتى. چۈنكى، پولكوۋنىك ئورېلىئانو ئۇلۇغ بوۋىسى پولكوۋنىك گېرىنېلىردو ماركوسنىڭ يېقىن دوستى ئىدى. پاراخىلىرنىڭ تېمىسى ئىشچىلار قىرغىن قىلىنغان ۋەقەگە ئۆتكەندە ئەسلىمىسى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتتى، ئورېلىئانو ھەر قېتىم بۇ ئىشنى تىلغا ئالغاندا يالغۇز دەللالا ئەمەس، يېشى چوڭراق بوۋاي ـ مومايلارمۇ رەددىيە بېرىپ، ھەربىيلەر ۋوگزالدا ئىشچىلارنى قورشىۋالغانمىش، ئىككى يۈز ۋاگونغا لىق جەسەت بېسىلغانمىش دېگەندەك پاراڭلارنى ئۆسەك سۆزلەر دېيىشەتتى، ئۇلار تېخى ئەدلىيە ھۆججەتلىرىدىكى ۋە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ دەرسلىكلىرىدىكى بايان شىركىتى دېگەن نەرسە زادىلا بولۇپ باقمىغان، دېگەن پەتىۋانى ياقلاپ چىڭ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئورېلىئانو بىلەن جېبرېئىل ئوتتۇرىسىدا ھېچكىم ئىشەنمەيدىغان پاكىت ئاساسىغا قۇرۇلغان كۆرۈنمەس بىرلىك بولغاچقا شۇنىڭدەك بۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشى ئاشۇ پاكىتلارنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغاچقا، ئۇلار تەسەۋۋۇرىدىكى زامان ئاخىرىنىڭ تاشقىنلىرى ئارىسىدا لەيلەپ يۈرەتتى. جېبرېئىل قانداق يەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇيقۇسى كەلسىلا ئۇخلاۋېرەتتى. بىراق، ئورېلىئانو بىرنەچچە قېتىم زەرگەرخانىغا جايلاشتۇرۇپ قويغانلىرىدا بولسا ھۆجرا ئارىلاپ يۈرگەن ئەرۋاھلارنىڭ كاشىلىسىدا ئۇيقۇسى قېچىپ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىغانىدى. كېيىن ئورېلىئانو ئۇنى نىگرومانتاغا تاپشۇردى،

نىگرومانتا بىكار بولۇپلا قالسا جېبىرېئىلنى ئادەتتە مېھمىنى ئۇزۇلمەيدىغان ئۆيىگە باشلاپ كىرەتتى ـ دە، ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىكى ئورېلىئانونىڭ قەرزى بىلەن توشۇپ ئازراقلا بوش قالغان يەرگە تىرىنقى بىلەن تىك سىزىق جىجىپ ئۇنىڭ قەرزىگىمۇ بەلگە سالاتتى.

بۇ بىر توپ يىگىت تۇرمۇشتا قالايمىقان بولغىنى بىلەن كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە ئۆچمەس نەتىجە يارىتىشقا ئۇرۇناتتى. ئۇلار ئاھالىسى ھېچنەرسىگە قىزىقمايدىغان ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ تەربىيەسىدىن يۇقىرىراق تەربىيە ئېلىش شارائىتىغىمۇ ئىگە بولالمىغان بۇ بازاردا دەل ئاشۇ كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسىلىق سالاھىيىتى ۋە ساقلاۋاتقان كىتابلىرىنىڭ خاسىيىتى بىلەنلا ئوتتۇز يەتتە خىل كومېدىيەلىك ئۆزگىرىشنى كېچە ـ كېچىلەپ تەتقىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەنىدى. بۇرۇن فېرناندانىڭ قارشى تۇرۇشى تۈپەيلىدىن بۇ دۇنيا بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالماي كەلگەن، ئەمدى يېڭىلا بايقىغان دوستلۇقنىڭ مېھرىدىن مەنىۋى دۇنياسى بېيىپ، يېڭىلا بايقىغان بۇ جەلپكار دۇنيادىن گاڭگىراپ قالغان ئورېلىئانو تېرە قەغەزگە مەخپىي سىفىرلار بىلەن يېزىلغان بېشارەتلىك مىسرالارنىڭ سىرى ئەمدىلەتىن ئېچىلىشقا باشلىغاندا تېرە قەغەز قولىيازمىلىرى تەتقىقاتىنى ئۈزۈپ قويغانىدى. كېيىنچە پاكىت ۋاقتىنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى، تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ پاھىشىخانىدىكى كۆڭۈل خۇشلۇقلىرىغا ئۇنچە بەك تەسىر كۆرسىتىپ كەتمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغىنىدا باشقىدىن ئىلھاملىنىپ مېرگادىسنىڭ ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىپ ئەڭ ئاخىرقى سىرنى يەشكەنگە قەدەر داۋاملىق تىرىشىشقا بەل باغلىدى. گاستون دەل شۇ چاغدا ئايروپىلان كۈتۈشكە باشلىغان، زېرىكىپ ۋە غېرىبسىنىپ قالغان ئامارانتا ئۇرسۇلا بىر كۈنى ئەتىگىنى ئورېلىئونانىڭ ئۆيىدە پەيدا بولغانىدى.

ــ تىنچلىقمۇ، ياۋايى ئادەم، ــ دېدى ئامارانتا ئۇرسۇلا، ــ يەنە ئۆڭكۈرۈڭنى تېپىۋاپسەنغۇ.

ئۆچىسىغا ئۆزى لايىھەلىگەن كىيىملەرنى كىيىۋالغان، بوينىغا ئۆزى قولۇلىغان

سېلىد بېلىقىنىڭ ئومۇرتقىسىدىن ياسىۋالغان مارجان سالغان ئامارانتا ئۇرسۇلا شۇ گۈزەللىكى بىلەن ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇراتتى. ئېرىنىڭ ئۆزگە سادىقلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ھېلىقى يىپەك لېنتىنى ئىشلەتمەس بولغانىدى، بۇگۈن قايتىپ كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئازراق ئارامچىلىققا ئېرىشكەندەك قىلاتتى. ئورېلىئانو ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ كىرگەنلىكىنى قارىماي تۇرۇپلا بىلىۋالدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ئىككى جەينىكىنى ئۈستەلگە تىرىگىنىچە ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە تۇرغاچقا ئورېلىئانونىڭ ئۆگە ـ ئۆگىلىرى غاراسلاپ كېتىۋاتاتتى، ئامارانتا ئۇرسۇلا بولسا تېرە قەغەز قولىيازمىلىرىغا پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىزىقىسىنغىنىچە قاراپ قالغانىدى. ئورېلىئانو چىشىنى چىشلىگىنىچە ئىچىدىكى ۋەسۋەسىنى بېسىپ، ئاللىقاياقلارغا قېچىپ كەتكەن ئاۋازنى، ئاستا ـ ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ھاياتىي كۈچىنى، مارجان تاشلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان ئەسلىمىلىرىنى قايتۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئامارانتا ئۇرسۇلاغا سانسكرىت تىلىنىڭ مۇقەددەس رولىنى، خۇددى قەغەزنى نۇرغا تۇتسا ئالدى يۈزىدىكى خەتنى كۆرگىلى بولغىنىغا ئوخشاشلا زاماندىن كەلگۈسىنى كۆرگىلى بولىدىغانلىقىنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرىنى، بېشارەتنى مەخپىي سىفىرغا ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق يوققا چىقىشىدىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى، شۇنداقلا ناستارا داماسنىڭ «ئەسىرلەر» دېگەن كىتابى ۋە سان مىللان «يوقۇلىدۇ» دەپ بېشارەت بەرگەن كانتابىرىيەنىڭ ھالاكىتى توغرىسىدىمۇ سۆزلەپ بەردى. ئورېلىئانو تۇغۇلغىنىدىن تارتىپ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئۇخلاپ ياتقان بىر ھاياجىنىنىڭ ۋەسۋەسىگە تەڭ كېلىپ بولالمىدى ـ دە، پاراڭ قىلىپ بېرىۋېتىپ قولىنى ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاخىر تەستە بىر قارارغا كېلىپ قىلغان بۇ ھەرىكىتىنى پەرىشان كۆڭلىگە تەسەللى بولار دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. ھالبۇكى، كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە، ئامارانتا ئۇرسۇلامۇ باللىق دەۋرلەردىن تارتىپلا مەۋجۇت بىغۇبار ساددىلىقى بىلەن يېقىنچىلىق كۆرسىتىپ ئورېلىئانونىڭ بېگىز بارمىقىنى تۇتتى ۋە شۇ ھالەتتە ئورېلىئانو ئۇنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ بولغىچىمۇ قولىنى بوشاتماي سىقىمداپ تۇتتۇەردى. خۇددى باللىق ۋاقىتلىرىدىكىگە ئوخشاش غەيرىي نىيەتتىن خالىي قول

تۇتۇشۇشلىرى ئەنە شۇ تەرىزىدە بىرھازا داۋاملاشقاندىن كېيىن ئامارانتا ئۇرسۇلا غىل ـ پاللا چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك بىردىنلا ئېسىنى تاپتى ـ دە، پېشانىسىگە پاقىدە بىرنى ئۇردى:

— ۋۇ ئۆلگۈر چۇمۇلە!

شۇنىڭ بىلەن قولىدىكى قولىيازمىلارنى تاشلاپ شاققىدە ئىشىككە باردى ـ دە، ھېلىقى يىلى ئەتىگىنى ئاتا ـ ئانىسى بېرىۇسىلغا ئۇزاتقاندا دادىسىغا ئۇچۇرۇق يوللاپ خوشلاشقىنىغا ئوخشاش قوللىرىنىڭ ئۇچىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ ئورېلىئانو بۇئېندىيەگە ئۇچۇرۇق يوللىدى.

— كېيىن يەنە سۆزلەپ بېرەرسەن، — دېدى ئامارانتا ئۇرسۇلا، — بۈگۈن چۇمۇلە ئۇۋىسىغا ھاك سېپىدىغان كۈن ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

ئامارانتا ئۇرسۇلا ئورېلىئانونىڭ ئىشىكى ئالدىدىن بىرەر ئىش بىلەن ئۆتۈپ قالسا بەزىدە ئۆيىگە كىرىپ بىردەم ـ يېرىمدەم ئولتۇرۇپ چىقاتتى، ئېرى بولسا ئاسمانغا قارىغىنىچە ئايروپىلاننى ساقلاپ يۈرۈۋەردى. ئورېلىئانو بۇ ئۆزگىرىشتىن ئۈمىدلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قېلىپ تاماقتا بىللە بولىدىغان بولۇپ قالدى، ئامارانتا ئۇرسۇلا قايتىپ كېلىپ باشتىكى بىرقانچە ئايغىچە ئۇنداق قىلىپ باقمىغانىدى. گاستون بۇ ھالدىن خۇشال بولدى. تاماقتىن كېيىن دائىم بىرەر سائەتكە سوزۇلىدىغان سۆھبەتلەردە شېرىكلىرىم مېنى ئالداۋاتىدۇ، دەپ ھال ئېيتىپ بېرەتتى. شېرىكلىرى ئايروپىلاننى پاراخوتقا بېسىپ ماڭغۇزىۋەتتۇق، تېخى يېتىپ بارمىغان ئوخشايدۇ دەپ خەۋەر بەرگەنىكەن، گاستوننىڭ دېڭىز ترانسپورتى شىركىتىدىكى ۋەكىلى بولسا ئۇ پاراخوت مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدۇ دەپ قارايدىكەن. چۈنكى، كارىپ دېڭىزىغا بارىدىغان سودا پاراخوتلىرىنىڭ تىزىملىكىدە ئەزەلدىن بۇنداق پاراخوت يوقمىش. گاستوننىڭ شېرىكلىرى بولسا مالنى ماڭغۇزۇۋەتتۇق دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرىدىكەن، ھەتتا گاستونغا خېتىدە بىزگە يالغان ئېيتىپسەن دەپ دارىتمىلىغانىكەن. ئۇلار بىر ـ بىرىدىن گۇمانلىنىپ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، گاستون ئەمدى خەت يېزىپ ئولتۇرماي دەرھال بېرىۇسېلغا بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چاپسان ئېنىقلاپ

چىقىش ھەمدە ئۇ ئايروپىلاننى ھەيدەپلا قايتىپ كېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. لېكىن، ئامارانتا ئۇرسۇلا بۇ يەردە يالغۇز قالدىغان ئىش بولسىمۇ، ماكوندودىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەكىتلىگەندى، گاستوننىڭ پىلانى شۇ ئان يوققا چىقتى.

ئورېلىئانو دەسلەپتە گاستوننى باشقىلارغان ئوخشاشلا ۋىلىسىپىت مىنىپ يۈرىدىغان ھاماقەت دەپ قارىغان ھەمدە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقانىدى. كېيىن پاھىشىخانىلاردا يۈرۈپ ئەر كىشىنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن گاستوننىڭ بۇنچە ئىتائەتمەن بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەنلىكىدىن كۆردى. بىراق، گاستوننىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ چۈشەنگەندىن كېيىن بولسا، ئۇ ئادەمنىڭ كۆرۈنۈشتە ئۇنداق ياۋاش كۆرۈنگىنى بىلەن، ھەقىقىي ماھىيىتىنىڭ دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا گاستوننىڭ ئايروپىلان ساقلاۋاتىمەن دەپ يۈرگىنىنىمۇ ئويۇن قويۇۋاتىدۇ دەپ گۇمانلاندى. ئورېلىئانو يەنە گاستوننىڭ ھاماقەتلەردىن ئەمەس، دەل ئەكسىچە چەكسىز چىدامىلىق، ئىقتىدارلىق ھەم سەۋرچان ئادەم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، نېمىلا دېسە پەقەت «ياق» دېمەي خوش ـ خوش دەپ، ھەممە ئىشتا يول قويۇپ يۈرۈپ خوتۇنىنى زېرىكتۈرمەكچى، تورنىغا چۈشۈرۈپ غالىب كەلمەكچىدەك، كۆنلەرنىڭ بىرىدە بۇ بىمەنە تۇرمۇشتىن بەزدۈرۈپ، كۆدە ـ كۆرپىسىنى يىغىشتۇرۇپ ياۋروپاغا ئېلىپ كەتمەكچىدەك بىلىندى. شۇنىڭ بىلەن باشتىكى ھېسداشلىقى ئەمدى كۈچلۈك ئۆچمەنلىككە ئايلاندى. گاستوننىڭ ھىيلىسى شۇ قەدەر قەبىھ، شۇ قەدەر ئۇنۇملۈك ئىكەن دەپ ئويلىدى ـ دە، تەۋەككۈل قىلىپ ئامارانتا ئۇرسۇلانى ئاگاھلاندۇردى. ئامارانتا ئۇرسۇلا بولسا ئورېلىئانونىڭ گۇمانلىرىغا كۈلۈپلا قويدى، بۇ گەپلىرىدىكى سۆيگۈ، ئەندىشە ۋە ھەسەت مەنىلىرىنى سەزمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنى ئورېلىئانونىڭ كۆڭلىدە قېرىنداشلىق مېھرىدىن ئۆزگە سۆيگۈ پەيدا قىلىپ قويارمەن دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى. نىھايەت، بىر كۈنى شاپتۇل كونسېرۋاسىنى ئاچىمەن دەپ ئېھتىياتسىزلىقتىن قولى تىلىنىپ كېتىۋىدى، ئورېلىئانو ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ

قېنىنى شوراپ كەتتى، ئورېلىئانونىڭ شۇ چاغدىكى ئاچ كۆزلۈكى ۋە ئەسەبىيلىكىنى كۆرگەن ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ بەدەنلىرىگە توخۇ ئېتى ئۆرلەپ چىقتى.

— ئورېلىئانو! — دېدى ھودۇقۇپ، — بەك ئەسكى ئىكەنسەن، قانخور شەپەرەڭ بولۇپ قالغۇدەكسەن جۇمۇ!

بۇ گەپ بىلەن يۈرىكىگە ئوت تۇتاشقان ئورېلىئانو ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ يارىلانغان قولىغا تاشلىنىۋېتىلگەن بالىدەك يېنىش ـ يېنىشلاپ سۆيۈپ كەتتى ـ دە، ئىچ ـ باغرىنى ئالا قويماي تۆكۈپ، ئۆزىنىڭ يېرىم كېچىلەردە ئورنىدىن تۇرۇپ ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ مۇنچىغا يېيىپ قويغان كوپتىلىرىغا قارىغىنىچە غېرىبلىق ھەم غەزەپ ئىلكىدە ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ ياش تۆككەنلىرىنى، نىگرومانتادىن قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە چىشى مۇشۇكنىڭ مىقىرىغىنىدەك «گاستون، گاستون، گاستون» دەپ ئىڭراپ بېرىشىنى ئۆتۈنۈپ كەتكەنلىرىنى، تېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان قىزلارنىڭ بويىنىغا سۈرۈپ قويۇپ ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ھىدىنى پۇراش ئۈچۈن ئۇ تاشلىۋەتكەن ئەتىر قۇتىلىرىنى يىغىپ يۈرگەنلىرىنى ئېيتىپ بەردى. ئورېلىئانونىڭ بۇ قايناق ھېسسىياتىدىن قورقۇپ كەتكەن ئامارانتا ئۇرسۇلا خۇددى تاشپاقا بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغاندەك قولىنى شارتتىدە تارتىۋالدى. قولىنىڭ ئاغرىقىمۇ توختاپ قالدى، ئورېلىئانوغىمۇ ئەمدى قىلچە ئىچ ئاغرىتىپ ئولتۇرمىدى، ئۇنىڭ بارمىقى خۇددى بىر تىزىق يېشىل ياكى سېرىق مارجانغا ئوخشاش سېزىمى يوق سۆڭەككە ئايلىنىپ قالدى.

— بەك ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتتىڭ! — دېدى يۈزىگە تۈكۈرگەندەك ئەلپازدا، — مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بىرىنچى نۆۋەتلىك پاراخوتقا ئولتۇرۇپ بېلگىيەگە كەتكىم كېپكىتىۋاتىدۇ!

بىركۈنى چۈشتىن كېيىن ئارۋالو كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ كىتابخانىسىغا كېلىپ، كارنىيىنى سوزغىنىچە ئەڭ يېڭى بايقىمىسىنى جاكارلىدى: ھايۋانات پاھىشىخانىسى بار ئىكەن! ئۇ يەر «ئالتۇن بالا» دەپ ئاتىلىدىغان ئۈستى ئوچۇق زال ئىكەن، ئۇ يەردە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى يۈز تاش قۇزغۇن قولاقنى يارغۇدەك چۇرقىرىشىپ ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ تۇرىدىكەن. تانسا كۆلچىكىنى چۆرىدىتىپ سىم

توساقتا ئېلىنغان چوڭ غوللۇق ئامازون چايگۈللىرى ئارىسىغا رەڭگارەڭ كۆكقوتانلار، چوشقىدەك سەمرىپ كەتكەن تىمساھلار ۋە ئون ئىككى بوغۇم شالدىراق قۇيرۇقلۇق يىلانلار يوشۇرۇنغانىكەن، ئۇ يەردە يەنە كىچىككىنە سۈنئىي كۆلنىڭ تەكتىدە ئۆزۈپ يۈرىدىغان سېرىق قاپلىق تاشپاقىمۇ بار ئىكەن. بۇلاردىن باشقا يوغان بىر ياۋاش ئاق ئىتمۇ بار ئىكەن، ئادەتتە بىر جىنىسلىقلىرى بىلەنلا ئارىلىشىدىكەن، لېكىن يېمى ئۈچۈن پاھىشىلەرنىڭمۇ ھاجىتىدىن چىقىپ قويىدىكەن. ئۇ يەردە خۇددى يېڭى يارالغان بىر ئىقلىمدەك ئەلمىساقتىن بۇرۇنقىغا ئوخشاش كەيپىيات ھۆكۈم سۈرىدىكەن. پانىيدىكى بۇ جەننەت ماكاندا كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلغان، ئىشقىۋازلىققا پىشىپ قاق بولۇپ كەتكەن جازىبىدار شالغۇت قىزلار ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرغان قىپقىزىل گۈللەر ۋە زاماندىن قالغان پاتېفون پىلاستىنكىلىرى ئارىسىدا تەلمۈرۈپ تۇرۇشىدىكەن. ئۇ بەش يىگىت خىيالىي دۇنيادەك بۇ تىلسىم ماكانغا ئاياغ باسقان تۇنجى ئاخشىمى ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى تەۋرىمە چىۋىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان كەم سۆز بىر كەمپىر ئۇ بەش يىگىتنىڭ ئىچىدىكى قورايدەك ئورۇق، چىرايى سولغۇن، مەڭىز سۆڭىكى تاتارلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان، ئەلمىساقتىن مەڭگۈلۈككە غېرىبلىق تامغىسى بېسىلغان بىرىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، زامان كەينىگە يېنىپ بېشىغا قايتقاندەك تۇيۇلۇپ بېشى پىررىدە قايدى.

ــ ئاھ، ــ دەۋەتتى كەمپىر، ــ ئورېلىئانو!

ئۇ كەمپىر پولكوۋنىك ئورېلىئانونى يەنە بىر قېتىم كۆردى، ئۇرۇشتىن خېلى يىللار ئىلگىرى پولكوۋنىك ئورېلىئانو شۆھرىتى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ پىنھانغا چېكىنمەستە، ھېلىقى يىراق ئۆتمۈشتە قالغان ئەتىگىنى ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ماڭا مۇھەببەت بېرىسەن دېگەن بىرىنچى بۇيرۇقنى جاكارلىغانىدى.

بۇ كەمپىر دەل پىلار تېرنېرا ئىدى، نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر يۈز قىرىق بەش ياشقا كىرگەن كۈنىدىن كېيىنلا يېشىنى ھېسابلاپ ئولتۇرىدىغان يامان ئادىتىنى تاشلاپ، ئەسلىمىلەردىن خالىي تىنچ ھالەتتىكى زاماندا، شەك ـ شۈبھىسىز ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كەلگۈسىدە ياشاۋەردى، قارتىدىكى تايىنى يوق پەرەز ۋە يوشۇرۇن

توزاقلارنىڭ ئاۋارىچىلىقىدىن خالاس بولدى.

ئورىلىئانو شۇ كۈنى ئاخشىمىدىن ئېتىبارەن قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئەسلا بىلمەيدىغان بۇزۇرۇكۋار مومىسىنىڭ مېھرى ۋە غەمخورلۇقىدا تەسەللىگە ۋە ھىمايىگە ئېرىشتى. بۇ موماي تەۋرىمە چىۋىق ئورۇندۇقىدا بەھۇزۇر ئولتۇرۇپ ئۆتمۈشنى ئەسلىگەچ ئۇنىڭغا جەمەتىنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى ۋە بەختسىزلىكلىرىنى، ماكوندونىڭ ئۆچكەن شۆھرىتىنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئارۋالو قاقاقلاپ كۈلۈپ تىمساھنى ئۇركۈتۈپ قاچۇرۇۋېتەتتى، ئارفېنسو تاش قۇزغۇنلار ھەققىدە قورقۇنچلۇق ھېكايە توقۇيتتى، ھېكايىسىدە ئۆتكەن ھەپتە بۇ قۇشلارنىڭ بولمىغۇر ئىشلاردا بولغان تۆت خېرىدارنىڭ كۆزىنى چوقۇۋالغانلىقى سۆزلىنەتتى. جېبىرېئىل ئىچى دەرد بىلەن توشۇپ كەتكەن دەردمەن بىر شالغۇت قىزنىڭ ئۆيىدە بولغانلىقىنى، بۇ قىزنىڭ ھەق ئالماي، ئورىنوكو دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تۈرمىدە قاماقلىق ئەتكەسچى يىگىتىگە خەت يېزىپ بېرىشنىلا تەلەپ قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى. قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشچە، چېگرا ساقچىلىرى ئۇ يىگىتكە سۇرگە دورىسىنى بولۇشىچە ئىچكۈزگەندىن كېيىن بۇيرۇق بىلەن گارشوكتا ئولتۇرغۇزىدىكەن، گارشوك بىردەمنىڭ ئىچىدە پوق ۋە ئالماس بىلەن توشۇپ كېتىدىكەن.

بۇ ھەقىقىي پاھىشىخانا، شۇنداقلا ئۇ مېھرىبان دەللالمۇ ئورىلىئانونىڭ ئۇزاق زامان مەھبۇسلۇقتا ئۆتكەن ئاشۇ غېرىبانە كۈنلىرىدە چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان دۇنياسى ئىدى. ئورىلىئانو بۇنداق مېھرىبانلىقتىن سۆيۈنۈپ كەتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ھېلىقى كۈنى ئارزۇ ـ ئارماننى بەربات قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىنلا دەرھال كۆڭلىگە تەسەللى ئىزدەپ بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئەسلىدە بىرسىگە دەردىنى تۆكۈپ ئىچىنى تازا بوشىتىۋالماقچى ئىدى، نەتىجىدە پىلار تېرنېرانىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ قانغىچە يىغلىدى. پىلار تېرنېرا بارماقلىرى بىلەن ئورىلىئانونىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە يىغىسى توختىغانغا قەدەر جىممىدە كۈتۈپ ئولتۇردى، ئورىلىئانوغا يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتقۇزۇپ ئولتۇرمايلا ئۇنى ئازابلاۋاتقىنىنىڭمۇ دەل جىمى ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان مۇھەببەت دەردى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— بولدى، بالام، — دېدى تەسەللى بېرىپ، — ئەمدى ئېيتقىنە، ئۇ كىم؟

ئوربلىئانو ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن پىلار تېرنېرا قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ ياش چاغلىرىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خۇشاللىق كۈلكىسى دەمدەرنىڭ بۇقۇلدىغىنىغا يېقىن بىر ئاۋازغا ئۆزگىرىپ ئاخىرلاشتى. بۇئېندىيە جەمەتىدىكى ئەرلەرنىڭ كۆڭلىدە پىلار تېرنېرا سىرزەلمىگۈدەك سىر يوق ئىدى. چۈنكى، بىر ئەسىر داۋاملاشتۇرغان قارتا ئويۇنى بۇ جەمەت تارىخىنىڭ ئۆزگەرمەس تەكرارلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى، بۇ ھال ئەگەر ھارۋا ئوقى سەپەر داۋامىدا ئۇپرىمىغىنىدا، ھارۋا چاقىنىڭ مەڭگۈ ئايلىنىۋېرىدىغانلىقىدەك بىر ئىش ئىدى.

— غەم قىلمىغىن، — دېدى پىلار تېرنېرا كۈلۈپ، — ئۇ قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ تاپتا سېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت يېرىم بولغان چاغ ئىدى، ئامارانتا ئۇرسۇلا مۇنچىدىن چىقتى، ئۇستىگە يۇمشاق مۇنچا كىيىمى يېپىنىپ، بېشىغا لۆڭگە چىگمۇالغانىدى. ئوربلىئانو پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ، مەستتەك دەلدەڭشىگىنىچە ئارقىسىدىن غىپپىدە ئۆيىگە كىردى. مۇنچا كىيىمىنى ئەمدىلا يېشىپ تۇرغان ئامارانتا ئۇرسۇلا قورقىنىدىن دەرھال يەنە ئورۇنىۋالدى ـ دە، ئىشىكى يېرىم يېپىقلىق تۇرغان يان ئۆيىنى قولىدا ئىشارەت قىلىپ كۆرسەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئوربلىئانو گاستوننىڭ شۇ ئۆيدە خەت يېزىۋاتقانلىقىنى بىلدى.

— چىق، — دېدى ئامارانتا ئۇرسۇلا ئارانلا ئاڭلانغۇدەك پەس ئاۋازدا.

ئوربلىئانو ھىجايغىنىچە بېرىپ ئامارانتا ئۇرسۇلانى بېلىدىن قۇچاقلىدى ھەم خۇددى تاشئالما تەشتىكىنى كۆتۈرگەندەك دەس كۆتۈرۈپ كارىۋىتىغا ئوڭدىسىغا تاشلىدى. ئۇ ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ قارشىلىق كۆرسىتىپ بولغىچە مۇنچا كىيىمىنى قوپاللىق بىلەن تارتىپ سالدۇرۇۋەتتى، يېڭىلا يۇيۇنۇپ چىققان ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ئاپئاق ۋە يۇمران ئەتلىرىدىن يۈرەكلىرى لەرزىگە كەلدى. ئوربلىئانو باشقا ئۆيدىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بۇ گۈزەل تەننىڭ قاشتاشتەك گۈزەل ئەتلىرىنى، ھەربىر تال مويىنى، ھەتتا ئەڭ نومۇسلۇق يېرىدىكى مېڭىنىمۇ كۆرمىگ قېتىم تەسەۋۋۇرىدىن

ئۆتكۈزگەنىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا مەشىق كۆرگەن چىشى يىرتقۇچتەك قۇۋلۇق بىلەن، قامىدەك تولغىنىپ تۇرىدىغان سىلىق، ئەۋرىشىم ۋە خۇشپۇراق تىنى بىلەن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئورېلىئانونىڭ بېلىدىن تىزلاپ تۇرۇپ چاپاننىڭ نەشتىرىدەك تىرناقلىرىنى پاتۇرۇپ يۈزىنى تاتىلىدى. بىراق، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاۋازى ئۇچۇق دېرىزە ئالدىدا ئاپرېلنىڭ يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقان كىشىنىڭ پىنىك ئىچىگە تىنغىنىدەك بوشلا ئىدى. بۇ بىر مەيدان شىددەتلىك ئېلىشىش، دەھشەتلىك ئۆلۈم - كۆرۈم جېڭى بولسىمۇ، زوراۋانلىقتىن خالىي ئىدى. چۈنكى، ئۇلار راستتەكمۇ، يالغاندەكمۇ تۇرغان بۇ ھۇجۇمى داۋامىدا گويا ئەرۋاھنىڭ لەپپىدە ئۆزىنى قاچۇرغىنىدەك شۇنداق ئاستا، شۇنداق ئېھتىياتچانلىق ھەم تەمكىنلىك بىلەن ھەرىكەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن گويا بىر - بىرىگە دۈشمەن ئاشىق - مەشۇقلار سۇپسۇزۈك كۆلچەك سۈيىنىڭ تەكتىدە يارىشىۋېلىشنى ئىستىگىنىدەك ھۇجۇم ئارىلىقىدا دېمىنى ئېلىۋالماقچى بولدى، دېمىنى ئېلىۋالغان بۇ ۋاقىت ھەشقىپىچەك گۈللىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىلدۇرۇشقا، يان ئۆيدىكى گاستوننىڭ ئايروپىلان توغرىسىدىكى ئارزۇسىنى ئۇنتۇلدۇرۇشقا يېتىپ ئاشاتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا شىددەتلىك، ئەمما مۇراسىم كەيپىياتىغا تويۇنغان بۇ كۆرەش داۋامىدا ئەتەيلا جىم بولۇۋالسا تېخىمۇ بىنورماللىق بولىدىغانلىقىنى، يان ئۆيدىكى گاستوننى ئورېلىئانونى توسۇشقا ئۇرۇنۇپ ئېلىشقاندىكى ئاۋازىدىنمۇ بەكرەك گۇمانلاندۇرىدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتتى - دە، ئاغزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ كۈلۈۋەتتى، شۇنداقلا ئېلىشىشتىنمۇ ۋاز كەچمىدى، لېكىن مۇداپىيە داۋامىدا بارا - بارا تولغىنىشتىن توختىدى، ئاخىرىدا ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىنىڭ ھەم دۈشمىنى، ھەم شېرىكى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى - دە، ئېلىشىشتىن ئادەتتىكىچە ئوينىشىشقا، ھۇجۇم قىلىشتىن سىلىشىشقا ئۆتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا ئويۇن چىقارغاندەك تۇساتتىنلا مۇداپىيەسىنى بوشاتتى، لېكىن ئۆزى پەيدا قىلغان ئاقىۋەتتىن قورقۇپ كەتكەن ھەمدە ئوڭشىۋېلىشقا ئۇرۇنغاندا كېچىككەنىدى. بۇ چاغدا ۋۇجۇدىنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەن ئاجايىپ بىر شېرىن تۇيغۇ ئۇنى قىمىرمۇ

قىلدۇرمىدى، بەس كېلىپ بولمايدىغان ئوتتەك بىر ئىستەك ئىرادىسىنى بېسىپ چۈشتى. ئۆلۈم قىرغىقىدا ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان قېنىق سېرىق ۋىز - ۋىژىنىڭ ۋە كۆرۈنمەس شارچىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىپ باققۇسى كەلدى. بۇ چاغدا چىشى مۈشۈكنىڭ مىقىرىقىدەك يۈرەكنى ئېزىدىغان ئىڭراشلىرىنىڭ تېشىغا چىقىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قولىنى سىپاشتۇرۇپ لۆڭگىنى ئېلىپ چىڭ چىشلىۋېلىشقا ئاران ئۈلگۈردى.

# يىگىرمىنچى باب

پىلار تېرنېرا زىياپەت بولۇۋاتقان بىر ئاخشىمى جەننىتىنىڭ ئىشىكىدە تەۋرەنمە چىۋىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغىنىچە جان ئۈزدى. مەرھۇمنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، كىشىلەر ئۇنىڭ مېيىتىنى ئۆكەككە سالماستىن تەۋرەنمە چىۋىق ئورۇندۇقىدا ئولتۇرغۇزغان پېتى توم چىگە ئارغامچىدا تانسا كۆلچىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قېزىلغان ناھايىتى چوڭ ئورىغا چۈشۈردى. يىغىدىن چىرايى تاتىرىپ كەتكەن شالغۇت قىزلار قارىلىق كىيىشىپ، شۇنداقلا ئويلاپ تاپقان خوشلىشىش مۇراسىمىنىڭ قائىدىسى بويىچە قۇلاقلىرىدىكى ھالقىلىرىنى، بوينىدىكى بۇلاپكىلىرىنى، قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى بەس ـ بەستە چىقىرىشىپ گۆرگە تاشلىدى، ئاندىن مەرھۇمنىڭ ئېتى ۋە ۋاپات بولغان ئاي ـ كۈنى يېزىلمىغان قەبرە تېشى بىلەن قەبرىنى يېپىپ، تاشنىڭ ئۈستىگە ئامازون ياۋا چايگۈللىرىدىن دۆڭ ياسىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى زەھەرلەپ ئۆلتۈردى، ئۆيىنىڭ ئىشىك ـ دېرىزىلىرىنى خىش ۋە سېمونت بىلەن ئېتىۋەتتى ۋە ئەۋلىيا مۇرتلىرىنىڭ ھەيكەللىرى، ژۇرناللاردىكى رەڭلىك رەسىملەر، شۇنداقلا سېھىرلىك ئەتىر چېچىلغان غايىۋانە ئاشىقلىرىنىڭ سۈرەتلىرى سېلىنغان كىيىم ساندۇقلىرىنى ئېلىپ يولىغا راۋان بولدى، بۇ ئاشىقلىرىنىڭ بەزىسى ئالماس ياكى ئادەم گۆشى يەيدىغان دېۋە، بەزىسى ئوچۇق دېڭىزدا قارتا شاھى دەپ ئەزىزلىنىدىغان سېھىرگەرلەر ئىدى.

ئاقىۋەتتى شۇ بولدى. پىلار تېرنېرانىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغان پاھىشىلەرنىڭ مۇناجات ئوقۇشلىرى ۋە تەسۋى سىرىشلىرى بىلەن كونا دۇنيانىڭ ئەڭ ئاخىرقى قالدى ـ قاتتىلىرىمۇ تامام غايىب بولدى. شۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى بولسا كاتالونىيەلىك ئاقىل تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسى باھاردەك يايپېشىل تۇرىدىغان يۇرتىنىڭ پىراقىغا چىداپ

بولالماي كىتابخانىسىنى سېتىۋېتىپ، ئوتتۇرا دېڭىز بويىغا جايلاشقان ئانا يۇرتىغا كېتىپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ كېتىپ قېلىشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپمۇ چىقمىغانىدى. ئۇ ئاقىل بانان شىركىتى تازا گۈللەنگەن مەزگىلدە ئۇرۇشتىن قېچىپ ماكوندوغا كەلگەن، خام خىياللارغا بېرىلىپ كىلاسسىك كىتابلار ۋە ھەر خىل تىلدا نەشر قىلىنغان كىتابلارنى ساتىدىغان ئاشۇ كىتابخانىنى ئاچقانىدى. بەزىدە كىتابخانىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئۆيگە كىرىپ چۈشكە تەبىر ئېيتقۇزۇش نۆۋىتىنى كۈتۈپ تۇرغان خېرىدارلارمۇ بىرە كىرىپ قالاتتى ـ دە، بۇ كىتابلارنى خۇددى ئەخلەتخانىدىن تېرىۋالغاندەك گۇمانسىراپ ئاندا ـ مۇندا ۋاراقلاپ قوياتتى. ئۆمرىنىڭ يېرىمىنى كىتابخانىنىڭ ئارقىسىدىكى دىمىق ئۆيدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق دەپتىرىدىن يىرتىۋالغان ۋاراقلارغا سۆسۈن سىياھدا مەزمۇنىنى ھېچكىم بىلمەيدىغان ئەجىر ـ مىجىر خەتلەرنى يېزىش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇ كاتالونىيەلىك ئاقىل ئورېلىئانو بىلەن تونۇشقان چېغىدا مېرگادىسنىڭ تېرە قەغەز قوليازمىلىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇنداق قوليازمىلىرى بىلەن ئىككى ساندۇقنى لىق توشقۇزۇپ بولغانىدى، كەتكىچە ئارىلىقتا يەنە بىر ساندۇقنى توشقۇزۇپ بولدى، بۇنىڭدىن كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ ماكوندودا تۇرغان مەزگىلىدە شۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىغانلىقىنى كۆرۈۋپ يەتكىلى بولاتتى. ھېلىقى تۆت دوستىدىن باشقا ئارىلىشىدىغان ئادىمىمۇ يوق ئىدى، كاتالونىيەلىك ئاقىل ئۇلار باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا مۇزدا ئوينايدىغان نۇر ۋە لەگلەكلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ قېلىپ كىتاب ئارىيەت بېرىپ تۇراتتى، شۇنداقلا ئۇلارغا سېنېكا ۋە ئوۋىدىيۇسلارنىڭ كىتابلىرىنى تونۇشتۇراتتى. كىلاسسىك يازغۇچىلارنى تىلغا ئالغانلىرىدا خۇددى ئۆزى بىلەن ياتاقداش بولۇپ ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك تەرىزدە پاراڭنى قىلىپ بېرەتتى. تېخى ئۇلارنىڭ بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان بەزى سىرلىرىنىمۇ بىلەتتى. مەسىلەن، سان ئاۋگۇستىننىڭ قارا يەكتىكى ئىچىدىكى چىپپىدە كەلگەن يۇڭ جىلىتكىسىنى بىر كىيگەن پېتى ئون تۆت يىلغىچە سېلىپ باقمىغانلىقىنى، سېھىرگەر ئارنادو دې بىلانوۋانىڭ كىچىك ۋاقتىدا چايان چېقىۋېلىپ ئەرلىكىدىن مەھرۇم بولغانلىقىنى

بىلەتتى. كاتالونىيەلىك ئاقىل قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان ئۇ كىتابلاردىكى تىل ـ يېزىقتا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى ھەم مەسخىرە ياغدۇراتتى، ئۆزىنىڭ قولىيازمىلىرىغىمۇ ئەنە شۇنداق ئىككى خىل پوزىتسىيەدە بولاتتى. ئارفېنسو بۇ بوۋاينىڭ قول يازمىلىرىنى تەرجىمە قىلماقچى بولۇپ كاتالونىيە تىلىنى ئۆگىنىۋالغانىدى، شۇ چاغلاردا گېزىت قىيىقلىرى ۋە ئاجايىپ كەسىپلەر قوللانمىلىرى بىلەن يومپايتىۋالىدىغان يانچۇقىغا كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ بىرەر تۇرۇم قول يازمىسىنىمۇ كەپلەپ سېلىۋالاتتى، بىركۈنى كېچىسى بۇ قولىيازمىلارنى تېنىنى سېتىپ جان باقىدىغان قىزلارنىڭ ئۆيىدە يىتتۈرۈپ قويدى. بۇ ئىشنى بىلگەن كاتالونىيەلىك ئاقىل چىچىلمىدى، ئەكسىچە ئەدەبىياتنىڭ ئاقىۋىتى تەبىئىي شۇنداق بولىدۇ دەپ قاقاقلاپ كۈلۈۋېتىپلا بولدى قىلىۋەتتى. بىراق، يۇرتىغا قايتىپ ماڭىدىغان چاغدا ئەكسىچە ئىش تۇتۇپ، دوستلىرىنىڭ ھەرقانداق نەسىھەتىگە قۇلاق سالماي ئۈچ ساندۇق قول يازمىسىنى ئېلىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى، ھەتتا پوك قاتارىدا ۋاكالىتەن توشۇشقا تاپشۇرۇلۇپ، دەپ تەۋسىيە قىلىغان پويىز خادىملىرىنىمۇ كارتاگېنا شېۋىسىدە ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى ۋە ئاخىر ئىجازەت ئېلىپ ساندۇقلىرى بىلەن يولۇچىلار ۋاگونىغا چىقتى.

ــ كىشىلەر ئۆزى بىرىنچى دەرىجىلىك ۋاگونغا، ئەدەبىيات يۈك ۋاگونىغا چىققان كۈنى قىيامەت قايىم بولىدۇ، ــ دېدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمىدى.

كاتالونىيەلىك ئاقىل يۈك ـ تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغان ئاخىرقى بىر ھەپتە تولىمۇ زۇلۇم بىلەن ئۆتتى. يولغا چىقىدىغان ۋاقتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ كەيپىياتى بارغانسېرى ئوساللىشىپ، قىلىدىغان ئىشىنىمۇ تاپالماي قالدى، ئېنىقلا ھېلى بىر يەرگە قويغان نەرسە نېمىشقىدۇر باشقا بىر يەرگە بېرىپ قالاتتى، خۇددى فېرناندانى قىينىغان شاياتۇنلار ئۇنىڭغىمۇ ئاۋارىچىلىق سېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ــ كاساپەت! ــ دەۋەتتى زەردىسى بىلەن، ــ قۇرۇپ كەتسۇن شۇنداق لوندون دىنىي مەجلىسىنىڭ 27 ـ ماددىسى!

ھېرمان بىلەن ئورېلىئانو سەپەر تەييارلىقلىرىغا قارىشىپ بەرگەنىدى، خۇددى بىر كىچىك بالىغا قىلغاندەك پويىز بېلىتى بىلەن پاسپورتىنى يانچۇقىغا سېلىپ، يانچۇقنى ئىلغۇچ بىلەن ئىلىپ قويىدى، ئۇنىڭ ماكوندودىن يولغا چىقىپ بارسېلوناغا بارغۇچە ئارىلىقتا قىلىدىغان ئىشلىرىنى تەپسىلىي يېزىپ بەردى، كاتالونىيەلىك ئاقىل شۇنداقتىمۇ ئېزىپ، يانچۇقىغا بارلىق دەسمىيىنىڭ يېرىمى سېلىنغان شىمىنى بىخەستەلىك بىلەن ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋەتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا قولىيازمىلىرىنى سالغان ساندۇقلارنىڭ ئاغزىنى مىخلىۋەتتى، ماكوندوغا ئالغاچ كەلگەن ساندۇقىغا كىيىم-كېچەكلىرىنى تىقتى، ئاندىن قۇلۇلە قېپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، مۇساپىرلىق ھاياتىدا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن كىتابلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قوپال تىلەك ۋەزنىدە جاكارلىدى:

— ماۋۇ ئەسكى - تۈسكىلەرنى سىلەرگە قالدۇردۇم!

ئۇلار ئۈچ ئايدىن كېيىن چوڭ بىر كونۋېرت تاپشۇرۇۋالدى، كونۋېرتتا يىگىرمە توققۇز پارچە خەت، ئەللىك پارچە رەسىم بار ئىدى، كاتالونىيەلىك ئاقىل بۇ خەتلەرنى دېڭىز سەپىرى ئۈستىدىكى بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ يازغانىدى. ۋاقتى يېزىلمىغان بولسىمۇ، خەتلەرنىڭ قانداق رەت - تەرتىپ بىلەن تىزىلغانلىقىنى قاراپلا بىلىۋېلىش تەس ئەمەس ئىدى. كاتالونىيەلىك ئاقىل باشتىكى بىرنەچچە پارچە خېتىدە يول ئۈستىدىكى خىلمۇخىل سەرگۈزەشتىلىرىنى يۇمۇرلۇق تىل ئادىتى بويىچە يازغان: ھېلىقى ئۈچ ساندۇقنى پاراخوت بۆلمىسىگە ئېلىپ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىغان دېڭىز ترانسپورت نازارەتچىسىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتكۈسى كېپكەتكەنلىكىنى؛ ئۆتۈپ كەتكەن ھاماقەت بىر خانىمنىڭ «13» دېگەن ساندىن قورقىدىغانلىقى، لېكىن خۇراپىيلىقى تۈپەيلىدىن ئەمەس، بەلكى شۇم سان بولۇپ تۇيۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قورقىدىغانلىقى؛ پاراخوتتا بىرىنچى قېتىم كەچلىك تاماق يېگەن چېغىدا پاراخوتتىكى سۇدا رىپىلىدانىڭ كېچىلىرى قىزىلچا تېتىيدىغان بۇلاق سۈيىنىڭ تەمى بارلىقىنى بىلىۋېلىپ، بۇ سۇنى رىپىلىدانىڭ بۇلاق سۈيى ئىكەن دەپ جەزملەشتۈرۈپ خەق بىلەن باغلىشىپ ئۇتتۇۋالغانلىقى ۋاھاكازالارنى بايان قىلغان. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن

پاراخوتتىكى تۇرمۇشتىن زېرىككەن، ماكوندودا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ھەتتا يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارمۇ خىيالىدىن چىقمايدىغان بولۇپ قالغان. چۈنكى، پاراخوت يىراقلاپ بارغانسېرى ئەسلىمىلىرىمۇ بارغانچە قويۇق دەردلىك تۈس ئالغان، سېغىنىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ بارغانلىقى رەسىملەردىمۇ ئېنىق ئىپادىسىنى تاپقاندى. دەسلەپ چۈشكەن بىرنەچچە پارچە رەسىمدە كەيپى شۇنداق چاغ بولۇپ، ئۇچىسىغا تەنھەرىكەت كىيىمى كىيىۋالغاندى، كۆمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرى مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، ئارقىسىدا دولقۇنلۇق كارىپ دېڭىزىنىڭ بوژغۇنلىرى چاچراپ تۇراتتى. ئاخىرىدىكى بىر تۈركۈم رەسىملىرىدە قېنىق قارا پەلتو كىيگەن، يىپەك شارپا ئورىۋالغان، چىرايى تاتىراڭغۇ ۋە ئويچان بىر سىياقتا پاراخوت پالوبىسىدا تۇراتتى. ھېرمان بىلەن ئورېلىئانو بوۋايغا جاۋاب خەت يازدى، بوۋاي بىرنەچچە ئايغىچە ئۇزۇلدۇرمەي خەت يېزىپ تۇردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارغا كاتالونىيەلىك ئاقىل بىلەن ھېلىمۇ ماكوندودىكى چېغىدىكىدىنمۇ بەكرەك يېقىن ئۆتۈشۈۋاتقاندەك بىلىنىپ كۆڭلى ئارام تېپىپ قالدى. بوۋاي دەسلەپ يازغان خېتىدە: يۇرتۇمدا ھەممە ئىش بۇرۇنقىدەكلا ئىكەن، مەن تۇغۇلغان ئۆيدە ھېلىقى ھالرەڭ قۇلۇلىلەر ھازىرمۇ بار ئىكەن، قېتىغا بېلىجان ئېلىپ يەيدىغان بولكىنىڭ تەمى بۇرۇنقىدەكلا ئىكەن، بىزنىڭ مەھەللىدىكى شارقىراتمىلاردىن قاش قارايغان مەھەلدە بۇرۇنقىدەكلا خۇشپۇراق كېلىپ تۇرىدىكەن دەپ يازغاندى. مەشىق دەپتىرىدىن يىرتىۋالغان ۋاراقلارنى ھېلىقىدەك ئىجىر - مىجىر خەتلەر بىلەن توشقۇزۇپ يازغان خەتلىرىدە ئۇ تۆتەيلەنگە بېغىشلانغان بۆلەكلەرمۇ بار ئىدى. كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ كەيپىياتى ئۆڭشىلىپ قالغاندىن كېيىن قايناق ھېسسىيات بىلەن يازىدىغان خەتلىرى بارا - بارا چۈشكۈن ۋەزنامىلەرگە ئايلىنىپ قالدى، بۇنى ئۆزىمۇ سەزمىگەندەك قىلاتتى. قىش ئاخشاملىرى كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ ئۆز ئۆيىدىكى تام مەشكە قويۇلغان كورىنىڭ پورۇقلاپ قايناۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كاتالونىيەلىك ئاقىل بولسا ماكوندودىكى كىتابخانىسىنىڭ ئارقا ئۆيىدىكى دىمىق ئىسسىقنى، قىزىق قۇياشنىڭ توپا - تۇمان باسقان بادامزارلىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان ئاپتىپىنىڭ ۋىژ - ۋىژلىرىنى، ئادەمنى مۈگدەك

باسىدىغان چىڭقىچۇش مەھەلدە ئۇشتۇمتۇت ئاڭلىنىدىغان پاراۋوزنىڭ گۇدۇك ئاۋازىنى خۇددى ماكوندودىكى چېغىدا يۈرتىدىكى تام مەشتە كورىنىڭ پوروقلاپ قاينايدىغان ئاۋازىنى، قەھۋە ساتىدىغان يايمىكەشلەرنىڭ تووۋلاشلىرىنى، ۋىچىرلاپ سايرايدىغان بۇلبۇللارنىڭ ئاۋازىنى سېغىنغىنىدەك سېغىنىپ ئولتۇراتتى. بىر - بىرىگە ئۇدۇل تىكلەپ قويۇلغان ئەينەكتەك ئىككى خىل سېغىنىشنىڭ ئارىلىقىدا قىسىلىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان كاتالونىيەلىك ئاقىل ئەمدى ئۆزىنى رېئاللىقتىن ئايرىلغان يوكسەك روھىي ھالەتتە تۇتالماس بولۇپ قالغانىدى، ئاخىرىدا ھەتتا ئۇ دوستلىرىنى ماكوندودىن كېتىشكە، ئۆزى ئۆگەتكەن پانىيغا خاس ئىنسانىي ھېسسىيات ھەققىدىكى بارلىق بىلىمنى ئۇنتۇشقا، خوراتىيۇسنىڭ تەلىماتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاشقا دەۋەت قىلدى، تېخى قەيەردىلا بولساڭلار ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئۆتمۇشنىڭ ھەممىسى يالغان، ئەستىلىكنىڭ قايتارى يوق، باھار بارسا كەلمەسكە كېتىدۇ، ئەڭ قىزغىن، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەتمۇ ئاخىر تۇمانغا ئوخشاش پۈرردە توزۇپ كېتىدۇ، دېدى.

ئارۋالو بوۋاينىڭ نەسىھەتىگە قۇلاق سېلىپ بىرىنچى بولۇپ ماكوندودىن كەتتى. بارلىق نەرسىسىنى، ھەتتا قولغا ئۆگەتكەن، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى قورقۇتۇپ ئويناپدىغان يىلپىزىنىمۇ سېتىۋەتتى - دە، ئاخىرقى بېكىتى يوق مەڭگۈلۈك پويىز بېلىتىدىن بىرنى ئالدى. يولغا چىققىنىدىن كېيىن پويىزنىڭ كۆزنەكلىرىدىن گويا غىل - پاللا كۆرۈنۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان تۇرلۇك - تۈمەن مەنزىرىلەرنى، لۇئىسانا پاختىزارلىقىدىكى ئاجايىپ نېگىرلارنى، كېنتوكىنىڭ يايپېشىل يايلاقلىرىدا چېپىپ يۈرگەن ئارغىماقلارنى، ئارىزونانىڭ دوزاقتەك قاراڭغۇلىقىدىكى ئاشىق - مەشۇقلارنى، مىچىگان كۆلى بويىدا سۇ بوياق رەسىم سىزىۋاتقان قىزىل كوپتىلىق بىر قىزنى، بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە قاراپ رەسىم قەلىمىنى سىلكىگەنلىرىنى، خوشلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، كېتىۋاتقان پويىزنىڭ بارسا كەلمەسكە ماڭغانلىقىنى بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىنى ھاياجان ئىلكىدە تەسۋىرلەپ يازغان خەتلىرىنى يول ئۈستىدىكى ۋوگزاللاردىن ئۇدۇللۇق ئەۋەتىپ تۇردى، بۇ ھال گويا ئۈچۈپ كېتىۋاتقان داستانىنى

تىتىپ ـ تىتىپ ئۇنتۇلار ماكانغا يول بويى چېچىپ ماڭغىنىغا ئوخشايتتى. ئارفېنسو بىلەن ھېرمانمۇ ئارقىدىنلا بىر شەنبە كۈنى ماكوندودىن مېڭىپ كەتتى، ئۇلار كېلەر دۈشەنبە كۈنى قايتىپ كەلمەكچى ئىدى، بىراق شۇ كەتكىنىچە ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولدى. كاتالونىيەلىك ئاقىل كېتىپ بىر يىلدىن كېيىن ماكوندودا دوستلىرىدىن پەقەت جېبرېئىللا قالدى، جېبرېئىل بۇرۇنقىدەكلا ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالماي، نىگرومانتانىڭ ئاندا ـ ساندا بېرىپ تۇرىدىغان چاغلىقلا ئىنئاملىرىغا تايىنىپ كۈن ئالاتتى. ئۇ فىرانسىيەدە چىقىدىغان بىر ژۇرنال ئۇيۇشتۇرغان سوئال ـ جاۋاب مۇسابىقىسىگە قاتناشتى، مۇسابىقىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتى بىر قېتىملىق پارىژ ساياھىتى ئىدى. ئورېلىئانو بۇ ژۇرنالغا مۇشتەرى بولغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا جاۋابنى يېزىشىپ بەردى. ۋاقتىنى بەزىدە ئۆيدە، كۆپىنچە چاغلاردا جېبرېئىلنىڭ جىمغۇر ئاشنىسى مېلسەدېسنىڭ ساپال دورا قاچىلىرى ۋە سۇمبۇل ھىدى بىلەن تولغان دورىخانىسىدا ئۆتكۈزەتتى، بۇ دورىخانا ماكوندودا ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر دورىخانا ئىدى. بۇ يەر كۈنسايىن خارابلىققا يۈز تۇتقان، ھەردەم يوقۇلۇشقا يېقىنلاپ بېرىۋاتقان، ئەمما مەڭگۇ ئۈزۈل ـ كېسىل يوقۇلۇپ كەتمەيدىغان ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسى ئىدى. جېبرېئىل كاتتا مۇكاپاتلىق بۇ مۇسابىقىدە ئۇتۇپ، ئالماشتۇرۇپ كىيىدىغان ئىككى قۇر پاكىز كىيىمىنى، بىر جۈپ خۇرۇم ئايىغىنى ۋە بىر يۈرۈش رېبالايس ئەسەرلىرىنى ئېلىپ پارىژغا بېرىش ئۈچۈن ۋوگزالدا پويىز شوپۇرىغا «مېنى ئېلىپ مېڭىڭلار» دېگەن مەنىدە تىنماي قولىنى پۇلاڭلىتىپ پويىزنى ئاران توختاتتى.

بۇ چاغدا پۈتۈن بازار شۇ قەدەر تىمتاس، شۇ قەدەر غېرىبانە بولۇپ كەتكەنىدى، ئۆتكەنكى ئاۋات تۈركلەر كوچىسى چۆلدەرەپ قالغان، ئەڭ ئاخىرقى بىر تۈركۈم ئەرەبلەر ئاخىرقى بىر تاختا يوللۇق رەختلىرىنى سېتىپ بولۇپ، دۇكان ئالدىدىكى خىرە كۆرگەزمە كۆزنىكىدە پەقەت باشسىز مودىللارلا قالغان بولسىمۇ، ئەسىرلەر بويى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىسى بويىچە ئىشىك ئالدىدا خۇددى خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغاندەك ئەجىلىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئېھتىمال، پاترىسىيە بىرووۋىن ئالاباما ئىشتاتىنىڭ پىلاتۇېل شەھىرىنىڭ زېرىكىشلىك ئۈزۈن كېچىلىرىدە سىركە

ئاربلاشتۇرۇپ تەييارلانغان تەرخەمەك يېگەچ ئولتۇرۇپ نەۋرىلىرىگە بانان شىركىتىنىڭ دەۋرانىدىكى بۇ بازار ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندا بۇ يەرنىڭ ئوت - چۆپ بېسىپ كەتكەن تۈزلەڭلىككە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بولۇشى مۇمكىن. پوپ ئانژېلىنىڭ ئورنىغا قېرى بىر پوپ كەلگەندى (ئېتىنى ھېچكىمنىڭ سورۇشتۇرۇپ ئاۋارە بولغۇسى يوق ئىدى)، ئۇ پوپ رېماتىزم ئاغرىقى ۋە غەم - ئەندىشە تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان ئۇيقۇسىزلىقنىڭ دەردىدە تەڭرىنىڭ شاپائىتىنى كۈتۈپ سەگۈنچىكىدە ئېرىنچەكلىك بىلەن تاشلىنىپ ياتاتتى، ياندىكى ئۆيدە بولۇۋاتقان كەسلەنچۈكلەر بىلەن چاشقانلارنىڭ زېمىن تالىشىپ قىلىۋاتقان جەڭلىرىدىنمۇ پەرۋايى پەلەك ئىدى. ھەتتا قۇشقاچلارمۇ تاشلاپ كەتكەن، پىژغىرىم ئىسسىق ۋە چاڭ - توزان دەستىدىن ئادەملەرنىڭ نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنلىشىپ كەتكەن ماكوندودا ئورېلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا ئىككىسىلا مۇھەببەت ۋە غېرىبلىقتا بەند بولۇپ، قىزىل چۈمۈلىلەرنىڭ ئەسەبىي كىسىر - كىسىر شاۋقۇنىدىن ئۇخلىغىلىمۇ بولمايدىغان ئۆيدىكى بىردىنبىر جان ئىگىلىرى، دۇنيادا تەڭداشسىز بەختىيار بىر جۈپلەر ئىدى.

گاستون بىريۇسېلغا قايتىپ كەتتى. ئايروپىلان كۈتۈۋېرىپ سەۋر - تاقىتى قالمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە بارلىق خەتلىرى ۋە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى كىچىك بىر چامادانغا سېلىپ ماكوندودىن ئارمان بىلەن ئايرىلدى. گېرمانىيەلىك بىر توپ ئايروپىلان ئىنژېنېرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلگۇرۇپ بېرىشقا ئالدىراپ تۇراتتى، چۈنكى ئۇلار ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە گاستوننىڭ لايىھەسىدىنمۇ ئۇلۇغۋار بىر پىلانىنى سۇنغانىدى. ئورېلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا بىرىنچى قېتىم بىللە بولغان ھېلىقى كەچقۇرۇندىن كېيىن ئېرىنىڭ سەل قارىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ خالىي ئۇچرىشىپ كېلىۋەرگەنىدى. بىراق، دائىم دېگۈدەك گاستوننىڭ كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا سىرتتىن قايتىپ كېلىشى بىلەن پەيزى بۇزۇلۇپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆيدە ئىككىسى يالغۇز قالغان چاغلاردا كېچىكىپ كەلگەن مۇھەببەت قاينىمىغا غەرق بولاتتى. ھەر ئىككىلىسى شۇ قەدەر ئەسەبىيلىشىپ كېتەتتىكى، فېرناندانىڭ گۆردىكى سۆڭەكلىرىنىمۇ چۆچۈتۈپ تىترىتىۋەتكۇدەك بۇنداق بىنورمال

ئەسەبىي ھاياجىنى ئۇزاققىچە بوشىماي داۋاملىشاتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككى مەھەلدىكى تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىدىمۇ، كېچە سائەت ئىككى بولغان چاغلاردىكى ئاشلىق ئامبىرىدىمۇ ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ چىرقىراشلىرى، پەللىسىگە يەتكەن چاغدىكى ئىڭراشلىرى پۈتۈن ئۆيىنى لەرزىگە سالاتتى.

— ئىسست، — دەيتتى ئورېلىئانو كۈلۈپ، — شۇنچە كۆپ ۋاقتىمىزنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتكىنىمىزنى دەيمەن.

ئامارانتا ئۇرسۇلا چۈمۈلىلەرنىڭ گۈللۈكنى ۋەيران قىلىۋاتقانلىرىغا، ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نەپسى بالانىڭ ۋەسۋەسىسىدە ئۆيدىكى بارلىق ياغاچلارنى يەپ قۇرۇتىۋېتىۋاتقانلىرىغا، جانلىق لاۋا ئېقىمىدەك پېشايۋانغا باشقىلەتىن يامراپ كېتىۋاتقانلىرىغا مەستخۇش بىر ھالەتتە قاراپلا تۇراتتى، پەقەت دۈشمەنىنىڭ ھەربىكىتىنى ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا بايقىغىنىدىلا ئاندىن توسۇشقا قولى باردى. ئورېلىئانومۇ تېرە قەغەز قول يازمىلىرىنى تاشلاپ، ئۆيدىن بىر قەدەممۇ نېرى بولمايدىغان بولۇپ كەتتى، كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ خەتلىرىگىمۇ ئاندا ـ ساندا جاۋاب يېزىپ قوياتتى. بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار رېئاللىق ئېڭىنى، ۋاقىت ئۇقۇمىنى يوقاتقان، تۇرمۇش رىتىمى بۇزۇلغانىدى. كىيىملىرىنى سېلىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى قايتىدىن چىڭ تاقاپ، خۇددى ساھىبجامال رېمەدىسنىڭ ئارزۇ قىلغىنىدەك ھويلىدا قىپيالىڭاچ يېتى ئوينىشىپ يۈرۈشتى. بىركۈنى چۈشتىن كېيىن مۇنچىدىكى كۆلچەكتە تۇتىشىۋېتىپ سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قالدى. ئۇلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىكى بۇزغۇنچىلىقى چۈمۈلىلەرنىڭ بۇزغىنىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى: مېھمانخانىدىكى ئۆي ـ جابدۇقلىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ھەربىيلىك ھاياتىدىكى ھەسرەتلىك ئىشقىي مۇھەببەتلىرىگە چىداشلىق بەرگەن پۇختا سەگۈنچەكنىمۇ ئەسەبىيلەرچە تىتىپ تاشلىدى، كۆرپىسىنىڭ ئىچىدىكى پاختىسىنى چىقىرىپ پولغىلا سالدى. ئورېلىئانو ئەسەبىي ئاشىقلىقى بىلەن مەشۇقىدىن قېلىشمايتتى، لېكىن ئامارانتا ئۇرسۇلا بىمەنە كەشپىيات تالانتى ۋە چاققاق نازلىرى ئارقىلىق بۇ ئاپەتلىك جەننەتكە ھۆكۈمران

بولۇپ، مۇھەببەت داۋامىدا بوزرۇكۋاز موممىسىنىڭ ئۇششاق جاندار كەمپۈتلەرنى ياسىغان چاغلىرىدىكى تۈگمەس ـ پۈتمەس كۆچمىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەنىدى. ئۆزىنىڭ كەشپىياتىدىن شادلىنىپ ناخشا ئېيتىپ كېتەتتى ياكى ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى، ئورېلىئانو بولسا بۇنداق چاغلاردا تېخىمۇ جىمغۇر بولۇپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ قايناق مۇھەببىتى ئىچىدە يانغىن بولۇپ لاۋۇلدايتتى. ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ماھارىتى شۇ قەدەر ۋايىغا يەتكەنىدىكى، يۇقىرى پەللىدىن كېيىنكى ھارغىنلىق ئىچىدىمۇ باشقىچە كەيىپ سۈرەلەيتتى. بىر ـ بىرىنىڭ جىسمىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن چوقۇنۇشاتتى، ھېسسىياتىنىڭ تۆۋەن پەللىسىدىنمۇ باشقىچە ھوزۇر تاپالايتتى. ئورېلىئانو قولىنى تۇخۇمىنىڭ ئېقىمغا تەگكۈزۈپ ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ دىقماقلىنە ئەمچىكىنى، ئەۋرىشىم يوتىسىنى ياكى شاپتۇلدەك قورسىقىنى سىلايتتى، ئامارانتا ئۇرسۇلا بولسا ئورېلىئانونىڭ ئادەتتىن تاشقىرى يوغان زەكىرىنى ئويۇنچۇق ئورنىدا پۇلاڭلىتىپ ئوينايتتى، لەۋ سۈرۈقىدا كۆز سىزىپ قويايتتى، قاش قەلىمىدە تۈركلەرنىڭ بۇرۇتىدەك شاپ بۇرۇت سىزىپ قوياتتى، قاتتىق يىپتا گالاستۇك ئېسىپ، پالپال قەغەزدە قالپاق كىيگۈزۈپ قوياتتى. ئۇلار بىر كۈنى كەچقۇرۇن بىر ـ بىرىنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە پۈتۈن ئەزايىغا شاپتۇل مۇرابباسى سۇۋاپ، بىر ـ بىرىنى ئىتتەك يالاشتى، ساراڭدەك كارىدوردا كۆڭۈلخۇشى قىلىشىپ، كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چۈمۈلە ئېقىمىغا يەم بولۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى.

ئامارانتا ئۇرسۇلا گاستوندىن كەلگەن خەتلەرگە مەستخۇشلۇق ئارىلىقىدا ئاندا ـ مۇندا جاۋاب خەت يېزىپ قوياتتى. گاستون ئەمدى قايتىپ كەلمەيدىغاندەكلا شۇنداق يىراق ۋە ئالدىراش تۇيۇلاتتى. ئەڭ دەسلەپ يازغان بىر پارچە خېتىدە شېرىكلىرىم راستىنلا بىر ئايروپىلان ئەۋەتىپتىكەن، بىريۇسىبلدىكى دېڭىز ترانسپورتى شىركىتى خاتالىشىپ تانگانىكاغا ئېلىپ بېرىپ، شۇ يەردە ئۇلتۇرۇشلۇق ماكوندولۇقلارغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ، بۇ خاتالىق تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىقنى ئوڭشاپ، ئايروپىلاننى ياندۇرۇپ كېلىش ئۈچۈنلا ئىككى يىل كەتكۈدەك دېگەنىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا ئىرىنىڭ كۈتۈلمىگەن بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ئەندىشىدىن خالاس بولدى. ئورېلىئانونىڭ كاتالونىيەلىك ئاقىل بىلەن بولغان خەت ئالاقىسىنى ۋە دورىخانىدىكى ھېلىقى مىسكىن قىز مېلىسەدېستىن جېبرېئىلنىڭ ئۇچۇرىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، سىرت بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. دەسلەپتە جېبرېئىل ھەققىدىكى ئۇچۇرلار خېلى راستتەك ئىدى. خەۋەرلەردە ئېيتىلىشىچە، جېبرېئىل قايتىپ كېلىدىغان ئايروپىلان بېلىتىنى قايتۇرۇۋېتىپ پارىژدا تۇرۇپ قالغانمىش، دورىفىن كوچىسىدىكى قاراڭغۇ بىر سارايىنىڭ ئايال كۈتكۈچىلىرى تاشلىۋەتكەن كونا گېزىتلەرنى ۋە قۇرۇق بوتۇلكىلارنى سېتىپ كۈن ئېلىۋاتقانمىش. ئورېلىئانو بۇ دوستىنىڭ قىياپىتىنى ئاسانلا قىياس قىلالايتتى: ئۇچىسىغا بىر كىيگىنىچە باھار كېلىپ مونپارناسنىڭ يول ياقىسىدىكى قەھۋەخانىلىرىدا قىز ـ يىگىتلەر جۈپ ـ جۈپ بولۇشۇپ لىققىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتىدىغان مەۋسۇم كەلمىگىچە سالمايدىغان ئېگىز ياقىلىق قىزىل مەخمەل چاپىنىنى كىيىپ، يېسىۋېلەك قاينىقىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىدىغان بىر ئۆيدە كۈندۈزى ئۇخلاپ، ئاخشىمى يېزىقچىلىق ئارقىلىق دىققىتىنى بۇراپ قورساق ئاچلىقىنىڭ دەردىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن مىقتەك ئولتۇراتتى، كېيىن، ئارگېنتىنالىق يازغۇچى خىلېئور كوتاسارنىڭ قەلىمىدە يارالغان پېرسوناژ روكامادۇرمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئالەمدىن ئۆتكەنىدى. بىراق، جېبرېئىلنىڭ خەۋىرىمۇ بارغانچە ئېنىق بولماي قالدى، كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ خەتلىرىمۇ بارغانسېرى ئازلاپ قالدى، مەزمۇنىمۇ بارغانسېرى ھەسرەتلىك تۇس ئالدى، ئورېلىئانو بۇنداق يېتىملىككە خۇددى ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ئېرىدىن ئايرىلغىنىغا كۆنۈپ قالغانغا ئوخشاش بارا ـ بارا كۆنۈپمۇ قالغانىدى. بۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار ئادەمسىز بۇ خىلۋەت ماكاندا كۈنلىرىنى يايراپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى، بۇ ماكاندا بىردىنبىر مەڭگۈلۈك رېئاللىق مۇھەببەت ئىدى.

ئۇلارنىڭ بۇ بەختىيار خىيالىي دۇنياسىدا ئۇشتۇمتۇت چاقماق چېقىلغاندەك گاستوننىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كېلىپ قالدى. ئورېلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ يۈرىكىنى تۇتۇشقىنىچە بىر ـ بىرىنىڭ

ئىچكى دۇنياسىغا قارىغىنىدەك بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزلىرىنىڭ بىر جان ـ بىر تەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆلسىمۇ ئايرىلىشنى خالىمايدىغانلىقلىرىنى كۆرۈپ يېتىشتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا شۇنىڭ بىلەن ئىرىگە بىر ـ بىرىگە زىت مەزمۇندا بىر پارچە خەت يازدى، بۇ خېتىنىڭ بېشىدا ئۆزىنىڭ گاستونغا بولغان مۇھەببىتى ۋە ۋىسال ئارزۇسىنى ئىزھار قىلغان بولسا، ئاخىرىدا تەقدىرىنىڭ ئۆزىنى ئەخمەق قىلىپ، ئورېلىئانودىن ئايرىلالماس قىلىپ قويغانلىقىنى ئىقرار قىلغانىدى. گاستون بولسا ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۈتكىنىنىڭ ئەكسىچە ئىغىر ـ بېسىقلىق بىلەن، ھەتتا ئاتىلارچە كۆيۈمچانلىق بىلەن جاۋاب خەت يازدى. لىق ئىككى ۋاراق كەلگەن بۇ خېتىدە ئۇلارنى داۋالغۇن بىنورمال ھاياجاندىن پەخەس بولۇشقا ئاگاھلاندۇرغان، ئاخىرىدا ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ قىسقىغىنا ئەر ـ خوتۇنلۇق ھاياتىغا ئوخشاش بەخت تىلىگەنىدى. گاستوننىڭ پەقەتلا كۈتۈلمىگەن بۇنداق پوزىتسىيەسى ئامارانتا ئۇرسۇلاغا ئۆزىنى نومۇستا قويغاندەك، گويا ئۆزىنى تاشلىۋېتىشكە باھانە تاپالماي تۇرغان ئىرىگە ئۆزىلا باھانە تېپىپ بەرگەندەك تۇيۇلدى. گاستون يېرىم يىلدىن كېيىن لېۋپولدىن ئەۋەتكەن بىر پارچە خېتىدە ھېلىقى ئايروپىلاننى ئاخىر شۇ يەردىن تاپقانلىقىنى ئېيتىپ، ئامارانتا ئۇرسۇلادىن ۋېلىسىپىتىنى ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان ھەمدە ماكوندودا قالغان نەرسىلىرىم ئىچىدە بىردىنبىر كۆزۈم قىيمىغان نەرسەم شۇ ئىدى دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتكەنىدى، ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ غەزىپى تېخىمۇ تېشىپ ئۆتى يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئورېلىئانو غەزەپتىن بوغۇلۇپ كەتكەن ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ قورساق كۆپۈكىگە سەۋرچانلىق بىلەن چىداپ، ئۆزىنىڭ خەيرلىك كۈنلەردىمۇ، ئىغىر كۈنلەردىمۇ ياخشى ئەر بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. گاستون قالدۇرۇپ كەتكەن پۇل تۈگەپ قالغان مۇشكۇل كۈنلەرنىڭ تۈرتكىسىدە ئىككىسى بىر ـ بىرىگە تېخىمۇ چىڭ باغلىنىپ كەتتى، بۇنداق يېقىنچىلىق كىشىنى ئۇنچە مەستخۇش قىلغۇدەك دەرىجىدە بولۇپ كەتمىسىمۇ، بەربىر ئىشقىي ھەۋەسلىرى ئۇلغىيىپ پەللىسىگە يەتكەن كۈنلەردىكىدەك بىر ـ بىرىدىن سۆيۈنۈپ بەخت ئىلكىدە ئۆتتۈۋەرى. پىلار تېرنېرا ۋاپات بولغان چاغدا ئۇلار يېڭى بىر ھاياتىنىڭ دۇنياغا تېزراق كۆز

ئېچىشىنى كۈتۈۋاتاتتى.

ئامارانتا ئۇرسۇلا ئېغىر ئاياغ مەزگىلىدىكى ھارغىنلىقىدا بىلىقنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن مارجان ياساپ سېتىش خىيالىدىمۇ بولدى. لېكىن، مېلىسەدېسنىڭ بىر تېزلىق ئالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرمۇ خېرىدار چىقمىدى. ئورېلىئانو ئۆزىنىڭ تىل تالانتىنىڭ، قامۇستەك ھەر تەرەپلىمە بىلىمىنىڭ، شۇنداقلا يىراق ـ يىراق جاي لاردىكى شەيئىلەرنى شۇ يەرلەردە بولماي تۇرۇپمۇ بەش قولدەك ئېنىق بىلىۋالالايدىغان مىسلىسىز ئىقتىدارىنىڭ خۇددى ئايالى ساقلاپ كېلىۋاتقان، ماكوندونىڭ ئەڭ ئاخىر قى ئاھالىسىنىڭ بارلىق دەسمىسىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ كەلگۈدەك جاۋاھىراتلىرىغا ئوخشاشلا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغانلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇلار ئاران ـ ئاران كۈن ئالاتتى، شۇنداقتىمۇ ئامارانتا ئۇرسۇلا كۆڭلىنى خۇش تۇتۇپ، داۋاملىق يېڭى ـ يېڭى قىزىقچىلىق چىقىرىپ تۇراتتى، لېكىن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن پېشايۋاندا ئۇخلىغان بىلەن ئۇخلىمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا ئويغا پاتقاندەك كۆزىنى يۇمۇپ شۇك ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى، بۇنداق چاغلاردا ئورېلىئانو بىر چەتتە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇراتتى. ئىككىيلەن بەزىدە بىر ـ بىرىنىڭ كۆزلىرىگە تىكى لگەن پېتى كەچ كىرگىچە جىمىمىدە ئولتۇرۇپ كېتەتتى، بۇنداق جىمجىتلىق ئىچىدىكى مۇھەببىتى بۇرۇنقى چاغلىرىدىكىدەك ئەسەبىي مۇھەببەتلىرىدىن قېلىشمايتتى. كېلەچىكىنىڭ خىرەلىكى خىياللىرىنى ئۆتمۈشكە قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار بۇنداق چاغلاردا قارا يامغۇر مەزگىلىدىكى قولدىن كەتكەن جەننىتىنى، ھويلىدىكى يىغىلىپ قالغان لايساڭغۇ يامغۇر سۈيىنى چېچىشىپ ئويناشقانلىرىنى، كەسلەنچۈكلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئۇرسۇلانىڭ ئۇستىگە ئېسىپ قويغانلىرىنى، ئۇرسۇلانى تىرىك كۆمىمىز دەپ چېقىشىپ ئوينىغانلىرىنى ئەسلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. ئۇلار بۇ ئەسلىمىلەردىن شۇنداق بىر پاكىتنى ھېس قىلىپ يېتەتتىكى، ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىنى بىلگەندىن باشلاپ بىللە ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرى ئىنتايىن بەختلىك چاغلىرى ئىكەن. ئامارانتا ئۇرسۇلا ئىلگىرى بىرقېتىم تويۇقسىز زەرگەرخانىغا كىرىپ قالغاندا، ئانىسى شۇ يەردىكى ئورېلىئانونى ھېچكىمنىڭ بالىسى ئەمەس، دەريادا ئېقىپ كەلگەن

بىر سېۋەتتىن تېپىۋالغان بالا دەپ بەرگەنىدى. بۇ گەپكە كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، لېكىن ئورنىغا دەسسەتكۇدەك باشقا بىرەر ئىشەنچلىك ئىسپاتمۇ يوق ئىدى. ئۇلار بارلىق ئېھتىماللىقنى تەھلىل قىلىپ كۆرگەندىن كېيىن ئوربېلىئانونىڭ ئانىسى فېرناندا ئەمەس بولۇپ چىقتى، بىردىنبىر جەزملەشتۈرەلىگىنى پەقەت شۇ ئىدى. ئامارانتا ئۆرسۇلا ئوربېلىئانونى پېترا كوتېسنىڭ ئوغلى دېگەن قاراشقا مايىل ئىدى، لېكىن ئۇ ئايال ھەققىدە ئېسىدە قالغىنى پەقەت بەزى سۆز - چۆچەكلەردىنلا ئىبارەت بولغاچقا، بۇ پەرەز ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

ئوربېلىئانو ئۆزىنىڭ ئاپالىسىنىڭ كىمىسى بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى ئويلىغىنىدا يۈرىكى جىغىلداپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن پوپنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ، نەم تارتىپ، مىتە چۈشكەن ئارخىپلار ئىچىدىن ئۆزىنىڭ تېگى - تەكتىگە دائىر بىرەر ئۇچۇر ئىزدەشكە چۈشتى. ئەڭ دەسلەپكى چوقۇندۇرۇلغۇچىلارنىڭ رويخېتى ئامارانتا بۇئېندىيەگىچە باراتتى، ئۇ رويخەتتە ئامارانتا بۇئېندىيەنى ئۆسمۈر ۋاقتىدا پوپ نىكانور رېيىنانىڭ چوقۇندۇرغانلىقى پۈتۈلگەنىدى، ئۇ چاغ دەل ئۇ پوپنىڭ تەرەپ - تەرەپتە شاكىلات ئويۇنى ئارقىلىق تەڭرىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان دەۋرگە توغرا كېلەتتى. ئوربېلىئانو ھەتتا ئۆزىنى ئون يەتتە ئوربېلىئانونىڭ بىرى بولۇشۇم مۇمكىن دېگەن ئوي بىلەن تۆت پارچە چوقۇندۇرۇلغۇچىلار رويخېتىدىن ئون يەتتە ئوربېلىئانونىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىغا دائىر خاتىرىلەرنى كۆرۈپ چىقتى. بىراق، ئۇلارنىڭ چوقۇندۇرۇلغان ۋاقتى ئۆزىنىڭ يېشىدىن ناھايىتى يىراق بىر زاماندا ئىدى. رېماتىزم ياللۇغى بىلەن ئاغرىپ سەگۈنچىكىدە ياتقان پوپ ئوربېلىئانونىڭ قانداشلىق تېپىشمىقىغا جاۋاب تاپالماي قايمۇققىنىدىن غالىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى بولغاي، ئېتىنى سورىدى.

— ئوربېلىئانو بۇئېندىيە، — جاۋاب بەردى ئوربېلىئانو.

— ئۇنداق بولسا، جېنىڭنى قىيناپ ئىزدەپ ئاۋارە بولما، — دېدى پوپ ئىشەنچلىك ۋەزىندە، — نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى بىر كوچا مۇشۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغانىكەن، شۇ چاغلاردا بۇ يەردىكىلەر پەرزەنتلىرىگە شۇ كوچىنىڭ ئېتىنى قويۇشقا ئادەتلەنگەنىكەن.

ئوربېلىئانونىڭ پۈتۈن ئەزايى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— پاھ! — دېدى ئوربېلىئانو، — دېمەك، ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدىكەنلا - دە!

— نېمىگە؟

— پولكوۋنىك ئوربېلىئانونىڭ ئوتتۇز ئىككى قېتىم ئىچكى ئۇرۇش قوزغاپ، ھەممىسىدە مەغلۇپ بولغانلىقىغا، — دېدى ئوربېلىئانو جاۋابەن، — ھۆكۈمەت ئارمىيەسىنىڭ ئۈچ مىڭ ئىشچىنى قورشاپ قىرىپ تاشلىغانلىقىغا، كېيىن ئۇلارنىڭ جەسىتىنى ئىككى يۈز ۋاگونلۇق پويىزغا بېسىپ ئاپىرىپ دېڭىزغا تاشلىۋەتكەنلىكىگە.

پوپ ئوربېلىئانوغا ئىچ ئاغرىتقىنىچە ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

— ھەي، بالام، — دېدى خورسىنىپ، — ماڭا ھازىر ئىككىمىزنىڭ ھاياتى ئىكەنلىكىمىزگە ئىشەنگىنىمنىڭ ئۆزىمۇ بىر چوڭ ئىش.

شۇنداق قىلىپ، ئوربېلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا «ئوربېلىئانو سېۋەت بىلەن ئېقىپ كەلگەن تاشلاندۇق بالا» دېگەن گەپنى قوبۇل قىلدى، بۇ گەپكە ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بولسىمۇ ئاشۇنداق باش - ئايىغى يوق بىر ئاساسنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ ئاي - كۈنىنىڭ يېقىنلاپ كېلىشى بىلەن ئىككىسى بارا - بارا بىر تەن - بىر جان بولۇپ، بىر پۈۋلىسە ئۆرۈلۈپ چۈشكىدەك غېرىبانە ئۆيدە بىر - بىرىگە يۆغۆرۈلۈپلا كەتتى. ئۇلارغا ئەمدى مۇھەببەتنىڭ تىمتاس گۈزەللىكىدىن ھوزۇر ئالىدىغان فېرناندانىڭ ھۇجرىسىدىن، ئامارانتا ئۇرسۇلا پات ئارىدا تۇغۇلىدىغان بوۋىقىغا پايپاق ۋە بۆك تىكىپ، ئوربېلىئانو بولسا ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ يېنىدا كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ خېتىگە جاۋاب يېزىپ ئولتۇرىدىغان پېشايۋاننىڭ بېشىغىچىلىك ئارىلىقتىكى ئۆزلىرى ئارانلا سىغقۇدەك ماكانلا قالغان، ئۆينىڭ باشقا جايلىرى خارابىلىقنىڭ قورشاۋىدا گۇمران بولغانىدى. زەرگەرخانا، مېرگادىسنىڭ ئۆيى، سانتا سوفىيە دېلا پېدادىنىڭ ئەينى يىللاردا ئەجىر سىڭدۈرگەن تىمتاس ئىپتىدائىي بەگلىكى ھېچكىم خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ قەدەم بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قويۇق ئورمان ئىچىدە قالغاندەك بىرھالدا ئىدى.

ئوربلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا تەبىئەتنىڭ يوقتۇن كۈچىنىڭ قاتمۇقات قورشاۋىدا قالغان بولسىمۇ رەيھان ۋە كۈزلۈك تاشئالما ئۆستۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالاك بىلەن چەمبەرگە ئالغان زېمىنىنى قوغداپ، ئادەم بىلەن چۈمۈلە ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك جەڭ ئۈچۈن ئاخىرقى قورغان بەرپا قىلغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ چېچىغا تاغاق سالمىغىنىغا ئۇزاق بولۇپ كەتكەنىدى، ئەتىگەنلىرى قوپقىنىدا يۈزلىرىگە كۆك چۈشۈپ قالاتتى، پۇتلىرى ئىششىپ، سوغۇردەك كېلىشكەن فىگۇرىسىمۇ سەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھېلىقى يىلى بىر قەپەس بەختسىز سېرىق قۇشقاچ ۋە ئىستائەتمەن ئېرى بىلەن قايتىپ كەلگەن چاغلاردىكى ياشلىق زىبالىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. بىراق، بۇرۇنقىدەكلا خۇشۇاق ئىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، — دەيتتى دائىم كۈلۈپ، — ئاخىر بىرىپ راستىلا ياۋايى ئادەم بولۇپ قالغىنىمىزنى دەيمەن!

ئامارانتا ئۇرسۇلا قورساق كۆتۈرۈپ ئالتە ئايلىق بولغاندا ئۇلار كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ يازمىغانلىقى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇرىدىغان بىر پارچە خەت تاپشۇرۇالدى ـ دە، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى چورتلا ئۈزۈلدى. بۇ خەت بارسېلونادىن سېلىنغان بولسىمۇ، كونۋېرتقا ئادەتتىكى كۆك سىياھدا باسما ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان ئادرېستىن شۇم خەۋەرگە خاس سوغۇق بىر ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا كونۋېرتنى ئەمدى يىرتاي دەپ تۇرۇشىغا ئوربلىئانو شارتتىدە قولىدىن تارتىۋالدى.

— بۇ خەتنى كۆرمەيلا قويايلى، — دېدى ئوربلىئانو، — خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلگۈم يوق.

ئوربلىئانونىڭ كۆڭلى تۇيغىنىدەك شۇنىڭدىن كېيىن كاتالونىيەلىك ئاقىلدىن خەت كەلمەسلا بولۇپ كەتتى. ناتونۇش ئادەمدىن كەلگەن بۇ خەتنى ئاخىر ھېچكىم ئوقۇمىدى، بۇ خەت فېرناندا ھېلىقى چاغدا تويلۇق ئۈزۈكىنى ئۇنتۇپ قالغان تەكچىگە تاشلانغىنىچە قۇرت يەپ، خەتنىكى مۇسىبەت خەۋىرىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ بارا ـ بارا كۈلگە ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ غېرىب ئاشىق ـ مەشۇقلار زامان

ئاخىرىنىڭ تاشقىنىدا ئېقىمغا قارشى يۈرمەكتە ئىدى، بۇ جاھىلانە شۇم زامان ئۇلارنى ھالاكەت ۋە ئۇنتۇلدۇرغاق جەزىرىسىگە باشلاپ بولالماي ئاۋارە ئىدى. بىر خەۋپنى سەزگەن ئورېلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا ئاخىرقى ئايلاردا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، سەۋدايىلارچە ئاشىقدارچىلىقىدىن ئاپىرىدە بولغان كىچىككىنە جان ئىگىسىنى ساداقەت ۋە مۇھەببەت ئىلكىدە يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. ئىككىسى كېچىلىرى قۇچاقلىشىپ ياتقان چاغلىرىدا چۈمۈلىلەرنىڭ ئايدىڭدا شىددەت بىلەن ئۇلغايغان شىتىرلاشلىرى، بۆزغۇنچى قۇرتلارنىڭ كىتىرلاشلىرى، قوشنا ئۆيدىكى ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئىزچىل ۋە ئېنىق ۋاشىلداپ ئۆسۈۋاتقان ئاۋازىدىن شۈركىنىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇلار دائىم روھ ـ ئەر ۋاھلارنىڭ پاتىپاراقلىرىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتى. ئۇرسۇلانىڭ قانداشلىقنى دا ۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن قارشىلىشىشلىرىدىن، خوس ئار كادىئو بۇئېندىيەنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتىنىڭ سېھىرلىك ئاساسلىرى ئۈستىدىكى ئىزدى نىشلىرىدىن، فېرناندانىڭ دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىدىن، پولكوۋنىك ئورېلىئانونىڭ ئۇرۇش توغرىسىدىكى خىياللىرى ۋە ئالتۇن بېلىقچان سوقۇش ھەلەكچىلىكىدە كۈنسايىن ھاڭۋاقتى بولۇپ قالغانلىرىدىن، ئورېلىئانو II نىڭ شادىيانە زىياپەتلەر داۋامىدا غېرىبسىنىپ تىركىشىشلىرىدىن ھايات ۋاقتىدىكى قەتئىي ئىرادىسى بىلەن ئۆلۈم ئۈستىدىن غالىب كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن باشقىلەتتىن روھلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەرۋاھقا ئايلانغاندىن كېيىنمۇ مۇھەببىتىنىڭ داۋاملىشىۋېرىدىغانلىقىغا، كۈنلەرنىڭ بىرىدە چۈمۈلىلەر ئىنسانلارنىڭ قولىدىن تارتىۋالغان بۇ خارابە جەننىتىنىڭ باشقا بىر تۈرلۈك جان ئىگىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنىدىغانلىقىغا، ئۆزلىرىنىڭ شۇ چاغلاردىمۇ مۇھەببەتلىشىپ ئۆتۈۋېرىدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشەندى.

بىر يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىدە ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ تولغىقى تۇتتى. تېنىنى سېتىپ جېنىنى جان ئېتىدىغان قىزلارنى بوشاندۇرىدىغان ھېلىقى خۇشچىراي تۇغۇت ئانىسى ئامارانتا ئۇرسۇلانى تاماق ئۈستىلىگە ياتقۇزۇپ، قورسىقىغا مىنىۋېلىپ تۇرۇپ قوپاللىق بىلەن ھەپىلەشكىلى تۇردى. ئامارانتا

ئۇرسۇلانىڭ چىرقىراق زارى يوغانلا بىر ئوغۇل بوۋاقنىڭ ئىگەسى بىسىپ چۈشكەنگە قەدەر داۋاملاشتى. ئامارانتا ئۇرسۇلا لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن يەنە بىر ھەقىقىي بۇئېندىيەنى كۆردى، بوۋاق بەئەينى بارلىق خوس ئاركادىئولاردەك قاۋۇل ۋە جاھىل، كۆزلىرى بولسا بارلىق ئورېلىئانولارنىڭكىدەك چوڭ ۋە ئۆتكۈر ئىدى، بۇ جەمەتنىڭ قېنىنى يېڭىلاپ، ۋۇجۇدىدىكى جاھىلانە يامان ئادەت ۋە غېرىبانە تەبىئىتىنى تۈگىتىش مۇشۇ بالىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنىدى. چۈنكى، بۇ بالا يۈز يىل مابەينىدە بۇئېندىيەلەر ئىچىدىكى بىردىنبىر ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

— ياۋايىنىڭ ئۆزىلا، — دېدى ئامارانتا ئۇرسۇلا، — ئېتىنى رودېرىگو قويايلى.

— ياق، — ئېرى قوشۇلمىدى، — ئورېلىئانو قويايلى، ئوتتۇز ئىككى قېتىملىق ئۇرۇشتا يېڭىپ چىقىدۇ.

تۇغۇت ئانىسى بوۋاقنىڭ كىندىكىنى كەسكەندىن كېيىن بەدىنىدىكى كۆكۈچ شىلىمشىق پاتلىنى لاتا بىلەن سۈرتۈشكە باشلىغاندا، ئورېلىئانو چىراغ تۇتۇپ بەردى. ئۇلار بالىنى دۈم ياتقۇزغاندىلا باشقىلاردا يوق بىر نېمىسىنى بايقىدى ـ دە، ئېگىلىشىپ تۇرۇپ سىنچىلاپ قارىدى. توۋا، چوشقا قۇيرۇقىغۇ بۇ!

ئورېلىئانو بىلەن ئامارانتا ئۇرسۇلا ھودۇقۇپ كەتمىدى. چۈنكى، ئۇلار جەمەتىدە مۇنداق ھادىسىنىڭ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇرسۇلانىڭ قورقۇنچلۇق ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنىدى. تۇغۇت ئانىسى بالىنىڭ چىشى چىققاندا بۇ ئارتۇقچە قۇيرۇقنى كېسىۋەتسىمۇ بولار دەپ تەسەللىي بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىنى ئويلاشقا چولىسىمۇ تەگمىدى. چۈنكى، ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ بۇلاقتەك تەۋرەپ كېلىۋاتقان خۇنىنى توختاتقىلى بولمايۋاتاتتى. تۇغۇت ئانىسى ئۆمۈچۈك تورى ۋە چاڭ توپا بېسىپ توختىتىشقا ئۇرۇندى، لېكىن فونتاننىڭ ئاغزىنى قول بىلەن ئەتمەكچى بولغاندەك بىكار ئاۋارە بولغىنى بولغانىدى. ئامارانتا ئۇرسۇلا دەسلەپكى بىرنەچچە سائەتتە ئۆزىنى ئۈمىدۋار تۇتۇشقا تىرىشتى. قورقۇپ چىرايىدا قان قالمىغان ئورېلىئانونىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ «ئەندىشە قىلما، مەن جاندىن تويمىغىچە ئۆلۈپ قالمايمەن» دېدى ھەمدە تۇغۇت ئانىسىدىن كىشىنىڭ قورققىسى كەلگۈدەك ھەر

خىل قان توختىتىش ئۇسۇللىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. ھالبۇكى، ئورېلىئانونىڭ بارا ـ بارا ئۈمىدى ئۈزۈلدى، ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ كۆزلىرى ئاستا ـ ئاستا خىرەلەشتى ۋە ئاخىر ئېغىر ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇلار دۈشەنبە كۈنى سەھەردە بىر ئايالنى باشلاپ كەلدى، ئۇ ئايال ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ خۇن توختىتىدىغان سۈرىلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئېيتىلىشىچە، ئۇ سۈرىلەر ئادەمگىمۇ، ھايۋانلارغىمۇ ئۆتەرمىش. لېكىن ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ كۆۋەجەپ تۇرغان قانلىرىغا مۇھەببەتتىن باشقا ھېچقانداق ئۇسۇل كار قىلمايتتى. ئۈمىدسىزلىكتە ئۆتكەن بىر سوتكىدىن كېيىنكى ئاخشىمى ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ بۇلاق سۈيىدەك ئۇ زۇلمەس قېنىمۇ ئېقىپ تۈگىدى. يۈزىدىكى ئىششىقلار تامامەن يانغان بولۇپ چىرايى قاردەك ئاپئاق پارقىرايتتى، يان تەرىپىدىن قارىغاندىكى سىماسى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەن بولۇپ، كۈلۈپ تۇرغاندەك خۇشخۇي بىر سىياقتا كۆرۈنەتتى.

ئورېلىئانو شۇندىلا دوستلىرىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، شۇ تاپتا ئۇلارغا نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇ دەقىقىلەردە ئۇلارنىڭ ھەمراھ بولۇشىنى شۇ قەدەر ئارزۇ قىلدى. بوۋاقنى ئامارانتا ئۇرسۇلا تەييارلاپ قويغان سېۋەتكە سېلىپ، مەرھۇمنىڭ يۈزىنى ئەدىيال بىلەن يۆركەپ قويىدى، ئاندىن چۆلدەرەپ قالغان بازاردا تېنەپ يۈرۈپ ئۆتمۈشكە بارىدىغان چىغىر يولنى ئىزدىدى. يېقىندىن بېرى بارغۇدەك بولمىغان ھېلىقى دورىخانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى، شۇ چاغدىلا بۇ يەرنىڭ ياغاچچىلىق كارخانىسى بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى. ئىشىكنى چىراغ كۆتۈرگەن بىر موماي ئاچتى، ئۇ موماي ئورېلىئانونىڭ ئالجىغاندەك گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتتى، لېكىن بۇ يەردە ھېچقاچان دورىخانا بولۇپ باققان ئەمەس، مىلىسەدېس ئاتلىق قاقىر بويۇن، ئۇيقۇ چىراي قىزنىمۇ كۆرۈپ باقمىغانمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئورېلىئانو پېشانىسىنى كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ بۇرۇنقى كىتابخانىسىنىڭ ئىشىكىگە تىرىگىنىچە ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى، كېچىككەن بۇ يېشىنىڭ كاتالونىيەلىك ئاقىلنىڭ ھازىسى ئۈچۈن تۆكۈلۈۋاتقانلىقى كۆڭلىگە ئايان ئىدى، ئۆز ۋاقتىدا يىغلىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى بولسا شېرىن مۇھەببەت ئىلكىدە

ياپراۋاتقان كۆكلىنىڭ بۇزۇلۇشىنى خالىمىغانلىقىدىن ئىدى. ئورېلمىئانو پېلار تېرنېرانىڭ ئېتىنى توختىماي چاقىرغىنىچە «ئالتۇن بالا» باغچىسىنىڭ ھاك تېمىنى قوللىرى يېرىلىپ كەتكىچە مۇشتلاۋەردى. بىر چاغدا ئاسماندىن قىزغۇچ سېرىق پارقىراق تەخسىلەر ئۇچۇپ ئۆتتى، بۇرۇنلاردا قانچىلىغان شادىمان كېچىلەردە ساھىل تورغايلىرى بېقىلىۋاتقان ھويلىدا تۇرۇپ بالىلارچە زوق ـ ھەۋەس بىلەن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ كەتكەن بۇ كىچىك تەخسىلەرگە ئەمدى نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمىدى. ئەيش ـ ئىشرەت كوچىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تانسىخانىدا گارمون ئوركېستىرى ئېپىسكوپىنىڭ جىيەن ئوغلى، باتۇر فىرانسېسكونىڭ ۋارىسى رافائېل ئىسكارونانىڭ ناخشىلىرىغا گارمون چېلىۋاتاتتى. ئانىسىنى ئۇرغانلىقى ئۈچۈن قولى يىگلەپ تۇتماس بولۇپ قالغان تانسىخانا غوجايىنى ئورېلمىئانونى ھاراققا تەكلىپ قىلىپ بىر بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئۇلپەتلىشىپ ئىچىۋەتتى، ئورېلمىئانومۇ بىر بوتۇلكا ئېلىپ مېھمان قىلدى. تانسىخانا غوجايىنى قولىنىڭ دەردىنى سۆزلەپ بەردى، ئورېلمىئانومۇ تانسىخانا غوجايىنىغا ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەردىنى تۆكۈپ بەردى، ئۇمۇ دەل ئۆزىنىڭ ھامىمىسىغا كۆڭۈل بەرگەنلىكى ئۈچۈن يىگلەپ قالدى ئەمەسمۇ. ئاخىرىدا ئىككىسى تەڭلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئورېلمىئانوغا دەردى تۈگىگەندەك بىلىنگەندى. بىراق، ماكوندونىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ئەتىگىنى يەنە غېرىبسىنىپ، مەيدانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، گويا پۈتۈن دۇنيانى ئويغاتماقچى بولغاندەك غۇلىچىنى كېرىپ ئۈنى پۈتۈپ قالغىدەك قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— نېمە ئۇ ئاغىنە دېگەن، ھەممىڭ جالاپنىڭ بالىلىرى!

نىگرومانتا ئورېلمىئانونى كۆز يېشى ۋە قۇسۇقلار ئىچىدىن تارتىۋېلىپ ئۆيىگە ئەكىردى، ئۇستىبېشىنى يۇيۇپ تازىلاپ، بىر چىنە ئىسسىق شورپا ئىچكۈزدى. ئاندىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالار دېگەن ئويدا ئورېلمىئانونىڭ ھازىرغىچە قايتۇرماي كەلگەن نۇرغۇن مۇھەببەت قەرزىنىڭ تامغا خاتىرىلەكلىك ھېساباتىنى كۆمۈر بىلەن ئۆچۈرۈۋەتتى، تېخى ئورېلمىئانونى غېرىبسىنىپ يىغلاپ ئولتۇرىۋەرمىسۇن دەپ ئۆزىنىڭ غېرىبسىنغان چاغلىرىدا نەقەدەر ھەسرەت چەككەنلىرىنى سۆزلەپمۇ بەردى.

ئوربلىئانو تاڭ ئاتقاندا قىسقىغىنا ئېغىر ئۇيقۇسىدىن ئويغانغىنىدا بېشى يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ تۇراتتى. كۆزلىرىنى ئېچىپ ئوغلىنى ئېسىگە ئالدى.

بالا سېۋەتتە يوق تۇراتتى. ئوربلىئانونىڭ قەلبىنى شۇ ئان بىر خۇشاللىق سىيپاپ ئۆتتى، ئامارانتا ئۇرسۇلا تىرىلىپ قېلىپ ئوغلىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ قالغانىدى. بىراق، ئامارانتا ئۇرسۇلانىڭ جەسىتى ئەدىيالنىڭ ئاستىدا تاشتەك قاتقىنىچە ياتاتتى. ئوربلىئانو قايتىپ كەلگىنىدە ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، خۇشبۇي رەيھان ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان پېشايۋاندىن ئۆتۈپ تاماقخانىغا بويۇنداپ قاراپ باقتى، ئۇ يەردە ھەممە نەرسە ئامارانتا ئۇرسۇلا يەڭگىگەن چاغدىكىدەكلا چېچىلىق پېتى ئىدى: چوڭ قازان، قانغا بويالغان ئەدىيال، كۈل دېسى، ئۇستەلگە يېيىلغان سۇيدۇك لاتىسى، كىندىك لاتىسى، بىر چەتتە تاشلىنىپ تۇرغان قايچا ۋە يىپلار شۇ پېتى تۇراتتى. ئوربلىئانو تۇغۇت ئانىسى ئاخشام قايتىپ كېلىپ بوۋاقنى ئېلىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى، بۇ پەرىزى ئاخىر ئۇنى ئۇھ دەپ سەل ئويلىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن تەۋرەنمە ئورۇندۇققا تاشلىنىپ ئولتۇردى. بۇ تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا جەمەتنىڭ تارىخىدا ئۆتكەن رېبېكا ئولتۇرۇپ قىزلارغا كەشتە ئۆگەتكەن، ئامارانتا ئولتۇرۇپ پولكوۋنىك گېرىنلېردو ماركوس بىلەن شاھمات ئوينىغان، ئامارانتا ئۇرسۇلا ئولتۇرۇپ بوۋىقىغا كىيىم تىككەنىدى. ئوربلىئانونىڭ كاللىسى پاللىدە ئېچىلغان ئاشۇ مىنۇتلاردا قەلبىنىڭ ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدىكى ئۇنچە كۆپ ئەسلىمىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى گويا ئەجەللىك ئۇزۇن نەيزىدەك يۈرىكىگە قادالدى، سولغان ئەتىرگۈل شاخلىرىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئۆمۈچۈك تورىغا، شۇ قەدەر قەيسەر ئوت ـ چۆپلەر ۋە مەستەكلەرگە، فېۋرال ئەتىگىنىدىكى ئوچۇق ھاۋاغا ئىختىيارسىز ھەۋەسلىنىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا ئوغلىغا كۆزى چۈشتى، بالىنىڭ بىر پارچە ئىششىق تېرىسىلا قالغان بولۇپ، پۈتۈن دۇنيادىكى چۈمۈلىلەر تەڭلا ئاتلانغاندەك تەرەپ ـ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چۈمۈلىلەر گۈللۈكنىڭ تاش ياتقۇزۇلغان يولىنى بويلاپ

پۈتۈن كۆچى بىلەن ئۇنىمۇ ئۇۋۇسىغا سۆرەپ ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئورېلىئانو داڭ قاتقىنىچە قىمىر قىلماي ئولتۇرۇپلا قالدى، سەۋەبى قاتتىق چۆچۈپ ۋە قورقۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەس، شۇ سېھىرلىك دەقىقىدە مېرگادىسنىڭ مەخپىي شىفىرلىرىنىڭ ئاداققى مەنىسى ئاشكارىلانغانلىقىدىن ئىدى. ئورېلىئانو مېرگادىسنىڭ تېرە قەغەز قوليازمىسىنىڭ مۇقەددىمىسىدىكى نېگىزلىك مەزمۇننىڭ پانىيدىكى زامان ـ ماكاندا مۇكەممەل زاھىر بولغانلىقىنى كۆرگەنىدى: **جەمەتنىڭ بىرىنچى ئادىمى دەرەخكە باغلىنىدۇ، ئەڭ ئاخىرقى بىر ئادىمىنى چۈمۈلە يېۋېتىدۇ.**

ئورېلىئانونىڭ كاللىسى ئۆمرىدە ھېچقاچان شۇ تاپتىكىدەك ئويچۇق بولۇپ باقمىغانىدى. ئۆلۈپ كەتكەن يېقىنلىرىنى، ئۆلگەنلەرگە بولغان قايغۇسىنى ئۇنتۇپ، بارلىق ئىشلىك ـ دېرىزىلەرنى قېرىنادىن قالغان ياغاچ كىرېستلار بىلەن قايتىدىن مىخلىۋېتىپ، پانىينىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتتى. چۈنكى، مېرگادىسنىڭ تېرە قەغەز قولىيازمىلىرىغا ئۆزىنىڭ تەقدىرىمۇ پۈتۈلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەنىدى. تېرە قەغەزدىكى قولىيازمىلاردىن تارىختىن بۇرۇنقى ئۆسۈملۈكلەرنى، نەم ھاۋادىن پەيدا بولغان سۇ ئازگاللىرىنى بايقىدى، پارقىراق ھاشاراتلار ئۆي ئىچىدىكى بارچە ئىنسان ئىزلىرىنى پاك ـ پاكىز يوقىتىۋەتكەن، لېكىن تېرە قەغەزلەرگە بولسا ھېچ ئىش يەتمىگەنىدى. ئورېلىئانو ئۇ قولىيازمىلارنى يورۇقتا ئېلىپ بارماي جايىدا تۇرۇپلا گويا قاق چۈش ۋاقتى ئادەمنىڭ كۆزىنى چاقىدىغان ئاپتاپتا تۇرۇپ ئوقۇغاندەك، گويا بۇ قولىيازمىلار ئىسپانچە يېزىلغاندەك ھېچ كۆچمەيلا ئۈنلۈك تەرجىمە قىلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. بۇ قولىيازمىلار ئەمەلىيەتتە بۇئېندىيەلەرنىڭ جەمەت تارىخى ئىدى، مېرگادىس بۇ جەمەت تارىخىدا بولىدىغان ئىشلاردىن يۈز يىلنىڭ ئالدىدىلا بېشارەت بەرگەن، ئەڭ ئاددىي تەپسىلاتلارنىمۇ قالدۇرمىغانىكەن. مېرگادىس ئالدى بىلەن ئانا تىلى بىلەن سانسكرىت يېزىقىدا يازغان بۇ قولىيازمىسىنىڭ جۈپ سانلىق مىسرالىرىغا ئىمپېراتور ئاۋگۇستۇسنىڭ شەخسىي مەخپىي شىفىرلىرىنى، تاق سانلىق مىسرالىرىغا سپارتاكىنىڭ ھەربىي مەخپىي شىفىرلىرىنى قوللانغانىدى. ئەڭ ئاخىرقى مۇداپىئە تەدبىرىگە كەلسەك، ئورېلىئانو بۇنى ئامارانتا ئۇرسۇلاغا كۆيۈپ ـ پىشىپ

يۈرگەن چاغلىرىدىلا خىرە ـ شىرە پەرەز قىلىپ يەتكەنىدى. مېرگادىس باياننى جاھان ئەھلى ئادەتلەنگەن ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرماي، بىر ئەسىردىكى كۈندىلىك ئۆششاق تەپسىلاتلارنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بارلىق ۋەقەنى بىرلا دەقىقىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر قىلىپ ئورۇنلاشتۇرغانىدى. بۇ بايقىمىسىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئورېلىئانو ئېپىسكوپنىڭ يارلىقىدەك بۇ مىسرالارنى بىرمۇبىر ئۈنلۈك ئوقۇپ تۈگەتتى. بۇ يارلىقلارنى بۇرۇن ئاركادىئو مېرگادىستىن ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى بېشارەت ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدى. ئورېلىئانو قولىيازمىدىكى بېشارەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل بىر ئايالنىڭ تۇغۇلغانلىقى، بۇ ئايالنىڭ جېنى بىلەن تېنىنىڭ تەڭلا ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى باياننى؛ ھېلىقى قوشكېزەك بالىنىڭ قانداق ھامىلە بولغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىستىداتى ۋە غەيرىتى كەم بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى ۋاقىت ـ سائىتى تولۇشمىغانلىقى ئۈچۈن قولىيازمىنى يېشىشتىن ۋاز كەچكەنلىكى توغرىسىدىكى باياننى ئوقۇدى. ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە ئۆزىنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە ئالدىراپ كېتىپ بىرنەچچە ۋاراق ئاتلىۋەتتى. شۇ ئەسنادا غۇررىدە مەيىن شامال پەيدا بولدى، بۇ شامال ئۆتكەن كۈنلەردىكى ھېلىقى قىزلارنىڭ چۇۋۇلداشلىرىنى، پىشىپ ئۆتۈپ كەتكەن ئاپتاپپەرەسنىڭ كىسىرلاشلىرىنى، ئەستىن چىقماس ئەستىلىكلەر يۈز بېرىش ئالدىدىكى ئۇمىدسىزلىكتىن ئۇھسىنىشلارنى ئۇچۇرۇپ كەلگەنىدى. ئورېلىئانو بۇ شامالنى قىلچە سەزمىدى. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ كېلىپ ـ چىقىشىغا دائىر شۇنچىكى يىپ ئۇچىنى ــ ئىشقىۋاز بوۋىسىنىڭ بىر مەھەل تەنتەكلىك بىلەن ئېزىپ رومانتىك خىياللار ئىلكىدە دەشت ـ چۆللەردىن ئۆتۈپ، ئۆزىنى بەختلىك قىلالمايدىغان بىر ساھىبجامالنى ئىزدەپ ماڭغانلىقى توغرىسىدىكى باياننى ئوقۇدى، بوۋىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تونۇۋالغاندىن كېيىن قانداشلىقىغا باغلانغان سىرلىق چىغىر يولنى بويلاپ ئىزدەپ بېرىپ ئۆزىگە ھايات بەخش ئېتىلگەن مىنۇتلارنى تاپتى، شۇ مىنۇتلاردا چايانلار بىلەن سېرىق كېپىنەكلەر ئورىۋالغان قاراڭغۇ بىر مۇنچىدا بىر كاسىپ ئائىلىسىدىن يۈز ئۆرۈپ ئۆزىگە مەيلىنى بەرگەن بىر قىزنىڭ تېنىدىن ھاۋايى ـ

ھەۋىسىنى قاندۇرغانىدى. ئورېلىئانو قولىيازمىغا شۇ قەدەر بېرىلىپ كەتكەنىدىكى، يەنە بىر قېتىم سوققان شامالنىمۇ سەزمىدى. بۇ قېتىم كۆتۈرۈلگەن قارا بوران ئىشىك - دېرىزىلەرنى گىرەلىرىدىن ئاجرىتىپ تاشلىدى، شەرق تەرەپتىكى پېشايۋاننىڭ لەمپىسىنى كۆتۈرۈۋەتتى، ھەتتا ئۆيلەرنىڭ ئۇلىنىمۇ قومۇرۇۋەتتى. ئورېلىئانو بۇ چاغدا بايقىدىكى، ئامارانتا ئۇرسۇلا ئۆزىنىڭ ئاچىسى ئەمەس، ھاممىسى ئىكەن، ئەينى يىللاردا فىرانسىس دىراكىنىڭ لىئوئاچقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشتىكى مەقسىتى شۇ مۇرەككەپ قانداشلىق مۇناسىۋىتى داۋامىدا ئۇ ئىككىسىنى تېپىشتۇرۇپ، پۈتۈن بىر جەمەتنىڭ تارىخىنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان رىۋايەتلەردىكىدەك بىر مەخلۇقنى ئاپىرىدە قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەن. ماكوندو «ئىنجىل»دا قەيت قىلىنغىنىدەك قارا بوراننىڭ دەھشىتىدە قورقۇنچلۇق خارابىگە ۋە توزان قايىنىمىغا ئايلانغىنىدا ئورېلىئانو ۋاقتىنى ئۆزىگە تونۇش ئىشلارنى ئوقۇشقا ئىسراپ قىلمىۋېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن تېرە قەغەز قولىيازمىنى يەنە ئون بىر بەت قايرىۋېتىپ، ھازىر ئۆتۈۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلار ھەققىدىكى بېشارەتنى يېشىشكە باشلىدى. يەشكەن مەزمۇن گويا تىل بىلىدىغان ئەينەككە شولىسى چۈشۈپ تۇرىۋاتقاندەك دەل ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى كەچمىشى بولۇپ، تېرە قەغەز قولىيازمىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بېتىنى ئوقۇۋاتىدۇ، دەپ بېشارەت بېرىلگەنىدى. ئورېلىئانو يەنە بىرنەچچە ۋاراقنى قايرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئۆلىدىغان كۈنى ۋە قانداق ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بېشارەتنى ئىزدىدى، لېكىن ئەڭ ئاخىرقى بىر مىسرانى كۆرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتى. چۈنكى، پەرەز قىلىپ يەتكىلى بولاتتىكى، ئورېلىئانو بالىلون تېرە قەغەزگە يېزىلغان قولىيازمىلارنى پۈتۈنلەي يېشىپ بولغاندا بۇ ئەينەك شەھەرنى (ئېزىتقۇ شەھەرنى) قارا بوران زېمىندىن يوق قىلىپ، جاھان ئەھلىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلايتتى، تېرە قەغەز قول يازمىسىغا پۈتۈلگەن بارلىق ئىشلار ئەبەدىلئەبەت تەكرارلانمايتتى. چۈنكى، يۈز يىللار غېرىبانە ياشىغان بۇ جەمەتنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئىككىنچىلەپ پەيدا بولمايدىغانلىقى قىسمەتكە پۈتۈلۈپ كەتكەنىدى.

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى » نىڭ
مىللىي تىل ـ يېزىق تەرجىمە تۈرىنىڭ مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىندى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

ISBN 978-7-5469-4843-0
9 787546 948430 >
定价：89.00元